شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلىرى بىر تۇتاش قوللىنىدىغان دەرسلىك
(سىناق نۇسخىسى)

# شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ
ئالىي مەكتەپ تارىخ دەرسلىكىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى



شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەتروزى ھېيت

# شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ
ئالىي مەكتەپ تارىخ دەرسلىكىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى

شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت كوچا 14№، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مم 1/32،
باسما تاۋىقى: 24.75 قىستۇرما ۋارىقى: 6
1992 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1992 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 50500 — 5001
ISBN 7 —5631—0285—X/G·173
باھاسى: 4.90 يۈەن

# كىرىش سۆز

دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ يەرلىك دەرسلىكلەرنى تۈزۈش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆرسەتمىسىگە بىنائەن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلىپ، «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر بىر تۇتاش قوللىنىدىغان دەرسلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە ئوقۇتۇش ئوبيېكتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم، ھەر خىل چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىبارەت.

«شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ناملىق بۇ كىتابنى تۈزۈشتە ماركسىزم-لېنىنىزملىق تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى ۋە مەدەنىيەت قارىشى يېتەكچى قىلىنىپ، تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلىنىش، ئىلىم - پەنگە ۋە تارىخقا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەر ئۈستىدە توغرا تەھلىل يۈرگۈزۈش، ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرىشكە تىرىشىش ئارقىلىق، شىنجاڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن زور مەسىلىلەر ئۈستىدە ئوبيېكتىپ، ئىلمىي ھەمدە تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن يەكۈن چىقىرىلدى.

بۇ كىتابتا تۆۋەندىكى مەسىلىلەر نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈ-

رولدى: بىرىنچى، شىنجاڭ — قەدىمدىن بۇيان جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. مەيلى مەركىزىي خاندانلىق سۇلالىلەر بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەر بولسۇن، مەسىلەن خەن، تاڭ، يۈەن، چىڭ سۇلالىلىرى، ياكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر باشقۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەر بولسۇن، مەسىلەن ئۇسۇن، قۇچۇ خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى، يەكەن خانلىقى قاتارلىقلار، ئۇلار باشقۇرغان رايونلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ تارىختىكى زېمىنلىرى؛ ئىككىنچى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى كۆپ مەنبەلىك بىر گەۋدە بولۇشتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىككە ئىگە، قەدىمدىن تارتىپ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىندا ئەمگەك قىلىپ، ياشاپ ۋە روناق تاپقان ھەر مىللەت خەلقى — جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى. شىنجاڭنىڭ تارىخى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ئاچقان، ئورتاق قۇرغان ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ ياراتقان تارىخ. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ تارىخىغا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، پارلاق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇردى. شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت. بۇ ئىككى نۇقتا ئوبيېكتىپ تارىخىي پاكىت، شۇنداقلا بىزنىڭ بۇ دەرسلىكنى تۈزۈپ چىقىشىمىزدىكى ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيە.

بۇ دەرسلىكنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي تارىخىي پاكىت ۋە ئاساسىي يىپ ئۇچىنى ئىگىلەپ، ئاڭلىق ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى

كۈچەيتىش، شىنجاڭنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ئەقىدىسىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك شىنجاڭنى قوغداش ۋە قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىزنىڭ بۇ كىتابنى تۈزۈشتە يەتمەكچى بولغان مەقسىتىمىزدۇر. بۇ كىتاب ئامىۋى دەرسلىك بولغاچقا، سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، تۈزۈش جەريانىدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۈگۈنگە قەدەر بارلىققا كەلگەن شىنجاڭ تارىخىغا دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلاندۇق ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇق قوبۇل قىلدۇق، زور تارىخىي ۋەقەلەر، مۇھىم تارىخىي شەخسلەر، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سىستېمىلىق ھەم مېغىزلىق بايان قىلدۇق. ئادەتتىكى مەسىلىلەرنى قىسقارتىپ ۋە ئىخچاملاپ بايان قىلدۇق ياكى بايانىمىزدىن ساقىت قىلدۇق.

ۋاقىت قىس، ۋەزىپە ئېغىر، ماتېرىيال كەمچىل ۋە تۈزگۈچىلەرنىڭ سەۋىيىسى چەكلىك بولۇش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نامۇۋاپىق جايلاردىن خالى بولۇش تەس. كېيىنكى نەشرىدە تۈزۈتۈۋېلىشىمىزغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، كىتابخانلارنىڭ قىممەتلىك پىكىر بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ
ئالىي مەكتەپ تارىخ دەرسلىكىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى
1991 - يىل 8 - ئاي

[illegible]

[illegible]

[illegible] ١٩٩١

# مۇندەرىجە


I باب. ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ........ 1

§1. يېڭى تاش قورال دەۋرى ........ 1

1. جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ........ 1

2. يېڭى تاش قورال دەۋرى ........ 5

§2. قەدىمكى ئاھالىلەر ........ 10

1. قەدىمكى ئاھالىلەر ........ 10

2. يىراق قەدىمكى زامانغا ئائىت رىۋايەتلەر ۋە غەربىي يۇرتتىكى قىيا تاش سۈرەتلىرى ........ 18

II باب خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ........ 25

§1. ھونلار ۋە غەربىي يۇرت ........ 26

1. غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ........ 26

2. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ھونلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى ........ 38

3. جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىشى ........ 43

4. ئۇسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ قۇدىلىشىشى ........ 49

§2. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشى ........ 55

1. غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ........ 55

2. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى
ئىدارە قىلىشى...................... 60
3. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەز-
گىلىدىكى غەربىي يۇرت ۋەزىيىتى.......... 67
4. بەن چاۋ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بەن يۇڭنىڭ 71
غەربىي يۇرتقا كېلىشى....................
§3. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئى-
جتىمائىي ۋە مەدەنىيىتى.................. 82
1. ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى...... 82
2. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «يىپەك يولى»...... 96
III باب ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالە-
لەر دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت............... 102
§1. ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋ-
رىدە غەربىي يۇرتتىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ كەڭ تەۋزدە
قوشۇلۇشى.............................. 103
1. غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى......... 103
2. غەربىي يۇرتتىكى سىيانپىي، جۇجان، قاڭقىل،
ئېفتالىتلار.............................. 106
3. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ
غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشى................. 118
4. تۈرك خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە
پارچىلىنىشى............................ 125
§2. ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋ-
رىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئىگىلىكى ۋە
مەدەنىيىتى.............................. 132
1. ئىجتىمائىي ئىگىلىكى..................... 132
2. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت.................... 138

IV باب سۇي ۋە تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشى ........................ 148
§1. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ........................ 149
1. سۇي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى... 149
2. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى........................ 153
3. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا يولغا قويغان ھەربىي، مەمۇرىي تۈزۈلمىلىرى ........................ 163
4. تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى........................ 174
§2. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتى ........................ 179
1. ئىجتىمائىي ئىگىلىكى........................ 179
2. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت........................ 185
3. غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئىگىلىك، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش........................ 194
§3. ئۇيغۇر (回鹘) خانلىقى ۋە ئۇيغۇر (回纥) لارنىڭ غەربكە كۆچۈشى........................ 199
1. ئورخۇن ئۇيغۇر (回纥) خانلىقى........................ 199
2. ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى........................ 207
3. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى........................ 224
V باب سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى

غەربىي يۇرت ...... 235
§1. غەربىي ئايماق ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ...... 235
1. غەربىي ئايماق ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ...... 235
2. ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ...... 237
3. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ...... 240
4. غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ...... 243
5. غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ...... 246
§2. قاراخانىيلار خانلىقى ...... 249
1. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ...... 249
2. ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى ...... 252
3. ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ...... 255
4. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ...... 261
5. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ...... 264
§3. قاراقىتان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ...... 266
1. يوللىغ تاشىنىڭ غەربكە كۆچۈشى ...... 266
2. قاراقىتان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ...... 269
3. قاراقىتان خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتى ...... 273
§4. موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ...... 279
1. چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ۋە

غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى.......... 279
2. قايدۇ، دۇۋا توپىلىڭى...................... 283
3. يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى
باشقۇرۇشى.................................. 285
§5. چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى
بۆلۈنمىچىلىكى.............................. 298
1. چاغاتاي خانلىقى........................... 298
2. چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىگىلىكى ۋە
مەدەنىيىتى................................. 306
3. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى شىنجاڭ
ئاھالىلىرى.................................. 308
§6. يەكەن خانلىقى............................. 317
1. يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى.................. 317
2. ئىجتىمائىي ئىگىلىكى........................ 323
3. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت........................ 327
4. يەكەن خانلىقى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت... 330
VI باب. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە
كەلتۈرۈشى................................. 336
§1. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى... 336
1. جۇڭغارلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى.................. 336
2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ شىمالىي
قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى................. 340
3. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي
قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى................. 350
4. تورغۇتلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشى..... 357

§2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشى ...... 364
1. ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى ...... 365
2. مەمۇرىي تۈزۈلمە ...... 373
3. ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ...... 381
4. مەدەنىيەت سىياسىتى ...... 391
§3. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىشى ...... 397
1. قوقەن خانلىقىنىڭ خوجىلار ئەۋلادلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى قوللىشى ...... 397
2. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىشى ...... 400
3. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرى ...... 407
VII باب ئىككى كېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى شىنجاڭ ...... 417
§1. ئەنگلىيە ۋە روسىيىنىڭ ئەپيۇن كىرگۈزۈپ شىنجاڭغا بالايىئاپەت كەلتۈرۈشى ...... 418
1. ئەنگلىيە، روسىيە ئەپيۇنىنىڭ شىنجاڭدا يامراپ كېتىشى ...... 418
2. ئەپيۇنى مەنئى قىلىش ۋە مەنئى قىلىشقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ...... 420
§2. چاررۇسىيىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونلىرىغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى ...... 425
1. چاررۇسىيىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونلىرىغا قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى

تاجاۋۇزچىلىقى ........ 425

2. تەڭسىز شەرتنامە — «جۇڭگو - روسىيە ئىلى، تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى» ........ 428

3. «جۇڭگو - روسىيە غەربىي - شىمالىي چېگرىلارنى تەكشۈرۈپ ئايرىش كېلىشىمى» ........ 432

4. شىنجاڭ خەلقىنىڭ چارروسىيىگە قارشى كۆرەشلىرى ........ 434

§3. ئەپيۈن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ........ 437

1. ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىشى ........ 437

2. ئېغىر ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە ........ 440

3. خوجىلار توپىلىڭى ........ 442

§4. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈز بەرگەن شىنجاڭ دېھقانلار قوزغىلىڭى ........ 445

1. ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆرەش يالقۇنى ........ 445

2. 1864-يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى ........ 450

VIII باب غەربىي شىمال چېگرا رايونىدىكى خەۋپنىڭ ئېغىرلىشىشى ۋە شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشى ........ 461

§1. ياقۇپ بەگ ۋە چارروسىيىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ........ 461

1. ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۆرىشى ........ 461

2. ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ ياقۇپ بەگنى يۆلىشى ........ 477

3. چارروسىيەنىڭ ئىلىنى بېسىۋېلىشى ۋە ئىلى خەلقىنىڭ روسىيەگە قارشى كۈرەشى ...... 484
§2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشى ...... 497
1. چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ ياقۇپ بەگنى قوغلاپ چىقىرىشى ...... 497
2. جۇڭگو ـ روسىيە سۆھبىتى ۋە «ئىلى شەرتنامىسى» ...... 504
§3. شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشى ...... 512
1. كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئىدارىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ...... 512
2. شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشى ...... 519
§4. ئەنگلىيە بىلەن روسىيەنىڭ پامىرنى يەڭ ئىچىدە بۆلۈشۈۋېلىشى ...... 525
1. ئەنگلىيە بىلەن روسىيەنىڭ پامىرغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەشى ...... 525
2. ئەنگلىيە بىلەن روسىيەنىڭ پامىرنى بۆلۈشۈۋېلىشى ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەققانىي مەيدانى ...... 536
IX باب مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شىنجاڭ ...... 544
§1. شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى شىنجاڭ ...... 545
1. شىنخەي ئىنقىلابى ھارپىسىدىكى شىنجاڭ ...... 545
2. ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى ۋە ئىلى قوزغىلىڭى ...... 552
3. شىنجاڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ...... 560
§2. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا

قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى ...... 566
1. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى فېئودالىزمغا قارشى كۆرەش ...... 566
2. چىرا يېزىسىدا كۆتۈرۈلگەن چار روسىيىگە قارشى كۆرەش يالقۇنى ...... 574
§3. ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ...... 582
1. ياڭ زېڭشىننىڭ ئىچكى - تاشقى سىياسىتى ...... 582
2. «7-ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» ۋە جىن شۇرېننىڭ تەختكە چىقىشى ...... 596
3. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىرىشى ...... 602
4. «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» ...... 606
§4. «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ...... 610
1. شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇشى ...... 610
2. «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قەپەستىن چىقىشى ۋە يوقىلىشى ...... 618
3. شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش تەدبىرلىرى ...... 623
X باب ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى شىنجاڭ ...... 642
§1. شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ شەكىللىنىشى ...... 643
1. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ...... 643
2. شىنجاڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش-

تىكى تۇرلى........................ 667
§2. شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ بۇزۇلۇشى........................ 674
1. شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىلىككە قاراپ مېڭىشى... 674
2. گومىنداڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىنكى سىياسىي ۋەزىيەت........................ 678
3. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتىلىشى........... 683
XI باب ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدىكى شىنجاڭ... 693
§1. شىنجاڭ بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت............ 694
1. تىنچلىق سۆھبىتى ۋە تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى........................ 694
2. شىنجاڭدا بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى........................ 697
§2. پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنىڭ شىنجاڭدا غالجىرلىشىشى........................ 703
1. پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم........................ 703
2. پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا قۇتۇرۇشى........................ 706
§3. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى..... 714
1. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىشى........................ 714
2. تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئۇلغۇلا قىلىنىشى........................ 717
3. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى..... 728
چوڭ ئىشلار يىلنامىسى........................ 736
ئاخىرقى سۆز........................ 768
نەشرىياتتىن........................ 772

# I باب ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت

## §1. يېڭى تاش قورال دەۋرى

### 1. جۇغراپىيەلىك مۇھىتى

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ — زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول جاي. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى — مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلكە رايونلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن بىر مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت يەر كۆلىمىنىڭ $\frac{1}{6}$ نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي شىمال، شىمال، غەربىي شىمال، غەرب، غەربىي جەنۇب تەرەپلىرى موڭغۇلىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش؛ شەرق، شەرقىي جەنۇب ۋە جەنۇب تەرەپلىرى گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ.

شىنجاڭ قەدىمدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ جۇڭگونىڭ غەربىدىكى زېمىن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نام ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، «خەننامە. غەربىي

يۇرت تەزكىرىسى» دە پەرغانە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن،
«غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر قورقۇپ كېتىپ، كۆپ قېتىم ئەل-
چى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى، خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنىڭ
غەربىي يۇرتقا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتىشىگە پايدىلىق شارائىت
تۇغۇلدى» دېيىلگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى چىڭ سۇلا-
لىسىگىچە بولغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپىن-
چىسىدە «غەربىي يۇرت» دېگەن نام قوللىنىلغان.

قەدىمكى كىشىلەر «غەربىي يۇرت» دېگەن سۆزنى كەڭ
ۋە تار ئىككى خىل مەنىدە قوللانغان. كەڭ مەنىدىن ئېيت-
قاندا، ئۇ شىنجاڭ، ئۇنىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەر-
بىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي
قىرغىقى ۋە ھىندىستاننىڭ شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ تار
مەنىدىن ئېيتقاندا، يۈمېنگۇەن قوۋۇقى بىلەن ياڭگۇەن قو-
ۋۇقىنىڭ غەربى، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى، پا-
مىرنىڭ شەرقى، يەنى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋردى-
كى مەركىزىي ھاكىمىيەت ۋە يەرلىك ھاكىمىيەتلىرى
باشقۇرۇپ كەلگەن زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
تار مەنىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ دائىرىسىمۇ ھازىرقى
شىنجاڭنىڭ دائىرىسىدىن خېلىلا چوڭ. ھازىرقى شىنجاڭنىڭ
چېگرىسى يېقىنقى زاماندا كاپىتال - جاھانگىرلار تاجاۋۇز
قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپلىگەن زېمىنلىرىنى ئىشغال قى-
لىۋالغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن. لېكىن، تارىختىكى «غەربىي
يۇرت» ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق
روھ بويىچە، تارىخىي پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك،
چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ھەقىقەتەن جۇڭگونىڭ زېمىنى
ئىدى. بۇ تارىخىي پاكىت تىلغا ئېلىنمىغاندا، نۇرغۇنلىغان
تارىخىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

شىنجاڭ — تاغ، دەريالىرى كۆپ، ئويمانلىقلىرى بوستانلىقلار بىلەن بېزەلگەن، دەريا ۋادىلىرى ئوتلاق بىلەن قاپلانغان بىپايان بىر جاي.

شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كۇئېنلۇن، قارا قۇرۇم تاغلىرى شىنجاڭ بىلەن شىزاڭنى ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۇ يەردىن چىققان چىرايلىق قاشتېشى دۇنياغا مەشھۇر. ئالتاي تاغلىرى شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مۇھىم بىر تەبىئىي توساق بولۇپ، ئالتۇن كۆپ چىقىدۇ، شۇڭا خەنزۇچە قەدىمكى كىتابلاردا بۇ تاغ ئالتۇن تاغ دەپ ئاتالغان. شەرقتىن غەربكە سوزۇلۇپ ياتقان تيانشان تاغلىرى شىنجاڭنى تەبىئىي ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ. شىنجاڭ، يەر شەكلى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۈچ چوڭ تاغ بىلەن ئىككى چوڭ ئويمانلىقتىن ئىبارەت. تيانشاننىڭ شىمالىدا جۇڭغار ئويمانلىقى، جەنۇبىدا تارىم ئويمانلىقى بار. تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 530 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇملار توختىماي كۆچۈپ، غەلىتە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقى جايلاشقان، بۇ قۇملۇق 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ تېگىدە نېفىت زاپىسى ئىنتايىن مول.

ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسىدىن باشلانغان دەريالار ئۆزىنىڭ ئىنتايىن مول سۇ بايلىقى بىلەن قاسناقتىكى مۇنبەت بوستانلىقنى سۇغىرىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد باتۇر، ئەمگەكچان ھەر مىللەت خەلقىنى بېقىپ، ئۇزاق تارىختا ئىگە پارلاق قەدىمكى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغان. ئېرتىش دەرياسى ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇب ئېتىكىدىن باشلىنىپ، شەرقتىن غەربكە قا-

راپ ئېقىپ زايسان كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. دەريانىڭ ئىككى ياقىسى ئوت ۋە سۈيى مول، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ مۇھىم پائالىيەت مەيدانى بولۇپ كەلگەن بىر جاي. تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىدىغان ئەڭ چوڭ داغلىق دەريا ئىلى دەرياسى بولۇپ، بۇ دەريا غەربكە قاراپ ئېقىپ بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. دەريانىڭ ئىككى ياقىسى ئۆزىنىڭ مۇنبەت ئېتىزلىرى، مول ئوت - سۈيى ۋە ئوبدان ئىقلىملىرى بىلەن ئەزەلدىن «سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى جياڭنەن» دەپ نام ئالغان. تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن باشلىنىدىغان قايدۇ دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىدىن باشلىنىدىغان قەشقەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى قاتارلىق نۇرغۇن دەريالار بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى دەريا بولغان تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ، تارىم دەرياسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىنى بويلاپ غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىدا، ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت تۈپەيلىدىن ھاۋا قۇرغاق بولۇپ، ھۆل - يېغىن ئاز ياغىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 80 مىللىمېتىرغا ئاران يېتىدۇ. ئەمما، تيانشان، كۇئېنلۇن تاغلىرىدىن باشلىنىدىغان دەريالارنىڭ سۇ بايلىقى مول، تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرىنىڭ ئىككى ياقىسى ياپيېشىل بوستانلىقلار بىلەن قاپلانغان. يىراق قەدىمكى دەۋردىن باشلاپلا، ھەر مىللەت خەلقى مۇشۇ بوستانلىقلاردا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەرب ئەللىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرغان چوڭ يول «يىپەك يولى» تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ياقىلىرىنى بويلاپ، شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ، بوستان-

لىق ۋە قەدىمىي شەھەرلەردىن ئۆتۈپ، پامىر ئېگىزلىكى ئار-
قىلىق غەربكە سوزۇلۇپ، قەدىمكى زاماندىكى ھەرقايسى ئەل،
ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان
بەلباغقا، شۇنىڭدەك دوستانە بېرىش-كېلىش ۋە ماددىي
ئەشيا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان مۇھىم يول بولۇپ
قالغان.

شىنجاڭ، باي ۋە گۈزەل شىنجاڭ، قەدىمدىن تارتىپ ئۇلۇغ
ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنى، جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى.

## 2. يېڭى تاش قورال دەۋرى

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز — ئۇزاق تارىخقا ۋە شانلى-
لىق مەدەنىيەتكە ئىگە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇ-
رۇنقى ماكانلىرىدىن بىرى. ھازىر تېپىلغان قەدىمكى ئىنسان-
لارغا دائىر يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، يۈننەن «يۈەنمۇ ماي-
مۇنسىمان ئادىمى» بۇنىڭدىن بىر مىليون 700 مىڭ يىل
ئىلگىرىلا ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە
تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن «لەنتيەن
مايمۇنسىمان ئادىمى»، «بېيجىڭ مايمۇنسىمان ئادىمى» مۇ
پەيدىنپەي تارقالغان. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بول-
غان ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش جەريانىدا چېنىقىپ، ئاستا-
ئاستا تەرەققىي قىلغان. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش
قوراللىرى ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ئۇرۇپ-سوقۇپ ياسالغان
قوپال تاش قورال بولغاچقا، ئارخېئولوگىيە ئىلمىدە
بۇ دەۋر كونا تاش قورال دەۋرى دەپ ئاتالغان. ئىنسانلار-
نىڭ ئەمگەك ماھارىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى ۋە ئەقىل-
پاراسىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش
قوراللىرىنى ياساش تېخنىكىسىمۇ ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغان.
بۇنىڭدىن تەخمىنەن 7000 — 8000 يىل ئىلگىرى، مەملىكىتى-

مىز يېڭى تاش قورال دەۋرىگە كىرىشكە باشلىغان. ئارخېئو-
لوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، يېڭى تاش
قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت خارابىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ
ھەممە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك خاراك-
تېرىگە ئىگە بولغانلىرىدىن سەنشىدىكى ئېماۋكۇ، خېبېيدىكى پېي-
لىگاڭ، شەنشىدىكى لاۋگۇەنتەي ۋە شىنگەندىكى بەنپو، خې-
نەندىكى ياڭشاۋ، جېجياڭدىكى خېمۇدۇ، جياڭسۇدىكى ساۋشيېشەن
ھەمدە گەنسۇ، چىڭخەي ۋە نىڭشيا رايونلىرىدىكى ماجياياۋ قاتار-
لىقلار بار. بۇنىڭدىن باشقا، لياۋنىڭ، ئىچكى موڭغۇل، شەندۇڭ،
جياڭشى، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، فۇجيەن، تەيۋەن، شىنجاڭ قاتار-
لىق جايلاردىمۇ يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت
خارابىلىرى ۋە يادىكارلىقلىرى كۆپ مىقداردا تېپىلدى. مانا
بۇ خارابە ۋە يادىكارلىقلار شۇ مەزگىلدىكى كىشىلەرنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئىدېئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي تەش-
كىلاتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار ئەجدادلىرىمىز-
نى تەتقىق قىلىش ۋە چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك ما-
تېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت خارابىلار ئازادلىق-
تىن كېيىن ئالاھازەل شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن، مەسى-
لەن، قومۇل رايونىدىكى ئارانچى، يەتتىقۇدۇق؛ تۇرپان ئويې-
مانلىقىدىكى ئاستانە، يارغول، سىڭگىر؛ ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى
سەيپۇپۇ؛ تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى مورى، گۇچۇڭ،
جىمىسار، ئاراتۇرۇك، بارىكۆل ۋە ئىلى ۋادىسى؛ تيانشان-
نىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى كۇچا، مارالبېشى، كەلپىن؛ باين-
غۇلىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى باغراش كۆلىنىڭ بوي-
لىرى، كۇنېنلۇن، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى، تا-
رىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى چەرچەن، نىيە،

كېرىيە، گۇما قاتارلىق جايلاردىن تېپىلدى. ئارخېئولوگلار بۇ خارابىلىقلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىپ، ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ، دەپ قارىدى.

(1) كۆپلىگەن سىپتا تاش قوراللارنى بەلگە قىلغان يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت.

بۇ خىلدىكى مەدەنىيەت خارابىلىرى ئاساسەن قۇمۇلدىكى تارانچى، يەتتىقۇدۇق؛ ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى سەيىپۇ؛ ئاسمورى ناھىيە، بازىرىنىڭ جەنۇبى، شۇنىڭدەك تۇرپاندىكى ئاستانە، يارغول قاتارلىق جايلارغا، يەنى ھەممىسى تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكى ياكى ئوتتۇرا قىسمىدىكى كىچىك ئويمانلىقلارغا جايلاشقان. تېپىلغان تاش قوراللار تاش ساقا، تاش ياپراق، يونۇش، تېشىش قوراللىرى، تاش چوت، ئۈچ قىرلىق تاش دېيزە، تاش باشاق (يا ئوقىنىڭ باشىقى) قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ تاش قوراللارنىڭ ھەممىسى ئېنىق ئىككىنچى قېتىملىق پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدىن ئۆتكەن، ئۇلارنى سىپتا تاش قوراللارنىڭ ئۈلگىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ سىپتا تاش قوراللار بىلەن بىرگە يەنە سىغىز لايغا قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان ئاز ساندىكى ساپال قاچىلار، مەسىلەن تېگى يۇمىلاق ھېجىر، جام، ئىدىش، كومزەك قاتارلىقلارمۇ بار. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش قىياپىتىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەر ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان بولسا كېرەك، لېكىن بەزى ئىپتىدائىي دېھقانچىلىقمۇ مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

(2) سۈركەپ ياسالغان چوڭ تاش قوراللارنى ئاساسىي بەلگە قىلغان يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت.

بۇ خىلدىكى مەدەنىيەت خارابىلىرى ئاساسەن قىشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى ئاقدالا، ئۆتەڭگۈلەك، قۇرۇقدالا، دۆۋىلەك ۋە ئاقسۇ ناھىيىسىدىكى قارا يۇلغۇن قاتارلىق جايلاردا بولغان. تاش قوراللار بىر قەدەر چوڭ، ھەممىسى سۈركەپ ياسالغان. تاش قوراللاردىن تاش پالتا، تاش سوقماق، تاش يارغۇنچاق، تاش چاق (يىپ ئىگىرىدىغان)، تاش ساقا، تاش پىچاق، تاش ئورغاق قاتارلىقلار بار. تاش پىچاقلار تۆشۈكسىز، يېرىم ئاي شەكلىدە، تاش ئورغاق ئەگمەچ بولۇپ ئىچ تەرەپكە بىس چىقىرىلغان، ئەنياڭدىكى يىن خارابىسىدىن تېپىلغان ئورغاققا ئوخشايدۇ. تاش قوراللار بىلەن بىرگە كۆپلىگەن ساپال قاچىلار، كومزەك، ھېجىر، ساپال كاساك، ئىدىش، جام، چۆگۈن قاتارلىقلار قېزىۋېلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز ساندا قىزىل ساپالنى ئاساس قىلغان، سىغىزدىن ياسالغان كۈل رەڭ ساپاللارمۇ بولۇپ، ھەممىسى قولدا ياسىلىپ، سىرى ئوتتا پىشۇرۇلغان. گۈل-نەقىشلىرىمۇ ئىنتايىن ئاز. تېپىلغان يادىكارلىقلار ئەكس ئەتتۈرگەن ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىن قارىغاندا، دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنغاندەك تۇرىدۇ.

(3) ھەر خىل رەڭلىك ساپاللارنى مۇھىم بەلگە قىلغان يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت.

بۇ خىلدىكى مەدەنىيەت خارابىلىرىنىڭ جايلىشىشى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن قۇمۇلدىكى قارا دۆۋە سۇ ئامبىرى، يانبۇلاق؛ ئاراتۈرۈكنىڭ تۇز كۆل چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى تۇرگۈن؛ باركۆلنىڭ شىرىنزا، كۆيسۇ رايونلىرى؛ پىچاندىكى لەمجىن، لۈكچۈن؛ تۇرپاندىكى ئاستانە، يارغول، ئايدىڭكۆل؛ ئۈرۈمچىنىڭ نەنشەن رايونىدىكى ئىۋىرغول، ئاراغول؛ كۈچادىكى بەنجىڭگو جىلغىسى؛ مورىدىكى بەيياڭخې

فىرمىسى ۋە خوشۇت، كۈچا، كۇما قاتارلىق جايلاردىن ئىبارەت. تېپىلغان ساپال قاچىلاردىن ئىككى قۇلاقلىق قىزىل ساپال كومزەك، رەڭدار ساپال كوزەك، بىر قۇلاقلىق قاراساپال جام، ئىدىش، ساپال كاساڭ قاتارلىقلار بار. ساپال قاچىلار بىلەن بىرگە ساقلانغان بۇيۇملاردىن يەنە سۈركەپ ياسالغان تاش قوراللار، ئاز ساندىكى مىس قوراللارمۇ بار. تېپىلغان يادىكارلىقلار ئەكس ئەتتۈرگەن ئىقتىسادىي تۇرمۇش-تىن قارىغاندا، بۇ يادىكارلىقلار دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە مەنسۇپ، بەزىلىرى مىتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار تەڭ ئىشلە-تىلگەن دەۋرگە مەنسۇپ.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىدۇ: يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت خارابىلىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە جايلاشقان، ئەمما تاش قوراللارنىڭ شەكلى، ياسىلىش تېخنىكىسى، تۈرى، ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە تاش قوراللار بىلەن بىرگە ساقلانغان ساپال قاچىلارنىڭ رەڭگى، گۈللىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن قارىغان-دا، ئۇلار ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا، چىڭخەي، گەنسۇ قاتار-لىق جايلاردىن تېپىلغان سىپتا تاش قورال مەدەنىيىتى بىلەن ئوخشاش. ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن بەزىلىرى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، سۇ ۋە ئوت-چۆپ قوغلىشىپ كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۇلارنىڭ مۇقىم تۇرار جايى بولمىغان؛ بەزىلىرى دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىپ، نىسبىي ھالدا ئولتۇراقلاشقان. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئايرىل-غان. مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش بارلىققا كېلىپ، ئىچكى

ۋايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قويۇقلاشقان. كىشىلەر ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەت تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن، ئاۋۋال ماترىئارخاللىق سىستېمىدا بولغان، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كېيىنكى مەزگىلدە پاترىئارخاللىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويغان.

## §2. قەدىمكى ئاھالىلەر

### 1. قەدىمكى ئاھالىلەر

شىنجاڭ ئاسىيانىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى زاماندا جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولى ئىدى. شۇنداقلا تارىختىكى ھەر خىل ئىرق، مىللەتلەر كۆچۈپ كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان، قوراللىق توقۇنۇشۇپ تۇرىدىغان ۋە ئۆزئارا ئارىلىشىپ تۇرىدىغان جاي ئىدى. تەبىئىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن ياكى يېغىلىق سەۋەبىدىن بەزى ئىرق، مىللەتلەر كۆچۈپ كېلىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئولتۇراقلىشىپ، تىرىكچىلىك قىلغان ۋە كۆپەيگەن؛ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن ئۇلار باشقا ئورۇنلارغا كۆچۈپ كەتكەن، يا بويسۇندۇرۇلغان ياكى بىر قىسمى شۇ ئورۇنلاردا قېلىپ، كېيىن كەلگەن ئىرق، قەبىلىلەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، يېڭى ئىرق، مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن. دېمەك، ھەر ياقتىن كۆچۈپ كېلىش ۋە ھەر ياققا كۆچۈپ كېتىش شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى مۇرەككەپ ئاھالىلەر مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بىز بۇ يەردە قەدىمكى ئاھالىلەر ئۈستىدە توختالدۇق، بۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرق، مىللەت تەۋەلىكىدىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە ئاساسلىق

قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىسكىلىتلىرى. ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن يادىكارلىقلار، قەدىمكى يازما ماتېرىياللار، شۇنىڭدەك، ئارخېئولوگ، تارىخ، تىل ۋە ئىرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئاساس قىلدۇق، كەڭ كىتابخانلارنى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئومۇمەن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن بۇ مەلۇماتلارنى يىغىنچاقلاپ بايان قىلدۇق.

ئىرقشۇناسلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق، تيانشاندىكى ئالغۇي قەبرىستانلىقى، قۇمۇلنىڭ ليۇشۇچۇەن دېگەن يېرىدىكى يانبۇلاق قەبرىستانلىقى، كروران خارابىلىقىنىڭ شەرقىدىكى قەبرىستانلىق، لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەبرىستانلىقى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى شامبابا قەبرىستانلىقى ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى موڭغۇلكۈرە توپادۆڭ قەبرىستانلىقلىرىدىن قېزىۋېلىنغان 186 قەدىمكى ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئىرقىي تەۋەلىك سىستېمىسىنى ئۆلچەپ، تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3800 — 2000 يىل بۇرۇنقى قەدىمكى ئاھالىلەر دەپ قارىدى؛ كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ئادەمنىڭ باش سۆڭەكلىرىدە غەرب ئىرقلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى ناھايىتى ئېنىق بولغاچقا، سوۋېت ئالىملىرى ئۇلارنى «ئىپتىدائىي ياۋروپا ئادىمى» تىپى دەپ ئاتىدى. تيانشاندىكى ئالغۇي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئادەمنىڭ سۆڭىكىدە، غەرب ئىرقلىرىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغانلىرى 85% نى تەشكىل قىلىدۇ، لېكىن ئۇلاردا بۇ تىپتىن چەتلەشكە يۈزلىنىش

ئالامىتى ئېنىق بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ياۋروپا ئىرقى تارمىقىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن. ئۇندىن باشقا، بۇ قەبرىستانلىقتىن چىققان سۆڭەكلەردە يەنە ئاز ساندا موڭغۇل ئىرقى تارمىقى ياكى ئىككى چوڭ ئىرقنىڭ ئارىلاشما تىپىمۇ بار؛ لىيۇشۇچۈەندىكى يانبۇلاق قەبرىستانلىقىدىن چىققان ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ كۆپ قىسمىدا شەرقىي موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يەنە، ئاز ساندا غەرب ئىرقلىرىنىڭ ئامىللىرىمۇ مەۋجۇت، بۇ ئىككى خىل ئىرقنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 3:7 بولغان؛ كرووران خارابىلىقىنىڭ شەرقىدىكى قەبرىستانلىقتىن چىققان باش سۆڭەكلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا غەربىي ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ناھايىتى ئوچۇق؛ لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن چىققان باش سۆڭەكلىرىدە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي تارمىقىغا خاس تىپ ئالاھىدىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى موڭغۇلكۈرە تۇپادۆڭ قەبرىستانلىقىدىن چىققان ئادەمنىڭ باش سۆڭەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى غەربتىكى كاۋكاز ئىرقى تارمىقىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. ئۇلار ئىرقشۇناسلىق تىپى جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زاماندىشى ساكلار ۋە ئۇيسۇنلارغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ ياكى ئۇلاردىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن، شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تۆۋەندىكەك پەرەز قىلىشقا بولىدۇ:

(1) ئاز دېگەندە مىس قورال دەۋرىدە بەزى قەدىمىي شەكىل ۋە غەرب كاۋكاز ئىرقى تەركىبىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان ئاھالىلەر شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى لوپنۇر كۆلى رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن.

(2) تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى بىر قانچە ئەسىردە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى چاغلاردا، تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقىنىڭ شەرقىي تارمىقى تىپىغا يېقىن بولغان يەنە بىر خىل تەركىب ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن شىنجاڭنىڭ غەربىگە كىرگەن ھەمدە غەربتىن شەرققە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىنى بويلاپ، پەيدىنپەي لوپنۇر كۆلى رايونىغا كۆچكەن ۋە شۇ يەردە بۇرۇن ماكانلاشقان ئاھالىلەرگە قوشۇلۇپ، قەدىمكى كروران بەگلىكى خەلقىنىڭ ئاساسىي ئىرقى بولۇپ قالغان. يەنە بىر قىسىم ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقى تەركىبى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىنى بويلاپ تيانشان رايونىغا كىرگەن ۋە شۇ يەردە بۇرۇن ماكانلاشقان ئاھالىلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن (مەسىلەن، ئالغوي قەبرىستانلىقى).

(3) تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى بىرقانچە ئەسىردە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى چاغلاردا، باش سۆڭىكىنىڭ قىسقا بولۇشى بىلەن خاراكتېرلەنگەن غەرب ئىرقىنىڭ بەزى تەركىبلىرى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ھەتتا تېخىمۇ شەرقتىكى تيانشان رايونلىرىدىمۇ ياشىغان (مەسىلەن، موڭغۇلكۈرە، ئالغوي قەبرىستانلىقى).

(4) تەخمىنەن بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن، موڭغۇل ئىرقىنىڭ تەركىبلىرى شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان (مەسىلەن، قۇمۇلدىكى يانبۇلاق قەبرىستانلىقى) ھەمدە پەيدىنپەي غەربكە سۈرۈلگەن.①

شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ مىللەت تەۋە-

① خەن كاڭشىن «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى توغرىسىدىكى ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەن تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىل 2 - سانى.

لىكى قانداق ئىدى؟ ۋەسىقەشۇناسلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى بىرقانچە رايوننىڭ دەسلەپكى ئاھالىلىرى ئاساسەن چاڭلار ئىدى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «ياڭگۇەن قوۋۇقىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ياشايدىغان قوۋملەر نوپچانلار دەپ ئاتىلىدۇ. نوپچان بەگلىكىنىڭ بېگى چۇيخۇلەي ۋاڭ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، دېھقانچىلىق قىلمايدۇ، ئاشلىقنى پەشامشان بىلەن چۇرچان بەگلىكىگە تايىنىدۇ» دېيىلگەن. چاڭ — قەبىلىنىڭ نامى، نوپ بولسا چاڭلارنىڭ بىر تارمىقى (خۇددى سېرىق كالىلىق، ئاق ئاتلىق چاڭلار دېگەنگە ئوخشاش)، شۇڭا نوپچان دەپ ئاتالغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، ئەندىر بەگلىكىنىڭ شەرقى، روۋلۇ بەگلىكىنىڭ جەنۇبى، توخارا بەگلىكىنىڭ غەربى، ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ جەنۇبى، داردا بەگلىكىنىڭ جەنۇبى نوپچان بەگلىكى بىلەن چېگرىداش. بۇ ئەھۋال تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتى، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئېتەكلىرى شەرقتىن غەربكە پامىرغىچە بولغان نەچچە مىڭ چاقىرىملىق كەڭ زېمىندا چاڭلارنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مۇشۇ جاينىڭ دەسلەپكى ئاھالىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

توخرىلار. توخرىلار جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى قەبىلە بولۇپ، ئۇلار ئەسلى خۇاڭجۇڭ (ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ خۇاڭشۇي دەريا ۋادىلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ — م) دېگەن جايدا چاڭلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار تىل ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە پەيدىنپەي چاڭلار بىلەن ئۆزئارا قوشۇلۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى چاڭلارغا ئەگىشىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە كەلگەندىن كېيىن نوپچانغا قوشنا بولۇپ ياكى ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغان.

ئۇلار ئۆزئارا قۇدىلىشىپ، ئىناق يېقىن ئۆتۈپ، چاڭلار بىلەن بىللە
ياشىغان.

...

چاڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «يۈل-
ئېرىقلىقلار غۇزلاردىن پەرقلىنىدۇ، ئۇلار چاڭلارغا ئوخشاش
كۆچمەن ئەل، سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ، كۆچمەن تۇرمۇش
كەچۈرىدۇ» دېيىلگەن. بۇ يۈلئېرىقلىقلارنىڭ ھون (غۇز) لارغا
ئوخشىمايدىغانلىقىنى، چاڭلارغا ئوخشاش كۆچمەن چارۋىچى
مىللەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە شۇ كىتابتا
يۈلئېرىق بەگلىكى بىلەن بىر مىللەت تۈرىگە مەنسۇپ بەگ-
لىكلەردىن سارىقول، سىغناق، مالور، لىچخەۋىر، دېرو بەگلىك-
لىرىنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەھۋال چاڭلار قەبىلىلىرى-
نىڭ كۆپلۈكىنى، خەن دەۋرىدە بارغاندىمۇ تەسىر كۈچىنىڭ
ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، قۇرغان بەگلىكىنىڭ مەۋجۇت
ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سۇبىلار. سۇبىلارنىڭ نامى سۇنبۇ بولۇپ، زاگزۇلارنىڭ
بىر تارمىقى. كاروشتى يېزىقى بىلەن يېزىلغان ھۆججەتلەردە
خاتىرىلىنىشىچە، ئۇلار ئومۇمەن تىبەتنىڭ غەربى، ئۇدۇننىڭ
جەنۇبى، سەنچۇ دەرياسىنىڭ شەرقىدە تېرىكچىلىك قىلىدىغان
بىر قەدىمكى قەبىلە ئىدى.

ساكلار، توخرىلار، ئۇسۇنلار. ساكلار — ئىلى ۋادىسىدا
ياشىغان ناھايىتى قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ بىرى، ئۇلار مىلا-
دىدىن ئىلگىرىكى Ⅶ ئەسىردىلا ياۋروپا - ئاسىيا ئىچكى قۇرۇق-
لۇقىنىڭ بەزى رايونلىرىدا پەيدا بولغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى
Ⅶ ئەسىردە جەنۇبىي روسىيە يايلىقى، غەربىي ئاسىيا، شىما-
لىي ياۋروپا ۋە قارا دېڭىز بويلىرىغا كۆچكەن، ئاز دېگەندە
ئۇلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى V - Ⅶ ئەسىرلەردە ئىلى دەرياسى
ۋادىسىغا كۆچۈپ كىرگەن. ساكلارنىڭ كۆچى زور، تارمىقى

ئاھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۈچلۈك تۇماقلىق ساكلار، سۇبويىدىكى ساكلار، يايلاقتىكى ساكلار... دەپ ئاتىلاتتى. 1983- يىلى ئىلىنىڭ كۈنەس ناھىيىسىدىكى كۈنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان ساكلارنىڭ ئۈچلۈك تۇماقلىق ساكلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بىر قەدەر ئېنىق ھالدا «ئۇيسۇن بەگلىكىنىڭ كۈنىبېگى قىزىل قورغان شەھىرىدە تۇرىدۇ... ئۇيسۇنلار ئېكىنچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانمايدۇ، سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئۆرپ- ئادەتلىرى ھۇنلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ...» بۇ جاي ئەسلى ساكلارنىڭ يېرى ئىدى، توخرىلار غەربكە كۆچۈپ، ساك بەگلىكىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ساك بېگى جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ پامىردىن ئۆتۈپ كەتتى، توخرىلار ئۇلارنىڭ زېمىنىغا ماكانلاشتى. كېيىن ئۇيسۇن كۈنىبېگى توخرىلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، توخرىلار غەربكە كۆچۈپ تۇخارغا بەيئەت قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇيسۇن كۈنىبېگى ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ماكان تۇتتى، شۇڭا ئۇيسۇنلار ئارىسىدا ساكلار نەسلى، توخرىلار نەسلى بار» دېيىلگەن. بۇ ساكلارنىڭ ئىلگىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، كېيىن خېشى كارىدورىدىن غەربكە كۆچكەن توخرىلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن، ساكلار ئۆز زېمىنىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، كېيىن ئۇيسۇنلارنىڭ غەربكە ھۇجۇم قىلىپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا بېسىپ كىرىپ، توخرىلارنى قوغلاپ چىقارغانلىقىنى، قالغان ساك قوۋملىرى بىلەن توخرىلار قوۋملىرىنىڭ كېيىن كەلگەن ئۇيسۇنلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا،

«ئۇسۇنلار ئارىسىدا ساكلار، توخرىلار نەسلى بار» دەپ قەيت قىلىنغان. توخرىلار غەربكە كۆچۈپ تۇخارلارغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، شەرققە قايتىپ كېتىشنى خالىمىغان. ئۇنداقتا، ساكلارنىڭ ئاساسلىق تارماقلىرى نەگە كەتتى؟ تارىختىكى كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇلارنىڭ ئاساسىي تارمىقى جەنۇبقا كۆچۈپ كەشمىرگە كېتىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە بۆلۈنۈپ «بىر نەچچە بەگلىك بولۇپ كەتكەن»، سۇلېنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەركەشتام، جۈەندۇ بەگلىكلىرىنىڭ خەلقى ئەسلىدە ساك نەسلىدىن، جۈەندۇ بەگلىكىدىكى خەلقنىڭ «كىيىم - كېچەكلىرى ئۇسۇنلارنىڭكىگە ئوخشايتتى، ئۇلار سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ، پامىر تېغىغا تايىنىپ ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ نەسلىمۇ ساكلاردىن» دېيىلگەن. ئۇنىڭدا يەنە ئەركەشتام بەگلىكى ھەققىدىمۇ «خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بىلەن كىيىم - كېچەكلىرى ئۇسۇنلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ ياشايدۇ، ئۇلار ئەسلىدە ساك نەسلىدىن» دېيىلگەن. دېمەك، جەنۇبقا كۆچكەن بۇ ساكلار يەنە شەرققە كېلىپ بۆلۈنۈپ كېتىپ، سەپەرباي، سۇلې، ساكارائول، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردىكى خەلقنىڭ ساكلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئايلىنىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. يەنە، توخرىلار غەربكە كۆچكەندە كىنىگىت، كۇسەن قاتارلىق جايلاردا تۇرۇپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى ئاھالىلەر توخرىلار بىلەن قانداش بولۇپ قالغان.①

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ مەزگىلدە تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تۈركچىلىك قىلغان خەلقلەردىن يەنە ھونلار، دىڭلىڭلار، ئوغۇزلار ۋە خەنزۇ قاتارلىقلار بار.

① خۇاڭ شېنجاڭ «شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى دەۋردىكى ئاھالىلىرى، مىللەت تەۋەلىكى ۋە ئۇلار قەدىمىي يۇرتتا قۇرغان بەگلىكلەر».

تىلشۇناسلىق جەھەتتىن ئالغاندا، شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ھىندى - ياۋروپا تىلى سىستېمىسىغا، خەنزۇ - تىبەت تىلى سىستېمىسىغا ۋە ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

ئارخېئولوگلار بىلەن تىلشۇناسلار تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى دەسلەپكى ئاھالىلەرنىڭ تىلىنى ھىندى - ياۋروپا تىلى سىستېمىسىغا تەۋە دەپ قارايدۇ. ئالىملار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، بۇ خىل تىلنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ ساك تىلى، ۋە كۇسەن — كىنىگىت تىلىغا بۆلدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا قوللىنىلغان تىل — ساك تىلى، يەنى قەدىمكى ئۇدۇن تىلى دەپ ئاتالدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىدا قوللىنىلغان تىل كۇسەن — كىنىگىت تىلى دەپ ئاتالدى، توخرى تىلى دەپمۇ ئاتالدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىدىن دۇنخۇاڭغىچە بولغان جايلاردا سوغدى تىلى قوللىنىلغانىدى. خەنزۇ - تىبەت تىلى سىستېمىسىغا تەۋە خەلق چاڭلار بىلەن خەنزۇلار ئىدى. ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا تەۋە خەلق ھونلار بىلەن ئۇسۇنلار ئىدى.

### 2. يىراق قەدىمكى زامانغا ئائىت رىۋايەتلەر ۋە غەربىي يۇرتتىكى قىياتاش سۈرەتلىرى

مىلادىيىدىن ئىلگىرى 60 - يىلى، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا باش قۇرۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، سىياسىي ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن، بۇ شىنجاڭنىڭ جۇڭگو خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئەمما، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتى خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. قەدىمكى ھىندى ۋەسىقىلىرىگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅳ - Ⅴ ئەسىرلەردە، مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن مەشۇت ۋە

ئاۋار - دۇردۇنلار ھىندىستانغا چىقىرىلغان. قەدىمكى يۇنان خاتىرىلىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردە مەملىكىتىمىزنىڭ يىپەك بۇيۇملىرى يۇنان بازارلىرىغا سېلىنىغان. شۇ سەۋەبتىن، قەدىمكى يۇنانلىقلار جۇڭگونى يىپەك ئېلى دەپ ئاتىغان. ھالبۇكى، جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋەسىقىلىرىدە، مەسىلەن، «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»، «تاغ - ئېزىسملار قۇرئىنى»، «كۆەنزى» قاتارلىق كىتابلاردىكى خاتىرىلەر بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئىلگىرى ئىدى. «مۇتيەنزى تەزكىرىسى. 3 - جىلد» دا (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 950 — 1000 يىللار ئارىلىقىدا) «چاشقان يىلىنىڭ خەيرىلىك كۈنىدە جۇمۇۋاڭ شى ۋاڭمۇنىڭ مۇزۇرىدا مېھمان بولغان»، بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش ئاھايىتى تەنتەنىلىك بولغان بولۇپ، جۇمۇۋاڭ شى ۋاڭمۇغا ئاق مەرمەر قاشتېشى بىلەن نۇرغۇن يىپەك رەخت ئالغاچ بارغان. شى-ۋاڭمۇ بۇ سوۋغىلارنى ئاھايىتى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان، ئەتىسى ياۋچى كۆلى ئۈستىدە بەزمە ئۆتكۈزگەن ھەمدە ئىككىيلەن نەزمە ئارقىلىق بىر بىرىگە بارىكاللا ئېيتىشقان. شى ۋاڭمۇ ئۆز غەزىلىدە: ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار لەرزان ئۈزۈشەر، يەردە تاغ چوققىلىرى گويا كۆككە تاقىشار، ئاجايىپ يىراقتۇر بۇ يول، تۇمەنمىسىڭ تاغ - دەريالار يىزنى ئايرىپ تۇرۇشار، بىر كېلىش ئۈنچىلا ئاسان ئەمەستۇر. تىلەپ سىزگە ئۆمۈر ھەم زىيادە دۆلەت، قايتا كېلىشىڭىزلارنى قارشى ئالۇرمەن، دېيىلگەن، جۇمۇۋاڭمۇ نەق جاۋاب غەزەل ئوقۇپ: بارغىنىمدا قايتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە، ئىناقلىق ئورنىتۇرمەن، قىلۇرمەن كۆپچىلىكنى بەختلىك ھەم شادىمان. ئۆتكەندە يەنە ئۈچ يىل كېلۇرمەن يەنە سىزنى كۆرگىلى، دېگەن. بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن، جۇمۇۋاڭ ھاياجان ئىلكىدە يەنزى تېغىغا چىقىپ، بىر توپ تۇخۇمەك تىكتى، بىر تاش

ئەيندە تۇرغۇزدى ھەممە بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشنىڭ داغدۇغىسىنى تاش ئەينەدىكە خاتىرە قىلىپ ئويدۇردى دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا «تاغ - ئېزدەلار قورۇئى»، «كۆەنزى» قاتارلىق كىتابلاردا، غەربىي يۇرت ھەققىدە يەنە نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەر تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، يىراق قەدىمكى دەۋرگە ئائىت بۇ كۆپلىگەن رىۋايەتلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرى بىلەن غەربىي يۇرت كىشىلىرىنىڭ دوستلۇقى ۋە ئالاقىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

غەربىي يۇرتتىكى قىياتاش سۈرەتلىرى. ئازادلىقتىن كېيىن ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بىلەن تارىخشۇناسلار شىنجاڭدىكى ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسى — ئالتاي، تيانشان ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىدا نۇرغۇنلىغان قىياتاش سۈرەتلىرىنى تاپتى، بۇ قىياتاش سۈرەتلىرىنىڭ بەزىلىرى غارلاردا، بەزىلىرى تاش تاملاردا، بەزىلىرى رەڭلىك قىلىپ سىزىلغان، بەزىلىرى نەقىشلەنگەن، بەزىلىرى ئويۇلغان. سۈرەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن ۋە ئويۇش - سىزىش تېخنىكىسىدىن قارىغاندا، بەزىلىرىنىڭ ۋاقتى بۇرۇنراق، بەزىلىرىنىڭ ۋاقتى كېيىنرەك. قىياتاش سۈرەتلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مۇتلەق كۆپ قىسمى سۇيى مول، ئوت - چۆپى ئۆسكەلەك، ھايۋانلارنىڭ ياشىشىغا باپ، مۇھىتى گۈزەل، كىلىماتى ياخشى تاغلىق رايونلارغا ۋە دەريا ۋادىلىرىغا، مەسىلەن، ئالتاي تاغلىرىدىكى ئالتاي، بۇرچىن ئەتراپى؛ تيانشان تاغلىرىدىكى قۇمۇل، بارىكۆل، مورى، سانجى، قۇتۇبى، شىخو، جىڭ، ئارشاڭ ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ناھىيىلەر؛ پامىر ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىدىكى تاشقورغان، قاغىلىق، گۇما قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان. شۈبھىسىزكى، بۇ قىياتاش سۈرەتلىرى شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى

دەۋرلىرىدىكى، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى چىنلىق بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇ قىياتاش سۈرەتلىرىنى ئىنچىكە تەھلىل ۋە تەتقىق قىلغاندا، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئىنتايىن مول ۋە چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. يىغىنچاقلىغاندا، ئۇ تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىققا ئائىت قىياتاش سۈرەتلىرى. ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق — ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى چارۋىچىلارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ئوبيېكتى ۋە ئاساسلىق كىيىم-كېچەك، ئوزۇقلۇق مەنبەسى، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش-قالالماسلىقىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللار ئىدى. كوللېكتىپ ئوۋ ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈشتە، مەسىلەن كۆدەس ناھىيىسى زېكتى بازىرىنىڭ خونشار جىلغىسىدىكى قىياتاش سۈرىتىدە، قولىغا ئوقيا ئالغان بىر نەچچە ئەر چارۋىچىنىڭ ئات، كالا، قوي، بۇغىلارنى قورشاپ تۇتماقچى بولغانلىقى، قورشاۋدا قالغان ھايۋانلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقى، بەزىلىرىنىڭ قورقۇپ تۇرۇپ قالغانلىقى، ئوۋچىلارنىڭ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوق بەتلەپ تۇرغان ھالەتلىرى تەسۋىرلەنگەن. مال بېقىۋاتقان كۆرۈنۈشتە، مەسىلەن تېكەس ناھىيىسىنىڭ چولاقتېرەك يېزىسىدىكى قىياتاش سۈرىتىدە چارۋىچىلارنىڭ يىلقىلارنى ئاتلىق قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن. چوپانلارنىڭ كۆرۈنۈشىدە، مەسىلەن چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ قىزىلتاش ئارشىڭىدىكى قىياتاش سۈرىتىدە، چىتلاق قوتانلاردىكى ئات، كالا، قويلار ۋە ئۇلارغا قاراپ تۇرۇۋاتقان ئادەملەر، ئىتلار تەسۋىرلەنگەن.

جىنسىي تېۋىنىشقا ئائىت قىياتاش سۈرەتلىرى. بۇ خىل تې-

ۋىنىش ماترىئارخاللىق جەمئىيەتتە، ئانىسىنىلا بىلىپ، ئاتىسىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئايال جىنسقا تېۋىنىش ئىپادىلەنگەن؛ پاترىئارخاللىق جەمئىيەتتە، ئەرلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئاساسىي يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەچكە، بۇ ئەر جىنسقا تېۋىنىشقا ئۆزگەرگەن. بۇنداق ئەھۋال بۇرۇلقىراق دەۋرىدىكى چارۋىچىلارنىڭ قىياتاش سۈرەتلىرىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، تېكەس ناھىيىسىدىكى ئۈسۈن تېغىنىڭ ئاقتاش غارىدىكى رەڭلىك قىياتاش سۈرىتىدە، ئايال جىنسقا تېۋىنىش ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ماترىئارخاللىق جەمئىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ بالداكۆل تېغىدىكى قىياتاش سۈرىتى بىلەن قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ قىزىلتاشتىكى قىياتاش سۈرەتلىرىدە ئەر جىنسقا تېۋىنىش ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، پاترىئارخاللىق جەمئىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئىپتىدائىي ئۇسۇلغا ئائىت قىياتاش سۈرەتلىرى. كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى چىراي ۋە قول-پۇتىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ۋە ئەكس ئەتتۈرگەن، بەزىلىرى غەلىبىنى تەنتەنە قىلغان بولسا، بەزىلىرى يات جىنسنىڭ مۇھەببىتىگە تەلپۈنگەن. بۇ خىل قىياتاش سۈرەتلىرىدىكى شەخسلەردىن ئەرلەرنىڭ مەردانىلىقى ۋە ئەرلەرگە خاس قەيسەرانە گۈزەللىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئاياللارنىڭ پۇت - قوللىرى زىلۋا، كۆكرىكى كۆتۈرۈلگەن، ساغرىسى تولغان ھالەتتىكى گۈزەل-جەلپكارلىق ئالاھىدىلىكلىرى نامايان قىلىنغان. قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ قىزىلتاش دېگەن يېرىدىكى تاش سۈرەتلىرىدە ئىپادىلەنگەن يالىڭاچ ئاياللارنىڭ ئۇسسۇلى تىپىك مىسالدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپلىگەن قىياتاش سۈرەتلىرىدە، يە-

له تۈتېم ئېتىقادى، پېرىخونلۇق، ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ
بەلگىلىرى، يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن بولغان كەسكىن ئېلى-
شىشلار، كۈن، ئاي نۇرلىرىغا ئوقۇلغان مەدھىيە قاتارلىقلار-
مۇ ئىپادىلەنگەن. كېيىنكى دەۋرگە مەنسۇپ قىياتاش سۈرەت-
لىرىدە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئاھالىلەرنىڭ كىيىم-كېچەك، گىرىم-
بېزەك ئادەتلىرى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن، مەسىلەن
ئۇچلۇق تەلپەك كىيىش، زىننەت ئۈچۈن پەي قاداش، ئۇزۇن
كۆڭلەك كىيىپ بېلىنى باغلاش، ئۆتۈك كىيىش، قاراقاش، قاپ-
شارلىق، كۆزى چوڭقۇر ۋە يوغان بولۇش قاتارلىق ئالاھىدى-
لىكلەر ئىپادىلەنگەن.

دېمەك، بۇ قىياتاش سۈرەتلىرى ئىپتىدائىي كۆچمەن
چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇشى، ئىجتىما-
ئىي ئەھۋالى، تەپەككۇرى، پېرىخونلۇق ماھارىتى، دىنىي
ئېتىقادى، ئۇسسۇل سەنئىتى، نەققاشلىق سەنئىتى ۋە ئۆرپ-
ئادىتى، كىيىم-كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى، مىللەت ۋە ئىرق
تەۋەلىكى قاتارلىق تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن ئىن-
تايىن قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر، شۇنداقلا بۇرۇنقى كىشىلەر
بۈگۈنكى كىشىلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن بىباھا رەڭدار سىزما
قامۇستۇر. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى قىياتاش سۈرەتلىرى بىر تا-
رىخىي خەزىنە، بىز ئۇنى داۋاملىق قېزىشىمىز، تەتقىق قىلىشى-
مىز ۋە ئاسرىشىمىز، ئۇنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇشىمىز لازىم.

بۇ بابتىن قىسقىچە خۇلاسە: بۇ بابتا، ئالدىنقى چىن سۇ-
لالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت، جۈملىدىن ئۇنىڭ جۇغراپى-
يىلىك مۇھىتى، يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت خارابە ۋە يادى-
كارلىقلار، شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىي
ۋە مىللەت تەۋەلىكى، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخىغا دائىر
رىۋايەت ۋە قىياتاش سۈرەتلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يىراق

قەدىمكى زاماندىكى غەربىي يۇرت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، كۆڭۈل ئېچىش ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ مەسىلىلەر بىزنى قەدىمكى شىنجاڭ توغرىسىدا بىر قەدەر ئېنىق، مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ، شىنجاڭ تارىخىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ.

## ئۆگىنىش ۋە مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ دائىرىسى.
2. يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى خارابىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى.
3. ئىپتىدائىي ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىي ۋە مىللەت تەۋەلىكى ھەم ئۇلارنىڭ ئومۇمىي جايلىشىش ئەھۋالى.

---

قوشۇمچە ئىزاھات: قىياتاش سۈرەتلىرىگە دائىر ماتېرىياللار ۋاقىتلىق گېزىت-ژۇرناللاردا تارقاق ئېلان قىلىنغان بولۇپ، يىغىنچاق ئەمەس، مۇكەممەل ئەمەس. قىزىلتاش دېگەن يېزىدىكى تاشقا ئويۇلغان جەنۇبىي تىيانشاندىكى ئاھالىلەرنىڭ «سۈرەتلىرى» دېگەن ماقالىسى بىلەن «شىنجاڭنىڭ جاڭگۇي ناھىيەسىدىكى قىياتاش سۈرەتلىرى» دېگەن ماقالىسى بار. بالداكۆلى تېغىدىكى قىياتاش سۈرەتلىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى» دېگەن ماقالىسىدا بايان قىلىنغان.

# II باب خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت

خەن سۇلالىسى دەۋرى—غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206-يىلى ليۇباڭ خەن سۇلالىسىنى قۇردى، چاڭئەننى پايتەخت قىلدى، بۇ، تارىختا غەربىي خەن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى. مىلادى 25-يىلى ليۇشيۇ خەن سۇلالىسىنى قايتا قۇرۇپ، لوياڭنى پايتەخت قىلدى. بۇ، تارىختا شەرقىي خەن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى. مىلادى 220-يىلى ساۋپى ۋېي بەگلىكىنى قۇرغاندىن كېيىن، شەرقىي خەن سۇلالىسى يوقالدى. ئىككى خەن سۇلالىسى جەمئىي 426 يىل دەۋران سۈردى.

خەن سۇلالىسى دەۋرى مەملىكىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ تەرەققىي قىلغان مۇھىم باسقۇچ. غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسى كۈنسايىن قويۇقلىشىش ئاساسىدا، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا باش قورۇقچى بېگە مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، بۇ يۇرتنى سىياسىي جەھەتتىن باشقۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، غەربىي يۇرت خەن سۇلا-


لىرىنىڭ تېررىتورىيىسىگە قوشۇلۇپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

## §1. ھونلار ۋە غەربىي يۇرت

### 1. غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، غەربىي يۇرتتا ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۆلۈنمە ھالەتتىكى شەھەر بەگلىكى ۋە كۆچمەن ئەللەر بولۇپ، ئۇلار تارىختا «36 بەگلىك» دەپ ئاتالغان. كېيىن 50 نەچچە بەگلىككە بۆلۈنۈپ كەتكەن. كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا نوپچان، كىرورا (كېيىن پىشامشان دەپ ئۆزگەرتىلگەن)، چۇرچان، ئەندىر، نىيە، روگلۇ، ئۇزۇن تات، توخلا، ئۇدۇن، پاسېمان، ساكارائۇل بەگلىكلىرى بولغان. تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا قۇرۇقتاغ بەگلىكى، كىنگىت، ئۇشاق، ۋائىرىيە، چىدىر، ئۇرۇياپ، كۇسەن، ئۇۋزىسۇ، قۇم، سەپەرباي، سۇلى بەگلىكلىرى بولغان. تيانشاننىڭ شىمالى ۋە شەرقىي شىمالىي رايونلىرىدا باركۆل، ئارقا باركۆل، ئالدى قۇس، قۇس، كاھبەگلىكى، خوزخو، ئارقا قۇس، ئارقا قۇس قەلئە بەگلىكى، ئۇرۇمسىنى، براكى، ئارقا براكى، چامبالىق، شەرقىي چۇمۇل، غەربىي چۇمۇل، تورپانى،





ئوتەلزى، ئۇسۇن بەگلىكلىرى بولغان. پامىر ۋە ئۇنىڭ غەر-
بىدە ئۇدىيانا، داردا، يۆلئېرىق، لىچخەۋىز، سارىقول، سىغ-
ناق، مالور، ئەركەشتام، جۇەندۇ، دارۋاز، پەرغانە بەگلىك-
لىرى بولغان. ئۇنىڭمۇ غەربىدە يەنە كەشمىر، ئىسكەندىرىيە،
توخرى، كانگىيە، ئارساك قاتارلىق بەگلىكلەر بولغان. بۇ
بەگلىكلەرنىڭ چوڭلىرىنىڭ نەچچە يۈز مىڭدىن، كىچىكلىرى-
نىڭ بىر نەچچە مىڭدىن، ئەڭ كىچىكلىرىنىڭ ئاران بىر-ئىك-
كى يۈز ئاھالىسى بولغان.

غەربىي يۇرتتا ئولتۇراقلاشقان ئاساسلىق ئاھالىلەر
ساكلار، ئۇسۇنلار، چاڭلار، ھونلار ۋە خەنزۇ، دىڭلىڭ قاتار-
لىقلار ئىدى.

تەبىئىي شارائىتنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن، غەر-
بىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى ئومۇمەن ئىككى خىلغا
ئايرىش مۇمكىن. بىر خىلى — دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئا-
ساس قىلغان، ئاھالىلىرى شەھەر ۋە يېزا-كەنتلەردە مۇقىم
ئولتۇراقلاشقان رايونلار بولۇپ، ئۇلار تارىخىي كىتابلاردا
«شەھەر دۆلەتلىرى» دەپ ئاتالغان. تارىم ئويمانلىقى ئەتراپى-
دىكى پىشامشان، روگلۇ، ئۇزۇنتات، ئۇدۇن، ساكارائۇل،
سۇلى، چېدىر، كىنگىت، كۇسەن، قۇم ۋە تۇرپان ئويمانلىقى-
دىكى قۇس، پامىرنىڭ غەربىدىكى پەرغانە قاتارلىق جايلار
مانا شۇنداق «شەھەر دۆلەتلىرى» ھېسابلىناتتى. بۇ جايلاردا
بۇغداي، تېرىق، سۆك، پۇرچاق، بىدە، ئۈزۈم، ئانار ۋە قو-
غۇن-تاۋۇز قاتارلىق مەھسۇلاتلار چىقاتتى. يەنە بىر خىلى —

چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان، ئاھالىلىرى سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرگەن رايونلار بولۇپ، ئۇلار تارىخىي كىتابلاردا «كۆچمەن ئەللەر» دەپ ئاتالغان. تيانشاننىڭ شىمالىدىكى ئۇسۇن، ئوغوز، ئارقا قوس؛ پامىر ئېگىزلىكىدىكى سارىقول، يۈلتۈزدىكى قاتارلىقلار، كۇئېنلۇننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى نوپچان قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى «كۆچمەن ئەل» لەر بولۇپ، ئات، كالا، قوي، ئېشەك، تۆگە قاتارلىق چارۋا ماللارنى باقاتتى. بۇ چاغلاردا غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى بەگلىكلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قاشتاشچىلىق، ساپالچىلىق، كۆنچىلىك، مەيزاپ ئىشلەش، يۇڭ توقۇمىچىلىق، مېتال تاۋلاش قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بولۇپ، ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە راۋاج تاپقان. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ئاساسىدا، سودا-تىجارەتمۇ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلغان. سۇلىدا «سودا بازىرى» بار ئىدى؛ پەرغانىلىكلەر «سودىدا بەك ماھىر، بىر مىسقال نەرسىنىمۇ كەتكۈزۈۋەتمەيدۇ» دېيەك، بازار ئىگىلىكى خېلى جانلانغان، تاۋار ئالماشتۇرۇشتا مېتال پۇل ئىشلىتىلگەن.

ھەر قايسى بەگلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە، ھۆكۈمرانلاردىن بەگ، مەنسەپدار، ياساۋۇللار بار ئىدى.

ئاۋام خەلق، ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئىلمىي سېتىمىشقا بولىدىغان قۇل-لار ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار ئىدى. ھەر قايسى بەگلىكلەردە ھەربىي قوشۇن، جىنايى ئىشلار جازاسى ۋە تۈرمىدىن ئىبا-رەت ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى بار ئىدى.

غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر چۆل-جەزىرە ۋە تاغلارنىڭ تۇسالغۇسى تۈپەيلىدىن، تارقاق ۋە بىكىنمە ھالەتتە بولۇپ، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم سۈرەتتى. خۇددى تارىخىي كىتابلاردا يېزىلغاندەك: ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ئۆزى بەگ، ئۆزى خان، ئەسكىرى ۋە خەلقى تارقاق، ئاجىز، بىرلىك يوق»① ئىدى.

① «خەتنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

| رەت نومۇرى | بەگلىك نامى | ئاستانىسى | جۇغراپىيىلىك ئورنى (ھازىرقى نامى) | تۈتۈن سانى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | نوبچان | نوبچان | چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا | 450 |
| 2 | كرووران | مەرەن | چارقىلىق ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا | 1570 |
| 3 | چۇرچان | چۇرچان | چەرچەننىڭ غەربىي جەنۇبىدا | 230 |
| 4 | ئەندىر (كىچىك فەرغانە) | يۇيلىن | چەرچەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا | 150 |
| 5 | نىيە | نىيە | نىيە | 480 |
| 6 | روگلۇ | بېھمىن | نىيىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆئېنلۈن تېغى ئارىسىدا | 240 |
| 7 | ئۈزۈن تات | ئۈزۈن تات (دەندەن ئۆيلىك) | كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدا (كېرىيەدە) | 3340 |
| 8 | توخارا | كامتو | كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا | 310 |
| 9 | ئۇدۇن | يوتقان | خوتەن | 3300 |
| 10 | پاسشان | پاسشانى | گۇما | 500 |
| 11 | ساكارائۇل | ساكارائۇل | يەكەن - قاغىلىق ئەتراپىدا | 2339 |
| 12 | قىزرۇق تاغ بەگلىكى | | توقسۇننىڭ جەنۇبىدىكى قۇرۇق تاغدا | 450 |

| نوپۇسى | ئەسكىرى | ئىگىلىكى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|
| 1750 | 500 | چارۋىچىلىق | چاڭلار |
| 14100 | 2912 | چارۋىچىلىق دىھقانچىلىق | مىلادىدىن ئىلگىرىكى 77 ـ يىلى نامىنى پىشامشانغا ئۆزگەرتكەن |
| 1610 | 500 | دىھقانچىلىق | شەرقىي خەن دەۋرىدە پىشامشانغا قوشۇلغان |
| 1050 | 200 | | شەرقىي خەن دەۋرىدە پىشامشانغا قوشۇلغان |
| 3360 | 500 | دىھقانچىلىق | شەرقىي خەن دەۋرىدە پىشامشانغا قوشۇلغان |
| 1610 | 300 | چارۋىچىلىق دىھقانچىلىق | شەرقىي خەن دەۋرىدە پىشامشانغا قوشۇلغان |
| 20040 | 3540 | دىھقانچىلىق | ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئۇدۇنغا قوشۇلغان |
| 2170 | 300 | چارۋىچىلىق دىھقانچىلىق | ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئۇدۇنغا قوشۇلغان |
| 19300 | 2400 | دىھقانچىلىق | |
| 3500 | 500 | دىھقانچىلىق | شەرقىي خەن دەۋرىدە ئۇدۇنغا قوشۇلغان |
| 6373 | 3049 | دىھقانچىلىق | |
| 5000 | 1000 | چارۋىچىلىق | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 13 | كىنكىت | شورچوت | قارا شەھەرنىڭ شەرقىدە | 400 |
| 14 | ئۇشاق | ئۇشاق (چۇقۇ) | خوشوت | 700 |
| 15 | ۋانىردىيە | ۋانىر | كورلىنىڭ شەرقىي شىمالىدا | 1200 |
| 16 | چېدىر | چېدىر | كورلىنىڭ غەربىدە | 130 |
| 17 | ئۇرۇياپ | ئۇروياپ | بۈگۈرنىڭ شەرقىدە | 110 |
| 18 | كۇسەن | يام | كۇچا | 6970 |
| 19 | ئۇرنۇ | ئۇرنۇ | ئۇچتۇرپان | 220 |
| 20 | قۇم | جەنۇبىي قەلئە | ئاقسۇ | 3500 |
| 21 | سەپەرباي | سەپەرباي غولى | ئاقچى | 300 |
| 22 | سۇلى | سۇلى | قەشقەر | 1510 |
| 23 | يارىكۆل | سىياۋغول | يارىكۆل | 325 |
| 24 | ئارقا يارىكۆل | | مورى | 154 |
| 25 | ئالدى قۇس | يارغول | تۇرپاننىڭ غەربىدە | 700 |
| 26 | قۇس كاھىبەگلىكى | قۇچۇ | تۇرپاننىڭ غەربىدىكى ئىدىقۇت خارابىسىدا | 40 |
| 27 | خۇزخور | لوكچۇن | تۇرپاننىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە | 5500 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| غەربىي يۇرتتىكى تۆتىنچى چوڭ بەگلىك | دېھقانچىلىق | 6000 | 32100 |
| كېيىن كىنگىتكە قوشۇلغان | دېھقانچىلىق | 2000 | 4900 |
| كېيىن كىنگىتكە قوشۇلغان | دېھقانچىلىق | 2000 | 9600 |
| غەربىي خەن دەۋرىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەركىزى | دېھقانچىلىق | 150 | 1480 |
| غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى | دېھقانچىلىق | 300 | 1200 |
| غەربىي يۇرتتىكى ئۈچىنچى چوڭ بەگلىك | دېھقانچىلىق | 21076 | 81317 |
| | دېھقانچىلىق | 1500 | 8400 |
| | دېھقانچىلىق | 4500 | 24500 |
| شەرقىي خەن دەۋرىدە، كۈسەنگە قوشۇلغان | دېھقانچىلىق<br>چارۋىچىلىق | 800 | 2300 |
| | دېھقانچىلىق | 2000 | 18640 |
| هونلار قۇرغان بەگلىك | چارۋىچىلىق<br>دېھقانچىلىق | 799 | 2032 |
| | چارۋىچىلىق | 334 | 1070 |
| | دېھقانچىلىق | 1865 | 6050 |
| مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى قۇستىن بۆلۈنۈپ چىققان، كېيىن ئالدى قۇسقا قوشۇلغان | دېھقانچىلىق | 84 | 330 |
| | دېھقانچىلىق<br>چارۋىچىلىق | 54 | 264 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 28 | ئارقا قۇس | قاغان بۇت | جەممەسارنىڭ جەنۇبىدا | 595 |
| 29 | ئارقا قۇس قەلئەسى بەگلىكى | | چەتەلنىڭ شىمالىدا | 154 |
| 30 | ئۇرۇمچى | ئىدوغول | جەممەسار | 190 |
| 31 | بىراكى | كاندارغول | فۇكاڭ | 227 |
| 32 | ئارقا بىراكى | بەنجىل غولى | فۇكاڭنىڭ شەرقىي شىمالىدا | 462 |
| 33 | جامبالىق | تەگرىغول | ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدا | 99 |
| 34 | شەرقىي چۇمۇل | داپخوغول | ئۈرۈمچى | 191 |
| 35 | غەربىي چۇمۇل | قۇتبغول | قۇتۇبى | 332 |
| 36 | تۇرپامى | تۇرپامى | سانجى | 27 |
| 37 | ئو تەنزى | قاراغول | ماناس | 41 |
| 38 | ئۇسۇن | قىزىل قورغان | ماناسنىڭ شەرقىدىن غەربىي تەرىپى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغىچە | 120 مىڭ |
| 39 | ئۇددىيانا | ئۇددىيانا | هازىرقى كانجوت رايونى (كەشمىرنىڭ شىمالىدا) | 490 |
| 40 | داردا | | پامىرنىڭ لاداق تېغى بىلەن ۋاخان دەرياسى ۋادىسىدا | 5000 |
| 41 | يۈلىدىرىق | ۋاخشان غول | قاغىلىقنىڭ غەربىدە، يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا كۆنلۈن تېغى ئېتىكىدە | 350 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60-يىلى قۇرۇلغان | چارۋىچىلىق دېھقانچىلىق | 189 | 4774 |
| كېيىن ئارقا قۇسقا قوشۇلغان | چارۋىچىلىق دېھقانچىلىق | 260 | 460 |
| كېيىن ئارقا قۇسقا قوشۇلغان | چارۋىچىلىق | 331 | 1445 |
| كېيىن ئارقا قۇسقا قوشۇلغان | چارۋىچىلىق | 422 | 1387 |
| كېيىن ئارقا قۇسقا قوشۇلغان | چارۋىچىلىق دېھقانچىلىق | 350 | 1137 |
| كېيىن ئارقا قۇسقا قوشۇلغان | چارۋىچىلىق دېھقانچىلىق | 115 | 500 |
| شەرقىي خەن دەۋرىدە ئارقا قۇسقا قوشۇلغان | چارۋىچىلىق دېھقانچىلىق | 572 | 1948 |
| شەرقىي خەن دەۋرىدە ئارقا قۇسقا قوشۇلغان | چارۋىچىلىق دېھقانچىلىق | 738 | 1926 |
| غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ كىچىك بەگلىك | چارۋىچىلىق | 45 | 194 |
| غەربىي يۇرتتىكى ئىككىنچى كىچىك بەگلىك | چارۋىچىلىق | 57 | 231 |
| غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ چوڭ بەگلىك، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 35-يىلى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن | چارۋىچىلىق | 188000 | 630 مىڭ |
| | دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق | 740 | 2733 |
| غەربىي يۇرتتىكى بەشىنچى چوڭ بەگلىك | دېھقانچىلىق | 800 | 31000 |
| شەرقىي خەن دەۋرىدە ساكارا ئۇلغا قوشۇلغان، چالا قوۋمىدىن | چارۋىچىلىق | 1000 | 4000 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 42 | لەچخەۋز | ۋاخخان غول | پامىر ئېگىزلىكىدە، كىچىك پامىرنىڭ شەرقىدە | 2500 |
| 43 | سارىقول | سارىقول | تاشقورغان | 650 |
| 44 | سىغناق | | پامىر (تاشقورغاننىڭ جەنۇبىدا) | 125 |
| 45 | مالور | لور | تاشقورغاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى پامىر رايونىدا | 1000 |
| 46 | ئېركەشتام | سارتاش | ئاقتۇنىڭ غەربىي قىسمى، پامىرنىڭ شىمالى قىسمىدىكى تاغدا | 358 |
| 47 | جىرەندۇ | يەلدۇغول | ئۇلۇغچاتنىڭ شىمالى، ئۇلۇغچات ئەتراپىدا | 380 |
| 48 | دارۋاز | | پەرغانىنىڭ شەرقىگە يېقىن تاغلىق رايونىدا | 700 |
| 49 | فەرغانە | كاسان | فەرغانە ئويمانلىقىدا | 60 مىڭ |
| 50 | كەشمىر | باگارا | كابۇل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى كەشمىر ئەتراپىدا | |
| 51 | ئىسكەندەرىيە | | ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى هىراتتا | |
| 52 | توخرى | كۆك رابات | ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا | |
| 53 | كانگىيە | باتار | بالقاش كۆلى بىلەن ئارال دېڭىزىنىڭ ئارىلىقىدا | |
| 54 | ئارساك | ئېكباتانا شەھىرى | ئىران ئېگىزلىكىدىكى مىسسوپاتامىيىدە | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شەرقىي خەن دەۋرىدە ساكارا ئۆلغا قوشۇلغان، چاڭ قوۋمىدىن | چارۋىچىلىق | 300 | 10000 |
| | چارۋىچىلىق | 2000 | 5000 |
| چاڭ قەۋمىدىن | چارۋىچىلىق | 350 | 670 |
| چاڭ قوۋمىدىن | چارۋىچىلىق | 3000 | 7000 |
| | چارۋىچىلىق | 480 | 1030 |
| | چارۋىچىلىق | 500 | 1100 |
| | چارۋىچىلىق | 1000 | 5000 |
| غەربىي يۇرتتىكى ئىككىنچى چوڭ بەگلىك | دېھقانچىلىق | 60 مىڭ | 300 مىڭ |
| باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئەمەس | چارۋىچىلىق دېھقانچىلىق | | |
| باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئەمەس | | | |
| باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئەمەس | دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق | | |
| باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئەمەس | دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق | | |
| باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئەمەس | دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق | | |

## 2. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى هونلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى.

هونلار قەدىمكى زاماندا مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي رايونىدا ياشىغان بىر مىللەت. ئۇلار ئەمىنىيە دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 770- يىلىدىن 476-يىلىغا قەدەر بولغان دەۋر تارىختا چۇنچيۇ دەۋرى دەپ ئاتالغان—م)، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر (جەنگو. دەۋر نامى. جۇ سۇلالىسى يۈەن ۋاڭ پادىشاھىنىڭ ئونىنچى يىلىدىن چىن شىخۇاڭ پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەنگە قەدەر بولغان دەۋر دەمىلادىدىن بۇرۇن 468—221 › دىكى بەگلىكلەر زومىگەرلىك تالىشىپ ئۇزاق ۋاقىت توختىماي ئۇرۇشقانلىقى ئۈچۈن بۇ دەۋر تارىختا شۇنداق دەپ ئاتالغان—م) دەۋرىدە موڭغۇل ئېگىزلىكىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئەينى زاماندا ھەر قايسى بەگلىكلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ھاكىمىيەت تالىشىش بىلەن بەند بولغاچقا، ئۇلارنىڭ شىمالغا قاراشقا چولىسى تەگمىگەن، هونلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جەنۇبقا قاراپ كېڭىيىپ، چوغاي تېغى ۋە خېتاۋ رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇ، ھاۋاسى مۆتىدىل، يېرى مۇنبەت ۋە كەڭ، ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلىرى ئۆسكەنلىك، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئەپلىك رايون ئىدى. هونلار مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىتلارغا ئايىنىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ناهايىتى تېز كۈچەيدى. ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە سىنىپىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، هونلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قۇللۇق تۈزۈمگە قەدەم قويدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى هونلارنىڭ تۈمەن

تەڭرىقۇتى موڭغۇل ئېگىزلىكىنى بىرلىككە كەلتۈردى. تۈمەن-
بالىق (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇيۈەن ناھىيىسى ئەت-
راپى) ئۇنىڭ سىياسىي مەركىزى ئىدى.

چىن سۇلالىسى دەۋرىدە، ھونلار خېتاۋدىن ئۆتۈپ ئىچكى رايونلارغا بېسىپ كىرىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇرغانلىقتىن، چىن شىخۇاڭ ئۇلۇغ سانغۇن مېڭ تيەننى 300 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن شىمالغا ئاتلىنىپ، ھونلار-غا قايتۇرما زەربە بېرىپ، خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار-نى (ئىچكى موڭغۇل، خېتاۋ رايونلىرىنى) قايتۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇدى. «تۈمەن تەڭرىقۇت چىن سۇلالىسىگە تەڭ كېلەلمەي شىمالغا كۆچكەن» ئىدى ①. ئۇ 350 كىلومېتىردىن ئارتۇق يىراققا چېكىنىپ، موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. چىن سۇلالىسى ھونلارنىڭ پاراكەندىچى-لىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خۇاڭخې دەرياسىنى ئەھاتە قىلىپ 44 قەلئە قۇردى. ئۇ جايلارغا ئاھالە كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ بوز يەر ئاچقۇزۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەسلىدىكى چىن، جاۋ، يەن بەگلىكلىرىنىڭ سېپىللىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، غەربتە لىنتاۋدىن شەرقتە لياۋدۇڭ ئايمىقىغىچە (ھازىرقى يالۇجياڭ دەرياسى قىرغىقىغىچە) بولغان سەددىچىن سېپىلىغا ئايلاندۇردى. چىن شىخۇاڭ مېڭ تيەنگە ئوستۇن ئايماق (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى يۈلىن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جايلار) دا تۇرۇپ بۇ جايلارنى ساقلاشنى بۇيرۇدى.

ئەينى زاماندا، ھونلار «شەرقىي خۇلار كۈچىيىپ كەتكەن، توخرىلار روناق تاپقان» ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. تۈمەن تەڭرىقۇت ئامالسىز شەرقىي خۇ ۋە توخرىلارغا ئەل بولدى

① «خەنىنامە. ھونلار تەزكىرىسى»

ھەمدە تۈنجى ئوغلى مودۇننى توخرىلارغا تۇرغاقلىققا ئاپىرىپ بەردى. كېيىن تۇمەن تەگرىقۇت قوشۇن ئەۋەتىپ توخرىلارغا ھۇجۇم قىلدى، توخرىلار مودۇننى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، مۇدۇن توخرىلارنىڭ بىر ئېتىنى ئوغرىلاپ ھونلار تەرەپكە قېچىپ باردى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 209 - يىلى مودۇن ئۆز دادىسىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى تەگرىقۇت بولدى ①. جۈملىدىن ئۇ ھۇنلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلىتىنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇپ قالدى.

ھونلارنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىدا، تەگرىقۇت ئالىي ھۆكۈمران ئىدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئوڭ - سول تۇغىت بەگ (ئوڭ - سول بىلىكخان) ئوڭ - سول قول خان، ئوڭ - سول باش سانغۇن، ئوڭ - سول باش كاھبەگ، ئوڭ - سول تۇتۇن بەگ، ئوڭ - سول قۇت بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلار بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي باشلىق بولۇپ، ھەر قايسىسى ئۆز قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، ئۇرۇشلاردا قوماندانلىق قىلاتتى. چوڭ سەردارلارنىڭ قول ئاستىدا تۇمەنلىگەن چەۋەندازلار بولسا، كىچىكلىرىنىڭ ئىلكىدە بىر نەچچە مىڭ چەۋەنداز بولاتتى. تۇمەن چەۋەندازدىن يۇقىرى ھەربىي قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلىدىغان باشلىقتىن 24 ى بولۇپ، ئۇلار «تۇمەن چەۋەنداز بېشى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا مىڭبېشى، يۈز بېشى، ئون بېشى، باسقاق بەگ، دورغا كاھبەگ، ياساق بەگ، مىراپ بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلار تەسىس قىلىنغانىدى ②.

---

① «تارىخنامە. ھونلار تەزكىرىسى»

② «خەننامە. ھونلار تەزكىرىسى»

ھون قەبىلىدارلىرى ياش - قۇرامىغا تولغان قاۋۇل يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاتلىق قوشۇن قىلىپ تەشكىللىگەن. تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، «ئوقيا ئېتىشقا مادارى يېتىدىغانلىكى ياشلارنىڭ ھەممىسىنى چەۋەنداز قىلغان»، «ئۇلار ئۇرۇش بىلەنلا شۇغۇللانغان»، «ئۇرۇشتا ئالغان ئولجىلار ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان، ئەسىرلەرنى قول، دېدەك قىلغان، شۇڭا ئۇلار ئۆز نەپسىنى دەپ بەس - بەستە جەڭگە ئاتلانغان»①. ئۇرۇش ئارقىلىق ئادەم ۋە بايلىق بۇلاش ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدىن قۇللۇق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان كۆچمەن چارۋىچى ياكى ئوۋچى مىللەتلەرگە خاس ئومۇمىي تارىخىي ئالاھىدىلىكتۇر.

مودۇن تەڭرىقۇت دەۋرىدە، ھونلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شەرقىي خۇلارنى يوقاتتى، غەربتە توخرىلارنى مەغلۇپ قىلدى، جەنۇبتا ئالو بانشاد ۋە بەيياڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى بەگلىكنى يەم قىلدى. شىمالدا خۇنيۇ، چۈشى، دىڭلىڭ، گېگۇن، شىنلى قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇردى، ئارقىدىنلا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 177 — 176 - يىلى (غەربىي خەن سۇلالىسى ۋېندى پادىشاھى چەنيۈەن 4 - يىلى) ئوڭ قول بىلىكخاننى ئەۋەتىپ غەربكە كەڭ كۆلەملىك يۈرۈش قىلدۇرۇپ، خېشى كارىدورىدىكى توخرىلارنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن توخرىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ بېرىپ، چوڭ توخرىلار دەپ ئاتالدى. كېتەلمەي قالغان ئاز ساندىكى توخرىلار جەنۇبتىكى چىلەنشەن تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بۇ جايدىكى چاڭلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشتى. بۇلار كىچىك توخرىلار دەپ ئاتالدى.

ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا ماكانلاشقان ساكلار چوڭ

① «خەننامە. ھونلار تەزكىرىسى»

تۇخۇرىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، «ساك خانى جەنۇبقا يۆتكىلىپ كەتمىرگە ئەل بولدى، ساكلار پارچىلىنىپ بىر قانچە بەگلىككە بۆلۈنۈپ كەتتى، سۇلىدىن غەربىي شىمالدىكى ئەركەشتام، چۇەندۇغىچە بولغان جايلار شۇلارغا تەئەللۇق بولۇپ كەتكەچكە، بۇ جايلارنىڭ ئاھالىسى ساكلار دەپ ئاتالدى» ①، يەنە بىر قىسىم ساكلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

ھونلار خىشى كارىدورىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، غەربكە كەڭ كۆلەمدە يۈرۈش قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، كىروران، ئۇسۇن، ئوغۇزلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مەملىلەتلەرنى بويسۇندۇردى، شۇنىڭ بىلەن، تيانشاننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى بەگلىكلەر ھونلار تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىندى.

شۇنداق قىلىپ، ھونلار شەرقتە لياۋخې دەرياسىدىن غەربتە پامىرغىچە، جەنۇبتا سەددىچىن سېپىلىدىن شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان كەڭ زېمىننى كونترول قىلدى. ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى بىر-بىرىگە بېقىنمايدىغان تارقاق ھالەتنى تۈگىتىپ، شىمالىي رايوننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگونىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى چوڭ بىرلىكى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى.

تەڭرىقۇت مودۇن بۇ كەڭ زېمىننى ئوتتۇرا، ئوڭ، سول دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلدى. ئوتتۇرا قىسىمنى تەڭرىقۇت بىۋاسىتە باشقۇردى؛ سول قىسىم شەرق تەرەپتە بولۇپ، ئۇنى سول بىلىكخان باشقۇردى؛ ئوڭ قىسىم غەرب تەرەپتە بولۇپ، ئۇنى ئوڭ بىلىكخان باشقۇردى. تيانشاننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ جايلار ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ ئوڭ قىس-

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»

مىغا تەۋە ئىدى. باتىسقان بۇ رايوننىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى قىلىپ ئەۋەتىلدى. «باتىسقان چاكارلار كاھىبىگى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلدى؛ ئۇ دائىم كىنىگەت، ئۇشاق، ۋائىرىيە ئارىلىقىدا تۇرۇپ، ھەر قايسى بەگلىكلەردىن باج-سېلىق ئالدى»①. چاكارلار كاھىبىگىنىڭ ۋەزىپىسى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردىن باج-سېلىق يىغىش ئىدى.

3. جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىشى

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ھونلارنىڭ كۈچى مىسلىسىز زورايغان دەۋر ئىدى. ھونلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنى دائىم ھازىرقى شەنشى، سەنشى، شىمالىي خېبېي ۋە خېتاۋ رايونلىرىغا ئۇشتۇمتۇت بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋانگارت قىسىملىرى ھەتتا پايتەخت چاڭئەنگىمۇ يېقىنلاپ بېرىپ، غەربىي خەن سۇلالىسىگە ئىنتايىن قاتتىق تەھدىت سالغانىدى. ئۇ چاغدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى تېخى ئەسلىگە كەلمىگەن، غەربىي خەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتى تېخى مۇستەھكەملەنمىگەن بولغاچقا، غەربىي خەن ھۆكۈمىتى ھونلارغا مۇرەسسەچىلىك سىياسىتىنى قوللانغانىدى.

خەن سۇلالىسى دەسلەپكى مەزگىلدە 60 — 70 يىل دەم ئېلىپ دەرمان توپلىغاندىن كېيىن، پادىشاھ خەنۋۇدى زامانىغا كەلگەندە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلدى، «تارىخنامە. كىرا ۋە باھا» دا يېزىلىشىچە، خەنۋۇدى دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مۇنداق گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەن: پايتەخت ۋە يېزا-كەنتلەردىكى ساڭلار ئاشلىققا لىق تولغان، مەھكىمە ئامبارلىرى بايلىققا توشۇپ

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»

كەتكەن، پايتەختتە پۇل ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپەيگەن، پادىشاھلىق ئاشلىق ئامبارلىرىدىكى گۈرۈچ يىلسايىن بېسىلىپ تۇرۇۋېرىپ كۆكىرىپ كەتكەن، خەلق ئىچىدە ئات ـ ئۇلاغلار كۆپىيىپ كەتكەن، «جەمى جاھان باياشادلىققا تولغان، مالىيە كۈچى ئاشقان، دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچى ئۇلغىيىپ كەتكەن»①. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەن سۇلالىسى «يەتتە بەگلىك توپىلىڭى»نى تىنجىتىپ، يەرلىك تەپرىقچى كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بەردى، بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي ھاكىمىيەت زور دەرىجىدە كۈچىيىپ، خەن سۇلالىسى مىسلىسىز قۇدرەت تاپتى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 141 ـ يىلى خەن ۋۇدى ليۇ چې تەختكە چىقتى. ئۇ بۇرۇنقى مۇرەسسەچىلىك سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، ھونلارغا ھەربىي ھۇجۇم قوزغىدى.

ئەينى زاماندا خەن ۋۇدى ئىلگىرى خېشى كارىدورىدىكى دۇنخۇاڭ ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشايدىغان تۇخرىلارنىڭ ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەتكەنلىكى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلاردا ھونلارغا قارشى ئىنتايىن چوڭقۇر ئۆچمەنلىكنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، چوڭ تۇخرىلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ھونلارنىڭ ئوڭ قانات كۈچىنى يوقىتىپ، ھونلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل تارمار قىلىشقا بەل باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ بېرىشنى خالايدىغان ئەربابلارنى ئىزدىدى. جاڭ چيەن «يانداش كەپتاۋۇللۇق سالاھىيىتى بىلەن چاقىرىققا ئاۋاز قوشقانلىقى ئۈچۈن، تۇخرىلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلدى»①.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ جەنيۈەن 3 ـ يىلى) جاڭ چيەن پەرمانغا بىنائەن غەربىي

---

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»

② «خەننامە. جاڭ چيەننىڭ تەرجىمىھالى»

يۇرتقا ئەلچىلىككە يولغا چىقتى. تۇغۇزلاردىن كېيىنكى يول باشلىنىشى بىلەن، يۈز نەچچە ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، لۇڭشى ئايمىقىدىن ئۆتۈپ ھونلار كونتروللۇقىدىكى خېشى كارىدورىدا كېتىۋاتقاندا، بەختكە قارشى ھونلارغا ئەسىر چۈشۈپ، ھونلار تەڭرىقۇتى ئوردىسى (ئۇلانباتور ئەتراپى)①غا يالاپ ئاپىرىلىپ ئون يىل قامالدى، شۇ ئارىدا «ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، پەرزەنت كۆردى». جاڭ چيەن ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئۇنتۇماي، ئاخىر پۇرسەت تېپىپ ھونلار ئېلىدىن قېچىپ چىقتى ۋە غەربكە قاراپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى، ئۇ نەچچە ئون كۈن يول يۈرۈپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم مۇساپىنى بېسىپ، قۇس، كۇسەن ئارقىلىق پامىردىن ئۆتۈپ، پەرغانىگە يېتىپ باردى. بۇ چاغدا چوڭ تۇخرىلار ئۇسۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن يەنە ئوكسۇس (سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى ئامۇ دەرياسى) ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەن ئىدى. پەرغانە تەرەپ جاڭ چيەنگە يول باشلىغۇچى قوشۇپ، ئۇنى كانگيۈيگە يەتكۈزۈپ قويدى. كانگيۈ تەرەپ ئۇنى يەنە چوڭ تۇخرىلارغا ئاپىرىپ قويدى. بۇ مەزگىلدە چوڭ تۇخرىلار باكترىيە بەگلىكىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ پۇقرالىرى ۋە زېمىنلىرىنى ئىگىلەپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. بۇ جاي تۇپرىقى مۇنبەت، تۇرمۇشى خاتىرجەم ھەم خەن سۇلالىسىدىن يىراق ئىدى. شۇڭا، چوڭ تۇخرىلارنىڭ ئىشنىڭ تەگتىنى بىلمەيدىغان يېڭى خانىدا ئاتا - بوۋىلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدىغان خىيال يوق ئىدى. نەتىجىدە جاڭ چيەن چوڭ تۇخرىلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىش مەقسىتىگە يېتەلمەي، بىر يىلدىن كېيىن ئوردىغا قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. جاڭ چيەن چوڭ تۇخرىلار رايونىدىن

① لىن گەن: «ھونلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 33 - بەت.

يولغا چىققاندا، جەنۇبىي يول بويىچە، پامىردىن ئۆتۈپ، ئۇدۇن، ئۇزۇن تات، چوۇرچان، نوپچان قاتارلىق جايلارنى بېسىپ، چاگلار يۇرتىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، يەنە هونلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىدى، بىر يىلدىن كېيىن، هونلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا مالىمانچىلىق يۈز بېرىۋاتقان پەيتتە، جاڭ چيەن بىلەن گەنفۇ قاماقتىن قېچىپ چىقىپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 126 - يىلى چاڭئەنگە يېتىپ باردى.

جاڭ چيەننىڭ بۇ قېتىم غەربكە ئەلچىلىككە كېلىشى ئۇچۇن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 13 يىل ۋاقىت كەتتى، بۇ جەرياندا ئۇ مىڭبىر مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۇردى، گەرچە كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن خەن سۇلالىسىنىڭ رەسمىي ئەلچىسى سۈپىتىدە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر بىلەن تۇنجى قېتىم ئالاقە قىلدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ پەرغانە، كانگىيە، چوڭ توخرىلار، باكترىيە قاتارلىق بەگلىكلەرنى بىۋاسىتە زىيارەت قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، مەدەنىيەت ئەھۋاللىرى توغرىسىدا چۈشەنچە هاسىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەن سۇلالىسىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت بەگلىكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئۇچۇن يول ئاچتى. خەنۋۇدى جاڭ چيەن بىلەن گەنفۇنىڭ تۆھپىسىنى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن، جاڭ چيەنگە «مۇشاۋۇر بەگ» (پادشاھنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان مەسلىھەتچى بەگ) دېگەن ئۇنۋاننى بەردى، كېيىن يەنە ئۇنىڭغا ئابرويلۇق تۆرە دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. گەنفۇغا «غۇلامبەگ» دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىشى خەن سۇلالىسىنىڭ ئېلىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىنى يېڭى باسقۇچقا يۈكسەلدۈردى.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 121 - يىلى خەنۋۇدىنىڭ بەلگىلىشى

بىلەن، خۇچۇبىڭ لۇڭشىدىن لەشكەر تارتىپ چىقىپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، خېشى كارىدوردا چارۋىچىلىق قىلىۋاتقان قۇنشارخان بىلەن سۇتۇقخاننى تارمار قىلدى، قۇنشارخان 40 نەچچە مىڭ ئادىمى بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خېشى كارىدورى تىنچلاندى، غەربىي خەن سۇلالىسى خېشى كارىدوردا ۋۇۋېي، جيۇچۇەندىن ئىبارەت ئىككى ئايماقنى تەسىس قىلدى (كېيىن بۇ ئايماقلار ۋۇۋېي، جاڭيې، جيۇچۇەن، دۇنخۇاڭدىن ئىبارەت تۆت ئايماققا ئۆزگەرتىلدى). شۇنداق قىلىپ ھونلارنىڭ دىيى، چياڭ قەبىلىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈپ تاشلاندى، غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولمۇ ئېچىلدى.

شۇ چاغلاردا، غەربىي يۇرتتىكى كۆپلىگەن جايلار يەنىلا ھونلارنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى، ھونلار بۇ جايلاردىكى ئادەم كۈچى ۋە بايلىققا تايىنىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن قارشىلاشماقتا ئىدى. خەنۋۇدى ھونلارنى تەلتۆكۈس تارمار قىلىش ئۈچۈن، غەربىي يۇرتتىن داۋاملىق تۈردە ئىتتىپاقداش ئىزدىمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەن سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، سودا يولىنىڭ ئېچىلىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتقان غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە سودىگەرلىرىمۇ خەنۋۇ-دىنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ سودا يولىنى راۋانلاشتۇرۇشىنى ئاكتىپ قوللىدى. بۇ چاغدا جاڭ چيەن خەنۋۇدىغا ئۇيسۇن بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ھونلارغا بىرلىكتە زەربە بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119-يىلى، خەنۋۇدى ئۇيسۇنلارنى شەرقتىكى ئەسلى ماكانىغا قايتىپ كېلىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئاكا-ئۇكا بولۇشۇپ، ھونلارغا بىرلىكتە ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندىتىش ئۈچۈن، جاڭ چيەننى غەربىي

يۇرتقا ئىككىنچى قېتىم ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. جاڭ چيەن 300 نەچچە ئادەمنى باشلاپ سەپەرگە ئاتلاندى، ئۇلار قىممەت باھالىق ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن، مال ۋە ئون نەچچە مىڭ تۇياق كالا، قويلارنى ئېلىپ ماڭدى. جاڭ چيەن بىلەن بىللە سەپەرگە چىققانلار ئىچىدە يەنە بىر مۇنچە ياندىاش ئەلچىلەرمۇ بار ئىدى. بۇ چاغدا خېشى كارىدورى خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ، يوللار راۋان بولغاچقا، جاڭ چيەن ئۇسۇنلار ماكانىغا ئوڭۇشلۇق يېتىپ باردى. ئۇلار ئۇسۇن يېرىدە تۇرغان مەزگىلدە، جاڭ چيەن «ياندىاش ئەلچىلەرنى دوستانە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن پەرغانە، كانگيۈي، چوڭ تۇخرىلار، باكتىرىيە، ئارساك، ھىندى، ئۇدۇن، ئۇزۇن تات بەگلىكلىرىگە ۋە ئۇلارغا قوشنا بەگلىكلەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى» ②. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ بەگلىكلەرمۇ رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن، چاڭئەنگە نۇرغۇنلىغان سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 115 ـ يىلى جاڭ چيەن ئۇسۇندىن چاڭئەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇسۇننىڭ نەچچە ئون ئەلچىسى بىر نەچچە ئون خىل ئاتنى تارتۇق قىلىپ جاڭ چيەنگە ھەمراھ بولۇپ بىللە كەلدى. ئىككىنچى يىلى جاڭ چيەن ئالەمدىن ئۆتتى②.

جاڭ چيەن ئالىيجاناب پىداكارلىق روھ ۋە قەيسەر ئىرادە بىلەن غەربىي يۇرتقا ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە بېرىپ، جۇڭگو تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. جاڭ چيەننىڭ ئەلچىلىكى، بىرىنچى نەتىجىسىدە، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكى، سىياسىي تۈزۈمى، قاتناش يوللىرى توغرىسىدا كۆپلىگەن چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. تېخىمۇ

① «تارىخنامە. پەرغانە تەزكىرىسى».
② «خەننامە. جاڭ چيەن تەزكىرىسى».

مۇھەم بىلگىنى شۇكى، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت بەگلىكلىرى ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە ئالاقە ئورناتتى. جاڭ چيەندىن كېيىن خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنىڭ «ئايىغى ئۈزۈلمەيدى»، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلىرىمۇ كەينى-كەينىدىن شەرق تەرەپكە كېلىپ تۇردى، شۇنداق قىلىپ خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسى كۈنسايىن قويۇقلاشتى.

## 4. ئۇسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ قۇدىلىشىشى

ئۇسۇنلار ئەسلىدە خېشى كارىدورىدىكى دۇنخۇاڭ، چىلىيەنشەن تېغى ئارىلىقىدىكى جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردە ناندوبېي ئاتامان بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئۇسۇنلار ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك قوشنىسى تۇخرىلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان. تارىخىي كىتابلاردا يېزىلىشىچە، «چوڭ تۇخرىلار ناندو-بېينى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ يەر زېمىنلىرىنى تارتىۋالغان»①، شۇندىن باشلاپ ئۇسۇن قەبىلىسى پىتىراپ، خەلقى تەرەپ-تەرەپكە تاراپ كەتكەنىدى، شۇ چاغدا ناندوبېينىڭ ئوغلى مەرگەن جايمىر (كۈنبېگ) ئەمدىلا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنى ھون تەڭرىقۇتى مودۇن بېقىۋالغانىدى.

ئۇسۇنلارنىڭ كۈنبېگى مەرگەن جايمىر چوڭ بولغاندىن كېيىن، ھون تەڭرىقۇتى ئۇنى ھون زېمىنىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇسۇنلارغا باش قىلىپ، ھونلار ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا

① «خەننامە. جاڭ چيەن تەزكىرىسى».

ئەۋەتتى، ئۇ جەڭلەردە ئارقا - ئارقىدىن خىزمەت كۆرسەتتى، مەرگەن جايمىر توخرىلاردىن دادىسىنىڭ ئەنتىدىنى ئېلىشقا بەل باغلاپ، «تەڭرىقۇتتىن ئاتا قىساسىنى ئېلىشقا ئىجازەت سورىدى»①. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ھون تەڭرىقۇتى روشاتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 161 - يىلى مەرگەن جايمىر قوشۇنى ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا باستۇرۇپ كىردى. «چوڭ توخرىلار يەنە غەرب تەرەپكە قېچىپ، باكتىرىيە زېمىنىغا باردى»②. ئۇسۇنلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئۇسۇن بەگلىكىنى قايتا تىكلىدى. بۇ بەگلىكـنىڭ پايتەختى قىزىل قورغان (ھازىرقى ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئىستاغ) ئىدى. ئۇسۇنلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ساك ۋە توخرىلارنى ئۆزىگە سىڭـدۈرۈپ، پەيدىنپەي قۇدرەت تاپتى. ئۇسۇنلارنىڭ تېررىتورىيىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، شەرقتە ھونلار بىلەن، شىمالدا كانگىيە بىلەن، غەربتە پەرغانە بىلەن، جەنۇبتا شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن تۇتىشاتتى. ئۇلارنىڭ نوپۇسى كۆپ ئىدى، 120 مىڭ ئائىلە، 630 مىڭ نوپۇس، 188 مىڭ 800 كىشىلىك خىل قوشۇنى بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت سانىلاتتى.

جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئىككىنچى قېتىم ئەلچىلىككە چىقىپ ئۇسۇنغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەرگەن جايمىرنى شەرقتىكى قەدىم جايىغا قايتىپ بېرىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئاكا - ئۇكا بولۇشۇپ ھونلارغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشقا دەۋەت قىلدى. بۇ چاغدا ئۇسۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەخت تالىشىش ماجىراسى بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇسۇنلار خەن سۇلالىسىنى چۈشەنمەيتتى. شۇڭا، مەرگەن جايمىر جاڭ

①② «خەننامە. جاڭ چيەن تەزكىرىسى».

چېدىرنى ئاپىرىپ قويغاچ، خەن سۇلالىسىنىڭ سىرىنى بىلىپ كېلىشكە ئەلچى ئەۋەتتى.

هونلار ئۇسۇنلارنىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقە باغلىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇسۇنلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 105 - يىلى (خەنۋۇدى يۈەنفېڭنىڭ 6 - يىلى) ئۇسۇنلار «ئەلچى ئارقىلىق ئات تارتۇق قىلىپ، خەن سۇلالىسى مەلىكىسىگە ئۆيلىنىش ئارزۇسىنى بىلدۈردى.»① شۇنىڭدىن كېيىن ئۇسۇنلار خەن سۇلالىسىگە بىر نەچچە قېتىم مىڭلاپ ئات سوۋغا قىلدى. خەنۋۇدى ئۇسۇنلارنىڭ بۇ تەلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، جياڭدۇ ۋاڭى لىيۇ جەننىڭ قىزى مەلىكە شىجۈننى ئۇسۇنلارنىڭ كۈنبېگى مەرگەن جايىمىرغا ياتلىق قىلدى. مەلىكە شىجۈننى كۆچۈرۈپ ماڭغاندا، خەن ۋۇدى ئۇنىڭغا «شاھانە مەپە كىيىم - كېچەك ۋە باشقا بۇيۇملارنى ئىنئام قىلدى، ھەم ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن، ئەمەلدار - تۆرە ۋە ئاۋۇل - دېدەكلەردىن نەچچە يۈز ئادەمنى قوشۇپ، ناھايىتى ھەشەمەت بىلەن ئۇزاتتى»②. مەلىكە شىجۈن ئۇسۇن بەگلىكىنىڭ پايتەختى قىزىل قورغانغا يېتىپ كەلگەندە، ناھايىتى تەنتەنىلىك قارشى ئېلىندى.

ياشىنىپ قالغان كۈنبېگ مەرگەن جايىمىر خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مەلىكە شىجۈننى ئۆزىنىڭ ۋارىسى — نەۋرىسى سەنزۇرغا نىكاھلاندۇرماقچى بولدى. مەلىكە شىجۈن خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا مەكتۇپ سۇنۇپ يوليورۇق سورىغاندا، خەنۋۇدى «شۇ ئەلنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئىش قىلغاي.»③ دەپ يوليورۇق بەردى، نەتىجىدە مەلىكە شىجۈن

---

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

②③. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

پولىيورۇقتا بىنائەن سەنزۇرنىڭ ئىسكاھىغا ئۆتتى. مەرگەن جايىمۇ ۋاپات بولۇپ، سەنزۇر تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ مەلىكە شىجۇن ئۇنىڭ ئەمرىدە بولۇۋەردى ۋە ئۇنىڭدىن بىر قىز تۇغدى.

شىجۇن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خەنزۇدى چېيۇ ۋاڭ لىيۇۋۇنىڭ نەۋرە قىزى جېيېيۇنى مەلىكە قىلىپ تەيىنلەپ، كۇنشىبەگ سەنزۇرغا ياتلىق قىلدى. مەلىكە جېيېيۇ خۇشخۇي ئوچۇق چىراي قىز ئىدى، ئۇ ئۇسۇنلار بىلەن 50 يىل ياشىدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كۇنشىبەگ، ئۆڭكۈ بەگ، ئىبەگ قاتارلىق ئۈچ كىنېزبەگ بىلەن ئىكاھلىنىپ، تۆت ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغدى، كېيىن تۇنجى ئوغلى يۈەنگۈيمى ئۇسۇنلارنىڭ ئۇلۇغ كۈنبېگى بولدى. ئىككىنچى ئوغلى ۋەنىيەن كېيىن ساكارائۇل بەگلىكىنىڭ بېگى بولدى. ئۈچىنچى ئوغلى دالې كېيىن سول قول باش سانغۇن بولدى. كەنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى چىمى ئىدى. چوڭ قىزى-نىڭ ئىسمى دىشى بولۇپ، ئۇ كۇسەن بېگى جياڭبىنغا ياتلىق بولدى. كىچىك قىزى سۇ گۇاڭ نوخۇبەگكە ياتلىق بولدى. مەلىكە جېيېيۇنىڭ نەۋرىلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئۇسۇنلارنىڭ ئۇلۇغ كۈنبېگى بولدى①.

مەلىكە جېيېيۇنىڭ كېنىزىكى فېڭ لياۋ تارىخنامىلەردىن مۇكەممەل ساۋاتقا ئىگە، زېرەك، قابىل قىز ئىدى، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ ئۇسۇنلارنىڭ ئوڭ قول باش سانغۇنىغا ياتلىق بولدى. ئۇ مەلىكە جېيېيۇغا ھەمراھ بولۇپ، خەن سۇلالىسىدىن كەلگەن خىزمەتچىلەرنى خانىش جېيېيۇنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر دۆلەتلىرىگە پات-پات ئەۋەتىپ،

---

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

مەلىكىنى تاپشۇرۇپ بېرىشلار دەپ ئەلچى ئەۋەتىدۇ، كەمىنىڭىز كۈنبېگى دۆلىتىنىڭ خىل قوشۇنلىرىنىڭ تەڭ يېرىمىنى يەنى 50 چەۋەندازنى ئاتلاندۇرۇپ، كۈچىنىڭ بارىچە، ھونلارغا زەربە بېرىشكە تەييارمەن. ئالدىلىرى قوشۇن ئەۋەتىپ، مەلىكە بىلەن پېقىر كۈنبېگىنى قۇتقازغايلا① دەپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. خەن سۇلالىسى دەرھال 150 مىڭ ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن بەش نەپەر سانغۇنىنىڭ باشچىلىقىدا باشقا-باشقا يول بىلەن تەڭلا ئاتلاندى. خەن سۇلالىسى يەنە، تۈپپېشى چاڭ خۇيىنى شاھ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۇسۇنلارنىڭ جەڭ قىلىشىغا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. خەن سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ئۇسۇنلار قوشۇنىنىڭ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا، ھونلار مەغلۇپ بولدى. شۇ يىلى قىشتا ھون تەڭرىقۇتى ئۆزى بىۋاسىتە قوشۇن باشلاپ ئۇسۇنغا ھۇجۇم قىلغاندا، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت بەگلىكلەرگە بولغان دوستانىلىقىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇسۇن ۋە باشقا بەگلىكلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ۋە ئىشەنچىسىگە مۇيەسسەر بولۇپ، «فېڭ خانىم» دېگەن ئاتاققا نائىل بولغان.

ئۇسۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى، ھونلار ئۈچۈن ناھايىتى زور تەھدىت بولدى. ھونلار ئارقاقۇس بەگلىكى بىلەن بىرلىشىپ ئۇسۇنلارغا ھۇجۇم قوزغىدى، ئۇسۇنلارنىڭ كۈنبېگى ئۆڭگۈ بەگ بىلەن مەلىكە جىيېيۇ خەن سۇلالىسىگە مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۇسۇننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن غەربىي قوشۇن ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلدى، لېكىن پادىشاھ خەنجاۋدى تۇيۇقسىز ئاغرىپ ۋاپات بولغانلىقتىن، خەن سۇلالىسى دەل ۋاقتىدا ئەسكەر ئەۋەتەلمىدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 72-يىلى خەنشۈەندى تەختكە چىقتى. مەلىكە جىيېيۇ بىلەن ئۆڭگۈ بەگ يەنە: «ھونلار زور

---

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

قوشۇن بىلەن ئۇسۇنغا قايتا-قايتا ھۇجۇم قىلاتتى، ئۇلار جۇيۈەن، ئېشى دېگەن جايلارنى بېسىۋېلىپ ئاھالىلەرنى ھەيدەپ كەتتى. يەنە خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈش ئۈچۈن، قاتتىق قارغا دۇچ كېلىپ، لەشكەر ۋە ئات-ئۇلاغلىرىنىڭ ئاران ئوندىن بىرى ئامان قايتىپ كېلەلىدى، ھونلار شۇنىڭدىن باشلاپ زەئىپلىشىشكە يۈزلەندى، ئۇنىڭغا بېقىندى بەگلىكلەرمۇ پارچىلىنىپ كەتتى.

ئۇسۇن كۈنبېگى ئۇڭگۈي بەگ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان قۇدىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەلىكە جيېيۇنىڭ چوڭ ئوغلى يۈەنگۈيمىينى تەخت ۋارىسى قىلىپ بەلگىلىدى ھەمدە ئۇنىڭمۇ خەن سۇلالىسى مەلىكىسى بىلەن نىكاھلىنىشىنى ئۈمىد قىلدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 64-يىلى (خەن سۇلالىسى يۈەنكاڭنىڭ 2-يىلى) ئۇڭگۈيبەگ خەن سۇلالىسىگە: «خەن سۇلالىسىنىڭ نەۋرىسى يۈەنگۈيمىينى تەخت ۋارىسى قىلىپ بەلگىلەشنى، يەنە خەن سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىپ، تۇغقان ئۈستىگە تۇغقان بولۇشنى، ھونلار بىلەن ئادا-جۇدا بولۇشنى خالايمەن»① دەپ مەكتۇپ سۇندى. خەنشۈەندى ئۇسۇنلارنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، مەلىكە جيېيۇنىڭ جيەن قىزى شياڭ فۇنى يۈەنگۈيمىيگە ياتلىق بولىدىغان مەلىكە قىلىپ بېكىتتى ھەمدە ئۇنى دارىلئۇلۇمغا «ئۇسۇن تىلىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى». ئۇسۇنلار 300 نەپەر كىشىلىك كېلىن كۆچۈرۈش ئەلچىلەر ئۆمىكى تەشكىللىدى، ئۇلار سوۋغا-سالام ئۈچۈن مىڭ ئات، مىڭ قېچىر ئېلىپ، قىزنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن پايتەخت چاڭئەنگە باردى، خەنشۈەندى چاڭئەندە تەنتەنىلىك ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

چاڭ خۇي باشچىلىقىدىكى بىر يۈرۈش ئادەم مەلىكىنى ئۇزىتىپ دۇنخۇاڭغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇسۇنلارنىڭ كۈنبېگى ئۆگەكۆبەگنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، ئۇسۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سەنزۇرنىڭ ھونلاردىن ئالغان خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى نىبەكنى كۈنبېگ قىلىپ تىكلىگەنلىكىنى ئاڭلىدى. خەنشۈەندى مەلىكە شاڭ فۇنى قايتۇرۇپ ئەپكەتتى، قۇدىلىشىش شۇنىڭ بىلەن قالدى.

ئۇسۇنلار ھازىرقى قازاق مىللىتىنىڭ ئاساسىي ئەجدادلىرىدىن بىرى، ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى ئېچىش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشلىرىدا زور تۆھپە قوشقان.

## §2. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

### 1. غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى

خەن سۇلالىسى خېشى كارىدورىنى ئىلكىگە ئېلىپ، غەربىي يۇرتقا كېلىدىغان يولنى ئاچتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىڭخەيدىكى چاڭلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

كروران بىلەن قۇش خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئۆتىدىغان شىمالىي ۋە جەنۇبىي يوللاردىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى غەربىي يۇرتقا كېلىپ-كېتىشتە مۇقەررەر ئۆتىدىغان بوغۇز ئىدى. ئەينى

زامانلاردا بۇ ئىككى بەگلىك ھونلارنىڭ تەھدىتى ئاستىدا خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى كۆپ قېتىم تۇتۇپ ۋە ئۆلتۈرگەن. دۈنخۇاڭدىن غەربىي يۇرتقىچە بولغان قاتناش يولىنى قوغداش ئۈچۈن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 108 - يىلى (خەن سۇلالىسى يۈەنفېڭنىڭ 2 - يىلى) خەنۋۇدىنىڭ پەرمانى بويىچە باش سانغۇن جاۋ پونۇ نەچچە تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ خېشى كارىدورىدىن چىقىپ قۇسنى تارمار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەركەردە ۋاڭ خۇي پەرمانغا بىنائەن، 700 كىشىلىك ئىخچام ئاتلىق قوشۇن بىلەن كروران بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئەل قىلدى، كروران خاننى ئەسىر ئالدى، شۇنىڭ بىلەن كروران غەربىي خەن سۇلالىسى تەۋەلىكىگە رەسمىي ئۆتتى.

ھونلار ئۇسۇنلاردىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، پەرغانە قاتارلىق بەگلىكلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، چوڭ تۇخرى ۋە ھىندۇلاردىن خەن سۇلالىسىگە كېتىۋاتقان ئەلچىلەرنى تۇتۇپ قالغان ياكى ئۆلتۈرگەن، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن ئەمەلدارلىرىنىمۇ ئۆلتۈرگەن، شۇ سەۋەبتىن شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئۈزۈلگەنىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 104 - يىلى خەنۋۇدى لى گۇاڭلىنى ئىرشى شەھىرىنىڭ سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەپ، بىرنەچچە تۈمەن قوشۇن بىلەن پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. لېكىن، يول يىراق، ئاشلىق، يەم - خەشەك كەمچىل، سەپەر جاپالىق بولغانلىقتىن، خەن سۇلالىسى قوشۇنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، نەتىجىسىز قايتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، خەن سۇلالىسى 50 نەچچە توپبېشىنى يۆتكەپ، 60 نەچچە مىڭ لەشكەر، 30 مىڭ ئات، 100 مىڭ كالا، بىرەر تۈمەنچە ئېشەك، قېچىر ۋە تۆگىنى ئېلىپ، يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خدشەك ۋە قورال-ياراقلارنى

تەق قىلىپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 102 - يىلى لى گۇاڭلىنى ئىككىنچى قېتىم پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. خەن سۇلالىسى قوشۇنى پەرغانىنىڭ پايتەختىنى 40 نەچچە كۈن مۇھاسىرىگە ئېلىپ، پەرغانە قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن «غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ، خەن سۇلالىسىگە ئارقا - ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىدىغان، ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا كەلگەن ئەلچىلىرىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا قولايلىق شارائىت تۇغۇلدى»①.

خەن سۇلالىسى پەرغانىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. «دۇنخۇاڭدىن لوپنۇر كۆلىگىچە مۇداپىئە قورغانلىرىنى قۇردى»②، تۇرلارنى داۋاملىق غەربكە ئۇزارتىپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىدىكى چېدىر، بۈگۈر رايونىغىچە ياسىدى. بۇ مۇداپىئە قورغانلىرى بىلەن تۇرلار بىر - بىرىگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇكەممەل بولۇپ، قوراللىق كۈچمۇ جايلاشتۇرۇلغان. بۇ مۇداپىئە قورغانلىرى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئالاقىلىشىش، خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرى ھەم بىر خىل ئەمەلىي مۇداپىئە لىنىيىسى ئىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 101-يىلى، ئۆتكەن - كەچكەن ئەلچىلەرنىڭ ئاشلىق تەمىناتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى بۈگۈر، چېدىردا لەشكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئاچتى ھەمدە چاۋۇشبېشى يەنى مۇشۇ رايوندىكى بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋە قوغدايدىغان ئامبال تەسىس قىلىپ، خۇددى «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە يېزىلغانىدەك،

①② «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

«ئۆتكەن - كەچكەن ئەلچىلەرنى تەمىنلەش ئۈچۈن، بېكەتلەر ۋە چېدىردا بىرقانچە، يۈز ئىككىنچى ئەسكەر ۋە چاۋۇشبېشى تۇرغۇزۇلغان»، «ئەلچى چاۋۇشبېشى» خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان ئەڭ بۇرۇنقى يەرلىك ئەمەلدارى ئىدى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 89 - يىلى، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇنى كروران، ئۇشاق، ۋائېرىيە، قاتارلىق جايلاردىكى قوشۇنلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ھونلار قوللاپ تۇرغان قۇس بەگلىكىنى مەغلۇپ قىلىپ، قۇس خانىنى بويسۇندۇردى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 73 - يىلى ھونلار قۇس بەگلىكىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئۇسۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا زورلىدى. ئىككىنچى يىلى، خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇسۇنلار بىرلىشىپ ھونلارنى تارمار قىلدى. شۇ يىلى قىشتا بىر تۈمەن كىشىدىن ئارتۇق ھون چەۋەندازلىرى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇسۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى، لېكىن قايتىش سەپىرىدە قاتتىق قارغا دۇچ كېلىپ، ئىنتايىن ئېغىر چىقىم تارتتى. «شۇنىڭ بىلەن ھونلارنىڭ بۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ دىڭلىڭلار شىمالدىن، ئوغانلار شەرقتىن، ئۇسۇنلار غەربتىن ھونلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى»①. مۇشۇ زەربىدىن كېيىن ھونلار ھوشىغا كېلەلمىدى. «تەۋەلىكىدىكى بەگلىكلەر پارچىلىنىپ كەتتى». شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خەن سۇلالىسىنىڭ قۇدرىتى غەربىي يۇرتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. كۆپ سانلىق بەگلىكلەر غەربىي خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 68 - يىلى، خەن سۇلالىسى يانداش بەگ جېڭ جى، چېرىكچى بەگ سىماشىنى لەشكەر باشلاپ

① «خەننامە. ھونلار تەزكىرىسى».

بېرىپ بوز يەر ئېچىپ ئاشلىق توپلاش ئۈچۈن چېگرىغا ئەۋەتتى. جېك جى بوز يەر ئاچقۇچى لەشكەرلەر بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئون نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ، قۇس بەگلىكىنىڭ ئاستانىسى يارغۇلنى يەنە بىر قېتىم ئىشغال قىلغان. قۇسنىڭ بېگى ۋۇگۇي جېك جىگە تەسلىم بولدى. ياندۇرقى يىلى جېك جى 300 لەشكەرنى يارغۇلغا بوز يەر ئېچىشقا ئەۋەتتى. خەن سۇلالىسى جېك جىنىڭ تۆھپىسىگە بىنائەن، ئۇنى ئەمىر لەشكەرلىككە ئۆستۈرگەن ۋە پىشامشاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جايلارنى قوغداشقا مەسئۇل قىلغان. بۇ ئەلچى چېرىكچى بەگ دېگەن مەنسەپنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشى ئىدى. جېك جى چېگرى ئەتراپىدا تۇرۇپ، ئاساسەن بوز يەر ئاچقۇچى لەشكەرلەرگە ۋە غەربىي يۇرتنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنغان ئەسكەرلەرگە باشچىلىق قىلىپ، ھونلار بىلەن قىيىستىن ئىبارەت بۇ مۇھىم جاينى قوراللىق تالاشقان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 62 - يىلى خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قىستا بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم قوشۇن ئەۋەتكەن ھەمدە بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋۇجى چېرىكچى بەگ تۇرغۇزغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى (خەنشۈەندىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى) ھونلارنىڭ روشات تەگرىقۇتى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەخت تالىشىش كۆرىشى كەسكىنلەشتى. غەربىي يۇرتتا تۇرۇشلۇق باتىنسقان بىلگى تەگرىقۇت ئۆز بېشىدىن قورقۇپ، جېك جىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جېك جى دەرھال كۈسەن، چېدىر قاتارلىق بەگلىكلەردىن 50 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ باتىنسقان بىلگى تەگرىقۇتنى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 12 مىڭ ئادەمنى قارشى ئالغان ۋە ئۇلارنى قوغداپ

پايتەختى چاڭئەنگە ئاپىرىپ قويغان. خەن سۇلالىسى بىلىگى تەگرىقۇتقا بەيئەتچى بەگ دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ھونلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى «چاكارلار كاھىبېگى» ئەمەلدىن قالغان. ھونلار بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، غەربىي يۇرتقا يېقىن كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالغان».① ئارقىدىنلا خەن سۇلالىسى جېڭ جىنى قۇشنىڭ غەربىي شىمالىدىكى جايلارنى قوغداشقا ھەم جەنۇب ۋە شىمالدىكى جايلارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن. بۇ «باش قورۇقچى بەگ» دەپ ئاتالغان. جېڭ جى كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن «يىراقتا ئەمىنلىك ئورناتقۇچى تۆرە» دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. جېڭ جى ئۆز مەھكىمىسىنى ئۇرۇياپ شەھىرى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسى تەۋەسىدە) گە قۇرغان. غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتا تولۇق تىكلەنگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە رەسمىي قوشۇلۇپ، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان.

### 2. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشى

غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى خەن سۇلالىسى مەركىزىدىكى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئالىي ھەربىي، مەمۇرىي ئورگىنى ئىدى. باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى «خەننامە» دە مۇنداق دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن: غەربىي يۇرتتىكى 50 نەچچە بەگلىك

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

ئىچىدە كانگىيە، چوڭ توخرىلار، ئارساك، كەشمىر، ئىسكەندەر-
رىيە بەگلىكلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن «بەدەك يىراق»
بولۇپ، غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ
باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولمىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان
بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ
مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدۇ. يەنى تيانشاننىڭ جە-
نۇبى، شىمالى، پامىر ۋە بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جە-
نۇبىدىكى كەڭ رايونلار غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ
مەھكىمىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولدۇ.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتا ئاساسەن
تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللانغان:

ئەمەلدار ئەۋەتىش. غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بېگى
خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى دائىر ئىشلارنى باشقۇرۇشى
ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەڭ يۇقىرى ئەمەلدارى ئىدى. باش قورۇقچى
بەگنىڭ دەرىجىسى ئايماق ۋالىيسىغا باراۋەر بولۇپ، ئۇنىڭ
مائاشى ئىككى مىڭ دادەن ئاشلىق ئىدى، بۇ مەنسەپكە تەيىن-
لەش ۋە ئۇنىڭدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى مەركىزىي ھۆكۈمەتتە
ئىدى. «خەننامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، غەربىي خەن سۇلالىسى
غەربىي يۇرتقا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ جېڭ جى، خەن شۈەن،
گەن يەنشۇ، دۇەن خۇيزۇڭ، ليەن باۋ، خەن لى، گو شۈن،
سۈن جيەن، دەن چىن، لى چۇڭ قاتارلىق 18 نەپەر باش
قورۇقچى بەگ ئەۋەتكەن. باش قورۇقچى بەگنىڭ ۋەزىپە
ئۆتەش مۇددىتى ئادەتتە ئۈچ يىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن
دۇەن خۇيزۇڭ مۇشۇ ۋەزىپىگە ئىككى قېتىم تەيىنلەنگەن.
غەربىي يۇرتتا قورۇقچى بەگدىن قالسا چېرىكچى بەگ چوڭ
ئىدى. ئۇ يەنە مۇئاۋىن باش قورۇقچى بەگ ياكى ياندىش
قورۇقچى بەگ دەپمۇ ئاتىلاتتى. دەرىجىسى باش قورۇقچى

بەگ بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ مەنسەپكە بېرىلىدىغان مائاش ئىككى مىڭ دادەن ئاشلىق ئىدى، بۇ مەنسەپكە تەيىنلەش ۋە مەنسەپتىن قالدۇرۇشنى مەركىزىي ھۆكۈمەت بەلگىلەيتتى. باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا يەنە بىر نەپەر ياساۋۇل بېشى، ئىككى نەپەردىن ئەمىر لەشكەر، لەشكەر بېگى، مىڭبېشى قاتارلىق ئەمەلدارلار بار، ئۇلار باش قورۇقچى بەگ تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەن سۇلالىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 48 - يىلىدىن باشلاپ يەنە ۋۇجى چېرىكچى بەگ دېگەن مەنسەپنى تەسىس قىلدى، بۇ مەنسەپكە تەيىنلەش ۋە مەنسەپتىن قالدۇرۇشمۇ مەركەزدىن بىۋاسىتە بەلگىلەيتتى، مائاشى ئىككى مىڭ دادەن ئاشلىق ئىدى. ئۇنىڭ مۇئاۋىنى پۈتۈكچى بەگ دەپ ئاتىلاتتى.

يەرلىك سەردارلارنى تەيىنلەش ۋە ئۇلارغا تامغىلىق لاتا تارقىتىپ بېرىش. غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەمۇرىي تەشكىلاتلارنىڭ بۇرۇنقى «بەگلىك» دېگەن نامى داۋاملىق ساقلاپ قېلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى بەگلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە سەردار قىلىپ تەيىنلەپ بېرىلدى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «ئومۇمىي بەگلىك 50 تىلماچبەگ، ھىسار بېگى، تۆرە، نازارەتچى، خىزمەتچى، خەزىنىچى، يۈزبېشى، مىڭبېشى، كاھبەگ، كۆك بېشى، ياساق بېگى، سانغۇن، ۋەزىردىن بەگ ۋاڭغىچە بولغان 376 ئەمەلدارنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن تارقىتىپ بېرىلگەن تامغىلىق لاتىنى ئاسىدۇ» دەپ يېزىلغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەرىپىدىن بىر تۇتاش باشقۇرۇلاتتى. غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى مەركىزىي ھۆكۈمەتك

ۋەكالىتەن غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىنىڭ بەگلىرى ۋە ئەمەلدار-
لىرىنى تەيىنلەش، ئۇلارغا ئۇنۋان بېرىش، ئۇلارنى ئۆستۈرۈش،
يۆتكەش، تۆۋەنلىتىش ۋە قالدۇرۇش، مۇكاپاتلاش،
جازالاش قاتارلىق ھوقۇقلارنى بىۋاسىتە ئىجرا قىلاتتى.
خەن شۈەندى دەۋرىدە، مەلىكە جيېيۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى
ۋەننىيەننى ساكارائۇل بەگلىكىنىڭ بېگى ياخشى كۆرۈپ قالغان،
ساكارائۇل بېگىنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، ئۇ قازا تاپقاندىن
كېيىن، ساكارائۇل خەلقى «ئوردىغا ۋەننىيەننى بىزگە خان
قىلىپ تەيىنلەپ بەرسە دەپ مەكتۇپ سۇنغان، خەن سۇلالىسى
بۇنىڭغا قوشۇلغان»①. خەن يۈەندى زامانىدا، خەن شۈەن
غەربىي يۇرتنىڭ باش قورۇقچى بېگى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇ
ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ «ئۇلۇغ كۈنبېيىنىڭ يۈز-ئابرويىنى
ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇسۇننىڭ چوڭ ئەمەلدارى باش خەزىنىچى،
باش نازارەتچىگە سۆسۈن پۆپۈكلۈك ئالتۇن تامغا بېرىشنى
ئىلتىماس قىلغاندا، خەن سۇلالىسى بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان»②.
كېيىن باش قورۇقچى بەگ خەن شۈەن ئوردىغا يەنە مەكتۇپ
يوللاپ «يۈلتۇزبەگ ئاجىز چىقىپ قالدى، ئۇنى قالدۇرۇپ،
ئورنىغا ئۇنىڭ كىچىك تاغىسى سول قول باش سانغۇن لې نى
كۈنبېگ قىلىپ تەيىنلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، خەن
سۇلالىسى رۇخسەت قىلمىغان»③. شۇنىڭدىن مەلۇمكى، غەربىي
يۇرتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ئەمەلدارلىرىنىڭ مەنسەپكە
تەيىنلىنىشى غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بېگىنىڭ ئوردىغا
مەلۇم قىلىشى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن
ئۆتكۈزۈلگەن.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر-

①②③ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

نىڭ سەردارلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىغا تارقىتىپ بەرگەن تامغىلىق لاتا ئىككى خىل بولغان: بىرخىلى، ئالتۇن تامغىلىق سۈسۈن يۇپۇڭكلۇك لاتا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئاسىدىغان، ئىككىنچى خىلى، دەرىجىسى تۆۋەنرەك ئەمەلدارلار ئاسىدىغان مىس تامغىلىق قارا لاتا. ئارخېئولوگلار شىنجاڭنىڭ شايار ناھىيىسىنىڭ شىېگىت دېگەن يېرىدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت خارابىدىن تاپقان «خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان چاقۇ سەردارىنىڭ تامغىسى» بولسا خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى چاقۇ مىللىتى خانىغا ئىنئام قىلغان تامغا ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە تېپىلغان ئۈچ دانە مىس تامغا «ياساق بېگى» لەرگە بېرىلگەن تامغىلاردۇر.

غەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش. غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بېگىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇپ، «يىپەك يولى» نىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى، ھەربىي قۇرۇلۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەدبىرى ئىدى. خەنۋۇدى زامانىسىدا، خەن سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى غەربىي يۇرتقا ئەمدىلا ئىچكىرىلەپ كىرگەن ئىدى، ئۆتكەن-كەچكەن ئەلچىلەرنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك ۋە قونالغۇ جاي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەربىي بوز يەر ئېچىشنى يولغا قويۇلدى. «بۈگۈردىكى بوز يەر ئاچقۇچى لەشكەرلەرنىڭ سانى نەچچە يۈزگە يېتىدۇ، بۇ جايدا تەسىس قىلىنغان يالۋاچ تېرىقچى بېگى ئاشلىق توپلاپ، كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان ئەلچىلەرنى تەمىنلىدى» ①. پادىشاھ

① «تارىخنامە. پەرغانە تەزكىرىسى».

خەنجاۋدى ساڭ خۇڭياڭنىڭ ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، تۆزۈن تات شاھزادىسى لىيدەننىسى چېرىكچى بەگ قىلىپ تەيىنلەپ، لەشكەر باشلاپ بېرىپ بۈگۈر، چېدىر رايونلىرىدا بوز يەر ئېچىشقا ئەۋەتتى. غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش غەربىي يۇرتنىڭ ھەممە يېرىگە ئومۇم-لاشتى، بۈگۈر، چېدىر، كىنىگېت، كۈسەن، ئالدى قۇس، كروران، مىرەن، قۇم، قىزىل قورغان قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسى مۇھىم ھەربىي بوز يەر ئېچىش رايونلىرى ئىدى.

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇرۇش ئۈچۈن مىلادىيىدىن ئىلگىرى-كى 48 - يىلى (خەن يۈەندى چۇيۈەننىڭ 1- يىلى) قۇس بەگلىكىدە «قايتىدىن ۋۇجى چېرىكچى بەگ تەسىس قىلىندى». ۋۇجى چېرىكچى بەگنىڭ قول ئاستىدا بىر نەپەر ياسا-ۋۇل بېشى، بىر نەپەر ئەمىرلەشكەر، بەش نەپەر لەشكەر بېگى بار ئىدى. ۋۇجى چېرىكچى بەگنى مەركەز بىۋاسىتە تەيىنلەيتتى، مائاشى ئىككى مىڭ دادەن ئاشلىق ئىدى. ئۇنىڭ مۇئاۋىنى پۈتۈكچى بەگ دەپ ئاتىلاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىدا، پەيدىنپەي باش قورۇقچى بەگ، ۋۇجى چېرىكچى بەگ، كۆكبېشى بەگ ۋە مەھەللە باشلىقىدىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك باشقۇ-رۇش تۈزۈلمىسى شەكىللەندى. بۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانچىلىق مەھكىمىسى تەرىپىدىن بىۋاسىتە باشقۇرۇلدى.

جايلاردىكى بوز يەر ئېچىش لەشكەرلىرى ئادەتتىكى

چاغلاردا بوز يەر ئېچىش، تېرىقچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇرۇش بولغاندا جەڭگە قاتناشتى. ئېكىنچىلىق ئارقىلىق خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ ھەم كېلىپ-كېتىپ تۇرغان ئەلچىلەر ۋە سودا كارۋانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە قونالغۇ، ئاش-ئوزۇق مەسىلىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى، خەنزۇلار بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى، چېگرا مۇداپىئەسى كۈچەيدى.

«يىپەك يولى» نىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتىكى سودا يوللىرى ئۈستىگە، نۇرغۇنلىغان قورغانلارنى ۋە ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۇرلارنى ياساتتى. ئۇنىڭغا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ۋە قوشۇمچە قاتناش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھەربىي قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇردى. مۇھىم جايلاردا يولۇچىلارنى تەكشۈرىدىغان چازىلارنى قۇردى. غەربىي يۇرت باش قۇرۇقچى بەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇر، قورغان ۋە چازىلار غەربىي يۇرتنىڭ ھەممە يېرىگە ئومۇملاشقان.

غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ سەردارلىرى خەن سۇلالىسىگە، ئۆز ئوغۇللىرىنى خاس مۇلازىملىققا ئەۋەتىپ تۇردى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تارتۇق يوللاپ تۇراتتى. غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر بەس-بەستە خاس مۇلازىملىققا ئۆز ئوغۇللىرىنى ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنى بىلدۈردى. ئولپان بېرىش بىر خىل دائىملىق تۈزۈم قىلىپ بېكىتىلگەن. يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ئولپان ئاپىرىدىغان ئەلچىلەرنىڭ

ئايدىكى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى. ئولپان قىلىنغان بۇيۇملارنىڭ تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، جايلارنىڭ ئالاھىدە يەر-لىك مەھسۇلاتلىرىدىن باشقا، مەرۋايىت، ئۈنچە-مارجان، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، تۇڭشى، قاشتېشى، ئىلى ئېتى، پىل، شىر، توز قاتارلىق ئالاھىدە نەرسىلەرمۇ بولغان. خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جايلاردىن كەلگەن خاس مۇلازىم، ئەلچى، ئولپانچىلارغا بەرگەن ئىنئاملىرى ئۇلار ئەكەلگەن ئولپانلارنىڭ قىممىتىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشەتتى.

خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ھون ھۆكۈمرانلىرىنىڭ «ئېغىر باج-سېلىق ئېلىپ، ھەر قايسى بەگلىكلەرنى جان باقالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان» لىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، كەڭچىلىك قىلىپ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردىن ئاساسەن باج-سېلىق ئالمىدى. مانا بۇمۇ غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ خەن سۇلالىسىنى چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب ئىدى.

### 3. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى غەربىي يۇرت ۋەزىيىتى

غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ 70 نەچچە يىلغىچە، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا مۇھىم ۋە ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، پادىشاھنىڭ شىرەم تۇغقىنى ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى، ئۇ مىللىي كەمسىتىش ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان. ھونلار بۇ پۇرسەتتىن

پايدىلىنىپ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. شۇ چاغدا ھون-
لارغا ئەڭ ئاۋۋال ساكارائۇلنىڭ بېگى يەن قارشىلىق
كۆرسەتتى. چۈنكى ئۇ خېنيۈەندى دەۋرىدە خاس مۇلازىم
بولۇپ پايتەخت چاڭئەندە ئۇزاق تۇرغاچقا، خەنزۇ مەدە-
نىيىتىنىڭ تەسىرىنى چوڭقۇر سىڭدۈرگەن ئىدى. ئۇ ئۆز بەگلى-
كىگە قايتىپ كېلىپ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، خەن
سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت ۋە ئەمىر-
پەرمانلىرىنى ئاكتىپ يولغا قويۇپلا قالماستىن، بەلكى
بەگلىكنى خەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن تۈزۈملىرى بويىچە
ئىدارە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەتراپىدىكى بەگلىكلەر ئىچىدە
«ساكارائۇل بېگى يەن ئەڭ قۇدرەت تاپقان» ئىدى. ھونلار
تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كۆپ قىسىم جايلارغا قايتا ھۇجۇم
قىلىپ كىرگەندە، ساكارائۇل بېگى «ئەل بولۇشقا ئۇنىما-
غان»، ئۇ قوشۇن چىقىرىپ ھونلارغا قارشى كۈرەش قىلىش-
نى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
ئۇنىڭ ساداقەتلىكى ۋە تۆھپىسىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن،
ئۇنىڭغا «سادىق جەسۇر بەگ» دەپ نام بەرگەن. ئۇ ئۆلگەندىن
كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى كاڭ تەختكە ئولتۇردى، ئۇ ئەتراپىدىكى
كىچىك بەگلىكلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھونلارغا داۋاملىق
قارشى تۇردى. ئۇ خەن سۇلالىسىگە چىن كۆڭلىدىن سادىق
بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى باش قورۇقچى
بەگ مەھكىمىسىنىڭ قالدۇق ئەمەلدارلىرى، لەشكەرلىرى
ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆز پانا-
ھىغا ئېلىپ ساقلاپ قالدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ
دەسلەپكى يىللىرى، ساكارائۇل بېگى كاڭ خىشى كارىدورىغا
ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ-
تىڭلىغان ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقە

تۇرالاتتان. خېشى رايونىنىڭ باش سانغۇنى دۇرۇڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن كاڭغا «خەن سۇلالىسى ئۈچۈن ساكارائۇلدا خىزمەت كۆرسەتكەن غەربىي يۇرتنىڭ پەزىلەتلىك ئۇلۇغ كامبەگ» دەپ نام بەرگەن.

كاڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى شيەن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. مىلادى 38-يىلى ساكارائۇل بېگى شيەن پىشامشان بېگى ئەن بىلەن لوياڭغا باش قورۇقچى بەگ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار نەتىجىسىز قايتىپ كەلدى. مىلادى 41-يىلى ساكارائۇل بېگى شيەن شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنى غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بېگى قىلىپ تەيىنلەشنى ئىلتىماس قىلدى. گۇاڭ ۋۇدى ليۇ شيۇ شيەننى باش قورۇقچى بەگ قىلىپ تەيىنلىگەن ھەمدە ئۇنىڭغا تامغىلىق لاتا ئىنئام قىلدى. كېيىن دۇنخۇاڭ ۋالىيسى پېي زۇنشيەن باش قورۇقچى بەگلىككە تەيىنلەنسە باشقا بەگلىكلەرنىڭ خەن سۇلالىسىگە بولغان نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇشى مۇمكىن دېگەچكە، بۇرۇنقى قارارىنى ئۆزگەرتىپ، شيەنگە «خەن سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك سانغۇنى» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن. شيەن بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئۆزىنى غەربىي يۇرتنىڭ باش قورۇقچى بېگى دەپ جاكارلاپ، ھەرقايسى بەگلىكلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

مىلادى 45-يىلى (گۇاڭ ۋۇدى جيەنۋۇنىڭ 21-يىلى) ئالدى قۇس، پىشامشان، كىنگىت قاتارلىق 18 بەگلىكنىڭ بەگلىرى ئوغۇللىرىنى مۇلازىملىققا ئەۋەتىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن باش قورۇقچى بەگ تەيىنلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بۇنىڭغا تېخى

چامىسى يەتمەيتتى. ساكارائۇل بېگى شيەن شەرقىي خەن
سۇلالىسىنىڭ باش قورۇقچى بەگ ئەۋەتمىگەنلىكىگە قاراپ
مىلادى 46 - يىلى پىشامشاننى بېسىۋالدى. شۇ يىلى يەنە
كۇسەن بېگىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئوغلىنى كۇسەنگە بەگ
قىلىپ تىكلىدى. مىلادى 50 - يىلى شيەن ئولپان بىلەن
باجنى ئاز تاپشۇردى دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۆزى بىر نەچچە
بەگلىكنىڭ بىر نەچچە تۈمەن كىشىلىك قوشۇنىنى باشلاپ
بېرىپ پەرغانىنى بېسىۋالدى. مىلادى 55 - يىلى ساكارائۇل
بېگى قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇدۇننى بېسىۋالدى. ئىككىنچى يىلى
ئۇ يەنە، ئۇدۇن، ئۇزۇن تات، قۇم، لىچخەۋىز قاتارلىق بەگ-
لىكلەرنىڭ خانلىرىنى ساكارائۇلغا چاقىرتىپ كېلىپ، ھەم-
مىسىنى نابۇت قىلدى ھەمدە بۇ بەگلىكلەرگە قايتا بەگ
تىكلەتكۈزمەي، ئۇ يەرلەرنى ساقلاشقا ئۆزىنىڭ سانغۇنلىرىنى
ئەۋەتتى. ساكارائۇل بېگى شيەننىڭ باشقىلارنى يەم قىلىشى ۋە
قىرغىنچىلىق قىلىشى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ كۈچ-
لۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى. كېيىنرەك ئۇدۇننىڭ لەشكەر
بېشى شۇمۇمبا ئۇدۇن بەگلىكىنى قايتا تىكلىگەن. مىلادى 62-
يىلى ئۇدۇن بېگى گۇاڭدې قوشۇن باشلاپ بېرىپ ساكارا-
ئۇلنى مەغلۇپ قىلىپ، ساكارائۇلنىڭ بېگى شيەننى ئۆلتۈردى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدۇن توخارا، پاسىئان، يۈلىخېردى، لىچخەۋىز،
سارىقول، ئۇزۇن تات قاتارلىق كىچىك بەگلىكلەرنى ئاقا-
ئارقىدىن يۇتۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىشامشان
بەگلىكى نوپچان، چۇرچان، ئەندىر، نىيە، روگلۇ قاتارلىق
بەگلىكلەرنى قوشۇۋالغان. قۇس بەگلىكى ئۆرۈمچىنى، تۇر-
پانى خۇزخۇر، ئۆتەنزى قاتارلىق بەگلىكلەرنى يوقاتتى، نە-
تىجىدە غەربىي يۇرت ۋەزىيىتى بىر مەھەل قالايمىقانلىشىپ
كەتتى. مىلادى 61 - يىلى ھونلار قۇس، كىنگىت، كۇسەن،

قوم، سۇلى قاتارلىق 15 بەگلىك قوشۇنىنى باشلاپ بېرىپ ئۇدۇنىنى تەسلىم قىلدى. ئۇدۇن بېگى كۇاڭدې ئۆزىنىڭ شاھزادىسىنى شىمالىي ھونلارغا تۇرغاق قىلىپ بېرىشكە ئەۋە-تىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھونلار پۈتۈن غەربىي يۇرتنى يەنە كونترول قىلدى.

### 4. بەن چاۋ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بەن يۇڭنىڭ غەربىي يۇرتقا كېلىشى

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ھونلار-نىڭ تەسىر كۈچى تيەنشۇي، فۇفېڭ رايونلىرىغىچە يېتىپ باردى، «چېگرا رايون خارابلىشىپ، ئادەم ئايىغى ئۈزۈلگەن» دېگەندەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن، بۇ ھال شەرقىي خەن سۇ-لالىسىگە ئېغىر تەھدىت بولغان.

دەل مۇشۇ پەيتتە ھونلار ئۇدا بىر نەچچە يىل قۇرغاق-چىلىق ۋە چېكەتكە ئاپىتىگە دۇچ كېلىپ، ئوت - چۆپ ۋە دەل - دەرەخلەر قۇرۇپ، ئادەم ۋە چارۋا ماللار ئاچارچىلىققا ۋە كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ، تەڭدىن تولىسى قىرىلىپ كەتتى. بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا ھون ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈم-رانلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ ئۆز ئىچىدە ماجىرا قوزغىدى. مىلادى 48 - يىلى ھونلارنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى سەككىز قە-بىلىسى باتىسقان بېيىنى جەنۇبىي تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلىدى، باتىسقان ئۆزىنى بوۋىسىنىڭ نامى بىلەن قوغىشار تەڭرىقۇت دەپ ئاتىدى ۋە 40 — 50 مىڭچە ئادەم بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھونلار جەنۇبىي ھون ۋە شىمالىي ھون دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. شەرقىي خەن سۇلالىسى جەنۇبىي ھون ئاھالىلىرىنى ئىچكى رايونغا كۆچۈرۈپ كەلدى. جەنۇبىي ھون تەڭرىقۇتى دەسلەپتە يۈنجۇڭ (ھازىرقى ئىچكى مۇڭغۇلدىكى توكتونىڭ

شەرقىي شىمالى) رايونىغا ئورۇنلاشقانىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە شىمىي ئايمىقىنىڭ مېيىجى ناھىيىسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ جۇڭغار خوشۇنى ئەتراپى) گە كۆچۈپ كەلگەن، ئۇنىڭ قەبىلىسى بېيدى، سۇفاڭ، ۋۇ يۈەن، يۈنجۇڭ، دىڭشياڭ، يەن مېن، دەيجۈن قاتارلىق جايلارغا ماكانلىشىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىغا ياردەملەشتى.

شىمالىي ھونلار موڭغۇل يايلىقىدا قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچى كۆپ ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇلار غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردىن ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ توپلاش ئۈچۈن، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتتى ھەمدە قويانغاننى تيانشان، بارىكۆل رايونىدا تۇرۇپ چارۋىچىلىق قىلىشقا ئەۋەتتى.

مىلادى 73-يىلى (خەن مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 16-يىلى) شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زور قوشۇن ئەۋەتىپ، شىمالىي ھونلارغا تۆت يۆنىلىشتىن ھۇجۇم قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۇگۇ، گېڭ جۇڭ 12 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن جيۇچۇەندىن چىقىپ، قويانغان قوشۇنىغا غەرب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. شەرقىي خەن قوشۇنى تيانشاندا (تۇرپاننىڭ شىمالىدا) قويان خاننىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى بارىكۆلگىچە قوغلاپ بېرىپ، ئىۋىرغۇل (قۇمۇل) نى ئىشغال قىلدى ھەمدە بۇ جايدا ئىۋىرغۇل كاھىبىگى تەسىس قىلىپ، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇگۇ بەن چاۋنى غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن.

بەن چاۋ فۇفېڭنىڭ ئەنلىڭ (شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي) دېگەن يېرىدىن ئىدى، ئۇنىڭ دادىسى بەن بياۋ، ئاكىسى بەن گۇ، سىڭلىسى بەن جاۋ ھەممىسى

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر تارىخشۇناس ۋە ئەدىبلەردىن ئىدى. بەن چاۋ بالا چېغىدىلا ئۇلۇغۋار ئىرادىلىك بولۇپ، جاڭ چيەن، فۇجېيزى قاتارلىقلارنى ئۈلگە قىلىپ، چېگرا رايونىدا دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. خەن مىڭدى لەشكەر تۈپلىغاندا بەن چاۋ «قەلەمنى تاشلاپ، قولىغا قورال ئېلىپ»، دۇگۇنىڭ قوشۇنىدا مۇۋەققەت ئەمىرلەشكەر بولدى. ئۇ يارىكۆل، ئېۋىرغوللاردىكى جەڭلەردە باتۇرلۇق بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ، دۇگۇنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا سازاۋەر بولدى.

مىلادى 73-يىلى كۈزدە، بەن چاۋ ئەمەلدار ۋە لەشكەرلىرىدىن 36 كىشىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلدى، ئۇلار ئالدى بىلەن پىشامشانغا كەلدى، پىشامشان بېگى خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پىشامشان بېگىنىڭ مۇئامىلىسى بىردىنلا سوۋۇپ قالدى، بەن چاۋ ھون ئەلچىلىرى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىپ، دەرھال پىشامشانلىق مۇلازىمىدىن سۈرۈشتۈرۈپ ھون ئەلچىلىرىنىڭ پىشامشانغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى، شۇ كۈنى كېچىسى بەن چاۋ لەشكەرلىرىنى باشلاپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، شىمالىي ھونلارنىڭ ئەلچىسى ۋە لەشكەرلىرىدىن 100 نەچچە ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى، بۇنىڭ بىلەن، ئارىسالدا بولۇپ تۇرغان پىشامشان بېگى غەمدىن خالاس بولۇپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى.

دۇگۇ بەن چاۋنىڭ بۇ تۆھپىسىنى ئوردىغا مەلۇم قىلدى، خەن مىڭدى بەن چاۋنى ئەمىر لەشكەرلىككە ئۆستۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي، بەن چاۋ پەرمانغا بىنائەن ئۇدۇنغا بېرىپ، ئۇدۇن بېگىنى شەرقىي خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولۇشقا ماقۇل كەلتۈردى.

مىلادى 74 - يىلى بەن چاۋ ھەمراھلىرىنى باشلاپ سۇلىغا باردى، بۇ چاغدا سۇلى خانى، دۇتى ئەلنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالغانىدى. بەن چاۋ سابىق سۇلى بېگىنىڭ جىيەن ئوغلى جۇڭنى سۇلىغا بەگ قىلىپ تىكلىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلىمۇ شەرقىي خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولدى.

شۇ يىلى خەن سۇلالىسى ئەۋەتكەن دۇگۇ، گېڭ بىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇن دۇنخۇاڭدىن چىقىپ ئالدى قۇس ۋە ئارقا قۇس قەبىلىلىرىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى كۆپ سانلىق بەگلىكلەر ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى ۋە ۋۇ جىي چېرىكچى بەگ (غەربىي يۇرتقا خاس مەنسەپ نامى، ئېكىنچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ئەمەلدار — م) مەھكىمىسىنى قايتىدىن تەسىس قىلدى. چېن مۇ غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بېگى قىلىپ تەيىنلەندى. گېڭ گۇڭ ۋۇ چېرىكچى بېگى قىلىپ تەيىنلەندى ۋە ئارقا قۇسنىڭ ئالتۇنبالىق (ھازىرقى جىمسار) شەھىرىدە تۇرۇپ بوز يەر ئېچىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى، گۇەن چۇڭجى چېرىكچى بەگ بولدى ۋە ئالدى قۇسنىڭ لۇكچۇن ھەمرىدە تۇرۇپ بوز يەر ئېچىش بىلەن شۇغۇللاندى. كېيىن گۇڭ ئۇسۇنغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقىلەشكەندىن كېيىن، ئۇسۇن خانى شەرقىي خەن سۇلالىسىگە خىل ئات سوۋغا قىلدى. ھەمدە ئوغلىنى خاس مۇلازىملىققا ئەۋەتتى، شۇنداق قىلىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلۈپ قالغىلى 60 يىل بولغان قاتناش يولى قايتا ئەسلىگە كەلگەن.

مىلادى 75 - يىلى باھاردا، شىمالىي ھون تەڭرىقۇتى 20 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئارقا قۇسنىڭ ئالتۇنبالىق شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ۋۇ چېرىكچى بەگ

كېيىن گۆك تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا، هونلار ئالتۇنبالىق شەھىرىگە قايتا ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنىڭ سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. كېيىن گۆك شەھەر ئىچىدە قۇدۇق قازدۇرۇپ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان هونلار كېيىن گۆكنى ئەۋلىيا ئىكەن دەپ، قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. قىشتا، هونلار ئۆز كونتروللۇقىدىكى كۇسەن، كىنىگىتىقا غەربىي يۇرتىنىڭ باش قورۇقچى بېگى چېن مۇنى يوقىتىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتىشكە بۇيرۇق بەردى. شىمالىي هونلارمۇ لۈكچۈندە تۇرۇشلۇق جى چېرىكچى بەگ گوەن چۇڭنى قورشىۋالدى. كېيىن شەھەر قولىدىن كېتىپ گوەن چۇڭ ئۆلتۈرۈلدى. هونلار بىلەن قوس قوشۇنلىرى ۋۇ چېرىكچى بەگ كېيىن گۆكنى ئىككىنچى قېتىم مۇھاسىرىگە ئېلىپ بىر نەچچە ئايغىچە ھۇجۇم قىلدى، كېيىن گۆكنىڭ قوشۇنلىرى ۋە مەنسەپدارلىرى ئوزۇق - تۈلۈكى ئۆكسۈگەندە ساۋۇت، ئوقيا تاسمىلىرى ۋە ئاياغ چەملىرىنى پىشۇرۇپ يەپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇنلار يېتىپ كەلگۈچە قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. شۇ مەزگىلدە كۇسەن، قۇم قوشۇنلىرى سۇلىغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى، سۇلىنىڭ يېنىدىكى پەنتو قورغىنىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان بەن چاۋ سۇلىنىڭ بېگى جۇڭ بىلەن ھەمكارلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئەسكىرىي كۈچى بەك ئاز بولغانلىقتىن، خەتەرلىك ۋەزىيەتتە قالدى. بۇ چاغدا، خەن جاڭدى يېڭىلا تەختكە ئولتۇرغانىدى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قاتتىق قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىغاچقا، شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتقا قارىغۇدەك مادارى يوق ئىدى. شۇڭا، خەن سۇلالىسى باش قورۇقچى بەگ ۋە ۋۇجى چېرىكچى بەگنى قايتۇرۇپ كېتىشنى، ئىدۇيرغۇلدا بوز

يەر ئېچىشنى توختىتىشنى قارار قىلدى ھەمدە بەن چاۋغا قايتىپ كېتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. مىلادى 76-يىلى بەن چاۋ يارلىققا بىنائەن سۇلىدىن چېكىنگەندە، پۈتۈن سۇلى بەگلىكى ساراسىمىگە چۈشتى، سۇلىنىڭ كاھبېگى لى خى «خەن سۇلالىسى ئەلچىسى بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالسا، بىز كۈسەنلىكلەرگە يەنە يەم بولۇپ كېتىمىز. شۇڭا خەن سۇلالىسى ئەلچىسىنىڭ كېتىشىگە زادى چىداپ تۇرالمايمەن» دەپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئۆزىنى بوغۇزلىۋالدى. بەن چاۋ ئۇدۇنغا يېتىپ بارغاندا ئۇدۇن بېگى بەن چاۋغا «بىز خەن سۇلالىسىنى ئاتا-ئانا ئورنىدا ھىمات قىلىمىز، سىز زادى كەتمەڭ»① دەپ، ئېتىنىڭ بېشىنى تۇتۇۋېلىپ ماڭغىلى قويمىدى. بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن بەن چاۋ غەربىي يۇرتتا قېلىشقا بەل باغلاپ، يەنە كەينىگە يېنىپ سۇلىغا قايتىپ كەلدى.

مىلادى 78-يىلى بەن چاۋ سۇلى، ئۇدۇن، ئۇزۇن تات قاتارلىق بەگلىكلەردىن توپلانغان ئون نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، شىمالىي ھونلارغا تەۋە بولغان قۇم بەگلىكىنىڭ تاش شەھىرى (ھازىرقى ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالى)نى ئىشغال قىلدى.

شۇ يىلى بەن چاۋ پادىشاھ خەن جاڭدىغا مەكتۇپ يوللاپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە غەربىي يۇرتنى قوغداش ئۈچۈن لەشكەر تولۇقلاپ ئەۋەتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. مىلادى 80-يىلى خەن جاڭدى بەن چاۋنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، شۈيگەننى مۇۋەققەت ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلەپ، مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەۋەتتى، كېيىن يەنە خې گۈڭنى 800 ئەسكەر بىلەن بەنچاۋغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن سۇلىغا ئەۋەتتى. مىلادى

① «كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋ تەزكىرىسى».

87-يىلى بەن چاۋ غەربىي يۇرتتىكى ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەردىن توپلانغان 25 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، ھون ۋە كۇسەنگە بېقىنغان ساكارائۇلغا ھۇجۇم قىلدى. كۇسەن بېگى 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، ساكارائۇلنى قۇتقۇزۇشقا كەلگەندە، بەن چاۋ شەرقتىن شەپە بېرىپ غەربتىن ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، كۇسەن ياردەمچى قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى، «شۇنىڭ بىلەن ساكارائۇل بەگلىكى تەسلىم بولدى، كۇسەن قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ قوشۇنى پىتراپ كەتتى.»① شۇنىڭدىن باشلاپ غەربىي يۇرتنىڭ جەنۇبىدىكى يوللار راۋانلاشتى. مىلادى 90-يىلى توخرىلار قۇرغان كۇشان خانلىقى 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن پامىردىن ئۆتۈپ بېسىپ كىرىپ، غەربىي يۇرتتا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەشكە ئۇرۇنغان. بەن چاۋ ئەسكەرلىرى بىلەن مۇداپىئەدە چىڭ تۇرۇپ كۇشان قوشۇنلىرىنىڭ يەرلىكتىن ئوزۇق-تۈلۈك ھازىرلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن كۇشان قوشۇنلىرى ئوزۇق-تۈلۈكتىن قىسىلىپ، گۇناھىنى گەدىنىگە ئېلىپ، تەسلىم بولۇپ قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

مىلادى 91-يىلى كۇسەن، قۇم، ئۇرۇنسۇ قاتارلىق جايلار ئۆزلۈكىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى جايلارنىڭ كۆپ قىسمى شەرقىي خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەن چاۋنى غەربىي يۇرتنىڭ باش قورۇقچى بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭ مەھكىمىسى كۇسەننىڭ تاچيەن شەھىرى (كۇچانىڭ غەربىي جەنۇبى) دا قۇرۇلدى. شۇي گەننى دۇرغاپلىققا تەيىنلىدى ھەمدە ۋۇ جى

---

① «كېيىنكى خەننامە، بەن چاۋ تەزكىرىسى».

چېرىكچى بەگ تەيىن قىلدى. مىلادى 94 - يىلى، بەن چاۋ قوشۇن باشلاپ كىنگىتقا ھۇجۇم قىلىپ، كىنگىت بېگىنى ئۆلتۈردى. كىنگىت، ئۇشاق، ۋائېرىيە قاتارلىق بەگلىكلەرمۇ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى.

شۇنىڭ بىلەن، غەربىي يۇرتتىكى 50 نەچچە بەگلىكنىڭ ھەممىسى شەرقىي خەن سۇلالىسىگە قاراشلىق بولدى.

بەن چاۋ كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن «يىراقتا تىنچلىق ئورناتقۇچى تۆرە» دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشتى. «يىپەك يولى» يېڭىباشتىن راۋانلاشقان بۇ پايدىلىق ۋەزىيەتتە، بەن چاۋ مىلادى 97 - يىلى گەن يىڭنى داچىن (شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى) گە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. گەن يىڭ يىپەك يولىنى بويلاپ مېڭىپ، تياۋجى بەگلىكى (条支国— قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىك ۋە يەر نامى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئارساك بەگلىكىگە تەۋە بولغان. كېيىن سۈرىيە دەپمۇ ئاتالغان. پارس قولتۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر ئىراق دۆلىتى چېگرىسى ئىچىدە — م) نىڭ دېڭىز بويىغا يېتىپ بېرىپ، دېڭىزدىن ئۆتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئارساكلىقلار توسقانلىقتىن قايتىپ كەلدى. بۇ جۇڭگو ئەلچىسىنىڭ يىراقتىكى پارس قولتۇقىغا بارغانلىقى توغرىسىدىكى ئەڭ بالدۇرقى خاتىرە ھېسابلىنىدۇ. گەن يىڭ گەرچە داچىنغا بارالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يول بويى نۇرغۇن ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەن، بۇ كېيىنكى چاغلاردا جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن بىر پايدىلىق سىناق بولۇپ قالدى.

102 - يىلى 70 ياشتىن ئاشقان بەن چاۋ لوياڭغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى. ئۇ

غەربىي يۇرتتا 30 يىل كۈرەش قىلدى. بەن چاۋنىڭ غەربىي يۇرتنى ئاشۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك باشقۇرالىشىدىكى سەۋەب، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە زىچ مۇناسىۋەتنىڭ بولغانلىقىدا. خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى ئىدى، غەربىي يۇرت بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولسا غەربىي يۇرت خەلقىنىڭ ئارزۇسى ئىدى. بەن چاۋ كىشىلەرنىڭ رايىغا ئۇيغۇنلاشقانلىقى، خەن سۇلالىسىنىڭ ئىناۋىتىگە ۋە غەربىي يۇرت خەلقىنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا تايانغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېگىلمەس - سۇنماس روھ ۋە قالتىس تالانتقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاجايىپ زور تۆھپە يارىتىپ، تارىختا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر زات بولۇپ قالغان. ۋۇ جى چېرىكچى بەگ رىن شاڭ بەن چاۋدىن كېيىن غەربىي يۇرتقا باش قورۇقچى بەگ بولغان. خىزمەت ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەۋاتقاندا، رىن شاڭ بەن چاۋدىن قانداق قىلغاندا باش قورۇقچى بەگلىك ۋەزىپىنى ياخشى ئۆتىگىلى بولىدۇ دەپ تەلىم سورىغان. بەن چاۋ ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۆزىنىڭ غەربىي يۇرتتا 30 يىل تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەجرىبىلىرىنى يىغىنچاقلاپ، ئەمىر - پەرمانلار ئاددىي، ئىجرا قىلىشقا ئاسان بولۇشى كېرەك، ئادەم ۋە ئىشقا مۇئامىلە قىلغاندا كەڭ قورساق بولۇش لازىم، كىچىك سەۋەنلىكلەرنى ئارتۇقچە سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەسلىك كېرەك دېگەن ئومۇمىي پرىنسىپنى سۆزلەپ بەرگەن. رىن شاڭدىن كېيىن باش قورۇقچى بەگلىكنى دۇەنشى داۋاملاشتۇرغان. كېيىنكى مەزگىلدە، گەنسۇدىكى چاڭلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكتىن، لۇڭشى يولى توسۇلۇپ قالدى. شۇنىڭ

بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتنىڭ يولى يىراق ھەم خەتەرلىك، ئەمەلدار ۋە لەشكەرلەرنىڭ بوز يەر ئېچىشىغا كۆپ خىراجەت كېتىدۇ دېگەننى سەۋەب قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى باش قورۇقچى بەگنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. 107 - يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەن چاۋنىڭ ئوغلى بەن شۇڭ بىلەن بەن يۇڭنى ئىچكىرىگە قايتىپ كېلىۋاتقان باش قورۇقچى بەگ ۋە بوز يەر ئاچقۇچى ئەمەلدار - لەشكەرلەرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن لەشكەر بىلەن دۇنخۇاڭغا ئەۋەتكەن.

چاڭلار رايونى تىنچلانغاندىن كېيىن، دۇنخۇاڭنىڭ ۋالىيسى ساۋزۇڭ 119 - يىلى دورغاپ سوبەن باشچىلىقىدا مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى ئېكىنزارلىق بەرپا قىلىشقا ئىۋېرغۇلغا ئەۋەتتى ۋە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلدى. بىرقانچە ئايدىن كېيىن، شىمالىي ھونلار ئىۋېرغۇلغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، سوبەن باشچىلىقىدىكى ئىككىنچى لەشكەر ۋە ئۇلارنىڭ قوماندانلىرىنى قىرىۋەتتى. پىشامشان بېگى ساۋزۇڭ خاندىن ياردەم سورىغاندا، ساۋزۇڭ ئوردىغا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ سۇندى. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسى ئوردىسىدا كەسكىن مۇنازىرە قوزغالدى. بەنچاۋنىڭ ئوغلى بەن يۇڭ باشقىلارنىڭ پىكرىنى قەتئىي رەت قىلىپ، دۇنخۇاڭدا ياندىش چېرىكچى بەگ تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 120 - يىلى خەن سۇلالىسى (يۇڭنىڭنىڭ 1 - يىلى) شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دۇنخۇاڭدا غەربىي يۇرتنى باشقۇرىدىغان غەربىي يۇرت يانداش چېرىكچى بېگى تەسىس قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، دۇنخۇاڭ ۋالىيسى غەربىي يۇرتنىڭ

ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان چېگرا رايون ئەمەلدارى بولۇپ قالغان.

123 - يىلى، بارىكۆلدە تۇرۇشلۇق شىمالىي ھون بېگى قويان قۇس بەگلىكى بىلەن بىرلىشىپ دۇنخۇاڭ، جيۇچۈەن قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى بەن يۇڭنى غەربىي يۇرتنىڭ دورغاپلىقىغا تەيىنلەپ، 500 ئەسكەر بىلەن غەربىي يۇرت ئېكىنچىلىق رايونىدىكى لۈكچۈن شەھىرىدە تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ياندۇرقى يىلى بەن يۇڭ قوشۇن باشلاپ كىرورانغا كىردى، كۇسەن، قۇم، ئۇ رۇنسۇ، پىشامشان قاتارلىق جايلار خەن سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. بەن يۇڭ كۇسەن قاتارلىق بەگلىكلەردىن توپلانغان ئون نەچچە مىڭ كىشىلىك پىيادە ۋە ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئالدى قۇس بەگلىكىنىڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ھونلارنىڭ بېگى يى لىنى قوغلاپ چىقاردى. 125 - يىلى (خەن سۇلالىسى يەنگۇاڭنىڭ 4 - يىلى) بەن يۇڭ غەربىي يۇرت بەگلىكلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ بېرىپ ئارقا قۇس قەبىلىلىرىنى تارمار قىلدى. ئارقىدىنلا ھونلارنىڭ قويان بېگىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغاندا، قويان بەگ چېكىنىپ قاچقان. 127 - يىلى (خەن سۇلالىسى يۇڭجيەننىڭ 2 - يىلى)، بەن يۇڭ كىنگىتكە يەنە ھۇجۇم قىلىپ ئىككىنچى قېتىم بويسۇندۇردى. «شۇنىڭ بىلەن كۇسەن، سۇلى، ئۇدۇن، ساكارائۇل قاتارلىق 17 بەگلىكنىڭ ھەممىسى ئەل بولدى»①. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى قايتا بىرلىككە كەلتۈردى.

بەن يۇڭ غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، غەربىي يۇرتنىڭ يولىنى يەنە بىر قېتىم ئېچىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈ-

① «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

شى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. بەن يۇڭ كىچىككىدىن تارتىپلا دادىسى بىللە غەربىي يۇرتتا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئاياغ باسمىغان يەر قالمىغان، ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرت ئارىلاپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە بىۋاسىتە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن، «غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ كىتاب كېيىن جەنۇبىي سۇلالە دەۋرىدىكى فەن يې تەرىپىدىن «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇ قەدىمكى غەربىي يۇرتنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە تا بۈگۈنگە قەدەر قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ كەلمەكتە.

## §3. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتى

### 1. ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى

جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ كەلگەندىن بۇيان، غەربىي يۇرتنىڭ ئىچكى رايونلار بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈنسايىن قويۇق بولغان. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى بىلەن تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئىچكى رايونلارغا تۇتىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلاندى. بىرلىك ئاساسىدا تەسىس قىلىنغان ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي ئىدارە قىلىشى ئاستىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئورتاق ئېچىشى نەتىجىسىدە، غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىدا مىسلىسىز گۈللەنگەن ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپلا قالماستىن، بەلكى غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى.

بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن كەڭ

كۆلەمدە شۇغۇللىنىش ، مەلىكە شىجۇن ۋە ئىزلىنىڭ نەچچە يۈز مۇلازىملىرىنىڭ ئاش - ئوزۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 105 - يىلىلا شۈەنلىگە قوشۇن ئەۋەتىپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشىنى يولغا قويغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى خەن سۇلالىسى بۈگۈردە تەسىس قىلغان يالۋاچ چېرىكچى بەگ نەچچە يۈز لەشكەرنى باشلاپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا كىرىشكەن، شۇنىڭ بىلەن تەڭ چېدىردىمۇ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش باشلانغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى غەربىي يۇرت باش قوروقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ئېكىنزارلىق رايونلىرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ، ئۇنىڭ دائىرىسى بۈگۈر، چېدىردىن كىروران، مىرەن، ئالدى قۇس، نىيە، كىنگىت، قۇم، قىزىل قورغان قاتارلىق كەڭ رايونلارغىچە تەرەققىي قىلغان. جايلاردىكى ئېكىنچى لەشكەرلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ بىرنەچچە يۈزدىن بىرەر مىڭغا ياكى بىرنەچچە مىڭغا كۆپەيگەن. بۈگۈردە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرى راسا ئەۋج ئالغان چاغلاردا، لەشكەرلەرنىڭ سانى ئۈچ مىڭدىن ئاشقان، خەن شۈەندى زامانىسىدا، چاڭ خۇي 3000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ بېرىپ ئۇسۇن رايونىدىكى قىزىل قورغاندا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان لەشكەرلىرىنىڭ سانى 20 مىڭدىن ئاشقان. كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش نەتىجىسىدە، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمى كېڭىيىپ، ھەربىي قوشۇن ۋە ئۇيان - بۇيان ئۆتكۈچى ئەلچىلەر، سودا كارۋانلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق مەسىلىسى ھەل قىلىنغان. كۆپلىگەن خەنزۇ لەشكەرلەر ۋە ئېكىنچى لەشكەرلەر بوز يەر ئېچىش ۋە چېگرا ساقلاش ئۈچۈن

غەربىي يۇرتقا كەلگەندە ئىچكى رايونلارنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى، مەسىلەن، تۆمۈر ساپان، جوتۇ، ئورغاق، ئوتىغۇچ قاتارلىق تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ۋە يەرنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلى قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىلارنى ئېلىپ كېلىپ، غەربىي يۇرتتىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

تارىخىي كىتابلاردا يېزىلىشىچە، ئەينى زاماندا غەربىي يۇرتتا ئاساسەن شال، قوناق، بۇغداي، ئارپا، ئاق قوناق، پۇرچاق، زىغىر قاتارلىق ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەر، پېياز، سامساق، تەرخەمەك (خاڭگا)، سەۋزە، پالەك، يۇمغاقسۇت قاتارلىق كۆكتاتلار تېرىلغان؛ مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئۈزۈم، ياڭاق، ئامۇت، شاپتۇل، ئانار، ئۆرۈك قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلگەن؛ يەنە بېدە قاتارلىق يەم-خەشەك ئۆسۈملۈكلىرى تېرىلغان. جاڭ چيەن ئەلچىلىككە كەلگەندە، پەرغانىدىن ئۈزۈم، بېدە ئۇرۇقىنى ئالغاچ كېتىپ پايتەخت چاڭئەن ۋە گۇەنجۇڭ رايونلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرگەن، پادىشاھ خەنۋۇدى غەربىي يۇرت ئەلچىلىرىنى ئۈزۈم بىلەن مېھمان قىلغان، ئوردا ئاتلىرى بېدە بىلەن بېقىلغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى زىغىر، پۇرچاق، ئانار، سامساق، پىياز، يۇمغاقسۇت، ياڭاق قاتارلىق زىرائەتلەر ئىچكى رايونلارغا تارقىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى زىرائەتلەرنىڭ تۈرىنى زور دەرىجىدە بېيىتىپ، ئىچكى رايون خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى ياخشىلىغان، يېزا ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپلىگەن ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى چاپتۇرغان. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى چارقىلىق،

لوپنۇر، بۈگۈر، شايار، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بىرمۇنچە قەدىمكى ئېرىق-ئۆستەڭ خارابىلىرىنى تاپقان. مەسىلەن، شايار ناھىيىسىدىن تېپىلغان خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئۈچ مېتىر بولۇپ، قاشلىرى قىزىل توپىدىن ياسالغان. ئۆستەڭگە يېقىن جايدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن نۇرغۇنلىغان پۇل، يىپەك رەخت تېپىلغان ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئېتىزلارنىڭ ئىزلىرى ئۇچرىتىلغان، ئەينى زاماندا مىرەندە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى يولغا قويۇلغان جايدىن بىرقەدەر مۇكەممەل سۇغىرىش ئىنشائاتى سىستېمىسى تېپىلغان. غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ ۋە ئېرىقلاردىن تەركىب تاپقان بۇ سۇ يوللىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 37 كىلومېتىر، ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق. بۇ سۇغىرىش ئىنشائاتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلاردا يەنە «تۇسما سالغۇچى ئىسكەر» تۇرغۇزۇلغان. «دەريالار تەپسىراتى. ئۆستەڭ ھەققىدە» دە خاتىرىلىنىشىچە، دۇنخۇاڭلىق سومەي خەن سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كروراندا بوز يەر ئاچقان ھەمدە مىرەندىكى بوز يەر ئېچىش رايونىدا جۇبىڭ دەرياسىغا چوڭ تۇسما ياساپ، ئېتىزلارنى سۇغىرىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە بىر تۈمەن دادەن ئاشلىق توپلىغان. غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، غايەت زور نەتىجە قازانغان.

«تارىخنامە. پەرغانە تەزكىرىسى» دە قەيت قىلىنىشىچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 102-يىلى لى گۇاڭلى پەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، پەرغانە شەھىرى ئىچىدە قۇدۇقنىڭ يوقلۇقىنى، پۈتۈنلەي سىرتتىن كىرىدىغان ئېقىن سۇغا قاراشلىق

ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىن كېيىن، لى گۇاڭلى ئادەم ئەۋەتىپ شە-
ھەرگە كىرىدىغان ئېرىقنى توسۇۋېلىپ، پەرغانىنى تەسلىم بو-
لۇشقا قىستاپ شەھەرنى 40 كۈن مۇھاسىرە قىلىغان بولسىمۇ،
لېكىن شەھەردە سۇ ئۈزۈلمىگەن. لى گۇاڭلى شەھەرنى ئالغان-
دىن كېيىن، سەۋەبى «پەرغانە شەھىرىدە چىن بەگلىكىدىن يې-
قىندا كەلگەن قۇدۇق قېزىش تېخنىكىسىنى بىلىدىغان بىر ئادەم-
نىڭ بولغانلىقى» دىن ئىكەنلىكىنى بىلگەن. دېمەك، قۇدۇق
قېزىش تېخنىكىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا يېتىپ كېلىشى خەلقنى
تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە ناھايىتى زور قولاي
شارائىتقا ئىگە قىلغان.

مېتالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى غەربىي
خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيە-
ين، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىلغار مېتالچىلىق تېخنىكىسىنى
غەربىي يۇرتقا ئېلىپ كىرىپ، بۇ جايلاردا مېتالچىلىق ئىشلىرى-
نى تېز راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئارخېئولوگىيە
خادىملىرى كۇچا، نىيە، لوپ قاتارلىق جايلاردا خەن سۇلالە-
سى دەۋرىگە ئائىت مېتالچىلىق خارابىلىرىنى ئۇچراتقان. مەسى-
لەن، كۇچانىڭ ئاغى تېغىدىكى مېتالچىلىق خارابىسىدىن چاناق،
داشقال، رۇدا ۋە ساپال نەيچە (كۆرەك نەيچىسى) تېپىلغان.
نىيە ناھىيىسىدىكى نىيە خارابىسىدىن رۇدا، تۆمۈر داشقىلى،
رۇدا ئۇۋاقلىرى، تاش ئۇسكۈنە، تاش ساقا، سۇنۇق تۆمۈر
كۆرجەك قاتارلىق نەرسىلەرنى تاپقان. كۇچادىن يەنە مىس
كان خارابىسى تېپىلغان، بۇ مېتالچىلىق خارابىلىرىدىن يەنە
خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەش جۇ① لۇق يارماق پۇل قېزىۋې-
لىندى.

① جۇ (铢) ئېغىرلىق بىرلىكى بولۇپ، بىر جۇ بىر سەرلىڭ $\frac{1}{24}$ دىگە تەڭ كې-
لىدۇ.—م.

لىنغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۆسەتلىكلەر كۆمۈر بىلەن رۇدا ئېرىتىپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل ئەسۋاب ۋە قورال-جابدۇق-لارنى ياساپ، باشقا جايلارنى تەمىنلىگەن. شۇڭا بۇ جاي غەر-بىي يۇرتنىڭ مېتالچىلىق مەركىزى بولۇپ قالغان. شۈبھىسىز-كى، مېتالچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى غەربىي يۇرتنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائىتىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولغان.

چارۋىچىلىق خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي تارمىقى ئىدى. ئۇيسۇن «دۆلىتىدە ئات كۆپ بولۇپ، بايلاردا 4000 — 5000 ئات بولغان»①. پەرغانى-دە «ئېسىل ئات كۆپ» بولۇپ، «دۇلدۇل» دەپ ئاتالغان. «چۆل كېمىسى» دەپ ئاتالغان تۆگە غەربىي يۇرتنىڭ مۇھىم ترانس-پورت كۈچى ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ھەرقاي-سى بەگلىكلەردە يەنە كۆپلىگەن ئېشەك، قېچىر، كالا، قوي قاتارلىق چارۋا ماللار بېقىلاتتى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 64 - يىلى ئۇيسۇن خانى مەلىكە جىيېيۇدىن تۇغۇلغان تۇنجى ئوغلى يۈەن گۈيمىغا خەن سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسىنى ئې-لىپ بېرىش ئۈچۈن 1000 ئات ۋە 1000 قېچىر تويلۇق بەر-گەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت ئۇيسۇنلار قەبرىسىدە ھەمدەپنە قىلىنغان چارۋا ئاساسەن ئات ۋە قوي بولغان. ئۇ چاغلاردا غەربىي يۇرتنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئىنتايىن راۋاجلانغان.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ ئات، كالا، ئېشەك، قېچىر قاتارلىق چارۋا ماللىرى ئىچكى رايونلارغا ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئۇيسۇن، پەرغانە ئاتلىرى ئولپان ۋە سودا - سېتىق شەكىللىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭ-

---

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

لىككە زور مىقداردا كىرگۈزۈلەتتى، بۇ بىر تەرەپتىن خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى رايوندىكى ئات بېقىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۆستۈرۈش، دېھقانلارنىڭ ئەمگەك شارائىتىنى ياخشىلاش جەھەتتە، ئىنتايىن پايدىلىق رول ئوينىغان. بۇ غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا قوشقان يەنە بىر زور تۆھپىسىدۇر.

قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ غەربىي يۇرتتا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم بىر خىل تارمىقى ئىدى. مىتال تاۋلاشتىن تاشقىرى، يەنە كۇلالچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، قاشتېشى، مۈڭگۈز ۋە سۆڭەك بۇيۇملىرىنى ئىشلەش، كۆنچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر بولغان. يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى جەھەتتە غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقى كىگىز، گىلەم ۋە يۇڭ رەخت قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقارغان. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار جەريانىدا، ھەر خىل يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ قالدۇقلىرى تېپىلدى. مەسىلەن، تاشپاقا قېپىغا تەقلىد قىلىنغان چاسا يوللۇق ۋە ئادەم، ھايۋان، ئۈزۈم شەكىللىرى چۈشۈرۈلگەن يۇڭ رەختلەر شۇ زاماندا غەربىي يۇرتتىكى يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

سودا ـ تىجارەتمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي، شىمالىدىكى جايلاردىن ۋە يىپەك يولى لىنىيىسىدىكى جايلار-

دىن خەن سۇلالىسىنىڭ بەش جۇلۇق يارماق پۇلى، خوتەن يارمىقى ۋە ئارساكىنىڭ كۆمۈش پۇلى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلىشى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى كۈچلۈك تۈردە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى خەنزۇ يېزىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللانغان. I ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى بىر قىسىم بەگلىكلەر خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىش بىلەن تەڭ ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ئىشلىتىلگەن كاروشتى يېزىقىنى قوللانغان. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى خوتەن رايونىدىن تۇرغۇزۇلغان «خەنزۇ يېزىقى ۋە كاروشتى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن يارماق» لارنى تاپتى، بۇ خوتەن يارمىقى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ پۇلنىڭ ئوڭ تەرىپىدە خەنزۇچە يۆگىمەچ شەكىلدىكى خەت بىلەن يارماقنىڭ ئېغىرلىقى ئىزاھلانغان بولۇپ، چوڭىغا «24 جۇلۇق مىس يارماق»، كىچىكىگە «ئالتە جۇلۇق يارماق» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن، پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئات ياكى تۆگە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇدۇن خانىنىڭ ئىسمى ۋە خانلىق نام-شەرىپى كاروشتى يېزىقى بىلەن يېزىلغان.

غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىچكى رايونلاردىن كەلگەن كۆچمەنلەر بىر-بىرىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزئارا چۈشىنىشكەن ۋە بېرىش-كېلىش قىلىشقان. مەسىلەن، خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇسۇنغا ياتلىق قىلىنغان مەلىكىسى ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى چاڭئەندىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، ئوردىدا «ئۇسۇن تىلىنى ئۆگەنگەن». غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنگەن ۋە

ئىشلەتكەن. بۇ ھەقتىكى مىساللار ناھايىتى كۆپ، غەربىي يۇرتتىكى بەزى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى خەنزۇچە ئىسىم قويۇۋالغان. مەسىلەن، ساكارائۇل بېگى «يەن»، «كالڭ» دېگەن ئىسىملارنى، پىشامشاننىڭ بېگى «ئەن» دېگەن ئىسىمنى، سۇلەنىڭ بېگى «جۇڭ» دېگەن ئىسىمنى قوللانغان. بۇندىن باشقا، نىيە خارابىسىدىن سوۋغات بۇيۇملىرىغا ئېسىپ قويۇلغان سەككىز دانە تارشا پۈتۈك تېپىلدى، بۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە پۈكۈنى نەرسە پالانى كىشىگە سوۋغا قىلىندى دېگەن خەت يېزىلغان. مەسىلەن، كەمىنىلىرى شيۇۋۇ سۇگيى ئۇشبۇ مارجان تاشنى تەقدىم قىلىدۇ ۋە سالام يوللايدۇ (ئوڭ تەرىپىدە)، شياۋ دازى جيۇجەنتېيىدىن (تەتۈر تەرىپىدە).

كەمىنىلىرى جۈن خۇا ئۇشبۇ مارجان تاشنى تەقدىم قىلىدۇ ۋە سالام يوللايدۇ(ئوڭ تەرىپىدە).چۈرچانخانىمىدىن(تەتۈر تەرىپىدە)

كەمىنىلىرى چېك دي تەزىم بىلەن ئۇشبۇ قىزىلگۈلنى تەقدىم قىلىدۇ ۋە قايتا-قايتا سالام يوللايدۇ (ئوڭ تەرىپىدە) ئۇلۇغ ۋاڭدىن (تەتۈر تەرىپىدە).

يۇقىرىدىكى تارشا پۈتۈكتىكى ئىسىم ۋە مەزمۇنلاردىن قارىغاندا، بۇلارنىڭ شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن قالغان نەرسىلەر ئىكەنلىكى ئېنىق. «مارجان تاش»، «قىزىلگۈل» دېگەن سۆزلەر ئېسىل ئۈنچە-مەرۋايىتلارنىڭ نامى. «شيۇۋۇ سۇگيى»، «شياۋدازى جيۇجيەنتېيى» دېگەن سۆزلەر ئادەمنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، مانا بۇ ئەينى زاماندا غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خەنزۇ تىل-يېزىقىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئىشلىتەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.①

① ۋاڭ ىڭشىڭ: «خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتى»، «ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى» نىڭ 1977-يىل 1-سانىدىن، «شىنجاڭدىكى يەرلىك تارىخ» غا دائىر ماتېرىياللاردىن ئېلىندى.

شۇ چاغلاردا، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر بەس - بەستە ئوغۇللىرىنى مۇلازىملىققا ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ خەن سۇلالىسىگە بولغان سىياسىي جەھەتتىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈردى. يەنە ئورغۇنلىغان يۇقىرى تەبىقىدىكى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرمۇ ئىچكى رايونغا بېرىپ خەنزۇ يېزىقىنى ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ قائىدە - قانۇن تۈزۈملىرىنى ئۆگەندى. ئۇلارغا خەن سۇلالىسى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلدى، ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىش شارائىتى ۋە ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرقەدەر يۇقىرى بولغان فېئوداللىق مەدەنىيەت تەربىيىسىنى قوبۇل قىلدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى يەنە لوياڭدا ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن مۇلازىم ئوغۇللارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن مەخسۇس مېھمانخانا سالدۇردى. بۇ مۇلازىم ئوغۇللار يۇرتلىرىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى پائال يولغا قويدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى ئاكتىپ تارقاتتى. ئۈزۈنتات بەگلىكىنىڭ شاھزادىسى لەيدەن چاڭئەندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوردا تەرىپىدىن چېرىكچى سانغۇنلۇققا تەيىنلىنىپ، بۈگۈر، چىدىر قاتارلىق جايلاردا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 89 - يىلى خەن سۇلالىسى قوشۇنى قۇس بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۈشاق، چىدىر، كروران قاتارلىق ئالتە بەگلىكنىڭ مۇلازىم ئوغۇللىرى قايتىپ كېلىپ خەن سۇلالىسى قوشۇنىنى چارۋا مال، ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن قارشى ئالدى ھەمدە بىۋاستە لەشكەر تارتىپ، خەن سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە قۇس بەگلىكىنى تارمار قىلدى. ئۇسۇن بېگىنىڭ خانىشى مەلىكە جيېيۇدىن تۇغۇلغان دىشى ئىسىملىك

قىزى چاڭئەنگە ساز ئۆگىنىشكە بېرىپ، كېيىن كۇسەن بېگى جياڭ بىلەن توي قىلدى. تويىدىن كېيىن ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن چاڭئەنگە بېرىپ پادىشاھقا تەزىم بەردى. ئۇلار خەن سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئىنتايىن ھەۋەس قىلغان. يۇرتىغا قايتار چاغدا خەن سۇلالىسى ئۇلارغا «ئات-ھارۋا، تۇغ-ئەلەم ۋە دۇمباق، نەچچە ئونلىغان سازەندە-ناخشىچى، نۇرغۇنلىغان تاۋار-دۇردۇن ۋە نەچچە يۈز مىڭ دانە ئۈنچە-مەرۋايىت ئىنئام قىلغان»①. كېيىن ئۇلار ئوردىغا يەنە بىر قانچە قېتىم تەزىمگە ۋە ئۆگىنىشكە بارغان. جياڭ بىلىك كۇسەندە خەن سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا تەقلىد قىلىپ ئوردا سالدۇرغان، خەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈم ۋە قائىدە-يوسۇن، كىيىم-كېچەكلىرىنى دورىغان، خەن سۇلالىسىنىڭ مۇزىكا-ئۇسسۇللىرىنى يارىتىپ قالدى. ساكارئۇل بېگى يەن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەندى پادىشاھى زامانىدا چاڭئەندە ئۇزاق مەزگىل خاس مۇلازىم بولۇپ تۇرغان. يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئېلىنى خەن سۇلالىسىنىڭ قائىدە تۈزۈملىرى بويىچە ئىدارە قىلغان، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان تەسىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي يۇرتنىڭ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان ھەمدە ئىچكى رايونلارغا تەسىر كۆرسەتكەن.

ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۆڭكۈرلەردىكى تام سۈرەتلىرىدىن ئەينى زاماندىكى غەربىي يۇرتنىڭ بەرباپ، چارتار، غوڭقا، نەي، سوناي، بۇرغا، ناغرا، بەلدۇمباق، داپ قاتار-

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

لىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىقتۇرۇش مۇمكىن. يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن بالىمان، نەي، سامتۇر قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ بار.

غەربىي يۇرتنىڭ مۇزىكا سەنئىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغاندىن كېيىن، ئۆزگەرتىپ ياساش ئارقىلىق يېڭىبە نۇرغۇنلىغان يېڭى مۇزىكىلار ئىجاد قىلىنغان. لى يەنىنيەن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر مۇزىكانت بولۇپ، ئۇ خانلىق مۇزىكا سارىيىدا رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ جاڭ چيەن غەربىي يۇرتتىن ئالغاچ بارغان چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مۇزىكا «موكا دول»غا ئاساسەن 28 مۇزىكا ئىجاد قىلىپ، ئىچكى رايونلارنىڭ مۇزىكا سەنئىتىنى بېيىتقان.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر شامان دىنى، زوروئاستېر دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان.

شامان دىنى — بىر خىل ئىپتىدائىي دىن. «شامان» سۆزى تۇڭگۇس تىلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «ياخشى» دېگەنلىك بولىدۇ. شامان دىنى ئالەمدىكى جىمى مەۋجۇداتلارنىڭ روھى بولىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ؛ ئادەمدە روھ بولىدۇ، ھەمدە مەڭگۈلۈك، قايتا دۇنياغا كېلىدىغان ۋە ۋاقىتلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئۈچ خىل روھ بولىدۇ، ئالەم — ئەرش، دۇنيا ۋە دوزاخ دەپ ئۈچ قىسىمغا ئايرىلىدۇ، ئەرشتە ئىلاھ تۇرىدۇ، دۇنيادا ئىنسان ۋە ھايۋانلار تۇرىدۇ، جىن - ئالۋاستىلار دوزاختا تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ؛ بۇ ئالەمدىكى بالايىئاپەت بىلەن بەخت - سائادەتنى ئىلاھ بىلەن جىن - ئالۋاستىلار بەلگىلەيدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. شامان دىنى ھون، ئۇسۇنلار ئارىسىدا كەڭ ئەۋج ئالغان. مىلادىدىن ئىلگى-

رنكى I ئەسىردىلا، شامان دىنى تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىما-
لىدىكى ھەرقايسى جايلاردا تارقالغان.

زورو ئاستېر دىنى (ئوتقا چوقۇنۇش دىنى، ئاتەشپەرەسلىك
دەپمۇ ئاتىلىدۇ) — زورو ئاستېرلار كۈن، ئاي، يۇلتۇزغا چوقۇنىدۇ،
ئوتقىمۇ چوقۇنىدۇ. بۇ دىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى V - VI ئەسىر-
لەردە پېرسىيىدە بارلىققا كەلگەن، ئۇنىڭ ئىجادچىسى زورو
ئاستېر، «ئاۋېستا» بۇ دىننىڭ ئاساسلىق دەستۇرى. بۇ دىن
ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەنبەچىلىكنى
ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى قىلغان. ياخشىلىق ئىلاھى يورۇقلۇق،
پاكلىق، ئىجادكارلىق، ھاياتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ يامانلىق
ئىلاھى زۇلمەتلىك، ئىپلاسلىق، بۇزۇقچىلىق، ھالاكەتكە ۋەكىللىك
قىلىدۇ. ياخشىلىق ئىلاھى بىلەن يامانلىق ئىلاھى داۋاملىق
ئۇرۇشىدۇ، ئاخىرىدا يامانلىق ئىلاھى مەغلۇپ بولىدۇ. ئىنسانلار
ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن بىرىنى تاللايدۇ ۋە ئۆلگەندىن
كېيىن ياخشىلىق ئىلاھىنىڭ سوراق قىلىشىدىن ئۆتىدۇ، ھايات
ۋاقتىدىكى ئىبادىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا قاراپ، يا جەننەتكە
كىرىدۇ، يا دوزاخقا تاشلىنىدۇ. زورو ئاستېر دىنىنىڭ
ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەنبەچىلىك
ئىدىيىسى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئايرىلغاندىن كېيىن
ئەينى زاماندىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن قالاق
كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئىنكاسىدۇر.

زورو ئاستېر دىنى مەيدانغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسى، ئامۇ دەرياسى ئەتراپىدىكى
جايلارغا تارقىلىپ كىرگەن، تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى
IV ئەسىردە شىنجاڭغا كىرگەن، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى
ئالغۇيدىكى تىك قېزىلما قەبرىلەردىن زورو ئاستېر دىنىغا
خاس نەزىر - چىراغ تەكچىسىنى ئۇچراتقان. غەربىي خەن

سۇلالىسى بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە زورو-
ئاستېر دىنى شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان.
بۇددا دىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە، قەدىمكى
ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن، ئۇنىڭ يارىتقۇچىسى گاۋتاما
سىددارتا. بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى دۇنيا «ئازاب - ئوقۇبەت»
بىلەن تولغان، «ئازاب - ئوقۇبەت دېڭىزىنىڭ چېكى يوق»،
ئىنسانلار ئازاب - ئوقۇبەت دېڭىزىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بۇددا
دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، تائەت - ئىبادەت قىلىشى كېرەك، شۇنداق
قىلغاندا ئاندىن ئازاب - ئوقۇبەت دېڭىزىدىن قۇتۇلۇپ، يا
تۇغۇلمايدىغان، يا ئۆلمەيدىغان نىرۋانا (ھايات - ماماتتىن
خالىي دۇنيا) دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ دەپ قارايدۇ. مىلادىدىن
ئىلگىرىكى II ئەسىردىن باشلاپ بۇددا دىنى ئارساك، باكتىرىيە،
توخرى، كانگىيە ۋە كەشمىر رايونلىرىغىچە تارقالغان، يەنە
كەشمىر ئارقىلىق تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا تارقالغان. ئۇدۇن
بىلەن كوسەن بۇددا دىنىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئىككى
مەركىزى ئىدى. مىلادى I ئەسىردە، بۇددا دىنى خوتەن،
قەشقەر قاتارلىق جايلاردا دەسلەپكى قەدەمدە راۋاجلىنىشقا
باشلىغان، يېقىنقى زاماندا خوتەن رايونىدىن تېپىلغان كاروش-
تى يېزىقىدا يېزىلغان «دارما سۇترا» مىلادى I ئەسىردىكى
بۇددا نوملىرىنىڭ يازما نۇسخىسى ئىدى. شەرقىي خەن
سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇنلىغان كامىل
راھىبلار ئىچكى رايونلارغا بېرىپ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە
قىلىش ۋە بۇددا دىنىنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان.
مەسىلەن، قەندىھارلىق سىرو - كاشا، ئارساكلىق كامىل راھىب
ئەنشىگاۋ لويانگغا بېرىپ نوملارنى تەرجىمە قىلىپ دىن
تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان.

## 2. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «يىپەك يولى»

«يىپەك يولى» قەدىمكى زاماندا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىدىن شەرقتىن غەربكە، كېسىپ ئۆتىدىغان، جۇڭگو بىلەن غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا سودا ئالاقىسى ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇقلۇقتىكى چوڭ كارۋان يولى ئىدى. جۇڭگو-نىڭ يىپەك بۇيۇملىرى غەربكە مۇشۇ يول ئارقىلىق زور مىقداردا توشۇلغانلىقتىن، كىشىلەر بۇ مۇھىم قاتناش لىنىيىسىنى «يىپەك يولى» دەپ ئاتىغان.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «يىپەك يولى» شەرقتە، خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن باشلىنىپ، غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ خېشى كارىدورى ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا تۇتىشىدۇ، دۇنخۇاڭدىن يەنە غەربكە سوزۇلۇپ جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. جەنۇبىي يول دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن باشلىنىپ كىروران، مىرەن، پىشامشان، نوپچان، چەرچان، نىيە، ئۈزۈن تات، ئۇدۇن، ياسان، ساكارائۇل، سارىقۇل، مالۇر، پامىر، تۇخرى، ئارساك، تياۋجى ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا داكچىن (رىم ئىمپېرىيىسى)غا تۇتىشىدۇ. شىمالىي يول دۇنخۇاڭدىن باشلىنىپ يۈيمېنگۇەن قوۋۇقىدىن ئۆتۈپ ئالدى قۇسقا يەتكەندىن كېيىن، تىيانشان-نىڭ جەنۇبىنى بويلاپ غەربكە سوزۇلۇپ ئۇشاق، كىنىگىت، ۋائىرىيە، ئورياپ، بۈگۈر، كۇسەن، قۇم، سۇلى، غەربىي پامىر ئارقىلىق پەرغانە ۋە كانگىيىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن ئائۇرسى (ھازىرقى ئارال دېڭىزىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان جايلار)غا تۇتىشىدۇ.

جاڭ چيەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ئەللەرگە داۋاملىق ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ جايلاردىكى دۆلەتلەرنى دائىم دوستانە زىيارەت قىلىپ

تۇردى. ئەينى زاماندا «بۇ يولدا ئەلچىلەر ھەمىشە ئۇچراپ تۇراتتى»، «ھەر بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىدە كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز، ئاز بولغاندا يۈز نەچچە ئادەم بولاتتى». بىر يىل ئىچىدە «ئەلچىلەر ئۆمىكى ئاز دېگەندە 5 - 6 تۈركۈم، كۆپ بولغاندا ئون نەچچە تۈركۈم بولاتتى». سەپىرى يىراق ئەلچىلەرنىڭ بىر قېتىملىق كېلىپ - كېتىشى ئۈچۈن 8 - 9 يىل كەتسە، يېقىنلىرى ئۈچۈن بىر قانچە يىل ۋاقىت كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرىمۇ ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى.

سودا - سېتىق ئىشلىرى دەسلەپتە ھۆكۈمەت سودىسى شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان. غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ھېمىشە تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرغان، ئۇلار «ئولپان تاپشۇرۇش» نامىدا سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار «ئولپان نامىدا ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى بازارغا سالاتتى» ①.

ھۆكۈمەت سودىسىدىن تاشقىرى، خەلق ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇئامىلىسىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى يىپەك سودىسىدىن كېلىدىغان غايەت زور پايدىنى كۆزلەپ، يولنىڭ يىراق، جاپالىق، خەتەرلىك بولۇشىدىن قورقماي، ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ، قاتار - قاتار تۆگە كارۋانلارغا ئەگىشىپ، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ چوڭ يولدا ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇراتتى. تۈركۈم - تۈركۈم سودىگەرلەر «ئۆتەڭلەردىكى دەڭلەرگە چۈشۈپ كېتەتتى، يىل بويى ئايىغى ئۈزۈلمىگەن سودىگەرلەر ۋە ئېلىپ ساتارلار ھەر كۈنى قورۇللاردا سودا - تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى»②.

---

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»

② «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»

بۇنىڭدىن يىپەك يولىنىڭ گۈللەنگەنلىكى ئايان ئىدى.

يىپەك رەخت مەملىكىتىمىزدىن چەتكە چىقىرىلىدىغان ئاساسلىق تاۋار ھېسابلىناتتى. زور مىقداردىكى يىپەك ماللار ئىچكى رايوندىن غەربىي يۇرتقا توشۇلاتتى، ئاندىن كېيىن ھىندىستان، ئارساك، گرېتسىيە ۋە رىمغا توشۇلۇپ سېتىلاتتى. بۇ تاۋارلار ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر ئىدى. رىمنىڭ ئاقسۆڭەك خېنىملىرى جۇڭگونىڭ تاۋار- دۇردۇنلىرىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى بەس- بەستە كىيىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېسىللىقى ۋە زەردارلىقىنى كۆز- كۆز قىلاتتى. رىم دۆلىتى ھەر يىلى نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلىپ، جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرىنى سېتىۋالاتتى. يىپەك رەخت سودىسى ئەينى زاماندا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان دۇنياۋى چوڭ سودا بولۇپ قالغانىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئائىت يىپەك توقۇلما بۇيۇملارنى تاپتى. مەسىلەن، 1959-يىلى نىيە ناھىيىسىدىكى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە قەۋرىدىن قېزىۋېلىنغان بىر جۈپ ئەر- خوتۇننىڭ چاپان، ئىشتان، يەكتەك، پايپاق، ياستۇق، ئۇزۇن كۆڭلەك، قول ياغلىق، كىيىم- كېچەك ۋە زىبۇ- زىننەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىچكى رايوننىڭ يىپىكىدىن ئىشلەنگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل، ئاق، سۆسۈن، كۆك، يېشىل بەش خىل مەشۇت يىپتىن توقۇلغان، «ھەممە ئىشلىرىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولغاي» دېگەن خەتلەر كەشتىلەنگەن ۋە قىزىل، ئاق، كۆك، ئەت رەڭ، قىزغۇچ سېرىقتىن ئىبارەت بەش خىل رەڭدار مەشۇت يىپتىن «ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولۇپ، ئەۋلادلىرىغا شاپائەت يەتكۈزگەي-لا» دېگەن خەتلەر كەشتىلەنگەن كىمخاپلار بولغان. يىپەك توقۇلما بۇيۇملار-

نىڭ كۆپلەپ چىقىشى غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى رايون ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك سودىسىنىڭ ناھايىتى جانلىق بولغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

دۆلىتىمىزدە چەت ئەلگە چىقىرىلىدىغان تاۋارلار ئىچىدە يىپەك رەختلەردىن باشقا يەنە ئالتۇن - كۈمۈش، تۆمۈر ئەسۋابلار، مىس ئەينەك، سىرلانغان جابدۇقلار، فار - فور قاچا قاتارلىقلار بار ئىدى. بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى، ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئىدى. بۇنداق ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى سېتىۋالغان دۆلەتلەر ئۇنى تىللا - تەڭگە ياساشقا ئىشلىتىشكە كۆزى قىيماي، مەخسۇس ئاقسۆڭەكلەر ۋە بايلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ھەر خىل قاچىلارنى ياساشقا ئىشلەتكەن، شۇ سەۋەبتىن ئەينى چاغلاردا ئالتۇنمۇ سودىگەرلەر قولىغا چۈشۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئەتىۋارلىق بايلىق ئىدى.

يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارىدىغان ماللار ئاساسەن يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، ئۈنچە - مەرۋايىت، ئات ۋە ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇسۇن، ئۇدۇن، پىشامشاندىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى غەربنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرلىرىنى تېخىمۇ بېيىتقان. بۇ مەھسۇلاتلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ ئىنتايىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. تارىخچى بەنگۇ ئىنىسى بەنچاۋغا 300 توپ شايى ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇنى توخرىلارغا سېتىپ، پۇلىغا ئۇدۇن ۋە پىشامشان زىلچىسىدىن ئېلىپ ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلاپ خەت يازغان. غەربىي يۇرت يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ ئىچكى رايونلارغا كىرىشى ئىچكى رايون خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى بېيىتقان.

بۇ باپتىن قىسقىچە خۇلاسە: غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، غەربىي يۇرت مەملىكەتلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قەدىمكى مىللەت ھونلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان، ھونلار باج-سېلىق تۆلىگۈچى بەگلىكلەرگە چاكارلار كاھىبىگى قويغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60-يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنى بىر تۇتاش باشقۇرغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن.

خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى كۆپ تەرەققىي قىلغان. خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوللانغان باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ۋە غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچىيىشى غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

### ئويلىنىش ۋە مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىشى-
نىڭ سەۋەبى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى نېمە؟

2. خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىن

ئىبارەت بۇ جاينى قانداق بىر تۇتاش باشقۇرغان؟

3. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق ئىدى؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرى نېمە؟

4. نېمە، ئۈچۈن شىنجاڭنى غەربىي خەن سۇلالىسىدىن ئېتىبارەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى بولغان دەيمىز؟

# III باب ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت

ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر 220 - يىلى ساۋپېي قۇرغان ۋېي پادىشاھلىقىدىن 581 - يىلى ياڭ جيەن قۇرغان سۈي سۇلالىسىگە قەدەر بولغان تارىخىي دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ 360 يىلدىن ئارتۇق تارىخىي جەرياندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەتلەر تولا ئالماشقان، ۋېي، شۇ، ۋۇدىن ئىبارەت ئۈچ پادىشاھلىق، قىسقا مۇددەت بىرلىككە كەلگەن غەربىي جىن سۇلالىسى، جەنۇب بىلەن شىمال تىركىشىپ تۇرغان مەزگىلدىكى 16 پادىشاھلىق ۋە شەرقىي جىن سۇلالىسى، شۇنىڭدەك جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى سۇڭ، چى، لياڭ، چېن پادىشاھلىقلىرى ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى شىمالىي ۋېي، شەرقىي ۋېي، غەربىي ۋېي، شىمالىي چى، شىمالىي جۇ پادىشاھلىقلىرى قاتارلىق فېئودال سۇلالىلەر ئۆتكەن. بۇ مەزگىل ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە چوڭ داۋالغۇش، چوڭ بۆلۈنۈش ۋە مىللەتلەر ئارا چوڭ قوشۇلۇش بولغان دەۋر ئىدى.

بۇ دەۋردە تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھاكىمىيەتلەرمۇ بىر - بىرىنى يۇتۇۋېلىش ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقتىن، يەتتە بەگلىك تىركەشكەن ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. سىيانپېي، جۇجان، قاڭقىل، ئېفتالىت قاتارلىق مىللەتلەر غەربىي يۇرتتا خېلى ئۇزاقتىچە زومىگەرلىك، غوجىلىق ئۇرۇ-

شى ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ كەڭ دۆردە ئارىلىشىشى ۋە
قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## §18. ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كەڭ دۆردە قوشۇلۇشى

### 1. غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي يۇرتتىكى ھۆ-
كۈمرانلىق قىلغان خۇنلار تەۋەلىكىدىكى كەڭ رايونلاردا ئۇدا
بىر قانچە يىل چېكەتكە ئاپىتى ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز
بەردى، نەچچە، مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان كەڭ زېمىندا ئوت-
چۆپ ۋە دەل-دەرەخلەر قۇرۇپ كېتىپ، ئادەم ۋە چارۋا
ماللار ئاچارچىلىق ۋە كېسەل سەۋەبىدىن كۆپلەپ قىرىلىپ
كەتتى، بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان
خۇن ھاكىمىيىتى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. بۇنداق مۈشكۈل
ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتە، خۇن ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلىرى گۇرۇھى
ئىچىدە يەنە يېغىلىق يۈز بېرىپ، ھاكىمىيەت جەنۇب،
شىمال دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. جەنۇبىي خۇنلار
شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. ئۇلارنىڭ قوۋ-
ملىرى بېيىدى، شۇفاڭ، ۋۇيۈەن، يۈنجۇڭ، دىڭشاڭ، يەنمېن،
دەيجۈن قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، خەنزۇلار
بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلىشىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ دېھ-
قانچىلىق مەدەنىيىتىنى پەيدىنپەي قوبۇل قىلدى. تۇرمۇش
مۇھىتىنىڭ مۇقىم بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلى-
شى نەتىجىسىدە، شىمالىي خۇنلارنىڭ ئاھالىلىرىمۇ داۋاملىق

ئۇردا جەنۇبىي ھونلارنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ تۇردى، بۇنىڭ
بىلەن جەنۇبىي ھونلارنىڭ نوپۇسى تېز كۆپىيىپ، سەددىچىن-
نىڭ ئىچىگە كۆچۈپ مىلادى I ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا،
بارغان چاغدىكىدىن تەخمىنەن تۆت - بەش ھەسسە كۆپەيدى ①.

جەنۇبىي ھونلارنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆ-
تۈشى بىلەن شىمالىي ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۈچى زور
دەرىجىدە ئاجىزلاشتى. قۇلدارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى سىنىپىي
زىددىيەت بىلەن مىللىي زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈ-
رۈۋەتكەنلىكتىن، ئۇزاقتىن بۇيان ھونلار تەرىپىدىن قۇل قى-
لىنىپ كەلگەن ئۇغانلار، دىڭلىڭلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى مىل-
لەتلەر قوزغىلىپ ھونلارغا قارشى كۈرەش قىلدى. «كېيىنكى
خەننامە. جەنۇبىي ھونلار تەزكىرىسى» دە «شۇ ۋاقىتتا شى-
مالىي ھونلار زەئىپلىشىپ، ئىچ - ئىچىدىن پارچىلىنىپ كەت-
كەن. جەنۇبىي ھونلار ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن، دىڭلىڭلار
ئارقا تەرىپىدىن، سيانپىيلار سول تەرىپىدىن، غەربىي يۇرتتى-
كىلەر ئوڭ تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلغان» دېيىلگەن. مۇشۇنداق
تۆت تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ، ھونلار پاتىپاراق بولۇپ
كەتتى، بۇ ۋاقىتتا شەرقىي خەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتى شى-
مالىي ھونلارغا سىياسىي جەھەتتىن پارچىلاش، ھەربىي جە-
ھەتتىن ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويغان-
لىقتىن، ھون ھاكىمىيىتى مىلادى 91 - يىلى (پادىشاھ خې-
دىنىڭ يۇڭيۈەن 3 - يىلى) ئۇزۇل - كېسىل يىمىرىلدى. شى-
مالىي ھونلار «ئەسلىگە كېلەلمەي، يىراققا كەتتى»②. ئۇ-
لارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا بېرىپ، جەنۇبىي ھونلارغا قو-

① «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھونلار تەزكىرىسى».
② «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھونلار تەزكىرىسى».

شۇلدى، يەنە بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ، ئۇيسۇنلار تەرەپكە كەتتى» ①. قالغان بىر قىسمى كانسۇيگە باردى②، شىنجاڭ رايونىدا تۇرۇپ قالغان ھونلار بولسا غەربىي يۇرتلۇقلار تەرىپىدىن «كۇەيخۇ» دەپ ئاتالدى.

184 - يىلى (پادىشاھ لىڭدىنىڭ گۇاڭخې 7 - يىلى)

كەڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە داغدۇغىلىق سېرىق ياغلىقلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسىدە لىڭشىپ قالدى. سېرىق ياغلىقلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا، زوراۋان كۈچلەرنى ئاساس قىلغان فېئودال مىلىتارىستلار باش كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ مىلىتارىستلارنىڭ كۆپ يىل ئۇرۇشۇشى ۋە بىر-بىرىنى يەم قىلىشى ئارقىسىدا، ۋېي، شۇ، ۋۇدىن ئىبارەت ئۈچ پاراللېل بۆلۈنمە ھاكىمىيەت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھالەت شەكىللەندى. ئۈچ پادىشاھلىقتىن كېيىن بىرلىككە كەلگەن غەربىي جىن سۇلالىسى تەشكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆمرى بەك قىسقا بولدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا بەش غوز، 16 بەگلىك ۋە ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر مەيدانغا كېلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە 300 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان چوڭ داۋالغۇش ۋە چوڭ بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى كېلىپ چىقتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلارنىڭ غەربىي يۇرتنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش كۈچى غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن كۆپ ئاجىزلاپ كەتتى. شۇڭا، غەربىي يۇرتتىكى بىرقانچە ئون يەرلىك ھاكىمىيەتلەرمۇ بىر-بىرىنى يۇتۇۋېلىش يولىدا كەسكىن ئۇرۇش ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، تىيانشاننىڭ شىمالىدا ئۇيسۇن بىلەن

① «كېيىنكى خەننامە. يۇەن ئەنىنىڭ تەرجىمىھالى».
② «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

قۇس بەگلىكى، جەنۇبىدا كىنگەت، كۇسەن، پىشامشان، ئۇدۇن ۋە سۇلى بەگلىكلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆرۈش بولۇپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدا يەتتە بەگلىكنىڭ تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئالتاي رايونىدا ئوغۇز، خاككاس، دىڭلىڭ قەبىلىلىرى، كۆئېنلۇن، قاراقۇرۇم تېغى ئەتراپىدا چاڭلار قاتارلىق قەبىلىلەر بولغانىدى. بۇ خىل سياسىي ۋەزىيەت سىيانپىي، جۇجان، قاڭقىل، ئېفتالىت قاتارلىق كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىن ئىبارەت بۇ سياسىي، تارىخىي سەھنىدىكى پائالىيىتى ۋە قوراللىق جاڭجاللىرى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى.

2. غەربىي يۇرتتىكى سىيانپىي، جۇجان، قاڭقىل، ئېفتالىتلار

سىيانپىيلار مەملىكىتىمىزدە قەدىمكى دەۋردە ياشىغان شەرقىي خۇلارنىڭ قالدۇق قىسمى ئىدى. ئۇلار ئەڭ بۇرۇن سىيانپىي تاغلىرى (هازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى جىرىم ئايمىقىنىڭ كورچىن سول قانات سول قوشۇنىنىڭ غەربىي قىسمى) دا ياشىغان، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بۇگۇنكى ساراموررۇن دەريا ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىپ، چارۋىچىلىق ۋە قوشۇمچە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار هونلار تەرىپىدىن قۇل قىلىنغانىدى. مىلادى 54 ـ يىلى (شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنۋۇ 30 ـ يىلى) سىيانپىيلارنىڭ چوڭلىرىدىن چۇفېن، مانتۇ قاتارلىق قەبىلە باشلىقلىرى لويياڭغا كېلىپ ئولپان تەقدىم قىلىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى، ليۇشيۇ چۇفېنغا ۋاڭلىق، مانتۇغا تۆرىلىك ئۇنۋان بەردي. مىلادي I ئەسىردە هونلارنىڭ

قوللۇق تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، سيانپىيلار شىمالىي ھۇنلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىغا كىرىپ، شىمالىي چۆللۈكنىڭ كەڭ رايونلىرىنى ئىگىلىدى ھەمدە قالدۇق ھۇنلارنىڭ 10 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادىمىنى قوشۇۋېلىپ، پەيدىنپەي كۈچەيدى. I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى (شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى) گە بارغاندا، سيانپىيلارنىڭ كاتتىسى تانشىخۇەي شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى ياڭگاۋ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تەنخەن تېغىدا ئوردا قۇرۇپ، تۈزۈم ئورنىتىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنى شەرق، ئوتتۇرا ۋە غەرب دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ، ھەربىر جايغا ئۆز ئاقساقاللىرىنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ۋاقىتتا، سيانپىيلارنىڭ «قوشۇنلىرى 100 مىڭغا يېتىپ، كۈچى ئىنتايىن زورايغانىدى، ئەسكەرلىرى خىل، ئاتلىرى سېمىز بولۇپ، ھۇنلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى»①، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، سيانپىيلارنىڭ ئىچىدىكى تۇبالار، يۈۋېن، مورۇڭ، چىفۇ، تۇفا قاتارلىق قەبىلىلەر كەينى-كەينىدىن شىمالدا ھاكىمىيەت قۇرغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى تۇبالار ئىدى. 338-يىلى (جىن چېڭدىنىڭ شەنكاڭ 4-يىلى) تۇبالارنىڭ ئاقساقىلى شى يىجيەن دەي بەگلىكىنىڭ ۋاڭلىق تەختىگە چىقىپ، «ھەر خىل مەنسەپدار تەسىس قىلىپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرگە مەسئۇل قىلدى»②. تۇبالار قەبىلىسى مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىۋاتقان پەيتتە، 376-يىلى (جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۈەن

① «ۋېيشامە. مۇقەددىمە».
② «ۋېيشامە، مۇقەددىمە».

1 - يىلى) ئالدىنقى جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى فۇجيەن توبا قەبىلىسىنى بويسۇندۇردى، دەي بەگلىكىنىڭ بېكى شى يىجيەن ئوغلى شى جۈن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن قەبىلىلىرى تارقىلىپ كېتىپ، دەي ھاكىمىيىتى گۇمران بولدى. 386 - يىلى (جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۈەن 11 - يىلى) شى يىجيەننىڭ نەۋرىسى توباگۇي ئالدىنقى جىن سۇلالىسىنىڭ فېيشۈي دەرياسى بويىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ھاكىمىيىتى پارچىلىنىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىڭلې شەھىرىدە (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ھۆرۇنگېر شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا) ئۆزىنى بەگ دەپ جاكارلاپ، دەي بەگلىكىنى قايتا قۇرۇپ، شۇ يىلى دۆلەت نامىنى ۋېي قىلىپ ئۆزگەرتىپ، پايتەختىنى پىڭچېڭ شەھىرى (ھازىرقى سەنشىنىڭ داتۇڭ دېگەن يېرى) گە كۆچۈردى، بۇ ھاكىمىيەت تارىختا شىمالىي ۋېي دەپ ئاتالدى.

جۇجانلار، يەنە چۇرچانلار ياكى ئاۋارلار دەپمۇ ئاتالغان. جۇجان ھۆكۈمرانلىرى يۇجۇلۇ ئۇرۇقىنى يادرو قىلغان، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئەجدادى مۇگۇلۇ ئىدى. 1 ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا، مۇگۇلۇ سىيانپىيلار تەرىپىدىن قۇللۇققا تۇتۇلغان. كېيىن قۇللۇقتىن بوشىتىلىپ، ئەركىن پۇقرا بولغان. ئەركىن پۇقرالىقتىن يەنە ئاتلىق ئەسكەر بولغان. ئۇنىڭ ئوغلى جۇلۇخۇي باتۇر، قەيسەر ئادەم بولغانلىقتىن، ئەتراپىغا قەبىلىلەرنى توپلاپ، نامىنى جۇجان دەپ ئاتاپ، داۋاملىق سىيانپىيلارنىڭ ئىلكىدە بولغان.

402 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تيەن شىڭ 5 - يىلى) سەللان جۇجانلارنىڭ باشلىقى بولدى، ئۇ شىمال تەرەپتە دەشتى قۇمدىن ئۆتۈپ، قاڭقىللارنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە ھونلارنىڭ قالدۇق قەبىلىلىرى بىلەن باشقا ئاجىز،

كىچىك قەبىلىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، كۈچىنى زورايتتى. كېيىن تۇلا دەرياسىنىڭ غەربىي تارمىقى بولغان خالغا دەرياسى بويىدا ئوردا قۇرۇپ، ئۆزىنى چۇدېبا قاغان دەپ جاكارلاپ، جۇجان خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى فېئودال خانلىق سۇلالىلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى تەقلىد قىلىپ يىلنامە بېكىتىپ، شىغاۋۇل، ياندىش شىغاۋۇل قاتارلىق مەنسەپلەرنى تەسىس قىلدى.

قاڭقىللار غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان. ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، دىڭلىڭلارنىڭ خېلى كۆپ قەبىلىلىرى جەنۇبقا كۆچۈپ كەلگەن. شىماللىقلار دىڭلىڭلارنى تېلىلار دەپمۇ ئاتىغان، تېلىلار ئوت، سۇ قوغلىشىپ، ھارۋا بىلەن يايلاقلار ئارا كۆچۈپ يۈرۈپ مال باققانلىقى، شۇنىڭدەك ھارۋىلىرىنىڭ چاقى چوڭ، شادىسى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمكى دەۋردە يەنە قاڭقىللار دەپمۇ ئاتالغان. قاڭقىللار ئومۇمەن سېلىنگا، تۇغلا ۋادىلىرىدا ۋە ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان تېلى قەبىلىلىرى ئىدى. جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە، قاڭقىللار ئۆز ئىچىدە ئالتە قەبىلە، 12 جەمەتكە بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يۈەنخې ئۇرۇقى (قەدىمكى ئۇيغۇرلار)، خاككاس ئۇرۇقى (قەدىمكى قىرغىزلار) بار ئىدى. پۇۋۇرغۇر ئۇرۇقىمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقلارنىڭ بىرى ئىدى. 487-يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 11-يىلى) جۇجان قاغانى دولۇن قوشۇن باشلاپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونلىرىغا كىرىپ پاراكەندىچىلىك سالغاندا، پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى، ئاپۇرغۇر قاتارلىقلار بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قارشى چىققان. قانچە نەسىھەت

قىلىشمۇ ئۇنىمىغان. ئاپۇرغۇر ۋە ئۇنىڭ بىر دەۋرە ئىنىسى چۇكچى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەبىلىلىرىنى باشلاپ «ئاشىيلىق قىلىپ غەرب تەرەپكە كەتكەن»، ئۇ موڭغۇل يايلىقىلىدىن ئۆتۈپ، ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق تۇرپان رايونىدىكى يارغۇلنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلىشىپ، ئۆزىنى ۋاڭ قىلىپ تىكلەپ، قاڭقىل خانلىقىنى قۇرغان. ئاپۇرغۇر ئۆزىنى «كۆل بىلگە» يەنى چوڭ خان دەپ ئاتىغان، چۇكچى ئۆزىنى «نائىج قاغان» دېگەن مەنىدە «كۆل بەي» دەپ ئاتىغان.

ئېفتالىتلار يەنە يەندا، يى دان، يى تەن دەپمۇ ئاتالغان①. دەسلەپتە خۇاگو بەگلىكى دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ كېخان جەمەتىنىڭ فامىلىسى ئېفتالىت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ۋاڭ جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى دۆلەت نامى قىلىۋالغان②. ئېفتالىتلار ھىندىستان ۋە شەرقىي رىم تارىخچىلىرى تەرىپىدىن ئاق ھۇن دەپمۇ ئاتالغان.

٧ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئۇلار ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشقان. 484 - يىلى پېرسىيەنى مەغلۇپ قىلىپ، دۆلەت نامىنى ئېفتالىت دەپ ئاتاپ، بەدەخشان (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى فەيز ئاباد) شەھىرىنى پايتەخت قىلغان.

ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە سىيانپىي، جۇجان، قاڭقىل، ئېفتالىت بەگلىكلىرى غەربىي يۇرتنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تالىشىپ، مۇشۇ تارىخىي سەھنىدە بىر ئەسىردىن كۆپ ۋاقىت قوراللىق تۇرۇشقان.

غەربىي يۇرتقا ئەڭ ئاۋۋال سىيانپىيلار كىرگەن بولۇپ،

① بۇ تارىخىي كىتابلاردا 悒阗、挹怛、嚈哒 دېگەن ئىبارىلەر بىلەنمۇ ئىپادە قىلىنغان.

② «قانۇنلار قامۇسى. چېگرا مۇداپىئە قامۇسى».

ئۇلار مىلادى II ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تىيانشان ئەتراپلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. سيانپىيلار قۇرغان شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بىر چوڭ دۆلەت بولغانلىقتىن، ئۇلارمۇ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولغان. ئەمما بۇنىڭغا جۇجانلار ئەڭ زور توسالغۇ بولغان. 402 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تيەنشىڭ 5 - يىلى) جۇجانلارنىڭ باشلىقى يۈ جۇلۈي سەللان قاغان بولغاندا، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى كىنگتىننىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا يېتىپ بارغان، 414 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسى مىڭ يۈەندىنىڭ شېن رۈي 1 - يىلى) غا بارغاندا، سەللاننىڭ قېيىنى ئاغىسى داتان قاغان بولغان، شۇ چاغدا، جۇجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەربىي ھاكىمىيىتى غەربىي يۇرتتىكى ئىۋېرغول، قۇچۇ، قوس، كىنگىت، كۈسەن، قۇم قاتارلىق جايلارنى كونترول قىلغان. V ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شىمالىي چۆللۈكتە ھەربىي جەھەتتە جۇجانلار ئۈستىدىن بىرقانچە قېتىم غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما جۇجانلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتەلمىگەن. شۇ سەۋەبتىن ئىككى تەرەپنىڭ غەربىي يۇرتتا زىتلىشىپ قېلىشى ۋە ئۇرۇشۇشى مۇقەررەر بولۇپ قالغان.

435 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەييەن 1 - يىلى) كۈسەن، سۇلى، ئۇسۇن، ياپبان، پىشامشان، كىنگىت، قوس قاتارلىق بەگلىكلەر جۇجانلارنىڭ زۇلۇمىغا نارازى بولۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ۋاڭ ئېنشىڭ، شۈي گاڭ قاتارلىق 12 نەپەر ئەلچىنى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتتى، ئۇلارنى يېرىم يولدا جۇجانلار تۇتۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن كۈسەن، پىشامشان بەگ-

لىرى سىياسىي جەھەتتە يەنە جۇجانلارغا ئېغىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇجانلار يەنە ھونلارنىڭ خېشى كارىدورىدا قۇرغان شىمالىي لىياڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلى-جورچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر بىلەن ئالاقە قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. 439-يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئەسكەر چىقىرىپ، شىمالىي لىياڭ ھاكىمىيىتىنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا يوقىتىپ، خېشى كارىدورىنى ئىگىلىدى، ئاۋانگارت قوشۇنى ئېۋۈرغولغىچە يېتىپ باردى. 445-يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ باش سانغۇنى ۋەن دۈگۈي ئەزبىكە يۈرۈش قىلىپ، پىشامشاننى بويسۇندۇردى، پىشامشان بېگى جېندا تەسلىم بولدى. 448-يىلى كىنگىتنى مەغلۇپ قىلدى. ئىككىنچى يىلى يەنە كۇسەننى مەغلۇپ قىلدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا جۇجانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى ئارقىمۇ ئارقا غەلىبىگە ئېرىشتى.

شىمالىي ھونلار غەربكە كۆچكەندە، ئۇلارنىڭ كۇسەندىكى شىمالى، ئۇيسۇننىڭ غەربىدە قېپقالغان قەۋملىرى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە نوپۇسى كۆپىيىپ 200 مىڭغا يەتكەن، ئۇلار مىڭ يول كېلىدىغان كەڭ زېمىننى ئىگىلەپ، ياپىيان بەگلىكىنى قۇرغان. 448-يىلى ياپىيانلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىككى تەرەپ ئىتتىپاق تۈزۈپ بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ جۇجانلارغا ھۇجۇم قىلدى. جۇجانلار مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. جۇجانلارنىڭ ھەربىي جەھەتتە كەينى-كەينىدىن مەغلۇپ بولۇشى ۋە غەربىي يۇرتتىكى كۆپلىگەن ھاكىمىيەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتە يۇرۇلۇش ياسىشى ئارقىسىدا، جۇجانلار ٧ ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىن 50-يىللىرىغىچە غەربىي يۇرتتا بىرەر چوڭراق

غەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارالمىدى. بۇ خىل ۋەزىيەت، شۇبھىسىزكى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا سىياسىي تەسىر كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا پايدىلىق ئىدى. ئەمما، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمران سىنىپى ئىچىدە زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، كەينى-كەينىدىن ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى بولۇپ تۇرغاچقا ۋە ئوردا ئىچىدە ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىش ۋەقەلىرى يۈز بەرگەچكە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا ھەربىي يۈرۈش قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويدى.

460-يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خېپىڭ 1-يىلى) جۇجانلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتقا قايتا ھەربىي ھۇجۇم باشلىدى. قۇچۇنى ئىشغال قىلىپ، شىمالىي لياڭ بەگلىكىنىڭ بېگى جۈرچىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىپ، جۇجانلارغا ئىتائەت قىلىدىغان كەن بوجۇنى قۇچۇغا خان قىلىپ تىكلىدى. 70-يىللارغا كەلگەندە، جۇجان قوشۇنلىرى ئۇدۇنغا قىستاپ كېلىپ، غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇنلىغان جايلارغا قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

487-يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 11-يىلى) قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاپۇرغۇر بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى چۇڭچى تۇرپان ئويمانلىقىدا قاڭقىل بەگلىكىنى قۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ قاڭقىللار بىلەن جۇجانلار بىر-بىرى بىلەن 30 يىل ئۇرۇشتى. 490-يىلى (تەيخېنىڭ 14-يىلى)، قاڭقىللار بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئىتتىپاق تۈزۈپ، جۇجانلارغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا كېلىشتى. 491-يىلى قاڭقىل خانى ئاپۇرغۇر جۇجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، قۇچۇ بىلەن پىشامشان رايونىغا بېسىپ كىردى، كەن بوچۇنىڭ ئوغلى، قۇچۇنىڭ بېگى كەن شۇگۇينى

ئۆلتۈرۈپ، دۇنخۇاڭلىق جاڭ مىڭمىڭنى قۇچۇغا خان قىلىپ تىكلىدى. بۇ ئىشقا نارازى بولغان قۇچۇ خەلقى قوزغىلىپ جاڭ مىڭمىڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مارۇنى خان قىلدى. مارۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولۇش تەلىپىنى ھەم خەلقنى شەرققە كۆچۈرۈپ كېتىش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپ ئەلچى ئەۋەتتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى مارۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، قۇچۇنىڭ شەرققە كۆچكەن ئاھالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىۋېرغۇل ئەتراپىدىكى 500 يول كېلىدىغان جاينى بوشىتىپ بەرمەكچى بولدى. ئەمما، قۇچۇدا نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن خەنزۇ خەلقى شەرققە كۆچۈشكە قارشى تۇردى. جۇجان ئاقسۆڭەكلىرى قۇچۇ خەلقىنىڭ بۇ خىل كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، 497 - يىلى قۇچۇنى ئىشغال قىلىپ، مارۇنى ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ ئورنىغا جىنچېڭ (لەنجۇ) نىڭ يۇجۇ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان چۈجيانى خان قىلىپ، جۇجانلارغا ئىتائەتچان چۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قۇچۇ خاندانلىقىنى قۇردى، بۇ خاندانلىق ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋام قىلىپ، بىر يېرىم ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، 640 - يىلى (تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 14 - يىلى) يىمىرىلدى.

قاڭقىللار بىلەن جۇجانلار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۆرەش تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئېفتالىتلارغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئېفتالىتلار پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، ٧ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى شەرققە قاراپ كېڭىيىپ، جۇجانلارنىڭ قولىدىن كۇسەن، قۇم، سۇلى، جۇجۇق (ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسى دائىرىسىدە)، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنىڭ تىزگىنلەش ھوقۇقىنى بىر مەھەل

ئارتتۇۋالدى ھەمدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا قاڭقىللارنى مەغلۇپ قىلىپ، قاڭقىللارنىڭ ئورۇنباسار بېگى چۇڭچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى — مىئوتو بىلەن يى پۇنى ئەسىر ئالدى. كېيىن ئېفتالىتلار ئەسىر ئالغان مىئوتونى قويۇپ بېرىپ، ئۇنى قاڭقىللىغا خان قىلدى. بۇ ۋاقىتتا جۇجانلار يەنە باستۇرۇپ كىردى.

VI ئەسىرنىڭ بېشىدا، ئېفتالىتلار بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى جۇجانلارغا ئورتاق قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، قاڭقىللارنىڭ جۇجانلارغا قارشى تۇرۇشىنى قوللىدى. چۇ جەمەتىدىكى قۇچۇ خانلىقى جۇجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە مايىل بولدى، ئۇلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بىرقانچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە شەرققە كۆچۈش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. بۇ ۋاقىتتا ئېفتالىتلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ۋە قاڭقىللار غەيرىي رەسمىي سىياسىي-ھەربىي ئىتتىپاق بولۇپ ئۇيۇشتى. ۋەزىيەت جۇجانلارغا ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى. قاڭقىللار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا جۇجانلارغا ھۇجۇم قىلدى، ئىككى تەرەپ بارىكۆل كۆلى بويىدا قاتتىق ئېلىشتى، جۇجانلار پاجىئەلىك مەغلۇپ بولۇپ، جۇجان خانى فۇتۇ ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن جۇجانلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. 516-يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىپىڭ 1-يىلى) جۇجان خانى فۇتۇنىڭ ئوغلى چۇنۇ قايتا كۈچ توپلاپ، قاڭقىللىغا ھۇجۇم قىلدى. قاڭقىل خانى مىئوتو مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى. قاڭقىل قەبىلىلىرى ئارقا-ئارقىدىن قېچىپ بېرىپ ئېفتالىتلاردىن پاناھ تىلىدى، ئېفتالىتلار قاڭقىللارنى يۆلەپ، مىئوتونىڭ ئىنىسى يى پۇنى قاڭقىل خانى قىلىپ تىكلىدى،

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىمۇ قاڭقىللارنى قوللاپ، يى پۇغا تەرجىلى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، قاڭقىل خانى دېگەن نامنى بەردى. بۇ ۋاقىتتا يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان تۈرك قەبىلىسىمۇ جۇجانلارغا قارشى كۈرەشكە قاتناشتى. جۇجان قوشۇنلىرى 520 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شېنگۇي 3 - يىلى) مەغلۇپ بولۇپ، جۇجان خانى ئاناشىياڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قېچىپ باردى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئۇنىڭغا شۇفاڭ بېگى ۋە جۇجان خانى دېگەن نامنى بېرىپ، شۇفاڭ قەلئەسىگە ئورۇنلاشتۇردى. جۇجان قەبىلىلىرى براھماننى سەردار قىلىپ تىكلىدى. ياندۇرقى يىلى يى پۇ جۇجانلارغا ھۇجۇم قىلدى. براھمان 10 قەبىلىنى باشلاپ لياڭجۇ (ھازىرقى ۋۇۋېي) غا قېچىپ بېرىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئاناشىياڭنىڭ جۇجانلارغا قايتىپ بېرىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى قوللىدى. 522 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ جېڭگۇاڭ 3 - يىلى) ئاناشىياڭ قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، قاڭقىللارنى مەغلۇپ قىلدى. قاڭقىل ئاقسۆڭەكلىرىدىن يۆجۈي دېگەن كىشى يى پۇنى ئۆلتۈرۈپ قاڭقىلغا ئۆزى خان بولدى. يۆجۈي جۇجانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، يى پۇنىڭ ئوغلى بىشى يۆجۈنى ئۆلتۈردى. 539 - يىلدىن 542 - يىلغىچە بولغان بىر قانچە يىل ئىچىدە، بىشى جۇجانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، قوشۇنلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاڭقىللار ئاجىزلىشىپ كەتتى.

VI ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شەرقىي ۋېي ۋە غەربىي ۋېي دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكتىن، دۆلەت كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى. بىر مەزگىل

قۇدرەت تاپقان جۇجان خانلىقىنىڭ كۈچىمۇ ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئاجىزلىشىپ، قۇتقازغۇسىز دەرىجىگە يېتىپ قالغان. بۇ چاغدا، جۇجانلارغا قۇل بولۇپ كېلىۋاتقان تۈرك قەبىلىلىرى بۇنداق پايدىلىق ۋەزىيەتتە ئۆزىنىڭ كۈچىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر دەمدىلا جۇجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن بىر كۈچكە ئايلانغان. 546 ـ، 555 ـ، 563 ـ يىللىرى، ئۇلار غەربىي يۇرتتا ئۇرۇشقان. قاڭقىل، جۇجان ۋە ئېفتالىتلارنى ئىلگىرى ـ كېيىن يوقاتقان.

سيانپىي، جۇجان، قاڭقىل، ئېفتالىت ھاكىمىيەتلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا بىر ئەسىردىن ئارتۇق داۋام قىلغان غوجىلىق تالىشىش ئۇرۇشلىرى بۇ رايوننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى قاتتىق ئېگىز ـ پەس قىلدى، ئىجتىمائىي ئىگىلىككە ئىنتايىن ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، ئەمما شۇنى كۆرۈش كېرەككى، دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار بەۋقۇلئاددە مۇھىت ۋە ۋەزىيەت شارائىتىدا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇشنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بۇ ھال مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى، تىل ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى، بىر ـ بىرىنىڭكىنى قوبۇل قىلىشى ھەتتا قانداشلىق جەھەتتە ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشىگە تۈرتكە بولدى. مانا بۇلار تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى بىر قېتىملىق تەبىئىي چوڭ قوشۇلۇشقا ۋە مەلۇم دەرىجىدىكى ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشقا سەۋەب بولدى. غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ بۇ مەزگىلدىكى قوشۇلۇشى ۋە ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشى ئېنىق تېلېلىشىش تۈسىنى ئالغان. بۇ يۈزلىنىش ئىككى جەھەتتە گەۋدىلىنىدۇ: بىر جەھەتتىن،

تېلې مىللىتى بىلەن يېقىن قانداش بولغان ياكى تىلى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغان مىللەتلەر ئۆزئارا قوشۇلغان، مەسىلەن، جۇجان، ياپبان، ئېفتالىتلار ئاساسىي جەھەتتىن تېلې مىللىتىگە سىڭىشىپ كەتكەن. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ دەۋردە غەربىي يۇرتتا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن غەيرىي قاتقىل مىللەتلەر، مەسىلەن، سوغدىيانلار، ئۇسۇنلار، توخرىلار ۋە بىر قىسىم خەنزۇلار پەيدىنپەي تېلېلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن. بۇ ئەھۋال IX ئەسىرنىڭ 40 يىللىرىدا شىمالىي قۇملۇقتىكى ئۇيغۇر (回纥) لار ئاساسىي كۈچىنىڭ غەربكە كۆچۈشى، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئاساس بولغان.

### 3. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشى

ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 400 يىلغا يېقىن تارىخىي جەرياندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسىي كۈچى گاھ ئاجىزلاپ، گاھ كۈچىيىپ تۇرغان، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ كۈچى كۆپ ئاجىز ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشىمۇ نىسپىي ھالدا ئاجىزلاپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ دەۋردىكى كۆپلىگەن تارىخىي پاكىتلاردىن قارىغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتا مەنسەپ تەسىس قىلىپ، ئەمەلدار ئەۋەتىپ، ئەمىر-پەرمانلىرىنى يولغا قويۇشى ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمىغان. غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر-

مۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاۋالقىدەكلا ساقلاپ كەلگەن.

220 - يىلى، ساۋپى ۋېي بەگلىكىنى قۇرۇپ ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، يىلنامىسىنى «خۇاڭچۇ» غا ئۆزگەرتكەن. 221 - يىلى (خۇاڭچۇنىڭ 2 - يىلى)، دۇڭخۇاڭنىڭ دورغاپى جاڭ گۇڭنى غەربىي يۇرتنىڭ ۋۇجى چېرىكچى بېگى قىلىپ ئەۋەتكەن، ئۇ قىچۇدا تۇرۇپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان ۋە قوچۇنى قوغدىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پىشامشان بەگلىكىنىڭ خەيتو شەھىرىدە تۇرۇشقا غەربىي يۇرت دورغاپىنى ئەۋەتكەن. غەربىي يۇرت دورغاپىنىڭ قارىمىقىدا غەربىي يۇرت چېرىكچى بېگى ۋە ئىۋېرغول چېرىكچى بېگى تەسىس قىلىپ، غەربىي ئىشلار بىلەن خەلق ئىشلىرىنى ئايرىم-ئايرىم باشقۇرغان. 222 - يىلى پىشامشان، كۈسەن، ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەر خەن ئوردىسىغا سوۋغات ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ، «ئەل بولۇش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن.» بۇنىڭغا جاۋابەن ساۋپى غەربىي يۇرتقا ئەلچى ئەۋەتىپ، «ئۇلاردىن ھال سورىغان»① ھەمدە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرىگە نام ۋە تامغا بەرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «كۈسەن، ئۇدۇن، كانگىيە، ئۇسۇن، سۇلى، توخرى، پىشامشان ۋە قۇس بەگلىكلىرى ئەل بولۇپ، خۇددى خەن سۇلالىسى ۋاقتىدىكىدەك ھەر يىلى ئولپان ئەۋەتىپ تۇرىدىغان بولغان»②.

265 - يىلى سىما جەمەتىنىڭ غەربىي جىن سۇلالىسى ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. غەربىي جىن سۇلا-

① «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى. ۋېندى خان لەمەپنامىسى».

② «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ئوغان، سىيانبىي، شەرقتىكى مىللەتلەر ھەققىدە قىسسە».

لىسى غەربىي يۇرتقا ۋۇ - جى چېرىكچى بەگ بىلەن غەربىي يۇرت دورغاپى ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتقا ئۇدۇملۇق ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كانگىيە، پەرغانە، كىنگەست، كۈسەن، سۇلى، ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەر ئۇزۇلمەي ئولپان تەقدىم قىلىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالدى قۇس، پىشامشان، كۈسەن بەگلىرى ئۆز ئوغۇللىرىنى چاڭئەنگە «مۇلازىم ئوغۇل» بولۇپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى. پىشامشان، كۈسەن، سۇلى، ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرىگە «جىن سۇلالىسى دىۋان ياساۋۇل بېگى، ئۇلۇغ تۇتۇق بەگ، جىن خاندانلىقىدىن پەرمان ئالغان ئۇلۇغ تۆرە، جىن سۇلالىسىگە ئىخلاسمەن زات»① دېگەن نام ئاتا قىلىندى.

291 - يىلى (جىن سۇلالىسى يۈكپىڭ 1 - يىلى) غەربىي جىن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا «سەككىز بەگ توپىلىڭى» يۈز بېرىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى قالايمىقانلاشتى. لياڭجۇنىڭ ئايماق بېگى جاڭ گۈي 301 - يىلى غەربىي جىن سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، ئەسكەردىي كۈچىنى كۆز - كۆز قىلىپ، «غەربىي يۇرتلۇقلارنى تەسلىم قىلدۇردى»②. جاڭ گۈي ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ لى بونى غەربىي يۇرتنىڭ دورغاپى، جاڭ چى بىلەن جاڭ جىنى غەربىي يۇرتنىڭ چېرىكچى بېگى، سوفۇنى ئىمپېرخۇلنىڭ تۇتۇق بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى پۇتۇنلەي ئىگىلىدى. 327 - يىلى (ئالدىنقى لياڭنىڭ تەيۋەن

---

① ۋاڭ گوۋېي «كۈەنتاڭ توپلىمى» 17 - جىلد.

② «جىن سۇلالىسى ھەققىدە خاتىرىلەر» 26 - جىلد.

4 - يىلى)، ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى خەنزۇلار مەركەزلەشكەن
قۇچۇدا قۇچۇ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلدى. ۋىلايەتنىڭ قارىمى-
قىدا قۇچۇ، تيەندى، خىڭجى، گاۋنىڭ قاتارلىق ناھىيىلەرنى
تەسىس قىلدى. ناھىينىڭ تۆۋىنىدە يېزا، مەھەللە تەسىس قىل-
دى. بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، مەھەل-
لىدىن ئىبارەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ غەربىي
يۇرتتا تۇنجى قېتىم يولغا قويۇلۇشى ئىدى. 329 - يىلى
ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتىنىڭ پادىشاھى جاڭ جۈن يەنە قۇچۇ،
دۇنخۇاڭ، جىنچۇەندىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت بىلەن غەربىي
يۇرت قورۇقچى بەگ كۆرەسى، ۋۇ - جى چېرىكچى بەگ كۆ-
رەسى، يۇمېن ھىماتچى قوشۇن كۆرەسىدىن ئىبارەت ئۈچ كۆ-
رەنى بىرلەشتۈرۈپ شاجۇ ئايمىقىنى قۇرۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ
بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى بىلەن ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ئىش-
لىرىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئاي-
ماق، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت يەرلىك مەمۇرىي باشقۇ-
رۇش تۈزۈمىنىڭ غەربىي يۇرتتا يەنىمۇ كېڭەيتىلىشى ئىدى.
376 - يىلى (جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۈەن 1 - يىلى)،
دى مىللىتىنىڭ باشلىقى فۇجيەن شىمالنى بىرلىككە كەلتۈر-
گەندىن كېيىن، ئالدىنقى چىن ھاكىمىيىتى خېشىدىكى
ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.
ئالدىنقى چىن ھاكىمىيىتى قۇچۇلۇق ياڭ گەننى قۇچۇ-
نىڭ ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلىدى. ھەمىدە لياڭ شىنى خان پەر-
مانى بىلەن غەربتە تۇرغۇچى ياندىش كەپتاۋۇل، لياڭ جۇتۇنىڭ
ئايماقبېگى، غەربىي چاڭلارنىڭ ھىماتچى چېرىكچىبېگى
قىلىپ تەيىنلەپ، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلدى.
لياڭ شى 378 - يىلى قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى تۇرغۇنلىغان
يېپەك، تاۋار - دۇردۇن ۋە باشقا بۇيۇملار بىلەن غەربىي يۇرت-

قا ئەۋەتىپ، فۇجيەننىڭ شۆھرىتى ۋە پەزىلىتىنى تەشۋىق قىلدى، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرگە سوۋغات ئىنئام قىلدى، پىشامشان، ئالدىنقى قۇس، پەرغانە، كانگىيە قاتارلىق 11 بەگلىكنىڭ بەگ ياكى ئەلچىلىرى فۇجيەننى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن چاڭئەنگە بېرىپ، ئىلى ئېتى ۋە غەرب ئەللىرىدىن كەلتۈرۈلگەن 400 خىلدىن ئارتۇق ئېسىل بۇيۇملارنى سوۋغات قىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىگە ئوخشاش باش قورۇقچى بەگ تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 382 - يىلى پىشامشان ۋە قۇس بەگلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئالدىنقى چىن ھاكىمىيىتى لۈي گۇاڭنى خانغا ۋەكالىتەن غەربىي يۇرتنىڭ جىمى ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان تۇتۇق بەگ قىلىپ تەيىنلىدى، لۈي گۇاڭ 70 مىڭ پىيادە ئەسكەر، 5000 چەۋەندازغا قوماندانلىق قىلىپ كۇسەن بىلەن كۇەيخۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر كەينى - كەينىدىن ئالدىنقى چىن ھاكىمىيىتىگە بەيئەت قىلىپ، ئالدىنقى چىن ھاكىمىيىتى بەرگەن تامغىنى قوبۇل قىلدى. لۈي گۇاڭ ئالدىنقى چىن ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن خان پەرمانىنى ئالغان چەۋەنداز مەھرەم، يۇمېن قوۋۇقىنىڭ غەربىدىكى ھەربىي ئىشلار تۇتۇقبېگى، ئەنشى سانغۇنى، غەربىي يۇرت چېرىكچى بېگى قىلىپ تەيىنلىنىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

383 - يىلى ئالدىنقى چىن ھاكىمىيىتى فېي شۇي دەرياسى بويىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن پارچىلىنىپ كەتكەن. 386 - يىلى لۈي گۇاڭ ئۆزىنى كېيىنكى لياڭ بەگلىكىنىڭ ۋاڭى دەپ جاكارلاپ، ئوغلى لۈ فۇنى خان پەرمانىنى ئالغان غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، يۇمېن قوۋۇقىنىڭ غەربىدىكى ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچى تۇتۇق بەگ، غەر-

بىي يۇرتىنىڭ باش قورۇقچىبېگى قىلىپ تەيىنلەندى، ئۇ قوچۇدا تۇرۇپ پۈتۈن غەربىي يۇرتنى باشقۇردى.

400 - يىلى (شىمالىي ۋېيى سۇلالىسىنىڭ تىيەنشىڭ 3 - يىلى) دۇنخۇاڭنىڭ ۋالىيسى لى سۇڭ غەربىي لياڭ خانىدانلىقىنى قۇردى. ئۇنىڭ شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا ئەۋەتكەن مەكتۇبىدا «دۇنخۇاڭ ۋىلايىتى چوڭ ۋىلايەت، ئاھالىسى كۆپ، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلالايدۇ، ئۇنىڭ دائىرىسى تۈمەن مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. شۇڭا بۇ يەر قوشۇن ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ»① دېيىلگەن. بۇنىڭدا غەربىي يۇرتنىڭ غەربىي لياڭ خانلىقىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. ئۇ دۇنخۇاڭ ۋە غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئوغلى لى راڭنى شىمالدا ئەمىنلىك ئورناتقۇچى سانغۇن، غەربىي يۇرت چېرىكچىبېگى، دۇنخۇاڭ ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلىدى. «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەر»دىكى ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا، غەربىي لياڭ خانلىقى قوچۇ رايونىدا ئىچكى رايونلارنىڭكىگە ئوخشاش بىرىيۇرۇش ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، مەھەللىدىن ئىبارەت مەمۇرىي-تەشكىلىي سىستېمىلارنى قۇرغان②.

401 - يىلى لۈشۈي غوزلىرىدىن جۈر - جى مۇنسۇن شىمالىي لياڭ سۇلالىسىنى قۇردى. 420 - يىلى غەربىي لياڭ بەگلىكىنى يوقاتتى. «16 بەگلىك يىلنامىسىگە تولۇقلىما. شىمالىي لياڭ ھەققىدە خاتىرىلەر» دە «پېشامشان بېگى بىلۇن قاتارلىق غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بەگلىرى مۇنسۇننىڭ پۇقراسى دەپ، ئولپان تەقدىم قىلغان» دېيىلگەن. شىمالىي لياڭ خانلىقى كۆي رېنىنى قوچۇغا ۋالىي قىلىپ

① «جىنشۇ. لى شۈەنشېڭنىڭ تەرجىمىھالى».

② «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەر»، 1 - كىتاب، 14 - بەت.

تەيىنلەپ، قۇچۇدا خەن، جىن سۇلالىرىدىن بۇيان يۈرگۈزۈلۈپ كەلگەن بىر يۈرۈش سىياسىي تۈزۈملەرنى يولغا قويغان.

سىيانپىيلاردىن بولغان تۇۋبا جەمەتلىرى شىمالىي ۋېي هاكىمىيىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتا جۇجان هاكىمىيىتى بىلەن ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىشقان. 439 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەييەن 5 - يىلى) دولۇۋەن، گاۋمىڭ قاتارلىق ئالتە كىشى غەربىي يۇرتتا ئۈنۈملۈك پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقتىن، غەربىي يۇرتتىكى پىشامشان، قۇس، كىنىگەت، كۇسەن، سۇلى، كاۋانتا، ئۇسۇن، داۋان، پەرغانە، شېجې، سوغدى قاتارلىق بىر تۈركۈم يەرلىك هاكىمىيەتلەر شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختى پىڭچېڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شىمالىي لياڭ خانلىقىنى يوقىتىپ، خېشى رايونىنى ئىگىلەپ، ئېۋىرغولغىچە باردى. 445 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ جېنجۈن 6 - يىلى) شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەن پىشامشاننى مەغلۇپ قىلدى. خەن بانى خانىنىڭ پەرمانى بىلەن غەربنى بويسۇندۇرغۇچى سانغۇن، غەربنىڭ ھىمايىچى قورۇل چېرىكچى بېگى، پىشامشان بېگى قىلىپ ئەۋەتتى ھەمدە پىشامشاندا ھەربىي قورغان تەسىس قىلدى. پىشامشانغا ئىچكى رايونلاردىكى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەرگە ئوخشاش ① ھۆكۈمرانلىق قىلدى. 448 - يىلى (تەيپىڭ جېنجۈننىڭ 9 - يىلى) شىمالىي ۋېي سۇلالىسى كىنىگەت بېگى ئارجۇنا-كوشبىنانى مەغلۇپ قىلدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى كىنىگەت-تىمۇ ھەربىي قورغان تەسىس قىلدى②. شىمالىي ۋېي

① «ۋېينامە. پىشامشان تەزكىرىسى».

② «ۋېينامە. جۈي يىلۇ تەزكىرىسى».

سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋۋېيدى تۇباخۇن لەلىڭنىڭ خانى يۈەن جېننى غەربىي يۇرتنىڭ چېرىكچى بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، غەربىي يۇرتتا بولغان باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، غەربىي يۇرتتىكى پىشامشان، كىنگىت، كۇسەن، سۇلى، كاۋانتا، جۇجۇپ، ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەر شىمالىي ۋېي، غەربىي ۋېي، شىمالىي جۇ سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي سۇلالىدىكى شياۋ جەمەتتىكىلەر قۇرغان لياڭ بەگلىكلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان، بولۇپمۇ قۇچۇ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ زىچ بولۇپ، تارىختا قۇچۇ خانلىرىنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلار بەرگەن ناملارنى قوبۇل قىلغان. قۇچۇ رايونىدا ئەڭ ئۇزاق ھۆكۈمرانلىق قىلغان چۈجيا جەمەتىنىڭ خانلىقى يولغا قويغان ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەل تۈزۈمى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىگە تەقلىد قىلىنغان.

يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلار شۇنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە گەرچە ئۇزاققىچە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى داۋام قىلىپ، سۇلالىلەر ئالمىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قويۇق مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

## 4. تۈرك خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە پارچىلىنىشى

تۈركلەر — قەدىمكى دەۋردە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالى بىلەن غەربىي شىمالىدا ياشىغان مۇھىم بىر مىللەت. ئۇلار مىلادىي VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھاكىمىيەت تىكلەپ،

٦ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنگەنگە قەدەر، تۈرك خانلىقى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 200 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئۇ ئەڭ قۇدرەت تاپقان چاغدا، موڭغۇل يايلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىن ئىبارەت كەڭ زېمىننى ئىگىلىگەن بولۇپ، مەملىكىتىمىز ۋە دۇنيا تارىخىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن كۈچلۈك بىر خانلىق ئىدى.

تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا، ئۇلارنىڭ ئەجدادى «ئاشنا» نى فامىلە قىلغان (تۈرك خانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۇرۇقنى مەنبە قىلغان)، بۆرىنى تۇتېم① قىلغان قەبىلە دەپ خاتىرىلەنگەن. تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى دەسلەپ يېنسەي دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان، ھونلارنىڭ زۇلمى ۋە پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن، تيانشاننىڭ ئاساسىي چوققىلىرىدىن بولغان بوغدا تېغى ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان. ٧ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جۇجانلارنىڭ تەسىر كۈچى جۇڭغار ئويمانلىقىغا كىرگەن. تۈرك-لەر ئالتۇن تاغ (بۈگۈنكى ئالتاي تېغى)نىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئالتۇن تاغنىڭ شەكلى دۇبۇلغىغا ئوخشىغاچقا، كىشىلەر دۇبۇلغىنى تۈرك دەپ ئاتىغان. تۈرك دېگەن نام مانا مۇشۇنىڭدىن كەلگەن. تۈركلەر جۇجان ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن تۆمۈر تاۋلاپ، تۆمۈر قوراللىرىنى ياسىغاچقا، جۇجان خانى تەرىپىدىن «بازغانچى قۇللار» دەپ ئاتالغان.

جۇجان ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە،

① تۇتېم — ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر تەبىئىي نەرسىنى ئەجدادلىرىنىڭ پاكى قەبىلىسىنىڭ چوقۇنۇش بەلگىسى قىلىشى،

ئۇلار ۋەل قىلىپ كەلگەن دۆلەتلەر ئۇلارغا قارشى ئۈزلۈكسىز كۆرەش قىلغان، بولۇپمۇ قاڭقىللار بىلەن جۇجانلار ئوتتۇرىسىدا 30 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش جۇجان ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە خوراتقان. تۈركلەرنىڭ مەشھۇر باش-لىقى ئاشنا تۈمەننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، تۈركلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە جۇجانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەنلا قالماي، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلار، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەگلىكلەر بىلەنمۇ قويۇق ئالاقە قىلغان. تۈمەننىڭ تەلىپىگە بىنائەن، غەربىي ۋېي سۇلالىسى مەلىكە چاڭ لېنى تۈمەنگە ياتلىق قىلغان، تۈركلەر بىلەن غەربىي ۋېي سۇلالىسى ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئىككى تەرەپ يىپەك ۋە ئات سودىسى مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان. 546 - يىلى تۈركلەر ئالدى بىلەن جۇڭغار ئويمان-لىقى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تېلېلارنى بويسۇندۇرغان ھەمدە ئۇلارنىڭ 50 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئاھالىسىنى قوشۇۋېلىپ، تۈركلەرنىڭ كۈچىيىشىگە ئاساس سالغان. 552 - يىلى (ۋېي سۇلالىسىنىڭ فېيدى 1 - يىلى) تۈمەن قوشۇن باشلاپ جۇجانلارنى خۇەيخۇاڭنىڭ (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جاڭبېي ناھىيىسى) شىمالىدا مەغلۇپ قىلىپ، جۇجان ھاكىمىيىتىگە قاتتىق زەربە بەرگەن، جۇجان خانى ئاناشاڭ ئائىلاج ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. تۈمەن ئۆزىنى ئىل قاغان دەپ ئاتاپ، تۈرك خانلىقىنى رەسمىي قۇرغان.

553 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ فېيدى 2 - يىلى) ئىل قاغان تۈمەن ئۆلگەن، ئورنىغا ئوغلى قالا تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى ئىل ئىشىگ قاغان دەپ ئاتىغان. ئۇ جۇجانلار بىلەن بولغان كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، جۇجانلارنى كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ قىلىپ، تەسىر كۈچىنى كېڭەيتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي، قالا كېسەل بولۇپ ئۆلگەن، ئۇنىڭ تەختىگە ئىنىسى يەندۇ

ۋاردىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى مۇقان قاغان دەپ ئاتىغان (553 — 572-
يىللار). مۇقان قاغان ئاۋۋال جۇجان خانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچ-
لىرىنى يوقىتىپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.
كېيىن يەنە غەربتە ئېفتالىتلارنى، شەرقتە قىتانلارنى مەغلۇپ
قىلغان، شىمالدا خاككاسلار (قىرغىزلار) نى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.
مۇقان قاغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تۈرك خانلىقىنى قۇدرەت
تاپقۇزۇپ، شىمالىي قۇملۇقتىكى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى
ئۆتۈكەن تېغىدا ئوردا قۇرغان. ئۇ ۋاقىتتا تۈرك خانلىقىنىڭ
زېمىنى «شەرقتە لياۋخېنىڭ غەربىدىن باشلىنىپ، غەربتە ئابىس-
كۇن دېڭىزى بۈگۈنكى كاسپىي دېڭىز) غىچە بولغان 10 مىڭ
چاقىرىم، جەنۇبتا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن شىمالدا بايقال كۆلىگىچە
بولغان 5 - 6 مىڭ چاقىرىم»① يەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ،
ھونلاردىن كېيىن مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان كۆچمەن
چارۋىچى قەبىلىلەر قۇرغان يەنە بىر قۇدرەتلىك خانلىق بولۇپ
قالغان.

تۈرك خانلىقىنىڭ ئىگىلىكىدە، چارۋىچىلىق ئاساس، تۆمۈر
ئېرىتىش ۋە كىگىز ھارۋا ياساش قاتارلىق ئەنئەنىۋى قول
ھۈنەرۋەنچىلىك قوشۇمچە قىلىنغان. ئۇلار تۇرغان جاي مەملى-
كىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
ئارىلىقىدا بولغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا
ئوتتۇرىسىدا سودا ئىشلىرىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.
ئۇلار يېزىق ئىجاد قىلىپ، قانۇن تۈزۈپ چىقىپ، بىرقەدەر
مۇكەممەل ئەمەل تۈزۈمىنى يولغا قويغان. تۈرك خانلىقىنىڭ
ئالىي ھۆكۈمرانى قاغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھوقۇقى چەكسىز ئىدى.
قاغاننىڭ خوتۇنى خاتۇن دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭمۇ خانلىقتا
يۈكسەك ئورنى ۋە مۇئەييەن بۇيرۇق، ئەمىر - پەرمانلارنى

① «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى».

چىقىرىش ھوقۇقى بولاتتى. قاغاننىڭ پەرزەنت ۋە ئىنىلىرى «تېكىن» دەپ ئاتىلاتتى، تېكىنلەرنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىچكى جەھەتتە قائىدە-قانۇن ئىشلىرىنى، تاشقى جەھەتتە دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى، باشقۇرۇش ئىدى. قاغاندىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ مەمۇرىي ئەمەلدار «يابغۇ» دەپ ئاتىلاتتى، بۇ ۋەزىپىنىڭ كۆپىنچىسىنى قاغاننىڭ ئىنىلىرى ئۆتەيتتى، ئۇلار ئومۇمەن غەربتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنى ئىدارە قىلاتتى، بۇ قاغانلىق تەختىگە چىقىشنىڭ مۇھىم پەلەمپىيى ئىدى. يابغۇنىڭ تۆۋىنىدىكى ۋەزىپە ۋە ئەمەللەردىن يەنە چورۇقچۇر، ئاپار، ئېلتەبىر، تارقان، ياغۇندا قاتارلىق 28 خىل دەرىجە بار ئىدى. تۈركلەرنىڭ ئەمەل-ۋەزىپىلىرى ۋارىسلىق بىلەن داۋاملىشاتتى، ئەمەلدارلارنىڭ سانى چەكلەنمەيتتى، ئىش تەقسىماتىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى، ئەمما ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ بەلگىلەنگەن خىزمەت ھوقۇقىدىن باشقا، ھەممىسىنىڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۇرۇشقا قاتنىشىش مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. قەبىلىلەرنىڭ چوڭ-كىچىك بەگلىرى بولۇپ، ئۇلار ھەم قاغاننىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار، ھەم ئۆز قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرى ئىدى، ئۇلار ئاقسۆڭەكلەر يىغىنىغا قاتنىشاتتى. ئاقسۆڭەكلەر يىغىنىدا ئۇرۇش، تەختكە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق زور مەسىلىلەر قارىلاتتى ۋە قارار قىلىناتتى. بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەر ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ئۈچۈن، «تۇتۇق» دەپ ئاتىلىدىغان ئەمەلدار ئەۋەتىلەتتى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى نازارەتچىلىك قىلىش ۋە باج-سېلىق سۆيلەش-يىغىش ئىدى.

تۈركلەرنىڭ قەبىلە تەشكىلىنى ئاساس قىلغان، ئونلۇق سىستېمىسىنى شتات پرىنسىپى قىلغان، سول، ئوتتۇرا، ئوڭ قىلىپ تۈزۈلگەن نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بار ئىدى. قوشۇننىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقى «شاد» ئىدى، ئۇ

غەربىي چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلەپ، خانلىقنىڭ خىل قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلاتتى. شۇڭا «شاد» لىق ۋەزىپىسىگە قاغاننىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ياكى ئاشىنا نەسلىدىن بولغان كىشىلەرلا تەيىنلىنەتتى.

تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىدا داۋام قىلىپ كەلگەن مالىمانچىلىق - بۆلۈنمىچىلىككە خاتىمە بېرىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىنىڭ سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدىكى چېگرا رايونلىرىنى كېڭەيتىشتە غايەت زور تۆھپە قوشقان.

تۈرك خانلىقى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، قاغان تۇمەن ئۆز ئىنىسى ئىستەمىنى 567 - يىلى 100 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا باش قىلىپ، غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئىستەمى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرۇپ ۋە ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرائۇننەھر رايونىنى ئىشغال قىلغان. ئامۇ دەرياسى تۈرك خانلىقى بىلەن پېرسىيىنىڭ پاسىلى بولۇپ قالغان. كېيىن ئىستەمى ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلەپ، مۇستەقىل بىر سىياسىي گەۋدە شەكىللەندۇرگەن. قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى «كۆل تېكىن مەڭگۇ تېشى» دا تۇمەن ۋە ئىستەمىلەر، تۈرك خانلىقىنىڭ ياراتقۇچىلىرى دەپ ھۆرمەتلەنگەنلىكى دەل ئەنە شۇ تارىخىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئەمەلىيەتتە تۈرك خانلىقى شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. 576 - يىلى ئىستەمى ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى تامكۇت

ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى تاردۇش قاغان دەپ ئاتىغان. 583-
يىلى شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىشبارا 400 مىڭ كىشى-
لىك چوڭ قوشۇن بىلەن سۈي سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ،
تيەنشۈي، يەنئەن قاتارلىق جايلارنى تالان - تاراج قىلغان.
سۈي سۇلالىسى ياڭ خۇڭ، گاۋجيۇڭ قاتارلىقلارنى تەرەپ -
تەرەپتىن ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرۇپ، ئىشباراغا زەربە بەرگەن،
ئىشبارا مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتكەن. غەرب تەرەپتىكى
تاردۇش قاغان ئىشبارانىڭ قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغان-
لىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاپار، تەگرىخان، دىچىنچار قاتارلىق
قاغانلار بىلەن بىرلىشىپ، غەربىي يۇرتتىكى جايلارنى ئىگى-
لەپ، ئىشبارا قاغان بىلەن يۈز تېپىشكەن. بۇنىڭ بىلەن
تۈركلەر شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى
دەپ ئىككىگە رەسمىي بۆلۈنگەن. شەرقىي تۈركلەر بىلەن
غەربىي تۈركلەر ئاساسەن ئالتۇن تاغنى پاسىل قىلغان.
غەربىي تۈركلەر ئالتۇن تاغنىڭ غەربىدە بولۇپ، ئۇيسۇنلار-
نىڭ قەدىمكى زېمىنىنى ئىگىلەپ، غەربىي كۆسەننىڭ شىما-
لىدىكى ئوتتۇرا تيانشان تاغ تىزمىسىدىكى مۇھىم قاتناش
يولى ۋە سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپلىرى مول بولغان يۇل-
تۇز ۋادىسىدا (ھازىرقى قاراشەھەر دەرياسىنىڭ يۇقىرى
ئېقىنىدىكى يۇلتۇز جىلغىسى) ئوردا قۇرۇپ، ئۇنى قىشلىق
پايتەخت (جەنۇبىي بارگاھ) قىلغان. كېيىن يەنە شاش
بەگلىكىنىڭ شىمالىدىكى مىڭ بۇلاقتا (بۈگۈنكى چۇ دەريا-
سىنىڭ غەربىي، قىرغىز تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكى)
يازلىق پايتەخت (شىمالىي بارگاھ) قۇرغان. غەربىي تۈركلەر
تون يابغۇ قاغاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئىنتايىن كۈچىيىپ،
ئوقيالىق ئەسكىرى نەچچە يۈز مىڭغا يەتكەن، سۇياب شەھىرى

(ھازىرقى توقماق ئەتراپى)① دە چوڭ قارارگاھ قۇرغان، تون يابغۇ قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەر ئۇزاققىچە بۆلۈنۈش، مالىمانچىلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار زاۋاللىققا يۈزلەنگەن.

## §2. ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى

### 1. ئىجتىمائىي ئىگىلىكى

دېھقانچىلىق. يەر ئىگىدارچىلىقى تۈزۈمى جەھەتتىن ئالغاندا، ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان دۆلەت ئىگىدارچىلىقى، فېئودال پومېشچىكلار ئىگىدارچىلىقى ۋە يەككە دېھقانلار ئىگىدارچىلىقى مەۋجۇت بولغان. بۇ ۋاقىتتا غەربىي يۇرتنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئۆسكەن بولۇپ، جۇڭغار ئويمانلىقى ئەتراپىدا ياشايدىغان تۈركلەر تۆمۈر قوراللارنى ياساش ۋە ئىشلىتىشنى بىلگەن②؛ ئۇيسۇنلار ئىلى دەريا ۋادىسىدا خېلى بۇرۇنلا تۆمۈر ساپان ئىشلەتكەن③. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى لوپنۇردىن تېپىلغان تارشا پۈتۈكلەردە جىن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا بىر تۈركۈم ئۆي ۋە تۆمۈر ساپان ئەۋەتكەنلىكى يېزىلغان. باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل مىڭئۆيىدىكى تام سۈرەتلىرىدە قوش ئۆكۈز بىلەن يەر ھەيدەۋاتقان كۆرۈنۈش

---

① «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەيخەت ئىبادەتخانىسىنىڭ دوم ئۇستازىنىڭ تەرجىمىھالى».

② ليۇ جىشياۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 10 - بەت.

③ «شىنجاڭ تارىخىي ئاركېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» دىكى 15 - رەسىم.

ۋە ھازىر شىنجاڭدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان «كەتمەن» گە ئوخشايدىغان يەر چاناش قۇراللىرى بولغان، تارشا پۈتۈكلەردە يەنە ۋېيى، جىن سۇلالىرىنىڭ بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرلىرى شۇ جايلاردا ئىشلەتكەن «غوزچى»، «تۆمۈر كۈرجەك»، «غوزچە، تۆمۈر قول ھەرە» نى ئىشلەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن ۋە ھاكازالار. بۇ تارىخىي پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بۇ دەۋردىكى غەربىي يۇرتنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى تۆمۈردىن ياسالغان ئادەتتىكى قوراللاردىن باشقا، يەنە تۆمۈر ساپان ئىشلىتىش ۋە كالا بىلەن يەر ھەيدەش تېخنىكىسىمۇ قوللىنىلغان.

غەربىي يۇرتنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق بولغانلىقتىن، سۇ ئىشلىرى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر سۇ ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ ئىشنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئەمەلدار تەسىس قىلغان. 1957 - يىلى تۇرپاندىن تېپىلغان غەربىي لياڭ بەگلىكىنىڭ جيەنچۇ ئىككىنچى يىلى (406 - يىلى) گە ئائىت يازما ھۆججەتلەردە مىراپ دەيدىغان ئەمەلدارنىڭ بارلىقى يېزىلغان. مىراپ ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارى ئىدى. بۇ دەۋرگە ئائىت تارشا پۈتۈكلەر بىلەن كاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە «توغان ساقلاش»، «ئېچىق ئېتىش»، «يەر سۇغىرىش» ۋە سۇغىرىش، سۇ باشلاش، سۇ تۇتۇش، «ئوسا قىلىپ بۇنداي تېرىش»، «ئېتىزغا سۇ باشلاش» دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەر كۆپ خاتىرىلەنگەن. ئىرت- يالقۇن ماكانى دەپ ئاتالغان قۇچۇ رايونىدا سۇ باشلاندى دېيىلگەن سۆزدىكى «سۇ» ئېھتىمال كارىز سۈيى بولۇشى مۇمكىن.

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ بولۇپ

ئارپا، بۇغداي، تېرىق، سېرىق قاتارلىق نەرسىلەر تېرىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە، پۇرچاق، كەندىر، ئۈزۈم، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - قاپاقمۇ بولغان. قۇچۇ، كىنىگىت، كۇسەن، سۇلى، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا شال تېرىش ئومۇملاشقان. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، غەربىي يۇرت مەملىكىتىمىزنىڭ سامان غوللۇق كېۋەز تېرىش رايونى. ئەينى ۋاقىتتا قۇچۇدا كېۋەز كۆپلەپ تېرىلغان بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر پاختىنى «بەي دىيېزى» دەپ ئاتىغان، بەزى جايلاردا بولسا «جىبى» ياكى «گىبى» دەپ ئاتىغان. خوتەننىڭ دەندان ئۆيلۈك ئىبادەتخانا خارابىسىدىكى تام سۈرەتلىرىدە، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ۋە تۇبۇت يېزىقىدىكى رىۋايەت، چۆچەكلەردە، ئۇدۇننىڭ ئۈجمە ئۆستۈرۈپ، پىلە بېقىش ئىشلىرى جانلىق خاتىرىلەنگەن ۋە تەسۋىرلەنگەن.

قول ھۈنەرۋەنچىلىك. غەربىي يۇرتتا كېۋەز تېرىلغانلىقتىن، پاختا يىپ بابكارچىلىقى بارلىققا كەلگەن. قۇچۇنىڭ رەختلىرى ئىچكى رايونلارغا ئاپىرىپ سېتىلغان. قېزىۋېلىنغان يازما ھۆججەت ۋە ماددىي بۇيۇملاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، تارىم ئويمانلىقى ۋە تۇرپاننىڭ يىپەك ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلىرىدا خېلى تەرەققىي قىلغان يىپەك بابكارچىلىقى بولغان. قۇچۇ، كۇسەن ۋە سۇلىنىڭ كىمخابلىرى ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى ھېسابلانغان. غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يەنە، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرىمۇ ئىشلەپچىقىرىلغان، بولۇپمۇ كۇسەننىڭ كىگىز گىلەملىرى ھەممىدىن مەشھۇر ئىدى. كان مەھسۇلاتلىرىنى قېزىشمۇ بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە بولغان. كۇسەننىڭ كانلىرىدىن مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، كۆمۈر چىقاتتى، سۇلىدا

مىس، تۆمۈر، قەلەي ئىشلەپچىقىرىلاتتى. مىتالدىن ئىشلەنگەن نەرسىلەر ئىچىدە، تۆركلەر ئىشلەپ چىقارغان كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك تۆمۈر ئەسۋابلار بىلەن ھەربىي قوراللار ۋە ئۇدۇنلۇقلارنىڭ مىس سايمانلىرى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۇدۇنلۇقلارنىڭ قاشتېشى بۇيۇملىرى، قاڭقىللارنىڭ كىگىز ھارۋىلىرىمۇ بولغان. تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا مەيزاپ ئىشلەپچىقىرىلغان. قۇچۇلۇقلار مۇسەللەس ئىشلەپ چىقارغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتىكى داڭلىق مەھسۇلاتلار ئىدى.

سودا. دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى، غەربىي يۇرت يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا سودا يولىنىڭ تۈگۈنى بولغانلىقى ئۈچۈن، سودا ئىشلىرىمۇ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان. بۇ ۋاقىتتىكى سودا «ئولپان سودىسى» ۋە «ئالماشتۇرۇش سودىسى» دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. سودىگەرلەر سەييارە سودىگەر ۋە تۇراقلىق سودىگەر دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلغان.

بۇ ۋاقىتتىكى يوللار يالغۇز خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىمالىي يول بىلەن جەنۇبىي يول بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ساۋ جەمەتى قۇرغان ۋېي خاندانلىقىدىن كېيىن ئېچىلغان يۈمېن قوۋۇقىدىن چىقىپ لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي چېتىنى بويلاپ ماڭىدىغان يەنە بىر سودا يولىمۇ بولغان. ٧ ئەسىرگە كەلگەندە، يەنە شىنىڭ ئارقىلىق سەيدام ئويمانلىقىدىن پىشامشان ۋە چۈرچاتقا بارىدىغان يېڭى بىر يول ئېچىلغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرى «يىپەك يولى» غا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شىمالىي لياڭنى يوقاتقان چاغدا، ئۇلارنىڭ 12 جىنايىتىنى كۆرسەتكەن. شۇ جىنايەتلەرنىڭ بىرى شىمالىي لياڭنىڭ «غۇز سودى-

گەرلەرنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، كارۋانلارنىڭ يولىنى ئۈزۈپ قويغان①» لىقى ئىدى. سودا يوللىرىدىن ئۆتىدىغان كىشىلەرنى تىزگىنلەش، تەكشۈرۈش ۋە ئۇلاردىن باج ئېلىش ئۈچۈن، جايلاردىكى ھاكىمىيەتلەر مۇھىم ئۆتكەللەرگە چازا قۇرغان. يولۇچىلاردا (سودىگەرلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) چوقۇم مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن بېرىلگەن ھەمدە شۇ كىشىنىڭ ئىسمى - فامىلىسى، يېشى، چىراي ئالاھىدىلىكى، كىيىم - كېچەكلىرى، بىللە ئېلىپ ماڭغان ماللىرى ۋە مىللىتى ياكى دۆلەت تەۋەلىكى يېزىلغان يول خېتى بولۇشى كېرەك ئىدى، تەكشۈرۈشتە بۇلار توغرا چىققاندىلا ئۇلار ئاندىن ئۆتكۈزۈلەتتى.

ئۆز ۋاقتىدا غەربىي يۇرت سودىگەرلىرى بىلەن چەت ئەل سودىگەرلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. يالغۇز شىمالىي لياڭ خاندانلىقىنىڭ پايتەختى گۇساڭ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي شەھىرى) دا تۇرۇشلۇق سوغدى سودىگەرلىرىلا مىڭدىن ئاشاتتى. غەربىي يۇرت سودىگەرلىرىدە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە بارغانلىرى تېخىمۇ كۆپ ئىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مەخسۇس ئاجرىتىپ بەرگەن «مويىلى» كوچىسىدا تۇرۇشلۇق سودىگەرلەرلا 10 مىڭ ئۆيلۈككە يەتكەن. ئۇلار غەربنىڭ گۆھەر، خۇش پۇراق ماتېرىيال، ئات، شۇنىڭدەك غەربىي يۇرتنىڭ مۇسەللەس، قۇرۇق ئۈزۈم، مەي، قاشتېشى بۇيۇملىرى، تەرەنجىۋىل، بوز رەخت قاتارلىق ماللىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ساتقان. قايتىشىدا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تاۋار - دۇردۇن، مىس ئەينەك قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى غەربىي يۇرتقا ئالغاچ كېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاپىرىپ ساتقان، بۇنىڭ ئىچىدە شايى بىلەن

① «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

ئاتتىن ئىبارەت ئىككى خىل تاۋارنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. غەربىي يۇرتنىڭ مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئاتلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىلغان، بىر سودىگەر نەچچە مىڭ توپ يىپەك رەخت سېتىۋېلىپ قايتقان.

تاۋارنى كۆپلەپ ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن پۇل كېرەك ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا شىنجاڭدىن پارس ساسانىيلار خاندانلىقىنىڭ تەڭگىلىرى، ۋىزانتىيىنىڭ تىللالىرى، شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ «بۇچۈەن» پۇلى، غەربىي يۇرتنىڭ ئۆزىدە قۇيۇلغان «بەش جۇلۇق پۇل»، چاسا تۆشۈكلۈك يېزىقسىز مىس يارماق ۋە غەربىي يۇرتنىڭ يارماق پۇلى دېگەنگە ئوخشاش پۇللار تېپىلغان، پۇللارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتا ئىشلىتىلگەن. قېزىۋېلىنغان يازما ھۆججەتلەر يەنە شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتا يەنە گىلەم، رەخت ۋە ھاراق مال ئالماشتۇرۇشتا ئۆلچەم بىرلىكى قىلىنغان.

ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سودىنىڭ تەرەققىياتى غەربىي يۇرتتىكى شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قۇچۇدا بۇرۇن سەككىز شەھەر بولغان بولسا، تاڭ تەيزۇڭ قۇچۇنىڭ چۈجيا جەمەتى خاندانلىقىنى يوقاتقاندا تۆت ۋىلايەت، 13 ناھىيە، توققۇز شەھەر بولغان بولۇپ، شەھەرلەر زور دەرىجىدە كۆپەيگەن. ئۇدۇننىڭ دائىرىسىدە بەش چوڭ شەھەر، بىرقانچە ئون كىچىك شەھەر بولغان. ئەينى ۋاقىتتا شەھەر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ زىننەتلىنىشىگىمۇ بىرقەدەر ئەھمىيەت بېرىلگەن. كۇسەننىڭ خان قەلئەسىنىڭ ئۆيلىرى «ئاجايىپ گۈزەل»①. ئۇدۇننىڭ خان قەلئەسىدە «ئۆي - ئىمارەت ۋە رەسىملەر بار»②. خاتىمە قەلئەسى

① «جىنشنامە. لۈي گۇاڭ خاتىرىلىرى».
② «ۋېيشامە. ئۇدۇن تەزكىرىسى».

«ئۈز تەتراپىدىكى مېۋىلىك باغلىرى بىلەن لوياڭ شەھەرىگە ئوخشايدۇ، پەقەت ئۆي-ئىمارەت تاملىرىنىڭ لايدىن سېلىنغانلىقى، ئۈگزىلىرىنىڭ تۈزلۈكىدىنلا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ»③.

## 2. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيىتى رەڭگارەڭ، مەزمۇنغا باي ئىدى.

يېزىق. غەربىي يۇرتتىكى مىللەت كۆپ، ئۇلارنىڭ تىلى خىلمۇ خىل ئىدى. ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتا، ھەرقايسى مىللەت ئۆزىگە باپ كېلىدىغان يېزىق قوللانغان. ئومۇمەن ئېيتقاندا، خەنزۇ يېزىقى ئاساسەن ھازىرقى تۇرپان، لوپنۇر ۋە نىيە ئاھىيلىرىدە قوللىنىلغان. خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قوچۇدا ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغاندىن باشقا، خەلق ئارىسىدىكى توختام، ھېسابات، ئەرزنامە، تىلخەت، قەبرە تەزكىرىسى، ئاھىدە قاتارلىقلارنىڭ تولىسىمۇ خەنزۇچە يېزىلغان. قېرىنداش مىللەتلەرمۇ خەنزۇچىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆگەنگەن. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە، قوچۇدا «نەزمىنامە»، «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «ۋاپانامە» قاتارلىق كىتابلارنى ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرىغا ئۆگەتكەن. گەرچە بۇ كىتابلار خەنزۇچە ئۆگىتىلسىمۇ، لېكىن غۇز تىلىدا ئوقۇلىدۇ دېيىلگەن. بۇنىڭدىكى «غۇز تىلىدا ئوقۇلىدۇ» دېگەن سۆز، روشەنكى، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ خەنزۇچىنى

① «لوياڭ ئىبادەتخانىلىرى تەزكىرىسى»، «سۇڭ يۈننىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دىن ئېلىندى.

ئۆگەنگەنلىكىنى كۆرسىتەتتى، خوتەندىكى نىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى خارابىلىكتىن خەنزۇ يېزىقىدا پۈتۈلگەن نۇرغۇن ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، يول خەت ۋە يولۇچىلارنى تىزىملاش دەپتىرى تېپىلدى. بۇ يەردىن تېپىلغان تارشا پۈتۈكلەردە، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ يېزىقىدا يازغان خەت-چەكلەرمۇ بولغان.

I ئەسىردىن IV ئەسىرگىچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە كاروشتى يېزىقى قوللىنىلغان، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن تېپىلغان كاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر فراگمېنتلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇددا نومىغا ئائىت كلاسسىكلار بولغاندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ تولىسى ئەل ئىشلىرىغا ئائىت ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ئىكەن.

مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل. غەربىي يۇرت خەلقى ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر. غەربىي يۇرتنىڭ مۇزىكىلىرى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماي، ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ تارقالغان. كۇسەن مۇزىكىسى، سۇلى مۇزىكىسى، شۇنىڭدەك كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ تەسىرى بىلەن تەرەققىي قىلغان غەربىي لياڭ مۇزىكىسى ئەينى ۋاقىتتا شىمالىي جۇڭگو مۇزىكىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان.

«كونا تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە «چېن، لياڭ سۇلالىرىنىڭ كونا مۇزىكىلىرىغا ۋۇ، چۇ دىيارىنىڭ مۇزىكىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن، جۇ، چى بەگلىكلىرىنىڭ كونا مۇزىكىلىرىدا غۇز ۋە رۇڭلار مۇزىكىلىرىنىڭ تەسىرى كۆپرەك ئىدى» دېيىلگەن. بولۇپمۇ كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆرسەتكەن تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى

مول بولۇپ، ناخشا ـ مۇزىكىسى، نەغمە مۇزىكىسى ۋە ئۇسسۇل مۇزىكىسى بولغان. تىنك غۇڭقا، بەرباپ، پەنجىتار، بالمان، نەي، تىمزمانەي، داپ، جاڭ قاتارلىق 15 خىل چالغۇ ئەسۋابى بولغان. سازلارنىڭ «ئاۋازى ئاجايىپ جاراڭلىق بولۇپ، قۇلاقنى ياڭرىتىدۇ، يۈرەكنى تىترىتىدۇ». ناخشىنىڭ «ئاھاڭلىرى يېقىملىق ۋە مۇڭلۇق»، «ئاڭلىغان ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلمەي قالمايدۇ»①. غەربىي يۇرتنىڭ داڭلىق مۇزىكانتلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغاندا، ئۇلارنىڭ نام ئاتىقى كەڭ تارقىلىپ، ئىنتايىن چوڭ تەسىر قوزغىغان. غەربىي يۇرتنىڭ مۇزىكانتلىرىدىن ساۋپولمان، ساۋسىگنۇ، ساۋمياۋدادىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلاد كىشىنىڭ ھەممىسىگە شىمالىي چى خانلىقى تەرىپىدىن «مۇزىكا سارىيى ئېچىپ بېرىپ، مۇزىكانتلار پىرى دېگەن نامنى ئاتا قىلىنغان». كۇسەنلىك سۇجۇپ شىمالىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، ئۇزاقتىن بويان بۇزۇلۇپ كەتكەن يەتتە ئاھاڭ رىتىمىنى تەكشۈرۈپ تۈزىتىپ ۋە كۇسەن مۇزىكا رىتىمىنى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئوردا ۋە خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. غەربىي يۇرت ئۇسسۇل ـ مۇزىكىلىرىدىن ھازىرغىچە ئايان بولغانلىرى «ئۇدۇن بۇددا كۈيلىرى»، كۇسەنىنىڭ «كىچىك پەر»، سۇلىنىڭ «يىراقتىكى ئەسكەرلەر كۈيى» ھەمدە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ مۇزىكا مەھكىمىسىدە ئورۇندالغان ياپبانلارنىڭ داپ ئۇسسۇلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

— سەنئەت. بۇ دەۋردىكى غەربىي يۇرت سەنئىتىنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ،

① «قانۇنلار قامۇسى. نەغمىنامە».

ئاساسەن ناھايىتى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ياسالغان بۇت ۋە رەڭ-
گارەڭ تام سۈرەتلىرىدىن ئىبارەت. بۇ ئېسىل سەنئەت بۇيۇم-
لىرىنىڭ تولىسى باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭئۆيى، كۇچا-
دىكى قۇمتۇرا مىڭئۆيى، تۇرپاندىكى بېزەكلىك مىڭئۆيى قاتارلىق
جايلاردا ساقلانغان.

دىن. بۇددا دىنى. ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي،
شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، بۇددا دىنى غەربىي يۇرتتا
تازا گۈللىنىش دەۋرىگە يەتكەن، ئۇلار مۇنۇ جەھەتلەردە
گەۋدىلىنىدۇ: بىرىنچى، مۇخلىسلىرى ئىنتايىن كۆپ
بولغان، ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ پۇقرالىرى ئاران بىرنەچچە تۈمەن
بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدە راھىبلار 10 مىڭدىن ئاشقان. چوما
ناملىق بىر ئىبادەتخانىدىلا 3000 راھىب بولۇپ، غىزالىنىش
ۋاقتى دۇمباق چېلىش ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلغان. كۇسەن ئەينى
ۋاقىتتا بۇددا دىنىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، راھىب-
لىرى 10 مىڭدىن ئاشقان. ئىككىنچى، بۇت ياساش جەھەتتىكى
ھەيكەلتىراشلىق تېخنىكىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان، ئىبا-
دەتخانا مۇنارلىرى ناھايىتى ھەشەمەتلىك سېلىنغان. مەسىلەن،
ئۇدۇندىكى بۇتلار شۇنداق تەڭداشسىز ئۇستىلىق بىلەن ياسال-
غانكى، ئۇنىڭ بەزى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئۇچار بۇتىنىڭ
ئېگىزلىكى ئون نەچچە غۇلاچتىن ئاشىدۇ. پۇقرالارنىڭ ئىشىك
ئالدىغىمۇ بۇت مۇنارلىرى ياسالغان، ئۇلارنىڭ كىچىكلى-
رىمۇ ئىككى غۇلاچتىن ئېگىز بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتكەن-
كەچكەن راھىبلارنى كۈتىدىغان خاس ھۇجرىلار سېلىنغان.
كۇسەندە مۇنارلىق ئىبادەتخانىلار ناھايىتى كۆپ ھەم كۆركەم
بېزەلگەن. خان ئوردىلىرىغىمۇ بۇت ياسىلىپ، خۇددى بۇتخا-
نىلاردەك بېزەلگەن. ئۈچىنچى، ئىبادەت پائالىيەتلىرى ناھايىتى
كۆپ بولغان. ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ راھىبلىرى ھەر كۈنى

كۆجە كۆيدۈرۈپ، ئايەت ئوقۇغان، ھەر ئايدا دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزگەن، ھەر يىلى تەنتەنىلىك بۇددا يىغىلىشلىرىنى ئۆتكۈزگەن. تۆتىنچى، پېشىۋا راھىبلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان، غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. غەربىي يۇرتنىڭ بۇددىزم دولقۇنى تېزلا شەرققە تارقىلىپ، مىڭلىغان راھىبلار تەلىمات ئېلىش ئۈچۈن غەربكە يۈرگەن، يىپەك يولىدا راھىبلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. ساۋ جەمەتىنىڭ ۋېي بەگلىكى دەۋرىدىكى جۇشىشىڭ، غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇفاخۇ، سىڭجيەن، كېيىنكى چىن دەۋرىدىكى فاشيەن، جى مىڭ، ليۇ جەمەتىنىڭ سۇڭ بەگلىكى دەۋرىدىكى تەن ۋۇجىي، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇي شېڭ، سۇڭ يۈن قاتارلىقلار غەربكە بارغان راھىبلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، بۇددا مەدەنىيىتىنى تارقىتىش جەھەتتە تۆھپە قوشقان. فاشيەننىڭ «بۇددىزم ئېلىگە ساياھەت»، سۇڭ يۈننىڭ «سۇڭ يۈننىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسەرلىرىدە غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىياللار قالدۇرۇلغان. شۇ چاغلاردا، غەربىي يۇرتتىن كۆپلىگەن كامىل راھىبلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، نوم تەرغىباتى ۋە نوم تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇلاردىن كېيىنكى جاۋ خانلىقى پادىشاھىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا سازاۋەر بولۇپ كامىل راھىب دەپ ئاتالغان فوتو چېڭ، بولۇپمۇ سانسكرىت ۋە خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلىدىغان كۇسەنلىك بۇددىست كۇمراجىۋا جۇڭگونىڭ بۇددا دىنى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئۇلىنىڭ تەسىرىمۇ ئىنتايىن چوڭقۇر. كۇمراجىۋادىن باشلاپ، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش فېئوداللىق دۆلەتنىڭ مەبلەغ ئاجرىتىشى ۋە كۆچ تەشكىللىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان رەسمىي دىنىي مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئايلانغان. كۇمرا-

جەۋا 74 قىسىم 384 جىلدتىن ئارتۇق بۇددا نومىنى تەرجىمە قىلغان، «سۆز ئىبارىلەرنى توغرا ئىشلىتىپ، «غەربىي يۇرت تىلىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى»نى ساقلاپلا قالماي، بەلكى جۇڭگو بۇددا دىنىنىڭ دىنىي پەلسەپىسى ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. جۇڭگودا كېيىنكى چاغلاردىكى بۇددا دىنى ئىلمىي ئېقىملىرى بىلەن مەزھەپلىرى ئاساسلانغان مۇھىم نوملارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن كۇمراجىۋا تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. كۇمراجىۋانىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن قۇرۇلغان راھىب - راھىبەلەرنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى كېيىنكى مەزگىلدىكى راھىبلىق مەنسەپ تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئاساس بولغان. كۇمراجىۋا بىلەن بىرلىكتە نوم تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان بىر قانچە يۈز شاگىرت ۋە كۇمراجىۋادىن تەلىم ئېلىپ نوم تەھسىل قىلغان ئىككى - ئۈچ مىڭ تالىپ مەملىكىتىمىزنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلىرىغا تارقالغان. كېيىنكى چىن سۇلالىسى تەرىپىدىن «ئەل ئۇستازى» دەپ ھۆرمەتلەنگەن. بۇ كامىل راھىبنىڭ ئېلىمىزنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىگە ۋە جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا قوشقان تۆھپىسى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

داۋجياۋ دىنى. مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بارلىققا كەلگەن. مىلادى ٧ ئەسىردە غەربىي يۇرتقا كىرىپ، ئاساسەن قۇچۇ رايونىدا تارقالغان. 1960-يىلى شىنجاڭ مۇزېيى تۇرپاندىكى ئاستانىدىن داۋجياۋ دىنىغا ئائىت بىر تۇمار تېپىۋالغان. قۇچۇ خانلىقىنىڭ خېپىڭ 1- يىلى (551 - يىلى) غا مەنسۇپ قەبرىدە سېرىق قەغەزگە قىزىل رەڭدە يېزىلغان بىر تۇمار بولغان، تۇمارنىڭ ئۈستىگە سول قولدا شەمشەر، ئوڭ قولدا ئارا تۇتقان بىر ئىلاھ سىزىلغان؛ ئۇنىڭ

تۆۋەندىكە «سېرىق تەڭرى ئىلاھى» دېگەن سۆزدىن باشلىنىپ، «كىچىكتۇرمەي ئىجرا قىلىش» دېگەن سۆز بىلەن ئاياغلاشقان ئەپسۇن پۈتۈلگەن. مەزكۇر تۇمارنى چۈي جەمەتى خانلىقىنىڭ مۇلكىي ۋازارىتىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى جاۋلىڭدا دېگەن كىشى ئاسقان. بۇنداق تۇمار ئېسىش تۈزۈمى جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى داۋجياۋ دىنىنىڭ «بېي تېيەنشى» مەزھىپىنىڭ قىچۇ رايونىغا تارقالغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بۇ دەۋردە ئۆلگەنلەر بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ھەمدەپىنە بۇيۇم- لىرىنىڭ «سول تەرىپىدە ئەجدىھا (داۋجياۋ دىنىدىكىلەر ئېتىقاد قىلىدىغان شەرقىي ئىلاھ — م)، ئوڭ تەرىپىدە ئاق يولۋاس (داۋ- جياۋ دىنىدىكىلەر ئېتىقاد قىلىدىغان غەربىي ئىلاھ — م)، ئالدى تەرىپىدە تومۇچۇق (داۋجياۋ دىنىدىكىلەر ئېتىقاد قىلىدىغان جە- نۇبىتىكى ئىلاھ — م)، ئارقا تەرىپىدە تاشپاقا (داۋجياۋ دىنىدىكىلەر ئېتىقاد قىلىدىغان شىمالىي ئىلاھ — م)» نىڭ سۈرەتلىرى بولغان. بۇنىڭدىكى سول، ئوڭ، ئالدى، ئارقا دېگەن سۆزلەر ھەرگىز تە- رەپنى كۆرسەتمەستىن، داۋجياۋ دىنىنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھلىرىنى كۆرسەتكەنلىكى ئېنىق؛ «كىچىكتۇرمەي ئىجرا قىلىش»، «ئەمرپەرۋە- مانلارغا ئوخشاش بەجاكەلتۈرۈش» دېگەن سۆزلەر داۋجياۋ دىنىنىڭ تۇمارلىرىدىكى دائىملىق سۆزلەر ئىدى.

زورو ئاستېر دىنى. زورو ئاستېر دىنى شۇ دەۋردە سۇلى، ئۇدۇن، كۇسەن ۋە كىنگىت قاتارلىق جايلارغا داۋاملىق تارقىلىپ، شۇ چاغ- دا بۇ رايونلارغا تارقالغان بۇددا دىنى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇ- رغان. تۇرپاندىن تېپىلغان يازما ھۆججەتلەردە قۇچۇ رايونىنىڭ كۆپلىگەن ئورۇنلىرىدا زورو ئاستېر دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بارلىقى ھەمدە سابو دېگەن مەنسەپ تەسىس قىلىنىپ، بۇ جايدىكى زورو ئاستېر دىنىغا ئائىت ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇرغانلىقى ئىزھار قىلىنغان. شىمالىي سۇلالە پادىشاھلىرىنىڭ زورو ئاستېر

دىنىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشى «غەربىي يۇرتتىكىلەر-نى جەلپ قىلىش» ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىنغانلىقى ئىدى. بۇنىڭدىن زورو ئاستېر دىنىنىڭ غەربىي يۇرتتا خېلىلا زور تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شامان دىنى. شامان دىنى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىغا داۋاملىق تارقالغان. ياخشىلار خەلق ئارىسىدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، كېسەل داۋالايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي تەدبىر ۋە ھەربىي ھەرىكەتنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىقتىن بېشارەت بېرىش-بەرمەسلىكى توغرىسىدا پال ئاچاتتى.

خەلق ئىچىدىكى چوقۇنۇشلار ئەسلىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك-تىكى خەنزۇلارنىڭ ئادىتى ئىدى، ھالبۇكى، تۇرپاندىن تېپىلغان يازما مەنبەلەردە شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ «شامال ئىلاھى»، «دەل - دەرەخ ئىلاھى، تاش ئىلاھى»، «ئاشلىق ئىلاھى» ۋە «تاغ - دەريالار» غا چوقۇنغانلىقىغا ئائىت خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. چوقۇنغۇچىلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇلارلا بولۇپ قالماستىن، يەنە شىڭفۇ، كاڭ شىڭ، ئاشىشىڭ دېگەنگە ئوخشاش ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىسمىمۇ بار، بۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى دىۋىنىش ئادەتلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتىكى بىر قىسىم قېرىنداش مىللەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ بابتىن قىسقىچە خۇلاسە: بۇ بابنى ئۆگىنىش ئارقى-لىق بىز تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن تارىخىي ئىلھامغا ئىگە بولىمىز:

(1) ھونلار بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي

كۆچى زاۋالغا يۈز تۇتقان ۋەزىيەتتە، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەمىنىيە يېغىلىق دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ئۇششاق بەگلىكلەرنىڭ بىر-بىرىنى قوشۇۋېلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن.

(2) بۇ دەۋردە ئېلىمىزدىكى سىيانپېي، جۇجان، قاڭقىل، ئېفتالىت قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيەتلىرى غەربىي يۇرتتا بىر ئەسىردىن كۆپ ۋاقىت غوجىلىق تالىشىش ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان بۇ ئۇرۇش يامان تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئوبيېكتىپ جەھەتتە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى ۋە قوشۇلۇش جەريانىدا تېلىپلىشىش يۈزلىنىشىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئاخىرى شىنجاڭدا ئاساسىي گەۋدە بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن سەل قاراشقا بولمايدىغان رول ئوينىغان.

(3) بۇ 360 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەتلەر گەرچە چوڭ داۋالغۇش، چوڭ بۆلۈنۈش ھالىتىدە تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلار بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتى باشتىن-ئاياغ ئۈزۈلمىگەن. غەربىي يۇرتتىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۆزىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلارنىڭ سىرتىدا قويمىغان. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشىدۇر.

(4) بۇ دەۋردىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا، غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئائىت تارىخىي پاكىتلار ۋەتىنىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ۋەتىنى-

مىزلىك تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتقانلىقىنى مۇنا-زىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## ئۆگىنىش ۋە مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈڭ؟

2. ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىڭ؟

3. ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشىنى تولۇق تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاڭ. بۇنداق باشقۇرۇش نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟

# IV باب سۇي ۋە تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرتۇتاش باشقۇرۇشى

سۇي سۇلالىسى (581 — 618) ئاران 38 يىل دەۋر سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمەل – مەنسەپ، قانۇن – تۈزۈملەرنى تەسىس قىلىپ، چېگرا رايونىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئېچىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشى ۋە غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئاساس سالغان.

300 يىلغا يېقىن دەۋر سۈرگەن لى جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى (618 — 907) دەۋرى — جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى. تاڭ سۇلالەسى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئەينى زاماندا دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. پۈتۈن دۇنيا تاڭ سۇلالىسىگە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارايتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى چېگرا رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئىناقلىقى ۋە دوستلۇقى جەھەتتە شانلىق تارىخىي سەھىپە قالدۇرغانىدى.

## 1§. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

### 1. سۈي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى

581 - يىلى شىمالىي جۇ بەگلىكىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ھوقۇقىنى كونترول قىلىۋالغان باش ۋەزىر ياڭ جيەن جۇ بەگلىكىنىڭ سەككىز ياشلىق پادىشاھى جىڭ دىنى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆزىنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى، دۆلەت نامىنى سۈي دەپ ئاتىدى، يىلنامىنى كەيخۇاڭ قىلىپ ئۆزگەرتتى، چاڭئەننى پايتەخت قىلدى.

سۈي سۇلالىسى چېن سۇلالىسىنى يوقىتىپ، ئۇزۇن مەزگىل پارچىلىنىپ كەلگەن جۇڭگونى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جۇڭگودا نەچچە يۈز يىل داۋاملاشقان بۆلۈنمە ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىمۇ ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

583 - يىلى (كەيخۇاڭنىڭ 3 - يىلى) تۈركلەر شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك دەپ ئىككى بۆلەككە رەسمىي بۆلۈنۈپ كەتتى. 599 - يىلى دۇلان قاغانى قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئىچىدە زور قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى تاردۇش پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلتابىرنى ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ شىمالىي چۆللۈكنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىپ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركنى بىرلىككە كەلتۈردى، ئۆزىنى بىلگە قاغان دەپ ئاتاپ، تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ قاغانى بولۇۋالدى. 600 - يىلدىن 601 - يىلغىچە تاردۇش قاغان جەنۇبقا

ئۈچ قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ، سۈي سۇلالىسى چېگرىسىغا چېپقىلغاندا، جىن بەگلىكىنىڭ بېگى ياڭ گۇاڭ ۋە غەربىي يۈرۈش قوماندانى ياڭ سۇ قاتارلىقلار تەرىپىدىن كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ قىلىنغاچقا، تاردۇش قوشۇنلىرىنى باشلاپ يىراققا كۆچۈپ كەتتى. سۈي سۇلالىسى چىمىن قاغان رامخاننى شى ۋانسۈي باشچىلىقىدىكى قوشۇننىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىدە شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئەسلى ماكانىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

603 - يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىنلەشتى، تېلې، ئىزگىل، بارغۇت قاتارلىق ئون نەچچە قەبىلە بىرلىكتە قوزغىلىپ قارشى چىقتى. بۇنىڭ بىلەن تاردۇش پۇت تىرەپ تۇرىدىغان زېمىندىن مەھرۇم قېلىپ، قالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ غەربىتىكى تۇيغۇنلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا زور مالىمانچىلىق يۈز بەردى. بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇش قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، ئاخىرى تاردۇش قاغاننىڭ ئەۋرىسى تارمان غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانلىق تەختىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى نىزۇك چۇلۇ قاغان دەپ ئاتىدى.

نىزۇك چۇلۇ قاغان ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان چېغىدا ئىنتايىن ۋەھشىيلىك ۋە ئىچى تارلىق قىلدى. ئۇ تېلې قەبىلىلىرىگە نىسبەتەن ئېغىر باج - سېلىق سىياسىتىنى قوللىنىپ، تېلې قەبىلىلىرىنى زار - زار قاقشاتتى. نىزۇك چۇلۇ قاغان يەنە، 605 - يىلى تېلې، سىرتاردۇش قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن 600 دىن ئارتۇق كىشىنى تىرىك كۆمۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن تېلې قەبىلىلىرى تېخىمۇ كۈچەپ قارشىلىق كۆرسەتتى، نەتىجىدە غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاشتى. تېلې قەبىلىلىرى قىبىئار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى قىبىئار غالىننى ئۆۋش باغا قاغان قىلىپ

سايلاپ، سىرتاردۇشلار باشلىقى ئىلدىرنى كىچىك قاغان قىلىپ سايلاپ، تېلې خانلىقىنى قۇردى.

605 - يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 1 - يىلى) سۈي ياڭدى تەختكە چىقىپ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش ھەرىكىتىنى پائال قانات يايدۇردى. ئەينى زاماندا خېشى كارىدورىدىكى جاڭيې غەربىي يۇرت سودىگەرلىرى جەم بولىدىغان جاي ئىدى. سۈي ياڭدى مەلىسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ ۋەزىرى پېي جۈينى ۋۇۋېي بىلەن جاڭيې ئارىلىقىدا يۈرۈپ غەربىي يۇرتنىڭ سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ھەمدە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تاغ - دەريا، قاتناش، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەشكە، بولۇپمۇ دۇنخۇاڭدىن غەربىي يۇرتقا بارىدىغان ئۈچ سودا يولىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن خاتىرىلەر» دېگەن كىتابنى يېزىپ، سۈي ياڭدىنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش چارە - تەدبىرلىرىنى بېكىتىشتە پايدىلىنىشىغا ئەۋەتتى. پېي جۈي چۇلۇ قاغاننىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، سۈي ياڭدىنىڭ چۇلۇ قاغانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىش ھەققىدە مەكتۇپ يوللىدى. سۈي ياڭدى سۈي جۇنسۇنى خان يارلىقى بىلەن چۇلۇ قاغاندىن ھال سوراشقا ئەۋەتتى. چۇلۇ قاغان يارلىقنى قوبۇل قىلىپ، سۈي سۇلالىسىگە بويسۇنىدىغان بولدى.

608 - يىلى سۈي ياڭدى، بىر تەرەپتىن، شۆ شىشيۇڭنى يۈيمېندىن چىقىپ ئىۋىرغولغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى، شۆشىشيۇڭ ئىۋىرغولنى ئىگىلەپ، يېڭى شەھەر بىنا قىلىپ، يېڭى ئىۋىرغول دەپ ئاتىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، تېلې قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلدى (تۇيغۇنلار ئەس

لى سىيانپىلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، IV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
ئاقساقال تۈيغۇننىڭ باشچىلىقىدا ھازىرقى لياۋنىڭدىكى جىن-
شيەن ناھىيىسىدىن گەنسۇ - چىڭخەي ئارىلىقىدىكى جايلارغا
كۆچۈپ كەلگەن، شۇنىڭدىن باشلاپ تۈيغۇن دەپ ئاتالغان)،
ئاندىن كېيىن بۇ جايدا تۆت ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. بۇلار-
دىن پىشامشان ۋە چۇرچان شىنجاڭ دائىرىسىدە ئىدى. 609 -
يىلى سۈي ياڭدى پېيى جۈينى قۇچۇ بېگى چۈ بويا ۋە غەر-
بىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا ئەۋەتتى.
سۈي ياڭدى غەرب تەرەپنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئاتلىنىپ،
خېشىدىكى ئالچى تېغى (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى شەن-
دەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى) غا كەلگەندە، قۇچۇ بېگى چۈبويا،
كىنىگىت بېگى لۇنتو تۇركەش، كوسەن بېگى بېسۇنچە، سۇلى
بېگى ئامىجۇ ۋە ئۇدۇن، كانگىيە، شاش، كېش قاتارلىق بەگ-
لىكلەرنىڭ بەگلىرىدىن بەزىلىرى سۈي ياڭدىنىڭ
ئالدىغا ئۆزى چىقتى، بەزىلىرى ئەلچى چىقارتتى. سۈي ياڭ-
دى ئۇلارنى داغدۇغىلىق قارشى ئېلىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ
قۇدرىتى ۋە باياشاتلىقىنى كۆز - كۆز قىلدى. بۇ ئىشتىن كې-
يىن، قۇچۇ بېگى چۈبويا سۈي ياڭدى بىلەن بىللە پايتەختكە
بېرىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسى خۇارۇڭنى نىكاھىغا ئالدى.
سۈي ياڭدى ئۇنىڭغا كېڭەش بېگى، بېيەن بەگلىكىنىڭ تۆرى-
سى، قۇچۇ ۋاڭى دېگەن مەرتىۋىنى بەردى.

610 - يىلى سۈي سۇلالىسى ئىۋېرغول ۋىلايىتىنى تە-
سىس قىلدى. غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، سۈرگۈن
قىلىنغان گۇناھكارلارغا ئىۋېرغولدا كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئاچقۇ-
زۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 611 - يىلى ئۇسۇنلار
ماكانىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان غەربىي تۈرك-
لەرنىڭ قاغانى چۇلونى ئۇنىڭ تاغىسى شېكۈي مەغلۇپ قىلىپ،

ئۆزىنى قاغان قىلىپ تىكلىدى. سۈي ياڭدى پېي جۈي بىلەن شىيالڭ خانىمىنى ئەۋەتىپ، چۇلۇ قاغاننى لوياڭغا ئەكەلدۈرۈپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى ھەمدە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى خۇينىڭ (ھازىرقى شەنشىنىڭ جىڭبيەن ناھىيىسى)، لۇفەن (ھازىرقى سەنشىدىكى يەنمېنگۇەن ناھىيە- سىنىڭ شىمالى) قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە شىنيى مەلىكىنى چۇلۇ قاغانغا ياتلىق قىلدى. چۇلۇ قاغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلىشىپ قىلىپ، سۈي ياڭدى بىلەن بىللە كۆرىيىگە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ بېرىپ خىزمەت كۆرسەتكەچكە، ئاشىيانا قاغان دېگەن نامغا نائىل بولدى.

شېكۈي غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى بولغاندىن كېيىن، نەچچە تۈمەن ئوقياچى لەشكەرگە ئىگە بولۇپ، ئىستەمى ۋە تاردۇش قاغان دەۋرىدىكى قۇدرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، غەربىي تۈركنى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرگە ئېلىپ كىردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، سۈي ياڭدى ئۆلتۈرۈلۈپ، سۈي سۇلالىسى يوقالدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ۋەزىپە لى جەمەتىي قۇرغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئورۇندىشىغا قالدى.

### 2. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

سۈي سۇلالىسى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قاخشاتقۇچ زەر- بىسى بىلەن ھالاكەتكە يۈزلەندى، بۇ چاغدا تەيۈەننى مۇداپىئە قىلىۋاتقان گۇەنلۇڭ (گۇەنجۇ ـ لۇڭشى رايونى) لۇق ئاقسۆڭەك لى يۈەن 617 ـ يىلى تەيۈەندە قوزغىلاڭ كۆتۈ- رۈپ، 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ تەيۈەندىن ئۇدۇل چاڭئەنگە باستۇرۇپ كىردى. 618 ـ يىلى سۈي ياڭدى جياڭ-

دەۋدا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، لى يۈەن چاڭئەندە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتاپ، تاڭ سۇلالىسىنى قۇردى، يىلنامىنى ۋۇدې دەپ ئۆزگەرتتى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇ پادىشاھى لى يۈەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە (618 — 626) تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلىرىغا قارىغۇدەك مادارى يوق ئىدى. 626 - يىلى لى يۈەننىڭ ئىككىنچى ئوغلى لى شىمىن «شۈەن ۋۇمىن ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن پادىشاھ بولدى، ئۇ تارىختا تاڭ تەيزۇڭ دەپ ئاتالدى، يىلنامىسى جېنگۇەن دەپ ئاتالدى. تاڭ تەيزۇڭ يىراقنى كۆرىدىغان، دانا ۋە ئىستىبداتلىق پادىشاھ ئىدى. ئۇ ئىچكى سىياسەتنى ئىسلاھ قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زېمىن دائىرىسىنى پاتال كېڭەيتىپ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كىرىشتى. شۇڭا، ئۇ بىڭجۇنىڭ تۇتۇق بېگى لى شىجىنى قۇملۇق يولى ھەربىي يۈرۈش باش بۇغى، لەشكىرى پىرقە دىۋان بېگى لى جىڭنى دىڭشياڭ يولى ھەربىي يۈرۈش باش بۇغى، خۇاجۇنىڭ ئايماق بېگى سەي شاۋنى چىنخې يولى ھەربىي يۈرۈش باش بۇغى، لىڭجۇنىڭ تۇتۇق بېگى شۈۋەنچېنى چاڭۋۇ يولى ھەربىي يۈرۈش باش بۇغى قىلىپ تەيىنلەپ، جەمئىي 100 مىڭ لەشكەرنى لى شىجىنىڭ باش قوماندانلىقىدا، شىمالىي چۆللۈكتىكى قەبىلىلەرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ھۇجۇمغا ئاتلاندۇردى. ھەربىر يۆنىلىشتىكى قوشۇنلار غالىبىيەت خەۋەرلىرىنى كەينى - كەينىدىن يەتكۈزۈپ تۇردى، 630 - يىلى لى جىڭ چوغاي تېغىدىكى ئۇرۇشتا شەرقىي تۈرك قاغانى ئىللىكنى مەغلۇپ قىلدى، ئارقىدىنلا لى جىڭ لى شىجى بىلەن بىللە بەي داۋچۈەن قاتارلىق جايلاردا قورشاپ ئىككى تەرەپتىن

ھۇجۇمقىلىپ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئاساسىي كۈچىنى
يوقاتتى، ئىللىك قاغاننى ئەسىر ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى
قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئۆز پۇقرالىرىنى باشلاپ ئارقا - ئار-
قىدىن تەسلىم بولدى، شەرقىي تۈرك خانلىقى يوقالدى.

شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ يوقىلىشى شىمالدا ۋە غەر-
بىي يۇرتتا ئىنتايىن زور زىلزىلە پەيدا قىلدى، بۇ جايلاردىكى
بەگلىكلەر تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەل بولۇشنى بەس - بەس-
تە تەلەپ قىلدى ھەمدە تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىننى ھۆرمەتلەپ
«تەڭرى قاغان» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاڭ سۇلالى-
سىدىن شىمالغا ۋە غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلگەن مەكتۇپ ۋە
تامغىلارنىڭ ھەممىسىگە «تەڭرى قاغان» دەپ يېزىلىدىغان
بولدى ھەمدە: «بۇنىڭدىن كېيىن قايسىبىر قارام بەگلىكنىڭ
سەركەردىسى ئۆلسە، ئىزباسارى پادىشاھنىڭ پەرمانى بى-
لەن تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك»① دەپ بەلگىلەندى.
تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي جەھەتتىكى غەلىبىسى، «تەڭ-
رى قاغان» دېگەن ھۆرمەت نامىنىڭ تىكلىنىشى، چېگرا را-
يونلاردىكى قەبىلىلەرنىڭ ۋارىسلىرىنى يارلىق بىلەن تۇرغۇزۇش
تۈزۈمىنىڭ بەلگىلىنىشى غەربىي يۇرتتىكى بەگ-
لىكلەرگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتتى. دەل شۇ يىلى
غەربىي تۈركلەر تەۋەلىكىدىكى ئىۋىرغۇل شەھىرىنىڭ بېگى
شى ۋەننىيەن يەتتە شەھەرنى ئەگەشتۈرۈپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ
تەۋەلىكىگە ئۆتتى. تاڭ سۇلالىسى بۇ جايدا غەربىي ئىۋىرغۇل
ئايمىقى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى.
ئىۋىرغۇلنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولۇشى بىر قاتار تەسىرلەر-
نى قوزغىدى، قۇچۇ، كىنگىت، كۈسەن، سۇلى، ئۇدۇن ۋە

① «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»، 100 - جىلد، «ھەرخىل ئەللەر-
دىن خاتىرىلەر».

كانگىيە، ئارساك، شاش قاتارلىق بەگلىكلەرمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئەلچى ۋە ئولپان ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. قۇچۇ بېگى چۈۋبىنتەي ئۆزى بىۋاسىتە چاڭئەنگە بېرىپ تاڭ تەيزۇڭ بىلەن كۆرۈشتى، ئۇزۇنغا قالماي يۈۋبىن ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىگە قوشۇلۇش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. تاڭ تەيزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ، خانىش يۈۋبىننىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلاپ، ئۇنىڭ فامىلىسىنى لى دەپ ئۆزگەرتتى ھەمدە ئۇنىڭغا چاڭلى مەلىكە دەپ نام بەردى. چۈۋبىنتەيگىمۇ ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، كۆپلىگەن سوۋغات ئىنئام قىلدى. ئارقىدىنلا، ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قىبىئار قەبىلىسى ئۆز ئاقساقىلى قىبىئار قولىنىڭ باشچىلىقىدا 632 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 6 - يىلى) تاڭ سۇلالىسىنىڭ شاجۇ ئايمىقىغا كېلىپ ئەل بولدى، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ ئالتە مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئاھالىسىنى گەنسۇ، لياڭجۇ رايونلىرىغا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. قىبىئار قولىنى سول قانات ئارمىيىنىڭ سانغۇنى قىلىپ تەيىنلىدى. 635 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 9 - يىلى) شەرقىي تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئاشىناشىرمۇ قەبىلىلىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولدى. شۇ يىلى ئۇدۇن بېگى، سۇلى بېگىمۇ تاڭ سۇلالىسىگە رەسمىي تەۋە بولدى. بۇنداق ۋەزىيەت تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

مۇشۇ مەزگىلدە تون يابغۇ قاغاننىڭ ئوغلى دىللى ئۆزىنى ئىس يابغۇ قاغان دەپ، غەربىي تۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئىنتايىن زالىم بولغانلىقتىن ئۆز قەبىلىسىنى قاتتىق نارازى قىلغان. غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىقى

ئارقىسىدا ئىس يابغۇ قاغان ھۆكۈمرانلىق ئاساسىدىن مەھرۇم
بولۇپ، كانگىيىگە قېچىپ بېرىپ، ئۇزاق ئۆتمەي شۇ جايدا ئۆلدى.
غەربىي تۈركلەر نىشۇنى قاغان قىلىپ تىكلىدى. تاڭ سۇلا-
لىسى ئۇنىڭغا ئالىپ ئېل بىلگە قۇتلۇق قاغان دەپ نام
بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، غەربىي تۈركلەر بىرەر چوڭ
ئىشقا دۇچ كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا مەلۇم قىلىپ،
يارلىقىغا بىنائەن ئىش قىلىدىغان بولدى. 638 - يىلى غەربىي
تۈركلەر ئىلى دەرياسىنى چېگرا قىلغان ھالدا ئۆزئارا تەسىر
دائىرە بۆلۈۋېلىشنى ئىچكى جەھەتتە مەسلىھەتلىشىپ بېكىتتى.
دەريانىڭ شەرقىي ئېل بىلگە قۇتلۇق قاغانغا تەۋە بولۇپ،
قاغان ئوردىسى زۇخې (ھازىرقى قىرغىز تېغى) نىڭ غەربىگە
قۇرۇلۇپ، شىمالىي ئوردا دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭغا چۇۋاش،
باسمىل، بوما، قىرغىز، خوشۇن، چۆمكۈن قەبىلىلىرى تەۋە
ئىدى. دەريانىڭ غەربىي ئىشبارا ئېلتېرىش قاغانغا تەۋە
بولۇپ، قاغان ئوردىسى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىغا قۇرۇلدى
ۋە جەنۇبىي ئوردا دەپ ئاتالدى. كۇسەن، پىشامشان،
چۇرچان، توخار، كىنگىت، شۇنىڭدەك كۇشان، شاش، خىۋە
ماۋرائۇننەھر، كانگىيە قاتارلىق بەگلىكلەر ئۇنىڭ كونتروللۇ-
قىدا بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي تۈركلەر ئىككىگە بۆلۈ-
نۈپ كەتتى. بۇ ئىككى بۆلەكنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە تۇتقان پوزىتسى-
يىسى بىر-بىرىگە ئوخشىمايتتى. جەنۇبىي ئوردىنىڭ باشلىقى ئېل-
تېرىش تاڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلدى؛ شىمالىي ئوردىنىڭ باشلى-
قى بىلگە قۇتلۇق بولسا تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇردى. ئېل بىلگە

قۇتلۇق قاغان قۇچۇ بېگى چۈۋېنتەينى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشقا قىستاپ، بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ ئىۋىرغۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلىدى. تاڭ تەيزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ، چۈۋېنتەينىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغان قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىدى ھەمدە ئۇنىڭدىن تۈرك سانغۇنى ئاشنا جونى چاڭئەنگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى، سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قۇچۇغا كېلىپ قالغان، ئەمدى ئىچكى رايونغا قايتىشنى ئىلتىماس قىلىۋاتقان سەرگەردانلارنىمۇ يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن چۈۋېنتەي بۇ ئىشلارنى بېجىرمىگەنلىكى ئۈستىگە، غەربىي تۈركلەرگە ھەمدەملىشىپ، كېنگىت قاتارلىق ئۈچ شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، كۆپلىگەن ئاھالىلەرنى بۇلاپ، يىپەك يولىدىكى نورمال سودا ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. 640-يىلى (جېنگۇەننىڭ 14-يىلى) تاڭ سۇلالىسى مەنسەپ- تۇتۇق پىرقىسى ۋەزىرى خۇجۈنجىنى يارغول يولى ھەربىي يۈرۈش باش بۇغى قىلىپ تەيىنلەپ، چوڭ سانغۇن قىبىتار قولى باشچىلىقىدىكى نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ قۇچۇغا جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ زور قوشۇنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان چۈۋېنتەي قورقۇپ كېتىپ ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن ئوغلى چۈجىشىڭ شەھەرنى بېرىپ تەسلىم بولدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، قاغان بۇت شەھىرىدە تۇرۇشلۇق غەربىي تۈركنىڭ بىر تارماق قوشۇنىمۇ تاڭ سۇ-

لارىسغا تەسلىم بولدى. تاڭ سۇلالىسى بۇ ئىككى جاينى ئىگىلىگەندىن كېيىن، غەربىي ئايماق بىلەن بېشبالىق ئايمىقىنى تەسىس قىلدى. ئايماقنىڭ تەۋەلىكىدە ناھىيىلىك، يېزىلىق، مەھەللىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى تەسىس قىلدى، شۇ يىلى يەنە غەربىي ئايماقتا ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى.

641-يىلى (جېنگۇەننىڭ 15-يىلى) ئېل بىلگە قۇتلۇق قاغان شاشتا تۇرۇشلۇق تۇتۇققا بۇيرۇپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ جەنۇبىي ئوردىدىكى يېگى قاغانى ئىشبارا يابغۇنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن ئۆلتۈرگۈزگەن. ياندۇرقى يىلى يەنە توخار بەگلىكىنى (ھازىرقى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا) يوقىتىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىنى قاماپ قويغان. ئاندىن ئىۋىرغۇل ئايمىقىغا ھۇجۇم قوزغىغاندا ئەنشى قورۇقچى بېگى گو شياۋكې تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان. 644-يىلى گوشياۋكې تاڭ تەيزۇڭنىڭ پەرمانى بويىچە، كىنگىتكە قوشۇن تارتىپ بېرىپ، كىنگىت بېگى لۇنتۇ تۇرگەشنى ئەسىر ئالغان ۋە كىنگىتتە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. 647-يىلى ئاشىناشىر ۋە قىبىئارقولى پەرمانغا بىنائەن كۇسەنگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، كۇسەن بېگى بىغار پوسيانى ئەسىر ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىنىسى يابغۇنى بەگ قىلىپ تىكلەپ، كۇسەن تۇتۇق بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. ئاشىناشىر تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى غەربىي يۇرتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، غەربىي يۈرۈش قىلغۇچى دورغابى شۆ ۋە نېبىينى ئۇدۇن بېگىنى ئەل قىلىشقا ئەۋەتكەن. ياندۇرقى يىلى، تاڭ سۇلالىسى

تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ رايونلارنى تاما-
مەن كونترول قىلىپ، ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى-
نى كۇسەنگە يۆتكىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىنگىت،
كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلىدىن ئىبارەت تۆت شەھەرنى ئەنشى باش
قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە تەۋە قىلغان. بۇ تارىختا ئەنشى-
دىكى تۆت قورغان دەپ ئاتالغان.

تاڭ سۇلالىسى كىنگىت، كۇسەنلەرنى تىنچلاندۇرۇۋاتقان
مەزگىلدە، ئىل بىلگە قۇتلۇق قاغان ئوتتۇرا ئاسىيادا تالان-
تاراج قىلىۋاتاتتى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە زالىملىق قىلىپ
خانلىقتىن، قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۇ-
نىڭغا قارشى چىققان. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركلەر ئارى-
سىدا چوڭ مالىمانچىلىق يۈز بەرگەن. ئىل بىلگە قۇتلۇق
ئىسپىجاپ شەھىرىگە (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنتنىڭ شەرقىي
شىمالىدا) چېكىنگەن. نۇشبى قەبىلىلىرى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل-
چى ئەۋەتىپ، ئىل بىلگە قۇتلۇق قاغاننى بىكار قىلىپ، باشقا
قاغان تىكلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، تاڭ سۇلالىسى بۇ ئىل-
تىماسنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا ئىل بىلگە شىپكۇينى قاغان
قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇ مەزگىلدە، ئىل بىلگە قۇتلۇق قاغان
تەرىپىدىن يابغۇلۇققا تەيىنلەنگەن ئاشنا
قولى 648-يىلى نەچچە مىڭ تۈتۈن ئاھالىسى بىلەن تاڭ سۇ-
لالىسىگە ئەل بولدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇنى نايىپ ئىشبارا ياب-
غۇلۇققا تەيىنلەپ، بېشبالىققا ئورۇنلاشتۇرغان. ياندۇرقى يى-
لى، تاڭ سۇلالىسى بېشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قى-

لىپ، ئاشىنا قولىنى سول قول قوغدىغۇچى قوشۇن سانغۇلى، بېشبالىق تۇتۇق بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. 649-يىلى 5-ئاي- دا، تاڭ تەيزۇڭ ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا گاۋزۇڭ پا- دىشاھ لىجى تەختكە چىققان. ئاشىنا قولى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قوشۇن ئەۋەتىپ، ئىل بىلگە شېكۈي قاغانىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ قەبىلىسى بىلەن زېمىنىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان، ئۆزىنى ئىشبارا قاغان دەپ ئاتاپ، غەربىي تۈركلەرنى يەنە بىر قېتىم بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نەچچە يۈز مىڭ لەشكەرگە ئىگە بولغان ۋە قاس دەرياسى بىلەن مىڭبۇلاق دېگەن جايدا بار- گاھ قۇرغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاشىنا قولى تاڭ سۇلالى- سىنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا بويسۇنمايدىغان بولۇۋالغان. 651-يىلى (تاڭ گاۋزۇڭ يۇڭخۇينىڭ 2-يىلى) ئاشىنا قولى بېش- بالىققا بېسىپ كىرىپ، ئۈرۈمتاي، بارىكۆل قاتارلىق جايلار- نى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. لياڭجيەنفاڭ، قىبىتار قولى باشچى- لىقىدىكى قوشۇنلار تاڭگاۋزۇڭنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئاشىنا قولىغا جازا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ بېسىۋالغان جايلارنى قايتۇ- رۇۋالغان. 653-يىلى تاڭ سۇلالىسى بېشبالىق تۇتۇق مەھ- كىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، چوڭ سانغۇن چېڭجىجېي (چېڭ ياۋجىن)نى كۆكسارت ھەربىي يۈرۈش باش بۇغى قى- لىپ تەيىنلەپ، ئاشىنا قولىغا جازا يۈرۈش قىلىشنى پۈتۈن كۈ- چى بىلەن داۋاملاشتۇردى. 656-يىلى (تاڭ گاۋزۇڭ شيەنچىڭ- نىڭ 1-يىلى)، سانغۇن چېڭجىجېي غەربىي تۈرك تەۋەلى- كىدىكى قارلۇق ۋە چىگىل قەبىلىلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغ-

لۇپ قىلدى.

657-يىلى تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرگە قارىتا كەڭ كۆلەمدە جازا يۈرۈش قوزغىدى. ئىلى يولى ھەربىي يۈرۈش باش بۇغى سۇدىڭفاڭ يەلرەن قورۇقچى بېگى رېن ياشياڭ، دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى ئۇيغۇر ئاتامالى بايان قاتارلىقلارنى باشلاپ شىمالدىي يول بىلەن يۈرۈشكە ئاتلاندى. سانخۇن ئاشنامىش ۋە ئاشنا بۇكىنلەر كىنگدىتىنىڭ سىلاۋچى بەگلىك سالاھىيىتى بىلەن جەنۇبىي يول ۋە ھەربىي ئايماقتىكى غەربىي يولدىن چىقىپ ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم ياسىدى. ئېرتىش دەرياسىنىڭ غەربىدىكى جەڭدە ئاشنا قولىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى تارمار بولدى. سۇدىڭفاڭ قوشۇنى ئۇلارنىڭ كەينىدىن توختىماي قوغلاپ، سوياپ دەرياسى بويىدا ئاشنا قولىنى يەنە مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، غەربىي تۈرك قەبىلىلىرى ئارقا-ئارقىدىن تەسلىم بولغان. ئاشنا قولى بالىسى بىلەن شاش بەگلىكى (ھازىرقى تاشكەنت) گە قېچىپ بارغاندا، سۇدىڭفاڭنىڭ سەركەردىسى شياۋسىيې ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇپ، چاڭئەنگە يالاپ ئاپارغان. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈرك خانلىقى يوقىتىلىپ، تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈرگەن. ئەسلىدىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون ئوق قەبىلىسى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق يەر-زېمىننىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيە تەۋەلىكىگە ئۆتتى. ئەسلى غەربىي تۈركلەرگە بېقىندى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەگلىكلەرمۇ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولۇشتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي

يۇرتتىكى زېمىنى غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كېڭىيىپ، شەرقتىن يۈمېن قوۋۇقى، ياڭگۈەن قوۋۇقىدىن تارتىپ غەربتىكى سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ۋادىلىرىنىڭ شەرقى ۋە ئىراننىڭ شىمالىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

### 3. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا يولغا قويغان ھەربىي-مەمۇرىي تۈزۈملىرى

640-يىلى، تاڭ سۇلالىسى قۇچۇدىكى چۈ جەمەتى خانلىقىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، غەربىي ئايماق بىلەن بېشبالىق ئايمىقىنى تەسىس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي ئايماق (ھازىرقى تۇرپان) دا تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر بەگلىكلىرىنى ھەم كىنگىت، كۇسەن، سۇلى، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردىكى تۆتتۆت بەگ مەھكىمىلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. 657-يىلى تاڭ سۇلالىسى ئاشىنا قولىنى تىنجىتىپ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەر ياشىغان جايى تېنىقنۇر ۋە ئىسسىق كۆلدە ئىككى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنىڭ سەركەردىسى ئاشىنا مىشىنى روناق تاپقۇزغۇچى قاغان قىلىپ تىكلىگەن ۋە ئۇنى قوشۇمچە ئوڭ قول مۇھاپىزەتچى قوشۇن باش سانغۇنى، ئىسسىق كۆل قورۇقچىسىبېگى قىلىپ بەلگىلەپ، سوياپ دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى بەش تۇغلوق ئوق قەبىلىسىنى باشقۇرۇشقا قويغان. ئۇ-

نىڭ ئىنىسى ئاشنا بۆكىننى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرغۇچى قاغان، قوشۇمچە ئوڭ قول مۇھاپىزەتچى قوشۇن باش سانغۇنى ۋە تېنىمقنۇر قورۇقچىبېگى قىلىپ تەيىنلەپ، سوياپ دەرياسىنىڭ غەربىدىكى نۇشبى بەش ئوق قەبىلىسىنى باشقۇرۇشقا قويغان. 658- يىلى ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى كۇسەنگە يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ دەرىجىسى «ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى» قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىيەنچىڭ يىللىرى بېشبالىق ئايمىقىدا ئالتۇن تاغ قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان، ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى تيانشاننىڭ شىمالى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، ئالتۇن تاغنىڭ غەربى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرائۇننەھرنىڭ شەرقىدىكى جايلار بولۇپ، ھەممىسى ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قارايتتى. 702- يىلى (ۋۇزېتيەن چاڭئەننىڭ 2-يىلى) ئالتۇن تاغ قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئورنىغا بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان، غەربىي تۈركلەر ياشىغان جايى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. لېكىن ئۇ يەنىلا ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قارام بولغان. 711- يىلى بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ دەرىجىسى بېشبالىق باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قىلىپ ئۆستۈرۈلۈپ، غەربىي يۇرتتىكى كەڭ رايونلارنى ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى بىلەن بىللە باشقۇرغان.

ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى: «ئەنشىدىكى تۆت قورغان» ۋە پامىرنىڭ غەربى، پېرسىيىنىڭ شەرقى، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى 20 تۇتۇق مەھكىمىسىگە قاراشلىق رايونلار، يەنى پامىرنىڭ شەرقىدىكى كىنىگىت، كۇسەن، سۇلى، كېرىيىدىن ئىبارەت

رقى،
سيه
نوق
بىي

ۇش
نۇر
لى،
سچە
رتۇق
لۇق
اسى،
چو-
كلۇ،
الى،
غان،
تسىپ
ىندق-
ىپى
كۆل
لنى
ن.①



نىڭ ئىنى
غان، قوشۇ
ۋە تېپىنىقنى
نىڭ غەربى
غان. 658
يۆتكىلىپ،
مەھكىمىسى
يىللىرى ب
كىمىسى ت
تىيانشانىنىڭ
نىڭ غەربى
دىكى جاي
كىمىسىگە
ئالتۇن تاغ
قورۇقچى ب
ياشىغان ج

ئەنىش
ئىردىسى:
پېرسىيىنى
تۇق مەھك
دىكى كە

تۆت تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە پامىرنىڭ غەربى، پېرسىيىنىڭ شەرقى، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى توخرى، تياۋجى، قۇم، پېرسىيە قاتارلىق 16 تۇتۇق مەھكىمىسىدىن ئىبارەت. بۇ 16 تۇتۇق مەھكىمىسىدە جەمئىي 88 ئايماق، 110 ناھىيە، 126 ھەربىي مەھكىمە بولغان.

بېشبالىق باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىسسىقكۆل تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە تېنىقنۇر تۇتۇق مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولغان تيانشاننىڭ شىمالى، چۇ دەرياسىنىڭ غەربىدىن كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىسسىقكۆل تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تەۋەلىكىدە غەربىي تۈركلەرنىڭ بەش تۇغلۇق قەبىلىسىدە تەسىس قىلىنغان فۇيەن، تۇزكۆل، قاش دەرياسى، يېڭىسار، لۇجۇ، جىشەن قاتارلىق ئالتە تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە چۇغاي، دەشت ئايماق، شۆەندى، جىنفۇ، ئۇرۇمتاي، جىمسار، پىڭلۇ، ساتۇ، يەنمىيەن، يەنلۇ، گېشى، گوشۇ، شىيەن، چېيەن، جالىپ، جاسى، دالەن قاتارلىق 17 ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى بولغان؛ بۇ 23 تۇتۇق مەھكىمىسى تيانشاننىڭ شىمالىدىن تارتىپ غەربتە چۇ دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تېنىقنۇر قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى چۇ دەرياسىنىڭ غەربىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان جايلاردىكى ئاسكىل كۆل قەبىلىسى، قوشۇكۆل قەبىلىسى، باسادغا تۇن شانبۇل قەبىلىسى، ئاشكىنىزۇن قەبىلىسى ۋە قوشۇ چوپان قەبىلىسى قاتارلىق بەش قەبىلىنى باشقۇرغان.①

---

① فەن ۋېنلەن «قىسقىچە تۈزۈلگەن جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، 1 - قىسىم، 296 -، 297 - بەتلەر.

قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي
يۇرتتىكى ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئورگىنى
بولدى. بۇ ئورگاننىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئەمەلدارلارنىڭ
سانى بەلگىلىك بولۇپ، ھەربىر ۋەزىپىنىڭ ئۆزىگە خاس مەسئۇلى-
يىتى بار. بارلىق ھەربىي ئىشلار ۋە خەلق ئىشلىرىغا مەخ-
سۇس ئاپپارات مەسئۇل قىلىنغان. باش قورۇقچى بەگ مەھكى-
مىسىدە بىر نەپەر باش قورۇقچى بەگ تەسىس قىلىنغان، ئۇ 2 -
دەرىجىلىك تۆرە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك
رەسمىي پەرماندار ئەمەلدارى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ مەرتىۋىسى
ئۈچ ھەزرەتنىڭ كەينىدە بولۇپ، دىۋان بېگى، ياندىش ۋەزىر
بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئىدى. باش قورۇقچى بەگنىڭ ئېنىق
مەسئۇلىيىتى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان قەبىلىلەرنى قوبۇل
قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى
جايلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى ساقلاش، تاشقى ھەربىي
مۇداخىلە ۋە پاراكەندىچىلىكلەرگە تاقابىل تۇرۇش، ئۆزىنىڭ
قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ
يۇقىرىغا يوللاپ، تۆھپە ياراتقانلارنى تەقدىرلەش، گۇناھ ئۆت-
كۈزگەنلەرنى جازالاشتىن ئىبارەت ئىدى. قورۇقچى بەگنىڭ
خىزمەت ھوقۇقى چوڭ، مەرتىۋىسى يۇقىرى، مەسئۇلىيىتى زور
بولغاچقا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ ئەمەلگە قويىدىغان
ئادەمنى ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللايتتى. 711 - يىلى
(كەيۈەننىڭ 4 - يىلى) دىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئادەتتە
بۇ قورۇقچى بەگكە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىشقا پادىشاھ جەمە-

ئىدىن ئادەم تەيىنلەيدىغان بولغان. باش قورۇقچى بەگنىڭ قول ئاستىدا ئىككى نەپەر 3 - دەرىجىلىك تۆرە مەرتىۋىلىك مۇئاۋىن باش قورۇقچى بەگ، ئىككى نەپەر رەسمىي 4 - دەرىجىلىك تۆرە مەرتىۋىلىك مۇئاۋىن قورۇقچى بەگ ئەمەلدار- لار بولغان. قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ئورنىغا بىۋاستە قاراشلىق ئەمەلدارلاردىن بىر نەپەر دورغاپ، بىر نەپەر ئەمىر لەشكەر، بىر نەپەر پۈتۈكچى ھەربىي مەسلىھەتچىسى، ئىككى نەپەر پۈتۈكچى، يەنە رەسمىي 7 - دەرىجىلىك ئەمەلداردىن بىردىن مەنسەپ بېگى، ئامبار بېگى، نوپۇس بېگى، لەشكەر بېگى، ئەمەلىيە بېگى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار مەھكىمە ئورگىنىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى شۇنىڭدەك خەلق ئىشلىرى، باج - سېلىق، ھەربىي ئىشلار، ئەدلىيە، ئەمەلدارلار ئىشلىرى ۋە پۈتۈكچىلىك، ئالاقە قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولغان.

قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قارىمىقىدا ھەربىي ئىشلار بىلەن مەمۇرىي ئىشلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىستېما بولغان.

ھەربىي ئىشلار سىستېمىسى. ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلى، كىنگىت ۋە سوياپتىن ئىبارەت بەش مۇھىم قورغانغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلغان. بۇ قورغانلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن باسقاۋۇل تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەل دەرىجىسى 3 - دەرىجىلىك تۆرىگە تەڭ ئىدى. باسقاۋۇللۇقنى كۆپىنچە مۇئاۋىن باش قورۇقچى بەگ قوشۇمچە ئۆتىگەن. يۇقىرىقى بەش چوڭ ئالاھىدە ھەربىي قورغاندىن تاشقىرى، تيەنشاۋ يىللىرىدىن ئىلگىرى

غەربىي يۇرتنىڭ ھەربىي تۈزۈلمىلىرى ئادەتتە «ئەڭ چوڭى جۇن، ئۇنىڭدىن كىچىكى قورۇل، ئۇنىڭدىن قالغانلىرى قەلئە، قورغان بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ داۋ دەپ ئاتالغان»① جۇن باشلىقى باشقا بەگ بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنى كۆپىنچە ئايماق بېگى قوشۇمچە ئۆتىگەن. چوڭ جۇننىڭ لەشكىرى 10 مىڭغا يېتەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئارمىيىسى سوياپتا تۇرۇشلۇق باۋدا جۇنى، ئىۋىرغۇل ئايمىقىدا تۇرۇشلۇق ئىۋىرغۇل جۇنى، غەربىي ئايماقتا تۇرۇشلۇق تيانشان جۇنى، ئۇرۇمتايدا تۇرۇشلۇق جىڭسەي جۇنى، بورتالا بىلەن ئىلى دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى جىنيا جۇنى، ھازىرقى قاش دەرياسى ئەتراپىدىكى يۈيىخى جۇنى، شۇنىڭدەك دەشتى ماكان جۇنى، چىڭخەي جۇنى، تېنقۇر جۇنى، قاتارلىق جۇنلەردىن ئىبارەت ئىدى. جۇننىڭ ئاستىدا قورۇل بولغان، مەسىلەن، لاپچۇق ناھىيىسىدىكى چىتىڭ قورۇلى، قۇچۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۇششاقتال قورۇلى، بېشبالىق ئايمىقىدىكى ئىشبارا قورۇلى؛ ئۇدۇنىدىكى نىيا قورۇلى قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆكئارت قورۇلى ئەڭ مەشھۇر ئىدى. قورۇلدا قورۇل بېگى بار ئىدى. قورۇلنىڭ ئاستىدا قەلئە بولغان، مەسىلەن ئالمالىق قەلئەسى، تالاس قەلئەسى قاتارلىقلار. قەلئەنىڭ ئاستىدا قورغان بولۇپ، قورغان بوز يەر ئاچقۇچى چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى تۇرىدىغان ئاساسىي قاتلام ئورۇن ئىدى. مەسىلەن، كانجۇت قورغىنى، پاسىئان قورغىنى قاتارلىقلار. قورغاندا رەسمىي 6 - دەرىجىلىك تۆرىگە

① «يېڭى تاڭنامە. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى»

تەڭ باسقاق سانغۇندىن بىرى، دەسسەي 7 - دەرىجىلىك تۆرىگە تەڭ مۇئاۋىن باسقاق سانغۇندىن بىرى، بىر يوتوكچى، يەنە بىرىن ئامبار بېگى، لەشكەر بېگى بار ئىدى، قورغان ئاستىدا تۆت، تۆت ئاستىدا قاراۋۇلخانا بار ئىدى، مەسىلەن، سوياپ قاراۋۇلخانىسى، تۇرۇە قاراۋۇلخانىلارنىڭ شۆەي دەپ ئاتىلىدىغان باشلىقى بار ئىدى.

(1). داۋ — غەربىي يۇرتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشى جەريانىدا يولغا قويۇلغان تەشكىلىي تۈزۈلمە بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىقى باش بۇغ دەپ ئاتىلاتتى. مەسىلەن، سول قول يوز- يەر ئىچىش مۇھاپىزەت قىلىش قوشۇنىنىڭ باش سانغۇنى سۇدىڭفاڭ ئىلى داۋسىنىڭ غەربىي يۈرۈش باش بۇغى ئىدى، چىيىڭ جىجيى كۆكئارت داۋسىنىڭ غەربىي يۈرۈش باش بۇغى ئىدى.

741 - يىلى، تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا ئەنشىدىكى تۆت قورغان ھىراۋۇلى ۋە بېشبالىق ئىبۇرغۇل ھىراۋۇلى تەسىس قىلغان، ئەنشى ھىراۋۇلى كۈسەن، ئۇدۇن، سۇلې، كېنەگەتتىن ئىبارەت تۆت قورغاننى بىرتۇتاش باشقۇرغان، ئۇنىڭ ئىچىدە كۈسەننىڭ 24 مىڭ لەشكىرى بولغان. بېشبالىق ھىراۋۇلى تۈركەش، خاككاسلار، ئۇستىدىن نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، دەشت ماكان جۇنى، تىيانشان جۇنى، ئىبۇر- غۇل جۇنىدىن ئىبارەت ئۈچ جۇننى بىرتۇتاش باشقۇرغان، ئۇنىڭ مەھكىمىسى بېشبالىق ئايمىقىدا بولغان، 20 مىڭ لەشكىرى بولغان. ھىراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى كۆپىنچە باش قوماندان بەگ قوشۇمچە ئۆتىگەن. ھىراۋۇل مەھكىمىسىدە بىر ھىراۋۇل، بىر

مۇئاۋىن ھىراۋۇل، بىر ھەربىي يولۇش ئەمىر لەشكەر، ئىككى باسقاق بەگ، بىر پوتۇكچى، بىرقانچە نەپەر لەشكەر مۇشاۋۇرى ۋە تۆت نەپەر ياساۋۇل بولغان. ئەنشى ۋە بېشبالىق ھىراۋۇلى ئۆز ھوقۇقىنى ئۆزاقىچە ئۈنۈملۈك يۈرگۈزگەن.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى قوشۇنىدىن ھەرقايسى جۇن، قورۇل، قەلئە، قورغانغا مەنسۇپ بولغانلىرى يىلدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلغان. «ھەرقايسى تۇر ۋە قاراۋۇلخانىلار نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىچە سوزۇلغان، لەشكەر ئۈزۈلمىگەن»①. بۇ قاراۋۇلخانىلاردا تۇرۇشلۇق لەشكەرلەر ئۇرۇش بولسا جەڭ قىلغان، ئادەتتىكى چاغلاردا چېگرا ساقلىغان ھەم «بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىپ ئۆزلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن ۋە كالا، قوي قاتارلىق چارۋا مال باققان.»② ھەربىر يېزىدا بىنا قىلىنغان ئېكىنزارلىق تەخمىنەن 50 گېكتار (بىر گېكتار 100 موغا تەڭ) ئىدى. ئەنشى بىلەن بېشبالىقنىڭ ھەربىرى مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق ئېكىنزارلىققا ئىگە ئىدى. ئېكىنزارلىقلارنى ئوبدان باشقۇرۇش ئۈچۈن، يەنە مەخسۇس ئېكىنچىلىك بېگى تەسىس قىلىنغان.

ھەرقايسى تۇتتۇق بەگ قويۇلغان قارام ۋىلايەت ۋە ئايماقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قوراللىق كۈچى بولۇپ، ئەسكەر سانىغا چەك قويۇلمايتتى، بۇ قوشۇنلارمۇ تاڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۆز تەۋەلىكىنى قوغداش، ئۆز رايونىنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش

①، ② «كونا تاڭنامە. تۈبۈتلەر تەزكىرىسى».

ق
ي
ى.
ـا
نى
ق،
و-
ول
ب،
ن.
لك
ت
ـا
ـا
ن.
ـا
ق
چه
ـر
ر
1

ق
ؤ
ـ
بـ
ئـ
گـ
بو
«ؤ
تە
هـ
(بـ
ئىلا

تەر
ۆەلـ

ىدى؛ ئۇرۇش يوز بېرىپ قالسا، ئۇلار نى ئەلشى، بېشبالىق قورۇق-
چىبەگلىرى مەركەزدىن بېرىلگەن «شاھ پەرمانى» (بىرخىل ھەربىي
ھوقۇق بەلگىسى) غا ئاساسەن يۆتكەپ ئۇرۇشقا ئاتلاندۇراتتى.
قورۇقچى بەگ مەھكىمىسگە قاراشلىق مەمۇرىي سىستېما
ئىككىگە بۆلۈنگەن. بىرى، شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدا، يەنى
خەنزۇلار بىرقەدەر مەركەزلىك بولغان رايونلاردا ئايماق،
ناھىيىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش يولغا قو-
يۇلغان. مەسىلەن، ئۈرۈمچى ئايمىقى، دەسلەپتە غەربىي ئۈرۈمچى
ئايمىقى دەپ ئاتالغان، مەھكىمە ئورنى ھازىرقى قۇمۇلدا بولۇپ،
قارىمىقىدا ئۈرۈمچى، لاپچۇق، ياغدۇم ناھىيىلىرى بولغان.
غەربىي ئايماق، ئەسلى شىچاۋ ئايمىقى دەپ ئاتالغان.
مەھكىمە ئورنى قۇچۇ (ھازىرقى تۇرپان) دا بولۇپ، ئۇنىڭ
تەۋەلىكىدە لۈكچۈن، يارغول، پىچان، تيانشاندىن ئىبارەت
تۆت ناھىيە بولغان.
بېشبالىق ئايمىقى، مەھكىمىسىنىڭ ئورنى ھازىرقى جىمسار
سار ناھىيىسى بازىرىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، قارىمىقىدا ئالتۇنبا-
لىق، ئۈرۈمچاي، خۇتىلىق، شىخەيدىن ئىبارەت تۆت ناھىيە بولغان.
ناھىيىدىن تۆۋەن يەنە يېزا، مەھەللە، قورۇق قاتارلىق ئاسا-
سىي قاتلام تەشكىلاتلىرى بولغان.
ئايماقتا بىر ئايماق بېگى قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئايماق-
نىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، قوشۇمچە
ۋەزىپە ئۆتىگۈچى بىر مۇئاۋىن ئايماق بېگى، بىر دورغاپ، بىر
ئەمىر لەشكەر قويۇلغان بولۇپ، بۇلار ياردەمچى ئەمەلدارلار

ئىدى، بىر نەپەر مىرزا بولۇپ، ئايماق بېگىنىڭ يازدەمچىسى ئىدى. ئۇ، باش مەھكىمىنىڭ كۈندىلىك مەمۇرىي ئىشلىرى ۋە جەت-چەك ئالاقىلىرىنى باشقۇراتتى. ئايماقنىڭ ۋەزىپىدار تارماقلىرىدىن ئەمەلدارلار ئىشلىرى مەھكىمىسى، ئاشلىق مەھكىمىسى، تۇتۇن مەھكىمىسى، لەشكەر مەھكىمىسى، ئەدلىيە مەھكىمىسى، تۈرمىلەر مەھكىمىسى بار بولۇپ، مەھكىمىنىڭ باشلىقلىرى ئىشقاۋۇل دەپ ئاتىلاتتى، يەنە بىر نەپەر مۇنەججىم، بىر نەپەر ھۆكۈما بار بولۇپ، ئۇلار شاگىرت يېتىشتۈرۈش، كېسەل داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ناھىيىدە ئامبال بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىگىسى ئىدى، يەنە بىر نەپەر مۇئاۋىن ئامبال بولۇپ، ئۇ ئامبالنىڭ يازدەمچىسى ئىدى. ناھىيىنىڭ ئاساسلىق ئىش باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلىرىغا ياردەم بېرىدىغان بىر كاتىپ، بىردىن ئىككىگىچە ھەربىي چاپارمەن بار بولۇپ، ئۇلار ئەمەلدارلار ئىشلىرى، ئاشلىق، تۇتۇن، ھەربىي ئىشلار، تۈرمىلەر مەھكىمىلىرىگە تەئەللۇق ئىشلارنى يۆلۈشۈۋېلىپ ئورۇندايتتى. يېزىلاردا يېزا ئاقساقىلى، مەھەللىلەردە مەھەللە باشلىقى بار ئىدى.

ئايماق، ناھىيىلەردە يەر تەكشۈرۈش تۈزۈمى، ئىجارە-ھاشار-سېلىق قانۇنى ۋە مەھكىمە ئەسكەرلىرى تۈزۈمى قەتئىي ئىجرا قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىدە ئۆتەك قۇرۇلغان. بەزى چەت ياقا يوللاردا دەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دېمەك، بۇ رايوندا سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەشكىلىي تۈزۈملەر ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بىرخىللاشتۇرۇلغان.

يەنە بىرخىل ئەھۋال باركى، ھەربىي تۈركلەر ۋە باشقا

مىللەتلەر توپلىنىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىگە قارىتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، رام بولغۇچى ۋىلايەت، ئايماق تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەر باشلىقلىرىنىڭ ئەسلىدىكى سىياسىي ئورنىغا چېقىلماي قەبىلە ياكى رايونلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ رام بولغان ۋىلايەت، ئايماق ۋە ناھىيىلەرنى تەسىس قىلغان. بۇ تۈزۈم بويىچە، مىللەتلەرنىڭ چوڭ-كىچىك باشلىقلىرى قورۇقچى بەگ ياكى تۇتۇق بەگ، ئايماق بېگى، ناھىيە ئامبىلى قاتارلىق مەنسەپلەرگە تەيىنلەنگەن. بۇ مەنسەپلەردە باقىۋەندىلىك ۋە ۋارىسلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. رام بولغۇچى ۋىلايەت، ئايماق، ناھىيىلەرنىڭ قورۇقچى بەگ، تۇتۇقبېگى، ئايماق بېگى قاتارلىقلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ پەرماندار ئەمەلدارى بولۇپ، دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مۇقىم مائاشتىن بەھرىمەن بولغان ۋە ئورنىغا جاۋابكار بولغان. «ئورنىنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى يېتىپ بارغانلىكى يەردىكى قورۇقچى بەگ ۋە تۇتۇقبەگلەر ئۇنى قوبۇل قىلىپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرگەن»①، ئۆز تەۋەلىكىدىكى پۇقرالارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەن. رام بولغۇچى ۋىلايەت، ئايماقلاردىكى ئولپان تاپشۇرۇش، نوپۇسقا قاراپ باج-سېلىق ئېلىش ئىشلىرىنى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كونكرېت سۈرۈشتۈرمەيتتى ھەمدە بۇ ئىشلارنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەنسەپ-تۇتۇق دىۋانىغا مەلۇم قىلمايتتى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ رايونلاردىن باج-سېلىق ئالمايتتى، قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرىي خىراجىتى ۋە ھەربىي تەمىناتىنى قامداش ئۈچۈن رام بولغۇچى ۋىلايەت، ئايماقلارنىڭ پەقەتلا ئەنشى ۋە بېشبالىقتىن ئىبارەت ئىككى باش

① «كونا تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى».

قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە چەكلىك مىقداردا بىر نەرسە تاپشۇ-
رۇپ تۇرۇشىلا بەلگىلەنگەن.

غەربىي يۇرتتىكى لوپنۇر رايونىدا تەسىس قىلىنغان مى-
رەن، ۋاششەھرى، چارقىلىق ۋە چەرچەننىڭ قەدىمكى ئورنىغا
قۇرۇلغان باساران شەھىرى قاتارلىقلار ھەربىي ئىشلار جەھەتتە
ئەنشى باش قورۇقچىبەگى مەھكىمىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان
بولسىمۇ، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەمۇرىي جەھەتتە ئىز-
چىل شاجۇ ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن.

تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا يولغا قويغان ھەربىي
ئىشلار بىلەن مەمۇرىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن قورۇقچى بەگ مەھكى-
مىسىدىن ئىبارەت تەشكىلىي تۈزۈلمە ئۆزىنىڭ تەشكىلىي سىستېما
جەھەتتىكى مۇكەممەللىكى، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېنىقلىقى،
ئەمىر-پەرمانلارنىڭ بىر تۇتاش ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشى
قاتارلىق جەھەتلەردە، بۇرۇن ئۆتكەن سۇلالىلەر تەسىس قىل-
غان ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ
ۋەتەننىڭ زېمىنىنى قوغداش، غەربىي يۇرتنى ئۈنۈملۈك ئىدارە
قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى نەتىجىلىك ئورۇندىغان.

### 4. تۈبۈتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى

تۈبۈت خەنزۇچە 图伯特، 退摆特، 条拜提، دەپمۇ ئاتال-
غان، ئۇلار زاڭزۇ مىللىتىنىڭ ئەجدادى بولۇپ،
ئاساسەن چىڭخەي — شىزاڭ ئېگىزلىكىگە ئورۇنلاشقان، تۈبۈت-
لەر كەنسۇ، چىڭخەيدىن جەنۇبقا كۆچكەن غەربىي چاڭلارنىڭ
بىر تارمىقى بولغان فاچاڭلار بىلەن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ
قوشۇلۇشى ئارقىسىدا تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن. VI ئەسىرنىڭ
ئاخىرلىرى لاگىرىلۇنزەن دۆلەت قۇرغان. 629 - يىلى (جېن-
گۇەننىڭ 3 - يىلى) لاگىرىلۇنزەننىڭ 13 ياشلىق ئوغلى چى-

سۇڭزەن (چىسۇڭزەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) زەنپۇ (خان) لىق تەختكە ئولتۇرغان. چىسۇڭزەن ياش قۇرامىغا توشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنتايىن باتۇر ۋە دانالىق بىلەن شەنزاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پايتەختىنى لوشې (ھازىرقى لاسا) غا يۆتكىگەن. ئۇ پۈختا ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈم بەرپا قىلىپ، خىل لەشكەرلىرى 400 مىڭغا يەتكۈزگەن. يېزىق ئىجاد قىلغان، قانۇن تۈزۈپ چىققان. تاڭ سۇلالىسى مەلىكىسى ۋېنچېڭ بىلەن توي قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭ تۆھپىسىنى تەرىپلەپ ئۇنى «گەنبۇ» يەنى پەزىلەتلىك خان دەپ ئاتىغان. سۇڭزەن گەنبۇ دېگەن سۆز «سەلتەنەتلىك ـ پەزىلەتلىك» دېگەنلىك بولىدۇ.

650 - يىلى (تاڭ گاۋزۇڭ يۇڭخۇينىڭ 2 - يىلى) سۇڭزەن گەنبۇ ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئوغلى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ نارەسىدە نەۋرىسى ماڭ سۇڭماڭزەن خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. شۇنىڭ بىلەن تۈبۈت خانلىقىنىڭ چوڭ ھوقۇقى ۋەزىر غالدۇڭزەن جەمەتىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. ئۇلار تۈبۈت خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ دوستانە بىللە ياشاش مۇناسىۋىتىگە تامامەن ئاسىيلىق قىلىپ، سۇڭزەن گەنبۇنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ئىش قىلغان، 662 - يىلى (لۇڭسۇنىڭ 2 - يىلى) تۈبۈتلەر غەربىي تۈرك گۇڭيۇ قەبىلىسىنىڭ ۋە سۇلىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇدۇن رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. 663 - يىلى تۈبۈتلەر تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ، چىڭخەينى ئىگىلەپ، بۇ مۇھىم ستراتېگىيىلىك جاينى كونترول قىلدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا، تۈبۈتلەر يەنە ئالتۇن تېغىدىن ئۆتۈپ پىشامشان ۋە چۈرچان رايونلىرىنى بېسىۋالغان. 670 - يىلى تۈبۈتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتا

ئىگىلىگەن، ئايماقلىرى 18 گە يەتكەن. ئۇدۇن تۇبۇتلەرگە
تەسلىم بولغان ۋە ئۇلار بىلەن بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللەپ،
كۇسەنگە ھۇجۇم قىلغان. 675 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئۇدۇن-
دا كېرىيە تۇتۇق مەھكىمىسى، سىۋلىدا سۇلى تۇتۇق مەھكە-
مىسى تەسىس قىلدى. 679 - يىللىرىغا بار-
غاندا، تۇبۇتلەر ئاخىرى تۆت قورغاننى ئىشغال
قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىل ئىچىدە، ۋۇ-
زېتيەن گەرچە غەربىي يۇرتقا ۋېي دەيجيا باشچىلىقىدا ئىككى
قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتتىكى قولدىن كەتكەن
جايلارنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشمىغان.
692 - يىلى لىڭجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇق بېگى تاڭ شيۇجىڭ ئەنشىدىكى
تۆت قورغاننى قايتۇرۇۋېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ۋۇ-
زېتيەن تۇبۇتلەرنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان ۋاڭ-
شياۋجيېنى ۋۇۋېي قوشۇنىنىڭ باش بۇغىسى قىلىپ
تەيىنلەپ، غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن. ۋاڭ شياۋجيې قوشۇن-
لىرىنى باشلاپ تيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ ئەنشىدىكى تۆت
قورغاننى تارتىۋېلىپ، ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى
يەنە كۇسەنگە كۆچۈرگەن. 696 - يىلى (ۋۇجۇۋەنسۇينىڭ
تۇڭتيەن 1 - يىلى) ۋاڭ شياۋجيې سۇلۇخان تېغىدىكى
جەڭدە تۇبۇتلەردىن يېڭىلىپ قالغان. تۇبۇتلەر پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ، تاڭ سۇلالىسىگە سۈلھىبىلىشىش شەرتىنى قويۇپ:
تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئەنشىدىكى تۆت قورغاندىن چېكىنىپ
چىقىپ كېتىشى كېرەك؛ تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ
بەش نۇشىبىي قەبىلىسىنى تۇبۇتلەرگە ئايرىپ بېرىشى كېرەك،
دېگەن. ۋۇزېتيەن گويۈەنجېننى تۇبۇتلەر بىلەن مەسلىھەتلى-
شىشكە ئەۋەتكەن. گويۈەنجېن تۇبۇتلەرنىڭ ھوقۇقدارى
لۇن چىنلىڭغا مۇنداق دېگەن: «تاڭ سۇلالىسى ئەنشى

مەھكىمىسى ۋە ئون ئوق قەبىلىسى ئارقىلىق غەربىي يۇرتنى قوغداپ، سۇلالىمىزنى ئاسرىماقچى ئىدى، بۇلىڭدىن باشقا ھېچقانداق مۇددىئا يوق. ئۇلىڭ ئۈستىگە بۇ رايوندىكى قوۋملار تۈبۈتلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تاڭ سۇلالىسى تەۋەلىكىدە ياشاپ كېلىۋاتقان پۇقرالار»①.

722 - يىلى تۈبۈتلەر كىچىك بولور (ھازىرقى قىرغىزىستان) غا ھۇجۇم قىلغان. بېشبالىق ھىراۋۇلى جاڭ سۇڭ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى قوۋملار ۋە كىچىك بولور خانى موجىنماڭ بىلەن بىرلىشىپ، تۈبۈت قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. 737 - يىلى تۈبۈتلار كىچىك بولورنى ئىككىنچى قېتىم بېسىۋالغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى تاڭ سۇلالىسىگە قاراشلىق 20 نەچچە بەگلىك تۈبۈت بەگلىكىگە ئولپان تاپشۇرىدىغان بولغان. 747 - يىلى تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى گاۋ شەنجى كىچىك بولورنى ئىشغال قىلدى ھەم ئۇلىڭ خانى ۋە تۈبۈتلەرنىڭ خانى ۋە مەلىكىسىنى ئەسىر ئېلىپ، زور غەلىبە قازاندى. بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر قايتىدىن تاڭ سۇلالىسى قارىمىقىغا ئۆتتى.

755 - يىلى (تيەنباۋنىڭ 14 - يىلى) «ئۈچ كۈلۈك شۈيگۈن تۇپىلىڭى» يۈز بەردى. تاڭ سۇزۇڭ بۇ تۇپىلاڭنى تىنجىتىش ئۈچۈن، ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى، بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ۋە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر، شۇنىڭدەك لۇڭيۇ (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئايماق نامى، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى، ليۇپەنشەن تېغىنىڭ غەربى، چىڭخەي كۆلىنىڭ شەرقى ۋە شىنجاڭنىڭ شەرقىي رايونلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — م)

---

① «يېڭى تاڭنامە، تۈبۈتلەر تەزكىرىسى».

قارىمىقىدىكى ھەربىي كۈچلەرنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن ئىچكى رايونلارغا يۆتكىگەن. بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتا بىر مەھەل ئەسكىرىي كۈچنىڭ يوق بولۇپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، تۈبۈتلەر لۇڭيۇ، خېشى (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋە چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ دائىرىسىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى رايونلار كۆزدە تۇتۇلاتتى، بۇ رايونلار تارىختا خېشى كارىدورى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن — م) ۋە ئەنشىدىكى تۆت قورغاننى يەنە بېسىۋالغان. 790-يىلى تۈبۈتلەر قارلۇق ۋە بايان تۈركلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، غەربىي يۇرتنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى.

IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، تۈبۈت ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئارىسىدا بۇددىزمغا چوقۇنغۇچىلار بىلەن بۇددىزمغا قارشى تۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسايىن كەسكىنلەشكەن. 838 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىنىڭ خانلىرىنى ئۆلتۈرۈش يېغىلىقى يۈز بېرىپ، تۈبۈت خانلىقى بۆلۈنۈپ كەتكەن. تۈبۈت خانلىقىنىڭ لۇڭيۇنىڭ لومېنچۇەن دېگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق سەركاۋۇل بېگى لۇن كۇڭرې ئۆزىنى باش ۋەزىر دەپ جاكارلاپ ئىسيان كۆتۈرگەن. 843 - يىلى لۇن كۇڭرې چوڭ قوشۇن باشلاپ شەنجۇ ئايمىقى (چىڭخەيدىكى لېدۇ) نىڭ ھىمراۋۇلى شاڭ بېيبېيگە ھۇجۇم قوزغىغان، ئىككى تەرەپ بىرقانچە يىل ئۇرۇشقاندىن كېيىن، شاڭ بېيبېي مەغلۇپ بولۇپ، گەنسۇ، ئىۋىرغۇل ۋە غەربىي ئايماققا چېكىنىپ كەتتى.

849 - يىلى ھازىرقى نىڭشيا رايونىنىڭ تۇگشىن ئەتراپىدىكى شىمېن، لىيۇپەن قاتارلىق جايلاردىكى خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. ياندۇرقى يىلى شاجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى دۇنخۇاڭ شەھىرى

ئەتراپى) رايونىدا تۇبۇتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ پارتلىدى، 866 - يىلى لۇن كۈڭرىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئاخىرقى ھېسابتا يوقىتىلىپ، تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىر كۈچى پەيدىنپەي چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن.

## §28. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتى

### 1. ئىجتىمائىي ئىگىلىكى

سۇي ۋە تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت جەمئىيىتى بۇرۇنقى تارىخىي دەۋرلەردە ھاسىل بولغان فېئوداللىق تۈزۈم ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلانغان.

دېھقانچىلىق جەھەتتە، ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان مۇنداق ئۈچ ئۆزگىرىش بولغان. بىرىنچىسى — ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىدىكى ئۆزگىرىش. تەبىئىي ۋە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇرۇنقى زامانلاردا تيانشاننىڭ شىمالىدىكى رايونلارنىڭ تولىسىدا چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان، تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارغا جايلاشقان شەھەر بەگلىكلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە بولسا دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنغانىدى. سۇي ۋە تاڭ سۇلالىرى دەۋرىگە كەلگەندە، تيانشاننىڭ شىمالىدا كۆپلىگەن دېھقانچىلىق رايونلىرى مەيدانغا كەلگەن. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن "شۇغۇللانغۇچىلار، بوز يەر ئاچقۇچى ھەربىيلەر، خەنزۇ ئائىلىلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەلۇم ساندا بۇرۇنقى قەبىلە ئائىلىلىرىمۇ بولغان. ئىككىنچىسى — تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى «مەيلى كۆلىمى جەھەتتىن" بولسۇن ياكى خىللىرى ۋە ياكى سۇ قۇرۇلۇش ئىنشائاتلىرى جەھەت-

ئمن بولسۇن خىلى تەرەققىياتقا ئىگە بولۇپ قالغان»① ئىدى.
مانا بۇنداق زور تەرەققىيات غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەق-
قىياتى ئۈچۈن مۇستەھكەم ماددىي شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.
ئۈچىنچىسى — ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋە سىنىپىي قۇ-
رۇلما جەھەتتىكى ئۆزگىرىش. سۈي ۋە تاڭ سۇلالىلىرى دەۋ-
رىدە، ئۇرغۇنلىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر غەربىي يۇرتقا
كۆچۈپ كىرىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغىچە يېتىپ
بارغان، بىرمۇنچە قەبىلىلەرنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى مە-
لۇم مەزگىلگىچە قەبىلە شەكلىنى يەنىلا ساقلاپ تۇرغان بول-
سىمۇ، لېكىن يەر ۋە يەر ئىجارىسى ئېكسپىلاتاتسىيىسى
ئۇلاردا كۈچلۈك قىزىقىش پەيدا قىلغان. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلى-
رىنىڭ سىياسىي ئىمتىيازىغا تايىنىپ، كەڭ كۆلەمدە يەر
زېمىن ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىنى ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ
قەبىلىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى
ۋە سىنىپىي قۇرۇلما جەھەتتە يېڭى ئۆزگىرىش پەيدا بولغان.
بۇ مەزگىلدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى
جەھەتتە، تۆمۈر ساپان ۋە پالتىدىن تاشقىرى، چوڭ تىپتىكى
تاش تۇلۇق قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەن، ھەرخىل ئىشلەپچى-
قىرىش سايمانلىرى تېخىمۇ يۇرۇشتۇرۇلگەن.
غەربىي يۇرتنىڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى ھاۋاسىدىن
كېلىپ چىققان قۇرغاقچىلىق مۇھىتى تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىق
ئىشلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى سۇغىرىشقا تايىنىپ ئېلىپ بېرىش-
قا توغرا كەلگەن. شۇڭا، ھۆكۈمدارلار بىلەن يەر ئىگىلىرى-
نىڭ ھەممىسى ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھ-
مىيەت بەرگەن. قېزىلما يۇتۇكلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەنشى

① لىۋجىەنشاۋ: جۇڭگو تارىخى، 144 - بەت

باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قارمىقىدا، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش، تۇغان ياساش ۋە رېمونت قىلىشنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان «قېزىش - ئېچىش ئورنى» دەيدىغان ئورگان تەسىس قىلىنغان. بۇ ئىشلارنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار قېزىش - ئېچىش بېگى دەپ ئاتىلىپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش، سۇ ھەققى ئېلىش ۋە سۇ تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاش ئىشلىرىنى باشقۇرغان. قېزىش - ئېچىش بېگىنىڭ قول ئاستىدا «مىراپ» لار بولۇپ، ئۇلار ئۆز تەۋەسىدىكى دېھقانلارنىڭ كۈندىلىك ئىشلىتىدىغان سۈيىنى ئۇچاستكىلار بويىچە باشقۇرغان. سۇ باشقۇرۇش ئورگانلىرى سۇ ئىشلىتىش ئىلان تاختىسىنى يولغا قويۇپ، قايسى ئائىلىنىڭ قايسى ۋاقىتتا سۇ ئىشلىتىشىنى ئېلان تاختىسىدا ئۆرۈش ئار-قىلىق كۆرسەتكەن. بۇ «تاختىنىڭ ئايلىنىشىغا قاراپ سۇ نۆۋىتىنى كۈتۈش» دەپ ئاتالغان. ئېتىز - ئېرىق، سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە سۇ ئىشلىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك باشقۇرۇلۇشى غەربىي يۇرتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي يۇرتتا بۇغداي، يۇرچاق، شال، تېرىق قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بولغان، بولۇپمۇ ئۈزۈم، قوغۇن، شاپتۇل، ئامۇت، ئۆرۈك ھەممىلا جايدا بار ئىدى. زىغىر، كېۋەز قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرمۇ بولغان. ئۇدۇن، قۇچۇ قاتارلىق جايلاردا ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرۈلۈپ، يىپەك قۇرتى بېقىلغان ۋە كەندىر تېرىلغان.

چارۋىچىلىقتا ئات، قوي، كالا، تۆگە قاتارلىق ماللارنى بېقىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ قول ھۈنەر-

ۋەئېچىلىكىدە تۆمۈر، مىس، پولات، ئالتۇن، كۈمۈش، قوغۇشۇن، قەلەي مەدەنلىرىنى ئېچىش، ئاۋلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئىشلىرى بار ئىدى. كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملاردىن مېتال قازان-قاچىلار، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، كۈمۈش پۇل ۋە مىس پۇل قاتارلىق نەرسىلەر ئىشلەپچىقىرىلغان. كۆسەن، دۆلىتىمىز بويىچە كۆمۈر بىلەن مېتال تاۋلاشنى ئەڭ بالدۇر يولغا قويغان رايونلارنىڭ بىرى، ئۇدۇنلۇقلار «مىس ئەسۋابلارنى ياساشقا ماھىر» ئىدى.

ئىگىرىش-توقۇش قول سانائىتىدە مەشۇت يىپ چىقىرىش، پاختا يىپ ئىگىرىش ئەسلىدىكى ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان. قوچۇ (غەربىي ئايماق) چەكمىنى تاڭسۇلالىسىگە تاپشۇرىدىغان ئولپاننىڭ مۇھىم بىر خىلى بولغان. غەربىي يۇرتتا چارۋىچىلىق تەرەققىي قىلغاچقا، يۇڭ توقۇمىچىلىق قول سانائىتى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ راۋاج تاپقان. كۆسەندىكى بارقوتان شەھىرىنىڭ يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى ئەڭ داڭلىق بولۇپ، شەرقتە ئىچكى رايون بازارلىرىدا، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىدا كەڭ بازار تاپقان.

كۆن-خۇرۇم ئىشلەش قول سانائىتى مول خام ئەشيا مەنبەسىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ زۆرۈر بۇيۇم بولۇپ قالغان. چىلىڭ داچاڭنىڭ «ئاجايىپ-غارايىباتلار» دېگەن كىتابىدا غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە ياۋا ئات ۋە بۆكەن تېرىسىدىن ئىشلەنگەن قىزىل خۇرۇم شۇنداق سىلىق، پارقىراق ئىدىكى، كىشىنى تولىمۇ زوقلاندۇراتتى، ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن ئۆتۈك، ئىگەر قاتارلىق بۇيۇملار ناھايىتى ئەپچىل ۋە سىپتا دەپ يېزىلغان.

غەربىي يۇرتتىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە قاشتېشى

چىقاتتى، غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى ئىشلەپچىقارغان ئالتۇن-كۈمۈش بىزەكلەر، قاشتېشى ئويما سەنئەت بۇيۇملىرى كىشىنى جەلپ قىلىدىغان قىممەتلىك بۇيۇملار ئىدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا قەغەزچىلىك بارلىققا كەلگەن، مانا بۇ، قەغەز ياساش تېخنىكىسىنىڭ بۇ جايغا يېتىپ كېلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئېھتىياجىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ قاتناش ترانسپورت ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. مۇھىم قاتناش يوللىرىدا، ھەر 30 چاقىرىم ئارىلىقتا ئۆتەڭ ياكى دەڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ئۆتەڭلەردە ئۆتكەن-كەچكەن يولۇچىلار ئۈچۈن ئات، ئېشەك ھازىرلاپ قويۇلغان. دەڭلەردە بولسا يېمەك-ئىچمەك ۋە قونالغۇ جاي تەييارلاپ قويۇلغان، ئۆتەڭ ۋە دەڭلەردە ئىشلەيدىغانلار خەلقتىن كەلتۈرۈلگەن، ئۇلار نۆۋەتلىشىپ ئىشلەيدىغان ھاشارچىلار ئىدى. «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، غەربىي ئايماقتىن كىنگىتكىچە بولغان يولدا لۈي كۆلى سارىيى، دىنچلىق سارىيى؛ غەربىي ئايماقتىن بېشبالىقىچە بولغان يولدا لۈكچۈن سارىيى؛ بارقۇئاندىن سۇلىغىچە بولغان يولدا جىجۇ سارىيى؛ سۇلىدىن ئۇدۇنغىچە بولغان يولدا كېيىش ئاشخانىسى دېگەن ساراي، ئاشخانىلار بولغان.

ترانسپورت جەھەتتە، يەنە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان مەخسۇس ئورگان — كىراخانا بار ئىدى. قاتناش قورالى ئاساسەن كالا ھارۋىسى ئىدى. يىراققا ماددىي بۇيۇم توشۇش ئىشلىرىنى سەپەر يالۋاچى مەخسۇس باشقۇراتتى.

يېزا ئىگىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى سودا-سېتىق ئىشلىرى ئۈچۈن بىر يېڭى ۋەزىيەت ياراتقان.

جۇڭگو ۋە چەت ئەلگە مەشھۇر «يىپەك يولى»، ئەينى چاغدا «سۇياپ يولى»، «ئەنشى يولى» ۋە «جەنۇبىي يول» دېگەن ئىبارەت بولغان. بۇ ئۈچ يولدا قاتنايدىغان پېرسىيە (ھازىرقى ئىران)، ئەرەب، پەرەڭ (شەرقىي رىم)، ھىندىستان ۋە غەربىي يۇرت سودىگەرلىرى غەربنىڭ قىممەت باھالىق دورا - دەرمەكلىرى، خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى، ئاتلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ كىشمىش، مەيزاپ، چەكمەن، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى قاتارلىق ماللىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بارغان. ئىچكى رايونلاردىن ئالتۇن، تۆمۈردىن ياسالغان قاچىلار، يېزىش - سىزىش قوراللىرى، قەغەز ۋە چاي، بولۇپمۇ كىشىلەر ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان تاۋار - دۇردۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى توپ - توپى بىلەن غەربىي يۇرتقا ۋە گرېتسىيە، رىم، ئارسالك، توخارىستان (ئافغانىستان) قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ بارغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر چاڭ جىنىڭ «جاڭلايىتى سانسىز قوڭغۇراق قۇلاق سالساڭ دەشتى ماكانغا، باراتتى تۆگە كارۋان شايى ئارتىپ ئەنشى تامانغا» دېگەن شېئىرى ئەنە شۇ ئاۋاتچىلىقنىڭ ھەققىي تەسۋىرىدۇر.

تاۋار ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى پۇلنىڭ يارقىتىلىشى ۋە ئوبوروت قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەينى چاغلاردا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تارقاتقان پۇل ۋە كۈسەن، كېنىكىيە قاتارلىق جايلاردا قۇيۇلغان تىللا، تەڭگە، يارماق قاتارلىق پۇللار ئىشلىتىلگەن. يەنە تۈركەشلەرنىڭ كىچىك يارمىقى ۋە چەت ئەل تىللا - تەڭگىلىرىمۇ ئۇچرىتىلغان.

سودا ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىشنىڭ قويۇقلىشىشى، يالغۇز غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە خەلقنىڭ مادىي تۇرمۇشىنى بې-

يېتىشىشىغا پايدىلىق بولۇپ قالماي، بەلكى كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ روھىي قىياپىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## 2. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت

بۇ دەۋردە غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى ۋە غەرب مەدەنىيىتى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا قوشۇلۇپ، مەزمۇن جەھەتتە تېخىمۇ بېيىغان.

تىل. بۇ دەۋردە، ئەسلىدىكى تىل ئاساسىدا تۈرك تىللىقى بىردىنلا ئوتتۇرىغا چىقىپ دەۋر سۈرگەن. «تۈرك خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، ئۆز تەسىرىنى تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ھەممە ساھەگە كەڭ سىڭدۈرگەن. بۇ ئەھۋالنىڭ تىل جەھەتتىكى ئىپادىلىرى ناھايىتى روشەن. تۈرك تىلى مۇشۇ رايونلاردا ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ قالغان، تۈرك لېكسىكىسى، بولۇپمۇ سىياسىي ئاتالغۇلىرى بۇ جايلاردا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان.»①

يېزىق. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتا كۆپ خىل يېزىق قوللىنىلغان. ھازىر بار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، خەنزۇ يېزىقى ئاساسەن تۇرپان، لوپنۇر رايونلىرى ۋە ھازىرقى نىيە ناھىيىسى دائىرىسىدە قوللىنىلغان. «سوغدى يېزىقى قوچۇدا قوللىنىلغان. كىنگىت، كۇسەنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىراھمى يېزىقى سىستېمىسىدىكى قىيپاش شەكىلدىكى كۇپتا يېزىقى قوللىنىلغان»، «بىراھمى يېزىقىنىڭ تىك شەكلى بولسا خوتەندە قوللىنىلغان»②. بۇ دەۋردە كۆپ خىل يېزىق

① ليۇ زىشياۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، 195-بەت.

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1-كىتاب، ئۇيغۇرچە نەشرى، 123-بەت.

نىڭ تەڭ قوللىنىشى تۇرپان رايونىدا ئەڭ تىپىك بولغان، بەزى ئالىملارنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، تۇرپاندا «شۇ ۋاقىتتا قەدىمكى تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، پارس يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى، يۇنان يېزىقى قاتارلىق 16 خىل يېزىق تەڭ قوللىنىلغان»①. ھەر خىل يېزىقلارنىڭ غەربىي يۇرتتا تەڭلا ئىستېمال قىلىنىشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە بىر-بىرىدىن ئۈلگە ئېلىشى ۋە قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان. X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى تۇرپان رايونىدا ئومۇملاشقان سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ يېڭى يېزىقى — ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىجاد قىلغان.

مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل. غەربىي يۇرت مۇزىكىسى كۆپىنچە ئۇسسۇل بىلەن ماسلاشقان بولۇپ، مۇزىكا بولغان يەردە ئۇسسۇلمۇ بولغان، ئۇسسۇل بولغان يەردە جەزمەن مۇزىكا تەڭكەش قىلىنغان. بۇ ئىككىسى چېپىلىشىپ «مۇزىكىلىق ئۇسسۇل» دەپ ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، مۇزىكا، ئۇسسۇل، سېرىكچىلىك ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «نەغمە» دەپ ئاتالغان. غەربىي يۇرتتا مۇزىكا ئىنتايىن چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە پۇختا ۋە سىستېمىلىق مۇزىكا نەزەرىيىسى شەكىللەنگەن. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى يەنلېنىڭ 28 كۈيى ئەنە شۇ مۇزىكا نەزەرىيىسىنى قوبۇل قىلىش ۋە تولۇقلاش ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن. غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردە ساز تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى، پەقەت كۈسەندىلا چارتار، بەشتار، نەي، بىلى، جاڭ، بىپى، تىك غۇڭقا، بالمان، تىزما نەي، داپ، دۇتەن دۇمبىقى،

---

① لېۋزىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى» 1- قىسىم، 239- بەت.

كىچىكچە دۇمباق، تالدۇمباق، سامتۇر قاتارلىق 10 نەچچە خىل چالغۇ ئەسۋابى بولغان. يۇقىرى سەۋىيىلىك كومپوزىتور ۋە مۇزىكانتلارمۇ تۈركۈملەپ بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، مەش-ھۇر «باھار بۇلبۇلى ناۋاسى» قاتارلىق 14 نەغمىنى ئىجاد قىلغان ماندا ئاقارى؛ ئۇستا بىلىمچى ۋايىاراچىن؛ كومپوزىتور ۋە بالمانچى ۋايىاراكان؛ «شىلىڭ مەن نۇ»، «ئاتەش سۇمرۇغ»، «قىدەھ نەغمىسى» قاتارلىق مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان ماھىر چارتارچى سۇلىلىق پىپى شىبنىغۇ؛ ئاتا-بالا ئۈچ ئەۋلاد چارتار چېلىش بىلەن ئۆتكەن ساۋباۋ، ساۋشەنسەي، ساۋگاڭ؛ بولۇپمۇ چارتارچىلار پىركاملىق دەپ نام ئالغان كاڭ كۇنلۇن قاتار-لىقلار. غەربىي يۇرت كومپوزىتورلىرى يازغان مۇزىكىلار ناخ-شا مۇزىكىسى، ئۇسسۇل مۇزىكىسى ۋە نەغمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈنگەن. «سۇينامە، مۇزىكا تەزكىرىسى»، تاڭ سۇلالى-سى دەۋرىدىكى سۇي لىڭچىن يازغان «ئوردا ئوركېستىرى خاتىرىلىرى»، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لەن جو يازغان «كىچى-چە دۇمباق خاتىرىسى»، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خا-تىرىلەر»، «نەغمە - ناۋا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى»، كۆسەن قىس-سى» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگەن تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئەينى زاماندا غەربىي يۇرتتا 37 مۇزىكىلىق ئەسەر بولغان دەپ ئېنىق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ①. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەخسۇس مۇزىكا ئەسەرلىرىمۇ بولغان. مەسى-لەن، سۇي سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپانلىق خې تو بىر توم-لۇق «مۇزىكا ھەققىدە مۇھىم خاتىرىلەر» ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «كۆسەن نوتىسى»② قاتارلىقلار. بۇ چاغدا سۇلى،

① گۇ باۋ: «قەدىمكى شىنجاڭدىكى مۇزىكا ئۇسسۇلى ۋە قەدىمكى زامان جەمئى-يىتى»، [illegible]-بەت.

② «[illegible] يېزىلغان خاتىرىلەر»، 13-جىلد.

كۆسەن، قوچۇ قاتارلىق جايلارنىڭ مۇزىكىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس سىستېمىسى بولغان. تاڭ سۇلالىسى ئوردىدىكى 10 قىسىملىق مۇزىكىنىڭ ئۈچ قىسمى سۇلې، كۆسەن، قوچۇ مۇزىكىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بولۇپمۇ كۆسەننىڭ «لەغمەت ئاۋاسى بەگلىكلەر ئارا داڭق چىقارغان»①.

غەربىي يۇرت — جۇڭگودىكى ئۇسسۇل ماكانلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، ئەينى زاماندا چەش ئۇسسۇلى، قۇزلار پىرقىرىما ئۇسسۇلى، غۇزلارنىڭ سەكرىمە ئۇسسۇلى، باش ئېتىش ئۇسسۇلى بولغان. ئۇسسۇلچىلار كۆزنى چاقنىتىدىغان رەڭگا - رەڭ ئۇسسۇل كىيىملىرىنى كىيەتتى، قاشلىق ئېتەتتى، ئۆتۈك كىيەتتى؛ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ چەبدەس - گۈزەللىكى، مۇزىكا رىتىمىنىڭ تېزلىكى، قويۇندەك پىرقىراشلىرى، ئۆزگىرىشىنىڭ خىلمۇ خىللىقى غەربىي يۇرت ئۇسسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى.

رەسساملىق. غەربىي يۇرتنىڭ رەسساملىقى ئىچكى ۋادىيلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسىنى ۋە بۇددا دىنىنىڭ سەنئەت ماھارىتىنى، بولۇپمۇ قىياپىتىنىڭ جانلىقلىقى، سىزىقچىلىرىنىڭ نەپىسلىكى، كىيىم - كېچەك ۋە چىرايىنىڭ رۇشەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان «قەندىھار سەنئىتى» نىڭ ئىپادىلەش ماھارىتىنى قوبۇل قىلىپ، پەيدىنپەي ئۆز ئالدىغا بىر خىل سەنئەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇت، بۇددا رىۋايەتلىرى، ئادەم، تاغ - دەريا، گۈل - گىياھ ۋە بۇلبۇل - تورغايلار، ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان تام سۈرەتلىرى، تورۇس سۈرەتلىرى، ئويما سۈرەتلەر، ھەمدە قەغەز، شايى ۋە ماتالارغا سىزىلغان سۈرەت قاتارلىق نۇرغۇن نەپىس ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. تىيانشاننىڭ جەنۇبىي

① «يېڭى تاڭ سۇلالىسى تەزكىرىسىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دىن ئېلىندى.

ۋە شىمالىدىكى نۇرغۇنلىغان تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە بۇ سۈرەتلەرنىڭ ئىزى ساقلىنىپ قالغان. تۇرپاندا قېزىلغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەردىن رەڭلىك سۈرەت چۈشۈرۈلگەن بىر قانچە پارچە شايى تېپىلدى، بۇ سۈرەتتىكى ئادەملەرنىڭ قىياپىتى ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلەنگەن. بۇلىڭ ئىچىدە قەددى - قامىتى كېلىشكەن، ھەشەمەتلىك كىيىنگەن بىر كېنىزەك قىزنىڭ سۈرىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا تاڭ سۇلالىسىگە خاس شەخسىنىڭ قىياپىتى تولۇق ئىپادىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ئاجايىپ - غارايىپ ھايۋانلارنى سىزىشقا ماھىر بولغان كاڭ ساتوغا ئوخشاش نۇرغۇن ئۇستا رەسساملار مەيدانغا كەلگەن. بولۇپمۇ كۆپۈلكى ۋە پېتىنىقى سۈرەت سىزىش ماھارىتى بىلەن داڭق چىقارغان ئۇدۇنلۇق چوڭ رەسسام ۋايچىرا ۋىچىرنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز زامانىدا بىر ئۇستازنىڭ ئىجادىيىتى دەپ ئەزىزلىنىپ ئالدىنقى قاتارغا قويۇلغان. مەسىلەن ، ئۇنىڭ چاكىنەندىكى خەيرى - ساخاۋەت ئىبادەتخانىسىنىڭ مۇنارىغا سىزغان «مىڭلىغان كۆز ۋە قولنىڭ ھەسرەت - نادامىتى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغانكى، ئۇنىڭدىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ نەپىسلىكىنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ». چاكىنەندىكى شاپائەت بۇتخانىسىغا سىزىلغان رەسىمدە «بويسۇندۇرۇلغان ئالۋاستىلارنىڭ سىياقى ھەزىخىل - ھەرياڭزا تەسۋىرلەنگەن». ۋاپادار بۇتخانىسىغا سىزىلغان «ئۈچ جادۇگەر، تۆت ئۇلۇغ تەڭرى ھەيكىلى» ئىنتايىن جانلىق ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەمنى ئەڭ قايىل قىلىدىغىنى شىمالىي تەڭرى ھەيكىلى بولۇپ، بۇ سۈرەتتىكە گويا جان كىرگۈزۈۋېتىلگەن. ۋايچىراۋىچىر ئەينى زاماندا دۆلىتىمىزدىكى رەسساملىق مۇلبىرىدە مەشھۇر رەسسام دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ رەسساملىق سەنئىتى

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر رەسسام ۋۇداۋزىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتا ئىدېئولوگىيە جەھەتتە، كۆپ خىل دىن بىلەن كۇڭزىچىلار تەلىماتى تەڭ مەۋجۇت بولغان. ھازىرقى قۇمۇل، تۇرپان، جىمسار قاتارلىق جايلاردا كۇڭزىچىلار ئىدىيىسى بىرقەدەر كەڭ تارقالغان. بولۇپمۇ تۇرپاندا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان. تارىخنامىدىكى خاتىرىلەرگە ۋە قېزىلما يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، قۇچۇدىكى چۈي جەمەتى خاندانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىدە ئورگان بەگ، مۇدەررىس، كۇڭزىچى ئۆلىما مۇشاۋىرلىرى قاتارلىق مەنسەپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ مەنسەپدارلار ئايماق، ناھىيىلەردىكى مەكتەپلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا كۇڭزىچىلارنىڭ «ماۋچاڭ - ماۋخېڭ نەزمىلىرى»، «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «ۋاپانامە» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ھەمدە ھېساب، تارىخ، رەسىم ۋە مۇزىكا ساۋاتلىرىنى ئۆگەتكەن. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش داۋامىدا تۇرپاندىن كۇڭزىچىلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىلىرى تېپىلدى.

بۇددا دىنى. بۇددا دىنى غەربىي يۇرتتا جەنۇبىي ۋەشىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى تەرەققىياتلار ئاساسىدا يەنە كەڭ تارقالغان. VI ئەسىرنىڭ بېشىدا غەربىي تۈرك خانلىقى بۇددا دىنىغا نىسبەتەن قوغداش پوزىتسىيىسىدە بولغان. بۇ مەزگىلدە غەربىي يۇرتتا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ راھىب بولغانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىمۇ كەڭ كۆلەمدە سېلىنغان. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە يېزىلىشىچە، ئىۋىرغۇل خانى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، يەرلىك راھىبلار بىلەن خەنزۇ راھىبلار بىر ئىبا-

دەپتەرلەردە تونۇلغان. قوچو خانى چوي ۋېنتەينىڭ بۇددا دىنىغا بولغان ئېتىقادى ناھايىتى چىڭ بولغاچقا، ئۇدىنىڭ بەگلىكىدىكى راھىبلار نەچچە مىڭغا يەتكەن. كىنىگىت، كۇسەن، سولى، ئۇدۇن رايونلىرىدا مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن راھىب ۋە بۇددىست بولغان. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە بۇددا دىنى غەربىي يۇرتتىن شەرققە تارقالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى بىلەن تەڭ، بۇددا دىنى بىر مەھەل ئىچكى رايونلاردىن غەربىي يۇرتقا تارقىلىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. مەسىلەن، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئەمەلدارى ۋاڭ يەندې قوچوغا كەلگەندە، قوچو رايونىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن 50 بۇتخانىدا تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان بېغىشلىما تاختىلىرىنىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. بۇددا نوملىرى خەنزۇ يېزىقىدا غەربىي يۇرتقا تارقالغانلىقى ئۈچۈن، غەربىي يۇرتتىكى راھىبلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇددا نوملىرىنى خەنزۇ تىلىدا يادقا ئوقۇيالايدىغان بولغان. بېشبالىق، قوچو، كۇسەن قاتارلىق جايلاردا بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنغان. تەرجىمە قىلىش ئورۇنلىرىدا كۇسەنلىك، ئۇدۇنلۇق راھىبلارمۇ، ئىچكى رايونلاردىن كەلگەن راھىبلارمۇ بولۇپ، ئۇلار بىرلىكتە بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ۋۇزېتيەن زامانىدا، مەملىكەت بويىچە دايۈن ئىبادەتخانىسى قۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلگەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭزۇڭ پادىشاھىلى دەن لۇڭشىڭ ئىبادەتخانىسى قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان، سوياپ، سولى، كۇسەندىكى دايۈن ئىبادەتخانىلىرى، ئۇدۇن، بېشبالىق قاتارلىق جايلاردىكى لۇڭشىڭ ئىبادەتخانىلىرى

ئەمەلە شۇ پەرمانلارغا ئاساسەن سېلىنغان. كۇسەندىكى
دايۇن ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبى شيۇ شىڭ،
دۇۋېي نايىچاۋ، شاگزو مىگيۇن قاتارلىقلار چاڭئەنلىك كامىل
راھىبلاردىن ئىدى. كۇسەن لۇگشىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ باش
راھىبى فاخەي كۇسەندە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان كۇسەنلىك
خەلزۇ راھىب ئىدى. ئۇدۇندىكى لۇگشىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ
باش راھىبى خېبىينىڭ جىجۇ ئايىمىقىدىن ئىدى. كۇسەن
شەھىرىنىڭ غەربىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى چوڭ يولنىڭ
ئىككى تەرىپىدە ئېگىزلىكى 90 چىدىن ئاشىدىغان
كاتتا زور بۇددا ھەيكەللىرى قوپۇرۇلغان. ھەر
يىللى كۈزلۈك كۈن - تۈن تەڭلىشىش ۋاقتىدىن
كېيىنكى بىرنەچچە ئون كۈن ئىچىدە كۇسەندىكى بۇددىست-
لار خاندىن تارتىپ پۇقرالارغىچە مۇشۇ بۇددا ھەيكەللى ئەت-
راپىغا جەم بولۇپ، ئىنتايىن تەنتەنىلىك بۇتقا سېغىنىش
پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن. بۇددا دىنى غەربىي يۇرتتا راسا ئەۋج
ئېلىۋاتقان چاغلاردا، غەربىي يۇرتتىكى كۆپلىگەن كامىل
راھىبلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، بۇددا ئەقىدىلىرىنى
كېڭەيتىش ياكى بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن
شۇغۇللانغان. شۇەنزاڭ بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ چاڭئەنگە
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ رىياسەتچىلىك قىلغان بۇددا
نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ئورنىدا قوچۇلۇق سىرامان شۇەن-
جۆ، كۇسەنلىك كامىل راھىب لى يەنلەر بار ئىدى. ۋۇزېتيەن
زامانىدا، ئۇدۇنلۇق كامىل راھىب، مەشھۇر تەرجىمان
شىچانەنتو چاڭئەنگە بېرىپ، بۇددا ئەقىدە - ئەھكاملىرىنى
تەشۋىق قىلىپ، ئاخىرى چاڭئەندىكى داجيەنفۇ ئىبادەتخانىسىدا
كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكتىكى كامىل راھىبلارمۇ غەربىي يۇرتقا

كەلگەن، ياكى غەربىي يۇرت ئارقىلىق ھىندىستانغا بې-
رىپ، بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ كەلگەن. داڭلىق راھىب شۈەنزاڭ
ھىندىستانغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن 17 يىل ۋاقىت سەرىپ
قىلىپ، 50 مىڭ چاقىرىم يول باسقان، «138 بەگلىكنى كۆز-
دىن كەچۈرگەن ۋە بېسىپ ئۆتكەن». ئۇ بۇددا دىنى مىزان-
لىرى ۋە قائىدىلىرى بايان قىلىنغان كىتابتىن 520 قۇتا،
657 پارىنى ئېلىپ جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
20 يىل ئىچىدە نوم بايانىدىن 75 پارە، 1335 جىلدنى
تەرجىمە قىلغان. ئۇ يەنە «لاۋزى» ۋە «ماخانايانىڭ كېلىپ
چىقىشى توغرىسىدا» نى سانسكرىت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ،
ھىندىستانغا تارقاتقان ھەم سەپەر جەريانىدا كۆرگەن-ئاڭ-
لىغانلىرىغا ئاساسەن 12 جىلدلىق «ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسى
دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» نى يازغان.

داۋجىياۋ دىنى. تاڭ سۇلالىسى بىر مەزگىل داۋجىياۋ
دىنىنى بىرىنچى ئورۇنغا، كۇڭزىچىلىقنى ئىككىنچى ئورۇنغا،
بۇددا دىنىنى ئۈچىنچى ئورۇنغا قويۇشنى بەلگىلىگەنلىكتىن،
تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە داۋجىياۋ دىنى راسا ئەۋج ئالغان.
شۇ مەزگىلدە، ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن غەربىي يۇرتتىمۇ نۇر-
غۇنلىغان داۋجىياۋ دىنى ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇلغان. تاڭ
سۇلالىسىنىڭ گۇاڭچى 1 - يىلى (885 - يىلى) «شاجۇ ۋە ئىۋىرغول
ئايماقلىرى تەزكىرىسى» نىڭ پارچىلىرىدا، ئىۋىرغول
ناھىيىسىدە شاڭمو ئىبادەتخانىسى، دالو ئىبادەتخانىسى؛
لاپچۇق ناھىيىسىدە شاڭمو ئىبادەتخانىسى؛ يامدۇم ناھىيى-
سىدە تيەنشاڭ ئىبادەتخانىسى؛ قۇچۇدا كۇۋتاڭ ئىبادەتخا-
نىسى ھەم جۇلۇ ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن.
ئازادلىقتىن كېيىن، تۇرپاندىن قېزىلغان تاڭ سۇلالىسى دەۋ-
رىگە ئائىت قەبرىلەردىن داۋجىياۋ دىنىغا خاس تومار، داۋ-

جىياۋ دىنى ئوملىرىنىڭ پارچىلىرى شۇنىڭدەك زور بىر تۈركۈم جەسەتلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىگە يېزىلغان داۋجىياۋ دىنىغا خاس سۆز-ئىبارىلەر تېپىلغان. بۇ نەرسىلەر تاڭ سۇلالىسى دەۋردە داۋجىياۋ دىنىنىڭ غەربىي يۇرتتىمۇ كەڭ تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋردىكى غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىدا، ئويما مەتبەئە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. مىلادى VI - VII ئەسىرلەر دۆلىتىمىزنىڭ ئويما مەتبەئەچىلىكى راۋاجلانغان بىر دەۋر ئىدى، دىنىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، تۇرپان ئويمانلىقى رايونىدا ئويما مەتبەئە تېز تەرەققىي قىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ رايوندىن نۇرغۇنلىغان ئويما مەتبەئە بۇيۇملىرى تېپىلدى، بۇنىڭ نەپىسلىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. شۈبھىسىزكى،ئويما مەتبەئەنىڭ غەربىي يۇرتتا كەڭ ئىشلىتىلىشى غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئالغا سىلجىتىش رولىنى ئوينىغان.

### 3. غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش

تاڭ سۇلالىسى 400 يىلغا يېقىن ۋاقىت داۋاملىشىپ كەلگەن بۆلۈنمىچىلىككە خاتىمە بېرىپ، دۆلەتنى يەنە بىر قېتىم بىرلىككە كەلتۈرگەن. سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۇچقاندەك تېز راۋاجلانغان، ھەربىي ئىشلاردا زور مۇۋاپپەقىيەتلەر قولغا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تەسىرى يىراق جايلارغىچە تارقالغان، مەدەنىيەت نەتىجىلىرى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرى جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ

ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپلا قالماستىن، ئەينى زامانىدا دۇنيا مىقياسىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان.

تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى ۋە بۇ يۇرتقا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن، سودا - تىجارەت راۋاجلانغان، كىشىلەر ئارىسىدىكى بېرىش - كېلىش قويۇقلاشقان. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۆلىمىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتە ئۆتكەنكى سۇلالىلەردىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن.

تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ غەربىي يۇرتتا ئۆزىنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي تۈزۈملىرىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى تارقاتقان. بۇ غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر ۋە ئۇزاق مۇددەت تەسىر كۆرسەتكەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرگەن قەغەز ۋە قەغەز ياساش تېخنىكىسى، ئويما مەتبەئە تېخنىكىسى، مېتال تاۋلاش تېخنىكىسى، مېتال ئەسۋابلار، پىلە بېقىپ مەشۇت چىقىرىش ۋە يىپەك توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى، ئىلغار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، تېرىقچىلىق تېخنىكىسى، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى ھەممىدە خەنزۇ يېزىقىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇ-رۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

غەربىي يۇرتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت مۇۋەپ-پەقىيەتلىرىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆپلەپ كىرگەن. مەسىلەن، ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم ھارىقى ياساش تېخنىكىسى تاڭ تەيزۇڭ دەۋ-رىدىلا ئىچكى رايونغا كىرگەن. «كىتابلار جەۋھىرى»، 970-

جىلدىنىڭ «ئوردىغا ئولپان تاپشۇرۇش» قىسمىدا: «غالىچو ئىشغال قىلىنغاندا، مۇناقا ئۈزۈم ئۇرۇقى باققا تېرىلىپ ئۆستۈرۈلگەن ھەم ئۇنىڭدىن ھاراق ئىشلەش تېخنىكىسى ئۆگىنىلىۋېلىنغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ «شۈەنزۇڭ پادىشاھى زامانىدىكى لۇڭگاۋ ھارىقىمۇ ئەسلى غەربىي يۇرتتىن كەلگەن»، بۇ ھاراقنىڭ «رەڭگى قارا، ئۇ ئىچكەن كىشىگە بىر خىل ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ»① بۇ دەۋردە قۇچۇدىن چىقىدىغان چەكمەن، غەربىي يۇرتنىڭ بەلەن ئاتلىرى ۋە بېدە، ئانار، ياڭاق قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە زور مىقداردا توشۇلغان.

غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىشىلىرىگە بەك ئەرزىيەپ كەتكەن، بولۇپمۇ «غۇزچە تۇماق كىيىش» بىر خىل مودىغا ئايلانغان. غۇزلارنىڭ كىيىم ۋە تۇماقلىرىنى خاس ئەرلەر كىيىپلا قالماي، بەلكى يۇقىرى تەبىقىدىكى زاتلارنىڭ خانىملىرىمۇ ئەرلىرىنى دوراپ، غۇزلارنىڭ ئۆتۈك، كۆڭلەك، تۇماقلىرىنى كىيىپ، قولىغا قامچا ئېلىپ يۈرۈشكەن. «تاڭ نەزمىلىرى» دىكى خۇا رۇي خېنىمنىڭ ئوردا نەزمىسىدە «12 - ئايدىكى نەزىر - چىراغ مۇراسىمىغا بېرىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال، ئەمەلدارنىڭ مۇلازىملىرى ئالدى بىلەن خېنىملارنى ياساندۇراتتى؛ ئۇلار ئۇيغۇرچە كىيىنىپ، ئۇيغۇر ئاتلىرىغا مىنىپ مېڭىشاتتى، شۇڭا ئۇلار ئەل ئىچىدە زىلۋا خېنىملار دەپ ئاتىلاتتى» دەپ تەسۋىرلەنگەن. مانا بۇ يۇقىرىدىكى ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

رەسساملىق جەھەتتە، تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى رەسساملىقتا سىزىقچە ئاساس قىلىناتتى، ۋايجىرا-

① «تاڭ دا ... تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، 41 - بەت.

ۋېيېزنىڭ پېتىمىقى ۋە ئاكۆپۆنكى ئۇسلۇبىدىكى ماھارەتنى ھاسىل بولغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رەسساملىقىدىكى ئادەم سۈرىتى سىزىش تېخنىكىسى جەھەتتە ۋايچىراۋىچىرنىڭ ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلىپ، رەسىم سىزىش ماھارىتىنى ئۆستۈرگەن ۋە رەسىم مەزمۇنىنى بېيىتقان.

غەربىي يۇرتنىڭ ئۆڭكۈر سەنئىتىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. «ئىچكى رايوندا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئۆڭكۈر سەنئەتلىرىدىن دۇنخۇاڭدىكى مىڭ ئۆي، ئەنشىدىكى يۈمەن ئۆت جىلغىسى، لىنشيادىكى بىڭلىڭ بۇتخانىسى، تيەنشۈيدىكى مەيجىشەن تېغى ۋە يۈنگاڭ، لوڭمېن قاتارلىق جايلاردىكى تام سۈرەتلىرى، ھەيكەل، ئۆڭكۈر بۇتخانىلىرى قۇرۇلما جەھەتلىرىدە شىنجاڭنىڭ باي، كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ئۆڭكۈر سەنئىتى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت»①.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆرسەتكەن ئەڭ چوڭ تەسىرى مۇزىكا جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرى تاڭ گاۋزۇدىن تارتىپلا غەربىي يۇرتنىڭ مۇزىكىسىغا ئىنتايىن زوقمەن بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ناخشا-ئۇسسۇل مەستانىسى بولۇپ، غەربىي يۇرت نەغمە-ناۋالىرىغا ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى. ۋاڭ جىيەن «لياڭجۇغا سەپەر» ناملىق شېئىرىدا: «شەھەر چېتىدە سايرىسا قىرغاۋۇللار بەس-بەستە، لوياڭلىقلار ئۆگىنەتتى غۇز مۇزىكىسىنى.

---

① «شيالۇ» دا «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن خەنزۇ خەلقىنىڭ 2000 يىلدىن بۇيانقى دوستانە مۇناسىۋىتى»، «جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، 423 - بەت.

ھەۋەستە» دېگەنىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئون ئوردا مۇزىكىسىدىن ئۈچى كۇسەن، سۇلى، قوچۇ مۇزىكىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئومۇملاشقىنى كۇسەن مۇزىكىسى ئىدى. ئوردا ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىسىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن «دەرسخانا» دېگەن مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭ قارمىقىدا يەنە «مەشقخانا» ۋە «باھار سەيلىگاھى» تەسىس قىلىنغان. نەچچە يۈزلىگەن تاللانغان رەققاس قىز ۋە كېنىزەكلەر بۇ يەردە قاتتىق مەشىق قىلدۇرۇلاتتى، ئۇلار «مەشقچى باللار» دەپ ئاتالغان.

غەربىي يۇرتنىڭ كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلىرى، يېمەك - ئىچمەكلىرى، ئوردا - سارايلىرى، ئۇسسۇل - مۇزىكىلىرى، رەسساملىقلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن، چاڭئەن، لوياڭدا ھەتتا بىر مەھەل «غۇزلىشىش» ئەۋجگە چىقىپ، «غۇز مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاش، غۇز ئاتلىرىغا مىنىش ۋە غۇزچە ياسىنىش 50 يىلچە دەۋران سۈرگەن»①. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرت بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، بىر - بىرىنىڭكىنى قوبۇل قىلىش، بىر - بىرىگە سىڭىشىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ماددىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلەتكەن.

---

① شياڭ دا: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، 57 - بەت.

# 38. ئۇيغۇر (回纥) خانلىقى ۋە ئۇيغۇر (回鹘) لارنىڭ غەربكە كۆچۈشى

## 1. ئورخۇن ئۇيغۇر (回纥) خانلىقى

ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادى 605 - يىلدىن 788 - يىلغىچە بولغان تارىخىي مەزگىلدە خەنزۇچە خۇيخې (回纥) دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇر دېگەن سۆز «بىرلەشمەك»، «ئۇيۇشماق»، «ئىتتىپاقلاشماق» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇيغۇرلار دۆلىتىمىزدىكى قەدىمكى مىللەتنىڭ بىرى، بۇ مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دىڭلىڭلار، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تېلېلارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان يۈەنخې قەبىلىسىگىچە سۈرۈش مۇمكىن. مىلادى ٧ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، تېلېلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ لەشكەر تۇتۇشىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە، يۈەنخې قەبىلىسى پەيدىنپەي ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىپ، تېلېلار ئارىسىدا بىرقەدەر كۈچلۈك قەبىلە بولۇپ تونۇلغان. VI ئەسىردە، تۈركلەر زورايغاندىن كېيىن، تېلې قەبىلىلىرى تۈركلەرگە بويسۇنغان. 605 - يىلى (سۇي سۇلالىسىنىڭ داييې 1 - يىلى) غەربىي تۈرك قاغانى چۇلۇ قاغان تېلې قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرنەچچە يۈز كىشىنى يىغىپ كېلىپ «ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن»①. تېلېلار ئىچىدىكى ۋېيخېلار (ئەينى زاماندا يۈەنخېلار دەپ ئاتالغان) «بارغۇت، تونگرا، بايىرقۇ قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تۈركلەردىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆز ئېركىنى تىكلەپ، ئۆزلىرىنى خۇيخې دەپ ئاتىغان»②. بۇ ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى زور ۋەقە ئىدى.

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تېلېلار تەزكىرىسى».
② «يېڭى تاڭنامە» خۇيخې، خۇيخۇلار ھەققىدە قىسسە.

ئىككى تاڭنامە ۋە «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» گە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ئىچكى توققۇز ئۇرۇق (توققۇز ئۇيغۇر دەپمۇ ئاتالغان) ۋە تاشقى توققۇز قەبىلىلەر (توققۇز ئوغۇز دەپمۇ ئاتالغان) دىن تەركىب تاپقان. ئىچكى توققۇز ئۇرۇق ياغلاقار (ئويۇرغۇر)، قۇرتارغار، دىرىمار، بايىرسىق، ئابدال، قاسار، قوغۇرسۇ (قولاس)، ئۇۋوغار، سابار (ساروغار) لار دىن ئىبارەت، تاشقى توققۇز قەبىلە تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، قۇدرەتلىك ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىپ بىرلىشىش ياكى قوشۇۋېلىش يولى بىلەن شەكىللەنگەن. ئۇلار: بارغۇت، غون، تۇڭرا، بايىرقۇ، ئىزگىل، قىبىئار، باسمىل، قارلۇقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇلارغا ئاتىمىز قەبىلىسى قوشۇلۇپ «ئون ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇرلارنى ئەڭ بۇرۇن بىرلەشتۈرگەن كىشى ياغلاقار قەبىلىسىدىن تېكىن ئېركىن ئىدى («كونا تاڭنامە»دا تېكىن ئېركىن دەپ ئاتالغان). ئۇ 605 - يىلى شۇ چاغدىكى بارغۇت، تۇڭرا، بايىرقۇلار بىلەن بىرلىشىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ چۇلۇ قاغانىدىن يۈز ئۆرۈپ، قەبىلە ئىتتىپاقى تەشكىللەپ، ئۆزى ئاقساقال بولۇپ سايلانغان. تېكىن ئېركىن پەم - پاراسەتلىك ئەرباب ئىدى، «يېڭى تاڭنامە. خۇيگۇلار ھەققىدە قىسسە» دە تېكىن ئېركىننىڭ ئايالى ئورقۇن ناھايىتى تەدبىرلىك، كەسكىن ئايال بولۇپ، «قوۋملار ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى قەتئىيلىك بىلەن تىنچىتاتتى» دەپ قەيت قىلىنغان. تېكىن ئېركىننىڭ ئوغلى بوسات تېكىن باتۇرلۇق ۋە پەم - پاراسەتتە تەڭ يېتىلگەن بولۇپ، ئۇرۇشلاردا دائىم لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا يۈرەتتى. تېكىن ئېركىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بوسات تېكىن ئاقساقاللىق ئورنىغا ئولتۇرغان. بوسات تېكىننىڭ بىر تۇتاش باشچىلىقى ئاستىدا، ئۇيغۇرلار پەيدىنپەي كۈچەيگەن: 627 - يىلى (تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 1 - يىلى) ئۇيغۇرلار سىرتاردۇش قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، تۈركلەرنىڭ شىمالدىكى چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلغان. شەرقىي تۈرك قاغانى

ئېلىك 100 مىڭ چېۋەنداز بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن. بوسات تېكىن ئۆزى بىۋاستە 5 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ جەڭگە كىرىپ، ماليېشەن تېغىدا تۈركلەرنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بوسات تۇغلا دەرياسى بويىدا ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى بەرپا قىلىپ، كېيىنكى ئۇيغۇرلار ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس سالغان. 629 - يىلى (تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 3 - يىلى)، ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەغدىم قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۇنجى قېتىم سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورناتقان. 630 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 4 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى شىمالىي چۆللۈكتىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، شەرقىي تۈركلەرنى يوقاتقان. بوسات تېكىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى قۇتلۇق ئېلتەبىر تۇمەت ۋارىسلىق قىلغان. 646 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 20 - يىلى) تۇمەت بارغۇت، تۇڭرا، ئىزگىل، ئاتېمىز قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلەشكەن ۋە تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ماسلىشىپ سىرتاردۇشلارغا قىستاپ ھۇجۇم قىلىپ، سىرتاردۇش خانلىقىنى يوقاتقان. ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ زېمىنىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىگەن، تۇمەت ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇمەت تېلېلارنىڭ 13 قەبىلىسىنى باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ خېلەنشەن تېغىدىن ئۆتۈپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەن ھەمدە شىمالىي رايوندا مەنسەپ ۋە ئۆتەڭ تەسىس قىلىپ، بۇ رايوننى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغان. تاڭ تەيزۇڭ بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، لىڭجۇ (ھازىرقى نىڭشيادىكى لىڭۋۇ)، جىنىياڭ (گەنسۇدىكى

پىدىلىيالىك) شىچە كېلىپ، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئەل بولۇشىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل كۆرۈپ سىرتاردۇش، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئولتۇراقلىشىپ چارۋىچىلىق قىلغان رايونلاردا ئالتە ۋىلايەت، يەتتە ئايماق تەسىس قىلغان. ۋىلايەتكە تۇتۇقبېگى، ئايماققا ئايماق بېگى تەيىنلىگەن. ئۇيغۇر قەبىلىسىدە دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، تۇمەتنى مەردىپەت قوچقان باش سانغۇن، قوشۇمچە دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى دېگەن مەنسەپ بىلەن تارتۇقلىغان. باشقا قەبىلە ئاقساقاللىرىغىمۇ تۇتۇق بېگى، ئايماق بېگى، دورغاپ، ئەمىر لەشكەر قاتارلىق مەنسەپلەرنى ئاتا قىلغان. ۋىلايەت، ئايماقلارنىڭ ھەممىسى يەنرەن باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەۋەلىكىدە بىر تۇتاش باشقۇرۇلغان. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ جەنۇبىدىن تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بارىدىغان «تەڭرى قاغانىغا تاۋاپ قىلىش يولى»نى ياسىغان، يول بويىدا راباتلارنى قۇرغان، كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان مەخسۇس ئەلچىلەر ئۈچۈن ئات-ئۇلاق ۋە يېمەك-ئىچمەك تەييارلاتقان.

648-يىلى (جېنگۇەننىڭ 22-يىلى)، تۇمەت ئۆزىنىڭ جىيەن ئوغلى ئۇگۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇگۇرنىڭ تۇمەتنى ئۆلتۈرۈشتىكى مەقسىتى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى تۈركلەرنىڭ چۆبە قاغانىغا ئەل بولۇشقا مەجبۇرلاش ئىدى. تاڭ سۇلالىسى يەنرەن قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن بېگى يۈەن لىچېڭ بۇ ئىشنى سېزىپ قېلىپ، دەرھال ئۇگۇرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ شېرىكى كۆلۈبېيىنى قولغا ئېلىپ، بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ياردەملەشكەن. شۇندىن كېيىن تاڭ تەيزۇڭ لەشكىردى پىرقىنىڭ دىۋان بېگى سۈيدۇنلىنى ئۇيغۇرلار رايونىغا ئەۋەتىپ، تۇمەتنىڭ ئوغلى

بايانى قاغان قىلىپ تىكلەپ، ئۇنى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغان ۋە دەشتى ماكسان تۇتۇق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن.

651 ـ يىلى تاڭ گاۋزۇڭ (يۇڭخۇينىڭ 2 ـ يىلى)، غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئاشنا قولى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تىڭجۇ ئايمىقى (ھازىرقى جىمسار) نى بېسىۋالغان. تاڭ سۇلالىسى لياڭ جيەنفاڭ بىلەن قىبىشار قولىنى قوشۇن تارتىپ جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇيغۇر قاغانى بايانىمۇ 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن بۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئاشنا قولىنى مەغلۇپ قىلىپ، بېشبالىق ئايمىقىنى قايتۇرۇۋالغان. 656 ـ يىلى (شيەنچىڭنىڭ 1 ـ يىلى)، ئاشنا قولى يەنە تاڭ سۇلالىسىگە قارشى قوشۇن تارتقان. ياندۇزقى يىلى، بايان بىۋاستە قوشۇن باشلاپ، ئىلى يولى ھەربىي يۈرۈش باش بۇغى سۇ دىڭفاڭ بىلەن بىرلىكتە نېڭگە ئاتلىنىپ، ئاشنا قولىنى چۇغاي ۋە جىنياشەن تاغلىرىدا پاجىئەلىك مەغلۇپ قىلغان. بايان نەچچە ئون مىڭ ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ سۇ دىڭفاڭ بىلەن بىرلىكتە ئاشنا قولىنى ئېرتىش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغىچە قوغلاپ كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى زور غەلىبە قازانغان ۋە ئاشنا قولىنى لوياڭغا ئېلىپ كەتكەن. بايان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى زور تۆھپە ياراتقانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بايانغا يەنە سول قول ھىمايىچى ئۇلۇغ سانغۇن دەپ نام بەرگەن.

661 ـ يىلى (يۈەنشۇنىڭ 1 ـ يىلى) بايان قوشۇن باشلاپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۇرىيەگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشىغا قاتناشقان ۋە شۇ يىلى ۋاپات بولغان. بايان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىي سوغۇردۇ؛

تۇغۇچۇق، ۋود دىبىر بەك، چىگىزۇك، فودىنان قاتارلىقلار ئىلگە-
رى - كېيىن ئۇيغۇرلارغا ئەمىر بولغان. بۇ جەرياندا، كېيىنكى
تۈرك خانلىقى ئۇيغۇرلارغا ۋە ئەسلىدە تېلىلارغا تەۋە
بولغان قەبىلىلەرگە كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بەزىلىرى تۇغلا دەرياسى ۋادىسىغا، بەزىلىرى تاڭ سۇلالىسى رايونىدىكى گەنجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن. 742 - يىلى (تيەنباۋنىڭ 1 - يىلى) ئۇيغۇر، قارلۇق، باسمىلدىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلە كېيىنكى تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، قۇتلۇق يابغۇ قاغانىنى ئۆلتۈرگەن. 744 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى گۇربالا قارلۇق قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، بېشبالىقنىڭ يېنىدىكى باسمىل قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، باسمىللارنىڭ قاغانى ئېلتىرىشنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگەكۆل قاغان دەپ جاكارلىغان. ئۇ 745 - يىلى ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئۆتۈكەن تېغى ئېتىكىدە بارگاھ تىكىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. تاڭ شۈەنزۇڭ بىلگەكۆل قاغانغا رەھىمدىل قاغان دەپ نام بەرگەن.

ئۇيغۇر خانلىقى تۇمەت قاغاندىن تارتىپ قوشۇ ۋۇشات قاغاندا خانلىق يوقالغانغا قەدەر، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 200 يىل دەۋران سۈرگەن. گۇربالا قۇرغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن تارتىپ ھېسابلىغاندىمۇ بىر ئەسىردىن ئاشىدۇ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىدا تۇمەت، گۇربالا، مويۇنچۇر، ئېدىكىن، تۇنباغا، تاراس قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەشھۇر قاغانلار ئۆتكەن. مۇشۇ قاغانلارنىڭ زور كۈچ بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدىكى زېمىن ئىنتايىن كەڭ بولغان. تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم

بولۇشىچە، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنى «شەرقتە شىرۋىدىن غەربتە ئالتۇن تاغقىچە، جەنۇبتا چوڭ قۇملۇققىچە بولغان تۈركلەرنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان»①. بۇ ئاساسەن شەرق تەرەپتە ھىنگان تېغىغا، غەرب تەرەپتە ئالتاي تېغىغا، شىمال تەرەپتە بايقال كۆلىگە، جەنۇب تەرەپتە تاڭ سۇلالىسى زېمىنىغىچە ياندىشقان.

ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى توققۇز ئۇرۇقنى ئاساس قىلىپ، تاشقى توققۇز قەبىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇرۇلغان. ئىچكى توققۇز ئۇرۇقتىن ياغلاقار قەبىلىسى خان جەمەتى گۇرۇھى ئىدى. بۇ خان جەمەتى گۇرۇھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تاكى 795-يىلى (تاڭ دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 10-يىلى) ساداقەتمەن قاغان ئىل كۈر ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر داۋاملىشىپ، دىيانەتمەن قاغان قۇتلۇق خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئاندىن بۇنداق ئىمتىيازلىق ئاتېمىزلار جەمەتىگە ئۆتتى. بۇ خانلىق ئەمەل تۈزۈمى جەھەتتە ئاساسەن تۈرك خانلىقىنىڭ تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلغان، ئەمەل-مەنسەپلەرنى كۆپىنچە تۈركچەناملار بىلەن ئاتىغان. خانلىقنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى قاغان دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئايالى خاتۇن، پەرزەنتلىرى «تېكىن» دەپ ئاتالغان. چوڭ سەركەردە «شاد» دەپ ئاتالغان. يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپ يابغۇ، ئېلتەبەر، ئاپار، چۇرۇقچۇر، ئېركىن، تارخان قاتارلىق 28 دەرىجىگە بۆلۈنگەن. مەنسەپلەرنىڭ شتات سانى مۇقىم بولسىغان، ھەممىسىگە ۋارىسلىق قىلىنغان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەل تۈزۈمىمۇ ئۆرنەك قىلىنىپ، ئۈچ ئىچكى ۋەزىر تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭغا خان جەمەتىدىن تاللاپ قويۇلغان، تاشقى ۋەزىرلىككە ئالتە كىشى قويۇلغان،

① «ئالىي ئىدارە تىلمىشلىق ئۈرنەكلىرى» 215-جىلد، «شۈەنزۇڭ خانىنىڭ تيەنباۋ 4-يىلى».

بۇنىڭغا بارغۇت، خۇن، بايىرقۇ، تونگرا، ئىزگىل، قىبچاق قاتارلىق ئالتە قەبىلىدىن تاللاپ قويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە سانغۇن، ئەمىرلەشكەر قاتارلىق ۋەزىپىلەرمۇ تەسىس قىلىنغان، ئۇيغۇر خانلىقى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان قۇمۇق، قىتان، شىرۋى، ساتو، ئاق تۈرك قاتارلىق قەبىلىلەرگە قاغان تەرىپىدىن باش ئەمىر (شاد ياكى يابغۇ) ئەۋەتىلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغان ھەمدە خان ئوردىسىغا ھەر يىلى ئولپان ۋە سوۋغا-سالام تاپشۇرغۇزىدىغان، بۇ رايوننىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدىغان «نازارەتچى بەگ» ئەۋەتىلگەن.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى جەمئىيەتتىكى سىنىپىي مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، ئاساسەن «ئېل»، «بىي» ۋە «قارا بودۇن» ھەم «قۇل» قاتارلىق تەبىقىلەر بولغان. «ئېل» ئاساسەن نەسەبىي ئاقسۆڭەك، جۈملىدىن خاقان جەمەتى سىستېمىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئىچكى توققۇز ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. «بىي» ھەرقايسى قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى، يەرلىك فېئوداللار ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن «بەگ»لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «قارا بودۇن» دېگەن سۆز قارا خەلق يەنى ئاۋام خەلق دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىدى، «قۇل»لار ئاساسەن قارا خەلق ئىچىدىكى سۇنغانلار، يېتىم باللار، ئۇرۇش ئەسىرلىرى، شۇنىڭدەك تۈرك خانلىقىدىن قېپقالغان خەنزۇلار ۋە بىر قىسىم غەربىي يۇرتلۇقلار ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىدا چارۋىچىلىق ئاساس، ئوۋچىلىق قوشۇمچە ئىدى. چارۋىچىلىقتا قوي ۋە ئات ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى، سانى ئون مىڭلاپ ھېسابلىناتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىكىنىڭ تۈرى بىر قەدەر ئاز بولغاچقا، ئالماشتۇرۇش ئىقتى-

سادىي تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنداق ئاتالماشتۇرۇش «ئولپان - ئىنئام» ۋە «تېگىشىش» دىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىپ بېرىلگەن. «ئولپان - ئىنئام» دېگىنىمىز، ئۇيغۇرلار ئوردىغا ئولپان ئەۋەتىش شەكلى بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە ئات، تېرە قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلىپ تۇرغان، تاڭ سۇلالىسى بولسا بۇنىڭ ھېسابىغا ئۇيغۇرلارغا يىپەك رەختلەرنى ئىنئام قىلغان. «تېگىشىش»دا شايى بىلەن ئات، چاي بىلەن ئات ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا مەھسۇلاتلارمۇ ئالماشتۇرۇلغان. بۇنداق تېگىشىش پەقەت ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەنلا بولۇپ قالماي، بەلكى غەربىي يۇرت بەگلىكلىرى بىلەنمۇ بولغان.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشىغا ۋە بايلىقىنىڭ جۇغلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ساراي ۋە شەھەرلەرنى سېلىشقا باشلىغان. مەسىلەن، قاراقاغان سېلېنگا دەرياسىنىڭ بويىدا بايبالىق شەھىرىنى بىنا قىلغان. بۆگۈقاغان ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا بۆگۈخان شەھىرىنى بىنا قىلغان، بۇلاردىن باشقا، ئورخۇن دەرياسى سوگنۇر كۆلى بويىدىكى بىرقانچە جايدا «خاتۇن» شەھەرلىرىنى بىنا قىلغان.

### 2. ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى

مۇشۇ تارىخىي دەۋردىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى ھەر مىللەت ھاكىمىيەتلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تارىخى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئېسىدە چىڭ ساقلىنىشىغا، راسا مەدھىيىلىنىشىگە

ۋە تىللاردا ئالاھىدە داستان قىلىشقا ئەرزىيدىغان نەمۇ-
نىدۇر. بۇ خىل مۇناسىۋەت تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە
گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

(1) نام - ئاتاق بېرىش ۋە ھەربىي ياردەم بېرىش.

نام - ئاتاق بېرىش — پادىشاھنىڭ يات فامىلىلىك پادىشاھ،
ئۇرۇق، تۆرە - بەگلەرگە نام - مەرتىۋە ئىنئام قىلىدىغان بىر
خىل قائىدە - يوسۇن. بۇنداق قائىدە - يوسۇن بويىچە، ئوردا
ئەلچىسى پادىشاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نام - مەرتىۋە نامى
يېزىلغان يارلىقنى نام ئالغۇچىنىڭ ئالدىدا ئوقۇپ بولغاندىن
كېيىن، بىر دانە تامغا بىلەن بىللە شۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ
بېرىدۇ. تامغا ئېرىشكۈچى ھەر مىللەت قەلەمدار
ۋە ئەلەمدارلار خاقان، تۇتۇق بەگ، باش سانغۇن
ياكى باشقا ئەمەلدار بولۇشىدىن، شۇنىڭدەك ئەمەل - مەرتىۋە
دەرىجىسى ۋە ھوقۇق دائىرىسىنىڭ قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، ھەممىسى تامغا ئېرىشكەن كۈندىن ئېتىبارەن
پادىشاھنىڭ پەرماندار ئەمەلدارى ھېسابلانغان.

نام بېرىش جىددىي ۋە تەنتەنىلىك دۆلەت مۇراسىمى
ئىدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانلىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسى بۇ
ئىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا، 646 - يىلى
(تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 20 - يىلى) تاڭ تەيزۇڭ تۇمەتكە
مەرىپەت قوچقان ئۇلۇغ سانغۇن، دەشتى ماكان تۇتۇق بەگى دېگەن
نامنى بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغان-
لىرىدىن كىم ئۆلۈپ كەتسە، دەرھال تاڭ سۇلالىسىگە مۇسى-
بەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈش، يېڭى قاغان تەختكە ئولتۇرغاندا
ئەلچى ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىگە مەلۇم قىلىش بىر خىل قائىدە بو-
لۇپ قالغان. بۇنداق تۈزۈم ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پۈتۈن تا-
رىخىي دەۋرلىرىدە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ

مەلۇم قىلىشقا بارغان ئەلچىسى پايتەختتىكە يېتىپ بارغاندا، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى كاتتا زىياپەت بەرگەن، نەغمە - ناۋا بىلەن تەنتەنىلىك قارشى ئالغان ھەمدە ئوردىنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ كېڭىشىپ، قاغانغا ياكى باشقا ئەمەلدارلارغا بېرىلىدىغان مەرتىۋەنامىنى بەلگىلىگەن. مەسىلەن، تۇمەتكە مەرتىۋەت قوچقان ئۇلۇغ سانغۇن، دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى؛ ئۇنىڭ ئوغلى بايانغا سول قول ھىمايىچى ئۇلۇغ سانغۇن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلار نازارەتچىسى، دەشتى ماكان تۇتۇقبېگى؛ چىگزۇڭغا دەشتى ماكان باش تۇتۇقبېگى؛ گۇربالاغا رەھىمدىل قاغان، سۈيىنگىل قاغان؛ موييۇنچۇرغا دانىشمەن، باتۇر بىلگەكۆل قاغان؛ ئېدىكىنىگە دانىشمەن، باتۇر تۆھپىكار بىلگە قاغان دېگەنگە ئوخشاش ناملارنى بەرگەن. پادىشاھ نام بېرىشنى بەلگىلىگەندىن كېيىن، دەرھال نام بېرىش پەرمانىنى يەتكۈزىدىغان ئەلچىلەر ئۆمىكى تەشكىللەنگەن. بۇ ئۆمەكنىڭ باشلىقلىرى ئادەتتە ئىنتايىن يۇقىرى ئىجتىمائىي ئورۇنغا ۋە سىياسىي ئابرويغا ئىگە كىشىلەردىن تەيىنلەنگەن. ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى دېگەن سالاھىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم ئەربابلىرىدىن تەركىب تاپاتتى. 758 - يىلى (تاڭ سۇزۇڭ چيەنيۈەننىڭ 1 - يىلى)، ئۇيغۇر خانى مۇيۇنچۇرغا دانىشمەن باتۇر بىلگەكۆل قاغان دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەندە، پادىشاھ تاڭ سۇزۇڭ ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى، خەنجۇڭ ئايمىقىنىڭ بېگىلى يۈيىنى ئالاھىدە باش تەپتىش بېگى، نام بەرگۈچى ئەلچى قىلىپ بەلگىلىگەن، بىر نەۋرە جىيەنى سول قول مەھكىمە كاتاۋۇلى لى شۈننى لەشكىرىي پىرقە كاتاۋۇلى، ياردەمچى تەپتىش بېگى، مۇراسىم بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن.

بۇلاردىن تەركىب تاپقان نام بەرگۈچى ئەلچىلەر ئۈمىكى ئۈزلىرى بىلەن بىللە تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ نام ئىنئام قىلىش يارلىقىنى ۋە ئوردا تەرىپىدىن بېرىلگەن تامغىنى ئېلىپ ماڭغاندىن تاشقىرى، يەنە نۇرغۇن ئالتۇن، تاۋار - دۇردۇن قاتارلىق قىممەت باھالىق ئېسىل سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ بارغان. نام بېرىش پەرمانىنى يەتكۈزۈش ئۈمىكى سەپەرگە ئاتلانغاندا، ھەيۋەتلىك ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. تارىخىي خاتىرىلەردە مۇنداق يېزىلغان: «تاشقى ئوردىنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت قاراۋۇللىرى تۇرغۇزۇلغان، باش مۇنشى نام بېرىش پەرمانىنى ئەلچىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئەلچى دىۋاندىن چىقىپ مەپىگە ئولتۇرۇپ، ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا بارغان، ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا مەپىدىن چۈشۈپ، ئاتقا مىنىپ، تۇغ - ئەلەملەرنىڭ باشلامچىلىقىدا سەپەرگە ئاتلانغان» ①.

ئۇيغۇر خانلىقىدا، تۇمەت قاغان دۆلەت قۇرغاندىن تارتىپ قوشۇۋۇشات قاغان دەۋرىدە خانلىق مۇنقەرز بولغۇچە جەمئىي 24 قاغان ئۆتكەن. بۇلاردىن توققۇزىغا تاڭ سۇلالىسى دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى مەنسىپىنى، 12 سىگە قاغان دېگەن نامنى بەرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەخت ئالمىشىش تېز بولۇپ كېتىپ، تاڭ سۇلالىسىگە مەلۇم قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان ئۈچ قاغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن نامنى قوبۇل قىلغان.

ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، تاڭ سۇلالىسى تۇمەت قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەل تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ماكانلاشقان چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دەشتى ماكان، يەنرەن،

---

① «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

جىن ۋى، يۇلىڭ، گۇيلىن، لۇشەن قاتارلىق ئالتە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان ۋە گاۋلەن، گاۋجۇ، جىتيەن، يۇشى، جىلۇ، جۇلىن، تىيەنيەن قاتارلىق يەتتە ئايماق تەسىس قىلىنغان. بۇ مەھكىمە، ئايماقلارنىڭ تۇتۇق بەگلىرى، ئايماق بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى دورغاپ، ئەمىرلەشكەر قاتارلىق مەنسەپلەرگە قويۇلغانلار «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەل تۈزۈمى بويىچە تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى نەچچە مىڭغا يەتكەن». تۇتۇق بەگ ۋە ئايماق بەگلىرىگە قارا ئالتۇن بېلىقسىمان تۇمار، ئالتۇن يېزىقلىق دەستەك...خاسىيەتلىك كىمخاب تون، مىسران قىلىچ، ئېسىل قاچا-قۇچا قاتارلىق نەرسىلەر ئىنئام قىلىنغان»①.

ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن سىياسىي مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ جەنۇبى ۋە تۈركلەر رايونىنىڭ شىمالىدا «تەڭرى قاغانغا تاۋاپ قىلىش يولى» نى ياسىغان. يول بويىدا 68 ئورۇنغا ئۆتەڭ تەسىس قىلىنغان. ھەرقايسى ئۆتەڭلەرنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم قويغان، ئۇلار ئۇيان-بۇيان ئۆتىدىغان ئەلچىلەر ئۈچۈن ئات-ئۇلاغ، ھاراق-شاراب ۋە گۆش قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقلەپ تۇرغان. بۇ «تەڭرى قاغانغا تاۋاپ قىلىش يولى» ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرىدىغان، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەيدىغان چوڭ يول بولۇپلا قالماستىن، ئىككى مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىنىمۇ تۇتاشتۇرىدىغان داغدام يول ئىدى.

---

① «يېڭى تاڭنامە، خۇيخۇلار ھەققىدە قىسسە».

تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى يەنە ئۇيغۇرلار ئىچىدە مالىرالىچىلىق يۈز بەرگەندە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ بەرگەنلىكى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەنلىكى، ئىككى ئۇلۇغ مىللەتنىڭ مۇشكۈل كۈنلەردە بىر - بىرىگە ھەقىقىي تۈردە ياردەملەشكەنلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ يىللىرىدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە «ئەنلۈك - سۈيگۈن توپىلىڭى» يۈز بەرگەن. توپىلاڭچى قوشۇن لوياڭنى بېسىۋېلىپ، چاڭئەنگە ھۇجۇم قىلغان ۋە خېبېيدىكى 13 ئايماقنىمۇ بېسىۋالغان. دۆلەت ئىچى راسا قالايمىقانلىشىپ، سىياسىي ۋەزىيەت ئىنتايىن خەۋپلىك ئەھۋالدا قالغان. تاڭ شۈەنزۇڭ ئالاقزادە بولۇپ سىچۈەنگە قېچىپ كەتكەن، تاڭ سۇزۇڭ لىڭۋۇ دېگەن جايدا پادىشاھلىق تەختىگە چىققان «گوزىيى ئۇيغۇرلارنىڭ لەشكەرلىرى خىل، ئاسىيلارنى يوقىتىش ئۈچۈن شۇلاردىن ھەربىي ياردەم سوراش دەپ مەسلىھەت بەرگەن». مانا مۇشۇنداق پەيتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ قاراقاغانى ھۇيۇنچۇر تەشەببۇسكارلىق بىلەن لىڭۋۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشى ئۈچۈن ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتسەك دەپ ئىلتىماس قىلغان. 757 - يىلى (تاڭ سۇلالىسى جىدېنىڭ 2 - يىلى) قارا قاغان ئوغلى يابغۇ بىلەن سانغۇن دى دېنى 4000 كىشىلىك خىل ئاتلىق قوشۇن بىلەن فېڭشياڭ ۋىلايىتىگە ئەۋەتكەن. بۇ قوشۇن تاڭ سۇلالىسىنىڭ باش قوماندانى گۇاڭپىڭۋاڭ لى شۇ، مۇئاۋىن باش قوماندانى گوزىيى بىلەن كۆرۈشكەن. گۇاڭپىڭۋاڭ يابغۇ بىلەن قەسەم ئىچىپ ئاكا - ئۇكا بولۇشقان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى

قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان 150 مىڭ لەشكەر
توپىلاڭچىلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئاتلانغان. بۇ قوشۇن
فۇفېڭ دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، گوزىيى ئۇرۇشقا كىرىش-
تىن ئاۋۋال ئۈچ كۈن زىياپەت بېرىپ، لەشكەرلەرنى تارتۇق-
لىماقچى بولغان. خانزادە يابغۇ «دۆلەتنىڭ بېشىغا كۈن
چۈشتى، بىز يىراقتىن ياردەمگە كەلگەن تۇرساق، يەپ-ئىچىپ
ئولتۇرۇشقا ۋاقىت نەدە تۇرۇپتۇ»① دەپ، زىياپەتتىن كېيىن-
لا، دەرھال سەپەرگە ئاتلانغان. 9-ئايدا، ئۇيغۇرلار قوشۇنى
قاتناشقان تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى چاڭئەننىڭ جەنۇبىدىكى
شياڭجى بۇتخانىسىنىڭ يېنىدا ئۆكتۈك-سۈيگۈننىڭ توپىلاڭچى
قوشۇنىغا تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەمدە قايتۇرما ھۇجۇم باش-
لىغان. «كونا تاڭنامە» نىڭ 120-جىلدىدا «گوزىيى باش
قوماندانلىق ھىمايە قىلىپ ئوتتۇرا يول قوشۇن بولۇپ توپى-
لاڭچىلارنىڭ سەركەردىلىرىدىن ئەن شۇجۇڭ، لى گۇيرېنلار
بىلەن پايتەختنىڭ غەربىدىكى شياڭجى بۇتخانىسىنىڭ شىمالىدا
ئۇرۇش قىلدى»، «ئۇيغۇرلار قوشۇنى ئاسىيلار قوشۇنىنىڭ ئارقا
تەرىپىدىن ئۇشتۇمتۇت چىقىپ ھۇجۇمغا ئاتلانغاچقا، ئاسىيلار
قاتتىق مەغلۇپ بولدى. چۈشتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە
ئاسىيلاردىن 60 مىڭ كىشىنىڭ بېشى ئېلىندى» دەپ خاتىرى-
لەنگەن. نەتىجىدە توپىلاڭچى قوشۇن تۇڭگۇەندىن ئىلاجىسىز
چېكىنگەن، پايتەخت چاڭئەن قايتۇرۇۋېلىنغان. تاڭ سۇلالىسى
قوشۇنى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، تۇڭگۇەندىن چىقىپ توپىلاڭچى
قوشۇنغا داۋاملىق قوغلاپ زەربە بەرگەن. ئەن چىڭشۈي لو-
ياڭغا بېرىش يولىدىكى مۇھىم قەلئە شىندىيەن (خېنەن-شەنشى
چېگرىسىدا) گە 100 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئورۇنلاش-
تۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى

① «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

ئوسماقچى بولغان. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككىنچى
قېتىملىق زور ئۇرۇش شىندىيەندە بولغان. «ئەلنى ئىدارە
قىلىش ئۆرنەكلىرى» نىڭ 220 ـ جىلدىدا شىندىيەن ئۇرۇشى
مۇنداق تەسىرلىك ۋە تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن: 10 ـ ئايدا
«گوزىيى باشچىلىقىدىكى قوشۇن شىندىيەندە توپىلاڭچىلار
بىلەن ئېلىشقاندا، توپىلاڭچىلار تاغنى بويلاپ سەپ تۈزگەن،
گوزىيى قاتارلىقلار دەسلەپكى جەڭدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان.
بۇنى كۆرگەن توپىلاڭچىلار قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن تاغـ
دىن چۈشكەن. ئۇيغۇرلار قوشۇنى تاغنىڭ جەنۇبىدىن چىقىپ،
توپىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ يەر ـ
جاھاننى چاڭ ـ توزان قاپلاپ كەتكەن ئەھۋالدا، توپىلاڭچىـ
لار قوشۇنىغا ئون نەچچە ئوق ئۈزگەن، توپىلاڭچىلار بۇنىڭـ
دىن ھودۇقۇپ، ئۇيغۇرلار قوشۇنى كەلدى دەپ چۇرقىرىشىپ،
پىتىراپ كەتكەن. پادىشاھ قوشۇنى بىلەن ئۇيغۇرلار قوشۇنى
ئىككى تەرەپتىن قىستاپ زەربە بەرگەچكە، توپىلاڭچىلار قوـ
شۇنى تىرە ـ پىرەن بولۇپ كەتكەن، دۈشمەن جەسەتلىرى
پۈتۈن دالىنى قاپلاپ كەتكەن». ئۇيغۇرلار قوشۇنى تولۇپ
تاشقان جاسارەت بىلەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ياردەملىشىپ
شەرقىي پايتەخت لوياڭنى قايتۇرۇۋالغان. 11 ـ ئايدا ئۇيغۇرلارنىڭ
شاھزادىسى يابغۇ لوياڭدىن چاڭئەنگە كەلگەندە، تاڭ سۇزۇڭنىڭ
پەرمانى بويىچە ئوردا ئەھلى شەھەرنىڭ سىرتىغىچە ئالدىغا
چىقىپ، يابغۇنى مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە قارشى ئالغان ۋە
ئۇنىڭ شەرىپىگە پەرمان سارىيىدا زىياپەت بەرگەن. ئاندىن
يابغۇ ۋە باشقا ئۇيغۇر سەركەردىلىرىگە ئالتۇن ـ كۈمۈش،
تاۋار ـ دۇردۇن ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان بۇيۇملارنى
ئىنئام قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يابغۇغا ساداقەتمەن
ۋاڭ دېگەن نامنى ئىنئام قىلغان ھەم ھەر يىلى ئۇيغۇرلارغا

20 مىڭ تۇپ يىپەك رەخت بېرىشنى بەلگىلىگەن. تاڭ سۇزۇڭ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ، دۆلەتنى خەۋپ - خەتەر-دىن قۇتقۇزۇش يولىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى مەدھىيىلەپ يارلىق چۈشۈرگەن، يارلىقتا مۇنداق دېيىلگەن: «خەۋپ - خەتەر كەلگەندە باشقا بولىدى ھەمدەم بېرىنسىيەت، جەڭدە كۆرسەتتى جاسارەت، تۆھپىسى بولدى بىھەد. گەرچە تۇرساقمۇ يىراقتا كۆڭلىمىز رىشتى تۇتاش، تائەزەلدىن كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس بۇنداق سۆيەت. قەددى - قامەتلىك، پاراسەت-لىك، ۋەدىسىدىن يانمايدىغان ئۇيغۇر خانى يابغۇ، تۆمەنلىگەن ياۋ ئۇستىدىن كەلگەن غالىب، شۇڭا ئۇ بەگلەر سەردارى بولۇشقا لايىق... ئۇ پەم - پاراسەت بىلەن ئاتلاندى جەڭگە، قالدى ئون مىڭ لى مۇساپە ئارقىدا، قىلدى شىددەتلىك سەپەر، توختىماي سۈرگەچكە شۇنچە جاسارەت بىلەن، ياندى قولغا يىغدۇرمە كۈندە ئىككى پايتەختىمىز... ئاي - كۈن كەبى ئۆچمەس تۆھپىسى شۇنچە نۇرانە، ياشىغاي پەزىلىتى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا تائەبەت»①. بۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى-نىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا قىلغان ياردىمىگە ئىنتايىن يۇكسەك باھا بېرىلگەن.

762 - يىلى (باۋيىڭنىڭ 1 - يىلى) يېڭىدىن تەختكە ئولتۇرغان تاڭ دەيزوڭ لى يۇي ئۇيغۇرلار قوشۇنىنى ئىككىنچى قېتىم يۆتكەپ ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرغان، تەڭرى قاغان ئېدىكەن (مۇيۇنچۇر ۋاپات بولغان) تاڭ سۇلالىسىنىڭ چاقىرىقىغا بىنا-ئەن، خىللانغان 4000 چەۋەندازنى باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىپ، تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى لى گۇاڭبى، بوكوخۇەيئېن قاتارلىق-لارنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، بىرلا ھۇجۇم بىلەن

① «يېڭى تاڭنامە» 195-جىلد.

لوياڭنى قايتۇرىۋالغان. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ئۇيغۇر-
لار قوشۇنى خېبېي رايونىدا ئۈزلۈكسىز جەڭ قىلىپ، توپىلاڭچى
قوشۇننى تازىلىغان. ئاخىرى، پىڭجۇ ئايمىقىنىڭ شىچېك
دېگەن يېرىدە (هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ لۇەنشيەن ناھە-
يىسى ئەتراپىدا) بولغان ئۇرۇشتا توپىلاڭچى قوشۇننى ئۈزۈل-
كېسىل تارمار قىلىپ، شى چاۋيىنى ئۆلتۈرگەن. ئۆگلىنىڭ-
سۈيگۈن توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا ئۇيغۇرلار ئۆچمەس تۆھپە
ياراتقان. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسى تەڭرى قاغانغا دانىشمەن
باتۇر، تۆھپىكار بىلگە قاغان دەپ، خاتۇنغا گۈزەل، لاتاپەت-
لىك بىلگە خاتۇن دەپ نام بەرگەن؛ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
ئوڭ-سول شادلىرى قۇتلۇق تۇتۇق، بايغا ناسانغۇن قاتار-
لىقلارغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا قەيسەر شىمال ۋاڭى، شىمالنى
ئەمىن قىلغۇچى ۋاڭ، ئالتۇن ئىرماق ۋاڭ ۋە دەشتنى تىن-
چىتقۇچى ۋاڭ دەپ نام بەرگەن.

ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ دوستانە ۋە
ئىناق مۇناسىۋىتى ئۇيغۇر قاغانى تۇنباغاننىڭ ئىمۇملۇقىنى
نەزەردە تۇتۇپ، دۆلەت مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ،
ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، شەخس ئاداۋىتىنى كۆڭۈلدە
ساقلىماي، تەڭرى قاغاننىڭ «باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭ-تالاڭ
قىلماقچى بولغان» لىقىنى ۋە «تۇدۇڭ ۋەقەسى»نى توغرا بىر
تەرەپ قىلغانلىقى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. 779-يىلى
(دالىنىڭ 14-يىلى)، پادىشاھ دەيزۇڭ ئالەمدىن ئۆتكەندە،
تەڭرى قاغان ئىدىكىن سوغدىلارنىڭ قۇترىتىشى ئارقىسىدا،
تاڭ سۇلالىسى پۈتۈن دۆلەت بويىچە مۇسىبەت ئىچىدە تۇر-
غان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭ-تالاڭ
قىلماقچى بولغان» ①. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، ئىدىكىننىڭ

① «ۋەتەنلىنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»، 226-جىلد.

ئاغىسى تۇنباغا ئۇنىڭغا: «تاڭ سۇلالىسى چوڭ دۆلەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىزگە يامانلىق قىلمىدى، بىز ئالدىنقى يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەندە، نەچچە تۈمەنلىگەن ئات، قويلارنى ئېلىپ قايتتۇق، مانا بۇ بىز ئۈچۈن زور غەلىبە، يول ئىنتايىن مۇشەققەتلىك، كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە قوشۇنلار يول ئازابىدا ئۆز ئۆزىدىن خوراپ تۈگىشىپ كېتىدۇ، ناۋادا بىز ئۇرۇشقان بىلەن غەلىبە قىلالماي قالساق، ئامان قايتىپ كېلەلەيمىزمۇ؟» ① دەپ نەسىھەت قىلغان. لېكىن، ئىدىكىن بۇنداق چوڭقۇر مەنالىق نەسىھەتكە قولاق سالمىغان. چوڭ ئومۇدلۇقنى نەزەردە تۇتقان «تۇنباغا مۇشۇنداق پەيتتە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئىدىكىننى ھەم ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى سوغدىلار ئالداپ ئەكەلگەن 2000 چە ئادەمنى ئۆلتۈرگەن. تۇنباغا ئۆزىنى ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ ئاتىغان ۋە ئۆزىنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى جەنداگەننى ۋېن شىدۇ بىلەن بىللە تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن» ② ھەمدە ئۆزى «چاچ ـ ساقىلىنى چۈشۈرەيسىتىن، يارلىق كۈتكەن» ③. تاڭ سۇلالىسى تۇنباغانىڭ ئادالەت يولىدا ئۆز قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى قاغان قىلىپ تىكلىگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال يۈەن شيۇنى ئۇيغۇرلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ تۇنباغا قاغانغا باتۇر رەھىمدىل خىزمەت كۆرسەتكەن قاغان دېگەن نامنى ئىنئام قىلغان.

780 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئەلچىسى، تۇنباغانىڭ تاغىسى تۇدۇڭ ئۆز ئېلىگە قاراپ يولغا چىققان. مال ـ دۇنيا بىلەن لىق تولغان ھارۋىلارنى ۋە نۇرغۇن ئاياللارنى ئېلىپ ماڭغان

①② «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
③ «ئەلچى ئەمرادە قىلمىش تۈركلەرى»، 226 ـ جىلد.

بۇ قوشۇن جىنجۇ (ئىچكى موڭغۇلدىكى ھۆرلىنگېرنىڭ غەربىي شىمالى) غا يېتىپ كەلگەندە، جىنجۇنىڭ مۇداپىئەچى سانغۇنى جاڭ گۇڭچېڭ تەرىپىدىن توسۇپ سوقۇشتا قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ توقۇنۇشۇپ قالغان. توقۇنۇش جەريانىدا تۇدۇڭ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئىچىدە بەزىلەر تاڭ سۇلالىسى ئەلچىسى يۈەن شيۇنى ئۆلتۈرۈپ قىساس ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىشقان، لېكىن تۇنباغا قاغان بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ، ھەققانىيەتنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «سىلەر قىساس ئېلىش ئۈچۈن يۈەن شيۇنى ئۆلتۈر- مەكچى بولۇۋاتىسىلەر، مېنىڭچە، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلار تۇدۇڭ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ، بىز يەنە يۈەن شيۇنى ئۆلتۈرۈپ، قاننى قان بىلەن يۇساق، ئاداۋەت تېخىمۇ كۈچە- يىپ كېتىدۇ! مەن قاننى سۇ بىلەن يۇيۇشنى تەشەببۇس قىلىمەن. مانا بۇ — ئىشنىڭ توغرا يولى»①. ئۇيغۇرلار يۈەن شيۇنى قويۇپ بەرگەن. تۇنباغا يەنە پەخرى سانغۇن كاڭ چىشىننى يۈەن شيۇغا قوشۇپ پايتەختكە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. تاڭ سۇلالىسى تۇدۇڭ ۋەقەسىدە كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەش ھېسابىغا، ئۇيغۇر خانلىقىغا بىر مىليون 800 مىڭ توپ يىپەك رەخت بەرگەن.

### (2) يىپەك رەخت — ئات سودىسى

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى كەڭ يايلاقتا ماكانلىشىپ، سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئات ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. ئات، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، كۆچۈش، ئۇرۇش قاتار- لىق ئىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاتنى ئۇيغۇر-

① «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»، 227-جىلد.

لارنىڭ ئىرىكچىلىك ئاساسى دېيىشكە بولاتتى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئات بېقىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. لى جەمەتىنىڭ تاڭ خانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە جايلاشقانلىقتىن، ئات قاتناش - ترانسپورت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى، مۇھىمى ئۇرۇشقا ئىشلىتىلەتتى. تاڭ سۇلالىسى ئۆزىگە كېرەكلىك ئاتلارنى دۆلەت ئىچىدە مەخسۇس ئورۇندا باققاندىن تاشقىرى، ئاساسلىقى ئەتراپتىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئولپان ھېسابىغا ئالاتتى ۋە ئات بازىرىدىن سېتىۋالاتتى. ئۇيغۇرلار ئات بېقىشتا ئۇستۇنلۇككە ئىگە ئىدى، ئات ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تاۋارلىرىدىن بولۇپ، ھەر يىلى 100 مىڭچە ئاتنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىگە يەتكۈزۈپ تۇراتتى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئۈچۈن زور مىقداردا تاۋار - دۇردۇنغا موھتاج ئىدى ھەمدە بۇ يىپەك رەختلەر ئۇيغۇرلار قولىدىن - قولغا ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن غەربكە يۆتكەپ ساتىدىغان مۇھىم مال ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئات - يىپەك رەخت سودىسى ئولپان تاپشۇرۇش ۋە تېگىشىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلاتتى. ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتلاردا بۇ سودا شەكىللىرىنىڭ سالمىقىمۇ ئۆزگىرىپ تۇراتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولغانلىقتىن، ئاتقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۆزى قامداپ كېتەلىگەن ئىدى، شۇڭا ئات سودىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئولپان تاپشۇرۇشى كۆپرەك بولدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە «ئۆڭلۈك-سۈيگۈن توپىلىڭى» دىن كېيىن، سىياسىي ۋەزىيەتتە داۋالغۇش يۈز بېرىپ، ئۇرۇش كۆپ بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئاتقا بولغان

ئېھتىياجىنى ئۆزى قامدىيالمىدى. شۇڭا تېگىشىش يولى بىلەن ئۇيغۇرلاردىن ئات ئېلىش كۆپ بولدى. يازما مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنى ھەر يىلى 100 مىڭ ئات بىلەن تەمىنلىگەن، ھەر بىر ئاتنىڭ نەرقى 40 توپ يىپەك رەخت بولغان ①. تاڭ شۈەنزۇڭدىن تاڭ ۋېنزۇڭغىچە بولغان 100 يىل ئەتراپىدا، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلاردىن ئالغان ئات ئۈچۈن ئالتە مىليون توپ يىپەك رەخت، 100 مىڭ سەر ئالتۇن - كۈمۈش تۆلىگەن. يىپەك ۋە ئات سودىسى جەريانىدا، ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە ھەر يىلى دېگۈدەك نەچچە ئون مىڭ تۇياق ئات يەتكۈزۈپ بېرىپ، تاڭ سۇلالىسىدىن يىپەك رەخت، چاي قاتارلىق ماللارنى تېگىشىۋالاتتى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ يىپەك رەخت — ئات سودىسىدا ئۇيغۇرلار كۆپرەك پايدا ئالاتتى. بەزى چاغلاردا، ھەتتا بۇ جەھەتتىكى چىقىم تاڭ سۇلالىسىنىڭ مالىيەسى ئۈچۈن بىر يۈك بولۇپ قالغانىدى. يىپەك رەخت — ئات سودىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئاتقا بولغان ئېھتىياجىنى ھەل قىلغان، شۇنىڭدەك خەنزۇ رايونلىرىدىكى، بولۇپمۇ چېگرا رايونلاردىكى خەنزۇ خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك ئات - ئۇلاققا بولغان ئېھتىياجىنىمۇ قىسمەن ھالدا قاندۇرغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلار ھەر يىلى زور مىقداردا يىپەك رەختكە ئېرىشىپ ھەم ئۆزىنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى قامدىغان، ھەم بۇ ماللارنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاپىرىپ سېتىپ، تېخىمۇ كۆپلىگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئىگە بولغان. شۇڭا، يىپەك رەخت - ئات سودىسى ئۇيغۇرلارنىڭ

① «ئىككى تاڭنامە، خۇيخېلار ھەققىدە قىسسە»، «يىپەك - ئېچمەك، مال تەزكىرىسى».

ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

### (3) قۇدىلىشىش

تاڭ سۇلالىسىنىڭ تىيەنباۋ يىللىرى، ئۆگىلۈك – سۈيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن تاڭ شۇەنزۇڭ سىچۈەنگە قېچىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى لى خىڭ لىڭۋۇ دېگەن جايدا تەختكە چىققان. شۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇر قاغانى قارا قاغان لىڭۋۇغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشىغا ياردەملەشمەك دەپ ئىلتىماس قىلغان. تاڭ سۇزۇڭ دۇنخۇاڭ ۋىلايىتىنىڭ بېگى لى چىڭسەي ۋە بۆكۆخۇەيئېننى ئۇيغۇرلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە ئەۋەتكەن. بۇنىڭدىن خۇشاللانغان قارا قاغان خاتۇنىنىڭ سىڭلىسىنى ئاسراندى قىزى سۈپىتىدە لى چىڭسەيگە ياتلىق قىلماقچى بولغان، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئەزىز تۆرىسى تۆلەن قاتارلىق كىشىلەرنى تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىش توغرىسىدا مەسلىھەتكە ئەۋەتكەن. پادىشاھ تاڭ سۇزۇڭ بۇ ئىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇيغۇر مەلىكىسىنىڭ سالاھىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، لى چىڭسەيگە دىۋان ۋازىرى (ۋەزىر دەرىجىلىك)، رەسمىي تۆرە دەپ نام بەرگەن، بىلگە مەلىكىگە بولسا خانئايىم دەپ نام بەرگەن. ئۇيغۇر قاغانىمۇ لى چىڭسەيگە «يابغۇ» دەپ نام بەرگەن.

756 – يىلى ئۇيغۇر قاغانى قۇدىلىشىش تەلىپىنى قويغاندىن كېيىن، پادىشاھ تاڭ سۇزۇڭ ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ كىچىك قىزىنى نىڭگو مەلىكىسى دېگەن مەرتىۋە بىلەن قارا قاغانغا ياتلىق قىلغان ھەمدە رۇڭۋاڭ لى يېنىڭ قىزىنى كىچىك خوتۇنلۇققا بەرگەن. قارا قاغان

بۇ قۇدىلىشىشنى ئىنتايىن قەدىرلەپ، تاڭ سۇلالىسى مەلىكىسىگە خاتۇن ئۇنۋانىنى بەرگەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن سېلىنگې دەرياسى بويىدا بىر بايبالىق بىنا قىلدۇرغان. ئۇيغۇرلار «مەملىكەت بويىچە چوڭ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈش، پۈتۈن خەلق قارشى ئېلىش» كەيپىياتى بىلەن نىڭگو مەلىكىنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋالغان. ياندۇرقى يىلى قارا قاغان ۋاپات بولغان، كىچىك ئوغلى ئېدىكىن تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، تەڭرى قاغان دەپ ئاتالغان. نىڭگو مەلىكە تاڭ سۇلالىسىگە قايتقان. رۇڭۋاڭنىڭ قىزى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قېلىپ، كىچىك نىڭگو مەلىكىسى دەپ ئاتالغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ئادىتى بويىچە تەڭرى قاغانغا خاتۇن بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 33 يىل ياشاپ، ئىككى ئوغۇل تۇغقان.

762 - يىلى (باۋيىڭنىڭ 1 - يىلى)، تاڭ دەيزۇڭ تەختكە چىققان. بۇ چاغدا شى سىمىڭنىڭ ئوغلى شى چاۋيى يەنە توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكتىن، لوياڭ خەۋپ ئاستىدا قالغان. ئىككىنچى يىلى، تەڭرى قاغان خىللانغان 4000 چەۋەندازنى باشلاپ، تاڭ سۇلالىسى سەركەردىسى لى گۇاڭبىي، بۆكۈخۇەيئېن قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار بىلەن بىرلىكتە جەڭگە ئاتلىنىپ، لوياڭنى قايتۇرۇۋالغان، خېبېينى تىنچىتىپ، تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن يەنە بىر چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن. تاڭ سۇلالىسى تەڭرى قاغانغا دانىشمەن باتۇر تۆھپىكار بىلگە قاغان دەپ نام بەرگەن، قارا قاغان هايات چېغىدا، ئېدىكىننى ئۆيلەپ قويۇش ئۈچۈن، قىز سوراپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. شۇڭا، تاڭ دەيزۇڭ بۆكۈخۇەيئېننىڭ قىزىنى تەڭرى قاغانغا ياتلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا نۇرانە سۆيۈنگىل خاتۇن دەپ نام بەرگەن.

768 - يىلى (پادىشاھ تاڭ دەيزۇڭ دالىنىڭ 3 - يى-

لى) ئۇرانى سۆيۈملۈك خاتۇن ۋاپات بولغان. تەڭرى قاغان يەنە قۇدىلىشىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، تاڭ دەيزوڭ ياندۇرقى يىلى بوكۆخوەيپىننىڭ كىچىك قىزىنى چۇڭخۇي مەلىكە دېگەن ھەرتىۋە بىلەن تەڭرى قاغانغا ياتلىق قىلغان.

787 - يىلى (تاڭ سۇلالىسى جېنيۈەننىڭ 3 - يىلى) ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان تۇنباغا قۇدىلىشىش ھەققىدە بىرنەچچە قېتىم ئىلتىماس قىلغان، تاڭ دېزوڭ ئۆزىنىڭ سەككىزىنچى قىزى شيەن ئەن مەلىكىنى تۇنباغا قاغانغا بېرىشكە ماقۇل بولغان. ياندۇرقى يىلى تۇنباغا قاغان ئۆز سىڭلىسى بىلگە مەلىكە، ۋەزىر شيادىيى باشچىلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە، ئاقساقاللىرىنىڭ خوتۇن - قىزلىرى (50 نەچچە كىشى) ۋە باشقا دۇلازىملاردىن بولۇپ جەمئىي 1000 دىن ئارتۇق كىشىنى 3000 تۇياق ئاتۋە باشقا قىممەت باھالىق سوۋغا - سالاملار بىلەن مەلىكىنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. دېزوڭ پادىشاھ ئۆزى تىڭ شىيەن دەرۋازىسىغا كېلىپ قىز كۆچۈرگۈچى بۇ چوڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قارشى ئالغان ھەمدە «ئۇلاردىن 700 ئادەم ئوردىغا تەزىمگە كىرسۇن ۋە تۇرالغۇ جاي ھۆددىچى مەھكىمىسىدە بولسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. شۇ يىلى 10 - ئايدا، دېزوڭ پادىشاھ تۇنباغاغا قۇتلۇق، ئۇزاق ئۆمۈرلۈك، رەھىمدىل بىلگە قاغان دەپ نام بەرگەن. شيەنئەن مەلىكىگە پاراسەتلىك، دىيانەتلىك، ئۇزاق ئۆمۈرلۈك ۋاپادار خاتۇن دەپ نام بەرگەن. ئاندىن تېڭ ۋاڭ جەنرەننى توي مۇراسىم بېكى قىلىپ بەلگىلىگەن، ئوڭ قول ياندىش ۋەزىر گۇەنبو قاتارلىقلارنى مەلىكىنى قوغداپ مېڭىشقا ئەۋەتكەن. مەلىكە شيەنئەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 21 يىل ياشىغان، ئەللىي ئۆرپ - ئادەت بويىچە ئىلگىرى - كېيىن تۇنباغا، تاراس، ئېل كۆر، قۇتلۇغدىن ئىبارەت تۆت

قاغانىغا خاتۇن بولۇپ، 808 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

821 - يىلى، تاڭ مۇزۇڭ تەي خې مەلىكىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىمەن قاغانىغا ياتلىق قىلغان. ئەخلاقىمەن قاغان بۇرۇنقى قائىدە - يوسۇن بويىچە تۇتۇق، ئىزگىل ۋە يابغۇ، مەلىكە قاتارلىقلار باشچىلىقىدا 2000 كىشىنى 20 مىڭ ئات، 1000 تۆگە قاتارلىق تويلۇق بىلەن مەلىكىنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەن، مەلىكە تەي خې ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 23 يىل ياشىغان.

تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا يىللىرىدىكى تاڭ سۇزۇڭ، تاڭ دېزۇڭ يىللىرىدىن باشلىنىپ، تاڭ دەيزۇڭ، تاڭ دېزۇڭ، تاڭ شۇنزۇڭ، تاڭ شيەنزۇڭ، تاڭ مۇزۇڭدىن ئىبارەت ئالتە پادىشاھلىقىچە جەمئىي 90 نەچچە يىل داۋاملاشقان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نىڭگو، شيەن ئەن، تەيخېدىن ئىبارەت ئۈچ مەلىكە ۋە تۆت چوڭ تۆرە جەمەتىنىڭ قىزلىرى ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق قىلىنغان؛ ئۇيغۇر خانلىقىمۇ خاتۇنىنىڭ سىڭلىسى بىلگە مەلىكىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئايماق بېگى لى چېڭ - سەيگە ياتلىق قىلغان. ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدىلىشىشى قەدىمكى زاماندىكى بۇ ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق دوستلۇق مۇناسىۋەتنىڭ تىپىك گەۋدىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

### 3. ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى

839 - يىلى، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋەزىرى ئىشەيۇن كۈل بىلەن شاھزادە سايغا پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىش قەستىدە بولغاندا، ئىناۋەتسەن قاغان قۇت تېكىن تەرىپىد-

دىن سىزىلىپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلگەن. شاھزادە سايغا بىلەن يېقىن ئۆتكەن مۇئاۋىن ۋەزىر قارا قوۋۇ قوشۇن باشلاپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىناۋەتمەن قاغانىنىڭ ئىنەيۇن كۆل بىلەن سايغانى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئات سوغا قىلىش ئارقىلىق ساتارلاردىن قوشۇن ئارىيەت ئېلىپ، ئىناۋەتمەن قاغانغا بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلغان. ئىناۋەتمەن قاغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. قارا قوۋۇ شاھزادە قوۋۇ تېكىننى قوشۇۋشات قاغان قىلىپ تىكلىگەن. شۇ يىلى ئۇيغۇرلار رايونىدا ۋابا كېسىلى تارقالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتتىق جۇدۇن بولۇپ، ئات - ئۇلاغلار كۆپلەپ قىرىلىپ كەتكەن. ئادەم ۋە چارۋا - ماللارغا كەلگەن بۇ ئاپەتتە پۇقرالار تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كەتكەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت كۈچى جىددىي تۈردە زەئىپلەشكەن. 840 - يىلى (كەيچېڭنىڭ 5 - يىلى) ئۇيغۇر سانغۇنى كۈلۈگ باغا قارا قوۋۇدىن قاتتىق رەنجىپ، خاككاسلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن.

خاككاسلار ھازىرقى قىرغىز مىللىتىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىدى، ئۇلار ئەسلى يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ماكانلىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردە گې دەپ ئاتالغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جيەنكۇن دەپ ئاتالغان. ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە جېگۇ دەپ ئاتالغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە خاككاس دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، قوشۇمچە دېھقانچىلىق قىلغان، ئۇلارنىڭ ئادىمى

تەخمىنەن نەچچە 100 مىڭغا يېتەتتى، تىل - يېزىقى ئۇيـ
غۇرلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. دەسلەپكى چاغلاردا
ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى ئارىز دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ تۆۋىنىدە
ۋەزىر، تۇتۇق بەگ، ئايماق بېگى، دورغاپ، سانغۇن، تارخان
قاتارلىق كۆپ دەرىجىلىك مەنسەپ بولغان. VI ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، خاككاسلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ
تۈركلەر ۋە سىرتار دۇشلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان.
648 - يىلى (تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى) خاك-
كاسلارنىڭ ئاقساقىلى ئىشبارا چۇي ئاجەن تاڭ سۇلالىسىگە
ئۆزى بېرىپ ئولپان تاپشۇرغان. تاڭ سۇلالىسى خاككاسلار
رايونىدا جيەنكۈن تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ،
ئىشبارا چۇي ئاجەننى سول قول بوز يەر ئاچقۇچى قورۇقچى
باش سانغۇن ۋە تۇتۇق بەگ قىلىپ تەيىنلىگەن، بۇ تۇتۇق
بەگ مەھكىمىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەنرەن باش قورۇقچى
بەگ مەھكىمىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. VIII ئەسىرنىڭ
50 - يىللىرىدا، ئۇيغۇر خانلىقى خاككاسلارنى بېسىۋېلىپ،
خاكاس ئاقساقىلىنىڭ قاغان دېگەن نامى ۋە تۇتۇقبېگى
دېگەن ئەمىلىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭغا بىلگە تېكىن دەپ
نام بەرگەن، خاككاسلار ئۇيغۇر خانلىقىغا بېقىندى بولۇپ
قالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن IX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا
كەلگەندە، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۈچى پەيدىنپەي ئاجىزلاشقان.
ئارىز ئۆزىنى قايتا قاغان دەپ ئاتىغان. ئىككى تەرەپ
ئوتتۇرىسىدىكى 20 نەچچە يىل داۋاملاشقان ئۇرۇشتا ئۇيـ
غۇرلار غەلىبە قازىنالمىغان، خاككاسلار بولسا ئۇرۇش داۋا-
مىدا پەيدىنپەي كۈچىيىۋالغان. خاككاسلار قاغانى ئارىز
100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بارگاھىغا
ھۇجۇم قىلغان. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بارگاھى قارا بالغا-

سۇن ئىشغال قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قاغانى قۇرۇۋشات ھەم قاراقۇۋۇ ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇلارنىڭ قوشۇنى ۋە پۇقرالىرى ۋەيران بولۇپ، ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

ئۇيغۇرلار ئومۇمىيۈزلۈك كۆچۈشتە، بىر بۆلىكى جەنۇبقا، بىر بۆلىكى غەربكە كۆچكەن.

جەنۇبقا كۆچكەنلەر ئاساسەن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ ماڭغان ①. بىر بۆلىكى قوۋوشات قاغانىنىڭ ئىنىسى ئونمىش، شاھزادە ناياچۇر ۋە ۋەزىر چىچەن قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا جەنۇبقا مېڭىپ تيەندېگە (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇيەن ناھىيىسى) كەلگەن. ئونمىش چىچەننى ئىنتايىن ھىيلىگەر نەرسە، باشقۇرۇش تەس دەپ قاراپ، تيەندېدە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ سەرگەردىسى تيەن مو بىلەن خۇپىيانە مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، چىچەننى بارگاھقا ئالداپ ئەكىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شاھزادە ناياچۇر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىچەننىڭ ئىلكىدىكى 7000 تۇتۇن ئاھالىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان، ئاندىن شەرققە ئاتلىنىپ جىنۋۇ، داتۇڭ دېگەن جايغا بېرىپ، شىرۋېلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ يۇجۇنى ئىشغال قىلماقچى بولغاندا، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن زەربە يەپ مەغلۇپ بولغان. ناياچۇر يالغۇز جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، جەنۇبقا قاراپ كېلىۋاتقان شاھزادە ئۇكانىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئونمىش 2000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ جىنۋۇغا بېرىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. تاڭ ۋۇزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ، ئونمىشقا «سول قانات مۇھاپىزەتچى باش

① جاڭ يىڭلياڭ: «جۇڭگو مىللەتلىرى تارىخى».

سانغۇن»، مەرىپەت قوچقان ئىنانچەخان دەپ نام بەرگەن. تىيەندېدە تۇرۇشلۇق قوشۇنغا بەيئەتچىلەر قوشۇنى، ئۇنىمىشقا بەيئەتچى ھەربىي باشلىق دەپ نام بەرگەن. باشقا ئاقساقاللارغىمۇ ئايرىم-ئايرىم تۇردە ئەمەل-مەنسەپ بەرگەن ۋە 5000 دادەن گۆرۈچ، 3000 توپ تاۋار-دۇردۇن ئىنئام قىلغان. كېيىن ئۇنىمىش ئوردىغا بەيئەتكە كىرگەندە، تاڭ ۋۇزۇڭ ئۇلارنىڭ سادىقلىقىنى مەدھىيىلەپ، ئۇنىمىش قاتارلىق كىشىلەرگە لى فامىلىسىنى ئىنئام قىلغان. ئۇنىمىشنى يەنە خېشى تاڭغۇتلىرىنىڭ باش سانغۇنى، غەربىي جەنۇبىي تەرەپنىڭ جازا يۈرۈش بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن.

جەنۇبقا كۆچكەن يەنە بىر بۆلىكى شاھزادە ئۆگا باشلاپ ماڭغانلار قاغان بارگاھىغا بىۋاستە قاراشلىق بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ 13 قەبىلىسى ئىدى. ئۇلار جەنۇبقا كۆچۈش جەريانىدا تاڭ سۇلالىسى مەلىكىسى تەي خېنى خاككاسلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ ئۇنى بارىمتاي قىلغان، ئۇلار قەبىلىلىرىنى باشلاپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ، تىيەندې شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. ئۇلار تاڭ خانلىقى ئوردىسىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، تىيەندې شەھىرىنى ئارىيەتكە بېرىشنى ۋە ئاشلىق، كالا، قوي بېرىشنى، بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان ئۇنىمىشنى ئۇيغۇرلارغا قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. تاڭ ۋۇزۇڭ ئۇنىڭغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئاشلىق ۋە يەم-خەشەك بېرىشكە قوشۇلغان، باشقا تەلەپلىرىگە قوشۇلمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆگا ئۆزىنىڭ قولىدىكى 100 مىڭ تۈتۈن ئاھالىدىن پايدىلىنىپ، داتۇڭ (شەنشىدىكى داتۇڭ) قورغىنىنىڭ شىمالىدىكى لۈيمىنشەن تېغىدا بارگاھ قۇرۇپ، شيەنجۇ، تىيەندې، جىنۋۇ، يۈنشۈي

قاتارلىق جايلارغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالغان. 846 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىرى يېيىنچۇر ئۇكانى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ئوكنېر تېكىننى قاغان قىلىپ تىكلىگەن. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 5000 ئەمۇ يەتمەيتتى، شۇڭا ئۇلار ئامالسىز قومۇقلارنى پاناھ قىلـ
غان. 847 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ لۇلۇڭ ھىراۋۇلى جاڭ جۇڭۋۇ قۇمۇق قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلغان. ئۇيغۇر قەبىلىلىـ
رى يەنە تاراپ كەتكەن. ئوكنېر ۋە ئاقسۆڭەك تۆرىلەردىن 500 كىشى شىرۋى قەبىلىسىگە پاناھ ئىزدەپ بارغان. جاڭ جۇڭۋۇ شىرۋى قەبىلىسىگە ئوكنېر قاتارلىق كىشىلەرنى چىقىرىپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەندە، ئوكنېر ۋە ئۇنىڭ ئايالى قارلۇي، ئوغلى دوس تېكىن قاتارلىق 9 كىشى غەربكە قېچىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىغان. خاككاسلار شىرۋى قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلغاندا، قالغان ئۇيغۇر قەبىلىرىنىڭ ھەممىسىنى شىمالدي قۇملۇققا ئېلىپ كەلگەن. بۇ جەرياندا يېرىم يولدا قېچىپ كەتكەن بىر بۆلەك ئۇيـ
غۇر قەبىلىلىرى تاغ، ئورمانلارغا يوشۇرۇنۇپ، ئىز - دېرەكسىز يوقالغان.

غەربكە كۆچكەنلىرى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن: بىر بۆلىكى خېشى كارىدورىغا كېلىپ، ۋۇزېتىيەن دەۋرىدە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ خېشى كارىدورىدا ئولتۇراقـ
لىشىپ قالغان ئۇيغۇر قەبىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار خېشى كارىدورىغا كەلگەندىن كېيىن، گەنجۇ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ جاڭيې شەھىرى) دا بارگاھ قۇرغان، شۇڭا ئۇلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ياكى خېشى ئۇيغۇر-
لىرى دەپ ئاتالغان. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دەسلەپكى مەزگىلدە

تۈبۈتلەرگە بېقىنغانىدى. 848 - يىلى (تاڭ شۈەنزۇڭ داجۇڭ-
نىڭ 2 - يىلى) خېشى رايونىنىڭ يەرلىك ئاقساقىلى
شاجۇ (گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ) لۇق جاڭ يىچاۋ قوشۇن
توپلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تۈبۈتلەرنى قوغلاپ چىقار-
غاندىن كېيىن، ھازىرقى شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق
ئۈچ ئۆلكە (رايون) دىكى شاجۇ، يىجۇ، گۇاجۇ، شىجۇ، گەنجۇ،
سۇجۇ، لەنجۇ، مىنجۇ، كوجۇ قاتارلىق 11 ئايماقنى ئىش-
غال قىلغان، خېشى ئۇيغۇرلىرى يەنە جاڭ يىچاۋنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىغا بېقىنغان. كېيىنكى يىللاردا خېشى ئۇيغۇر-
لىرى سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، پۇقرالىرىنى يىغىپ كۈچ
توپلاپ، پەيدىنپەي قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان. 872 - يىلى
(شيەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى) خېشى ئۇيغۇرلىرى گەنجۇنى ئىش-
غال قىلىپ، ئۆز ئالدىغا خان تىكلەپ، X ئەسىرنىڭ ئوتتۇر-
لىرىغىچە دەۋران سۈرگەن. بۇ چاغلاردا تۈبۈتلەرنىڭ كۈچى
زەئىپلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇيغۇرلار شۇ چاغدا خېشى رايونى
بويىچە ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى
شەرقتە لىڭجۇ (ھازىرقى نىڭشيادىكى لىڭۋۇ) دىن تارتىپ
غەربتە دۇنخۇاڭ، يۈمېن، ئەنشىگىچە بولغان رايونلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى
رايون ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنىڭ مۇھىم ئۆت-
كەللىرىنى كونترول قىلىۋالغانىدى. XI ئەسىر-
نىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، خېشى ئۇيغۇرلىرى
تاڭغۇتلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈم-
رانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان. 1227 - يىلى موڭغۇللار
تاڭغۇتلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، خېشى ئۇيغۇرلىرى يەنە
موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، خېشى ئۇيغۇرلىرى
بۇ جايدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىن-

نىپ، كۆپىيىپ روناق تاپقان، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى يۈگۇ مىللىتى ئەنە شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

يەنە بىر بۆلەك ئۇيغۇر قەبىلىلىرى باركۆل يايلىقى ئارقىلىق تيانشاننىڭ شىمالىغا كېلىپ جايلىشىپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ مەزگىلدە بېشبالىق، غەربىي ئايماق تۇبۇتلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇ رايونغا كىرەلمىگەن. كېيىنكى مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى بۆكۈتېكىن بېشبالىقتا تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاندىن يەنە غەربىي ئايماق (يەنى قۇچۇ، ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقى)، ئۇرۇمتاي (ھازىرقى مىچۇەن ناھىيىسى تەۋەسىدە) قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان. بۇ بىر بۆلەك ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كۆرەش قىلىش داۋامىدا كۈنسايىن قۇدرەت تېپىپ، ئاخىرى غەربىي ئايماق (قۇچۇ) نى مەركەز قىلغان ھالدا قۇچۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. ئۇلار تارىختا غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى (شىجۇ ئۇيغۇرلىرى) ياكى قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان. غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن تېزلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋە مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا ئۆزگەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ زورايغان. قۇچۇ خانلىقىنىڭ زېمىنى شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە ئاقسۇ، شىمالدا ئىلى دەرياسىدىن جەنۇبتا تۇبۇتكىچە (ھازىرقى خوتەن بىلەن دۇنخۇاڭنىڭ ئارىلىقى) بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ،① بۇ خانلىق تۇرپان، تارىم ۋە جۇڭغاردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئويمانلىقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ھاكىمىيەت بولۇپ قالغان. غەربىي ئايماق ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى تاكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئۇيغۇر

① ۋاڭ جىلەي، جۇشېجۇەن تەرجىمە قىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم»، 65- بەت.

مىللەتنى شۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىللە ياشاپ، بىللە ئەمگەك قىلىپ كۆپىيىپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، پەي-دىنپەي سىڭىشىش ئارقىلىق راۋاجلىنىپ، ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىگە ئايلانغان.

غەربكە كۆچكەن ئۈچىنچى بۆلەك ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغا كىرىپ، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى بۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەن قارلۇق قەبىلىسىگە قوشۇلغان. ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى پامىرنىڭ غەربىدە بولغاچقا، ئۇلار تارىختا غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان. بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XI ئەسىر-گىچە قارلۇق، ياغما قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، قۇدرەتلىك قاراخانىيلار خاندانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق دەس-لەپ بالاساغۇن (ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى چۇ دەرياسى باشلانغان يەرنىڭ غەربىي جەنۇبى) نى، كېيىن قەشقەرنى پايتەخت قىلغان. بۇ خانلىق كۈچەيگەن مەزگىللەردە، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى زېمىن ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدىكى قەشقەر، يېڭىشەھەر، يەكەن، كېرىيە، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن ئىبارەت بولغان.

بۇ باپتىن قىسقىچە خۇلاسە: سۇيي سۇلالىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىت ئىنتايىن قىسقا بولغانلىقتىن، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرەلمىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ جەھەت-تە كۆرسەتكەن تۈرلۈك تىرىشچانلىقلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سالغانىدى.

تاڭ سۇلالىسى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان فېئودال ئىقتىسادىي كۈچكە ۋە قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە تايىنىپ، غەربىي يۇرتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا،

پادىشاھ تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شيەنچىڭ 2-يىلى (657-يىلى) غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇندىدى. دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۇنۇملۇك يۈرگۈ-
زۈش ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، بۇ جايدا غەربىي يۇرتنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىدىغان ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان باش قورۇقچى بەگ مەھكىمى-
سىنى تەسىس قىلدى. غەربىي يۇرتنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاسا-
سەن، ھەر خىل باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى، ئىۋىرغۇل، غەربىي ئايماق ۋە بېشبالىق ئايماقلىرىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك را-
يونىدىكىگە ئوخشاش ئايماق، ناھىيە تۈزۈمىنى ئورناتتى، ئىل-
گىرى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىلكىدە بولغان كەڭ رايونلاردا قارام ۋىلايەت، ئايماقلارنى تەسىس قىلىپ، ھەرقايسى مىل-
لەت ئاقساقاللىرىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پەرماندار ئەمەلدارى سۈپىتىدە باش قورۇقچى بەگ، قورۇقچى بەگ، ئايماق بېگى قا-
تارلىق مەنسەپلەرگە تەيىنلىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ئەمىر-پەرمانلىرى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلەر ئارقىلىق ئونۇملۇك ئىجرا قىلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنى ئىل-
گىرى سۈردى. ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇ-
كى، ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تىپىك مىل-
لىي ئىناقلىق ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى-
نىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئەستە ساقلىشىغا ۋە مەدھىيىلىشىگە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن تەسىرلىك سەھىپىلەرنى قالدۇرغان.

### ئۆگىنىش ۋە مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش

جەريانى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىڭ.

2. تاڭ سۇلالىسى نېمە ئۈچۈن غەربىي يۇرتتا ئايماق، ناھىيە تۈزۈمى ۋە قارام ۋىلايەت، ئايماق تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل مەمۇرىي تۈزۈمنى يولغا قويغان؟ قارام ۋىلايەت، ئايماق تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئەنشى، بېشبالىقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىڭ.

3. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت ئىقتىسادىنىڭ راۋاج تاپقانلىقى توغرىسىدىكى ئاساسلىق تارىخىي پاكىتلارنى ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت جەھەتتىكى نەتىجىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىڭ.

4. ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن دوستلۇق ۋە ئىناقلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تىپىك ئۆلگىلىرىنى تارىخىي پاكىتلارنى مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈڭ.

# 7 باب سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت

840 - يىلى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، پان تېكىن ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ غەربكە قاراپ كۆچۈپ، غەربىي يۇرتقا كىرگەندىن تارتىپ 1678 - يىلى يەكەن خانلىقى يىمىرىلگەنگە قەدەر 800 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى.

بۇ ۋاقىت ئىچىدە، غەربىي يۇرتتا، غەربىي ئايماق ئۇيغۇر هاكىمىيىتى، قارا خانىيلار خاندانلىقى، ئۇدۇن پادىشاھلىقى، قارا قىتان (غەربىي لياۋ)، يۈەن سۇلالىسى، چىڭگىز خان ئەۋلادلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى هۆكۈمرانلىقى ۋە يەكەن خانلىقى قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ تارىخ سەھىپىلىرىنى يېزىپ قالدۇردى، غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوشۇلۇشىنى تېزلەتتى. ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاپ كەلدى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتتى ۋە بېيىتتى.

## §1. غەربىي ئايماق ئۇيغۇر هاكىمىيىتى

### 1. غەربىي ئايماق ئۇيغۇر هاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي تۈزۈمى

غەربىي ئايماقنىڭ ئەسلى نامى قوچۇ (هازىرقى تۇرپاندىكى

قەدىمىي شەھەر) بولۇپ، بۇ نام «يەر تۈزۈلۈشىنىڭ ئېگىزلىكى، ئاھالىسىنىڭ باياشاتلىقى» غا قويۇلغان، ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخ كىتابلىرىدا خېجۇ، خوجو، خالا خوجو، خالاخوجې، خالا خوجو دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىپ كەلگەن.

840-يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي ۋە سۇنئىي ئاپەتلەر ھەم خاككاسلارنىڭ بېسىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن گۇمران بولدى، 15 ئۇيغۇر قەبىلىسى غەربكە قاراپ كۆچۈپ بېشبالىق (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جىمسار ناھىيىسى) ئەتراپىغا كېلىپ، تيانشان تېغىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلاشتى، تاڭ سۇلالىسى نام بېرىش ئۈچۈن ۋاڭ دۆەنجاڭنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. بىراق ئۇ سەپەر ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قېلىپ، نام بېرىش ئىشى ئەمەلگە ئاشمىغان.

866-يىلى (تاڭ يىزۇڭنىڭ شيەنداۋ 7-يىلى) باھاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى بۆكۈجىن ئۆز قەبىلىرىنى باشلاپ تۈبۈتلەرنى مەغلۇپ قىلدى، ئۇلارنىڭ باشلىقى كۆڭشارنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، پايتەخت چاڭئەنگە ئەۋەتىپ بەردى، ئاندىن بېشبالىق، غەربىي ئايماق ئۆرۈمتايىدىن تيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان كەڭ رايوننى ئىگىلەپ، قوچۇنى مەركەز قىلغان غەربىي ئايماق ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى.

غەربىي ئايماق ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلار شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ شىمالدا ئىلى دەرياسىغىچە، غەربتە ئاقسۇنىڭ مۇزات داۋىنىغىچە يېتىپ باراتتى، جەنۇبتا ئەيىنى زاماندا تۈبۈتلەر كونترول قىلىپ تۇرغان ئورۇن بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى.

غەربىي ئايماق ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى

خاقان دەپ ئاتىلاتتى ۋە ئارسلانخان دەپمۇ ئاتىلاتتى، ئۇ خانلىقتىكى ئالىي قانۇن چىقارغۇچى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى بولۇپ، ئىستىبداتلىق ۋە ۋارىسلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدى. خاننىڭ قول ئاستىدا توققۇز ۋەزىر، زوراغالىق بېگى، ئالتۇن چۇلالىق ئىناۋەتدار تۆرە، مۆپەتتىش خەلىپ بېگى، سول قول خىزمەت قۇچىقۇچى باش سانغۇن، ساراي مۆپەتتىشى، نازارەتچى، ئايماق بېگى، تۇتۇق، زالىم ھەكىم قاتارلىق ئەمەلدارلار بار بولۇپ، ئۇلار پادىشاھنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ياردەمچىلىرى ئىدى. جايلارنىڭ ئىشلىرىنى ھەردەرىجىلىك چوڭ-كىچىك بەگلەر بىر تەرەپ قىلاتتى.

### 2. ئىجتىمائىي ئىگىلىكى

غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى تەۋەسىنىڭ يېرى مۇنبەت، ئىقلىمى قاتتىق ئىسسىق، سۇ مەنبەسى تولۇق، بايلىقى مول بولۇپ، بۇلار يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىت ھېسابلىناتتى.

يېزا ئىگىلىكى، خانلىقتا فېئودال يانچىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، خانلىقتا يەرگە بولغان ئىگىدارلىق شەكلى ئاساسەن خانلىق ئىگىدارلىقىدىكى يەر، ئىبادەتخانىلار ئىگىدارلىقىدىكى يەر، پومېشچىكلارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدىكى يەر ۋە ئۇششاق دېھقانلار ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدىغان يەر دەپ تۆت خىلغا بۆلۈنەتتى.

خانلىق ئىگىدارلىقىدىكى يەر: خانلىق تەۋەسىدە ئومۇمەن تېخى تەقسىم قىلىنمىغان ۋە ئېچىلمىغان يەر، مۇسادىرە قىلىنغان يەر، شۇنىڭدەك باغ، ئورمان، ئوتلاق، دەريا ئېقىنلىرى، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىگىدارلىقىدا ئىدى.

ئىبادەتخانىلار ئىگىدارلىقىدىكى يەر: غەربىي ئايماق ئۇيغۇر-

لىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، بۇددا دىنىنى تارقىتىش ۋە ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن، خان تەرىپىدىن ئىبادەتخانىلارغا مەلۇم كۆلەمدە يەر ۋە دېھقانلارنى ئاجرىتىپ بېرەتتى، بۇ يەرنى دېھقانلار تېرىيتتى. ئۇنىڭدىن چىققان ھوسۇلنىڭ بىر قىسمى ياكى كۆپ قىسمى راھىبلارنىڭ تەمىناتى ۋە ئىبادەتخانىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى.

پومېشچىكلارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدىكى يەر: بۇنىڭدا يەر پومېشچىكلارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدا بولاتتى. يەرگە بولغان بۇ خىل ئىگىدارچىلىق شەكلى تيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئېلىمىزدىكى ئەنئەنىۋى يەر مۈلۈكچىلىكى تۈزۈمىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇششاق دېھقانلار ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدىغان يەر: دېھقانلار خانلىق يەرلەرنى ياكى فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىپ، خانغا ياكى فېئوداللارغا ئىجارە ھەققى تۆلەيتتى، قېزىۋېلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجارە توختاملىرىدىن قارىغاندا، تېرىلغۇ ئۈچۈن كېتىدىغان بارلىق خىراجەتنى ئىجارىكەش ئۈستىگە ئالاتتى. لېكىن، يەردىن چىققان ھوسۇلنى پومېشچىكلار بىلەن تەڭ بۆلۈشەتتى.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئاساسەن بۇغداي، ئارپا، شال، پۇرچاق ۋە كېۋەز، ئۈزۈم، مېۋە - چېۋە، كۈنجۈت قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ئىدى. پاختا رەخت بىلەن مۇسەللەس خانلىقنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، كىشىلەر راسا ياقتۇرىدىغان مەھسۇلاتلار ئىدى، شۇنداقلا ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئالماشتۇرۇلىدىغان بازىرى ئىتتىك ماللار ھېسابلىناتتى.

چارۋىچىلىق. خانلىقنىڭ تەۋەلىكىدىكى شىمالىي شىنجاڭ رايونى، سۇ ۋە ئوت -چۆپلىرى مول بولغان تەبىئىي چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ھېسابلىناتتى. چارۋىلاردىن ئات، كالا، قوي، تۆگە،

ئېشەك قاتارلىقلار بېقىلاتتى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ يەندېنىڭ «قۇچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «چارۋىلار يۈز نەچچە چاقىرىم يەرگىچە سوزۇلغان تۈزلەڭلىكتە بېقىلىدىكەن، ئۇلار ئۆز خىلى بويىچە، پادىغا ئايرىلىدىكەن، سانىنى بىلگىلى بولمايدىكەن»، بۇ هال خانلىقتا چارۋىچىلىقنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، تارىخىي كىتابلاردا تۆمۈر رۇدىسى، نۈشۈدۈر، قىزىل تۇز، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي چىقىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇلار يەرلىك قول سانائەتنىڭ ئاساسلىق خام ئەشيالىرى ئىدى. قول سانائەت بۇيۇملىرىدىن پاختا، يۇڭ، يىپەك، كاناپ توقۇلمىلىرى ۋە كۆن خۇرۇمىدىن ناھايىتى سىپتا ئىشلەنگەن ئوقدان، ئۆتۈك، ئىگەر - جابدۇق، كەمەر قاتارلىقلار بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ئۈنچە - مارجان نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن قوش گۈللۈك كىمخاپ، ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە، غەربىي ئايماق ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەھسۇلات بولۇپ چىققان.

يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە قول سانائەتنىڭ تەرەققىياتى سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىسى بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ئىنتايىن قويۇق بولدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى لياۋ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى — يەنجىڭ (هازىرقى بېيجىڭ) ۋە شاڭجىڭ (هازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ جاۋۇدا ئايمىقىدىكى بارىن سول خوشۇنى) دا سودا قىلاتتى، ھەمدە پايتەختتە ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىپ سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن مەخ-

سۇس «ئۇيغۇر مەھەللىسى» قۇرۇپ بېرىلگەن. قۇچۇ، كۇسەن ئوردىلىرىمۇ تۈركۈم - تۈركۈم ئەلچىلەر ۋە سودا كارۋانلىرىنى ئەۋەتىپ، قاشتېشى، ئۈنچە - مەرۋايىت، كەركىدان، كەھرىۋا، قېپىشكى رومى، دورا - دەرمەك، سىرلىق ساپال قاتارلىق ئە-تىۋارلىق تاۋارلارنى شاڭجىڭغا ئاپىرىپ، قىممەتلىك يارماق پۇللىرىغا تېگىشىپ كېلەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، غەربىي ئايماق ئۇيغۇر خانلىقى يەنە يۇرغۇنلىغان ئاتلارنى لوياڭ، كەيفېڭگە ھەيدەپ بېرىپ، كېيىنكى لياڭ، كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىن، كېيىنكى خەن، كېيىنكى جۇ ھاكىمىيەتلىرى بىلەن، ھەم سۇڭ سۇلالىسى بىلەن سودا قىلاتتى. ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىمدىلا نەچچە مىڭ تۇياق سېتى-لاتتى، سودا سوممىسى 1 مىليون 200 مىڭ تىزىق يارماققا يېتەتتى. قۇچۇدا ئىشلەنگەن كىيىم - كېچەك، رەخت، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى ۋە دورا ماتېرىياللىرىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭ-لىك رايونىدىكى كىشىلەر ياقتۇرىدىغان ئېتىۋارلىق تاۋار ھېسابلىناتتى.

### 3. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت

غەربىي ئايماق ئۇيغۇر خانلىقى جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان. بۇ رايون شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئالمىشىدىغان، ھەم جەم بولىدىغان جاي ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، شەرق ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى تېز گۈللەندۈرگەن.

تىل - يېزىق ۋە مەتبەئەچىلىك. غەربىي ئايماق ئۇيغۇر خانلىقىدا دەسلەپكى دەۋردە تۈرك يېزىقى قوللىنىلغان، كېيىن-

رەك سوغدى يېزىقى ئېلىپبەسى ئاساسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىجاد قىلىندى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 22 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭدىن سولغا قارىتىپ توغرىسىغا يېزىلىدىغان ۋە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ تىك يېزىلىدىغان ئىككى خىل شەكلى بار ئىدى. خەت شەكلىدە — باسما شەكلى، سۆترا شەكلى ۋە يازما شەكلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىل بار ئىدى. ئوردا ئىچىدە ۋە خەلق ئارىسىدا بۇ يېزىق ئالاقىلىشىش قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ ھۆججەت، توختامنامىلەر ۋە كالېندار قاتارلىقلار مۇشۇ يېزىق بىلەن يېزىلغان.

مەتبەئەچىلىك جۇڭگودىكى تۆت چوڭ كەشپىياتنىڭ بىرى بولۇپ، ئىزما ھەرپ مەتبەئەچىلىكىنى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بى شېڭ دېگەن كىشى كەشىپ قىلغانىكەن. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئورغۇنلىغان ياغاچ ئويمىغا چۈشۈرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئىزما ھەرپىدىن قارىغاندا، بۇ خىل ئىلغار مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى تۇرپان ئويمانلىقىدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان.

ناخشا - ئۇسسۇل، رەسساملىق ۋە ھەيكەلتاراشلىق. ئۇيغۇرلار ناخشا ئېيتىشقا، ئۇسسۇل ئويناشقا ئەزەلدىنلا ماھىر مىللەت، قۇچۇ رايونى بولسا قەدىمدىن تارتىپ ناخشا - ئۇسسۇل تەرەققىي تاپقان جاي ئىدى. ئۇيغۇرلار قۇچۇدا دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، ناخشا - ئۇسسۇلنى داۋاملىق راۋاجلاندۇردى. ۋاڭ يەندېنىڭ «قۇچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا: ئۇيغۇرلاردا «بەرباپ»، غۇڭقا قاتارلىق چالغۇلار كۆپ»، «ئۇلار سەپەرگە چىققاندا، يول ئۈستىدە ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن چالغۇ ئەسۋابلىرىنى بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ»، «زىياپەت-بەزمىلەرنى نەغمە - ناۋا بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، ئويۇنغا خۇشتار...

كېيىنكە چۈشۈپ كۆل سەيلىسى قىلغانىدا، كۆل ئەتىراپىدا داقا ـ دۇمباق چېلىنىپ تۇرىدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، كۆپلىگەن بۇد دىيىم تام سۈرەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا بىلەن ئۇسسۇلنى بىرلەشتۈرگەنلىكى ئىپادىلەنگەن. مە- سىلەن، قىزىل مىڭئۆيدىكى «ئايال سازەندە» سۈرىتىدە تەس- ۋىرلىگەندەك سازەندىلەر غوڭقا، تىزما نەي، نەي قاتارلىقلارنى چالاتتى، ئۇسسۇلچىلار بولسا سازەندىلەرنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن لەرزان ئۇسۇل ئوينايتتى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ رەسساملىق ۋە ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى ناھايىتى كۆپ تە- رەققى قىلغان. تۇرپان بېزەكلىكتە 24 ئۆڭكۈر رەسىملىرى مۇشۇ دەۋرگە كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كۇچادىكى قۇمتۇرا مىڭئۆيى، بايدىكى قىزىل مىڭئۆيى ئۆڭكۈرلىرىدىكى تام رەسىم- لىرىمۇ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىكى رەسساملىق ۋە ھەيكەل- تىراشلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە كۆلىمىنى ئەكس ئەتتۈ- رۇپ بېرىدۇ.

كالېندارچىلىق ۋە تىبابەتچىلىك. تۇرپاندىن تېپىلغان قە- دىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كالېندارنىڭ فراگمېنتلىرى ئۈستىدە ئې- لىپ بېرىلغان تەتقىقاتتىن قارىغاندا، ئەينى زاماندا «ھەپتىلىك كالېندار» ئىشلىتىلگەن. «ھەپتىلىك كالېندار» قۇياش، ئاي ۋە بەش پلانېت بىلەن كۈننى خاتىرىلەيدىغان كالېندار بولۇپ، ئۇنىڭ تەرتىپى قۇياش، ئاي، مېركۇرىي، مارس، يۇپىتېر، ۋېنېرا ۋە ساتۇرنىنىڭ دەۋر قىلىپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت. بۇخىل كا- لېندار قەدىمكى بابىلوندا بارلىققا كەلگەن، بۇ خىل كالېندار جۇڭگوغا ئوتتۇرا ئاسىيالىق مانى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ئېلىپ كېلىشى بىلەن 719 - يىلى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن 7 - يىلى) تارقالغان. غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى كالېندارنىڭ فراگمېنتلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ كالېنداردا

سوغدىچە، تۈركچە ۋە خەنزۇچە يېزىق بار بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە ئىشلىتىلگەن. ۋاڭ يەندېنىڭ «قۇچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دا، قۇچۇدا «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن 7 - يىلىدىكى كالېندارى»، يەنى «ھەپتىلىك كالېندار» نىڭ قوللىنىلغانلىقى ئېنىق قەيت قىلىنغان. يىل ھېسابىدىكى 12 مۆچەلنى ئىپادىلىشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ 12 مۆچەلىدىن ئازراق پەرق قىلىغان.

تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر تىبابەتچىلىك ئەسىرى «بىباھا رېتسېپ» كە «غەربىي ئايماقنىڭ ئۆمۈر ئۇزارتىش دورىسى» كىرگۈزۈلگەن، بۇ تۇرپاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كېسەللىكلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى ھېسابلىنىدۇ. بەش دەۋر، سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، قۇچۇ ئۇيغۇر رايونىنىڭ دورا ماتېرىياللىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ سېتىلىپ ئىنتايىن قارشى ئېلىنغان. ھەربىي تېبابەتچىلىك چوڭ قىيا سىچۇەننىڭ خېجۇ ئايمىقىدىكى دياۋ يۈشەندە «قوشۇنىدىكى كېسەللىكلەرنى بۇيرۇققا بىنائەن تۇرپان دورىلىرى بىلەن داۋالىغان». خەنزۇچە «قەدىمكى كېسەللىكلەر دەستۇرى»، «دورا گىياھلىرى» قاتارلىق كىتابلار ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، قۇچۇدا كەڭ تارقالغان.

### 4. غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى

ئۇيغۇرلار دەسلەپتە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى. بۇ دىن خەنزۇچە كىتابلاردا يورۇقلۇق دىنى ياكى مونى دىنى دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ دىننى I ئەسىردە پېرسىيەلىك مانى دېگەن كىشى تەشكىللىگەن. بۇ دىننىڭ

ئاساسىي ئەقىدىسى «ئىككى كۈچ ۋە ئۈچ كېچۈرمىش» تىن ئىبارەت. «ئىككى كۈچ» دېگىنى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، «ئۈچ كېچۈرمىش» دېگىنى دەسلەپكى، ئارىدىكى، ئاخىرىدىكى كەچۈرمىشلەرنى، يەنى ئۆتمۈشنى، ھازىرقىنى ۋە كېلەچەكنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، مانىي دىنى غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا داۋاملىق تارقالغان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې قۇچۇغا كەلگەندە بۇ خانلىقتا «مانىي دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى، پېرسىيىلىك راھىبلارنىڭ ئۆز ئەھكاملىرى بويىچە ئىش كۆرىدىغان» لىقىنى كۆرگەن.

بۇددا دىنى. بۇددا دىنىنىڭ غەربىي يۇرتتا تارقىلىشى ئۇزاق تارىختا ئىگە. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى زاماندا قۇچۇ تەۋەسىدىكىلەر بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگىمۇ، ھىنايانا مەزھىپىگىمۇ ئېتىقاد قىلغان. بۇددا دىنىنىڭ ئاساسلىق نوملىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇيغۇر خانلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ۋە ئۇنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن، بۇددا دىنى خانلىق تەۋەسىدە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن. بۇنى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە دائىرىسىنىڭ چوڭلۇقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قۇچۇ، يارغول، بېشبالىق، كۇچا قاتارلىق جايلار بۇددا دىنىنىڭ ئەينى زامانىدىكى مەركەزلىرى بولۇپ، بۇ جايلاردا نۇرغۇنلىغان ئىبادەتخانىلار قۇرۇلغان. قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئوردىسىدا مېھمان چاقىرىلغاندا كۆپىنچە بۇددا راھىبلىرى قاتناشتۇرۇلاتتى ۋە مېھمانلارنى ئىبادەتخانىلارغا ئاپىرىپ ئېكسكۇرسىيە

قىلدۇراتتى. باھار كېلىپ گۈل - گىياھلار ئېچىلغان ۋە كۈن ئىسسىغان چاغلاردا ئاھالىلەر سەپ تارتىپ، ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ سەيلە قىلاتتى ھەمدە يول بويى ئۇزۇنغا چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى، بۇددىزم تۈسىنى ئالغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باراتتى. بۇددا دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى، مەسىلەن، بەش يىللىق يىغىلىش، سوغۇق تىلەش بايرىمى قاتارلىق بايراملار ئاما ناھايىتى چوڭ بىلىدىغان بايراملار ئىدى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوم-سۇترالىرى ئاساسەن خەنزۇچىدىن ۋە كۇسەن - كىنگىت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن، 1959 - يىلى قۇمۇلدىن تېپىلغان «مايترى سىمىت» ئاۋۋال سانسكرىتچىدىن كىنگىتچىغا، ئاندىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرى ئاساسەن ماھايانا مەزھەپ نوملىرى ئىدى، مەسىلەن، «ئالتۇن ئۆڭلۈك يارۇق يالتىراقلىق قوپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلىكى ئاتلىق نوم بىتىك» (قىسقارتىلىپ «ئالتۇن يارۇق» دېيىلىدۇ)، «سادادارما پۇنداريكا سۇترا»، «بۇددا ۋاتام ساكاماخا ۋايپۇليا سۇترا» ۋە باشقىلار. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى «شاپائەت ئىبادەتخانىسىدىكى پىركامىلنىڭ تەرجىمىھالى» نىمۇ بېشبالىقلىق تەرجىمان، راھىب سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ① خەنزۇچىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇر گۇسالى «ئالتۇن يارۇق» نى تەرجىمە قىلغان. يۈەن ۋۇ تاڭغۇت (غەربىي شيا) سۇلالىسىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر راھىبلىرىنى ئېلىپ پەشتاقلىق ئىبادەتخانا دەپ ئاتالغان كاتتا ساگرامغا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ نوملارنى تاڭغۇت تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرغان. بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ

① شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىنىي تەتقىقات ئىنستىتۇتى تە- رىپىدىن تۈزۈلگەن «شىنجاڭدىكى دىنلار» ناملىق كىتابنىڭ 54-بېتىگە قاراڭ.

شۇ زاماندا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى
پائال تۈردە تارقاتقانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەينى زاماندا بۇددا، مانى دىنلىرىدىن باشقا ئاز سان-
لىق كىشىلەر يەنە نېستورىيان دىنى، شامان دىنى ۋە زورو-
ئاستېر دىنى قاتارلىق دىنلارغىمۇ ئېتىقاد قىلغان. خانلىقنىڭ
كېيىنكى مەزگىلىدە ئىسلام دىنى بۇ رايوندا تارقىلىشقا باشلىدى.

### 5. غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇ-
لالىلەر بىلەن سىياسى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قو-
يۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كەلگەن. خانلىق قۇرۇلغان دەسلەپ-
كى مەزگىلدە، ئەلچى ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەنسەپكە
تەيىنلىشىنى تەلەپ قىلغان. 857 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ۋاڭ
دۇنجاڭ باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى غەربىي ئايماققا
ئەۋەتكەن، بىراق ئۇيغۇر ئايمىقىغا كەلگەندە يولدا توسۇ-
لۇپ قېلىپ قايتىپ كەتكەن. ئەينى زاماندا غەربىي ئايماق
ئۇيغۇرلىرىمۇ تارخان مى خۇەييۈينى تاڭ سۇلالىسىگە سوۋغا - سالام
بىلەن ئەۋەتكەن، قاغانلار تاڭ سۇلالىسىنى ئاغا، ئۆزىنى بولسا جىيەن
دەپ ئاتىغان. «كونا بەش دەۋر تارىخى. كېيىنكى جۇ سۇلالىسى تەي-
زۇ خانىنىڭ تەزكىرىسى» دە «گۇاڭشۇننىڭ 1 - يىلى (951 -
يىلى) 2-ئايدا، غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلچىسى يەر-
لىك مەھسۇلاتلىرىدىن تارتۇق ئېلىپ كەلدى. ئۇيغۇر-
لار بۇرۇن تارتۇقلارنى يىل ئارىلاپ سۇناتتى، يۇقىرىلارنىڭ ئۇلار بىلەن
ئەتىۋارلىق ماللارنى ئالماشتۇرۇشى ھەتتا خۇسۇسىي سودا قىلىشى
چەكلەنگەندى. ئەمدى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلدى». يەنە
«كىتابلار جەۋھىرى. يات ئەللەر قىسمى، ئولپان تاپشۇرۇش—

5» دە مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «جۇڭنەيزۇ گۇاڭشۈننىڭ 1-يىلى 2-ئايدا غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى ئەۋەتكەن تۇتۇق بەگ ئوردىغا كىرىپ، ئالتە دانە چوڭ قاشتېشى، بىر دانە كىچىك قاشتېشى، توققۇز جىڭ كەھرىۋا، 1329 توپ چەكمەن، 280 توپ ئاق يۇڭ رەخت، ئالتە تىزىق مارجان، 2632 پار-چە ئاق سۆسەر (بۇلغۇن) تېرىسى، 250 پارچە قارا سۆسەر تېرىسى، 530 پارچە يېشىل سۆسەر تېرىسى، تۆت كونا سۆسەر جۇۋا، بىر دانە ئاق قاشتېشى بىلەيزۈك ۋە بىر دانە زۇمرەت ھالقا، ئىككى دانە تۆمۈر ئەينەك، 69 دانە قاشتې-شى جابدۇق، قاشتېشىدىن يېزەلگەن بىر دانە كەمەر، خۇش پۇراق دورا-دەرمەكلەر ... تارتۇق قىلدى.» يەنە «ئۇيغۇرلار ئەلچىسى ماندي 77 دانە قاشتېشى، 350 توپ چەكمەن، 28 دانە يېشىل-قارا سۆسەر (بۇلغۇن) تېرىسى...، 424 دانە كالا قۇيرۇقى، 20 دانە چوڭ كەھرىۋا، 300 جىڭ قىزىل تۇز، 390 جىڭ توغرۇغا (توغراق شولتىسى) تارتۇق قىلدى، قالغان دورا-دەرمەكلەر بۇنىڭ سىرتىدا».

947-يىلى قىتانلار ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا لياۋ سۇلا-لىسىنى بەرپا قىلدى، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمى لياۋ سۇلالى-سىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قېلىپ، غەربىي ئايماق ئۇيغۇر خانلىقى لياۋ سۇلالىسىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندى. بۇ مەزگىلدە غەربىي ئايماق ئۇيغۇر خانلىقى لياۋ سۇلالىسىگە 24 قېتىمدىن كۆپرەك تارتۇق ئەۋەتتى.

سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، غەربىي ئايماق ئۇيـغۇرلىرى سۇڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچۇ تەزكىرىسى»دە مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «جيەنلۇڭنىڭ 3-يىلى (962-يىلى) 4-ئايدا، غەربىي ئايماقلىق ئۇيغۇرلاردىن ئاتۇتۇق قاتارلىق 42 كىشى

يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ تارتۇق قىلدى».
«جىيەندىنىڭ 3 - يىلى (965 - يىلى) 11 - ئايدا، غەربىي
ئايماقلىق ئۇيغۇرلاردىن راھىب — فايۈەن ساكيامۇنىنىڭ
چىشى، ئەينەكتىن ياسالغان قاچا - قۇچىلار، كەھرىۋادىن
ياسالغان پانۇس تەقدىم قىلدى»، «ئەلنى ئىدارە قىلىش
تۈزىنەكلىرى»نىڭ «قوشۇمچىسى»دا بۇ ئەھۋال تېخىمۇ تەپسىلىي
بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: «تەيپىڭ شىڭگونىڭ 6 - يىلى
(981 - يىلى) 3 - ئايدا، قۇچۇ قاغانى ئارسلانخان ئۆزىنى
غەربىي ئايماقنىڭ جىيەن قاغانى دەپ ئاتاپ، تۇتۇق مەنسۇرنى
يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تارتۇق قىلىپ ئەۋەتكەن». بۇنىڭغا
جاۋابەن سۇڭ تەيزۇڭ شۇ يىلى كۈتكۈچى ئەمەلدارى ۋاڭيەندېنى
ۋە ساراي پەرمانبەردار ئەمەلدارى بەي شۈننى ئەلچى قىلىپ
قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەۋەتكەن، ئىككىنچى يىلى
2 - ئايدا ۋاڭ يەندې قۇچۇغا يېتىپ كەلگەن، ئۇ چاغدا غەربىي
ئايماق ئۇيغۇر خانى بېشبالىقتا دەم ئېلىۋاتاتتى. سۇڭ سۇلا-
لىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى ئۇنىڭ تاغىسى ئادويىيۈ قوبۇل قىلغان،
كېيىن ۋاڭ يەندې قاتارلىق كىشىلەرنى بېشباللىققا تەكلىپ
قىلغان، ئارسلانخان ئەلچىلەرگە ئالاھىدە زىياپەت بېرىپ،
نەغمە - ناۋا بىلەن كۈتىۋالغان ۋە ئۇلارنى تاڭ سۇلالىسى دەۋ-
رىدە بىنا قىلىنغان بۇددىزم ساڭرامىغا باشلاپ بېرىپ ساڭرامنى
ۋە ئۇنىڭدا ساقلانغان بۇددىزم نوم - سۇترالىرىنى ئېكسكۇر-
سىيە قىلدۇرغان. ۋاڭ يەندې سۇڭ سۇلالىسىگە ۋەكالىتەن
ئۇلارغا كىيىم - كېچەك، ئالتۇن كەمەر، تاۋار - دۇردۇنلارنى
سوۋغات قىلغان. ۋاڭ يەندې غەربىي يۇرتقا قىلغان بۇ قېتىمقى
سەپىرىنى «قۇچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا
تەپسىلىي بايان قىلدى.

## §2. قاراخانىيلار خانلىقى

### 1. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

قاراخانىيلار خانلىقى تەخمىنەن X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قۇرۇلۇپ، X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېتىلگەن، XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە مۇنقەرز بولغان. ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى ئاھالىلەر ئاساسەن قارلۇق، تۈركەش، ياغما، چىگىل، ئۇيغۇر، سوغدى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى غەربتە قاراقۇم چۆللۈكىدىن شەرقتە لوپنۇر كۆلىگىچە؛ شىمالدا بالقاش كۆلىدىن جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىغىچە يېتىپ باراتتى. خانلىقنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى چۇ دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى بالاساغۇن (ھازىرقى ئىسسىقكۆلنىڭ غەربى) دا ئىدى. كېيىن قەشقەرگە كۆچۈرۈلدى.

840 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغا كىرىپ قارلۇقلار تەرەپكە باردى. X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، بۇ ئۇيغۇرلار قارلۇق خانلىقى ئاساسىدا قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇردى.

قاراخانىيلار خانلىقى خانلىقنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، خاننىڭ چوڭ ئوغلى بىلەن كىچىك ئوغلى بۆلۈپ سورىدى، چوڭى چوڭ خاقان بولۇپ، ئارسلانخان (شىرخان) دەپ ئاتالدى، ئۇ خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي باشلىقى بولۇپ، بالاساغۇندا تۇردى؛ كىچىكى ئورۇنباسار خاقان بولۇپ، بۇغراخان دەپ ئاتالدى، ئۇ دەسلەپ تالاستا تۇردى، كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلدى. يۇقىرىدىكى ئىككى نەپەر ئالىي ھۆكۈمراندىن باشقا، يەنە

باشلىقتىن تۆتى بار ئىدى، ئۇلار ئېلىكخان، بۇغرا ئېلىك، ئارسلان تېكىن، بۇغرا تېكىن دەپ ئاتىلاتتى. خانلىقنىڭ باش ۋەزىرلىرى ئۇگار (يۇگە)، تېكىن، سانغۇن، ئىناجبەگ دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەركەزنىڭ ئەمەل تۈزۈمىدە يەنە ۋەزىر، سانغۇن، ئوردا بېگى، باش مىرزا، ئاغىچى (مالىيە ۋەزىرى) قاتارلىقلار بار ئىدى.

يازما مەنبەلەردە بايان قىلىنىشىچە، قاراخانىيلار خانلىقىغا ئاساس سالغۇچى بىلگە قادىرخان ئىكەن، بىلگە قادىرخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ زېمىننى تەڭ بۆلۈشۈۋالغان. چوڭ ئوغلى بازىر ئۆزىنى ئارسلانخان (شىرخان) دەپ ئاتاپ، بالاساغۇندا تۇرۇپ، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسىم رايونىنى سورىغان؛ ئىككىنچى ئوغلى ئوغۇلچاق ئۆزىنى بۇغراخان دەپ ئاتاپ، تالاستا تۇرۇپ، خانلىقنىڭ غەربىي قىسىم رايونىنى سورىغان. ئوغۇلچاق سامانىيلار خانلىقى بىلەن كەسكىن كۆرەش قىلغان. 893 - يىلى سامانىيلار خانلىقى تالاسنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئوغۇلچاق قەشقەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

ئوغۇلچاق ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جىيەنى ساتۇق تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى بۇغراخان دەپ ئاتىغان. ساتۇق بۇغراخانىنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ئىش شۇ بولدىكى، ئۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سىياسىي پائالىيىتىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇردى. ساتۇق خان دەۋرىدە قاراخانىيلار خانلىقى پەيدىنپەي قۇدرەت تېپىپ، سامانىيلار خانلىقى بېسىۋالغان تالاسنى قايتۇرۇۋالدى ۋە 944 - يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان بالاساغۇندىكى چوڭ خانغا قارشى كەسكىن جەڭ قىلىپ، بالاساغۇننى ئىشغال قىلىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە قەشقەرنى پاي-

تەخت قىلدى.

955 - يىلى ساتۇق ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى، ئارسلانخان دەپ ئاتاپ، قەشقەردە تۇردى، ئىككىنچى ئوغلى سۇلايمان بالاساغۇندا تۇردى.

مۇسا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، بۇددىزمنىڭ مەركىزى بولغان ئۇدۇننى ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن دىنىي ئۇرۇش قوزغىدى. مۇسا 977 - يىلدىن باشلىغان ئۇدۇنغا قارشى دىنىي ئۇرۇشنى 1001 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان ئاياغلاشتۇردى. بۇ ئۇرۇش ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلدى. ئىستېلا قىلىنغان ئۇدۇن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى.

1041 - يىلى قاراخانىيلار خانلىقى ئامۇ دەرياسى رايونىنىڭ ھۆكۈمرانى بۆرتېكىن بىلەن ئىبراھىم شەرق قىسىم چوڭ خانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولدى ۋە ئۆزىنى «تابغاچ» خان دەپ ئاتىدى. بىرلىككە كېلىپ بولغان خانلىق شۇنىڭدىن باشلاپ يەنە شەرقىي خانلىق بىلەن غەربىي خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتتى. شەرقىي خانلىقنى ھەسەن جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى سورىدى، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى تالاس، ئىسپىجاپ، تاش قەلئە (ھازىرقى تاشكەنت)، پەرغانىنىڭ شەرقىي قىسمى، يەتتىسۇ ۋادىلىرى ۋە قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. غەربىي خانلىقنى ئەلى جەمەتى ئەۋلادلىرى سورىدى، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئامۇ دەرياسى رايونى ۋە پەرغانىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇخارا پايتەخت بولدى. 1089 - يىلى سالجۇقىيلار خانلىقى بۇخارانى بېسىۋالدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي خانلىق سىياسىي جەھەتتە سالجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالدى. 1128 - يىلى يوللىغ تاشىن قەش

قەر شەھىرى ئەتراپىدا شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خاقانى ئەخمەدنى مەغلۇپ قىلدى. قەشقەر قاتارلىق جايلار قاراقىتانلارغا تەۋە بولدى. 1137-يىلى قاراقىتانلار خوجەند (ھازىرقى تاجىكىستاندىكى خوجەند) دە غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلدى، ئەسلىدىكى قاراخانىيلار خانلىقىغا تەۋە تېررىتورىيەمۇ قاراقىتانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

## 2. ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خان ساتۇق بۇغراخان بولدى. ساتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تاغىسىنىڭ قولىدىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى.

ساتۇق بۇغراخان 955-يىلى ۋاپات بولۇپ ئاتۇشقا دەپنە قىلىندى، ئۇنىڭ قەبرىسى «سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرى» دېگەن نام بىلەن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى.

ساتۇق ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مۇسا دادىسىنىڭ باقى قالغان ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسلام دىنىنى داۋاملىق تۈردە زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى ۋە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى. 960-يىلى مۇسا قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىكى 200 مىڭ چېدىرلىق تۈركلەرنى مەجبۇرىي ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇردى.① تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئىسلام دىنىغا قارىمۇقارشى ئىككى چوڭ كۈچ بار ئىدى: ئۇنىڭ بىرى، غەربىي ئايماق ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى، يەنە بىرى ئۇدۇن ۋىسارا تەگزىخان ھاكىمىيىتى ئىدى.

ئۇدۇن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بىر پارچە مۇستەقىل، يېگانە بوستانلىق ئىدى. «يىپەك

① ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار خانلىقى تارىخى»، 78-بەت.

يولى» ئېچىلغاندىن كېيىن، ئۇدۇن تەرەققىي
قىلىپ مۇھىم شەھەرگە ئايلاندى. ئىككى خەن سۇلا-
لىسى دەۋرىدە، ئۇدۇن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا
ئەينى زاماندا غەربىي يۇرتتىكى چوڭ دۆلەت سۈپىتىدە دەۋ-
ران سۈرگەن ئىدى. I ئەسىردە، بۇددا دىنى ئۇدۇنغا تارقى-
لىپ تېزكېڭىيىپ ئۇدۇن تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بۇددا دىنى
مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى جەنۇبىي،
شىمالىي سۇلالىلەر ۋە سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە، نۇرغۇن-
لىغان مەشھۇر بۇددا شۇناسلار ۋە راھىبلار بۇ يەردە ساۋام
قۇرۇپ، بۇددىزمنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى تەشۋىق قىلدى.
ئۇدۇننىڭ خان جەمەتى بولغان ۋىسارا جەمەتى ئىلگىرى-كېيىن
بولۇپ ئۇدۇندا 1000 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈردى، ئۇلار
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى خانلىقلارنىڭ يىلنامىلىرىدىكە
ئوخشاش «تۇڭچىك» دېگەن يىلنامەلەرنى قوللانغان، خەنزۇ-
چە كىيىم-كېچەك ۋە خەنزۇچە تاج كىيگەن، خەنزۇچە ئوردا-
قەسىرلەردە ئولتۇرغان. 938-يىلى، ئۇدۇن خانى ۋىسارا تەڭ-
رىخان ماجىرۇڭنى كېيىنكى جىن سۇلالىسىگە ئەلچى قىلىپ ئە-
ۋەتىپ، قاشتېشى سوۋغات قىلغان. ھەمدە كېيىنكى جىن
سۇلالىسى بەرگەن «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى
پەخىرى» نامىنى قوبۇل قىلغان. 987-يىلى
ئۇدۇن قىتان سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى، قىتانلار ئۇدۇندا
ئۇدۇن پادىشاھلىقى — ئەلچى مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى.

ساتۇقنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدە زورلۇق بىلەن
ئىسلام دىنىنى كېڭەيتكەنلىكى ئۇدۇندا ئەنسىزلىك پەيدا قىل-
دى. ئۇدۇن قەشقەردىكى بۇددىستلارنىڭ قارشىلىق كۆرە-
شىتىشىگە ياردەم بەرگەن ۋە ئۇلارنى قوللىغان. شۇ سەۋەب-
تىن ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشقان، ئۇدۇن خانى ۋىسارا

تەڭرىخان دەۋرىدە ئىككى دۆلەتنىڭ قەيشۇنلىرى تۇتىشىپ قالدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۇدۇن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان غەربىي ئايماق ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكتىن، ئۇستۇنلۇك قازاندى. 969 - يىلى، ئۇدۇن قوشۇنى قەشقەرنى ئىشغال قىلدى، 970 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋىساراسۇر شاجۇ ئايمىقىدىكى ساۋ يۈنجۇڭغا خەت يېزىپ، ئۇدۇننىڭ غەلىبە قازانغانلىقىنى يەتكۈزدى ۋە ئەلچى بىلەن مەكتۇپ ئەۋەتىپ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىگە مەلۇم قىلدى. خەنزۇچە يازما ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشىچە 971 - يىلى «ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ راھىبى جىشيالىڭ دۆلەت مەكتۇپىنى ئېلىپ كەلگەن، ئۇنىڭدا، سۇلى دۆلىتىنى ئالغانلىقى، ئۇسسۇل ئويناشنى بىلىدىغان بىر پىلنى تارتۇق قىلغانلىقى ئېيتىلغان»①، بۇ شۇ پاكىتنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوشۇنى خوتەن شەھرىنى ئالدى ۋە ئۇدۇن رايونىنى بۇددا دىنىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇر قىلدى②. ئىراق شىمالدا قاراخانىيلار خانلىقى غايەت زور توسالغۇغا ئۇچرىدى. ئەينى زاماندا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۇچا، چەرچەن، قۇچۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي ئايماق ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى ئارسلانخان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئۇزاق ۋاقىتقىچە (تاكى XII، XIV ئەسىرگىچە) كۇچانىڭ ئېرىسىغا ئۆتەلمىدى.

قاراخانىيلار خانلىقى ئۆزىنىڭ زېمىنى دائىرىسىدە زور

①② «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى».

كۆلەمدە مەسچىتلەرنى سالدۇردى، دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، دىن تارقاتقۇچى تايانچلارنى تەربىيىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەرەب ۋە پارس مەدەنىيىتى ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن بىللە غەربىي يۇرتقا ئۈزلۈكسىز سىڭىپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن، بىر تەرەپتىن، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيىتىگە يېڭى مەزمۇن ۋە يېڭى تۈس قوشۇلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دىنىي بىر تەرەپلىمىلىك تۇپەيلىدىن، ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان، ئىزچىل تۈردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بۇددا مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى ئەجەللىك زەربىگە ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق قاتارلىق نەپىس سەنئەت جەھەتتە يۈز يىلغىچە سوزۇلغان ئۇزاق بىر بوشلۇق پەيدا بولدى.

ئىسلام دىنىنىڭ X ئەسىردىن باشلاپ شەرققە تارقىلىشى، مەيلى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا بولسۇن ياكى غەربىي يۇرت تارىخى ۋە پۈتكۈل ئىسلام دىنى تارىخىدا بولسۇن، چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇ XVI ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلەش ئۈچۈنلا ئاساس سېلىپ قالماستىن، بەلكى كېيىنكى چاغلاردا غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى ئۈچۈنمۇ ۋاسىتىلىك ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى، بۇنى تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

### 3. ئىجتىمائىي ئىگىلىكى

قاراخانىيلار خانلىقى ئومۇميۈزلۈك «ئىكتا» تۈزۈمىنى يولغا قويدى ۋە ئۇنى يەرگە بولغان ئىگىدارلىق تۈزۈمىنىڭ ھۆكۈمرانلىق شەكلىگە ئايلاندۇردى. ئىكتا تۈزۈمى سۇيۇرغال-

لىق تۈزۈمى ئىدى، بۇنىڭدا دۆلەت يەرنى بىرقانچىلىغان چوڭ - كىچىك سۇيۇرغاللىق يەرگە بۆلۈپ، بىر قىسمىنى ۋارىسلىق ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان سۇيۇرغاللىق يەر سۈپىتىدە، يەنە بىر قىسمىنى ئۆمۈرلۈك مۈلۈك يەر سۈپىتىدە ئاقسۆڭەك ۋە ئەمەلدارلارغا ئىنئام قىلىپ بېرەتتى. سۇيۇرغاللىق يەرگە ئىگە بولغۇچىلار دۆلەت تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە بېرىلىدىغان مائاش ھېسابىغا سۇيۇرغاللىق يەردىن دۆلەتكە تاپشۇرۇلىدىغان باجنى يىغىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى؛ بىراق سۇيۇرغاللىق يەردىكى ئادەم ۋە مال - مۈلۈككە قارىتا ئىگىدارچىلىق قىلىش ياكى نىسپىي ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى.

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىلدىن ئىبارەت ئىدى:

1. دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر: بۇ ئاساسەن قاراخانىيلار خانلىقى باشقا رايونلارنى بويسۇندۇرغاندا دۈشمەن تەرەپتىن مۇسادىرە قىلغان دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر بىلەن بەزى ئەمەلدارلارنىڭ يېرى، شۇنىڭدەك ئۆز دۆلىتىدىكى خۇسۇسىيلارغا تەئەللۇق بولمىغان يەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

2. مەسچىتلەر ۋە دىنىي مەكتەپلەرگە تەۋە يەر: بۇ ئاساسەن دىنىي فېئوداللار ھەدىيە قىلغان يەر ئىدى.

3. فېئوداللارنىڭ يېرى: بۇنداق يەرلەر فېئوداللارنىڭ شەخسىي ئىگىدارچىلىقىدا بولاتتى، ئۇنى يېرى يوق ياكى يېرى ئاز دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، ئىجارە ھەققى ئېلىناتتى.

4. ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ يېرى: بۇ خىل يەر ئىگىدارچىلىقى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئومۇمىي يەر مىقدارى ئىچىدە ئانچە كۆپ سالماقنى ئىگىلى-

مەيتتى. ئۇلار خانلىققا باج - سېلىق تۆلەيتتى. ئۇلارنىڭ يېرىنى فېئوداللار ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىپ، ئۇلارنى يەرسىز دېھقانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئېھتىمالى ھەرقاچان مەۋجۇت ئىدى.

5. يېزا جامائەسىنىڭ يېرى: قاراخانىيلار خانلىقىدا يېزا جامائەسىنىڭ يېرى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت جامائەت تۈزۈمىدىن قېپقالغان قالدۇق يەر ئىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يەر ئىگىدارچىلىق شەكلى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى يېزا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈردى. مەيلى روھانىي فېئودااللار، دەھرىي فېئوداللار بولسۇن ياكى دۆلەت بولسۇن، ھەممىسى ئۆز يېرىنى يېرى يوق ياكى يېرى ئاز دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى، ئىجارىكەش دېھقانلار ئېغىر فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ئاستىدا نامرات تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختى قەشقەرگە كۆچۈرۈلۈشتىن ئاۋۋال، بۇ يەردە دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك، توقۇمىچىلىق ۋە كانچىلىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلغانىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شۈەنزاڭ بۇ يەرگە كەلگەندە، بۇ جاينىڭ «تۇپرىقى مۇنبەت، زىرائەتلىرى بولۇق، دەل - دەرەخلىرى باراقسان، مېۋە-چېۋىلىرى كۆپ» ئىكەنلىكىنى كۆرگەن؛ خوتەن رايونىنىڭ «ئاشلىق زىرائەتلىرى ئوخشايدىغان، مېۋە-چېۋىلەر كۆپ چىقىدىغان»، «توقۇمىچىلىرى شايى-ئەتلەس توقۇشقا ماھىر»، «پۇقرالىرى باياشات، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق كەسپى بار» ئىكەنلىكىنى كۆرگەن①. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ غەربىي تېررىتورىيىسىنى تەشكىل قىلغان ماۋرا ئۇننەھر رايونىدىمۇ دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە كانچىلىق

① «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، 12- جىلد.

ئىشلىرى راۋلىج تاپقان. بۇ يەردە سۇ ئىنشائاتى بىر قەدەر ياخ-
شى بولۇپ، ئېرىقلار، باغلار ۋە ئورمانلار سۇغىرىدىلاتتى.
شەھەرلەر سۇ بىلەن تەمىنلىنەتتى. سەمەرقەند
شەھىرىنىڭ ئەتراپى نەچچە ئون چاقىرىم يەرگىچە
ھەممىسى باغ بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ يۈز نەچچە
چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا باراتتى. ھەممە ئائىلىدە باغ، باغدا مېۋە
بار ئىدى، مېۋە-چېۋە، كۆكتات، قوغۇن-تاۋۇز مول ئىدى.
ئاشلىق زىرائەتلىرى بۇغداي، كېۋەز، ئارپا، كۆممىقوناق، پۇرچاق
قاتارلىقلارلى ئاساس قىلاتتى. يەتتىسۇ رايونى دېھقانچىلىق-
چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېرىم ئولتۇراق-
لاشقان چارۋىچىلىق ۋە ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا
كۆچكەن.

قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاراخانىيلار خانلىقى ئىگىلىكىدە
ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كان قې-
زىش، مېتال تاۋلاش، توقۇمىچىلىق، كۇلالچىلىق، ئەينەك
بۇيۇملار، قەغەز ياساش قاتارلىق كەسپلەر خانلىق ئىقتىسا-
دىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. كان مەھسۇلاتلىرىدىن
ئاساسلىقى تۆمۈر، قەلەي، ئالتۇن، كۈمۈش، نۆشۈدۈر ۋە ھەر
خىل ياقۇتلار بار ئىدى. ھۈنەرۋەن ئۇستىلار ھەرخىل تۆمۈر
قورال-سايمانلارنى ياسىيالايتتى، كۈمۈش ئايرىيتتى، ئالتۇن-
دىن تۈرلۈك زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىنى، مىسلەن ئالتۇن
كەمەر، ئالتۇن ئوقدان قاتارلىقلارنى ياسىيالايتتى. مېتال بۇ-
يۇملار ئىچىدە يەنە ھەربىي قورال-ياراق، ساۋۇت، ئېگەر-
جابدۇق قاتارلىق نەرسىلەرمۇ بار ئىدى؛ خەلق تۇرمۇشىدا
ئىشلىتىدىغان بۇيۇملاردىن ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى،
قاچا-قۇچا، قازان-قومۇچلار؛ ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىدىن چى-
راغ، سىياھدان-قەلەمدان بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە

قىزىل مىستىن چاقا پۇللارنى قۇيالايتتى①. توقۇمىچىلىق يۈك توقۇمىچىلىقى ۋە پاختا توقۇمىچىلىقى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنەتتى. شەرقىي قىسمىدىكى رايونلاردىن ئاساسلىق پاختا رەخت چىقاتتى، بولۇپمۇ چەكمىنى دۇنياغا داڭلىق ئىدى. پاختا رەختكە يەنە بوياق بېرەلەيتتى، گۈل باسالايتتى. قەشقەر، ئۇدۇن، يەكەنلەردە رەڭگى ۋە نۇسخىسى ناھايىتى چىرايلىق گىلەملەر توقۇلاتتى.

ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇئەييەن ئورۇندا تۇراتتى. قەشقەر شەھىرىدىكى خانئۆيي قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ۋە قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سوسەن قەدىمكى قەلئە خارابىسىدىن ئەينەك قاچىلارنىڭ پارچىلىرى تېپىلدى. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ توققۇزساراي خارابىلىقىدىن بىر دانە ئاچ سېرىق قەدەھ تېپىلدى، ئۇ نەپىس، گۈزەل ئىشلەنگەن بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ھۈنەر-سەنئەتنىڭ قىممەتلىك مىراسىدۇر. چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ۋاششەرى خارابىسىدىن بىر ئەينەكچىلىك دۇكىنى ۋە بۇزۇلمىغان ئېگىز بويۇن خۇمرا قېزىۋېلىندى.

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى ساپال كۈلالچىلىق گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. ئارخېئولوگلار قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىن نۇرغۇنلىغان خۇمدان ۋە كولالچىلىق سايمانلىرىنى تاپتى. ئەينى زاماندىكى كۈلالچىلىقتا ئومۇمىيۈزلۈك پىرقىرىغۇچ ئىشلىتىلەتتى. ئىشلەپچىقىرىلغان ساپال قاچىلار ھۈنەر-سەنئەت جەھەتتە نەپىس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەھسۇلات مىقدارىمۇ كۆپ ئىدى، تاغلىق جايلار ۋە چەت ياقا يۇرتلاردىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىشلەنگەن سىرلىق ساپال قاچىلارنى تاپقىلى بولاتتى. سىرلىق ساپال

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 190-بەت.

قاچىلار كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى مۇھىم قاچا ـ قۇچا بولۇپ ھېساپلىناتتى. بۇ قاچىلار نېپىز، نۇسخىلىرى خىلمۇخىل بولۇپ، ئۇلارغا گېئومېتىرىيىلىك شەكىل، ئۆسۈملۈكلەر شەكلى، ئۇچار قۇشلارنىڭ سۈرىتى، ئادەم سۈرىتى ۋە ئەپسانىلەردىكى ئوبرازلار چۈشۈرۈلەتتى. تۈرلىرىدىن ئىۋرىق، لوڭقا، كوزا، تاۋاق، تەخسە، جام، كۈپ، پەتنۇس قاتارلىقلار بار ئىدى.

قاراخانىيلار خانلىقى ئوتتۇرا ئۆزلەڭلىك بىلەن غەربنىڭ قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە سۇڭ، لياۋ سۇلالىلىرى بىلەن، جەنۇبتا ھىندىستان، ئافغانىستان، غەربتە ئىران ۋە غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسى قىلىپ كەلگەنىدى. ئەينى زاماندا سودا ـ سېتىق ۋە مال ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ خىل كىشىلەر ئىدى: بىرى — بىۋاسىتە تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار، مەسىلەن، باپكارلار ۋە باشقا قول ھۈنەرۋەنلەر؛ ئىككىنچىسى — ئۇششاق ھۆپىگەرلەر ۋە تىجارەتچىلەر؛ ئۈچىنچىسى — چوڭ سودىگەرلەر. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى فېئوداللار ياكى خانلىق بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغانلار. چېگرىدىن چىقىپ سودىگەرچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىپ قالغاندا ئەلچىلىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ كارۋانلىرىمۇ «ئەلچىلەر ئۆمىكى» بولۇۋالىدۇ.

سودا تەرەققىياتى پۇل ئوبوروتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئارخېئولوگلار ھازىرقى شىنجاڭ، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تاجىكىستان قاتارلىق جايلاردىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پۇلىنى زور مىقداردا قېزىپ تاپتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۇڭ سۇلالىسى، غەزنىۋىيلەر خانلىقى ۋە سالجۇقىيلار خانلىقىنىڭ پۇللىرىنىمۇ ئۇچراتتى.

## 4. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا شانلىق بىر سەھىپە ئېچىلغان دەۋر، «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» بۇ دەۋردىكى ئاساسلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇندا تۇغۇلغان. 1068 - يىلى بالاساغۇندىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ دىداكتىك داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» («بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم») نى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يازغان. ئۇ كىشىلەرنى بىلىم ئىزدەشكە، ئەقىل - پاراسەتنى ئاشۇرۇشقا دەۋەت قىلىندۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەر شېئىرىيەت ئۇسلۇبىدىكى ئىنتايىن قىيىن بولغان ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتاقارىپ بەھرى ۋە مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەكلىدە يېزىلغان، بەزىلىرى «رۇبائىي» (تۆتلىك) شەكلىدە يېزىلغان. بۇ داستان 85 باب، 13 مىڭ 290 مىسرادىن تەركىب تاپقان. داستاندا ئادالەت، بەخت، ئەقىل ۋە قانائەت قاتارلىق يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە تۆت پېرسوناژ يارىتىلىپ، ئۇلارغا سىمۋول خاراكتېرلىك نام قويۇلغان، ئاپتور ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ۋە جەمئىيەتكە بولغان مۇلاھىزىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن ۋە شەرھلىگەن.

داستاننىڭ «نەزمى مۇقەددىمىسى» دە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

ئەدىلگە «كۈنتۇغدى» ئېلىگ،
ئېتى بېرىلىپ، پادىشاھ ئورنىغا قويۇلغان.
دەۋلەتكە «ئايتولدى» دەپ ئات قويۇلۇپ،

ۋەزىر ئورنىغا قويۇلغان؛
ئەقىلگە «ئۆگدۈلمىش» دەپ ئات قويۇلۇپ،
ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئورنىغا قويۇلغان؛
قانائەتكە «ئودغۇرمىش» ئېتى بېرىلىپ،
ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى دەپ ئېيتىلغان.①

مەزكۇر كىتابنىڭ جەۋھىرى مۇشۇ تۆت ئەخلاق - پەزىلەت بولۇپ، ئۇ باشتىن - ئاياغ مۇشۇ كىتابىغا سىڭدۈرۈلگەن. پادىشاھ — كۈنتۇغدى ئادالەت ۋە قانۇنغا، ۋەزىر — ئايتولدى بەخت - سائادەتكە، ئۆگدۈلمىش — ئەقىل - پاراسەتكە، ئۇدغۇرمىش — زاھىت - «قانائەت»، «باقى ئالەم»گە سىمۋول قىلىنغان. داستاننىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى — كىشىلەرنى ھەققانىيەتنى ياقلاش، بەخت - سائادەتكە ئىنتىلىش، ئەقىل - پاراسەتنى ئاشۇرۇشقا دەۋەت قىلىش، كىشىلەرگە قانائەتچان بولۇش، باتۇر بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش، كىشىلەرنى بىلىم ئېلىشقا ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇ پەلسەپە، لوگىكا، ئەخلاق، ئېستېتىكا، سىياسىي، قانۇن، ئىجتىمائىيەت قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى نامايەندە بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى ھەم مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

XIX ئەسىردىن بۇيان، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قول يازما نۇسخىسىنىڭ تېپىلىشى مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى

① «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ «نەسرىي مۇقەددىمە»سى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 7- بەت.

ئالىملارنىڭ ئىنتايىن زور دىققىتىنى قوزغىدى، نۇرغۇنلىغان ئالىملار بۇ جەھەتتە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ باردى. بۇ ئەسەر نېمىس، رۇس، ۋېنگىر، تۈرك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. هازىر «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسى مەۋجۇت: بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى، هازىر ۋېنادا ساقلانماقتا. قالغان ئىككىسى ئەرەبچە نۇسخا، ئۇلاردىن بىرى 1897 - يىلى مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدىن تېپىلغان بولۇپ، قاھىرە نۇسخىسى دەپ ئاتالغان، يەنە بىرى 1924 - يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ نەمەنگەن (پەرغانە) شەھىرىدىن تېپىلغان بولۇپ، نەمەنگەن نۇسخىسى دەپ ئاتالغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مۇئەللىپى قەشقەرلىك مەھمۇد. ئۇ خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، هازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كېزىپ، بىۋاسىتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدىن تارتىپ ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى ماۋرائۇننەھر رايونىغىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىز قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ تىل ۋە ناخشا - قوشاقلىرىنى خاتىرىلەپ، 1072 — 1074 - يىللىرى بۇ مەشھۇر ئەسىرىنى باغداد شەھىرىدە ئەرەب تىلىدا يېزىپ چىققان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» قامۇس شەكلىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ. ئۇنىڭغا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ 200 دىن كۆپرەك قەدىمكى ناخشا - قوشاقلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپلا قالماي، بەلكى قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىنى، ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى، دىنىي - ئېتىقادىنى، مىللەتلەر-

نىڭ كېلىپ چىققانلىقى، جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلىرىنى ۋە مەدە-
نىيەت - سەنئەتنى تەتقىق قىلىشىمىزنىمۇ مول ماتېرىيال
بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ. كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى يوقىلىپ
كەتكەن. 1266 - يىلىدىكى كۆچۈرمە نۇسخىسى 1914 - يىلى
تېپىلغان، بۇ ھازىر تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل مىللەتلەر
كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئېلىمىزدە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە يەش-
مىسى نەشر قىلىندى.

5. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلا-
لىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

قاراخانىيلار خانلىقى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا ۋۇجۇدقا
كەلگەن يەرلىك ھاكىمىيەت بولسىمۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى
سۇلالىلەر بىلەن يېقىن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن.
1009 - يىلى (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ شياڭفۇ 2 - يىلى)
«قاراخان ئۇيغۇر روزۇس قاتارلىق كىشىلەرنى سۇڭ سۇلا-
لىسىگە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى تارتۇق قىلىشقا ئەۋە-
تىپ سۇڭ سۇلالىسىدىن «ئەلچى ئەۋەتىپ بۇ چەت دىيارنىڭ
ھالىنى سوراش» ئۈمىدىنى ئىزھار قىلغان. 1063 - يىلى
(جياۋيۇنىڭ 8 - يىلى) «يەنە روساۋىنى يەرلىك ئالاھىدە
مەھسۇلاتلارنى تارتۇق ئېلىپ بارىدىغان ئەلچى قىلىپ ئەۋەت-
كەن»، سۇڭ رېنزۇڭ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانىغا
«سادىق، ئىتائەتمەن ئالتۇن قاناتلىق شۇڭقار قاراخان» دېگەن
نامنى بەرگەن. 1081 - يىلى (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەنفېڭ
4 - يىلى) قاراخان «ھەسەننى سۇڭ شېنزۇڭنىڭ ھۇزۇرىغا
بېرىشقا بۇيرۇغان»، سۇڭ شېنزۇڭنى «كۈن چىقىشتىكى ئۇلۇغ
دۇنيانىڭ خوجىسى، جەنۇبىي ئاغىمىز، ئۇلۇغ شاھ دەپ
ئاتىغان.»①

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى» گە قارالسۇن.

قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنىڭ ئىسمىغا دائىم «تابغاچ» دېگەن ئۇنۋاننى قوشاتتى. «تابغاچ» شىمالىي ۋېي خان جەمەتىنىڭ فامىلىسى «توبا» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «جۇڭگو» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ باشلىقلىرى ئۆز ئىسمىغا «تابغاچ» دېگەن ئۇنۋاننى قوشۇپ ئۆزىنى «جۇڭگو پادىشاھى» دەپ ھېسابلايتتى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى ئىبراھىمخان ئۆزى قۇيدۇرغان پۇلنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن خەتتە ئۆزىنى «شەرق ۋە جۇڭگونىڭ سۇلتانى» دەپ ئاتىغان، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تابغاچ» نى «ماچىن» دېگەن نام بىلەن ئىزاھلىغان، قاراخانىيلار خانلىقى تۇرۇۋاتقان جاينى «تۆۋەنكى چىن» دەپ ئاتىغان. مۇئەللىپ مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىمۇ چىنلىق (جۇڭگولۇق) دەپ ئاتىغان.

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ لياۋ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئىنتايىن قويۇق بولغان. 933 - يىلى قاراخانىيلار خانلىقى تۇنجى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى لياۋ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن، بۇ ئىش تارىخنامىلەردە «ئۇيغۇر ئارسلان تارتۇق ئېلىپ كەلدى» دەپ يېزىلغان. 940 - يىلى تەيشۇ «مولىخۇ ۋولى دېگەن كىشىنى ئۇيغۇرلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، ئۇ قايتقاندا، كىيىم - كېچەك ئىنئام قىلىپ ھال سورىغان.» «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، قاراخانىيلار خانلىقى لياۋ سۇلالىسىگە جەمئىي 16 قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە 13 قېتىملىقى ئوردىغا «ئولپان تاپشۇرۇش» دەپ ئاتالغان. لياۋ سۇلالىسى سۇڭ سۇلالىسىدىن ئالغان زور مىقداردىكى «كۆمۈش پۇل» نى، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا ئاپىرىپ ساتقان. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سودىگەرلىرىمۇ لياۋ سۇلا-

لىسىنىڭ شاڭجىڭ (ئۇستۇن ئاستانە) سىگە كېلىپ سودا قىلغان. لياۋ سۇلالىسى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇپ قېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، شاڭجىڭنىڭ جەنۇبىي قەلئەسىدە «ئۇيغۇرلار مەھەللىسى» قۇرۇپ بەرگەن.

## §38. قاراقىتان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە هۆكۈمرانلىق قىلىشى

### 1. يوللىغ تاشىنىڭ غەربكە كۆچۈشى

قاراقىتان خانلىقى — لياۋ سۇلالىسى (907 — 1125) هۆكۈمران بولۇش هارپىسىدا، قىتان ئاقسۆڭەكلىرىدىن يوللىغ تاشى ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ بېرىپ، ئىلى دەرياسى ۋە بالاساغۇندا قۇرغان هاكىمىيەت. قىتانلار — شەرقىي خۇز سىيانپىي يېزۇۋېن قەبىلىلىرىنىڭ بىر تارمىقى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا، قىتانلارنىڭ ئاقساقىلى يوللىغ ئاباكى قىتان قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈندىن-كۈنگە قۇدرەت تېپىپ، 907-يىلى خانلىق تەختىگە چىقتى. 916-يىلى ئۇ ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى، يىلنامىنى بېكىتىپ، دۆلەت نامىنى قىتان دەپ ئاتىدى. 947-يىلى دۆلەت نامىنى بۈيۈك لياۋغا ئۆزگەرتتى؛ 983-يىلى يەنە بۈيۈك قىتانغا ئۆزگەرتتى؛ 1066-يىلى يەنە بۈيۈك لياۋ دېگەن نامنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

پادىشاھ تيەنزو دەۋرىدە، خېيلۇڭجياڭ ۋە سۇڭخۇاجياڭ دەريالىرى ئەتراپىدىكى جۇرجىتلار كۈنسېرى قۇدرەت تاپتى. 1122-يىلى قەبىلە باشلىقى ئاگۇدانىڭ قوماندانلىقىدا ئۈزلۈكسىز جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، قىتانلارغا هۇجۇم قىلدى. 1124-

يىلى قىتانلارنىڭ پايتەختى نەنجىڭ (يەنجىڭ) نى بېسىۋالدى. پادىشاھ تيەنزو جياشەن تېغىغا قاچتى. باش ۋەزىر لى چۈۋېن ۋە قىتان جەمەتىدىن بولغان يېلۈلىغ تاشىن قاتارلىقلار يەنجىڭدا قالغان يېلۈلىغ چۈننى خان قىلىپ تىكلەپ، يىلنامىسىنى جيەنفۇغا ئۆزگەرتتى، 12 - ئايدا جۇرجىت قوشۇنلىرى جۈييۇڭگۇەن ئېغىزىغا كىرىشى بىلەن، قىتانىنىڭ پايتەختى نەنجىڭ قولدىن كەتتى. 1123 - يىلى يېلۈلىغ تاشىن قىتان قوشۇنىنى باشلاپ تيەندې قوشۇنى تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى، جۈييۇڭگۇەن ئېغىزىدا جۇرجىت قوشۇنى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىندى. 9 - ئايدا يېلۈلىغ تاشىن ئەسكەرلىرى بىلەن قېچىپ چىقىپ، پادىشاھ تيەنزونىڭ ئالدىغا باردى. تيەنزو تاشىننىڭ ئەسكەرلىرىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئەسكەر تارتىپ چىقىپ يەنجىڭنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى، تاشىن قارىملىق قىلىشقا بولمايدۇ دەپ ھېسابلاپ، سىياسىي كۆز قاراشتا ئوخشاش بولماي قالدى. تاشىن قىتان سۇلالىسىنىڭ گۇمران بولۇشىغا كۆزى يېتىپ، ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ غەربكە كەتتى.

1124 - يىلى يېلۈلىغ تاشىن 200 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ غەربىي شىمال تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، خاتۇنبالىقتا چېگرا رايونىدىكى يەتتە ئايماق - شەھەر (ۋۋۋېي، چۈگدى، خۇيفەن، شىن، دالىن، زىخې، تۇ قاتارلىق ئايماقلار) ۋە داخۇاڭ شىرۋى، دېلا، قوڭجىۋرات، مېركىت، نايمان قاتارلىق 18 قەبىلە خانلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىنى چاقىردى، قۇرۇلتايدا تاشىن مۇنداق دېدى: «ئاتا - بوۋىلىرىمىز مىڭ تەستە ئىگىدارلىق تىكلەپ، توققۇز پادىشاھ، 200 يىل ۋاقىت ئۆتتى. جىن سۇلالىسىنىڭ ئىستېلا قىلىشى تۈپەيلىدىن ئېلىمىز قىيىن - قىستاق ئىچىدە قالدى. پۇقرالىرىمىز دەپسەندە قىلىندى، يۇرتىمىز تالان - تاراج قىلىندى، پادىشاھىمىز تيەنزو ياقا يۇرتتا

مۆكۈنۈپ يۈرۈۋاتىدۇ، كېچە-كۈندۈز قاتتىق ئازاب ئىچىدە ئۆتمەكتىمىز. ئەمدى مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمدىكى مەقسەت ھەرقايسى ۋاسساللارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئەشەددىي دۈشمىنىمىزدىن ئىنتىقام ئېلىپ، زېمىنىمىزنى قايتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت.»① ئۇنىڭ دۆلەت-خەلق ئۈستىدە قايغۇرۇپ سۆزلىگەن بۇ مەردانە سۆزلىرى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشتى، ھەممىسى ئەسكەر چىقىرىپ، يوللىغ تاشىنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇردى، ئۇ 10 مىڭ كىشىلىكتىن كۆپرەك خىل قوشۇنغا ئېرىشتى. ئەمەلدارلارنى تەيىنلەپ، قوشۇننى بەرپا قىلىپ، قورال-ياراغ تەييارلاپ، قايتىدىن يېڭى ھەربىي كۈچ تەشكىل قىلدى.

1130-يىلى يوللىغ تاشى شەرققە يۈرۈش قىلىپ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، غەربكە يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ غەربىي ئايماق ئۇيغۇر خاقانى بىلگىگە خەت يېزىپ، ئەرەبلەر تەرەپكە ئۆتۈشكە يول بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بىلگە خاقان يوللىغ تاشىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن 600 ئات، 100 تۆگە، 3000 قوي تەقدىم قىلدى. يوللىغ تاشى ئۇيغۇرلار يۇرتىدىن چىقىپ، ئېمىل (ھازىرقى چۆچەك ئەتراپى) غا يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ يەردە قورغان-قەلئە سالدۇردى ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك ئادەم ۋە ماددىي كۈچىگە تايىنىپ سىياسىي ۋەزىيەت قالايمىقان بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ رايوندا پۇت تىرەپ تۇردى. بۇ چاغدا، بالقاش كۆلى ئەتراپىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەر ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ شىمالىي باش ۋالىيسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقتى. يوللىغ

① «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. پادىشاھ تيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە» 4-، 30-جىلد.

تاشىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ شىمالىي باش ۋالىيسىنىڭ قوز-غىلاڭنى باستۇرۇشىغا ياردەم بەرگەندىن كېيىن، بالاساغۇن شەھىرىگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، سىر دەرياسى ۋادىلىرىدىكى كەڭ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، قاراقىتان سۇلالىسىنىڭ ئۇلىنى تىكلىدى.

## 2. قاراقىتان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

يوللىغ تاشىن بالاساغۇنغا كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، سىياسىي ۋە ھەربىي ۋاستىگە تايىنىپ، بىر قاتار غەلىبىلەرگە ئېرىشتى.

سىياسىي ۋاستىنى ئاساسەن غەربىي ئايماقتا قوللاندى. غەربىي ئايماق ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى بىرىنچى بولۇپ يوللىغ تاشىننى قوللىغان. شۇڭا، تاشىن بالاساغۇندا قۇدرەت تاپقان ۋە تەرەققىي قىلغان چاغدا، غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى تەبىئىلا قاراقىتانلار خانلىقىنىڭ بىرىنچى تۈركۈم پۇقراسىغا ئايلاندى.

ھەربىي ۋاستىنى ئاساسەن قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرگە قوللاندى. 1128 - يىلى قاراقىتان قوشۇنلىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسى ئارقىلىق تىيانشاندىن ئۆتۈپ، تويپتوغرا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى جايلارغا كىردى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى قاغانى ئەخمەد قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قوشۇنىغا ئۆزى باشچىلىق قىلىپ، قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدا قاراقىتان قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلدى. قاراقىتان قوشۇنلىرى قاراخانىيلار خانلىقى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ئەخمەد جەڭدە قازا تاپتى. قاراقىتان قوشۇنلىرى ئارقىدىنلا

يەنە يەكەن، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى ھۇجۇم بىلەن بېسىۋالدى.

1132 - يىلى يېلىغ تاشىن ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى كېرمان شەھىرىدە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، گورخان دەپ ئاتىدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا تيەنيۇخان (تەڭرى ساقلىغان خان مەنىسىدە) غا، يىلنامىسىنى يەنچىڭغا ئۆزگەرتتى. ئۆز بوۋىسىنى تۇنجى ۋارىس پادىشاھ، مومىسىنى ئادالەتچى خانىش دەپ ئاتىدى. يېلىغ تاشىن بەرپا قىلغان بۇ ھاكىمىيەت تارىختا «غەربىي لياۋ» ياكى «قاراقىتان خانلىقى» دەپ ئاتالدى.

يېلىغ تاشىن چوڭدى دېگەن تەخەللۇسىنى قوللانغان بولۇپ، لياۋ خانلىقى پادىشاھى يېلىغ ئاباگىنىڭ 8 - ئەۋلاد نەۋرىسى ئىدى. تارىخىي خاتىرىلەردە ئۇ «قىتان، خەنزۇ تىللىرىنى پىششىق بىلىدۇ. ئۇستا چەۋەنداز ۋە مەرگەن» دەپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا قەلەم ۋە ئەلەم جەھەتتە قاتتىق تەلىم ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ تەشرىپ دارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، مەرىپەتچىلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكتىن، كىشىلەر ئۇنى باش ئۆلىما مەنىدە تاشىن دەپ ئاتاشقان. ئۇ يەنە ماھىر چەۋەنداز ۋە مەرگەن بولۇپ، ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ كامالەتكە يەتكەن ئەرباب ئىدى.

1134 - يىلى يېلىغ تاشىن بالاساغۇنغا قايتىپ كەلدى ۋە بۇ يەردە ئوردا قۇردى، ئۇنىڭ نامىنى قۇز ئوردۇغا (قىتانچە قۇدرەتلىك ئوردا دېگەن مەنىدە)، يىلنامىنى يەنچىڭنىڭ 3 - يىلىدىن كانگونىڭ تۇنجى يىلىغا ئۆزگەرتتى، ئەتراپىدىكى شەھەر - قەلئەلەرگە ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاراقىتانلارنىڭ پايتەختى قۇزئوردۇدا بولدى. شۇ يىلى يېلىغ تاشىن لياۋ سۇلالىسىنى قايتا تىكلەش مەقسىتىدە سائۇلىلانى باش ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلىدى ۋە 70 مىڭ كىشىلىك چەۋەنداز بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلىپ، جورجىتلار

قورغان جىن سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتتى. كې-
يىن بۇ قوشۇن چۆللۈكتە كىرىپ قېلىپ، ئات، كالىلىرىنىڭ
تولىسىنىڭ قىرىلىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي،
نەتىجىسىز قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن
يەللىغ تاشىن لياۋ سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانىدىن
ۋاز كېچىپ، غەربتىكى جايلارنى ئىدارە قىلىشقا باشلىدى.
1137 - يىلى قاراقىتانلار قوشۇنى غەربىي قاراخانىيلار خانلى-
قىنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلدى، بۇ ئۇرۇشتا قاراقىتان-
لار قوشۇنى غەلىبە قىلدى. شۇ يىلى يەنە شەرقتىكى قۇچۇغا
يۈرۈش قىلىپ، بېشبالىقنى ئىشغال قىلدى، ئۇيغۇر خانى تەس-
لىم بولۇپ، خان دېگەن نامدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى «ئىدىقۇت»
دەپ ئاتايدىغان بولدى. 1141 - يىلى قاراقىتانلار قارلۇقلار-
نىڭ سالجۇقىيلار خانلىقىغا قارشى كۈرىشىگە ياردەم
قىلىپ، سالجۇقىيلارنى سەمەرقەندتە مەغلۇپ قىلدى،
يەللىغ تاشىن سەمەرقەندنى ئىشغال قىلدى، غەربىي
قاراخانىيلار قاراقىتانغا تەۋە بولدى.

قاراقىتانلار قەشقەرگە ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، بىر قى-
سىم قوشۇنلىرىنى ئايرىتىپ ئامۇ دەرياسى قىرغىقىغا ئەۋەتىپ،
سەمەرقەند سۇلتانى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىپ، غەلىبە قا-
زاندى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي شىمالغا قاراپ غەلىبىسىرى ئىل-
گىرىلەپ، خارەزىمگە ھۇجۇم قىلدى. خارەزىم پادىشاھى ئاتسىز
تەسلىم بولۇپ، قاراقىتانلارنىڭ بېقىندىسى بولۇشقا ۋە ھەر
يىلى 30 مىڭ دىنار، زور تۈركۈم مال ۋە چارۋىلارنى تار-
تۇق قىلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن قاراقىتانلار
ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى فېئودال بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنى
يوقىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا
بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك فېئودال دۆلەت ھاسىل قىلدى.

قاراقىتانىنىڭ چېگرىسى شىمالدا بالقاش كۆلىنىڭ شىمالىدىكى باقىت تاغلىرىغىچە، غەربتە خارەزىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئارال دېڭىزىغىچە؛ شەرقتە بېشبالىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىچە، شەرقىي جەنۇبتا خوتەنگىچە، غەربىي جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىغىچە يېتىپ باردى.

1143 - يىلى (كانگودىڭ 10 - يىلى) يوللىغ تاشىن كېسەل بىلەن ئۆلدى، ئۇنىڭ ھەددىگەلىكىنىڭ نامىنى خەنزۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە دېزۇڭ دەپ ئاتىدى. يوللىغ تاشىنىڭ ئوغلى يوللىغ ئىلە تېخى گۆدەك بولغاچقا، ئەلنى خانىمىش تابويەن سورىدى. 1150 - يىلى تابويەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ياندۇرقى يىلى يوللىغ ئىلە تەختكە ۋارىسلىق قىلدى، يىلنامىنى شاۋ شىڭغا ئۆزگەرتتى، ئۇ تەختتە 13 يىل ئولتۇردى، ئۇنىڭ ھەددىگەلىكىنىڭ نامىنى رېنزۇڭ دەپ ئاتىدى. 1163 - يىلى (شاۋشىڭنىڭ 10 - يىلى) رېنزۇڭ كېسەل بىلەن ئۆلدى، ئۇنىڭ ئوغلى گۆدەك بولغاچقا، رېنزۇڭنىڭ سىڭلىسى پۇسۇۋەن ۋەسىيەت بويىچە ۋەكالىتەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنى چىڭتيەن خانئانا دەپ ئاتىدى؛ يىل نامىنى چۇڭفۇغا ئۆزگەرتتى. 1178 - يىلى رېنزۇڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى جىلۇگو خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، يىل نامىنى تيەنشىگە ئۆزگەرتتى، ئۇ قاراقىتانلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى بولۇپ، ئىقتىدارسىز، كالۋا ئادەم بولغاچقا، ئوردا ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي، بەتخەجلىك قىلىپ، دۆلەت خەزىنىسىنى قۇرۇتۇۋەتتى، خەلق ئۇنىڭغا نەپرەت ياغدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز قارشى چىقتى.

ئەينى زاماندا قۇدرەت تاپقان موڭغۇللارنىڭ سەركەردىسى تېمۇرچىن موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش داۋامىدا 1204 - يىلى نايمان قەبىلىسىنى يوقىتىپ، قەبىلە باشلىقى

تايانغۇنى ئۆلتۈردى. تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك قاراقىتانلارغا قېچىپ باردى. 1211-يىلى كۈچلۈك جىلۇگۇنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋالدى. 1218-يىلى چىڭگىزخان جەبەنويانىنى 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باش قىلىپ كۈچلۈككە قوغلاپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى، كۈچلۈك پامىرغا قېچىپ كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە جەبەنويان تەرىپىدىن تۇتۇپ ئۆلتۈرۈلدى. غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا 94 يىل ھۆكۈم سۈرگەن قاراقىتانلار ھاكىمىيىتى ئاخىرى گۇمران بولدى. شۇندىن باشلاپ غەربىي يۇرتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى.

### 3. قاراقىتان خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتى

قاراقىتانلار ھاكىمىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى لياۋ (قىتان) خاندانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى داۋامى ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدە لياۋ خاندانلىقىنىڭ ئەنئەنىلىرى داۋاملىق ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ بەش ئەۋلاد پادىشاھىنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە ھۆرمەت نامى، يىل نامى ۋە ھەدىيەلىك نامىنى قوللانغان. ھەربىي تۈزۈمىدىمۇ لياۋ دەۋرىدىكى ھەربىي ئەمەل نامىنى ۋە تاكتىكا ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان. قاراقىتانلار ئوردىسىدا ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا قىتان يېزىقى بىلەن خەنزۇچە يېزىق تەڭ قوللىنىلغان. ئۇنىڭ پۇلىغىمۇ خەنزۇچە يىل نامى يېزىلغان.

قاراقىتانلار ھۆكۈمرانلىرى بېقىندى قوشنا دۆلەتلەرگە تىزگىنلەش سىياسىتىنى قوللانغان، بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ خىل شەكىل بىلەن ئېلىپ بېرىلغان: بىرىنچى، دائىمىي تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ، نازارەت قىلىش. مەسىلەن،

قوچو ئۇيغۇرلىرى، قارلۇقلار ۋە سەمەرقەندتە ئەنە شۇنداق قىلىندى؛ ئىككىنچى، ۋەكىل ئەۋەتىپ باج - سېلىق ئېلىش، مەسىلەن، خارەزىمگە ئەنە شۇنداق قىلىندى؛ ئۈچىنچى، يەرلىك باشلىقلار ئارقىلىق باج - سېلىق يىغىش، مەسىلەن، بۇخاراغا شۇنداق قىلىندى. ئومۇمەن، قاراقىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلار، مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى ئۆزىنىڭ قاراقىتانلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، قاراقىتانلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەن ۋە تامغىلارنى يېنىغا ئېلىپ يۈرۈشى كېرەك. قاراقىتانلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردىن ئېلىنغان باج - سېلىق ئاساسەن ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، تۈتۈننى ئاساس قىلىپ، ھەر بىر تۈتۈندىن بىر دىنار ئېلىناتتى؛ يەنە بىرى، مو بېشى ئاساس قىلىنىپ، ھەر بىر مو يەردىن مەھسۇلاتنىڭ $\frac{1}{10}$ ى ئېلىناتتى①.

قاراقىتانلار دەۋرىدە، غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرى شۇ بولدىكى، ئىلگىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايونلاردا دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ۋە شەھەر - بازارلار كۆپلەپ بارلىققا كەلگەن. لى جىچاڭ يازغان «ئەۋلىيا چوچۇچىنىڭ غەربكە زىيارىتى» ۋە ليۇ يۇ يازغان «غەربكە قىلىنغان زىيارەت» دېگەن كىتابلاردا يېزىلىشىچە، دېھقانچىلىق جەھەتتە تېرىقچىلىق تېخنىكىسى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان، زىرائەت تۈرلىرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيگەن؛ ھازىرقى ئۈلۈڭگۈر دەرياسى ۋادىسىدا ياشايدىغان ھەر مىللەت دېھقانلىرى دېھقانچى-

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 171 - بەت.

لىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان، بۇ يەردە ئارپا، بۇغداي، تېرىق، شال قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلاتتى. ئۈلۈڭگۈر دەرياسى بويىدا ياشايدىغان خەنزۇلار تۆگمەن چۆرىگەن. ھازىرقى غۇلجا ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنىڭ كوچىلىرىدا «ھەر تەرەپكە ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر بار» ئىدى. ھەر خىل مېۋە - چېۋىلەر كۆپ ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم، ئانار، ئالما قاتارلىق مېۋىلەر ئالاھىدە ياخشى ئىدى؛ دېھقانلار يەر تېرىشتا ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، سۈنئىي سۇغىرىشقا تايىناتتى. «ئېتىزلار ئېرىق - ئۆستەڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىكەن، يەرلىك ئادەملەر كېرا - كۈزىكەلەر بىلەن سۇ توشۇيدىكەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ سۇ تارتىش چىغىرىقىنى كۆرۈپ تابغاچلار ھەممە ئىشتا چېۋەر ئىكەن دېيىشىدىكەن، تابغاچ دېگىنى خەنزۇ دېگىنى ئىكەن. قۇچۇ رايونىنىڭ زېمىنى كەڭ ھەم ئىسسىق، ئۈزۈملىرى مول ئىكەن، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەر بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىكەن»①. قۇزئوردۇنىڭ يېرى تەپتەكشى ئىكەن، ئاھالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىق، ئۈجمىچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، كۆپ خىل مېۋە - چېۋە، ئۈزۈم ئۆستۈرۈلىدىكەن.

قول ھۈنەرۋەنچىلىكى: مەمەدنىن بۇرۇن يەرلىك ئەنئەنىۋى پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ سانى كۆپەيگەن، ھۈنەر تېخنىكىسى ئۆسكەن. يىپەك توقۇلما مەھسۇلاتلىرىدىن «ئەتلەس» نىڭ رەڭگى ئوچۇق بولۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. خوتەن گىلىمى نەپىس، سىلىق، چىدامىلىق، ئۈجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن خوتەن قەغىزىمۇ مەشھۇر ئىدى. كۇچا كۆر-

① خۇالى ۋېنبى: «تارىم ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، 109 - بەت

پىسەندىن تىكىلگەن كىيىم ـ كېچەكلەر كۆركەم ھەم سىلىق ئىدى.①

قاراقىتانلار دەۋرىدە سودا تەرەققىي قىلغان، شەھەرلەر ئاۋاتلاشقان. ئەينى زاماندىكى قۇمۇل، قارا قوچۇ، ئايمىقى ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن)، قەشقەر، ئالمالىق (ھازىرقى قورغاس)، بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسى مۇھىم سودا مەركەزلىرى ئىدى. قاراقىتانلار ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ سودىگەرلىرى بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىپ تۇرغان، مال ئالماشتۇرۇشتا ئالتۇن، كۆمۈشنى پۇل ئورنىدا ئىشلەتكەن. سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئىچىدە ھەر مىللەت كىشىلىرى بار ئىدى. ئەينى زاماندىكى سودا يوللىرىنىڭ بىرى سەمەرقەندتىن باشلىنىپ بەلىخ ئارقىلىق غەزنەۋىگە باراتتى؛ بىرى خوتەندىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە باراتتى. يەنە بىرى خوتەن، قەشقەر ئارقىلىق سەمەرقەندكە باراتتى. يەنە غەربىي شىمال تەرەپتە بۇخارا، كاسپىي دېڭىز ئارقىلىق جەنۇبىي روسىيىگە بارىدىغان بىر سودا يولى بار ئىدى. شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا سودا ـ مال ئالماشتۇرىدىغان سودىگەرلەرنىڭ قەدىمى شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇڭ سۇلالىسىگە، غەربتە ئوتتۇرا دېڭىز قىرغاقلىرى ۋە مىسىرغىچە يېتىپ بارغانىدى.

ئەينى زاماندا قاراقىتانلار تەۋەسىدە قاراقىتانلار ئۆزى قۇيدۇرغان پۇل «كاڭگو پۇلى»، «گەنتيەن پۇلى»، «تيەنشى پۇلى» ئىشلىتىلگەندىن باشقا، يەنە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پۇلىمۇ قاراقىتانلارغا كىرگۈزۈلگەنىدى.② قاراقىتانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى، ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان. قاراقىتان خانلىقىغا

① ليۇ ژىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 217 ـ بەت.
② خۇاڭ ۋېنبى: «تارىم ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى»، 109 ـ بەت.

ئاساس سالغان يوللىغ تاشىن «قىتان تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلەتتى». ئۇ قاراقىتان تەۋەسىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن قىتان مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىشقا كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشقان. پادىشاھلار پۈتۈنلەي خەنزۇ پادىشاھلىرىنىڭ ئۇنۋان نامىنى ۋە يىلنامىلىرىنى قوللانغان. تىل - يېزىق جەھەتتە، بىر خىل يېزىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئالاقىسىدە خەنزۇ يېزىقىنى قوللانغان. ئۇلار قۇيدۇرغان پۇللىرىدىمۇ خەنزۇچە يىل نامىنى قوللانغان، قىتان تىلىنىمۇ ساقلاپ قالغان. ئىران ئېگىزلىكىدىكى بېقىندى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىدا پارس تىلىنىمۇ قوللانغان، ئوتتۇرا ياكى شەرقىي قىسمىدىكى جايلاردا ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلغان. كۆپ خىل تىل - يېزىقنىڭ قوللىنىلىشى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن. بولۇپمۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى جۇڭگونى تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەرگە تونۇتتى. شۇڭا بىز، قاراقىتانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى يۈز يىلغا يەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقى تارىخىدا كۆرسەتكەن تەسىرى كەڭ بولغان دەپ ئېيتالايمىز. ئۇنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى شۇ بولدىكى، «قىتان» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى جۇڭگونى ئاتايدىغان نامغا ئايلىنىپ قالغان. كېيىن بېرىپ بۇ نام يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق روسىيە ۋە ياۋروپاغا تارقالغان، رۇسچە Китай دېگەن سۆز بىلەن ئىنگلىزچە Cathay دېگەن سۆز قىتان دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. بۇلاردىن، قىتانلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خۇددى يوللىغ چۇسايىنىڭ شېئىرىدا ئېيتىلغىنىدەك:

كېيىنكى ئىلاۋىدا ھاياتبەخش ئەتكەنىدى تاشىنى،
ئۆتكەنىدى غەربىي يۇرت — كۆسەن ئۇنىڭ ئىلكىگە،
سىلىپ ئۇنىڭ ھەيۋىسى ھەممىنى زىل-زىلىگە،
شۇڭا ئۆچمەس ئۇنىڭ نامى-شوھرىتى مەڭگۈگە①.

غەربىي يۇرتتىكى ئاساسلىق دىنلار ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى ۋە نېستورىيان دىنى ئىدى. قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئىسلام دىنىغا بىر مەھەل دۈشمەنلىك بىلەن قارىغان. كېيىن غەربىي يۇرتتا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئۇلار ئىسلام دىنىغا كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئۆشرە-زاكات ئېلىشىغا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى، مىراس تەقسىماتىنى، نىكاھ مەسىلىلىرىنى شەرىئەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا يول قويغان. بۇنىڭ بىلەن قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرى تېزلا يەرلىك مۇسۇلمان يۇقىرى تەبىقىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئىسلام دىنىمۇ قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرى تەبىقىسىنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكتىن، بۇ دەۋردە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا تېز كېڭەيگەن. ئىسلام دىنى تارقالغان جايلاردا، نۇرغۇنلىغان چوڭ-چوڭ دىنىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلغان، ھەرقايسى جايلاردا مازارلار سېلىنغان ياكى كېڭەيتىلگەن.

① مۇئەللىپنىڭ ئۆز ئىزاھاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىلىيا تاشىن ... غەربىي يۇرتنىڭ نەچچە نۇرغۇن بەگلىكلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، يەر كۆلىمىنى نەچچە تۈمەن چاقىرىمغا يەتكۈزگەن، نەچچە پادىشاھ دەۋر سۈرۈپ، يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتنى بېشىدىن كەچۈرگەن، مەنپەئەتنى خېلى تەرغىپ قىلغان، بولارنى غەربىي يۇرتلۇقلار ھازىرغىچە سېغىنماقتا» («كامالەتكە يەتكەن ئۆلىمالار ئەسەرلىرى توپلىمى»).

## §48. موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى

### 1. چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ۋە غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

XII ئەسىردە، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئونان دەرياسى بىلەن كېرۇلېن دەرياسى ئارىلىقىغا جايلاشقان موڭغۇل قەبىلىلىرى قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان. بۆرەتېكىن قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭىكى تېمۇرچىن ئەينى زاماندىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىشىش ئىستىكىدىن ئىبارەت تارىخىي يۈزلىنىشكە ماسلىشىپ، باشقا قەبىلىلەرنى يۇتۇۋېلىش يولىدا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، بىر - بىرلەپ يوقىتىش سىياسىتى ئارقىلىق ئاۋۋال كۈچلۈكرەك بولغان كېرەي قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئونخان ۋە جاتالان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى جامۇقە بىلەن بىرلىشىپ، تاتار، مېركىت، تايجىئۇت قاتارلىق قەبىلىلەرنى مەغلۇپ قىلدى. 1201 - يىلى تېمۇرچىن يەنە ئونخان بىلەن بىرلىشىپ، جامۇقەنى مەغلۇپ قىلدى. 1202 - يىلى ئونخاننىڭ كۈچلىرىنىمۇ يوقاتتى. 1204 - يىلى قۇدرەتلىك نايمان قەبىلىسىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ باشلىقى تايانخاننى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن قوڭغۇرات قەبىلىسى بىلەن ئونغۇت قەبىلىسى ئارقا - ئارقىدىن ئەل بولدى. 1206 - يىلى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئونان دەرياسى بويىدا قۇرۇلتاي ئېچىپ، 44 ياشتىكى تېمۇرچىننى پۈتۈن موڭغۇللارنىڭ چوڭ قاغانى قىلىپ كۆتۈردى. ئۇنىڭ ھۆرمەت نامى

چىڭگىزخان («تەڭداشسىز ئۇلۇغ خان» مەنىسىدە) دەپ ئاتالدى.

چىڭگىزخان پۈتۈن موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئەۋلادلىرىنى يەر-زېمىنغا، بايلىق ۋە مەرتىۋىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، موڭغۇل تەۋەسىنىڭ سىرتىدىكى ھاكىمىيەتلەرنى بويسۇندۇرۇش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپتىكى قوشنا ئەللەرگە قارىتا غايەت زور تالان-تاراج ھەم ۋەيرانچىلىق خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشنى قوزغىدى.

ئالدى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈردى. XIII ئەسىرنىڭ بېشىدا، غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا قاراقىتانلار خانلىقىغا تەۋە ئىدى. غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقى قاراقىتانلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن. قاراقىتانلار تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن خەلپەت بەگ، راھىب، كەنجى باسقاقلار مەخسۇس قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشلىقى ئىدىقۇتنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلغان. ئۇلارنىڭ «ئۆز بېشىمچىلىقى، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىشى»، ئېغىر باج-سېلىق سېلىشى، مال-مۈلۈكلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشى قۇچۇ پۇقرالىرىنىڭ قاتتىق غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىغان. 1209-يىلى قۇچۇ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن ئەسكەر تارتىپ چىقىپ، قاراقىتانلارنىڭ قۇچۇدا تۇرۇشلۇق نازارەتچى ئەمەلدارىنى ئۆلتۈردى ۋە ۋەكىل ئەۋەتىپ چىڭگىزخانغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قۇچۇ ئىدىقۇتىنىڭ تەسىرى بىلەن قايالى ۋە ئالمالىقتىكى قارلۇقلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ 1211-يىلى چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلدى.

1218-يىلى چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ باش سانغۇنى جەبەنى

20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كۈچلۈككە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، قاراقىتان خاندانلىقىنى يوقاتتى. ئىلگىرى ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كۈچلۈككە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي يۈرۈش داۋامىدا قۇچۇ ئىدىقۇتى بۇيرۇققا بىنائەن 300 كىشىلىك ئەسكەر بىلەن بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتنىشىپ، موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى داۋامىدا زور رول ئويناپ، چىڭگىزخاننىڭ مۇھىم بىر كۈچىگە ئايلاندى.

غەربىي يۇرتنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشتىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. 1219 - يىلى كۈزدە، چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. خارەزىم پادىشاھىنىڭ چىڭگىزخاننىڭ نەچچە يۈزلىگەن مۇسۇلمان سودىگەرلىرى بىلەن ئەلچىلىرىنى قىرىپ تاشلىشى چىڭگىزخاننىڭ ئوغىسىنى قايناتتى، شۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخان شەخسەن ئۆزى غەربكە يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەلدى. 1221 - يىلى موڭغۇل قوشۇنلىرى قاراقىتانلارغا تەۋە بولغان ماۋرائۇننەھر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئىستېلا قىلدى. خارەزىم پادىشاھى ئىران ئېگىزلىكىگە قاراپ قاچتى. چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل قوشۇنى ئىران ئېگىزلىكىگە قوغلاپ بېرىپ ئۇرۇش قىلدى. 1222 - يىلى موڭغۇل قوشۇنى كاۋكاز تېغىدىن ئۆتۈپ قىپچاق يايلاقلىرىغا كىردى. موڭغۇل قوشۇنى 1223 - يىلى كالكا دەرياسى (ھازىرقى ئۇكرائىن تەۋەسىدە) بويىدا روسىيىنىڭ 80 مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، روسىيىنى بېسىۋالدى. 1224 - يىلى چىڭگىزخان غەربىي يۇرتنىڭ شىمالىي چېتىدىكى ئېرتىش دەرياسىغا، ياندۇرقى يىلى باھاردا موڭغۇل ئېگىزلىكىگە قايتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلىشنى ئاياغلاشتۇردى.

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى داۋامىدا قوچۇ ئىدىقۇتى قوماندانلىقىدىكى تەخمىنەن 10 مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنى موڭغۇل قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىدىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. چىڭگىزخان ئۇلارغا يۈكسەك باھا بېرىپ، ئۇلارنى «ئىنتىزامى قاتتىق، ئۇرۇش قىلسىلا غەلىبە قازىنىدۇ، كۆرسەتكەن نەتىجىسى زور» دەپ مەدھىيىلىگەن①.

1227 - يىلى چىڭگىزخان تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلىش سەپىرىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى تولۇيخان ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇردى. 1229 - يىلى موڭغۇللارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ئۆگدەي چوڭ خان بولدى. ئۇ 1234 - يىلى جىن سۇلالىسىنى يوقاتتى. 1236 — 1241 - يىللىرى باتۇخان موڭغۇللار قوشۇنىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئاۋستىرىيە ۋە ئىتالىيە، چېگرىسىغىچە يېتىپ باردى. 1242 - يىلى ئۆگدەيخان ئۆلگەندىن كېيىن، تەختكە كۈيۈكخان ۋارىسلىق قىلدى. 1248 - يىلى كۈيۈكخان كېسەل بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، تەختكە مۆڭكەخان ۋارىسلىق قىلدى.

1253 — 1258 - يىللىرى مۆڭكەخان ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ھۇلاكۇنى ئۈچىنچى قېتىملىق غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىپ، مۇلاھىد (ھازىرقى ئىران) نى يوقاتتى، باغداد ۋە سۈرىيىنى ئىشغال قىلدى. 1260 - يىلى مۆڭكەخان سىچۈەندىكى خېچۈەننىڭ دىياۋيۈشەن دېگەن يېرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، يارىدار بولۇپ ئۆلدى. شۇ يىلى قۇبلاي كەيپىڭ (ھازىرقى باران خوشۇنى) دە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى.

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 227 - بەت.

1271 - يىلى قۇبلاي يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ، خانبالىقنى پايتەخت قىلدى. 1279 - يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن، بەش دەۋر، ئون سۇلالە زامانىسىدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن بۆلۈنمە ھالەتكە خاتىمە بەردى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى ئېلىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولدى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭدەك ياۋروپا، ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش - كېلىشنى كۈچەيتتى.

## 2. قايدۇ، دۇۋا توپىلىڭى

قايدۇ ئۆگدەينىڭ نەۋرىسى ئىدى. 1268 - يىلى قايدۇ قايالىقنى جازا قىلىپ تۇرۇپ، قۇبلايغا قارشى ئاشكارا توپىلاڭ كۆتۈردى. 1269 - يىلى قايدۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تالاس دەرياسى بويىدا غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل خانلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، ئۆگدەي خانلىقى، چاغاتاي خانلىقى ۋە قىپچاق خانلىقىنىڭ موڭغۇل چوڭ خانىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ رەسمىي يىمىرىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولدى.

دۇۋا چاغاتاي ئەۋلادى بالانىڭ ئوغلى ئىدى. 1275 - يىلى دۇۋا 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ قارا قوچۇغا (قەدىمكى قوچۇ) قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئىدىقۇت قوچقارتېگىننىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1276 - يىلى قايدۇ دۇۋانى يۆلەپ چاغاتاي خانى قىلىپ تىكلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆزىنىڭ

بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىككىيلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئاشكارا توپىلاڭ كۆتۈردى.

قايدۇ بىلەن دۇۋانىڭ توپىلىڭىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، قۇبلاي شاھزادە بېيپىڭ ۋاڭى نامغانىنى زور ئەسكەرىي كۈچ بىلەن ئالمالىقتا بارگاھ قۇرۇشقا ئەۋەتتى ۋە تۈمەن تۇتقۇن بېگى چىڭگۇگجېنى بېشبالىقنى قوغداپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. 1281 - يىلى ئۇيغۇر پىچىمچى بەگنى بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتتى. 1295 - يىلى يەنە بېشبالىق باش ئەمرلەشكەر مەھكىمىسى، كۇسەن - تالىن باش ئەمرلەشكەر مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلىرىنى شۇلارنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. يۇقىرىدىكىدەك مۇداپىئە تەدبىرلىرى قوللىنىلغانلىقتىن، قايدۇ بىلەن دۇۋانىڭ توپىلىڭىغا كۈچلۈك زەربە بېرىلدى. 1302 - يىلى قايدۇ دۇۋا بىرلەشمە قوشۇنى ئالتاي تېغىدىن ئۆتۈپ موڭغۇل يايلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، موڭغۇل قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. قايدۇ يارىدار بولۇپ ئۆلدى. دۇۋا ئوق تېگىپ پالەچ بولدى.

دۇۋا - قايدۇ توپىلىڭى غەربىي يۇرت رايونىغا بالايىئاپەت كەلتۈردى. يەرلەر ئاق قالدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى قىيىنلاشتى. قۇچۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار سەرسان بولۇپ تەرەپ - تەرەپكە پىتراپ كەتتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئىچكى ئۆلكىلەرگە قېچىپ كېتىشتى. 1306 - يىلى قايدۇنىڭ ئوغلى چاپار يۈەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئوگەدىينىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى بىكار قىلىنىپ، مۇتلەق كۆپ قىسىم زېمىنى چاغاتاي خانلىقىغا قوشۇۋېتىلدى. كېيىن يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تەسىر كۈچى

ماۋرائۇننەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پۈتۈن چاغاتاي زېمىنىغىچە كېڭەيدى. 1308 - يىلى چاغاتاينىڭ كېيىنكى خانى كۆنچە (دۇۋانىڭ ئوغلى) تۆمەنبېشى ئىلىم ھەسەننى سەمەرقەندتىن خانبالىققا ئەۋەتىپ، چىڭگىزخان دەۋرىدە تو-زۇلگەن سەمەرقەند، تالاس، تاشكەنت قاتارلىق جايلارنىڭ نوپۇس تىزىملىكىنى يۈەن سۇلالىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەل بولغانلىق سەمىمىيىتىنى ئىپادىلىدى.

### 3 . يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشى

ھەربىي - مەمۇرىي ئورگانلار:

چىڭگىزخان غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال قۇچۇ، خوتەن، قەشقەر، يەكەن، بېشبالىق، ئالمالىق قاتارلىق جايلاردا دارۇغاچ تەسىس قىلغان، كېيىن ئىستېلا قىلغان جايلىرىنى تۆت ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن؛ چوڭ ئوغلى جوچىغا قىپچاق يايلىقى بۆلۈپ بېرىلـ-گەن؛ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا ئىلى دەرياسى ۋادىسى، ماۋرائۇننەھر رايونى ۋە قاراشەھەرنىڭ غەربىدىكى جايلار بۆلۈپ بېرىلگەن؛ ئۈچىنچى ئوغلى ئوگېدايغا چۆچەك، ئالتاي رايونى ۋە موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمى بۆلۈپ بېرىلگەن؛ كىچىك ئوغلى تولۇيخان چىڭگىزخاننىڭ ئەسلىدىكى خوجىلىق يېرىگە، يەنى موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ ئۆزىگە ۋارىسلىق قىلغان. قۇچۇ ئىدىقۇتى ئەڭ بۇرۇن موڭغۇللارغا بويسۇنغانـ-لىقى، يەنە كېلىپ پەخرىي ئوغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ-گىزخاننىڭ ئالاھىدە ئېتىبارىغا ئېرىشكەن، ئىدىقۇتى موڭغۇللار تەرىپىدىن ئوتتۇغاتلاندى ھەم ئۆزىنىڭ زېمىنىدىكى ۋارىسلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قالدى ۋە ئۆزئارا قودىلاش-

تى①. مۆڭكۈ خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتكەن. 1251 - يىلى 6 - ئايدا، جىمسارىدىكى بەشبالىق قاتارلىق جايلاردا مۇۋەققەت دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىپ، تيانشان تېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىسمىنى باشقۇردى، ئامۇ دەرياسى مۇۋەققەت دىۋان ۋازارىتىنى تەسىس قىلىپ، ماۋرائۇننەھر رايونىنى بىر تۇتاش باشقۇردى②. 1271 - يىلى قۇبلاي يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، قايدۇ بىلەن دۇۋانىڭ ئىسيانىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، شاھزادە نامغانىنى بەشبالىقنى تىنچلاندۇرۇپ، بارگاھ قۇرۇشقا ھەمدە قوشۇمچە تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنى قوشۇمچە باشقۇرۇشقا ۋە قارا قوچۇ، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ھەربىي بوز يەر ئېچىشقا بۇيرۇدى③. 1275 - يىلى ۋەزىر ئانتونغۇ شاھزادە بېيپىڭ ۋاڭى نامغانىنى ئالمالىقنى مۇداپىئە قىلىشقا بۇيرۇدى④. 1280 - يىلى قوچۇ تەۋەسىدە بەشبالىق باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئۇنى ئۇيغۇر پىچىمچى بەگنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئالىي ھەربىي مەمۇرىي ئورگىنىغا ئايلاندۇردى⑤. 1282 - يىلى ئالمالىق ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، تيانشاننىڭ شىمالىي تەرىپىنى باشقۇردى⑥. 1283 - يىلى، يۈەن سۇلالىسى

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 159 - جىلد، «مەلىكلەر جەدۋىلى».
② «موڭغۇللار تارىخنامىسى»، 2-، 3-جىلد، «شەنزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرە».
③ «موڭغۇللار تارىخنامىسى»، 42-جىلد، «[illegible] تەزكىرىسى».
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخ تەرجىمىسىگە تولۇقلىما»، 15-جىلد، «قايدۇ تولۇقلىما تەزكىرىسى».
⑤ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 11-جىلد، «شىزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرە».
⑥ «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 4[illegible]-جىلد، «ھەربىي ئۆزگىرىش».

بېشبالىق، قاراقۇچۇ ۋە خوتەندە ئايغاقچى مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، تيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ھەربىي مەمۇردىي ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1286 - يىلى، يۈەن سۇلالىسى بېشبالىقتا ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىي تەرىپىنى باشقۇردى. يەنە قۇچۇ، كۇسەن ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، تۇرپان، قۇمۇلدىن يۈمېن، ياڭگۇەن قوۋۇقلىرىنىڭ شەرقىغىچە بولغان جايلارنى باشقۇردى①.

چىڭگىزۇڭ تېمۇر تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، 1295 - يىلى غەربىي يۇرت ياساۋۇل باش بۇيۇرغا مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، مىرتېكىننى بۇيۇرغا قىلىپ بەلگىلەپ، مەمۇردىي ئىشلارنى باشقۇردى②. 1299 - يىلى يەنە بېشبالىق ۋە كۇسەن (كۇچا) دە ئىككى ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا تيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇتنىڭ قول ئاستىدا باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ۋە خەنزۇلار رايونىغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنى باشقۇردى. يۇقىرىدىكى ئورگانلارنىڭ نامى ۋە دەرىجىسىنى ئۆزگەرتىشنى، ئەمەلدارلارنى تەيىنلەشنى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەلگىلەيتتى.

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەربىي - مەمۇردىي ئورگانلارنى تەسىس قىلىشتىن باشقا، يەنە غەربىي يۇرتقا مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىمۇ ئەۋەتتى. 1278 - يىلى، ئالاۋۇدىننى ئۇدۇن (خوتەن) نى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتتى. 1280 - يىلى،

---

① «شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەزكىرىسى»، ...-جىلد، «غەربىي ئاۋزۇمى».
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 18-جىلد، «چىڭگىزخان ھەققىدە خاتىرە».

تۈمەن بېشى چى گۈڭجىنى بېشبالىقنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بۇيرۇدى①. 1281 - يىلى خانزادە ئىزىزلى بېشبالىقتا تۇرۇشقا بۇيرۇدى②. 1292 - يىلى ئاتاغاينى كۇسەننى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتتى. 1295 - يىلى مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئۇيغۇرلار تەۋەسىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتتى③. بۇ ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى يەرلىك ئورگانلارغا بولغان باشقۇرۇشىنى كۈچەيتكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۆتەڭلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى:

1274 - يىلى يۈەن سۇلالىسى خوتەن، يەكەن شەھەرلىرىدە 13 ئورۇندا سۇ ئۆتەڭلىرى قۇردى. شاجۇنىڭ شىمالىدا ئىككى يەردە قۇرۇقلۇق ئۆتىڭى قۇردى④. 1281 - يىلى كاۋكاز تېغىدىن بېشبالىققىچە بولغان يول ئۈستىدە يەنە 30 ئۆتەڭنى كۆپەيتىپ قۇردى⑤. 1285 - يىلى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئالتە ئورۇندا ئۆتەڭ تەسىس قىلدى⑥. بۇ ئۆتەڭلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى بىلەن، مەركەزنىڭ بۇيرۇقلىرى توسالغۇسىز ھالدا بىۋاسىتە تيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا يەتكۈزۈلىدىغان بولدى؛ ھەربىي ئاخباراتلارنىڭ يەتكۈزۈلۈشى ۋە بۇ جايلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈچەيتىلدى.

1260 - يىلدىكى ئارقابوغا توپىلىڭىدىن تارتىپ قايدۇ-دۇۋا توپىلىڭىغىچە بولغان 40 يىللىق ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 11-جىلد، «شىرزۇخان ھەققىدە خاتىرە» 8-جىلد.
② «موڭغۇللارنىڭ تارىخنامىسى»، 8 - جىلد.
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 14- جىلد، «شىرزۇخان ھەققىدە خاتىرە» 1-جىلد.
④ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 8 - جىلد، «شىرزۇخان ھەققىدە خاتىرە» 5-جىلد.
⑤ «موڭغۇللار تارىخنامىسى»، 42 - جىلد، «ئىزىز ئىسمى».
⑥ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 13- جىلد، «شىرزۇخان ھەققىدە خاتىرە» 10-جىلد.

غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. غەربىي يۇرتنىڭ ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۆۋەندىكى مۇنداق تەدبىرلەرنى قوللاندى:

بىرىنچى، ھەربىي ۋە خەلقنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى يولغا قويۇلدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، شىزۇخان ھەققىدە خاتىرىلەر» دە مۇنداق دەپ يېزىلغان: يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1282 — 1288 - يىللىرى بېشبالىق، ئالمالىق، خوتەن، قۇچۇ رايونىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋاتقان قوشۇنلارغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. چەرچەن، ئىلى، قەشقەر، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا خەلقنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشىنى يولغا قويدى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش نەتىجىسىدە 1 مىليون 500 مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، بۇ ئىش غەربىي يۇرتنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى قوشۇننىڭ ئاشلىق تەمىناتىنى ھەل قىلىپ، خەلقنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتتى ۋە چېگرا رايون مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە غايەت زور رول ئوينىدى.

ئىككىنچى، مېتال ئېرىتىش كارخانىسى، رەخت توقۇش جۇجۇقى تەسىس قىلىندى. 1282 - يىلى بېشبالىقتا مېتال ئېرىتىش كارخانىسى تەسىس قىلىنىپ، دېھقانچىلىق قورال - سايمانلىرى ياسالدى①. يەنە توقۇش - بوياش قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى باشقۇرىدىغان خوتەنبالىق، بېشبالىق جۇجۇقى تەسىس قىلىندى.

ئۈچىنچى، ئاشلىق، پۇل ئاجرىتىپ ياردەم بېرىلدى.

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 12-جىلد، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» و-جىلد.

1278 - يىلى بېشبالىقتا قەھەتچىلىك يۈز بەرگەندە، يۈەن سۇلالىسى پۇل ئاجرىتىپ ياردەم بەردى. تېرىقچىلىق كالىلىرى ۋە ئۇرۇقلۇق يېتىشمىگەن دېھقانلارغا تېرىقچىلىق كالىسى ۋە ئۇرۇقلۇق تەقسىم قىلىپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەم قىلىندى①.

ئۈچىنچى، باج - سېلىقلار كېمەيتىلدى. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى غەربىي يۇرتتا دەسلەپتە قاراقىتانلار دەۋرىدىكى باج ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. 1229 - يىلى يوللىغ چۇسەينىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا نوپۇسقا قاراپ باج ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بىر نوپۇستىن يىلىغا 2 دادەن پاراق ئالدى. شىيەنزۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە چارۋىچىلىق رايونىدا چارۋا بېجى ئۈچۈن 100 تۇياققا بىر تۇياق ئېلىنىدىغان، 100 تۇياققا يەتمىگەنلەردىن ئېلىنمايدىغان بولدى. قۇبىلاي دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار تەۋەسىدە مو بېشىغا قاراپ باج ئېلىش يولغا قويۇلۇپ②، مو بېشىغا ئۈچ شىڭ ئاشلىق ئېلىنىدى. بۇ تەدبىرلەر ئەمەلدارلارنىڭ زورلۇق بىلەن ئالۋان - ياساق سېلىپ، خەلقنىڭ بايلىقىنى شىلىۋېلىشىنى چەكلىدى، خەلقنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتتى.

بەشىنچى، تىيىزا تارقىتىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جۇجۇقى ۋە تىيىزا غەزنىسى قاتارلىق ئورگانلار تەسىس قىلىنىپ، پۇل تارقىتىش باشقۇرۇلدى. قۇبىلاي دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا پۇل بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتا ئاۋۋال «جۇڭتۇڭ» پۇلى، كېيىن يۈەن سۇلالىسى پۇلى ئىشلىتىلدى. 1283 - يىلى (جىز يۈەننىڭ 20 - يىلى) ئۇيغۇر-

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» 5-، 7-، 10-، 11-، 12-.

② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» 7-.

لار رايونىدا تىيزا تارقىتىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جۇجۇقسى ۋە تىيزا غەزىنىسى تەسىس قىلىنىپ، مەخسۇس پۇل تارقىتىش خىزمىتى باشقۇرۇلدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرۇشىنىڭ رولى:

بىرىنچى، غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. تۇرپان ئويمانلىقى ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان رايون بولۇپ، دېھقانچىلىق خېلىلا تەرەققىي قىلغان. بۇ جايدا بۇغداي، ئارپا، شال، قوناق، تېرىق، پۇرچاق، كېۋەز، كەندىر، كۈنجۈت قاتارلىق كۆپ خىل زىرائەتلەر ئۆستۈرۈلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، ئۈزۈم كۆپ چىقاتتى. «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ 1 - جىلدىدا قەيت قىلىنىشىچە: قەشقەر دائىرىسىدە سېپىل بىلەن ئورالغان شەھەر - كەنتلەر بولۇپ، ئاھالىسى ھۈنەرۋەن، سودىگەر ئىدى، ئۇلارنىڭ چىرايلىق باغلىرى، ئۈزۈمزارلىقلىرى بار ئىدى، بۇ يەردە پاختا ناھايىتى كۆپ ئىشلەپچىقىرىلاتتى. خوتەندىن پاختا كۆپ چىقاتتى، ئاھالىسىنىڭ ئۈزۈمزارلىقى ۋە باغلىرى بار ئىدى. قەشقەر، تارىم ئويمانلىقى ئەتراپى، ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدىن ئۈزۈم كۆپ چىقاتتى. پاختا «تولىما» دەپ ئاتىلاتتى. چۇچۇجى ئالمالىقنىڭ پاختىسىنى مەدھىيىلەپ: «پاكىز، ئىنچىكە، يۇمشاق كېلىدىكەن، يىپ تارتىشقا، ئارغامچا قىلىشقا، رەخت توقۇشقا بولىدىكەن»① دېگەن. يەرلىك خەلق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىبار بېرىپ، ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىپ، تاغ سۇلىرى ۋە بۇلاق سۇلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئېتىزلارنى سۇغىرىپ، زىرائەتلەرنى ئوبدان پەرۋىش قىلىدىكەن. چارۋىچىلىقمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئاساسلىق چارۋا ماللاردىن ئات، كالا،

① «تەۋلىما چۇچۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتى»، 1 - جىلد.

تۆگە، قوي، ئۆچكە قاتارلىقلار بېقىلىدىكەن.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر قاتارلىق مېتاللاردىن قورال-جابدۇق ۋە ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى ياساشقا ماھىر ئىدى. ئۇلارنىڭ پولاتتىن سوققان شەمشەرلىرى ئىنتايىن ئۆتكۈر، كۆركەم بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. قوچۇنىڭ گۈللۈك رەختلىرى، كۆسەننىڭ سەگەزلىرى ئوردىغا تارتۇق قىلىنىدىغان ئەلا سۈپەتلىك ماللار ھېسابلىناتتى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىن يىپەك كۆپ چىقاتتى، يىلە بېقىش ۋە يىپەك تارتىش تېخنىكىسى بىرقەدەر ئىلغار ئىدى. كۆرپىدىن تىكىلگەن جۇۋا، قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن ھاسا، تەكىي، ئېگەر قاتارلىقلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ سېتىلاتتى ۋە ئوردىغا تارتۇق قىلىناتتى.

ئىككىنچى، غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئالاقىسى كۈچەيتىلىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قويۇقلاشتۇرۇلدى. ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشى ئۈچۈنلا ھەسسە قوشۇپ قالماي، بەلكى غەربىي يۇرتنى ئورتاق ئېچىش ئۈچۈنمۇ ئۆز كۈچىنى تەقدىم قىلدى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن لىيۇيۇنىڭ «غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ بېرىش خاتىرىسى» دە يېزىلىشىچە، 1259-يىلدىن ئىلگىرىمۇ ئالمالىق ئەتراپىدا «ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن» ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كەتكەن. ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى چىمىل شەھىرىنىڭ ئاھا-

لىسىنىڭ كۆپىنچىسى سەنشىنىڭ قېنجۇ، بېنجۇ ئايماقلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلگەن.

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتقا ئىچكى ئۆلكىلەردىنلا ئاھالە كۆچۈرۈپ قالماي، بەلكى ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ تۈكۈم - تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ بارغان. 1285 - يىلى شۈشۈتېكىن (كوراگان كاھىبىگى) باشچىلىقىدا ملك تۈتۈن ئۇيغۇرنى يۈننەننىڭ قاراجاڭ دېگەن يېرىگە كۆچۈرۈپ بوز يەر ئېچىشقا ۋە مۇھاپىزەتچىلىك قىلىشقا سالغان①. 1287-يىلى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى قارلۇقلارنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە كۆچۈرۈپ، قارلۇقلار تۈمەن تۈتۈن مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، خان سارىيىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىنى قىلىشقا بۇيرۇغان②. 1316 - يىلى يۈننەننىڭ ئۇمىڭ دېگەن يېرىدە ھەربىي بوز يەر ئېچىش مەيدانى قۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى شىنخۇ دېگەن يەردە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغۇاتقان خەنزۇ ھەربىيلەر بىلەن بىرلىكتە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ۋە مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەۋەتكەن③.

ئۇيغۇر سودىگەرلىرى سودىغا ماھىر ئىدى. موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى باي بولۇپ، ئۇلار شەندۇڭ، خېبېينىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قاتناپ يۈرۈپ، غەربىي يۇرتنىڭ گۈللۈك رەختلىرى، شىرداق، كىگىز، جۇۋا، ياقۇت، قىيىچ پىچاق، مەستىكى دۇبى، كەھرىۋا، ئەينەك قاتارلىق

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 13-جىلد «شىزۇ ھەققىدە خاتىرە»، 10-ب.
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 86- جىلد «ئەمەلدارلار روبىختى»، 2-ب.
③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 100 - جىلد «ھەربىيلەر تەزكىرىسى»، 3 -«بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىش».

نەرسىلەرنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ساتاتتى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، يىپەك، چاي قاتارلىق ماللىرىنى غەربىي يۇرتقا ئەكىلىپ ھەتتا ئاسىيا، ياۋروپالارغىچە ئاپىرىپ ساتاتتى. يۈەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان پۇل باشقۇرۇش ئورگانلىرى سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەردى. سودا - سېتىق ئىشلىرى ئارقىلىق غەربىي يۇرتنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈچەيتىلىپ قالماستىن، بەلكى ئىگىلىكمۇ گۈللەندۈرۈلدى.

ئۈچىنچى، غەربىي يۇرت بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى كۈچەيتىلدى. ئۇيغۇرلار ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئەدىبلەر، تارىخچىلار ۋە ئالىملار مەيدانغا كەلدى.

چىڭگىزخان دۆلەت قۇرغان چاغدا موڭغۇللارنىڭ تېخى ئۆز يېزىقى يوق ئىدى. 1204 - يىلى چىڭگىزخان نايمانلارنىڭ تامغىچى ئەمەلدارى، ئۇيغۇر تاتاتۇڭئانى ئەسىر ئالدى. بۇ كىشى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى پىششىق بىلەتتى. چىڭگىزخان ئۇنى خەت - ئالاقە توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئۆگىتىپ قويۇشقا ھەمدە ۋەلىئەھد ۋە شاھزادىلەرگە ئۇيغۇرچە يېزىقنى ئوقۇش ۋە يېزىش توغرىسىدا دەرس ئۆتۈشكە بۇيرۇدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇللار يېزىققا ئىگە بولدى ۋە تامغا، خەت-ئالاقە ئىشلىرىنى يولغا قويدى. چىڭگىزخاننىڭ «بۈيۈك جاساق» (قانۇن - پەرمان) ۋە «بىلىك» (پەند - نەسىھەت) لىرى مۇشۇ خىل ئۇيغۇر يېزىقى شەكلى بىلەن موڭغۇلچە خاتىرىلەنگەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى ئازسانلىق مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ۋەتىنىمىزنىڭ سىياسىي، تارىخىي سەھنىسىدىكى پائالىيەتلەرگە كەڭ كۆلەمدە قاتناشتى. ئۇلار خەنزۇ مەدەنىيىتىگە ئىشتىياق باغلىدى، ئۇنى ئۆگەندى،

بىرمۇنچە كىشىلەر خەنزۇ مەدەنىيىتىنى پىششىق بىلىدىغان سىياسىئونلارغا، ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرگە، ئالىملارغا، ئەدىبلەرگە، تەرجىمانلارغا ۋە سەنئەتكارلارغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ۋەتىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە مۇھىم تۆھپە قوشقانلار تۆۋەندىكىچە:

لىيەن شىشەن (1231—1280) تەخەللۇسى شەنپۇ، ئۇيغۇر، كۇڭزى دەستۇرلىرىنى پىششىق بىلگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى لىيەن مېڭزى دەپ ئاتايتتى. ئۇ 19 يېشىدا قۇبلاي خاننىڭ ئىشەنچلىك تورقاق (مۇھاپىزەتچى) بولغان. ئۇ «خەنزۇلار رايونىنى خەنزۇلارنىڭ چارىسى بىلەن ئىدارە قىلىش»نى تەشەببۇس قىلغان. 1214 - يىلى (جيۈەنىنىڭ 11 - يىلى) دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. ئۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۆھپىكار ئۇيغۇر سىياسىئونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئارقۇن سارى، كىچىكىدىلا زېرەك بولۇپ، ئۇيغۇر، زاڭزۇ، خەنزۇ، موڭغۇل تىللىرى قاتارلىق كۆپ خىل تىلنى بىلەتتى، دەستۇرلار، تارىخنا ۋە مۇزەككەر - مۇئەننەس كالېندارچىلىقىغا كامىل ئىدى. قۇبلاي ئۇنىڭ ئىختىساسلىق ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى دەستۇر تارىخىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا قويغان. ئۇ قۇبلاي خانغا ئەلنى ئىدارە قىلىشتا كۇڭزى تەلىماتىغا ئاساسلىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. چىڭزۇڭ دەۋرىدە ھۆددىچى دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان.

ئارىق قايا، بالا چېغىدا ئائىلىسى نامرات بولۇپ، تېرىقچىلىق قىلغان. كېيىن قۇبلاي خاننىڭ قەسىرىگە تورقاقلىققا تونۇشتۇرۇلغان. شىزۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن تەدرىجىي ئىشقا قويۇلغان. ئۇلۇغ قول، سول قول ئەمىرى، كاتاۋۇللىقتىن

مەسلىھەتچى قارا دىۋان مۇشاۋۇرلۇقىغا ئۆستۈرۈلگەن. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلىش ئۇرۇشىدا ئۆزىنىڭ كارامەت ئۈستۈن ھەربىي ماھارىتىنى نامايان قىلغان. شۇڭا، ئۇ ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان مەشھۇر ھەربىي مۇتەخەسسىس ھېسابلىنىدۇ.

گۇەن يۈنشى (1285 — 1324)، مەشھۇر ئەدىب ۋە ئەلنەغمىچى. ئۆزىنىڭ ئىسمى كىچىك يۈنشى قايا بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۆھپىكار ۋەزىرى ئارىق قايانىڭ نەۋرىسى، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى گۇەنجىچ بولغاچقا، گۇەن ھەرپىنى ئۆزىگە فامىلە قىلغان، تەخەللۇسى غۇربەت لۇخۇا داۋرىسىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بالىلىق دەۋرىدە باتۇر، ئۇستا مەرگەن ۋە چەۋەنداز ئىدى. يۇڭجۇ ئايمىقىدا باسقاۋۇل بولغان. رىنزۇڭ دەۋرىدە دارىلئۇلۇمدا مۇدەررىس ۋە يارلىقچى بولغان. كېيىن ئەمەلدىن ۋاز كېچىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى چېيەنتاڭجياڭ دەرياسى ئەتراپىغا بېرىپ دورىگەرلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبى ئەركىن، راۋان ھەم يارقىن. ئۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەلنەغمىچى شۇي زەيمىن (تەخەللۇسى شىرىن) بىلەن تەڭ نام چىقارغان. كېيىن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى يىغىپ «غوپەت، شىرىن نەغمە - ناۋالار» دېگەن نام بىلەن توپلام قىلىپ چىقارغان①.

مەشھۇر تارىخچى ليەن خۇيشەن قايا. ليەن خۇيشەن قايا ئىگىلىك باشقۇرغۇچى مۇتەخەسسىس بۇدۇ قايانىڭ نەۋرىسى. 1321 - يىلى دۆلەت ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، دۆلەت تارىخ كۇتۇپخانىسىغا تونۇشتۇرۇلۇپ، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» نى تۈزۈش ئەمەلدارى بولغان ۋە يىڭزۇڭ خان بىلەن رىنزۇڭ خاننىڭ ئوردا ئىشلىرى خاتىرىسىنى يېزىپ چىقىش ئىشىغا

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 143 - جىلد، 3421 - بەت.

قاتناشقان ①.

ئاتاقلىق ئاگرانوم لۇمىڭشەن، ئۇنىڭ «تېرىقچىلىق» يېپەكچىلىك، ئۈزۈق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك ئاساسلىرى» ناملىق ئەسىرى بار. بۇ ئەسەر ئىلمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئاي، پەسىل، مەۋسۇم بويىچە بايان قىلىنغان مەخسۇس ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مەزمۇنى كەڭ، تېرىقچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، ھاۋا رايى، كۆكتاتچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق، دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئۆستۈرۈش، يىلىقچىلىك، باقمىچىلىق، چارۋىچىلىق، ئىچىتقۇ تەييارلاش ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسقا، ئامىباب ئەسەر②. ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنىلا يەكۈنلەپ قالماستىن، بەلكى غەربىي شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنىمۇ يەكۈنلىگەن. مەسىلەن، سېرىق ماي چىقىرىش، قۇرۇت قۇرۇتۇش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە مۇنەۋۋەر تەرجىمان ئەنسارى «نەسىرنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، «قىيىن كېسەللىكلەر»، «دورا ئۆسۈملۈكلىرى»، «جىنگوۋەن يىللىرىدىكى مۇھىم تەدبىرلەر» قاتارلىق كىتابلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. گارۇناخۇس (لۇمىڭشەننىڭ بوۋىسى) سانسكرىت ۋە زاڭزۇچە بۇددىزم نوملىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى». 145 - جىلد، 3447 - بەت.

② «قۇت يارۇش كىتابلارنىڭ ئومۇمىي تىزىمى، مۇھىم مەزمۇنلىرى، يېزا ئىگىلىكى تۈرى».

بېيلىن ئازىرى خەنزۇچە، سانسكرىتچە ۋە زاڭزۇچە يېزىقتىكى بۇددىزم سۇترالىرىدىن ئالتە خىلىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان①.

ئەينى زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر خەتتات، رەسسام-لىرى ۋە مۇزىكانتلىرىدىن بايان بۇقا تېكىن، بېيەنلۇ، دىنىيېق قاتارلىق كىشىلەر بار.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ كەڭ دائىرىدە بىرلىككە كەلگەن سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە ئۇنىڭ غەربىي يۇرتنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇشى غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. مىللەتلەر ئالاقىسىنىڭ كۈچەيتىلىشى، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە دۆلەتنىڭ مىسلىسىز بىرلىكىنى مۇستەھكەملىدى.

## 58§. چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى بۆلۈنمىچىلىكى

### 1. چاغاتاي خانلىقى

(1) چاغاتاي خانلىقى

چاغاتاي خانلىقى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ سۇيۇرغاللىقى ۋە ئۇنىڭ شۇ سۇيۇرغاللىقتا بەرپا قىلغان ھاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ زېمىنى ھازىرقى تيانشاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئىلى ۋە بوزتالا رايونى، تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قەشقەر، خوتەن رايونى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەتتەسۇ ۋە ماۋرائۇننەھر رايو-

① «بىلىك جىاشىلى قاتارلىقلار تۈزگەن، «ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرىدىن قىسقىچە توپلام»، 1 - قىسىم، 115 - 116 - بەتلەر.

لىغا توغرا كېلىدۇ. چاغاتاي سۇيۇرغاللىقى چىڭگىزخان سۇيۇر-
غال قىلىپ بەرگەن زېمىن ئىچىدە ئەڭ چوڭ سۇيۇرغاللىق
ۋە ئىرق، قەبىلە ئەڭ مۇرەككەپ بولغان رايون بولۇپ، ئۇ
ئاۋات شەھەرلەرنى، شۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان دېھقانلارنى،
سۇ ۋە ئوت قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈدىغان كۆچمەن چارۋىچى-
لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ مەركىزى ئىلى دەرياسى
ۋادىسىدىكى ئالمالىق ئىدى. «تارىخىي رەشىدى» نىڭ بىرىن-
چى قىسىم 35-بېتىدە مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «چا-
غاتاي ئۆزى ئادىل ۋە زېھنى جەھەتتە تولغان بىر ھۆكۈمران-
دەك قىلىدۇ... ئۇ ھامان ئاتىسىنىڭ باتۇرلۇق روھىدىن
ئىلھام ئېلىپ، ئۆز تەۋەسىدىكى قەدىمدىن تارتىپ كەم ئۇچ-
رايدىغان كۆپ ئىرقلىق خەلقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك، رەتلىك،
تەرتىپلىك باشقۇرغان.» ئۇ چىڭگىزخان تۈزۈپ بەرگەن
قانۇن— «جاساق» قا ئەمەل قىلىپ، ئۆز خانلىقىنىڭ بۈيۈك
موڭغۇل خانىغا تەۋە خانلىق ئىكەنلىكىنى، بۈيۈك خانىنىڭ
تىزگىنلەپ تۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، بۇ خانلىقنىڭ
موڭغۇل خانلىقىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانىدى.

1241-يىلى چاغاتاي ۋاپات بولدى. چاغاتاينىڭ
نەۋرىسى قارا ھېلاكۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. چاغاتاينىڭ
تۇل قالغان خوتۇنى يېبۇكۈن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى كونترول
قىلدى.

1246-يىلى كۈيۈك موڭغۇل چوڭ خانىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق
قىلدى. كۈيۈك خانلىق تەختىگە ئوغۇل ۋارىسلىق قىلماي،
نەۋرە ۋارىسلىق قىلدى دېگەن باھانە بىلەن قارا ھېلاكۇنى
تەختتىن چۈشۈرۈپ، چاغاتاينىڭ بەشىنچى ئوغلى يېسۇمۆڭ-
كۈنى خان قىلىپ تىكلىدى. كۈيۈكخان تەختكە چىقىپ ئۈچ
يىل بولماي ۋاپات بولدى، 1248-يىلى يېسۇمۆڭكۈ بىلەن

ئوگدداي سىستىمىسىدىكى ۋەلىئەھدلەر مۆڭكۈنىڭ چوڭ خان بولۇشىغا قارشى چىقىپ، چوڭ خان سايلاش قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. 1252 - يىلى مۆڭكۈ چوڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، قىساس ئېلىپ، يېسۇمۆڭكۈنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، قارا ھېلاكۇنى قايتىدىن تەختكە چىقاردى. قارا ھېلاكۇ تەختكە چىقىپ نەچچە ئاي ئۆتمەيلا ۋاپات بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەختىنى تۇل قالغان خوتۇنى ئورقىنا خاتۇنغا بەردى.

1259 - يىلى مۆڭكۈخان سىچۈەندىكى خېچۈەنىنىڭ دياۋيۈشەن دېگەن يېرىدە بولغان جەڭدە قازا تاپتى. 1260 - يىلى قۇبلاي چوڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئارىقىدىنلا ئارقا بوغا مالىمان كۆتۈردى. قۇبلاي چاغاتاي رايونىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، چاغاتاينىڭ نەۋرىسى ئابىشقانى چاغاتاي سۇيۇرغاللىقىغا قايتۇرۇپ كېلىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقارماقچى بولدى، لېكىن ئابىشقا سەپەر ئۈستىدە ئارقا بوغا تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىندى. ئارقا بوغا چاغاتاينىڭ يەنە بىر نەۋرىسى ئارغۇننى ئەۋەتىپ ئورقىنا خاتۇننىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. ئارغۇن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاغاتاي سۇيۇرغاللىقىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىۋالدى، ئۇنىڭ بۇيرۇقى سەمەرقەند، بۇخارا، كەشمىر قاتارلىق جايلاردا ئىجرا قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقا بوغا يۈز ئۆرۈپ قۇبلاي تەرەپكە ئۆتۈپ، قۇبلاينىڭ قولىشىغا ئېرىشتى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ئۇنى ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى قوغداشقا تەيىنلىدى. 1262 - يىلى ئارقا بوغا زور قوشۇن تارتىپ ئارغۇنغا ھۇجۇم قىلىپ، ئالمالىقنى تارتىۋالدى. ئارغۇن ئۇدۇنغا قاراپ قاچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارغۇن ئورقىنا بىلەن ئەر-خوتۇن بولۇشۇپ، ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇقىملاشتۇردى.

1265 - يىلى ئارغۇن ۋاپات بولدى، ئورنىنا باشباشتاقـ لىق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئوغلى مۇبارەك شاھنى چاغاتاي خانلىـ قىنىڭ تەختىگە چىقاردى. قۇبلاي چاغاتايىنىڭ ئەۋرىسى بۇـ راقنى مۇبارەك شاھنىڭ نايىپلىقىغا تەيىنلىدى، بۇراق مۇباـ رەك شاھنى تەختتىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋالدى ۋە قۇبلايدىن يۈز ئۆرۈپ، قايدۇ بىلەن بىرلەشـ تى. 1271 - يىلى بۇراقنى قايدۇ زەھەر بېرىپ ئۆلتۈردى. 1274 - يىلى قايدۇ دۇۋانى چاغاتاي خانى قىلىپ تىكلەپ، قۇبلاي بىلەن غەربىي يۇرتنى تالاشتى.

1301 - يىلى قايدۇ ئۆلدى، دۇۋا ئوگداي جەمەتىدىكى خانلار بىلەن چاغاتاي جەمەتىدىكى خانلارنىڭ چوڭى بولۇپ قالغاندىن كېيىن، قايدۇنىڭ ئوغلى چەبەنى ئوگداي خانى قىلىپ تىكلىدى. 1303 - يىلى دۇۋا ئۇزاق ۋاقىت يۈەن سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن يۈەن سۇلالىسىگە ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، يۈەن سۇلالىسى بىلەن يارىـ شىپ قالدى. بۇ چاغدا يۈەن چېگرۇك ئوگداي ئەۋلادلىرىنىڭ كۆچىنى زەئىپلەشتۈرۈش ئۈچۈن، زور قوشۇن چىقىرىپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا دۇۋانىڭ ئوگداي ئەۋلادىدىن بولغان چەـ بەنى مەغلۇپ قىلىشىغا ياردەم بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئوگداي خانىنىڭ سۇيۇرغاللىقى پۈتۈنلەي چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

1306 - يىلى 12 - ئايدا دۇۋا كېسەل بىلەن ئۆلدى، خانلىق تەختى نەچچە قېتىم ئالماشتۇرۇلۇپ، ئاخىر دۇۋانىڭ ئۈچىنچى ئوغلى كۆبەك خانلىق تەختكە چىقتى. كۆبەك خان تەختكە چىقىپ بىر يىل ئۆتمەيلا تەختنى ئۆزىنىڭ ئاكىسى ئېسەن بۇقىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 1314 — 1323 - يىللىرى

ئېسەن بۇقا يۈەن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلدى. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ، ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدا ئېسەن بۇقىنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى.

1316 - يىلى يۈەن رېنزۇڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇتى نىيورىن تېكىننى «قۇچۇنىڭ لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇيغۇر شەھىرىدە قايتا تەختكە چىقاردى» ۋە ئۇنىڭغا «قۇچۇ خانى» دېگەن نامنى بەردى.

1314 - يىلى كېبەك قايتىدىن تەختكە چىققاندا، پايتەختنى ئالمالىقتىن سەمەرقەندكە كۆچۈرگەنىدى. بۇ ئىش شەرقىي قىسىمىدىكى يەتتىسۇ، ئىلى دەرياسى رايونىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خانلىقى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى: شەرقىي قىسىم ئالمالىقنى ئۆزىگە مەركەز قىلدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، ئېسەن بۇقا بۇ يەردە ھۆكۈمران بولدى؛ غەربىي قىسىمىنىڭ مەركىزى سەمەرقەند بولدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ماۋرائۇننەھر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، بۇ يەردە كېبەك ھۆكۈمران بولدى.

كېبەك خان ماۋرائۇننەھر رايونىدا دېھقانچىلىقنى تەشەببۇس قىلدى، پۇل قۇيدۇرۇپ ئوردا قەسىر ياسىتىپ، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تىلىنى قوللىنىپ، يەرلىك ئاھالىلەر ئېتىقاد قىلىدىغان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، موڭغۇل قەبىلىلىرى بىلەن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. ئەمما، ئېسەن بۇقا باشچىلىقىدىكى مۇتەئەسسىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرۇپ، شەھەرلەرگە ۋە دېھقانچىلىق رايونىغا كىرىشنى خالىمىدى، شۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خانلىقى بۆلۈنمىچىلىككە قاراپ ماڭدى.

(2) شەرقىي چاغاتاي خانلىقى (1348 -- 1509 - يىللار)

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن تۇغلۇق تۆمۈر قۇرغان، ئۇنىڭ پايتەختى ئالمالىق (هازىرقى شىنجاڭ قورغاس ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە)ئىدى، ئۇ ھىلى سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت بولۇپ، تېررىتورىيىسى ئىلى دەرياسى ۋادىسى قەشقەر، يەكەن، تۇرپان، قۇمۇل ۋە بېشبالىقنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

1321 - يىلى ۋە 1330 - يىلى كوبەك خان بىلەن ئىسەن بۇقا ئارقا - ئارقىدىن ۋاپات بولدى. موڭغۇل قەبىلىلىرى سەركىسىز قېلىپ، پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، ھەرقايىسى ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ، بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىپ قىرغىنچىلىق قىلىشتى. 1348 - يىلى ھوقۇقلۇق ۋەزىر بۇلاجى 18 ياشلىق تۇغلۇق تۆمۈرنى ئىسەن بۇقىنىڭ ئوغلى دەپ جاكارلىدى ۋە ئۇنى ئاقسۇدا خان قىلىپ تىكلىدى. تۇغلۇق تۆمۈر ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار تارىختا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالدى.

تۇغلۇق تۆمۈر 1361 - يىلى ماۋرائۇننەھر رايونىغا ئۆزلۈكسىز ئەسكەر ئەۋەتىپ، ماۋرائۇننەھر رايونىنى قايتۇرۇۋالدى، چاغاتاي خانلىقى يەنە ۋاقىتنچە بىرلىككە كەلدى. تۇغلۇق تۆمۈر چاغاتاي خانلىقى جەمەتى ئىچىدە ئىسلام دىنىنى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلغان شەخس ئىدى، ئۇ ئىسلام دىنىنى تيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىدا زورلۇق ۋاسىتىسى بىلەن كېڭەيتىپ، 160 مىڭ موڭغۇلنى زورلۇق بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇردى.

1363 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئۆلدى، ھەرقايسى جايلاردا توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى، بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

بارلاس قەبىلىسىدىن تېمۇرلەڭ (ئاقساق تېمۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر چىقىرىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، 1370 -يىلى سەمەرقەندنى ئېلىۋالدى، ئارقىدىنلا يەنە پۈتۈن ماۋرائۇننەھر رايونىنى ئىشغال قىلدى، تېمۇرلەڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، تېمۇرلەڭ ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلدى.

بۇ چاغدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئىچىدە مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، بۇلاجىنىڭ ئىنىسى قەمەرىددىن تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ پەرزەنتلىرى، ئائىلە تەۋەلىرىدىن 18 كىشىنى ئۆلتۈردى، پەقەت ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجا دوغلات قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ يوشۇرۇپ قويۇشى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. 1389 -يىلى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى خۇدايدات خىزىر خوجىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشىنى قوللىدى، خىزىر خوجا بېشبالىقنى پايتەخت قىلدى، بۇ تارىختا «بېشبالىق بەگلىكى» دەپ ئاتالدى.

خىزىر خوجا بەگلىكى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولدى. خىزىر خوجا 1391 -يىلى (خۇڭۋۇنىڭ 24 -يىلى) نەنجىڭگە ئەلچى ئەۋەتىپ، مىڭ سۇلالىسىگە 11 ئات، بىر بۈركۈت تارتۇق قىلدى. جۇيۈەنجاڭ بۇ ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە مۇكاپاتلىدى ھەمدە جاۋابەن زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى①.

1399 -يىلى، خىزىر خوجا كېسەل بىلەن ئۆلدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەت تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئوغلى شامى جاھان تەختكە چىقتى. 1407 -يىلى (يۇڭلې 5 -يىلى) شامى جاھان مەكتۇپ يوللاپ

① «مىڭ تەيزۇ خانىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، 210-جىلد.

يۇڭلې پادىشاھىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، يۇڭلې پادىشاھ مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنىڭ «يېنىكلىك قىلماي ئوبدان ئويلاپ ئىش قىلىش» نى تەلەپ قىلدى، شامى جاھان ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، 1408 - يىلى ۋاپات بولدى.

1408 - يىلى شامى جاھاننىڭ ئىنىسى مەخمۇد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ موڭغۇل قەبىلىلىرى ئىچىدە ئىسلام دىنىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن يولغا قويدى، سەللە يۆگىمىگەنلەر-نىڭ بېشىغا تاقا مىخى قاقتى. شۇڭا، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە غەربىي يۇرتتىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇسۇلمان بولدى.

1417 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ پۇشتىدىن بولغان ئۇۋەيس ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. XV ئەسىرنىڭ باشلى-رىدا ئۇۋەيسخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسى باش كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە بېشبالىقنى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ھەم بارسكۆل يايلاقلىرىنى بېسىۋالدى. 1418 - يىلى ئۇۋەيس ئۆزىنىڭ قەبىلىلىرىنى باشلاپ مەجبۇرىي غەربكە كۆچۈپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئىلىبالىققا كەلدى. ئۇۋەيس شەرق بىلەن غەرب سودىسىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان قۇمۇلنى تالىشىش ئۈچۈن، ئويراتلار بىلەن 61 قېتىم ئۇرۇش قىلدى ۋە ھەر قېتىمدا مەغلۇپ بولدى، ئىككى نۆۋەت ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ سىڭلىسىنى ئېسەنگە خوتۇنلۇققا بېرىشكە مەجبۇر بوندى①.

ئۇۋەيس 1428 - يىلى بىر قېتىملىق جەڭدە قازا تاپتى. ئۇنىڭدىن يۇنۇس ۋە ئېسەن بۇقا I دېگەن ئىككى ئوغلى قالغانىدى. ياندۇرقى يىلى ئەمىر سەئىد ئەلى باشچىلىقىدىكى

① «تارىخى رەشىدى»، 248-بەت.

سەركەردىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئېسەن بۇقىنىڭ خان بولۇشىنى قوللىدى، ئۇنىڭ زېمىنى تۇرپان بىلەن قۇمۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. يۇنۇس ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى سەمەرقەندكە قېچىپ بېرىپ، غەربىي قىسىم رايونىدا ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ غەربىي يۇرت يەنە بۆلۈنۈش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى، ھەر قايسىسى بىر - بىرىدىگە تەن بەرمىدى، زېمىنى چوڭراقلىرى ئۆزىنى دۆلەت، كىچىكلىرى يۇرت دەپ ئاتىۋېلىشتى.① ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنمىچىلىك توپىلىڭدىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى كۈنسېرى زاۋاللىققا قاراپ ماڭدى.

## 2. چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتى

چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى غەربىي يۇرتتا ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك ھۆكۈمرانلىق قىلىش داۋامىدا، ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان بۆلۈنمىچىلىك، يېغىلىق توپىلىدىن، ئاھالىلىرى سەرسان، شەھەرلىرى ۋەيران بولدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان مۇھىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بازىلىرىدىن بېشبالىق، چېدىر، سوياپ قاتارلىق جايلار كاردىن چىقتى، سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرىدىن بۇيانقى بېشبالىق، ئېلىبالىق، ئالمالىق قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرمۇ نابۇت بولدى. 1414 - يىلى چېن چېڭ ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرتقا بېرىش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە، قۇچۇ - تۇرپان ئەتراپىدىكى ئاۋات يېزا ئىگىلىك رايونىنىڭ چۆلدەرەپ كەتكەنلىكىنى، كارىزلارنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى، دېھقانلارنىڭ چوڭقۇر قۇدۇقتىن ساپال قاچىلاردا سۇ تارتىپ يەر سۇغارغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن. قەشقەر، يەكەن، ئۇدۇن قاتارلىق جايلار-

① مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى—4.

دىكى شەھەر-بازارلار ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى ۋەيران قىلىندى، نۇرمال ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرى ۋە تۇرمۇش تەرتىپى بۇزۇلدى، دېھقانچىلىقى چۆشكۈنلەشتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تاشلىنىپ قالدى، سودا-سېتىق توختاپ قالدى. يۈز مىڭلىغان پۇقرالار ئېغىر باج-سېلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشكە ياكى تاغ ئىچىگە كىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇرۇش پەيدىنپەي ئازايدى.

XIV ئەسىرلەردىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى بارغانسېرى چاغاتاي يېزىقى ئىگىلىدى. چاغاتاي يېزىقى ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان يېزىق بولۇپ، ئۇ ئەرەب يېزىقىدىكى 28 ھەرپ ۋە پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان تۆت ھەرپ بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 32 ھەرپتىن تەركىب تاپقان. بۇ خىل يېزىق ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ، ھەرپلىرى يالغۇز ھەرپ، باش ھەرپ، ئوتتۇرا ھەرپ، ئاياغ ھەرپ دەپ تۆت خىلغا ئايرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاغاتاي خانلىقى تەۋەسىدە بىر خىل ئۇنىۋېرسال تىل شەكىللەندى، بۇ خىل تىلنى قوللىنىدىغانلار ئىچىدە يەرلىك ئاھالىلەردىن باشقا چاغاتاي ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ خىل تىلنى قوللىنىدىغانلارنىڭ تېررىتورىيە دائىرىسىگە قاراپ كىشىلەر ئۇنى «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىدى. «چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇنداق بىر ئوخشىتىش بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. بۇ تىل بىناسىنىڭ جاھازلىرى (فونېتىكا، گراممatika) ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ. تاملارنى قوپۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن خىش-كېسەكلەر (لېكسىكا) ھەر جەھەتتىن كەلگەن.

بۇلار ئۇيغۇر تىلى، تاجىك تىلى، ئەرەب تىلى، پارس تىلى ۋە موڭغۇل تىلىدىن ئىبارەت.①

چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە ئەسەرلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تەبىئىي پەن ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

XIV ئەسىردە ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق رابغۇزى يازغان «رابغۇزى ھېكايىلىرى» («قىسسەسۇل ئەنبىيا» «تەزكىرەئى ئەۋلىيا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 72 بابلىق نەسرىي ۋە نەزمىلەر توپلىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چاغاتاي تىلى بىلەن يىرىك ئەسەر يازغۇچىلاردىن يەنە لۇتفى، سەككاكى، ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىقلارمۇ بار. لۇتفىنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» دېگەن داستانىنىڭ سۆز ئىبارىلىرى نەپىس، ۋەقەلىكى تەسىرلىك. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «مەھبۇبۇل قۇلۇب» («كۆڭۈللەرنىڭ سۆيگىنى») بىلەن «خەمسە» قاتارلىقلار بار. سەككاكى سەمەرقەندتىكى ئۇلۇغبەگ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارى بولۇپ، شېئىرىيەت، ستىلىستىكا، لوگىكا، پەلسەپە جەھەتلەردە خېلى يېتىلگەن كىشى ئىدى.

### 3. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئاھالىلىرى

بۇ مەزگىلدە غەربىي يۇرتتىكى ئاساسىي مىللەت بولغان ئۇيغۇر مىللىتى باشقا مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تېخىمۇ زورايدى، ئويرات، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرمۇ تيانشاننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا راۋاجلاندى.

ئويراتلار موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىقى. ئۇلار يۈەن سۇلالىسى

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1-قىسىم، ئۇيغۇرچە نەشرى 601-بەت.

دەۋرىدە «ئۇلۇسلار»، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «ۋالا» دەپ ئاتالدى. XIII ئەسىردىن ئاۋۋال ئۇلار موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا ياشايتتى. 1201-يىلدىن كېيىن پەيدىنپەي شىمالغا سىلجىپ يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا كۆچۈپ باردى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە چۆللۈكنىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى موڭغۇللار ئاساسەن بىر-بىرىگە قاراشلىق بولمىغان تاتارلار، ئويراتلار ۋە ئورانقايلاردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئويراتلار موڭغۇلىيىنىڭ غەربى، شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالى، سىبىرىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جايلارغا تارقالغانىدى. مۆڭكۆ تىمۇر دەۋرىدە (1368 — 1403)، ئويراتلار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا 40 مىڭ تۈتۈن ئاھالىسى بار قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندى. ئۇلار 1399-يىلى ئويرات خانلىقىنى قۇردى. مۆڭكۆ تىمۇردىن كېيىن، ئويراتلار ئايرىلىپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ماخمۇد، تەيپىڭ، باتۇر پولاتلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئەۋە بولدى. توغان تەختكە چىققاندىن كېيىن، 1434-يىلى تاتار خانلىقىنى يوقىتىپ، شىمالىي چۆللۈكنىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى ئىككى چوڭ موڭغۇل قەبىلىسىنى بىرلىككە كەلتۈردى. يەنە 1436-يىلى ئويراتلارنىڭ ئۈچ قىسمىنىمۇ بىرلىككە كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئويراتلار مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە قۇدرەت تاپتى. ئېسەن تەختكە چىققاندىن كېيىن (1439 — 1454) ئۇنىڭ كۈچ قۇۋۋىتى تازا ۋايىغا يەتتى. ئۇ شەرققە قاراپ كېڭىيىپ ئورانقاي موڭغۇللىرىنى (ھازىرقى لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئېقىنى) ئىشغال قىلدى، جۇرجىتلار قەبىلىسىنىمۇ بويسۇندۇرۇپ، چاۋشيەنگە بىۋاسىتە تەھدىت سالدى، جەنۇب-

قا قاراپ ھۇجۇم قىلىپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى قىسىم چېگرىسىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، بېيجىڭ شەھىرى ئەتراپىغىچە يېتىپ باردى؛ شىمالدا يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بىلەن ئوب دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سىبىرىيىنىڭ جەنۇبىي قىسىم رايونىنى تىزگىنلىۋالدى؛ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ قۇمۇل ۋە پۆت-ىزن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى بېسىۋالدى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ، تەسىر كۆچىنى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى يەتتىسۇ ۋادىسى بىلەن ماۋرائۇننەھر رايونىغىچە كېڭەيتتى.

ئويرات ھۆكۈمرانلىرى غەربىي چېگرىدىكى مۇھىم قاتناش يولى بولغان قۇمۇلنى تالىشىش ئۈچۈن، مىڭ سۇلالىسى، قۇمۇل ۋە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئۇۋەيس خانلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى، شۇنداقتىمۇ قۇدىلىشىش ۋە ئىتتىپاقلىشىشنى يەنىلا داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى، سودا ئالاقىسى مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ قالدى. 1424-يىلى توغان ئۆزىنىڭ قىزىنى قۇمۇلنىڭ ئىمتائەتمەن سادىق ۋاڭى بوداشىرغا ياتلىق قىلدى. شۇ ۋەجىدىن ئويرات ھۆكۈمرانلىرى بىلەن قۇمۇل ۋاڭى بىر-بىرىنى ئاغا-جىيەن دەپ ئاتىشىدىغان بولدى.① 1443-يىلى ئېسەن ئەلچى ئەۋەتىپ ئات ۋە هاراق سوۋغات قىلىش ئارقىلىق، چىجەن قورۇقىدىكى چيېۋانىسكانىڭ قىزىنى كېلىن قىلماقچى ۋە شاجۇ ئايمىقى قورۇقىدىكى كۇنجىلەينىڭ قىزىنى ئىنىسىغا ئېلىپ بەرمەكچى بولغاندا رەت قىلىندى. ياندۇرقى يىلى قايتا ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى، ھەم ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنى كېلىپ تويلۇقنى قوبۇل قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، تا 1451-يىلىغىچە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تە-

① «مىڭ سۇلالىسى شيەنزۇڭنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، 289-جىلد.

لەپ قىلىپ تۇردى. چىن چىڭنىڭ «غەربىي يۇرتقا بېرىش خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدا قەيت قىلىنىشىچە، بۇ يەردە ئۇيغۇرلار يەرلىك ئاھالە ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا خويخويلار، قارا خويلار (ئويراتلارنىڭ بىر خىلى) ۋە خەنزۇلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بىر شەھەردە بىللە ئولتۇراقلاشقانىكەن، قائىدە-يوسۇنلىرىمۇ ئوخشىمايدىكەن، بۇ يەردىكىلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، توقۇمىچىلىق ۋە كانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. «مىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە» دە ئويراتلارنىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىغانلىقى ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمان سودىگەرلەر بىلەن سودىگەرچىلىك قىلغانلىقى، پادىشاھقا سوۋغات تارتۇق قىلغانلىقى كۆپ قېتىم قەيت قىلىنغان. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1409-يىلى ماخمۇدقا ئىتائەتچان ئەمىن ۋاڭ دېگەن ئۇنۋان ئىنئام قىلغان. ماخمۇد ئۆلگەندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ماخمۇدنىڭ ئوغلىغا ئاتا مىراس ئىتائەتچان ئەمىن ۋاڭلىق مەرتىۋىسى بېرىشنى تەستىقلىدى ھەمدە ئويراتلارنىڭ قارىمىقىدىكى يۈزدىن كۆپرەك كىشىگە ئەمەل مەنسەپ بەردى. ئېسەن دەۋرىدە ئۇنۋان مەرتىۋىگە ئېرىشكەن ئويراتلار 358 ئادەم قېتىمدىن ئاشقان. ئويراتلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ سىياسىي ئالاقىسى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى ئاساسەن «ئۆزئارا تارتۇق بېرىش» ۋە «ئۆزئارا سودا قىلىش» يولى بىلەن بولدى. ئۆزئارا تارتۇق بېرىشتە، ئويراتلار ئات، تۆگە، كالا، قوي ۋە تېرە ماللار قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تەقدىم قىلاتتى، مىڭ سۇلالىسى بولسا، ئويراتلارنىڭ فېئودال-ئاقسۆڭەكلىرىگە مەنسەپ مەرتى-

ۋە بېرىش ۋە مۇكاپات ئىنئام قىلىش نامى بىلەن پۇل، يىپەك رەخت، كىيىم-كېچەك، ئاياغ-پايپاق ۋە باشقا ئەتىۋارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى بېرەتتى. ئېسەن دەۋرىدە پادىشاھقا تەقدىم قىلىنغان ماللار تېز كۆپەيگەن، ھەر قېتىمقى تارتۇق ئېلىپ بارىدىغان ئەلچىلەرنىڭ سانى كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز كىشىدىن نەچچە مىڭ كىشىگىچە يېتىپ بارغان، تارتۇق قىلىنىدىغان ئات، تۆگىلەر تۈمەن تۇياقتا، ھەر خىل تېرىلەر ئون نەچچە تۈمەن پارچىگە يېتىپ بارغان.

1449-يىلى كۈزدە، ئېسەن ئىنئام، مۇكاپات ئالالمىغانلىقى ۋە ئۆز ئارا سودىدا مىڭ سۇلالىسى ئاتنىڭ باھاسىنى چۈشۈرگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئويرات قەبىلىلىرىنى باشلاپ مىڭ سۇلالىسىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلدى. ئاغۋات ۋاڭجېننىڭ قىستىشى بىلەن مىڭ يىڭزۇڭ 500 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىپ، داتۇڭدا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇمۇباۋ قورغىنى (خېبېيدىكى خۇەيلەي ناھىيىسى تەۋەسى) غا چېكىندى، يىڭزۇڭ ئەسىرگە چۈشتى، بۇ تارىختا «تۇمۇباۋ ۋەقەسى» دەپ ئاتالدى. 1454-يىلى ئويراتلار ئىچىدە ماجىرا يۈز بەردى. ئىككىنچى يىلى ئېسەن ئۆلتۈرۈلدى، ئويراتلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زەئىپلەشتى.

قازاق مىللىتى ئېلىمىزدىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدە بۇ ھەقتە نۇرغۇن خاتىرىلەر يېزىلغان، قەدىمكى پارس ۋە يۇنان تارىخچىلىرىمۇ قازاقلار توغرىسىدا نۇرغۇن بايان قىلغان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى ئىككىنچى ئەسىردە ئۇسۇنلار ئىلى دەرياسى ۋە يەتتەسۇ ۋادىلىرىدا ياشاپ كۆپىيىپ، ساكلار

ۋە تۇخرىلار (ياۋچىلار) نى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ قازاق مىللى-
تىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا ئايلانغان. مىلادى 552 — 940-يىل-
لىرى غەربىي تۈركلەر، تۈركەشلەر، قارلۇقلار ئىلگىرى-كې-
يىن بولۇپ، بۇ رايوندا ئۆزلىرىنىڭ خانلىقلىرىنى بەرپا قىل-
دى. بۇ يەردە ياشىغۇچى كانجۇت، ئالانىي، تۈغلۇق، تۇر-
كەش، قارلۇق، تېلىي قاتارلىق قەبىلىلەر ۋە قوۋملەر قا-
زاق مىللىتىگە سىڭىپ كەتتى. XIII — XIV ئەسىردە قازاقلارنىڭ
كۆپ قىسىم قەبىلىلىرى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ھۆكۈم-
رانلىقى ئاستىدا ئىدى. يەنە بىر قىسمى بولسا چاغاتاي
خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقى زا-
ۋالغا يۈز تۇتقاندىن كېيىن، ئاقئوردا خانلىقىنىڭ باشقۇ-
رۇشىدا بولدى. بۇ دەۋردە قازاق قەبىلىلىرىنىڭ تارقالغان
جايلىرى ناھايىتى كەڭ، ئولتۇراقلاشقان رايونى تارقاق
ئىدى، بىر رايوندا نەچچە قەبىلە ئارىلىشىپ جايلاشقان
ئىدى، ھەتتا بىر قەبىلە بىر نەچچە خانلىققا
تارقىلىپ كەتكەن. بۇ ھال تېخىمۇ كۆپ قەبىلىلەرنى، مەسى-
لەن، قىپچاق، نايمان، كېرەي، ئارغىن، قوڭغۇرات، جالايىر
قاتارلىق قەبىلىلەرنى قازاقلارنىڭ ئەزاسىغا ئايلاندۇردى.
XV ئەسىردە ئاقئوردا خانلىقىدا ماجرا يۈز بېرىپ، بۇ
خانلىق نوغاي خانلىقى، ئۆزبېك خانلىقى دەپ ئىككى قىسىمغا
بۆلۈنۈپ كەتتى. 1456-يىلى جانىبېك بىلەن كېرەيخان
قازاقلارغا باشلامچىلىق قىلىپ چۇ دەرياسىدىن تالاس دەريا-
سىغىچە بولغان جايلاردا قازاق خانلىقىنى قۇرۇپ، تۈركىستان
شەھىرىنى پايتەخت قىلدى.

قازاق خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى قازاق مىللىتى تارىخىدىكى
زور ۋەقە ئىدى، بۇ قازاق مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل
قىلغۇچ رول ئوينىدى. 1468-يىلى ئۆزبېك خانلىقى يىمى-

رىلدى، ئۇنىڭ زېمىنى بىلەن خەلقى قازاق خانلىقىغا كەل
بولدى. ئارقىدىن نوغاي خانلىقىمۇ يىمىرىلىپ، ئۇنىڭ تەۋەسى-
دىكى قازاقلار ئارقا-ئارقىدىن قازاق خانلىقىغا كۆچۈپ كىر-
دى. XV ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن 70-يىللارنىڭ بېشىغىچە
بولغان ئارىلىقتا، قازاق خانلىقى قىپچاق يايلاقلىرى بىلەن
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوترار، تۈركىستان، ئۆرگەنچ قاتارلىق
جايلارغا ئىگە بولدى، نوپۇسى كۆپىيىپ 200 مىڭغا يەتتى.

1500-يىلى قازاق خانلىقى تۆمۈرلەڭ ئىمپېرىيەسىنى
مەغلۇپ قىلىپ، ماۋرائۇننەھرنى بېسىۋالدى، XVI ئەسىرنىڭ
20-يىللىرىغا كەلگەندە، قازاق خانلىقىنىڭ زېمىنىنىڭ جەنۇب
تەرىپى سىر دەرياسى ۋادىسىنى، شەرقىي جەنۇب تەرىپى يەتتە-
سۇ رايونىنى، شەرقىي شىمال قىسمى بالقاش كۆلىنىڭ شەر-
قى ۋە جەنۇبىي قىسىم رايونىنى، غەربىي قىسمى يۇياق دەر-
ياسى ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. پايتەختى تۈركىستان
بولۇپ، ئۇ خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت
مەركىزىگە ئايلاندى. قازاق خانلىقىنىڭ خانى قاسىمخان قازاق
خانلىقىنىڭ تۇنجى قانۇنى — «قاسىمخان قانۇنى» نى تۈزۈپ
چىقتى، قازاق خانلىقى 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە
ئىدى، بىر مىليون ئاھالىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

قاسىمخان دەۋرىدە ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىي قىل-
دى. چارۋىچىلىق قازاق خانلىقىنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىك تار-
مىقى بولۇپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ ئاسا-
سى بىرلىكى ئاۋۇل ئىدى. ئاۋۇل ئومۇمەن قانداشلىق جەمەتتە
بىر قەدەر يېقىن بولغان ئون نەچچە تۇتۇندىن تەركىب تاپات-
تى. يايلاق ئومۇمنىڭ ئىگىدارلىقىدا، چارۋا ماللار خۇسۇسىي-
لارنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولاتتى، قوي، ئات، كالا ۋە تۆگىلەر
پەسىلگە قاراپ يايلاق ئالماشتۇرۇپ بېقىلاتتى. ئات قازاق-

لارنىڭ ئەڭ سادىق ھەمراھى بولۇپ، «قازاقلارنىڭ قانىتى»، مۇھىم قاتناش ۋاسىتىسى ھېسابلىناتتى. «تارىخىي رەشىدى» نىڭ 177 - بېتىدە قاسىمخاننىڭ سۇلتان سەئىدخانغا ئات تەقدىم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى بىر ھېكايە بايان قىلىنىپ، ئۇنىڭدا قازاقلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئاتنىڭ قازاقلارنىڭ تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى جانلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىلىدۇ. 1513 - يىلى سۇلتان سەئىدخان قازاقلارنىڭ خانى قاسىمخان بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. قاسىمخان ئۇنى تەنتەنىلىك كۈتۈۋاپتۇ، ئۇ مۇنداق دەپتۇ: «بىز يايلاقتا ياشايدىغان ئادەملەر، بىزدە مال - دۇنيا، قائىدە - يوسۇن دېگەن نەرسە يوق، بىزدە ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — يىلقا، ئەڭ ياخشى تائام — گۆش، ئەڭ مەززىلىك ئىچىملىك — قىمىز. بىزنىڭ يېرىمىزدە باغ - ۋاران، ئۆي - ئىمارەت دېگەن نەرسە يوق، بىزنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئاساسىي ئىشىمىز ماللارنى كۆزدىن كەچۈرۈش». ئاخىرىدا قاسىمخان ئۆزى ياقتۇرغان ئاتتىن ئىككىنى يېتىلەپ كېلىپ، سۇلتان سەئىدخانغا: ئۆزىڭىز بىرنى تالليۋېلىڭ دەپتۇ، بۇ سوۋغات سۇلتان سەئىدخاندا بىر ئۆمۈر ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇرۇپتۇ.

خانلىقتا ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى خېلىلا ئومۇملاشقان. چارۋىچىلار قوي يۇڭىدىن كىگىز، شىرداق، گۈللۈك ئەدىياللارنى ئىشلەپ چىقاتتى. مويلىرىدىن گۈللۈك ئارقان ئېشەتتى ۋە خالتا، خۇرجۇن، قاپ قاتارلىق نەرسىلەرنى توقۇيتتى، قوي، بۆرە، يولۋاس تېرىلىرىدىن كىيىم تىكەتتى، چوڭ چارۋىلارنىڭ تېرىسىدىن ئۆتۈك، غىلاپ، قاپچۇق قاتارلىق نەرسىلەرنى ياسايتتى، ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزىدىن تۈگمە، ناسدان ياسايتتى، ئۇستىخانلىرىدىن كارىۋات پۇتى ۋە ئويما نەقىش بۇيۇملىرىنى ئىشلەيتتى، سىڭىرلىرىدىن كېرىش تارتىپ،

ئۆتتۇك ئىكەنتى. ئۇلار تۆمۈردىن ئوتىغۇچ، كۈرەك، پالتا، ئورغاق، ساپان، پىچاق، خەنجەر، قىلىچ، نەيزە، ئوقيا، مىلتىق، توپ قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ھەربىي قورال - ياراقلارنى ياسايتتى. ئۇلار يەنە ئالتۇن - كۈمۈشتىن بىلەيزۈك، ھالقا، ئۈزۈك، چاچا قاتارلىق ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسايتتى.

خانلىقتىكى ئاساسلىق شەھەرلەردىن پايتەخت تۈركىستان، ئوتيار، سىغىناق قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار «يىپەك يولى» غا جايلاشقانلىقتىن، سودىسى ئىنتايىن ئاۋات ئىدى، چارۋىچىلار ئۆزلىرىنىڭ چارۋا - مال، تېرە - يۇڭ، كىگىز، شىرداق، ئەديىال، جۇۋىلىرىنى شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇنىڭغا پاختا رەخت، ئاشلىق ۋە باشقا قول سانائەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېتەتتى. سودىگەرلەر زور مىقداردا بەقەسەم، يىپەك، ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق ئەتىۋارلىق ماللىرىنى توشۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا چارۋىچىلارنىڭ قولىدىكى ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئالماشتۇرۇپ كېتەتتى، مەسىلەن، بۇخارادا كىشىلەر بەقەسەم تونلىرىنى قازاقلارنىڭ نەپىس، كۆركەم يۇڭ چەكمەن تونلىرىغا تېگىشىپ كېتەتتى، بۇ ھال قازاق خانلىقىدا سودا ئىشلىرىنىڭ جانلانغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. تۈركىستان ۋە ئوترار شەھەرلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش داۋامىدا، تەڭگە، داچەن قاتارلىق نۇرغۇن پۇللار قېزىۋېلىندى.

قاسىمخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ھىماشخان خان بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن تايىرخان خان بولدى. تايىرخان زالىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى. قازاق خانلىقى شۇنىڭ بىلەن زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى.

قىرغىز مىللىتى ئېلىمىزدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ
بىرى بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە «گېكۇن»، «جيەنكۇن»
دەپ جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر بىلەن سۇي سۇلالىسى دەۋ-
رىدە «جيېگۇ»، «خىگۇ»، «چىگۇ»، «خۇگۇ» دەپ ئاتالغان،
تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «جيەنكۇن»، «خاگاس» (خاككاس)
دەپ ئاتالغان، ئەڭ كەڭ تارقالغان ئاتىلىشى «خاككاس»
ئىدى. لياۋ (قىتان)، سۇڭ، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە
«خاككاس»، «قىرغىز» دەپ ئاتالدى. موڭغۇل — يۇەن سۇلا-
لىسى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە «قىرغىزلار» دەپ ئاتالدى،
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «بۇيرۇتلار» دەپ ئاتالدى.
قىرغىزلار ئۇزاق تارىخ جەريانىدا، باشقا مىللەتلەرنىڭ
تەركىبىنى ئۆزىگە ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ ۋە سىڭدۇرۇپ،
زورايغان ۋە تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ سۇڭ، يۇەن، مىڭ
سۇلالىلىرى دەۋرىدە، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر، قىتان، موڭغۇل،
قازاق ۋە خەنزۇ ئاھالىلىرىمۇ قىرغىزلارنىڭ ئىچىگە سىڭىشىپ
كەتكەن.

## §6. يەكەن خانلىقى

### 1. يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

1514 - يىلدىن 1678 - يىلغىچە بولغان بىر يېرىم
ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە، يەكەننى مەركەز قىلىپ، شەرقتە قۇمۇل-
دىن غەربتە پامىر ئېگىزلىكىگىچە، جەنۇبتا شىزاڭ چېگرىسى-
دىن شىمالدا تيانشان تېغىغىچە سوزۇلغان چوڭ خانلىق
تىكلەندى، بۇ مەشھۇر يەكەن خانلىقى ئىدى.
يەكەن خانلىقى سەئىدخان تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، ئىسما-
ئىل خان ئەسىرگە ئېلىنغانغا قەدەر جەمئىي ئالتە ئەۋلاد، 11

خانلىق دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ، 165 يىل داۋاملاشتى.
«خانلىق ئەڭ قۇدرەت تاپقان ۋاقىتلاردا، پۈتكۈل تيانشاننىڭ
جەنۇبىي قىسمىنى ئىلكىگە ئالغاندىن تاشقىرى، بالقاش كۆلىنىڭ
جەنۇبىي قىسمىنى، ئىسسىقكۆل رايونى، پەرغانە ئويمانلىقى،
بەدەخشان ۋە ۋاقان تاغلىق رايونى قاتارلىق جايلارنى ئۆز-
نىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەر-
بىي قىسمىدىكى ئەمەلىي زېمىننى باشقۇردى»①.

يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدا، سەئىد ۋە ئۇنىڭ ئوغلى
ئابدۇرەشىد، نەۋرىسى ئابدۇكېرىم ۋە سۇلتان ماخمۇد جەسۇر،
ئىستىبداتلىق، سىياسىي جەھەتتە تەرەققىيپەرۋەر ۋە تۆھپى-
كار چوڭ خانلار ئىدى. شۇنداقلا يەكەن خانلىقىنى قۇرغان
ۋە قۇدرەت تاپقۇزغان ھۆكۈمرانلار ئىدى.

يەكەن خانلىقىغا ئاساس سالغۇچى سەئىدخان 1490-
يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان. ئۇ 12 ياش ۋاقتىدا دادىسى بىلەن
بىللە ئۆزبېكلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان، نەتىجىدە يېڭى-
لىپ، يارىلىنىپ، زىندانغا تاشلانغان، بىر يىلدىن كېيىن،
تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ يېنىغا قېچىپ بارغان. ئۇ ئانچە ئۇزاق
ئۆتمەي، تاغىسىنىڭ يارامسىز، دۆلەت ئىشى بىلەن كارى بول-
مايدىغان، دۆلەتنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى،
ئۇنىڭ بىلەن بىرەر چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولماي-
دىغانلىقىنى بايقاپ، قىرغىزلار رايونىغا بارغان. ئۇ ياش،
ئىستىبداتلىق، جەسۇر، جەڭ قىلىشقا ماھىر بولغانلىقتىن، قىر-
غىزلار ئۇنى ماختاپ، ئۆزىگە سەردار قىلىپ تىكلىگەن. كېيىن
كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش جەريانىدا نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەت-
لەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىر كابۇلغا بېرىپ، بىر نەۋرە
ئاكىسى بابۇرنىڭ يېنىغا بارغان ۋە قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان.

① ليۇزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-قىسىم، 717-، 718-بەت.

بۇ يەردە ئىككى يىل تۇرۇپ 1514 - يىلى ئاكىسى بابۇر بىلەن بىللە سەمەرقەند شەھىرى ئەتراپىدا جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولـ ھاندىن كېيىن، قوشۇنىنى باشلاپ تىيانشان تېغىدىن ئۆتـۇپ، قەشقەر رايونىغا كىردى. جاپالىق، شىددەتلىك جەڭلەرنى قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يېڭىسار، يەكەن ۋە قەشقەرنى ئىشغال قىلدى. 1514 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كـۈنى خـانلىق تەختىگە ئولتۇردى، يەكەننى پايتەخـت قىلىپ، يەكـەن خانلىـ قىنى قۇردى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا، نەچچە قېتىم قىرغىز ۋە قازاقلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بىلەن بەدەخشان رايونىنى تارتىۋېلىپ، كـەڭ دائىرىدىكى زېمىننى خانلىق زېمىنىغا قـوشۇۋالغان سـەئىدخان 1533 - يىلى كەشمىرگە قىلغان يـۈرۈشىدە، لاداق رايـونىدا ۋاپات بولدى.

1533 - يىلـى سـەئىدخـانىـڭ چـوڭ ئـوغلـى ئابـ دۇرەشىدخـان تـەختكـە ۋارىسلىق قىلدى. ئابدۇرەشىدخان دوغلات قەبىلىسى ئەمىرلىرىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇپ، خانلىق تەختىنى مۇستەھكەملىدى، سىرتتا ئۆزبېكـلەرنىڭ شـايبانىـ لار خانـدانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، قۇدىلاشتى. 1560 - يىلى ئابدۇرەشىدخان جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىققاندا، خوتەندە ۋاپات بولدى.

ئابدۇرەشىدخان ۋاپاتىدىن كېيىن، سەئىدخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابـدۇكېرىم تەختكە ۋرىسلىق قىلدى. ئابدۇكېرىم خانـ نىڭ ئاساسىي تۆھپىسى تۇرپان رايـونى بىلەن قـومـۇل راـ يونىنى يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىنىغا قوشۇپ، شەرقىي چاغاتـاي خانـلىقىنىڭ ئـوتـتـۇرا مـەزگىلىدىن كـېيىن تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي بۆلەككە بۆلۈنۈپ تۇرغان سىياسىي ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەردى.

1592 - يىلى ئابدۇكېرىم خان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنىڭ دەۋرىدە خانلىق ئىنتايىن گۈللىنىپ قۇدرەت تاپتى.

مۇھەممەدخان ئۆلگەندىن كېيىن، تەختكە ئۇنىڭ ئوغلى ئەخمەد ۋارىسلىق قىلدى. بۇ چاغدا، خانلىق سىرتتا قىرغىزلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى، ئىچكى جەھەتتە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى كېلىپ چىقتى; شۇنىڭ بىلەن ئارقا - ئارقىدىن بۆلۈنمە ھالەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئابدۇرەشىد خاننىڭ نەۋرىسى شەرىپىدىن قەشقەردە ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. تۇرپاننىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى ئىبراھىم قاراشەھەرنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى كونترول قىلىۋېلىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى. ئاقسۇنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى ئىسكەندەرمۇ ئاسىيلىق قىلدى. 1619 - يىلى ئەخمەدخان شىكارغا چىققاندا ئۆلتۈرۈلدى. ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىش ئۇرۇشىدا ھەرقايسى تەرەپ سىرتنىڭ ياردىمىگە ئىنتىلىپ، شۇنىڭ بىلەن قىرغىزلار، قازاقلار، ئويراتلار ۋە خوجىلار كۆپچى بۇ ئۇرۇشلارغا ئارىلاشتى.

1678 - يىلى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىدىن قۇنتەيجى غالدان 12 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى ئېلىپ، خانلىقنىڭ پايتەختى يەكەنگىچە يېتىپ باردى، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمايىل خان ئەسىرگە چۈشۈپ، ئىلىغا ئېلىپ كېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىنى جۇڭغارلارنىڭ تەۋەسىگە ئايلاندى.

تۇغلۇق تېمۇردىن كېيىن تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئىككى جەمەت كۈچلىرى باش كۆتۈرۈپ چىققانىدى. ئۇلارنىڭ بىرى — تۇغلۇق تېمۇرنى تەختكە چىقارغان دوغلات جەمەتى، يەنە بىرى — تۇغلۇق تېمۇرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغان جالالىدىن

جەمەتى ئىدى، ئىسلام دىنى تەسىرىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا داۋاملىق كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، جالالىددىن جەمەتىنىڭ تەسىرىمۇ بارغانسېرى ئېشىپ، بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مۇھىم سىياسىي كۈچكە ئايلىنىپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن، سەئىدخان يەكەن خانلىقىنى قۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، بىر مەھەل ھاكىمىيەتنى جالالىددىن جەمەتىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچىمۇ بولغانىدى.

ئابدۇرەشىد تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، جالالىددىن جەمەتىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، كانجۇتتىن خوجا مۇھەممەد شەرىپنى يەكەنگە كېلىپ دىنىي ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. بىراق خوجا مۇھەممەد شەرىپ جالالىددىن جەمەتىگە تەڭ كېلەلىگۈدەك بىر كۈچكە ئايلىنالمىدى.

يەكەن خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد خانى ئابدۇكېرىم ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، ئىسھاق ۋەلىنى يەكەنگە تەكلىپ قىلدى. يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىگە كەلگەندە، ئىسھاق ۋەلى جەمەتى ئاخىر جالالىددىن جەمەتىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەۋرىسى ئابدۇللا خاننىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشىدا ئاساسىي تايانچ بولۇپ قالدى.

ئىسھاق ۋەلى جەمەتىنىڭ كۈچلىرى تازا ئامەت تېپىۋاتقان مەزگىلدە، ئىسھاق ۋەلىنىڭ باشقا ئانا بۆلەك ئاكىسىنىڭ

ئىككى ئوغلى يۈسۈپ بىلەن ئاپپاق خوجا قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

ئابدۇللا خان دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدە يېڭى پۇت تېپىشىش يۈز بەردى، يەنى ئابدۇللا بىلەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى يولۋاس قارىمۇ قارشى بولۇپ قالدى. 1662 - يىلى ئابدۇللا ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى يولۋاسنى قەشقەرگە باش ۋالىي قىلىپ ئەۋەتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇنى يەكەن خانلىقىنىڭ ھوقۇق مەركىزىدىن سىقىپ چىقىرىۋەتكەنلىك ئىدى. قەشقەردە يولۋاس يېڭى دىنىي مەزھەپلەرنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئىسھاق ۋەلى جەمەتىنىڭ كۈچلىرىگە زەربە بېرىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئاتىسى ئابدۇللانىڭ ئورنىنى زەئىپلەشتۈرۈش قارارىغا كەلدى.

يولۋاسنىڭ يەل بېرىشى بىلەن يۈسۈپ بىلەن ئاپپاق خوجا ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن بىر يىلغا قالمايلا قەشقەردە ھەممە ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئالدى. ئارقىدىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا يۈسۈپ بىلەن ئاپپاق خوجىنى ۋەكىل قىلغان «ئىشقىيەچىلەر» ۋە ئىسھاق جەمەتىنى ۋەكىل قىلغان «ئىسھاقىيەچىلەر» بارلىققا كەلدى. كېيىن بۇ ئىككى تەرەپنىڭ نامىمۇ ئۆزگىرىپ، ئالدىنقىسى «ئاق تاغلىقلار»، كېيىنكىسى «قاراتاغلىقلار» دەپ ئاتالدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆججەتلىرىدە «ئاق تەقىيلىكلەر»، «قارا تەقىيلىكلەر» ياكى «ئاق تەقىيلىك خۇيخۇيلار»، «قارا تەقىيلىك خۇيخۇيلار» دەپ ئاتالدى.

## 2. ئىجتىمائىي ئىگىلىكى

يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يولغا قويۇلغان نۇرغۇن ئىقتىسادىي تەدبىرلەر چاغاتاي خانلىقىدىن كېيىن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلغانىدى.

بىرىنچى، سەئىد خان باج ـ سېلىقنى ئون يىلغىچە كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، بۇ قارار يەكەن خانلىقى تەۋەسىدە يولغا قويۇلدى.

ئىككىنچى، تاشلىنىپ كەتكەن دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئاھالە كۆچۈرۈلدى. ئاقسۇ رايونى بىلەن يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئاھالە كۆچۈرۈشتىكى نۇقتىلىق رايونلار بولدى.

ئۈچىنچى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى كەڭ يولغا قويۇلدى. سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساش قۇرۇلۇشى ئاساسەن ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئاقسۇ رايونى بىلەن يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئەتراپىدىكى جايلارغا مەركەزلەشتى.

XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، يەكەن خانلىقى تەۋەسىدە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى ۋە راۋاجلاندۇرۇلغانلىقى خانلىقىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىقتىسادىي تەدبىرلىرىنىڭ ياخشى ئۈنۈم بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە، يەكەن رايونى زېمىنى كەڭ، سۇغىرىش ئىشلىرى قولاي، يېرى مۇنبەت ئېكىنزارلىققا ئاي-

لاندى. خوتەن بوستانلىقى قەدىمكى زامانىنىڭ ئۆزىدىلا ئېچىلغان بوستانلىقتۇر. مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدە ئەينى زاماندىكى خوتەننىڭ ئەھۋالى «ئۇجمە، كەندىر، تېرىق ۋە باشقا دانلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆستۈرۈلىدىغان باغۇ-بوستان دىيار ئىكەن» دەپ تەسۋىرلەنگەن. قەشقەر ئەتراپى، يېڭىسار، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، باي، كۇچا، شايار قاتارلىق جايلاردا يېزا-بازارلىرى زىچ، نوپۇس كۆپ، ئۆي ئىمارەتلىرى بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى، ئىتلىرىنىڭ قاۋىشى ۋە توخۇلىرىنىڭ چىللاشلىرىمۇ بىر-بىرىگە ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ھەممە يەردە ھەر خىل دانلىق زىرائەتلەر، مېۋە-چېۋە، ئۈزۈم كەگرى ئۆستۈرۈلىدىكەن، مولچىلىق ئىكەن. خاتىرىلىنىشىچە: «ئۇجمە، كەندىر ھەممە يەرلەرنى قاپلاپ كەتكەن، ئات-كالىلار پادا-پادا بولۇپ يايلىغان، ھەممە يەر باراقسان باغ-ۋارانلار بىلەن تولغان، ھەممە كىشى مەمۇرچىلىقتا ئۆتىدىكەن»، لۈكچۈننىڭ «ئەتراپى ئېكىنزارلىق، ئېقىن سۇ ئايلىنىپ ئۆتىدۇ، دەل-دەرەخلەر قويۇق، باراقسان، يېرى چۈجگۈن قوناق، بۇغداي، دادۇر-پۇرچاق، كەندىر تېرىشقا باپ ئىكەن، بۇ يەردىن يەنە شاپتۇل، ئالۇچا، چىلان، قوغۇن، كاۋا-قاپاق قاتارلىق نەرسىلەر چىقىدۇ». ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە جاينىڭ داڭلىق ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرىمۇ بار، مەسىلەن، قەشقەردىن ئانار، بېھى؛ يېڭىساردىن گۈرۈچ؛ ئاقسۇدىن كۈنجۈت، شاپتۇل، ئۈرۈك؛ شاياردىن پاكار غوللۇق شال ۋە ئامۇت؛ كۇچادىن ئۈرۈك، كورلىدىن چىغ، قاراشەھەردىن بېلىق، تۇز، يىكەن؛

ـلار
ـتى
ەن،
شكە
لىـ
ى.
ان،
گەن
يەك
اق،
ـن
گەن
ۇۋا
ەن،
ەنـ
شى،
ۋانـ
شـ
ەن
رەـ
32

لان
ئېچ
ئەي
ۋە
دب
ئاق
باز
قلر
لا
هە
ئۆ
كە
.

يە
نە
ئا
ئا
ئو
ئۇ
4

تۇرپاندىن كىشمىش ئۈزۈم، قوغۇن، زىغىر، پاختا ۋە باشقىلار چىقاتتى، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بار ئىدى، سۈپىتى ئىنتايىن ياخشى ئىدى.

قەيت قىلىنىشىچە، ساپان، گۈرجەك، كەتمەن، سۆكەن، ئورغاق، ئارا، ئۆتكەمە، مومىغا ئوخشاش ئەپچىل، ئىشلىتىشكە باپ دېھقانچىلىق سايمانلىرى بار ئىدى.

قول ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتتە، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ تېخنىكىسى ئۈستۈن، مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرىمۇ كۆپ ئىدى. مېتالدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلاردىن پىچاق، پالتا، بازغان، ھەرە، رەندە، كۈرەك، نەيزە، خەنجەر؛ مىستىن ئىشلەنگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن چۆگۈن، داس، قەدەھ، پىيالە؛ دېسپەك توقۇلما بۇيۇملىرىدىن شايى-ئەتلەس، چۆچۈنچە، سەرناق، دۇردۇن، ھەمزەك قاتارلىقلار؛ پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىدىن ماتا، شاتىرۋا، چەكمەن قاتارلىقلار؛ يۇڭ-تېرىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملاردىن گىلەم، تەڭلىمات، پالاس، تۇماق، ئۆتۈك، جۇۋا قاتارلىقلار بار ئىدى. باشقا قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، مەسىلەن، قاشتېشى ئويمىچىلىقى، قەلەمتىراش قاتارلىقلارمۇ ھۈنەر-سەنئىتى نەپىس، كىشىلەر ياقتۇرىدىغان بۇيۇملار ئىدى.

يېزا ئىگىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى، يوللارنىڭ راۋانلىشىشى تۈپەيلىدىن، شەھەرلەرمۇ پەيدىنپەي گۈللىنىشكە باشلىدى. خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزى بولغان يەكەن شەھىرىدە ئالتە دەرۋازا بار ئىدى، شەھەر كوچىلىرى گىرە-

لىشىپ كەتكەنىدى، ئۆي - ئىمارەتلەر بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، سودا رەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون چاقىرىم كېلەتتى. بازار كۈنلىرى «ماللار يېتىشماي قالاتتى. ئادەملەر مىغىلدايتتى، ئۇنچە - مەرۋايىتلارمۇ چېلىقىپ تۇراتتى، چارۋا مال، مېۋە - چېۋىلەر ھەددى - ھېسابسىز ئىدى»، خانلىق مەخسۇس بازار باشقۇرۇش خادىملىرىنى قويغانىدى. سودىگەر سودا قىلىش ئۈچۈن يول خېتىنى ئالاتتى، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا كېلىپ - كېتىپ تۇرغانلارنىڭ ئامانلىقى كاپالەتلەندۈرۈلگەن بولاتتى.

باشقا شەھەرلەرمۇ خېلى ئاۋات ئىدى. مەسىلەن، قەشقەر بەك ئاۋات ئىدى. ئاقسۇ چوڭ يولنىڭ ئېغىزىدىكى جايلاشقان، ئىچكىرىنىڭ سودىگەرلىرى بىلەن چەت ئەللىك سودىگەرلەر جەم بولىدىغان جاي بولۇپ، رەستىلىرى تىقما - تىقماق ئىدى. بازار كۈنلىرى ئادەم ئادەمگە سۈركىشىپ ماڭاتتى، مالنىڭ كۆپلۈكىدىن كېسىپ ئۆتكىلى بولمايتتى. يەچان، قومۇللارمۇ سودىگەرلەر توپلانغان، ھەممە مال تېپىلىدىغان شەھەرلەر ئىدى. پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ھەممە يېرىدە قاتار - قاتار شەھەر - بازارلار بولۇپ، گۈزەل، چوڭ - چوڭ شەھەرلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى. تاۋارنىڭ قىممەت ئۆلچىمى ۋە ئوبوروت ۋاستىسى پۇل بولۇپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر خىل يارماق پۇل ئىشلىتىلەتتى، بىر يارماق بىر پۇل دېيىلەتتى، 50 پۇل بىر تەڭگە دېيىلەتتى، جايلاردىكى سودا - سېتىق ئىشلىرىدا مۇشۇ پۇل بىلەن ئېلىم - بېرىم قىلى-

ناتتى. سودا راۋاجلانغانلىقتىن، سودىگەرلەر كۆپلەپ پەيدا
ئالالىغانلىقى ئۈچۈن، XVI ئەسىرنىڭ بېشىدا ئافغانىستان، كەشمىر،
ھىندىستان، ئەنجان سودىگەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر-
قايسى جايلىرىغا كېلىپ تىجارەت قىلاتتى. يەرلىك سودىگەر-
لەرمۇ چەتكە چىقىپ ماللىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا، كەشمىرلەرگە،
بەزىلىرى ئىچكىرىگە، تىبەتكە، خالخا موڭغۇللىرىغا ئاپىرىپ
ساتاتتى.

### ۋ. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە سەنئىتى
غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. بولۇپمۇ يازما ئەسەرلەر
ۋە مۇزىكا باشقا ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۆپ بولۇپ قالماي،
بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىگىمۇ چوڭ-
قۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

بۇ دەۋردە، كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئۈچ پارچە
تارىخىي ئەسەر مەيدانغا كەلگەن. «تارىخىي رەشىدى» («ئوت-
تۇرا ئاسىيا موڭغۇل تارىخى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، بۇ شەرقىي
چاغاتاي خانلىقى ۋە يەكەن خانلىقى توغرىسىدىكى مۇھىم
تارىخىي كىتاب، جۇملىدىن XVI ئەسىردىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا
ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى بىرىنچى قول تارىخىي
ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىتابنىڭ مۇئەللىپى مىرزا
مۇھەممەت ھەيدەر بولۇپ، دوغلات قەبىلىسىدىن چىققان. ئۇنىڭ
تاغىسى سەئىد يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى، خانلىقنىڭ ئالىي
قوماندانى ئىدى. مۇھەممەت ھەيدەرمۇ يۇقىرى مەنسەپتە بولۇپ،
سەئىدخاننىڭ يېقىنى ئىدى، ئۇ مۇھىم ئىشلارغا ئارىلىشىپ

كەلگەن ھەم كۆپ قېتىم لەشكەر باشلاپ ئۇرۇشقا قاتناشقان. ئابدۇرەشىدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، خانلىق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بۇ جەمەتتىكىلەرنى باستۇرغان، بۇنىڭ بىلەن مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن، كېيىن كەشمىرگە بارغان. ئۇ بۇ تارىخىي كىتابنى كەشمىردە پارس تىلىدا يېزىپ چىققان، كىتاب پۈتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىسمى بىلەن «تارىخىي رەشىدى» دەپ نام بەرگەن.

«تارىخىي رەشىدى» ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، بىرىنچى قىسمى رەسمىي تارىخ بولۇپ، ئۇنىڭغا تۇغلۇق تېمۇرخاندىن باشلاپ ئابدۇرەشىدخانغىچە بولغان تارىخ بايان قىلىنىدۇ. ئىككىنچى قىسمىدا مۇئەللىپنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئەسلىمىلىرى ۋە ئۇ بىلىدىغان چاغاتاي، ئۆزبېك ۋە باشقا ھەر مىللەتلەردىن چىققان بەگ-خوجىلارنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇ كىتابتا مۇئەللىپنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرى ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشلار خاتىرىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى، شۇڭا ئۇ ئېلىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخشۇناسلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن يۇقىرى باھاغا ئېرىشىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنىدى. 1895-يىلى ئېدۋارد دېنىسون دوسىس ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلدى، 1895-يىلى بىرىنچى نەشرىدىن چىقتى، 1972-يىلى قايتا بېسىلدى. 1983-يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى تۇنجى قېتىم خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى.

«تاۋارىخ»، بۇ مىرزا شاھ مەھمۇر جوراس پارسچە

يېزىپ چىققان يەكەن خانلىقىنىڭ سالنامىسى. مۇئەللىپنىڭ ئاتا - بوۋىسىمۇ يەكەن خانلىقىنى قوغدىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ئادەم ئىدى. مۇئەللىپ ياشىغان دەۋر يەكەن خانلىقى زاۋالغا يۈزلەنگەن دەۋر ئىدى. ئۇ توققۇز خاننىڭ ئالماشتۇرۇلغانلىقىنى، جۇڭغار قوشۇنلىرىنىڭ بېسىپ كىرگەنلىكىنى ۋە خانلىقنىڭ مۇنقەرز بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، شۇڭا ئۇنىڭ ۋەقەلىكى چىن، ماتېرىياللىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق، بۇ كىتابتىكى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىنى «تارىخىي رەشىدى» نىڭ داۋامى سۈپىتىدە يېزىپ چىققان، يەنى ئۇنىڭدا ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىققاندىن باشلاپ ئاخىرقى خان ئىسمايىلغىچە بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان، شۇڭا ئۇ يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى تارىخىنى تەتقىقات قىلىشتىكى مۇھىم ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئانىس ئال ئالبىن» («ھەقىقەت ئىستىگۈچىلەر دوستى» مەنىسىدە)، بۇ مىرزا شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ يەنە بىر ئەسىرى. بۇ ئەسەر يەكەن خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، 1696-يىلى پارسچە يېزىلغان ئەۋلىيالار قىسسىسى. ئۇنىڭدا يەكەن خانلىقىدىكى ئىسلام دىنى سەردارلىرىنىڭ تۆھپىلىرى ۋە قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلار گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ جەريانى خاتىرىلەنگەن. كىتابتا دىنىي مەزھەپ كۆرىشى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ، بۇ XVII ئەسىردىكى ئىسلام تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىياللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئون ئىككى مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش ئىشى ئەڭ بۇرۇن يەكەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلادىخانى ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ئېلىپ بېرىل-

غان. ئەينى زاماندا «مۇقام» جەمئىي 16 باب ئىدى. «مۇقام» نى
رەتلەپ چىقىشتا ئامانىساخان بىلەن يۈسۈپ قىدىرخان
غايەت زور تۆھپە قوشقان. ئامانىساخان ئابدۇرەشىدخاننىڭ
ئاغىچىسى ئىدى. ئامانىساخاننىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ۋە تۈرت-
كە بولۇشى ئارقىسىدا، ئابدۇرەشىدخان جايلاردا تاشلىنىپ
قالغان ئۇيغۇر سازەندىلىرى، غەزەلچىلىرى ھەم شائىرلىرىنى
تاپتۇرۇپ ئەكەلدى، بۇنىڭ بىلەن ئوردىدا نۇرغۇن تالانتلىق
شەخسلەر توپلاندى، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن
«مۇقام» مۇزىكىلىرى مۇشۇ كىشىلەر بىلەن بىللە ئوردىغا توپ-
لاندى، شۇنىڭ بىلەن «مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش ئۈچۈن
پايدىلىق شارائىت ھازىرلاندى.①

«مۇقام» نى رەتلەپ چىقىشتىكى كونكرېت ئىشلارنى يۈ-
سۈپ قىدىرخان ئىشلىگەن. ئۇ شۇ زاماندىكى مەشھۇر غەزەلچى،
سازەندە ۋە شائىر بولۇپ، ئوردىدا باش سازەندىلىك قىلاتتى.
ھازىرقى «ئون ئىككى مۇقام» دا، ئەينى زاماندا يۈسۈپ قىدىرخان
رەتلىگەن «مۇقام» دىكى مۇزىكا ۋە تېكىستلارنىڭ مۇتلەق كۆپ
قىسمى ساقلىنىپ قالغان.

### 4. يەكەن خانلىقى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت

XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن XVI ئەسىرنىڭ باشلىرى-
غىچە بولغان ئارىلىقتا، سەئىدخاننىڭ ئاكىسى مەنسۇر تۇرپان-
دىن شەرققە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، شەرق بىلەن غەرب
ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان قۇمۇلنى مىڭ
سۇلالىسى بىلەن بەش قېتىم تالاشتى ۋە 1513 - يىلى قۇ-

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى»، 1-قىسىم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 784-بەتكە قاراڭ.

مۇلنى بېسىۋالدى. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1529 - يىلى ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، «قۇمۇل ھەربىي قورۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇش ياكى بېرىۋېتىش» مەسىلىسىنى مۇھاكىمىگە قويدى. گەنسۇنىڭ باش باقاۋۇلى تاڭ زى قاتارلىق كىشىلەر قۇمۇلنى تۇتۇپ تۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ دېگەننى باھانە قىلىپ، قۇمۇلدىن ۋاز كېچىشنى تەشەببۇس قىلدى. تەپتىش خۇتاۋ قاتارلىق كىشىلەر بولسا، قۇمۇلنى قوغداپ قېلىش گەنسۇنى قوغداپ قالغانلىق بولىدۇ، گەنسۇنى قوغداش شەنشىنى قوغداپ قالغانلىق بولىدۇ، ئاۋادا قۇمۇلنى تۇتۇپ تۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ دەپ قۇمۇلدىن ۋاز كېچىدىغان بولساق، گەنسۇنىمۇ ساقلاپ قېلىش تەسكە چۈشىدۇ دەپ بېرىۋەتسەك بولامدۇ؟»① دېدى. 1529 - يىلى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تاڭزى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلىپ، قۇمۇلدىن ۋاز كېچىپ، جيايۈگۈەن ئېغىزىنى تاقاشنى قارار قىلدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جيايۈگۈەن ئېغىزىنى تاقاپ، ئۆزىنىڭ غەربتىكى توسۇقىنى ئۆزى ئابۇت قىلىش خاتالىقى ئارقىسىدا، غەربىي يۇرتتىكى ھەرخىل كۈچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ماجىراسىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپلا قالماي، بەلكى مىڭ سۇلالىسىنى غەربىي يۇرت ئەللىرىگە بېرىش يولىدىنمۇ مەھرۇم قىلدى، نەتىجىدە مىڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈنسېرى يىراقلاشتى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر خەلقى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسىم رايونىدا داۋاملىق ئەمگەك قىلىپ ئاۋۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ زېمىنىنى ئۆزلەشتۈردى ۋە گۈللەندۈردى. ئۇيغۇرلار ئاساس قىلىنغان يەكەن خاندانلىقى بولسا ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەزەلىي زېمىنىنى ئۈنۈملۈك باشقۇردى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىز-

① «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، 329-جىلد.

نىڭ غەربىي قىسمى زېمىنىنى ئۆزلەشتۈرۈش، گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداش يولىدا قوشقان تارىخىي تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ①

XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللا قەشقەر، خوتەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق سەككىز شەھەرنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. 1646 - يىلى (شۈنجىنىڭ 3 - يىلى) تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرى ئابدۇللا خاننىڭ رازىلىقى بىلەن ھەممىدىن ئاۋۋال چىڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇردى. ② 1649 - يىلى (شۈنجىنىڭ 6 - يىلى) خېشى خۇيزۇلىرى قۇمۇل، تۇرپاندىن ئىبارەت ئىككى جاي بىلەن بىرلىشىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى جيايۈگۈەن ئېغىزىنى تاقاپ، ئولپان ئېلىشنى رەت قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، يەكەن خانلىقى بىلەن بولغان بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتىنى بىر مەھەل ئۈزۈپ قويدى. ③ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن قۇمۇل، تۇرپانلار «خانغا ئولپان تاپشۇرۇش» ۋە سودا - سېتىق قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەچكى ئۆلكىلەردىن بۇلاپ كېتىلگەن پۇقرالارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلىپ قويدى. 1655 - يىلى (شۈنجىنىڭ 12 - يىلى) ئابدۇللاخان قۇمۇل، تۇرپاندىكى بۇلاپ ئەكەلگەن خەنزۇ پۇقرالىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە قۇمۇلدىكى باباخان (خېشى خۇيزۇلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى چىقىش ۋەقەسىگە قاتناشقان تۇڭلۇ تايىنىڭ دادىسى، ئابدۇللاخاننىڭ

① ليۇ ژىشياۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى» 1 - قىسىم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 593 - بەت.

② خېشىنىڭ: «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، 3 - جىلد.

③ چى يۈنشى: «ۋاسساللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 15 - جىلد.

تۆتىنچى ئىنىسىنى قاماپ قويدى. شۇندىن ئېتىبارەن، يەكەن خانلىقى چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان دوستلۇق، ئولپان تاپشۇرۇش، سودا - سېتىق قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ئەلچى ئەۋەتىپ، چىڭ سۇلالىسىگە بېقىندى بولۇش مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. 1656 - يىلى ئابدۇللاخان بېيجىڭغا ئولپان تاپشۇرۇش ئۈچۈن 30 نەپەر ئەلچى ئەۋەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئولپان تاپشۇرۇشقا بارغانلارغا ياۋابەن بەرگەن سوۋغا - سالاملىرىمۇ بەك مول بولدى. مەسىلەن، يەكەن خانلىقىدىن ئولپان قىلىنغان «تۆت تۇياق بىر لىكەللىق تۆگىگە 12 توپ كىمخاب بېرىلگەن؛ بىر تۇياق غەربىي يۇرت ئېتىغا 2 توپ كىمخاب بېرىلگەن؛ 324 تۇياق يىرغۇل ئېتىغا شۇنىڭغا تەڭ مىقداردا كىمخاب بېرىلگەن؛ 1000 جىڭ قاشتېشىغا 200 توپ شايى بېرىلگەن؛ قالغان ماللارغىمۇ ئوخشاش بولمىغان مىقداردا كىمخاب - شايى بېرىلگەن». بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئابدۇللاخاننىڭ ئۆزىگە ئاتاپ 338 توپ دۇردۇن، 720 توپ شايى بېرىلگەن ۋە بەش يىلدا بىر قېتىم ئولپان ئېلىشنى بەلگىلىگەن، ئېلىپ كەلگەن باشقا ماللىرىنى بېيجىڭدىكى «خويتۇڭگۇەن» (يۇرتداشلار بىرلەشمىسى) دە «ئادەتتىكىدەك سېتىش» رۇخسەت قىلىنغان. بۇ خىل دوستلۇق ۋە ئولپان تاپشۇرۇش مۇناسىۋىتى 100 يىلدەك داۋاملاشقان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە

يەكەن خانلىقى جۇڭغار خانلىقى تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن نائىلاج توختاپ قالغان ①.

بۇ بابتىن قىسقىچە خۇلاسە: بۇ بابنىڭ ۋاقىت ئارىلىقى ئۇزۇن، مەزمۇنى كۆپ بولۇپ، ئاساسەن غەربىي ئايماق ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى، قاراخانىيلار خانلىقى، قاراقىتان ھاكىمىيىتى، موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى، چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى ۋە يەكەن خانلىقى، شۇنىڭدەك، بۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالى سۆزلىنىدۇ. ھەم بۇ دەۋردىكى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر تەپسىلىدىن كېلىپ چىققان مىللىي قوشۇلۇشلار بايان قىلىنىدۇ، بۇ دەۋردىكى ئەھۋاللار مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن شۇنىسى ناھايىتى روشەنكى، بۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ ئىز تۇتاش باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن زىچ باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتقان ۋە بېيىتقان.

### ئۆگىنىش ۋە مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت يەرلىك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

---

① نىڭ جياڭشىڭ: «ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرىدىن نەشرىچە تۇپلام» 3-قىسىم، 184-189-بەت.

2. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى تارىخىي پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىلىڭ.

3. ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقىلىشىنى ۋە ئۇ-نىڭ تەسىرىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

# VI باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

XVI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جورجىتلار (كېيىن مانجۇ دەپ ئاتالغان) كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كەتتى. مىلادىنىڭ 1616 - يىلى، نۇرخاچ جورجىت قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «كېيىنكى جىن 《金》» ھاكىمىيىتىنى قۇردى. 1636 - يىلى، قۇنتەيجى پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، «كېيىنكى جىن»نى «چىڭ 《清》» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىپ، شېنياڭنى پايتەخت قىلدى. 1644 - يىلى، لى زىچېڭ رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى قوشۇنلىرى بېيجىڭنى ئىشغال قىلىپ، مىڭ سۇلالىسىنى يوقاتتى. مىڭ سۇلالىسى شەنخەيگۇەن قوۋۇقىنىڭ باش بوغى ۋۇسەنگۈي چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىغا تەسلىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە باشلاپ كىردى. شۇنجى پادىشاھ پايتەختىنى بېيجىڭغا يۆتكەپ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۈرىشىنى باشلىدى.

## 1§. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

### 1. جۇڭغارلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرى

ۋالالار ئۇيرات دېگەن نام بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەينى زاماندا، خالخا موڭغۇللىرى ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانچقا، «شىمالىي دەشت موڭغۇللىرى» (ئوتتۇرا قىسىم موڭغۇللىرى) دەپ ئاتالغان؛ چاخار موڭغۇللىرى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىدا كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلغانچقا، «جەنۇبىي دەشت موڭغۇللىرى» يەنە (شەرق موڭغۇللىرى) دەپ ئاتالغان؛ ئۇيرات موڭغۇللىرى تيانشان تېغىنىڭ شىمالى ۋە ئىلى دەريا ۋادىلىرىدا كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلغانچقا، «غەربىي دەشت موڭغۇللىرى» (يەنى غەرب موڭغۇللىرى) دەپ ئاتالغان. ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى ۋە غەربىدىكى جايلار قازاق كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭ كەڭ يايلاقلىرى ئىدى. قازاقلارنىڭ نۇرغۇن قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ نەسەب سىستېمىسى بويىچە ئۈچ «يۈزى» گە بۆلۈنگەن. چوڭ يۈزى ئوڭ ياكى ئوتتۇرا قەبىلە دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە ئىلى دەرياسىدىن سىر دەرياسىغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا جايلاشقان؛ ئوتتۇرا يۈزى سول قەبىلە دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان؛ كىچىك يۈزى غەربىي قەبىلە دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى غەربىي قازاقىستانغا جايلاشقان. 1635 - يىلى يەنگىرخان ئۆلگەندىن كېيىن، قازاق خانلىقىدا بۆلۈنۈش كېلىپ چىققان. 1680 - يىلى، تەۋكىخان تاج تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن «يەتتە قانۇن» («تەۋكى قانۇنى» دەپمۇ ئاتالغان) تۈزۈپ چىقىپ، قەبىلىلەر ئارا بولغان ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتقان، بۇنىڭ بىلەن قازاق خانلىقىدا يەنە بىرلىككە كېلىش ۋەزىيىتى ھاسىل بولغان. ئىلىنىڭ غەربىي - جەنۇب رايونى

لەرى قىرغىزلار كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان جاي ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قىرغىزلار «بۇيرۇت» دەپ ئاتالغان. تيانشان بىر پاسىل بولۇپ، تيانشاننىڭ شىمالىدىكى قىرغىزلار «شەرقىي بۇيرۇت»، جەنۇبىدىكى قىرغىزلار «غەربىي بۇيرۇت» دەپ ئاتالغان. تيانشاننىڭ جەنۇبى يەكەن خانلىقى ئىدى.

ئويراتلار XVII ئەسىردە، جۇڭغار، خوشۇت، دۆربۈت ۋە تورغۇت دەپ تۆت قەبىلىگە بۆلۈنگەن. جۇڭغارلار ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى رايونلاردا، خوشۇتلار ئۈرۈمچى رايونىدا، دۆربۈتلەر ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا، تورغۇتلار تارباغاتاي رايونىدا كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلاتتى. XVI ئەسىرنىڭ باشلىرى، باتۇر قۇنتەيجى (ئويرات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تەيجى دەپ ئاتىلاتتى، قۇنتەيجى چوڭ تەيجى دېگەن مەنىدە) قەبىلە باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، جۇڭغار قەبىلىسى تەدرىجىي هالدا كۈچىيىپ، باشقا ئۈچ قەبىلە چەتكە قېقىلغان هەم جۇڭغارلارغا يەم بولۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنىدى. XVII ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا تورغۇت قەبىلىسى تەدرىجىي هالدا غەربتىكى ۋولگا دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ بېرىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛ 1638 - يىلى، خوشۇت قەبىلىسى چىڭخەي تەۋەسىگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان؛ دۆربۈت ۋە خويت قەبىلىلىرى (تورغۇت قەبىلىسى غەربكە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئادەت جەھەتتە خويت قەبىلىسى ئويراتلارنىڭ تۆت قەبىلىسىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان) بولسا جۇڭغارلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تيانشاننىڭ شىمالىنى پۈتۈنلەي جۇڭغارلار ئىگىلىگەن. شۇڭا هازىرغا قەدەر تيانشاننىڭ شىمالىدىكى ئويمانلىقنى جۇڭغار ئويمانلىقى دەپ ئاتاپ كەلمەكتىمىز.

موڭغۇل
ي رايو-
غۇشۇت
ۇ ۋەكىل
، تۇزۇپ

ۋاپات
سلىق
ۇرغان).
ق باش
زانلىق
ەمىيەت
ەربىي
باش
تۈزدىگە
كۇمران
ئاپئاق
ارتىپ،
ل خان
وجىنى
ويماي
ن سى
كىدى.
ەزلار-
ەرقى
يملى
اقلارغا





لەرى قىرغىزلا
چىلىك سۇلالى
تيانشان بىر
لار «شەرقىي
رۇت» دەپ ئا
ئۇيراتلا
تۇرغۇت دەپ
سىنىڭ يۇقىرى
دۆربۇتلەر ئ
تارباغاتاي ر
XVI ئەسىرنىڭ
باشلىقى
دېگەن مەنىد
جۇڭغار قەبى
تكە قېقىل

رغۇت قەبى
ادەت جەھەتت
نىڭ بىرى بو
سۇندۇرۇلغان.
پۈتۈنلەي جۇ
شانىنىڭ شىما
ئاتاپ كەلمەك

1640 - يىلى باتۇر قۇنتەيجى شەرق ۋە غەرب موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ۋاڭ - گۇڭلىرىنى، شىنجاڭنىڭ تارباغاتاي رايونىدا ئىتتىپاقداش يىغىنىغا چاقىردى. چىڭخەيدىكى خوشۇت قەبىلىسى ۋە ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى تورغۇت قەبىلىسىمۇ ۋەكىل ئەۋەتتى. بۇ قۇرۇلتايدا، «موڭغۇل - ئويرات جاسىغى» تۈزۈپ چىقىلدى ۋە ئويرات خالخا ئىتتىپاقى تەشكىللەندى.

1653 - يىلى باتۇر قۇنتەيجى كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى سېڭگې تەختكە ۋارىسلىق قىلدى (1653 — 1671 - يىللىرى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان). 1671 - يىلى سېڭگې ئىچكى يېغىلىقتا ئۆلدى، ئۇنىڭ باشقا ئانىدىن بولغان ئىنىسى غالدان جۇڭغارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا ئېلىۋالدى (1671 — 1697 - يىللىرى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان). 1677 - يىلى، غالدان چىڭخەيگە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، قېيىن ئاتىسى ۋە خوشۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى جۇرچىن خاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قەبىلىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، 1678 - يىلى، ئۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ئىچىدىكى دىنىي مەزھەپ كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ، ئاپپاق خوجىنىڭ يول باشلىشى ئارقىسىدا جەنۇبقا قوشۇن تارتىپ، يەكەن شەھىرىنى ئىشغال قىلدى، يەكەن خانى ئىسمائىل خاننى ئەسىر ئېلىپ غۇلجىغا ئېلىپ كەتتى، ئاپپاق خوجىنى قورچاق خان قىلىپ تىكلىدى، شۇنىڭ بىلەن تارىم ئويمانلىقى جۇڭغارلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايلاندى. غالدان سىياسىي مەركىزىنى تارباغاتايدىن ئىلى ۋادىسىغا يۆتكىدى. 1681 - يىلى، ئۇ ھۇجۇمىنى غەربتىكى قازاق ۋە قىرغىزلارغا قارىتىپ، چۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ تاكى سايرام (ھازىرقى جامبۇلنىڭ غەربىي جەنۇبى) غىچە باردى. 1723 - يىلى جۇڭغارلارنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى قازاقلارغا

يەنە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلدى. ئالاس دەرياسى ۋادىسىدىكى قازاقلار ئىنتايىن زور چىقىمغا ئۇچرىدى. جۇڭغار قوشۇنلىرى قازاق خانلىقىدا تۈركىستان ۋە تاشكەنتلەرنى ئىشغال قىلدى. چوڭ يۈزى بىلەن ئوتتۇرا يۈزىدىكى قەبىلىلەرنىڭ بىر قىسمى ئەل بولۇشقا مەجبۇر بولدى، كىچىك يۈزى بولسا غەرب تەرەپكە قېچىپ يىراق جايلارغا كېتىپ قالدى. قىرغىزلارنىڭ بىر قىسمى جۇڭغارلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى، بىر قىسمى بولسا غەرب ۋە جەنۇب تەرەپكە كۆچۈپ كەتتى.

### 2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

1646 - يىلى، خوشۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كۆشخان چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغات تەقدىم قىلغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كۆشخاننى ئويرات قەبىلىلىرىنى باشقۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭغا ساۋۇت، دۇبۇلغا ۋە ئوقيا ئىنئام قىلغان، ئەينى چاغدا جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى باتۇر قۇنتەيجى ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىمۇ «ئۆز نامى» دىن سوۋغات ئەۋەتىشكەن.

غالدان تەختكە چىققان ئىككىنچى يىلى (1672 - يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەلچى ئارقىلىق مەكتۇپ يوللاپ، ئۆزىنىڭ ئاكىسى سىڭگېنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئىجازەت بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. پادىشاھ كاڭشى غالداننىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلىغان ھەم مەرتىۋىلىك تۆرە ئارقىلىق يارلىق ئەۋەتىپ ھال - ئەھۋال سورىغان ۋە ئىلھام بەرگەن. 1684-يىل 9 - ئايدا غالدان قوربانباي باشچىلىقىدىكى 3000 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى تارتۇق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتىپ،

«مەن ئۆزۈمنى جۇڭخوا پادىشاھى ئىلكىدىن سىرتتا قويغىنىم يوق» ① دېگەن. ئەمما سىياسىي رەقىبلىرىنىڭ يوقىتىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلمىشىنىڭ كەينى - كەينىدىن ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا ئەگىشىپ، غالداننىڭ قارا نىيىتى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيگەن. 1684 - يىلى خالخا موڭغۇللىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ماجىرا يۈز بەرگەنلىكتىن مالىمانچىلىق كېلىپ چىقىپ، ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۈشەتۇ قەبىلىسى بىلەن جاساقتۇ قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەرگەن. 1688 - يىلى، غالدان تۈشەتۇ قەبىلىسىنىڭ ئۆز ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، ئۆزى بىۋاسىتە 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تارتىپ، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، ئىلىدىن يولغا چىقىپ، ئالتاي ۋە خانگاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، خالخا قەبىلىلىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان. خالخا قەبىلىلىرى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ ئىچكى موڭغۇلغا يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولۇپ، سەددىچىن سېپىلىگە يېقىن جايغا كۆچۈپ بارغان ۋە ئۈچ خالخا قەبىلىسىنىڭ 28 قۇنتەيەسى بىردەك قارارغا كېلىپ چىڭ سۇلالىسىدىن پاناھلىق تىلىگەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن، خالخا موڭغۇللىرىنى تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەپ، كۆرچىن رايونىنى ئۇلارغا ۋاقىتلىق چارۋىچىلىق قىلىشقا ئاجرىتىپ بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن، غالداننىڭ خالخا قەبىلىلىرىگە قىلغان ھۇجۇمىنى توختىتىشىنى ھەمدە ئىشغال قىلىۋالغان يايلاقلار بىلەن ئەسىرگە ئالغان ئاھالە ۋە بۇلىۋالغان چارۋا - ماللارنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى بۇيرۇدى. غالدان بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن ئاشكارا قارشىلاشتى.

1690 - يىل 6 - ئايدا، غالدان خالخا موڭغۇللىرىغا

① «چىڭ تۆردىنى خاتىرىلىرى»، كاڭشى دەۋرى، 137 - جىلد، 25 - بەت.

دېغلاپ زەربە بېرىشنى باھانە قىلىپ، 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن جەنۇبىي دەشتكە ئىچكىرىلەپ كىرگەن. 8 - ئايدا غالدان بېيجىڭگە 700 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان ئۇلانبۇتۇن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل جۇڭئۇد ئايمىقى خېشىگتېن خوشۇنىنىڭ جەنۇبى) نى ئىشغال قىلغان. غالدان چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، جۇڭگونى جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئىككىگە ئايرىپ، پادىشاھ كاڭشى بىلەن تەڭ ئىدارە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ چاغدا جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى تەبىقەسىدە ئىچكى نىزا يۈز بېرىپ، سېڭگېنىڭ چوڭ ئوغلى سېۋان ئاراپتان تەرەپ-تەرەپتىن لەشكەر توپلاپ، پۇختا مۇداپىئەلىنىپ، غالداننىڭ جۇڭغار ئويمانلىقىغا قايتىپ كېلىش يولىنى توسقان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، پادىشاھ كاڭشى غالدانغا ئۆزى بىۋاسىتە جازا يۈرۈشى قىلىشنى قارار قىلغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇلانبۇتۇندا غالداننىڭ «تۆگە قەلئەسى» گە بۆسۈپ كىرگەن، غالدان قېچىپ كەتكەن.

1695 - يىل 8 - ئايدا، غالدان ئۆزىنىڭ 30 مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ ھەمدە چاررۇسىيەدىن 60 مىڭ كىشىلىك گاز مىلتىقلىق قوشۇننى ئارىيەت ئالدىم دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ، كېرۇلۇن دەرياسىنى بويلاپ شەرققە يۈرۈش قىلدى. ياندۇرقى يىلى 2 - ئايدا، پادىشاھ كاڭشى غالدانغا قارشى ئىككىنچى قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىپ، 5 - ئايدا جۇمۇتۇ (ھازىرقى ئۇلانباتۇرنىڭ شەرقىي جەنۇبى) دا غالداننى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. 1697 - يىل 2 - ئايدا، كاڭشى ئۈچىنچى قېتىملىق جازا يۈرۈشى قىلىپ، غالداننىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ يوقاتتى ھەمدە سېۋان ئاراپتانغا قوشۇن ئەۋەتىپ ئالتاي تېغىدا مۇداپىئەدە تۇرۇشنى ۋە غالداننىڭ قايتىش يولىنى ئۈزۈۋېتىشنى بۇيرۇدى. غالدان مەغلۇپ

بولۇپ روسىيىگە قېچىپ بارغاندا، چارروسىيە ئۇنىڭ پايدىلانغۇدەك قىممىتى قالمىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. غالداننىڭ ئۆز ئادەملىرىمۇ ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ يۈز ئۆرىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچچىق دەرد-ئەلەم دەستىدىن قاتتىق كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئۆلدى.

غالدان مەغلۇپ بولۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، پادىشاھ كاڭشى جۇڭغارلارغا قارىتا قوشۇننى راسلاپ تەييار تۇرۇش، «ھۇجۇم قىلىپ كەلسە يوقىتىش»، ھەربىي يۈرۈش قىلماسلىق، فاڭجېننى قوللىنىپ، ئالتاي تېغىنىڭ غەرب تەرىپىنى جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونى قىلىپ ئايرىپ بەردى. 1697-يىلى، سېۋان ئاراپتان ئىلىدا ئۆزىنى جۇڭغار خانى دەپ ئاتىدى ھەمدە بېيجىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئامان-ئېسەنلىك سوراپ تۇلپان تاپشۇردى. سېۋان ئاراپتان جۇڭغارلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشتىن سىرت، يەنە دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭغارلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يايلاقلىرى كېڭىيىپ چارۋىلىرى راسا ئاۋۇدى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئىلى رايونىدىن شەرققە قاراپ تەرەققىي قىلىپ ئۈرۈمچى رايونىغىچە كېڭەيدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە يۇڭ-توقۇلما، گەزلىمە، كۆن-خۇرۇم، قەغەز ئىشلەش، مەتبەئەچىلىك، زەمبىرەك ياساش، مىتال ئېرىتىش قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە قول سانائەت كارخانىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي قورال-ياراق ياساش بىلەن مىتال ئېرىتىشنىڭ كۆلىمى خېلى زورايغان. نەتىجىدە جۇڭغارلارنىڭ «قوشۇنلىرى مىليونغا يېتىپ، ئات، تۆگە، كالا، قويلىرى

كۈچى زور دەرىجىدە ئاشقانىدى.
تاغ، داللارنى قاپلاپ»①
سىۋان ئاراپتان چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلدى. 1715 - يىلى 10 - ئايدا، چارروسىيىنىڭ 4000 كىشىدىن ئارتۇق تاجاۋۇزچى قوشۇنى، جۇڭغارلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يامۇش كۆلى بويىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، قورغان ياسىدى، سىۋان ئاراپتان 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ، چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى چېكىندۈردى. 1719 - يىلى چارروسىيىنىڭ 400 دىن ئارتۇق ئەسكىرى زايسان كۆلى رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، سىۋان ئاراپتان ئوغلى غالدان سېرېننى قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى، چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ، قايتىپ كەتتى.

1715 - يىلى، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان قۇمۇل ھۆكۈمرانلىرى جۇڭغارلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ماڭغان سودا كارۋانلىرىنى توسۇپ تۇتۇۋالغانلىقتىن، سىۋان ئاراپتان 2000 ئەسكەر ئەۋەتىپ، قۇمۇلنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى بىر تەرەپتىن ئەسكەر ئەۋەتىپ، قۇمۇلغا ياردەم بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ماجىرانى ساقايتىمىش ئۈچۈن مۇرەسسە قىلغانىدى، سىۋان ئاراپتان ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، مۇرەسسەنى رەت قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، سىۋان ئاراپتان بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى. 1717-يىلى قىشتا، سىۋان ئاراپتان ئىنىسى چوڭ سېرېندوندۇپنى 6000 ئەسكەر بىلەن شىزاڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، لاسانى ئىشغال قىلىپ، لازاڭخاننى ئۆلتۈردى. كېيىنكى يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى شىزاڭغا يۈرۈش قىلدى، چوڭ سېرېن-

---

① چۇن يۈەن «دەرىجىسى يۇرت دەۋرىدە تونۇلغان تەپسىرات»، 2 - جىلد.

دۆلدۆپ مەغلۇپ بولۇپ، شىزاڭدىن چېكىنىپ چىقتى. شىزاڭغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىش سېۋان ئاراپتاننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقى ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ جۇڭغارلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىنى قوغداش يولىدا ياراتقان تۆھپىلىرىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ.

1727 - يىلى سېۋان ئاراپتان كېسەل بىلەن ئۆلدى. ئوغلى غالدان سېرېن ئۇنىڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ئاتىسى جەھەتتىن دادىسىنىڭ سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇردى، چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى زەربە بەردى؛ چىڭ سۇلالىسى بىلەن قارشىلاشتى. 1729 - يىلى غالدان سېرېن قوشۇن ئەۋەتىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قۇمۇل — ئالتاي مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، خالخا مۇڭغۇللىرىغا يىلمۇ يىل ئۇدا ھۇجۇم قىلدى. 1732 - يىلى (يۇڭجېڭنىڭ 10 - يىلى)، غالدان سېرېن شىمالىي دەشتتە خالخا قەبىلىسى ۋە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، كۈچى بىردىنلا ئاجىزلىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئالتاي تېغىنى پاسىل قىلىپ، جۇڭغارلارنى شەرقتىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا كىرگۈزمەسلىككە بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭغارلارنىڭ خالخا قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى ئاخىرى توختىدى.

1745 - يىل 11 - ئايدا، غالدان سېرېن كېسەل بىلەن ئۆلدى، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى خانلىق ئورنىنى تالىشىپ ئۆزئارا قىرغىن قىلىشتى، نەتىجىدە چوڭ سېرىندۆندۇپنىڭ نەۋرىسى دابىچى، خوئيت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى ئامۇرسانانىڭ قوللىشىغا تايىنىپ خانلىق ئورنىنى تارتىۋالدى، ئامۇرسانا ئۆز تۆھپىسىگە تەمەننا قويۇپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلى-

خانلىقتىن، ئۇنىڭ داۋاچى بىلەن بولغان زىددىيىتى كۈندىن-كۈن-
گە ئۆتكۈرلەشتى. 1754 - يىل 3 - ئايدا، ئامۇرسانا 6000 كىشى-
لىك قوشۇن بىلەن ئىلىدىكى داۋاچىغا ھۇجۇم قىلىپ،
خانلىق ئورنىنى قورال كۈچى ئارقىلىق تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى.
6 - ئايدا داۋاچى 30 مىڭ كىشىلىك سەرخىل قوشۇن
بىلەن ئامۇرسانانى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئامۇرسانا بىلەن
ئىنىسى بەنجۇر ئۆز قوشۇنىدىن 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى
باشلاپ بېرىپ چىڭ سۇلالىسىدىن پاناھ تىلىدى. پادىشاھ
چيەنلۇڭ ئامۇرساناغا چىنۋاڭ، بەنجۇرغا جۈنۋاڭ دېگەن
مەرتىۋىنى بەردى. ئامۇرسانا چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇن
چىقىرىپ، غەربكە يۈرۈش قىلىپ، جۇڭغارلارنى جازالىشىنى
پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىلتىجا قىلدى.

1755 - يىل 2 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى بەندىنى شىمالىي
تىنىچلاندۇرۇش سانغۇنى، ئامۇرسانانى مۇئاۋىن سانغۇن قى-
لىپ، ئۇلارنى ئۇلىياستايدىن قوشۇن باشلاپ چىقىشقا بۇيرۇدى، بۇ
شىمالىي يول قوشۇنى دەپ ئاتالدى؛ يۇڭچياڭنى غەربنى تىنچ-
لاندۇرۇش سانغۇنى، سالىرنى مۇئاۋىن سانغۇن قىلىپ،
باركۆلدىن يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى، بۇ قوشۇن غەربىي يول
قوشۇنى دەپ ئاتالدى. ئىككى قوشۇننىڭ ھەر بىرىدە 25 مىڭ
ئادەم بولۇپ، ئۇلار بورتالا دەرياسى بويىدا ئۇچرىشىپ،
داۋاچىنىڭ چوڭ باركاھى بورتالاغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشنى قارار
قىلىشقانىدى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ ئىككى يول قوشۇنى
4 - ئايدا بورتالادا ئۇچراشتى، داۋاچىنىڭ پۇقرالىرى
ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بول-
دى. 5 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىلىنى ئىشغال
قىلدى. داۋاچى زەئىپ ۋە يېتىم ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ،
قالدۇق قىسىملىرىنى ئېلىپ، موڭغۇلكۈرەگە غەربىي جەنۇب-

بىمن 100 يىل كېيىندىن سۇمبە دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرىغىقىدىكى كېيدىن تېغى (ھازىرقى يېزا ئىككىلىك 4 - شى 76 - تۇەن 11 - لىيەنىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى) غا قېچىپ بېرىۋالدى. 6 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئوفىتسېرى ئايۇشى 24 نەپەر پالۋاننى باشلاپ، كېچىسى كېيدىن تېغىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، جۇڭغار قوشۇنلىرى پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى، 7000 دىن ئارتۇق ئادىمى تەسلىم بولدى. داباچى 20 نەچچە ئادەم بىلەن، چۆل ئارىلاپ قېچىپ كەتتى. كېيدىن تېغىدىكى زور غەلىبىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تاغقا «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش كېيدىن تېغى مەڭگۈ تېشى» ئورناتتى، چيەنلۇڭ مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستىنى ئۆزى يازغانىدى. داباچى تيانشاندىن ئۆتۈپ ئۇچتۇرپانغا قېچىپ بارغاندا، ئۇچتۇرپان بېگى غوجىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، بېيجىڭغا يالاپ ئاپىرىلدى. داباچى ئىتائەت قىلدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكتىن، پادىشاھ چيەنلۇڭ ئۇنىڭغا چىنۋاڭ دېگەن مەرتىۋىنى بېرىپ بېيجىڭ شەھىرىدە تۇرۇشنى ئىلتىپات قىلدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭغار خانلىقى يوقىتىلىپ، چىڭ سۇلالىسى تيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈردى.

چىڭ سۇلالىسى ئۇيراتلارنىڭ تۆت قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆت خان قىلىپ بەلگىلىدى. ئامۇرسانانىڭ چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ بېرىپ داباچىنى يوقىتىشتىكى مەقسىتى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تۆت ئويرات قەبىلىسىگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەخسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، غەربىي يۇرتتا ھاكىم مۇتلەقلىق قىلىش ئىدى. چيەنلۇڭ پادىشاھ ئامۇرساناغا قوش چىنۋاڭ

دېگەن. مەرتىۋە ھەم ئىككى كىشىلىك تەمىنات بېرىپ، مۇھاپىزەتچىلىرىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا قانائەتلەنمىدى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىق كىييىمىنى كىيمەي، چىڭ سۇلالىسى بەرگەن تامغىنى ئىشلەتمەي، ئاستىرتتىن قوشۇن ۋە شايكا توپلاپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ مەخپىي پىلانىنى پىلانلىدى. پادىشاھ چيەنلۇڭ ئامۇرسانانىڭ سۈيقەستىنى خېلى بۇرۇنلا سەزگەچكە، 1755 - يىلى 9 - ئايدا ئامۇرسانانى چېڭدېدىكى يازلىق سارايغا كېلىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ تەيجىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاتاقلىق ئۇتۇغات بېرىش مۇراسىمىغا قاتناشسۇن دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئامۇرسانا ئۆز سۈيقەستىنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، يولغا چىقىپ ئۇلىيۇنگۇر دەرياسىغا بارغاندا، چىغىر يول بىلەن تارباغاتايغا قېچىپ بېرىپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئاشكارا توپىلاڭ قوزغىدى. 1756 - يىلى 1 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى شىمال ۋە غەرب ئىككى يول بويىچە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. 2 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىلىنى ئىشغال قىلدى، ئامۇرسانا قازاقلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئامۇرسانا قازاق ئوتتۇرا يۈزىنىڭ خانى ئابلايدىن ئەسكەر ئارىيەت سورىغاندا ئابلاي ئۇنى رەت قىلدى. 1757 - يىلى 6 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئامۇرسانانىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى قوغلاپ، قازاقلارنىڭ ئوتتۇرا يۈزىگە بارغاندا، ئابلاي بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىدىكى ئاياغۇز دەرياسى بويىدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى قارشى ئالدى. شۇ يىلى كۈزدە، ئابلاي چىڭ سۇلالىسىنىڭ رېخېدىكى ۋاقىتلىق ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مەكتۇپ ۋە تارتۇق يوللىدى. ئۇ مەكتۇپىدا «كەمىنەلىرى پۈتۈن قازاقلارنى باشلاپ ئالىيلىرى تەرەپكە ئۆتۈپ،

مەڭگۈ بېقىندۇرۇلۇشنىڭ پۇقراسى بولۇشنى خالايدۇ» ① دېگەن. پادىشاھ چيەنلۇڭ ئابىلاينى قازاق خانى قىلىپ تەيىنلىدى. ئەمۇرسانا قازاقلار ئارىسىدا تۇرالماي، يېقىنلىرىدىن سەككىز ئادەمنى باشلاپ، روسىيىگە قېچىپ كەتتى، 9-ئايدا روسىيىدە چېچەك كېسىلى بىلەن ئۆلدى.

XVIII ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىن باشلاپ، قازاقلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى جايى بولغان ئالتاي، تارباغاتاي ۋە ئىلى قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ماكانلىشىشقا باشلىدى.

چىڭ سۇلالىسى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، يەرلىك تەرەققىي كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ باردى. چيەنلۇڭ پادىشاھ يەرلىك تەرەققىي كۈچلەرنى تىنچىتىپ، قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەن رايونلارنى بىردەك «شىنجاڭ» دەپ ئاتىدى. سىچۈەندىكى چوڭ - كىچىك جىنچۈەن (جىنشاجياڭ رايونى)، يۈننەننىڭ ۋۇمېڭشەن تاغلىق رايونى، گۈيجۇنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى گۇجۇ ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى ئەنشۈن، جېننىڭ قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسى «شىنجاڭ» دەپ ئاتالغانىدى. جۇڭغارلار تىنچىتىلغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرت «غەربىي يۇرتتىكى شىنجاڭ» دەپ ئاتالدى. XIX ئەسىرنىڭ باشلىرى، ئىلى جياڭجۈنى سۇڭ يۈن «ئىلىنى باشقۇرۇشقا ئائىت ئىشلار» ناملىق كىتابنى تۈزۈشكە رىياسەتچىلىك قىلدى، 1821 - يىلى پادىشاھ داۋگۇاڭ كىتابنىڭ نامىنى «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دەپ بېكىتىپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «شىنجاڭ»

---

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، 41 - جىلد، 22 -، 23 - بەتلەر؛ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر تۇردا خاتىرىلىرى»، 543 - جىلد، 16 - [illegible]

«غەربىي يۇرتتىكى شىنجاڭ» لىق مەخسۇس نامى بولۇپ، ئىزچىل تۈردە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

### 3 . چىڭ سۇلالىسىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

1647 - يىل 1 - ئايدا، قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تۇتتۇقبېگى تۆمۈر پۇللا بېيجىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، تارتۇق تەقدىم قىلىپ، تەۋە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قارشى ئالدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1696 - يىل 7 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆز قوشۇنلىرىنى خېشى كارىدورى بىلەن شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدا مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇپ، غالداننىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئېجىنا دەرياسى (بۈگۈنكى روشۇي دەرياسى)، بۇلۇنچىر دەرياسى (بۈگۈنكى سۇلېخې دەرياسى)، تالىناچىن (ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ تاشۋېلىق يېزىسى)، بارىكۆل، دۆربىلجىن قاتارلىق جايلاردا قاراۋۇلخانا قۇرۇشقا باشلىدى. شۇ يىلى، قۇمۇلنىڭ ھاكىم بېگى ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى. كېيىنكى يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەبەيدۇللانى بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق تارخانبەگ قىلىپ تەيىنلىدى. 1698 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى بويىچە، قۇمۇلدا سېمۇن تەشكىللەپ، ھەرقايسىسىغا بىردىن زەڭگى ۋە مۇئاۋىن زەڭگى، مەسلىھەتچى چېرىكچى، ياردەمچى چېرىكچى، چەۋەنداز چېرىكچى قاتارلىق مەنسەپدارلارنى تەيىنلىدى. يەنە سۇجۇ (ھازىرقى جيۇچۈەن) دا ياردەمچى چېرىكچىدىن بىرنى تەيىنلەپ، ئۇنى قۇمۇلنىڭ غەربىدىكى ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلدى.

1720 - يىل 7 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جۇڭغارلارنى مەغلۇپ قىلىپ، تۇرپانغا يۈرۈش قىلدى. ئەمىن خوجا لۈكچۈن (ھازىرقى پىچان ناھىيەسىدە) بىلەن چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان رايونى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىندى. 1721 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۇرپاندىكى ھەربىي قوشۇننى ئاۋۇتۇپ ھەربىي ئېكىنچىلىك ئىشلىرىنى يولغا قويدى. 1732 - يىل 9 - ئايدا، جۇڭغارلار تۇرپانغا يەنە بىر قېتىم بېسىپ كىردى. ئەمىن خوجا تۇرپاندىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى باشلاپ، گەنسۇنىڭ گۇاجۇ (ھازىرقى ئەنشى) دېگەن يېرىگە كۆچۈپ بېرىپ، تېرىقچىلىق قىلدى. تاكى 1756 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، بۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ماكانى تۇرپانغا قايتىپ كەلدى.

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى، ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىنىي مەزھەپ كۈرىشى بارغانسېرى كەسكىنلەشتى، ھەتتا تەرەققىي قىلىپ، بىر-بىرى بىلەن قەتئىي سىغىشالمايدىغان سىياسىي رەقىبلەرگە ئايلاندى. يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمايىل خان (1670 — 1678 - يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان)، قارا تاغلىقلارنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئاپپاق خوجىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىن ھەيدەپ چىقاردى. 1678 - يىلى ئاپپاق خوجا جۇڭغار قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، يەكەن خانلىقىنى يوقاتتى، جۇڭغارلار ئاپپاق خوجىنى يۆلەپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا قورچاق خان قىلىپ تىكلىدى.

1700 - يىلى ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆز نەۋرىسى ئەخمەت خوجا ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى، غالدان سېرىدىن ئۇنى

مەغلۇپ قىلىپ ۋە تۇتۇپ ئىلىغا ئاپىرىپ نەزەربەنتكە ئالدى، ئەخمەت خوجا ئىلىدا ئىككى ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى، چوڭىنىڭ ئىسمى بۇرھانىدىن، كىچىكىنىڭ ئىسمى خوجاجاھان (يەنە خان خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئۇلار تارىختا «چوڭ-كىچىك خوجىلار» دەپ ئاتالغان. 1755 - يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى داۋاچىسىنى تىنچىتىپ، تىيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇرھانىدىننى يەكەنگە يولغا سېلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا؛ خوجا جاھاننى ئىلىدا قالدۇرۇپ، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇشقا قويغانىدى. بۇرھانىدىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا ئاق تاغلىقلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، قارا تاغلىقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنى كونترول قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، كىچىك خوجا ئامۇرساناغا ئەگىشىپ توپىلاڭ كۆتۈردى، توپىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كىچىك خوجا تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا قېچىپ بېرىپ، «غەيرىي دىندىكىلەرگە قارشى تۇرۇش» دېگەن شوئار ئاستىدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلدى. چوڭ خوجا دەسلەپتە چىڭ سۇلالىسى مېنى مەھبۇسلۇقتىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى قىلدى، «ۋاپاغا جاپا قىلماق دۇرۇس ئەمەس» دەپ ئىككىلىنىپ ئارسالدى بولۇپ قالغانىدى، لېكىن كىچىك خوجا ناھايىتى تېزلا ئەتراپىغا بىر تۈركۈم ھەربىي - مەمۇرىي مۆتىۋەرلەرنى ھەمدە ئاق تاغلىقلار مۇرتلىرىنى توپلاش ۋە مەجبۇرلاش ئارقىلىق ئۆزىنى يادرو قىلغان ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولغاچقا، چوڭ خوجا دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىرى ئۇمۇ توپىلاڭنىڭ كاتتىبېشى بولۇپ قالدى.

1757 - يىلى، كىچىك خوجا كۇچادا «باتۇرخانلىق» دېگەن ۋېۋىسكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزىنى «باتۇرخان» دەپ ئاتىدى-ھەمدە، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئادا-جۇدا بولۇپ توپىلاڭ قوزغىدى. قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، باي، سايرام، كۇچا قاتارلىق جايلار ئىلگىرى-كېيىن بو-لۇپ توپىلاڭغا سۆرەپ كىرىلدى. كۇچانىڭ ھاكىم بېگى ھودى توپىلاڭغا قارشى تۇرۇپ، ئىلىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتكەندە كىچىك خوجا بۇي-رۇق چۈشۈرۈپ، ھودىنىڭ پۈتۈن ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى.

توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىدىكى ھەربىي ئورگىنى مۇئاۋىن باش بۇغ ئامىنداۋنى دالالەت بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا 100 دىن ئارتۇق لەشكەرنى قوشۇپ، ئۇنى ھودى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتكەنىدى. خوجا جاھان ئامىنداۋنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھ-لىرىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋەتتى، ھودى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ ئىلىغا قېچىپ باردى. 1758 - يىل (چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى) نىڭ باشلىرى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يارخاشەننى ئاسىي-لارنى تىنچىتىش سانغۇنى، ئېمىن خوجا قاتارلىقلارنى مەس-لىھەتچى ئامبال، ھودىنى يول باشلىغۇچى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇلار 10 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ، قۇمۇلدىن يول-غا چىقىپ تۇرپان ئارقىلىق كۇچاغا قاراپ چوڭ-كىچىك خوجىلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئاتلاندى. 5 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى كۇچا شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشتى. لېكىن، يارخاشەن بىخەستەلىك قىلىپ، دۈشمەنگە سەل قاراپ، ھودىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇن-

لارنىڭ قېچىش يولىنى بوغۇپ تاشلاش ھەققىدە بەرگەن نەسىھەتىگە قۇلاق سالمىغانلىقتىن، چوڭ - كىچىك خوجىلار 400 دىن ئارتۇق قالدۇق ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ئاقسۇغا قېچىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى توپىلاڭچىلارنى بىر يولىلا يوقىتىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويدى. چيەنلۇڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئۇرۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان يارخاشەننى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جاۋخۇيىنى قوشۇن باشلاپ بېرىپ توپىلاڭچىلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى.

چوڭ - كىچىك خوجىلار ئاقسۇغا قېچىپ بېرىپ 4000 كىشىدىن ئارتۇق توپىلاڭچى قوشۇن توپلاپ كۇچاغا يەنە ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇندى. لېكىن، يولدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ مەغلۇپ بولۇپ ئالدىراپ - تېنەپ چېكىندى. بۇرھانىدىن قەشقەرگە، خوجا جاھان يەكەنگە قېچىپ كەتتى. 1758 - يىل 8 - ئايدا، جاۋخۇي چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئاقسۇغا يېتىپ باردى، ئاقسۇنىڭ ھاكىم بېگى خوجىسى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا قوشۇلدى. 9 - ئايدا جاۋخۇي ھۇدىينى خوتەننى ئەل قىلىشقا ئەۋەتتى، خوتەن چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا بەيئەت قىلدى. 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەكەن شەھىرىنىڭ سىرتىدا توپىلاڭچىلار بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۈچ قېتىملىق جەڭنىڭ ھەممىسىدە غەلىبە قىلدى، توپىلاڭچىلار شەھەر ئىچىگە كىرىۋالدى. چوڭ خوجا شەھەردىن 5000 كىشىلىك توپىلاڭچى قوشۇننى يەكەنگە ياردەمگە ئەۋەتتى. جاۋ

خوي يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا بارگاھ قۇرۇپ پۇختا مۇداپىئەلەنگەنىدى. بۇ دەريا ئۇيغۇر تىلىدا قاراسۇ دەرياسى دەپ ئاتالغاچقا، جاۋخۇينىڭ بۇ بارگاھى «قاراسۇ بارگاھى» دەپمۇ ئاتالغان. چوڭ - كىچىك خوجىلار «قاراسۇ بارگاھى»غا توپتوغرا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «قاراسۇ بارگاھى»نى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ياردەمگە ئۈچ تۈركۈم قوشۇن ئەۋەتتى. 1759 - يىل 1 - ئايدا «قاراسۇ بارگاھى» مۇھاسىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بۆسۈپ چىقىپ، ياردەمچى قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ، قوشۇننى دەم ئالدۇرۇش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ئاقسۇغا چېكىندى.

1759 - يىل يازدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سانغۇنلىرىدىن فودې 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇللا خوتەنگە چۈشۈپ، يەكەنگە شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى؛ جاۋخۇي 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۈچتۇرپاندىن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. چوڭ - كىچىك خوجىلار ئۆز ھالىنىڭ خاراب بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، شۇ جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چارۋا ۋە باشقا مال - مۈلكىنى غالجىرلىق بىلەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، بەدەخشانغا قاراپ قاچتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەكەن بىلەن قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى غەلىبىسىپىرى قوغلىدى. 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ، بەدەخشاننىڭ چېگرىسىدىكى يېشىل كۆلگە باردى. 10 مىڭدىن ئارتۇق توپىلاڭچى تاغدىن پايدىلىنىپ مۇداپىئەلەندى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بىر تەرەپتىن شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، بىر تەرەپتىن تەسلىم بولۇشقا

ئۇرۇندى. ئۇ توپىلاڭچى قوشۇنلاردىن «تەسلىم بولغانلىرى تاغ بويلاپ چۈشكەندە، خۇددى گۈلدۈرمامدەك شاۋقۇنلۇق چۈش-كەنلىكى، كىچىك خوجا قولىغا قىلىچ ئېلىپ چاپ-چاپ قىلى-غان بولسىمۇ، ئۇلارنى توسۇپ قالالمىدى.»① چوڭ-كىچىك خوجىلار خوتۇن-بالىلىرى ۋە يېقىنلىرىدىن 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئېلىپ، ئالدىراپ-تېنەپ بەدەخشانغا قېچىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ تۆھپىسىنى خاتى-رىلەش ئۈچۈن شۇ جايغا «مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچى-تىش خاتىرىسى ئۈچۈن ئېشىل كۆلگە ئورنىتىلغان يادنامە»نى تىكلەپ قويدى. 7-ئاينىڭ 28-كۈنى بەدەخشان ئاقسا-لى سۇلتان شاھ چوڭ-كىچىك خوجىلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى ھەمدە چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ بېيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، شىنجاڭنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇندىدى.

چىڭ سۇلالىسى چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىش جەريانىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قەشقەرگە كىرگەندە، پۇقرالار بوۋاي-موماي‌لارنى يېتىلەپ، بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، قوي-كالىلىرىنى ھەيدىشىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشلىقى يۈسۈپ، تۇرپاندىكى ئەمىن خوجا، كۇچانىڭ ھاكىم بېگى ھودى ۋە ئوسمان ئاتا-بالا، ئاقسۇنىڭ ھاكىم بېگى خوجىسى، بايىنىڭ ھاكىم بېگى گادايمۇھەممەتلەر-نىڭ ھەممىسى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ توپىلاڭچىلارنى تىنچىتىشىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. ياكى ئۆز ئەل-يۇرتىنى باشلاپ، توپىلاڭچىلارنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

---

① «مۇتەددەس ھەربىي ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى» 4-جىلد.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىش جەريانىدا، قىرغىز خەلقىنىڭمۇ زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. كىچىك خوجا «قارا سۇ بارگاھى»غا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلمۋاتقان، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان پەيتتە، قىرغىزلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرى كەينى-كەينىدىن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قەشقەرنى ساقلاپ ياتقان بۇرھانىدىننىڭ كىچىك خوجىغا ياردەم بېرىشكە لەشكەر باشلاپ چىقىشىغا جۈرئەت قىلالماس قىلىپ قويدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى چوڭ-كىچىك خوجىلارنى قوغلاپ پامىر ئېگىزلىكىگە چىققاندا، قىرغىزلار يول باشلاپ بەرگەنلىكتىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى خېيىم-خەتەرلىك تەبىئىي شارائىتنى يېڭىپ، ئاخىرى توپىلاڭچىلارنى تىنجىتىشنىڭ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن قوقەن خانلىقىنىڭ شەرقى، ئىلىنىڭ غەربىي جەنۇبى، قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالى، ئىسسىق كۆل ئەتراپى، پامىر ۋە قارا قۇرۇم ئەتراپىدىكى كەڭ قىرغىز رايونلىرى پۈتۈنلەي چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى چوڭ-كىچىك خوجىلارنى قوغلاپ تاشقورغانغا كىرگەندە، تاجىك بېگى مۇرات پۈتۈن رايوندىكى نوپۇس ۋە تېرىلغۇ يەر سانىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تاجىكلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا سارىقۇل مۇسۇلمانلار مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئۇنى يەكەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىپ بەردى.

#### 4. تۇرغۇتلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشى

تۇرغۇتلار ئىلاسىز دىكى تۆت ئويرات موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ

بېرى. XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭغار قەبىلىسى ئاستا-ئاستا كۈچەيگەندىن كېيىن، باتۇر قۇنتەيجى «ئۆزىنىڭ كۈچىگە تەمەننا قويۇپ، باشقا ئويرات قەبىلىلىرىنى بوزەك قىلدى»① ھەمدە تورغۇتلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش كويىدا بولدى. XVII ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى تورغۇت قەبىلىلىرىنىڭ تەيجىسى خوئېرلىك ئۆز قەبىلىسىدىكى 5000 تۈتۈندىن ئارتۇق، 200 مىڭدىن كۆپ ئاھالىنى باشلاپ، شىنجاڭنىڭ تارباغاتاي دېگەن جايىدىن يولغا چىقىپ، غەربكە قاراپ كۆچتى. 1630-يىل ئۆپچۆرىسىدە ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونغا بېرىپ، شەرقتە ئورال دەرياسىدىن تارتىپ غەربتە دون دەرياسىغىچە، جەنۇبتا كاسپىي ۋە قارا دېڭىزدىن تارتىپ شىمالدا ساراتوۋغىچە بولغان زېمىندا تورغۇت خانلىقىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ قارارگاھىنى ۋولگا دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان ئاقتۆپە دەرياسى قىرغىقىدا قۇردى.

تورغۇتلار غەربكە كۆچۈپ ۋولگا دەرياسىغا بارغان مەزگىلدە، چاررۇسىيە كېڭەيمىچى كۈچلىرى ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلارغا يېتىپ بارغانىدى. چاررۇسىيە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى ۋە دون دەرياسى ۋادىلىرىغا كېڭىيىش ئۈچۈن، تىغ ئۇچىنى تورغۇت موڭغۇللىرىغا قاراتتى. 1643-يىلى، چاررۇسىيە تورغۇتلارغا قوراللىق ھۇجۇم قىلدى. خوئېرلىك تورغۇتلارغا باشچىلىق قىلىپ، قايتۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانغاندا، بەختكە قارشى جەڭدە قازا قىلدى. 1724-يىلى، تورغۇتلار خانى ئايۇكا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى، چاررۇسىيە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تورغۇتلارغا يېڭى خان تەيىنلەش ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇۋالدى. چاررۇسىيىنىڭ تورغۇت

① جاڭمۇ «موڭغۇللارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىقىدا ئائىت خاتىرىلەر»، 4-جىلد.

خەلقىدىن ئالىدىغان باج-سېلىقلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھاشار ۋە ئەسكەرلىككە تۇتىدىغان ئىشلار كەينى-كەينىدىن بولۇپ تۇردى، يەنە ئۇلارنى لاما دىنىدىن ۋاز كېچىپ، پراۋۇسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى. 1655-يىلى تۇرغۇتلار بېيجىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق تەقدىم قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا باشلىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يىراق-يات رايوندا تۇرۇۋاتقان تۇرغۇتلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، تۇرغۇتلارنىڭ شىزاڭغا بېرىپ بۇتقا چوقۇنۇشىغا، گۇيخۇا شەھىرى (بۈگۈنكى كۆكخوت شەھىرى)دە سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. 1712-يىلى، ئايۇكا ئەۋەتكەن ئەلچى سىبىرىيىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، بېيجىڭغا سوۋغات ئېلىپ بارغاندا، پادىشاھ كاڭشىمۇ تۇلىچېن باشچىلىقىدىكى 22 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئۇلار بىلەن بىللە تۇرغۇتلاردىن ھال سوراشقا ئەۋەتتى. تۇلىچېن روسىيىدىن يول سوراپ ئۆتۈپ، 20 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق مۇساپىسىنى بېسىپ ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تۇرغۇتلار تۇرۇشلۇق جايغا بارغاندا، ئايۇكا خان بىلەن قەبىلە ئاھالىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. 1715-يىلى تۇلىچېن بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ، مانجۇچە ۋە خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا «يات يۇرتلار ھەققىدە خاتىرە» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقىپ، بۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە چىققان كەچۈرمىشلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

1756-يىلى، غەربكە كۆچمەي تارباغاتايدا قېپقالغان تۇرغۇتلارنىڭ بىر قىسمى، شېرىڭ تەيجىنىڭ باشچىلىقىدا غەربكە كۆچۈپ ۋولگا دەريا بويلىرىغا باردى. ئۇلار يېڭى تۇرغۇتلار، بۇرۇن كۆچۈپ بارغانلىرى كونا تۇرغۇتلار دەپ ئاتالدى.

1761 - يىلى، 17 ياشلىق ئۇباش تورغۇتلارنىڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. 1767 - يىلى، ئۇباش تورغۇتلارنى باشلاپ، شەرققە كۆچۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، خائىنلار بۇ مەخپىيەتنى چار روسىيىگە ئېيتىپ قويدى، چار روسىيە بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇداپىئەنى كۈچەيتتى ھەمدە پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان تورغۇت ئاقسۆڭەكى دوندوكوۋ جەمەتىنى يۆلەپ، ئۇنى ئۇباشنىڭ خانلىق ئورنىغا قويۇشنى پىلانلىدى. 1768 - يىلى چار روسىيە ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە ئۇرۇش باشلاپ، تورغۇتلارنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغاندا، 70 — 80 مىڭ ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى. 1770 - يىلى يازدا، چار پادىشاھ يەنە 16 ياشتىن يۇقىرى تورغۇت ئەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى سەپكە بېرىشى شەرت دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى، تورغۇتلار بۇنداق قوۋم بويىچە نابۇت بولۇپ نەسلى قۇرۇپ كېتىش خەۋپى ئالدىدا، ئۇباش كەسكىن ھالدا شەرققە قايتىپ كېتىشنى قارار قىلدى. 1770 - يىلى كۈزدە، ئۇ ئوسمان ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جەنىتەنى سېپىمەك دورجى قاتارلىق يۇقىرى قاتلام باشلىقلارنى يىغىپ، مەخپىي كېڭەش قىلىپ، ئىلىغا قايتىشنى ھەمدە قىش پەسلى كىرىپ، ۋولگا دەرياسىغا مۇز تۇتقاندىن كېيىن، دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقىشنى قارار قىلدى. كۈتۈلمىگەندە شۇ يىلى قىش ھاۋا ئىسسىق بولغانلىقتىن، دەريادا ئۇزاق ۋاقىتقىچە مۇز تۇتمىدى، لېكىن شەرققە كۆچۈش ئوغرىتىسىدىكى خەۋەر ئاشكارىلىنىپ، چار روسىيە ھۆكۈمىتى ئەسكەر يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئۇباش مۇددەتتىن بۇرۇن ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

1771 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئۇباش ۋولگا دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قەبىلىلەردىن 33 مىڭ تۈتۈن، 169 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىگە باشچىلىق قىلىپ، دۇنياغا داڭلىق بولغان ۋەتەنگە قايتىش ئۇزۇن سەپىرىنى باشلىدى. ۋولگا دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى 14 مىڭ تۈتۈن خەلق دەريا سۈيىنىڭ توسۇۋېلىشى تۈپەيلىدىن، ئۇلار بىلەن بىللە يولغا چىقالمىدى. يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال، ئۇباش باشلامچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ياغاچ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، قەبىلە خەلقىمۇ بارلىق چېدىرلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ھەققانىيەت يولىدىن زادى قايتمايدىغان قەتئىي ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. ئۇباش ئۆزى 15 مىڭ چەۋەنداز بىلەن ئاۋانگارت بولۇپ يول ئېچىپ ماڭدى. ئاياللار، بالىلار ۋە قېرىلار مال-چارۋىلارنى ھەيدەپ ئوتتۇرىدا ماڭدى، 10 مىڭ جەڭچى قوغدىغۇچى قىسىم بولۇپ ئارقىدا ماڭدى. چار روسىيىنىڭ ئايال پادىشاھى ئېكاتېرىنا I بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال بىر نەچچە تۈمەن قوشۇننى قوغلاشقا ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ يول ياقىسىدىكى كۆچمەن قەبىلىلەرنى ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلىشقا قۇتراتتى. ئۇرال دەرياسى بويىدا، ئارقا مۇھاپىزەتچى قىسىملار چار روسىيىنىڭ كازاك ئاتلىق قىسىملىرى بىلەن قانلىق جەڭ قىلىپ، بەختكە قارشى ھەممىسى باتۇرلارچە قۇربان بولدى. 1771 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۇباش باشچىلىقىدىكى تورغۇت قەبىلىلىرى ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىلىغا يېقىن تامغا قاراۋۇلخانىسىغا يېتىپ كېلىپ، ئاخىرى ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى. سەككىز ئايلىق دەھشەتلىك ئۇرۇش ۋە مۇشكۈل سەپەر ئازابى، ئاچ - يالىڭاچلىق ۋە ۋابا كېسىلىنىڭ تارقىلىشى تۈپەيلىدىن، تورغۇتلارنىڭ مال - چارۋىلىرى پۈتۈنلەي

دېڭىزدەك قىرىلىپ، ئاھالىنىڭ يېرىمىدىن تولىسى ئۆلۈپ، ئاران 70 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ئامان قالغانىدى.

چىڭ سۇلالىسى تورغۇتلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن دەرھال لەشكەر ئەۋەتتى. ئۇباش ئىلى جياڭجۈنى ئىلتۇ بىلەن كۆرۈشكەندە، ئاتا-بوۋىلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 8-يىلى ئاتىل بولغان مەرتىۋىگە نىشان قىلىنغان خەنزۇچە پۈتۈك ئويۇقلۇق قاشتاش تامغىدىن بىرنى ۋە شۇ قاتاردا ھەر خىل سوۋغات تەقدىم قىلدى. پادىشاھ چيەنلۇڭ بۇنى ئاڭلاپ، ئىلتۇ بىلەن ئۈچتۇرپاننىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى شۇ خىدېگە تورغۇتلارنى كۈتۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش، ئۇلارغا ئوزۇق-تۈلۈك، كېيىم-كېچەك تارقىتىپ بېرىش، يايلاق ۋە تېرىلغۇ يەر ئايرىپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. يەنە نۇرغۇن خەلقنىڭ چارۋا-مال، ئاشلىق، چاي، گەزلىمە، پاختا، قوي تېرىسى، كىگىز ئۆي قاتارلىق كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن، شەنشى ۋە گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى ۋۇداشەن بىلەن شىنەنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋېن شۈگا غەزىنىدىن 20 مىڭ سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ ياردەم بېرىشنى بۇيرۇدى. تيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئۇيرات قەبىلىلىرى بىلەن تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر خەلقى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، چارۋا، مال، ئاشلىق، ۋە رەخت ئىئانە قىلدى. شۇ سەۋەبتىن، بىر مۇنچە بەگلەر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

1771-يىلى 9-ئايدا، تورغۇتلارنىڭ باشلىقلىرىدىن ئۇباش، سېبېبېك دورجى، شېرىڭ قاتارلىق 13 كىشى يارلىققا بىنائەن ئوردىنى تاۋاپ قىلدى. پادىشاھ چيەنلۇڭ ئۇلارنى چىڭ-

دېدىكى يازلىق ئوردىدا قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە «تورغۇتلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ ئەل بولۇش خاتىرىسى» ۋە «تورغۇت قەبىلىسىگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىش خاتىرىسى» دېگەن ئىبارەت ئىككى ئېگىز ئابىدىنىڭ تىكلىتىشىنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىققى، ئۇنىڭدا تورغۇتلارنىڭ غەربكە كۆچۈش ۋە قايتىپ كېلىشتىكى سەۋەبلىرى، جەريانى شۇنىڭدەك قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋاللىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىككى چوڭ ئابىدە ھازىرغىچە چېڭدې شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى پۇتو بۇتخانىسىنىڭ ئىچىدە تىكلەنگەن پېتىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. پادىشاھ چيەنلۇڭ تورغۇت باشلىقلىرىنى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە قاراپ مۇكاپاتلاپ، ئۇ باشقا زورۇكتۇ (باتۇر دېگەن مەنىدە) خان، سىبېيك دورجىغا بۇ يانتۇ چىنۋاڭ، شېرىڭغا مىلىكتۇ ئىنئانچى خان دېگەن ئۇتۇغات ناملىرىنى بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىلى، بېيسى، تەيجى قاتارلىقناملار بېرىلگەن كىشىلەردىن خېلى كۆپ بولۇپ، جەمئىي 41 ئادەم نام - مەرتىۋىگە ئېرىشكەن.

1775 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كونا تورغۇت قەبىلىلىرىنى شەرقىي يول، جەنۇبىي يول، غەربىي يول، شىمالىي يول دەپ تۆتكە بۆلۈپ، تۆت ئايماق تەسىس قىلدى؛ جەنۇبىي يولدىكىلەر قارا شەھەرنىڭ شىمالىدا چارۋىچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارغا ئۇباش ئايماق باشلىقى بولدى ۋە تۆت قوشۇن تەسىس قىلىنىپ، قارا شەھەر ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىندى، ئۇلار ھازىرقى بايىنغولىن موڭغۇللىرىنىڭ ئەجدادلىرىدۇر؛ شىمالىي يولدىكىلەر قوبۇقساردا چارۋىچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارغا سېبېك دورجى چىنۋاڭ ئايماق باشلىقى بولدى ۋە ئۈچ قوشۇن تەسىس قىلىنىپ، تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى-

نىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىندى، ئۇلار ھازىرقى قوبۇقسار موڭغۇللىرىنىڭ ئەجدادلىرىدۇر؛ شەرقىي يولدىكىلەر شىخۇ رايونىدا چارۋىچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارغا بامبار ئىنئانچى خان ئايماق باشلىقى بولدى ۋە ئىككى قوشۇن تەسىس قىلىنىپ، قۇرقارا ئۇسۇ (شىخۇ) ئىش بېجىرىش ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىندى، ئۇلار بۈگۈنكى شىخۇ، كۈيتۈن رايونىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر؛ غەربىي يولدىكىلەر جىڭ رايونىدا چارۋىچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارغا دەمۇنتۇبىلى ئايماق باشلىقى بولدى ۋە بىر قوشۇن تەسىس قىلىنىپ، ئىلى جاڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىندى، ئۇلار ھازىرقى بورتالا جىڭ رايونىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر. شېرەڭ باشچىلىقىدىكى يېڭى تۇرغۇت قەبىلىلىرى ئالتاي بۇلغان دەرياسى رايونىدا چارۋىچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىككى قوشۇن تەسىس قىلىنىپ، قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىندى.

تۇرغۇت موڭغۇل خەلقىنىڭ چاررۇسىيىنىڭ زۇلۇمىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ شۇنچە يىراق مۇساپىنى بېسىپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت بولغان ۋەتىنىمىزنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش تارىخىدا، تىللاردا داستان بولغۇدەك بىر تەسىرلىك سەھىپە بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيىدىغان مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى تولۇق نامايان قىلدى.

## §2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشى

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرگەندىن

كېيىن، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مۇكەممەل ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى جەھەتلەردە، بىر قاتار زور ئۈنۈمگە ئىگە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## 1. ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى

مىلادى 1762 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى جياڭجۈنى (تولۇق ئاتىلىشى «ئىلى قاتارلىق جايلارنى بىر تۇتاش باشقۇرغۇچى جياڭجۈن») تەسىس قىلىپ، مىڭرۈينى تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلى جياڭجۈنى قىلىپ تەيىنلىدى، جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئورنى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى كۈرە قەلئەسى (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى تەۋەسى) دە بولدى. ئىلى جياڭجۈنىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلاردا تۇرۇشلۇق مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، قوشۇمچە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى ھەمدە چىڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە قازاق قەبىلىلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. ئىلى جياڭجۈنى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئالىي ھەربىي ۋە مەمۇرىي باشلىق بولۇپ، جياڭجۈنلۈككە چوقۇم مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى ياكى خاندانلىققا سادىق موڭغۇل تۆرىلىرىدىن تەيىنلىنەتتى. ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىكى مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ شەرق بىلەن غەربىنى توغرىسىغا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر پۈتۈن سىستېما بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا ھاسىل بولۇشى ئىدى. («ئىلى جياڭجۈنى يىلنامە جەدۋىلى» قوشۇمچە بېرىلدى).

## ئىلى جياڭجۈنى يىلنامە جەدۋىلى

| | | |
|---|---|---|
| مىڭرۇي<br>10.1762 – 3.1767 | ئاگۇي<br>3.1767 – 2.1768 | ئىلتۇ (مۇۋەققەت)<br>2.1768 – 10.1768 |
| يۇڭگۇي<br>10.1768–10.1769 | ۋېشخەي (مۇۋەققەت)<br>10.1769–12.1769 | ئىلتۇ<br>12.1769–7.1771 |
| شۇخېدې<br>10.1771–7.1773 | ئىلتۇ<br>7.1773 – 6.1783 | مىڭلياڭ<br>6.1783 – 8.1783 |
| ئىلتۇ<br>9.1783 – 7.1785 | كۇيلىن<br>7.1785 – 11.1787 | باۋنىڭ<br>11.1787–4.1790 |
| يۇڭباۋ (مۇۋەققەت)<br>4.1790 – 3.1791 | باۋنىڭ<br>3.1791 – 12.1794 | مىڭلياڭ<br>12.1794 – 9.1795 |
| باۋنىڭ<br>9.1795 – 1.1800 | سۇڭيۈن<br>1.1800 – 5.1800 | باۋنىڭ<br>5.1800 – 1.1802 |
| سۇڭيۈن<br>6.1813 – 10.1815 | جىنچاڭ<br>3.1809 – 6.1813 | سۇڭيۈن<br>1.1802 – 3.1809 |
| چاڭلىڭ<br>10.1815 – 2.1817 | جىنچاڭ<br>2.1817 – 4.1820 | چىڭشياڭ<br>4.1820 – 9.1825 |

| | | |
|---|---|---|
| يۈيلىن<br>9.1832 – 6.1829 | دېيىڭئا<br>6.1829 – 7.1826 | چاڭلىڭ<br>7.1826 – 10.1825 |
| بۇيانتاي<br>11.1845 – 3.1840 | يىشەن<br>3.1840 – 4.1838 | تېيشۇنباۋ<br>4.1838 – 9.1832 |
| جالا فېنتاي<br>10.1856–10.1854 | يىشەن<br>10.1854–11.1850 | سايىڭئا<br>11.1850–11.1845 |
| چاڭچىڭ<br>10.1864 – 7.1860 | جالا فېنتاي<br>7.1860 – 4.1857 | چاڭچىڭ<br>4.1857–10.1855 |
| جىنشۇن<br>8.1885 – 10.1876 | رۇڭچۇەن<br>10.1876 – 5.1866 | مىڭشۇي<br>5.1866–10.1864 |
| چاڭگېڭ<br>7.1901 – 5.1890 | سېلىڭئې<br>5.1890 – 8.1886 | شىلشۇن<br>8.1886 – 8.1885 |
| گۇاڭفۇ<br>1.1911 – 5.1909 | چاڭگېڭ<br>5.1909 – 6.1905 | مالياڭ<br>6.1905 – 7.1901 |
| | | جى رۇي<br>11.1911 – 1.1911 |

* ئەسكەرتىش: قىسقا ۋاقىت مۇۋەققەتلىك ۋەزىپىدە تۇرغۇچىلار كىرگۈزۈلمىدى.

چىڭ سۇلالىسى ئۈرۈمچىدە باش بۇغ (都统 دۇتۇڭ) تەسىس قىلغان، ئۇنىڭ دەرىجىسى جياڭجۇن بىلەن تەڭ ئىدى. ئىلى، چۆچەك، قەشقەرلەردە مەسلىھەتچى ئامبال تەسىس قىلىنغان. قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ تولۇق نامى «مۇسۇلمان رايونلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرغۇچى مەسلىھەتچى ئامبال» بولۇپ، ئۇ بىر مەزگىل قەشقەردە تۇرغاندىن كېيىن، ئۇچتۇرپان ۋە يەكەندىمۇ بولغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي ئىشلار قوماندانلىق سىستېمىسى شىمالىي يول، جەنۇبىي يول، شەرقىي يول دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. شىمالىي يولدىكىسى ئىلى، چۆچەك؛ جەنۇبىي يولدىكىسى يەكەن، قاراشەھەر، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، يېڭىسار، ئۇچتۇرپان؛ شەرقىي يولدىكىسى تۇرپان، قۇمۇل، بارىكۆل، گۇچۇڭ، قۇرقارا، ئۇسۇ (ھازىرقى شىخۇ) قاتارلىق شەھەرلەردە بولۇپ، لەشكەر بېشى ئامبال، ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ياكى ياردەمچى ئىش بېجىرگۈچى ئامبال تەسىس قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك ئامباللار جايلاردا مۇداپىئەدە تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى باشقۇرۇشقا، جايلاردىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل قىلىنغان. شىمالىي يولدىكى ھەر دەرىجىلىك ئامباللار ئىلى، چۆچەك مەسلىھەتچى ئامبىلى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى؛ جەنۇبىي يولدىكى ھەر دەرىجىلىك ئامباللار قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبال تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى؛ شەرقىي يولدىكى ھەر دەرىجىلىك ئامباللار ئۈرۈمچى باش بۇغى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى؛ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئامباللار بىردەك ئىلى جياڭجۇنىنىڭ قوماندانلىقىدا بولغانىدى. قوماندانلىق سىستېمىسىنىڭ تەشكىلىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ①:

① لىۇ رىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 498-بەت.

- ئىلى جىياڭجۈنى
  - شىمالدي يول
    - ئىلى
      - مەسلىھەتچى ئامبال بىر
      - لەشكەر بېشى ئامبال بىر
    - چۆچەك
      - مەسلىھەتچى ئامبال بىر
      - ئىش بېجىرگۈچى ئامبال قوشۇمچە لەشكەر بېشى ئامبال بىر
  - جەنۇبىي يول — قەشقەر
    - مەسلىھەتچى ئامبال بىر
    - ياندىش خان ئامبىلى بىر
      - يېڭىسار — لەشكەر بېشى بىر
      - يەكەن — ئىش بېجىرگۈچى بىر، ياندىش خان ئامبال بىر
      - خوتەن — ئىش بېجىرگۈچى بىر، لەشكەر بېشى بىر
      - ئۇچتۇرپان — ئىش بېجىرگۈچى بىر
      - ئاقسۇ — ئىش بېجىرگۈچى بىر
      - كۇچا — ئىش بېجىرگۈچى بىر
      - قاراشەھەر — ئىش بېجىرگۈچى بىر
  - شەرقىي يول — ئۈرۈمچى باش بۇغ بىر
    - تۇرپان — لەشكەر بېشى بىر
    - قۇمۇل — ئىش بېجىرگۈچى بىر
    - بارىكۆل — لەشكەر بېشى بىر
    - گۇچۇڭ — لەشكەر بېشى بىر
    - قۇرقارا ئۇسۇ — لەشكەر بېشى بىر

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى قىسمىدا زور قوشۇن تۇرغۇزۇپ، چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى كۈچەيتتى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 40 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى، شىمالىي شىنجاڭ مۇھىم نۇقتا بولغاچ، بۇ تەرەپتە تۇرغۇزۇلغان قوشۇن شىنجاڭدىكى ئومۇمىي قوشۇن سانىنىڭ $\frac{4}{5}$ قىسمىنى تەشكىل

قىلغان، بېيۇنىڭ ئىچىدە ئىلى، ئۈرۈمچى، باركۆل، چۆچەك قاتارلىق تۆت شەھەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلار ئەڭ كۆپ بولغان؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوشۇنلار بولسا ئاران 7000 ئەتراپىدا ئىدى. شىنجاڭدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى سەككىز تۇغلۇق ۋە يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلار دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلاتتى، يەنە تۇراقلىق مۇداپىئە قوشۇنى ۋە ئالمىشىدىغان مۇداپىئە قوشۇنى دەپ ئايرىلغانىدى. سەككىز تۇغلۇق قوشۇندىكى ئەسكەرلەر ئاساسەن مانجۇ ۋە موڭغۇل، شىبە، سولونلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇقىم تۇرۇپ مۇداپىئەلىنىشىنى ئاساس قىلىدىغان تايانچ كۈچلىرى ئىدى؛ يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلار ئاساسەن خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شىنجاڭدا ئاساسەن بوز يەر ئېچىپ ئېكىنچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىناتتى، تۇراقلىق قوشۇنلارنىڭ ئەمەلدار، ئەسكەرلىرىنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى بىرگە ئېلىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىناتتى، ئالمىشىدىغان قوشۇنلار ھەر ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلاتتى، شۇڭا بۇ قوشۇندىكى ئەمەلدار، ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بىرگە ئېلىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى. شىمالىي شىنجاڭدا تۇراقلىق قوشۇنلار ئاساس قىلىنغان، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا ئالمىشىدىغان قوشۇنلار ئاساس قىلىنغانىدى.

1764-يىل 4-ئايدىن 1765-يىل 7-ئايغىچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شېڭجىڭ (ھازىرقى شېنياڭ شەھىرى) دىكى شىبە قوشۇنىدىن 8000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى چاپچالغا يۆتكەپ كېلىپ مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇرغان. 1764-يىلى خېيلۇڭجياڭدىكى سولۇن-داغۇر قوشۇنىنى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قورغاسقا يۆتكەپ كېلىپ مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇرغان؛ چاخچياڭ كۆلىدىكى چاخار

مۇڭغۇل قوشۇنىنى بۇرتالا (بۈگۈنكى بورتالا رايونىدىكى ئارشاڭ) غا يۆتكەپ كېلىپ مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇرغان. 1765 - يىلى رېغېدىكى ئۆيرات مۇڭغۇل قوشۇنىنى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇڭغۇلكۈرە بىلەن تېكەسكە يۆتكەپ كېلىپ مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ تۇراقلىق مۇداپىئە قوشۇنلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە بۇ جايلاردا ئېكىنچىلىك قىلىپ، چېگرا ساقلاپ، پەيدىنپەي كۆپىيىپ ماكانلىشىپ، ھازىرقى شىنجاڭدىكى شىبە، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى ھاسىل قىلغان.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ بىلەن قوشنا دۆلەتلەر تۇتىشىپ تۇرىدىغان چېگرا رايونلاردا «ئابىدە» ئورنىتىپ ئۇنى چېگرا بەلگىسى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە نۇرغۇنلىغان ھەربىي قاراۋۇلخانىلارنى تەسىس قىلدى؛ بۇ قاراۋۇلخانىلار ئىككى خىلغا ئايرىلغان: بىر خىلى مۇقىم تۇرۇشلۇق قاراۋۇلخانا بولۇپ، بۇ قاراۋۇلخانىلاردا يىل بويى ئەسكەر تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى شىنجاڭنىڭ ئىچكى رايونلىرىدا ئىدى، بەزىلىرى چېگرىغا بىرقانچە يۈز چاقىرىم، ھەتتا مىڭ چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى جايلاردا ئىدى؛ ئىككىنچى خىلى يۆتكىلىپ تۇرىدىغان ۋە كۆپەيتىلگەن قاراۋۇلخانىلار بولۇپ، ئۇلار كۆپىنچە قازاق ۋە مۇڭغۇل يايلاقلىرى ئارىلىقىدا تۇراتتى. بۇنداق قاراۋۇلخانىلار ئوتلاقلارنىڭ يەڭگۈشلىنىشى ۋە چارۋا-مالنىڭ كۆچۈشىگە ئەگىشىپ يۆتكىلىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭدا دائىم ئەسكەر تۇرمايتتى. ئىلى جياڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدا جەمئىي 117 قاراۋۇلخانا بولۇپ، ھەر بىرسىدە 10 دىن 30 غىچە ئەسكەر تۇراتتى. قاراۋۇلخانىنىڭ ۋەزىپىسى چېگرىنى قەرەللىك ھالدا چارلاپ، چېگرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش، چەتئەللەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ساقلاش؛ خائىن - ئىشپىيونلارنى

چارلاپ تەكشۈرۈش، قاچقۇنلارنى تۇتۇش؛ مەڭگۇل، قازاق قەبىلىلىرىنىڭ يايلاق تالىشىش ماجىرالىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. جايلاردا تۇرۇشلۇق ئامباللار ھەر يىلى باھار ۋە كۈز پەسلىدە ئۆزلىرىگە قاراشلىق قاراۋۇلخانىلارنى بىر نۆۋەتتىن كۆزدىن كەچۈرۈپ، قىلغان خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش، ھەربىي ئالاقە ۋە ھەربىي ئەشيالارنىڭ توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ مۇھىم قاتناش يوللىرىدا، ھەربىي رابات (ھەربىي بېكەت)، ھەربىي پونكىت (营塘 ھەربىي راباتتىن كىچىكرەك بېكەت) ۋە ئۆتەڭلەرنى تەسىس قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەڭگەر دەپ ئاتالغان. چيەنلۇڭ زامانىدا شىنجاڭدا جەمئىي 269 لەڭگەر بولغان. ھەر بىر لەڭگەرگە 15 نەپەر① چېرىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنى ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەشكە، ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە، ھۆكۈمەتنىڭ يۈكلىرىنى توشۇشقا مەسئۇل ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويغان ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش، پارچىلىنىش ۋە بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش جەھەتلەردە زور رول ئوينىغانىدى.

---

① «چىڭ سۇلالىسى تارىخى» (دەسلەپكى نۇسخا) ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى، سەككىزىنچى، 130 - جىلد، 4081 - بەت.

2. مەمۇرىي تۈزۈلمە

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، شىنجاڭ رايونى ئۈچ مەمۇرىي ئورۇننىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە ئىدى؛ ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە شەرقى، يەنى ھازىرقى ئالتاي رايونى (جىمسەي ناھىيىسى بۇنىڭ سىرتىدا) ھەم ئەينى ۋاقىتتىكى ئالتاي ئۇرانقاي ۋە ئالتاينور ئۇرانقاي ئۇلاستاي جاڭجۈنىنىڭ قارىمىقىدىكى قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايتتى؛ ئېرتىش دەرياسىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبى ھەمدە تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ رايونلار، ئىلى جياڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، قۇرقارا ئۇسۇ، گۇچۇڭ، بارىكۆل، تۇرپان قاتارلىق مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنگەنىدى؛ شەرقىي شىنجاڭدىكى قۇمۇل، بارىكۆل، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلار، مەمۇرىي جەھەتتە بىر مەزگىل گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانىدى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي تارىخىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل مەمۇرىي تۈزۈمنى يولغا قويغان. خەنزۇلار كۆپرەك توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولغان ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بارىكۆل-ئۈرۈمچى ۋىلايىتى * تەسىس قىلغان. ئۇنىڭ قارىمىقىدا

* بارىكۆل-ئۈرۈمچى ۋىلايىتى ئەينى چاغدا خەنزۇچە «镇迪道» (جېندىداۋ) دەپ ئاتالغان، 镇 دېگىنى 镇西 (جېنشى يەنى بارىكۆل)، 迪 دېگىنى 迪化 (دىخوا يەنى ئۈرۈمچى) نى كۆرسىتىدۇ.

بارىكۆل مەھكىمىسى بىلەن بىۋاسىتە قاراشلىق ئۈرۈمچى ئايماق مەھكىمىسى دەيدىغان ئورگان بار ئىدى. بارىكۆل مەھكىمىسىنىڭ ئورنى بارىكۆلدە بولۇپ، ئىۋىرغول (بارىكۆل) ناھىيىسى بىلەن كۆچۈڭ ناھىيىسىنى، باشقۇراتتى؛ بىۋاسىتە قاراشلىق ئۈرۈمچى ئايماق مەھكىمىسى ئۈرۈمچىدە بولۇپ، سانجى، ماناس، فۇكاڭدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىنى باشقۇراتتى. بارىكۆل - ئۈرۈمچى ۋىلايىتى بىۋاسىتە گەنسۇ ئۆلكىسىگە قارايتتى، ئۇنىڭ خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئايماق - ناھىيىلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىدە يەنە تۇرپان، قۇمۇل، قۇرقارا ئۇسۇ، تارباغاتاي، ئۈچتۇرپان، يېڭىسارلار بىۋاسىتە قاراشلىق تىڭ (厅) غا ئۆزگەرتىلدى، ئىلى، قارا شەھەر، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇلار فۇ (府) غا ئۆزگەرتىلدى، كۈچا، خوتەنلەر بىۋاسىتە قاراشلىق ئايماق (州) غا ئۆزگەرتىلدى.

تيانشاننىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولغان موڭغۇل ۋە قازاقلار، شۇنىڭدەك تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل ۋە تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جاساق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. جاساق موڭغۇل تىلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، قەبىلە باشلىقى ياكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى موڭغۇللارنى خوشۇنغا بۆلۈپ باشقۇرغاندىن كېيىن، ھەرقايسى خوشۇنلارنىڭ باشلىقلىرى جاساق دەپ ئاتالدى. ھالبۇكى، قۇمۇل ۋە تۇرپان رايونىدا جاساق تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئەبەيدۇللا جەمەتى بىلەن ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى جەريانىدا قوشقان زور تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك ۋە تەقدىرلىگەنلىك ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەرقايسى

قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىغا چىڭۋاڭ، ئىنالچىخان، بىلى، بەيسى، بەگ، تەيجى دېگەن مەرتىۋە ناملىرىنى بەرگەن ھەمدە ئۇلارنى جاساق قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغان. جاساقلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى، قالدۇرۇلاتتى ۋە نازارەت قىلىناتتى. ئەمما چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئادەتتە جاساقلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى قەبىلىلەر بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلمايتتى، ئۇلارنىڭ خەلقتىن باج - سېلىق ئالمايتتى ۋە ئۇلارنى سەيسكە تۇتمايتتى. جاساقلىق ئاساسەن ۋارىسلىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇلىدىغان بىر تۈزۈم بولۇپ، ئۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاقسۆڭەكلىرىگە بەرگەن بىرخىل سىياسىي ئىمتىيازى ئىدى.

تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى باشقا رايونلاردا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كونا تۈزۈملىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بەگلىك مەمۇرىي تۈزۈمىنى ساقلاپ قالغان. «بەگ» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزاقتىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن بولۇپ، «باشلىق»، «كاتتىباش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بەگ بىرخىل ھەربىي مەنسەپكە ئايلىنىپ، جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ باشلىقلىرى بەگ دەپ ئاتالغان؛ مەمۇرىي ئەمەلدارلار بولسا «ھاكىم» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. كېيىن بەگ بىلەن ھاكىم دېگەن بۇ ئۇقۇملار بارا - بارا ئارىلىشىپ كېتىپ، «ھاكىم بەگ» دېيىلىدىغان مەنسەپ پەيدا بولىدى. چىڭ سۇلالىسى ھەربىر شەھەر رايونى باشلىقىنىڭ نامىنى ھاكىم بەگ دەپ ئاتاشنى بەلگىلىدى، ئۇنىڭ ئاستىدا غەللە - پاراق، ئەدلىيە، سۇ ئىشلىرى، ئامانلىقنى ساقلاش، دىن، باغۋەنچىلىك، سودا قاتارلىق ھەرخىل ئىشلارنى باشقۇرىدىغان نۇرغۇن بەگلەر قويۇلدى. چىڭ سۇلالىسى

ھۆكۈمىتى ھەر دەرىجىلىك بەگلەرگە ئۈچىنچىدىن يەتتىنچىگىچە دەرىجە بېكىتىپ چىقتى. 1761 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جايلاردىكى ھاكىم بەگلەرگە بىر تۇتاش تامغا تارقىتىپ بەردى، بۇ ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ رەسمىي تەيىنلىگەن ئەمەلدارى بولغانلىقىنىڭ نىشانى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ تەمىناتىنى ئېنىق بەلگىلىگەن بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك بەگلەر سانى ئوخشاش بولمىغان «دىيانەتلىك بولۇش پۇلى» (养廉钱) «دىيانەتلىكنى ساقلاش يېرى» (养廉地) ھەمدە ئوخشاش بولمىغان ساندىكى ئېكىنچى قۇل (يانچى دەپ ئاتالغان) لاردىن بەھرىمەن ئىدى. مۇبادا بەگلىك ۋەزىپىسىدىن ئايرىلسا، تەمىناتىمۇ توختىتىلاتتى (بەگلەرنىڭ تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇش جەدۋىلى قوشۇمچە بېرىلدى)، ئۇنىڭدىن باشقا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە بەگلەرنى چەتلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىمۇ يولغا قويدى، يۇقىرى دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ئۆز شەھەرلىرىدە ۋەزىپە ئۆتۈشىگە، كىچىك بەگلەرنىڭ ئۆز يېزىلىرىدا ۋەزىپە ئۆتۈشىگە يول قويۇلمايتتى، بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت، ئۇلارنىڭ ئائىلە جەمەت ۋە دىنىي مەزھەپ مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ نەپسانىيەتچىلىك قىلىشىدىن، خىيانەت قىلىپ، قانۇننى بۇزۇشىدىن ساقلىنىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر كىشىنىڭ ھەم بەگ ھەم ئاخۇن بولۇشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. 1763 - يىلى پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ يولیورۇقىغا ئاساسەن، ھەربىي ئىشلار ۋازارىتى «بەگلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش نىزامى»نى مەخسۇس تۈزۈپ چىقتى. نىزامدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ھەر دەرىجىلىك بەگلەردىن 289 ى قويۇلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، سايرام، كۇچا، شايار،

## چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەگلەرنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ئىقتىسادىي مۇئامىلە جەدۋىلى

| دەرىجىسى | مەنسەپ نامى | دىيانەتلىكنى ساقلاش پۇلى (مىلىك يارماق) | يەر (پاتمان) | يانچى |
|---|---|---|---|---|
| 3- | ھاكىم بەگ | 30 | 150 | 80 |
| 4- | ئىشىك ئاغا بەگ | 15 | 100 | 50 |
| 4- | شاڭ بەگ | 12.5 | 80 | 30 |
| 4- | خەزىنىچى بەگ | 12.5 | 80 | 30 |
| 4- | ھاكىم بەگ | 12.5 | 80 | 30 |
| 5- | ھاكىم بەگ | 7.5 | 40 | 15 |
| 5- | موھتەسىپ بەگ | 7.5 | 40 | 15 |
| 5- | ناقىپ بەگ | يوق | 60 | 15 |
| 5- | قازى بەگ | يوق | 60 | 15 |
| 5- | مىراپ بەگ | يوق | 40 | 15 |
| 6- | ھاكىم بەگ | 5 | 30 | 4 |
| 6- | شىغاۋۇل بەگ | 5 | 30 | 4 |
| 6- | باغتار بەگ | 5 | 30 | 4 |
| 6- | مىلىك بەگ | 5 | 30 | 4 |
| 6- | ئەرباب بەگ | 5 | 30 | 4 |
| 6- | دۇگان بەگ | 5 | 30 | 4 |
| 6- | باجگىر بەگ | يوق | 30 | 4 |
| 6- | قازى بەگ | يوق | 30 | 4 |
| 6- | مىراپ بەگ | يوق | 20 | 3 |
| 7- | مىلىك بەگ | يوق | 10 | 2 |
| 7- | مىراپ بەگ | يوق | 10 | 2 |

كورلا، بۈگۈر قاتارلىق تۆققۇز شەھەردىكى ھاكىمبەگلەر ئۈچىنچى دەرىجىلىك بولىدۇ؛ يېڭىسار، قاراقاش، كېرىيە، تاغ، يۇرۇڭقاش، چىرىيە، باي قاتارلىق يەتتە شەھەردىكى ھاكىم بەگ-لەر تۆتىنچى دەرىجىلىك بولىدۇ. بەگلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈ-رۈش ئۇسۇلى — پەرقلىق سان بويىچە تاللاشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بەشىنچى دەرىجىدىن يۇقىرى بەگلەرنى تاللاشتا ئاۋۋال ھەرقايسى جايلار ئەمەلىي ئېھتىياجلىق ساندىن تۆت ھەسسە كۆپ ئادەمنى نامزاتلىققا كۆرسىتەتتى، ئاندىن قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەمەلىي ئېھتىياجلىق ساندىن ئىككى ھەسسە كۆپ ئادەمنى نامزاتلىققا تاللاپ، ئاخىردا پادىشاھنىڭ تاللاپ تەستىقلىشىغا سۇناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنى تەيىنلەشتە، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى بىلەن جايلاردىكى ئىش بېجىرگۈچى ئامباللىرى ئەمەلىي ئېھتىياجلىق ساندىن ئىككى ھەسسە كۆپ ئادەمنىڭ تىزىملىكىنى بېكىتىپ چىقىپ، ھەربىي ئىشلار ۋازارىتىنىڭ تاللاپ تەستىقلىشىغا يوللايتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرىغا قارىتا ئەتىۋارلاپ ئىش-لىتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئىناۋەت - ئابرويىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارغا ئەمەلىي ھوقۇق بەرگەن، چىڭ سۇلالىسىگە بالدۇر بەيئەت قىلغان ھەم ئامۇرسانا ۋە چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىش جەريانىدا تۆھپىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان كىشىلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. 1758 - يىلى تۇرپاندىكى ئىمىن خوجىنى بېيىلىققا تەيىنلەپ ئىنانچىخان دېگەن ئۇنۋاننى بەردى؛ كۇچادىكى ھۆددىغا پەخرىي ۋەزىر دېگەن ئەرتىۋىنى بەردى، كېيىن ئۇنى يەنە

دۆلەتكە يۆلەكچى بەگ، بەيسى دىبگەن مەرتىۋىلەرگە ئۆستۈ-
رۈپ، بېيلى دەرىجىسىنى بەردى، 1759 - يىلى قىزمۇلدىكى
يۈسۈپنى بېيلىلىقتا تەيىنلەپ، ئىنانچىخانلىق ئۇلۇۋانىنى بەردى؛
ئاقسۇدىكى خوجىسىنى بېيلىلىقتا تەيىنلەپ، ئىنانچىخانغا تەڭ
دەرىجە بەردى؛ بايدىكى ئادايمۇھەممەتكە گۇڭلۇق دەرىجىسىنى
بەردى. 1760 - يىلى خوتەندىكى قوشۇقتا دۆلەتكە يۆلەكچى
بەگ دىبگەن مەرتىۋىنى بەردى. ئىمىن خوجا، يۈسۈپ، ھودى،
خوجىسلارغا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە پەۋقۇلئاددە
شان - شۆھرەت ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ سىزما رەسىملىرىنى ئوردى-
نىڭ زىگۇاڭگې سارىيىغا ئاستى. پادىشاھ چيەنلۇڭ ئۆزى يازغان
«شاھ مەدھىيىسى»دە ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلىگەن. «شاھ
مەدھىيىسى»دە: (ئىمىن خوجا) جەمەتىدىكى تۇرپاندىن، بۇرۇنلا توغرا
يول تاپقان، ھەربىي ئىشتا ھەمدەم بولۇپ كۆپلىگەن ھەسسە
كۆچ قوشقان، ھال - ئەھۋالى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئوبدانلا تو-
نۇش ئاكا، تۆكەر ئىچىدىكىنى، ساپ ۋىجدانلىق، قەتئىي راسا»
دەپ؛ ھادىنى «توغرا يول تاپقانىدى ئۇ ئىلى تىنچىغان
ھامان، ھەم سۇلالىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلغان شۇندىن
بۇيان، ئۇيغۇرلار ئىچىدە كۆرۈنەرلىك، كۆڭلى تۈز ئەرباب
ئۆزى، ئەل قىلىش ئۈچۈن خوتەننى، يولغا ئۇ بولغان راۋان،
قالدى قورشاۋ ئىچىدە ئۈچ ئاي شۇندا گابرشۇ بىلەن،
ئىستىھكام ياساشتا غەيرىتى يۈكسەك بولغان» دەپ؛ خوجىسىنى
«داۋاچىنى تۇتۇپ بېرىپ، بەجا قىلغانىدى پەرماننى، تېپىگىر-
قاپ كېيىن بىزنىڭ قوشۇننى قارشى ئالغانىدى. قوشۇنىمىز
بىلەن قارا سۇدا قامالغان ھەم، ئۇنىڭ ئابرويى بار يۈكسەك،
ھازىر پايتەختتە جاي ئالدى»① دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئىمىن
غوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى

① «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 4-، 5-، 6-جىلد.

مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ تۇرپاندا ئىمىن ۋاڭ مۇنارى (سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى ياساتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا يەنە مىللىي زىددىيەتلەرنى پەسەيتىدىغان بەزى تەدبىرلەرنىمۇ يولغا قويدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى مانجۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە چېچىنىڭ ئالدىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، كوكۇلا قويۇشقا، مانجۇچە كىيىم كېيىشكە زورلىمىدى، پەقەت ئۈچىنچى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى بىلەن ئوتتۇغات نامىغا ئائىل بولغان ئۇيغۇر ۋاڭ-گۇڭلىرىلا كوكۇلا قويۇپ، مانجۇچە كىيىنەتتى. ھالبۇكى، ئىچكى ئۆلكىلەردە خەنزۇ خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىغان كوكۇلا قويۇش ئىشى شىنجاڭدا ئەكسىچە بىر خىل شەرەپ بەلگىسى بولۇپ قالغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا يېڭى قورغان-سېپىللارنى ياساپ، شەھەر بىنا قىلىپ مانجۇ، خەنزۇ ئەمەلدار-ئەسكەرلىرى ۋە خەنزۇ ئاھالىلىرىنى ئولتۇراقلاشتۇردى، بۇلار «يېڭى شەھەر» ياكى «خەنچەڭ» دەپ ئاتالدى، ئەسلى بار شەھەرلەر «كونا شەھەر» ياكى «خۇيچېڭ» دەپ ئاتالدى، ئىككى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ خالىغانچە بېرىش-كېلىش قىلىشىغا يول قويۇلمىغانىدى. ئۇيغۇر، خەنزۇ خەلقىنىڭ سودا-سېتىق قىلىشى ئۈچۈن يېڭى شەھەر بىلەن كونا شەھەر ئارىلىقىدا مەخسۇس «سودا بازىرى» بىنا قىلىنغانىدى.

چىڭ سۇلالىسى يولغا قويغان تۈزۈم ۋە سىياسەتلەر، شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كەلگەن بولۇپ، تارىخىي ئۇيغۇنلۇققا ئىگە ئىدى. شۇڭا ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كەڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ،

جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەتنى پەسەيتىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە زور رول ئوينىغانىدى.

### 3. ئىقتىسادىي تەدبىرلەر

1755 - يىلدىن 1759 - يىلغىچە بولغان تۆت يىل ۋاقىت ئىچىدە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈچ نۆۋەت زور كۆلەمدە ئۇرۇش قىلىپ، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتە نۇرغۇن چىقىم تارتتى. شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قوشۇنلار زور مىقداردا كۆپەيدى، ھەربىي خىراجەتمۇ كۆپلەپ ئېشىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە يېڭىباشتىن بەرپا قىلىش، شىنجاڭدا تىنچ - ئامانلىقنى ئۇزاققىچە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر يىلى ئىچكى ئۆلكىلەردىن «ھەمكارلىق پۇلى» ئاجرىتىپ، شىنجاڭغا ياردەم بەرگەندىن سىرت، يەنە بىر قاتار ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئاساسلىقى ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش سىياسىتى، باج ئېلىش سىياسىتى، پۇل - مۇئامىلە سىياسىتى ۋە سودا سىياسىتىدىن ئىبارەت ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1725 - يىلىلا قۇمۇل، باركۆل ئەتراپىدا ھەربىيلەرنى بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى ئۇرۇشنى نۇرغۇنلىغان ھەربىي تەمىنات ۋە ئات، تۆگە بىلەن تەمىن ئەتكەنىدى. شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى زور كۈچ بىلەن يولغا

قويدى. بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش شەكلى — «ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش»، «يۇقىرىلار بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش»، «مەھبۇسلار بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش» تىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولغانىدى.

«ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش»نى جايلاردا تۇرۇشلۇق يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلار بىلەن سەككىز تۇغلۇق قوشۇندىكى قىسمەن ئەسكەرلەر ئېلىپ باراتتى. تېرىقچىلىق قىلغۇچى ئەسكەرلەر ئادەم بېشىغا 20 مو (ئەمەلىيەتتە، كۆپ ھاللاردا بۇ ساندىن ئېشىپ كېتەتتى) يەر تېرىيتتى، ئۇلارنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى دېھقانچىلىق سايمىنى، ئۇرۇقلۇق، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى بىلەن تەمىنلەيتتى، ئۇلارغا ھەر ئايدا تەمىنات بېرىپ تۇراتتى. ھەر بىر تېرىقچى ئەسكەر يىلدا ھۆكۈمەتكە 12 دادەندىن 18 دادەنگىچە ئاشلىق تاپشۇراتتى.

«يۇقىرىلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى» ئىككى خىل ئىدى: بىر خىلى شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇ، خۇيزۇ يۇقىرىلار بولۇپ، ھەر بىر ئائىلە 30 مو يەرگە ئىگە بولاتتى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۇلارغا ئالدى بىلەن دېھقانچىلىق سايمىنى، ئۇرۇقلۇق، تېرىقچىلىق ئۇلاغلىرى، ئۆي سېلىش خىراجىتى ۋە ئاشلىق قەرز بېرىپ تۇراتتى، ئۇلار بۇنى ئۈچ يىل مۇددەتتە بۆلۈپ قايتۇراتتى، ھەر يىلى ھۆكۈمەتكە 8 — 9 كۈرە ئاشلىقنى يەر ئىجارىسى ئۈچۈن تاپشۇراتتى، بۇ تەخمىنەن موبېشى مەھسۇلاتنىڭ $\frac{1}{10}$ گە توغرا كېلەتتى.

«يۇقىرىلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى» نىڭ يەنە بىر خىلى — «مۇسۇلمانلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى»، ئەمەلىيەتتە «ئۇيغۇرلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق

قىلىشى»، يەنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇ-
رلارنى بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا
ئويۇشتۇرغان تېرىقچىلىق ئىشى ئىدى. بۇرۇنقى جۇڭغار خانى-
لىقى دەۋرىدىلا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىر تۈركۈم ئۇيغۇر-
لارنى مەجبۇرىي ھالدا ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىغا
كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ بوز يەر ئاچقۇزغان. ئېكىنچىلەر «تارانچى»
دەپ ئاتالغان. كېيىن تارانچى دېگەن بۇ سۆز ئىستېمالدا
داۋام قىلىپ، ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالارنىڭ يەنە
بىر نامى بولۇپ قالغان. 1767-يىلى ئاقسۇنىڭ ئىش
بېجىرگۈچى ئامبىلى ئاگۇي ئىلى جياڭجۈنى بولۇپ يۆتكەلگەندە،
ئاقسۇدىن 300 ئۆيلۈك ئۇيغۇر دېھقاننى كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ،
ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى چۇلۇقاي (ھازىرقى غۇلجا
ناھىيىسى دائىرىسىدە) غا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئېرىق-ئۆستەڭ
چاپتۇرۇپ ۋە بوز يەر ئاچقۇزۇپ تېرىقچىلىققا سالغان. بۇ،
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلارنى بوز يەر ئېچىپ تې-
رىقچىلىق قىلىشقا ئويۇشتۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. بۇ ئىش-
نىڭ پايدىسى زور بولغانلىقتىن، كېيىنكى كۈنلەردە چىڭ سۇ-
لالىسى ھۆكۈمىتى يەنە يەكەن، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جاي-
لاردىن تېخىمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى كۆچۈرۈپ، ھەر
100 ئائىلىنى بىر تەشكىلىي بىرلىك قىلغان ھالدا ئىلى دەر-
ياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بوز يەر
ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدۇرغان، 1768-يىلغا كەلگەندە،
ئىلى رايونىدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان ئۇيغۇر
دېھقانلىرى 6383 ئائىلە (خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەردە 8000
ئائىلە دېيىلىدۇ)گە يەتكەن. مۇسۇلمانلار ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىغان
يەرنىڭ كۆلىمى يەرگە سېلىنغان ئۇرۇقنىڭ مىقدارى بويىچە ھې-
سابلىناتتى. شۇ ھېساب بويىچە ھەر بىر ئائىلە 200 —

300 مو يەر تېرىلغان بولۇپ، يىلىغا ھۆكۈمەتكە 16 دادەن
غەللە ـ پاراق تاپشۇراتتى. سەيسىگە ئىشلەش ۋەجىدىن كې‑
مەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا
جەمئىي 96 مىڭ دادەن غەللە ـ پاراق ئاشلىق يىغىلاتتى. مۇ‑
شۇ سان ئۇدا 21 يىلغىچە داۋام قىلغان، تاكى 1789 ـ يىلىغا
كەلگەندە، تاپشۇرىدىغان ئومۇمىي غەللە ـ پاراق سانى 100
مىڭ دادەنگە كۆپەيگەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمان‑
لارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىنى
باشقۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس بىر ھاكىم بەگ قويغان، ھاكىم
بەگنىڭ تۇرۇشلۇق جايى غۇلجا شەھىرىدە بولغان. ئىلى رايونى
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىدى‑
دىكى مۇھىم ئاشلىق بازىسى بولۇپ قالغان. 1783 ـ يىلىغا
كەلگەندە، ئىلى رايونىدا ساقلانغان ھەربىي ئاشلىق زاپىسى
540 مىڭ دادەنگە يەتكەن. دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى ئىلى ۋا‑
دىسىنى ئېچىشتا غايەت زور تۆھپە قوشقان.

«مەھبۇسلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى» يەنە
«سۈرگۈنلەرنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى»، «پالان‑
دىلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى» دەپمۇ ئاتال‑
غان، بۇنىڭدا ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىن‑
غان مەھبۇسلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق
قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەر بىر ئېكىنچى مەھبۇسقا
12 مو يەر ۋە ئېكىنچى ئەسكەرگە بېرىلىدىغان ئۇرۇقلۇق
ۋە تېرىلغۇ ئۇلاقلىرىنىڭ يېرىمى بېرىلەتتى، ئۇلارنىڭ
ھەر بىرى ھۆكۈمەتكە يىلىغا ئالتە دادەن ئاشلىق تاپشۇ‑
راتتى، نورمىدىن ئاشۇرۇپ تاپشۇرغانلار مۇكاپاتلىناتتى، ئور‑
نىغا يەتكۈزەلمىگەنلەر جازالىناتتى. ئېكىنچى مەھبۇسلارنىڭ
ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى بىرگە ئېلىپ كېلىشىگە رۇخسەت قى‑

لىناتتى، جىنايىتى يېنىكرەكلىرى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە، جىنايىتى ئېغىرراقلىرى ئون يىل تىرىشىپ ئەمگەك قىلسا شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىشقا رۇخسەت قىلىنىپ، ئېكىنچى پۇقرا-غا ئايلىناتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا، تەشكىلىي جەھەتتە چىڭ ۋە پۇختا، تۈزۈم جەھەتتە مۇكەممەل ئىدى. ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىنى ھەربىي ئىشلار ئورگانلىرى باشقۇراتتى. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئېكىنچىلىك ئىشلى-رىنى ئىلى جياڭجۈنى قوشۇمچە باشقۇراتتى، جايلاردىكى ھەر-بىي ئېكىنچىلىك ئىشلىرىنى شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار-نىڭ باشلىقلىرى قوشۇمچە باشقۇراتتى، پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشىنى يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلار باش-قۇراتتى، ھەر دەرىجىلىك ئېكىنچى ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى تەڭ دەرىجىلىك يەرلىك ئەمەلدارلار قوشۇمچە ئۆتەيتتى، بۇ-نىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېكىنچى ئەمەلدارلىقىنى تەڭ دە-رىجىلىك ھاكىم بەگلەر قوشۇمچە ئۆتەيتتى. مەھبۇسلار ئېكىن-چىلىقى بولسا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ نازارىتى ئاس-تىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلى-دىكى شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن، كۆلىمى كەڭ، ئادەم سانى كۆپ، تۈرى تولۇق بولۇپ، پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى ئاساس قىلىنغان، شىمالىي شىنجاڭ مۇھىم نۇقتا قى-لىنغان، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغانلار جەمئىي 126 مىڭ 700 كىشى بولۇپ، ئېچىلغان بوز يەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 3 مىليون

19 مىڭ مودىن ئېشىپ، كۆلىمى مىسلىسىز زور بولغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە ئىلى، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى، بارىكۆل قاتارلىق جايلاردا چارۋىچىلىق مەيداللىرىنى قۇرغان بولۇپ، ئۇ ئېكىنچى ئەسكەرلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، ئېكىنچى ئەسكەرلەر ئات، كالا، قوي ۋە تۆگە بېقىش ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاساسەن ھەربىي تەمىناتىنى قامدىغان.

1760 - يىلدىن باشلاپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۆلكىلەردىن ھەر يىلى 2 - 3 مىليون سەر كۈمۈش «ھەمكارلىق پۇلى» ئاجرىتىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي خىراجى قىلغان؛ چوڭ ۋە مۇھىم ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، شىنجاڭغا يەنە ۋاقىتلىق پۇل ئاجرىتىپ بېرىلەتتى، بۇ «مەخسۇس خىراجەت» دەپ ئاتىلاتتى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1760 - يىلدىن 1911 - يىلغىچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ئاجراتقان «ھەمكارلىق پۇلى» ۋە «مەخسۇس خىراجەت» نىڭ ئومۇمىي سوممىسى 400 مىليون① سەر كۈمۈشكە يەتكەن. ياردەم پۇل ۋە مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىشتىن سىرت، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە يەرلىكتىن باج يىغىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، كەم خىراجەتنى تولۇقلىغان. باج ئېلىش جەھەتتە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى باج تۈرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ۋە باج تاپشۇرىدىغانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك تەدبىرنى قوللانغان. باج تۈرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش بولساجۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە باج تۈرى، باج بەك كۆپ بولۇپ كەتكەن ئەھۋالغا قارىتا قوللىنىلغان بىر تەدبىر بولۇپ، ھەر يىللىق باج نورمىسى رايونلار بويىچە

① چى چىڭشۇن: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭغا بېرىلگەن ياردەم ۋە مەخسۇس خىراجەت»، «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» 1985 - يىل ھەقزۇچە 1 - سان.

مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، تۇرمۇشىدىن باشقا ئالۋان - ياساقلار ۋە سېلىقلار بىردەك كەچۈرۈم قىلىنىۋېتىلگەن. باج تاپشۇرىدىغانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش بولسا، تيانشاننىڭ جەنۇبىدا يولغا قويۇلغان ئادەم بېشىغا قاراپ باج ئېلىش سىياسىتى بولۇپ، بۇ «رەسمىي باج» دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ئىلكىدە بولىدىغان يانچى سانىغا چەك قويغان؛ بەگلەر چەكلىمىنىڭ سىرتىدا باج ئالىدىغان، شۇنىڭدەك دىنىي ئورگانلار دىنىي باج ئالىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى قانۇندا بەلگىلەنگەن باج تۈرىدىن چىقىرىۋېتىلگەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى قوغداشنىڭ قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىدىن ساقىت قىلىۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى بەگلەر ۋە دىنىي ئورگانلار كونترول قىلىدىغان باج تۆلەش ئوبيېكتلىرى، كۆپلەپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ زىيىنىغا كىرگۈزۈلگەن پۇقراغا ئايلىنىپ، ھۆكۈمەتكە بىۋاسىتە باج تاپشۇرىدىغان بولغان، بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ باج مەنبەسى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا يولغا قويغان باج نورمىسى جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدىكىگە قارىغاندا خېلى تۆۋەنلىگەن. جۇڭغار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە قەشقەر رايونىدىن يىلىغا 26 مىڭ سەر كۈمۈش باج ئېلىنغان؛ چېيەنلۇڭ دەۋرىدە 6000 سەرگە چۈشۈرۈلگەن. يەكەن رايونى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ھەر يىلى 100 مىڭ سەر كۈمۈش باج تاپشۇرغان. چېيەنلۇڭ دەۋرىدە 35 مىڭ 370 سەرگىچە كېمەيتىلگەن. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج تېخىمۇ يېنىك بولۇپ، ئات بىلەن كالا بېجى 1%، قوي بېجى 1% بولغان.

يەكەن خانلىقىدىن باشلاپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا مىس پۇل (داچەن) ئىشلىتىلگەن. بۇ پۇل قېلىن ۋە پۈتەي بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى قۇيغان پۇلغا قارىغاندا ھەجمى كىچىك ئىدى، 50 دانە پۇل بىر تەڭگە ئىدى (تەڭگە كۈمۈش بولۇپ، 50 دانە پۇل بىر سەر كۈمۈش قىممىتىگە تەڭ ئىدى). چىڭ سۇلالىسى تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، 1760 - يىلى يەكەندە شىنجاڭنىڭ تۇنجى تۆركۈمدىكى يېڭى پۇلدىن 500 مىڭ يارماق پۇل قۇيدۇردى. يېڭى پۇلنىڭ ئالدى تەرىپىگە «چيەنلۇڭ توڭباۋ» دېگەن خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن، ئارقا تەرىپىگە پۇل قۇيۇش ئىدارىسىنىڭ يەر نامى چۈشۈرۈلگەن، ئىككى يان تەرىپىگە مانجۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن. كېيىن ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلاردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن پۇل قۇيۇشقا باشلىغان. يېڭى پۇلنىڭ نۇسخىسى، ئېغىرلىقى، پۇل يۈزىدىكى سومما قىممىتىنى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ياكى پادىشاھ شەخسەن ئۆزى تەستىقلىشى شەرت ئىدى. 1761 - يىلىدىن باشلاپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «بىر يېڭى پۇلغا ئىككى كونا پۇل تېگىشىش» نىسبىتى بويىچە ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن يېڭى پۇل پەيدىنپەي كونا پۇلنىڭ ئورنىنى ئالدى. يېڭى پۇل بىلەن كۈمۈشنىڭ سېلىشتۇرما باھاسى دەسلەپتە 50 يارماققا بىر سەر كۈمۈش تېگىشىلەتتى، كېيىن ئۆرلەپ 160 — 170 يارماققا بىر سەر كۈمۈش تېگىشىلىدىغان بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا (تۇرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يارماق (داچەن) پۇل ئىشلىتىلىدىغان بولدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا سودا ئىشلىرىنى

راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئۇقتىلىق ھالدا ھۆكۈمەت سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، شۇنداق بىلەن بىللە خەلق ئارىسىدىكى سودىنى راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ ئىلھام بېرىش ئىدى. ھۆكۈمەت سودىسىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزى كونترول قىلغان بولۇپ، ئاساسەن تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلاردىن ئېلىنىدىغان باجنى نەق پۇلغا سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭغا شۇ جايدىن بۆز رەخت، پاختا ۋە باشقا قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى تيانشاننىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا ئاپىرىپ ساتقان؛ ئاساسەن قازاقلار ئارىسىغا ئاپىرىپ ساتقان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ شىنجاڭدىكى چاي سودىسىنىمۇ مونوپول قىلىۋالغانىدى. دېمەك، ھۆكۈمەت سودىسىدا پايدا ئىنتايىن كۆپ ئىدى. تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى سودىگەرلەرنىڭ تيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا كېلىپ سودا قىلىشىغا ئىلھام بەرگەن ھەمدە تۆۋەن نىسبەتلىك باج سىياسىتىنى قوللىنىپ، سودىگەرلەرنىڭ پايدا ئېلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن. چەت ئەل سودىگەرلىرى (ئاساسەن قوقەن، كەشمىر، ئافغانىستان ۋە ھىندىستان سودىگەرلىرى) شىنجاڭغا كېلىپ سودا بىلەن شۇغۇللانسا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارغىمۇ زور كۈچ بىلەن قولايلىق يارىتىپ بەرگەن، ئۇزاققىچە «1/30 نى ئېلىش» تىن ئىبارەت تۆۋەن نىسبەتلىك تاموژنا باج سىياسىتىنى يولغا قويغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت سودىگەرلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ سودا قىلىشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، سەددىچىننىڭ ئىچىدە بەخ-

سۇس تەسىنى قىلمىغان غەربىي يۇرت سودا ئوقەتلىرى دېگەنگە ئوخشاش ئەنئەنىۋى شەكىللەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق رەسمىيەت ئۆتەمەيلا ھەرقايسى جايلارغا ئەركىن بېرىپ-كېلىشىگە رۇخسەت قىلغان. شىنجاڭدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ سودا قىلغان سودىگەرلەرگە «$\frac{1}{20}$ نى ئېلىش» باج نىسبىتىنى يولغا قويغان.

شىنجاڭنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت ھازىرلىغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويغان بىر قاتار ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا بىر تۈركۈم سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى بىرقەدەر زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قۇمۇل رايونىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى بىر دادەندىن كۆپرەك ئىدى، ئۈچتۇرپان رايونىدا ئىككى دادەنگە يېقىنراق ئىدى. ئاقسۇ رايونىدا شالىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى تۆت دادەنگە يېتەتتى. ئەينى زاماندا شىنجاڭنىڭ ئاشلىقى يېتەرلىك؛ باھاسى تۆۋەن بولۇپ، بۇنداق ئەھۋال مەملىكەت بويىچە ئاز تېپىلاتتى. خۇيزۇ، شىبە ۋە خەنزۇ خەلقىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ بوز يەر ئېچىپ ئېكىنچىلىك قىلىشى شىنجاڭغا بىر تۈركۈم يېڭى زىرائەت تۈرلىرى، مەسىلەن، پۇرچاق، ئاق قوناق ۋە ھەر خىل كۆكتاتلارنى ئېلىپ كەردى. ئىلى رايونىغا بېرىپ بوز يەر ئېچىپ ئېكىنچىلىك قىلغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى كۆممىقوناق تېرىشنى پۈتۈن ئىلى ۋادى-

سىغا كېڭەيتتى. تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى پەيدىنپەي پاختا چىقىدىغان مۇھىم جايغا ئايلاندى، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق ئۈچ رايوندىن ئېلىنىدىغان پاختىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 14 مىڭ كىلوگرام ئەتراپىغا① يەتكەنىدى. ماتا-چەكمەنلەر ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئاپىرىپ سېتىلاتتى. 1768-يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 67 ئۆيلۈك ئۇيغۇر ئاھالىسىنى ئىلىغا يۆتكەپ ئاپىرىپ، رۇدا قازدۇرۇپ، چويۇن ئېرىتكۈزۈپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مىس، قوغۇشۇن، سېلىترا، گۈڭگۈرت، تۆمۈر رۇدىسى، قاشتېشى قاتارلىق كان بايلىقلىرىنى قېزىش ئىشلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك تەرەققىي قىلدى. تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ قوغدالدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئۈرۈمچى، غۇلجا، قۇمۇل، قەشقەر قاتارلىق بىر تۈركۈم سودا شەھەرلىرى گۈللىنىشكە باشلىدى.

### 4. مەدەنىيەت سىياسىتى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەدبىر قوللىنىپ، ئۇنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي ئىمتىيازىنى چەكلىدى. ئاخۇنلارنىڭ قوشۇمچە بەگلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىشىگە يول قويماي، يەرلىكنىڭ مالىيە، ئامانلىق، ئەدلىيە قاتارلىق ھوقۇقلىرىنى بەگلەرنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ، دىنىي ئورگانلارنىڭ پەقەت نىكاھ-تويى مۇراسىملىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش، مىراس تەقسىم قىلىش ۋە دىنىي مائارىپنى باشقۇرۇش ھوقۇقلىرىنىلا ساقلاپ قېلىشىغا يول قويىدى.

① جاڭ يىڭلىياڭ: «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى»، 2-قىسىم، 55-بەتكە قارالسۇن.

دىنىي ئورگانلار ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن «ۋەخپە» يەردىكى
«يانچىلار» نى نوپۇسقا ئېلىپ، ئۇلارنى دۆلەتكە بىۋاسىتە
باج تاپشۇرىدىغان پۇقرالارغا ئايلاندۇرۇپ، دىنىي ئورگانلار-
نىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاجىزلاتتى. كېيىن، چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى يەنە دىنىي باشلىقلارنى ھاكىم بەگ قىلىپ ئۆس-
تۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، دىنىي ۋەزىپىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش-
نى پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدۇردى. چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى لاما دىنىغا قارىتا قوغداش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش
سىياسىتىنى قوللىنىپ، موڭغۇللارنىڭ ھەر قايسى ئايماق
خوشۇنلىرىنىڭ لاما دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى قۇرۇشىغا ئىلھام
بەردى. ھەر قايسى ئىبادەتخانىلارنىڭ رىياسەتچىلىرىگە خو-
توكتۇ (گېگەن) دېگەن نامنى بېرىپ، لامالارنى بارلىق باج-
سېلىقلاردىن كەچۈرۈم قىلىپلا قالماي، يەنە ھەر خىل ئىمە-
تىيازلاردىن بەھرىمەن قىلدى. تىل - يېزىق جەھەتتە، مانجۇ
تىل - يېزىقى، ئۇيغۇر تىل - يېزىقى، خەنزۇ تىل - يېزىقىنى
تەڭ قوللىنىش سىياسىتىنى يولغا قويدى، خەنزۇ تىلى ھەر
قايسى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە مۇناسىۋەتلەردە
قوللىنىلىدىغان ئورتاق تىل ئىدى. ھەر دەرىجىلىك ھەربىي -
مەمۇرىي ئورگانلاردا تىلماچ (ئەينى زاماندا تۇڭچى دەپ
ئاتالغان) سەپلەندى، ئۇلار ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تەرجىمە
ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تيانشاننىڭ
جەنۇبى ۋە شىمالىدا مائارىپنى تەشەببۇس قىلدى. شىمالىي شىنجاڭ-
نىڭ ئىلى، ئۈرۈمچى، بارىكۆلدىكى ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ
تېرىقچىلىق قىلىش رايونلىرىدا ھەقسىز مەكتەپ ئېچىلىپ، تۆت
كىتاب، بەش دەستۇر، قوشۇمچە چەۋەندازلىق-ئوقيا ئېتىش قاتار-
لىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان، مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ

تۈلىسى مالچۇ، خەنزۇ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئاز سانلىق مىلل-
ەتلەر ئىچىدىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ
بار ئىدى. 1769-يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 34-يىلى) ئۈرۈمچى
ئايمىقى ۋە باركۆل مەھكىمىسىگە قاراشلىق ناھىيىلەردە مەك-
تەپ ئېچىپ، ئوقۇتقۇچى تەيىنلەپ، ئەمەلدارلىق ئىمتىھان تۈ-
زۈمى يولغا قويۇلغان. جەنۇبىي شىنجاڭدا مائارىپنى دىنىي
ئورگانلار باشقۇراتتى، ئۆسمۈر باللار باشلانغۇچ دىنىي مەك-
تەپلەرگە كىرىپ ئوقۇپ، كېيىن «مەدرىس» دەپ ئاتىلىدىغان
يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇيتتى. بۇ
مەكتەپلەردە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىتىش ئاساس قىلىناتتى،
شۇنىڭ بىلەن بىللە تارىخ، ئىلمىي نۇجۇم، پەلسەپە، تىبابەت-
چىلىك ئىلمى ھەمدە ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئاددىي ھېساب قات-
ئىدىلىرى ئۆگىتىلەتتى. بەزى يۇقىرى تەبىقىدىكى زاتلار يە-
نە خەنزۇچە تىل-يېزىقنىمۇ ئۆگىنەتتى①. چىڭ سۇلالىسىنىڭ
ئالدىنقى مەزگىلى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە گۈللىنىش بارلىققا كەلگەن بىر دەۋر
بولغانىدى. خىرقىتى، زەلىلى، نۆبىتى، ئابدۇرېھىم نىزارى،
قەلەندەر، سەبۇرى، موللا بىلال ۋە تەجەللى قاتارلىقلار ۋە-
كىللىك خاراكتېرىگە ئىگە مەشھۇر شەخسلەر ئىدى. بۇ دەۋرنىڭ
كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىسى ئابدۇرېھىم نىزارى بولۇپ،
ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى «رابىيە-سەئىدىن» دە
قەشقەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى تېما قىلىنىپ، را-
بىيە بىلەن سەئىدىننىڭ چىن مۇھەببىتى كۈيلەنگەن، ئېكسپى-
لاتاتور سىنىپىنىڭ ۋەھشىي، زالىملىق ماھىيىتى پاش قىلى-
نىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىككە، بەختكە ئىنتىلىدىغان
كۈچلۈك ئارزۇسى، قەيسىرانە ئالىيجاناپ پەزىلىتى ئىپادىلەنگەن؛

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 591-بەت.

ئۇنىڭ شېئىرلار توپلىمى «دىۋان خەمسە» (يەنە «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن پەلسەپىۋى داستانى «دۇررىلمىنجات» مۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ تارىخ ئەسىرى «تەزكىرەئىي ئەزىزان» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شۇنىڭدەك تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ؛ مۇھەممەت ئىۋەزى قارىقاشنىڭ «مەخدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسھاق ۋەلى تەزكىرىسى» ناملىق كىتابىمۇ شىنجاڭنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەردۇر.

بۇ دەۋردىكى قازاق ئەدەبىياتى — خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، قوشاق، ماقال-تەمسىل، تېپىشماق، ئەقلىيە سۆزلەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قازاق خەلقىنىڭ ئېپىك داستانلىرى، قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قازاق مىللىتىنىڭ 200 دىن ئارتۇق داستانى بولۇپ، مەزمۇنى بويىچە ئۇلارنى قەھرىمانلىق داستانى، مۇھەببەت داستانى، تارىخىي داستان قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن. قەھرىمانلىق داستانلىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىلىرىدىن ئاساسلىقى «ئالپامىش»، «ئەرتارغىن»، «قامبار»، «قوبىلاندى باتۇر»، «قۇلئات مىنگەن ئوۋچى»، «قابانباي»، «ئارقالىق» قاتارلىقلار بار. مۇھەببەت داستانلىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ تارقىلىپ، ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكىنى «قوزى كۆرپەش-بايان سۇلۇ» بولۇپ،

ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئېغىزدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان 16 خىل نۇسخىسى بار. قازاق خەلقى ئۇرغۇلىغان رەڭگارەڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش بىلەن بىللە، يەنە مول ۋە تەرەققىي قىلغان يازما ئەدەبىياتىنىمۇ ياراتقان. بۇ جەھەتتىكى ئەسەرلەردىن «چىڭگىزنامە»، «تارىخ توغرىسىدا بايانلار توپلىمى»، «قىپچاق تارىخى» ① قاتارلىقلار بار.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى موڭغۇل مەدەنىيىتىدە، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەدەبىي تىلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇش تەلىپى بارلىققا كەلدى، ھەر خىل گراماتىكا كىتابلىرى ۋە چوڭ تىپتىكى لۇغەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى بۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. مەشھۇر گراماتىكا كىتابلىرىدىن «موڭغۇل يېزىقىنىڭ مۇھىم مەنىلىرى»، «گراماتىكا جەۋھەرلىرى» قاتارلىقلار بار. XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن ئېتىبارەن، «جاڭغىر» نى خاتىرىلەپ نەشر قىلىش خىزمىتى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغانىدى. «جاڭغىر» داستانى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيرات موڭغۇل خەلقى ئارىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. جاڭغىر — رىۋايەتلەردىكى خەلق ئىززەتلەيدىغان قەھرىمان بولۇپ، ئۇ ئادەملەر روناق تېپىپ مال-چارۋىلار ئاۋۇغان، ئامراتلىق بولمىغان، زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە بولمىغان، ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى بولمىغان، تۇرمۇش ئاسايىشلىق بولغان غايىۋى دۇنيا — پېمبانى بەرپا قىلىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان. ئۇ 12 نەپەر باتۇر، 32 نەپەر سەركەردە، 8000 پالۋاننى باشلاپ، تەرەپ-تەرەپلەردە جەڭ قىلىپ، تاش-

① «قازاقلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 245 — 251 بەتلەرگە قارالسۇن.

قى دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئىچكى خائىنلارنى جازالاپ، پېمبادىكى پۇقرالارنى ئازاد قىلىپ، ئەركىن ـ بەختىيار تۇرمۇشقا ئىگە قىلغان. داستاندا خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز يۇرتىنى قىرغىن سۆيۈدىغانلىقى، تىنچ-خاتىرجەملىككە تەشنا بولغان گۈپ-زەل ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن. بۇ تارىخىي داستان ئالاھەزەل XIV ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن باشلاپ، ئالدى بىلەن تۇرغۇت قەبىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، كېيىن خەلق ئىچىدە ئۇزاققىچە تارقىلىپ، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىپ، ئۇيراتلارنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان. «جاڭغىر» داستانىنىڭ ئومۇمىي ھەجمى تەخمىنەن 30 باب (خەلق ئىچىدە 60 باب، 80 باب دېگەنگە ئوخشاش قاراشلار بار)، ئۇ ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئۈچ چوڭ داستانى — «جاڭغىر»، «ماناس»، «گېسار» نىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دۇنيادىكى موڭغۇل كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ «ئۈچ چوڭ يۇقىرى پەللىسى» — «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، «جاڭغىر» ۋە «گېسار» نىڭ بىرى دەپمۇ تەرىپلەنمەكتە.

قىرغىز مىللىتىنىڭ خەلق داستانلىرىدىن «ماناس» ئەڭ مەشھۇر سانىلىدۇ. «ماناس» بىئوگرافىك خاراكتېردىكى قەھرىمانلىق داستانى بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ۋەقەلىك ۋە پاساھەتلىك تىل ئارقىلىق، ماناس جەمەتىنىڭ نەچچە ئەۋلادقىچە بولغان قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى ۋە تۆھپىلىرى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. ئۇ قىرغىز خەلقىنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسى بولۇپ، ئېلىمىزدە تارقالغان «ماناس» داستانى جەمئىي سەككىز قىسىم، تەخمىنەن 600 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق.

## 38. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنچىتىشى

XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى چىڭ سۇلالىسى پەيدىنپەي زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقتىن، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشمۇ كۈنسايىن بوشىشىپ كەتكەنىدى. ئەمەلدارلار چىرىكلىشىپ، ھەربىي تەييارلىق ئىشلىرى بىر چەتتە تاشلىنىپ قالدى، ھەر خىل قارشىلىق كۈچلەر ئۈزلۈكسىز ئۇلغىيىپ كەتتى، نەتىجىدە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، سەككىز يىل داۋام قىلغان جاھانگىر خوجا توپىلىڭى يۈز بەرگەنىدى.

### 1. قوقەن خانلىقىنىڭ خوجىلار ئەۋلادلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى قوللىشى

ئۆزبېكلەر XIV ئەسىردە مۇغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تۆت چوڭ خانلىقى ئىچىدىكى قىپچاق خانلىقىنىڭ ئۆزبېك قەبىلىسىدىن تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن. قىپچاق خانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۆزبېكلەر ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئىشغال قىلدى. مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ئۆزبېكلەر «ئەنجانلىقلار» دەپ ئاتالغانىدى. 1710-يىلى فەرغانە ئويمانلىقىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ مىڭگۇ قەبىلىسىنىڭ باشلىقى شاھرۇخ ئۆزىنى بەگ دەپ جاكارلاپ، قوقەن خانلىقىنى قۇردى. قوقەن خانلىقىنىڭ ئاساسلىق پۇقرالىرى ئۆزبېكلەر، ئۇنىڭدىن قالسا قىرغىز ۋە تاجىكلار بولۇپ، پايتەختى قوقەن شەھىرى ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، 1757-يىلى قوقەن خانلىقىنى زىيارەت

قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتتى، قوقەن بېگى ئەلچىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە چىڭ سۇلالىسى ئەلچىسى قايتقاندا، ئۇلارغا قوشۇپ ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغات تەقدىم قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق بولدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇچتۇرپان بىلەن قەشقەرنى قوقەن سودىگەرلىرى ئۈچۈن سودا نۇقتىلىرى قىلىپ بەلگىلەپ بەردى ھەمدە باج ئېلىشتا ئېتىبار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قوقەن خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي كۈنسايىن راۋاج تېپىپ، سودا ئىشلىرىنى ئاقسۇ، كۇچا، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتىتى، جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قوقەنلىكلەر كۈندىن-كۈنگە كۆپەيدى.

قوقەندىكى ئىسلام دىنى گۇرۇھى بىلەن شىنجاڭدىكى خوجىلار گۇرۇھىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق ئىدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، چوڭ خوجا بۇرھانىددىننىڭ ئوغلى سامساق قوقەنگە قېچىپ بېرىۋالغانىدى، شۇنىڭ بىلەن قوقەن خوجىلار ئەۋلادلىرىنىڭ پاناھگاھىغا ئايلاندى. XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، قوقەندە قاچقۇن بولۇپ يۈرگەن قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى 200 كىشىدىن ئېشىپ كەتكەن①. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوقەن خانلىقىدىن كۆپ قېتىم بۇرھانىددىننىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، قوقەن ھۆكۈمرانلىرى ھەرخىل باھانىلەرنى كۆرسىتىپ رەت قىلغانىدى.

1819-يىلى قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى بىنجىڭ قوقەن سودىگىرى سالىجاننىڭ قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلدى. سالىجان قاتتىق غەزەپلىنىپ، قىزىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە ئاچچىقىغا چىدىماي

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1-كىتاب، 325-بەت.

قىرغىزنىڭ جەسىتىنى مەسلىھەتچى ئامبال ياموۇلنىڭ ھويلىسىغا تاشلاپ قويىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى جاڭجۈنى چىڭشياڭنى قەشقەرگە بېرىپ بۇ ئەنزىنى بىر ياقلىق قىلىشقا ئەۋەتتى، چىڭشياڭ بىنجەڭنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ سوراققا تارتىش بىلەنلا ئىشنى ئەپلەپ-سەپلەپ يىغىشتۇرغانلىقتىن، قەشقەردىكى ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىدۇ.

«بىنجەڭ ئەنزىسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇرھانىددىنىڭ نەۋرىسى جاھانگىر خوجا قوقەن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن، 1820-يىلى (جياچىڭنىڭ 25-يىلى) 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، پامىر ئارقىلىق چېگرىغا تۇنجى قېتىم بېسىپ كىرىپ، پاراكەندىچىلىك سالدى. جاھانگىر خوجا باندىتلىرى چېگرىغا بېسىپ كىرگەندە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ پىستۇرما زەربىسىگە ئۇچراپ، پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىتىلىپ، پەقەت جاھانگىر خوجا ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن 20-30 كىشىلا پىيادە قېچىپ كېتەلىدى.

1824-يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 4-يىلى) جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنى ئىككىنچى قېتىم چېگرىغا بېسىپ كىرىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، پامىر ئېگىزلىكىدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قاراۋۇلخانىلىرىغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىدى. ياندۇرقى يىلى 10-ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سېپەنتۇنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىدىن 300 دىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ، پامىر ئېگىزلىكىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، باندىت جاھانگىر خوجىنى يوقىتىشقا بويرۇغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. سېپەنتۇ قىرغىز قەبىلىسى جاھانگىر خوجىنى يوشۇردى دېگەننى باھانە قىلىپ، 100 دىن ئارتۇق قىرغىز ئايال ۋە باللارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ خاتا ھەرىكەتتىن

غەزىپى تاشقان نەچچە مىڭ قىرغىز ئاممىسى ئاقساقىلى تىلىكنىڭ باشچىلىقىدا، سىبيەنتۇ باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى قوغلاپ بىر جىلغىغا قورشاپ پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. 1814 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قىرغىزلارنىڭ باشلىقى تۇردى مۇھەممەتنى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي باشلىقى زىياۋدۇننىڭ توپىلىڭىنى قوللىغان دېگەن جىنايەت بىلەن قەتل قىلغاندىن كېيىن، قىرغىزلار بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى كۈندىن كۈنگە جىددىيلىشىپ كەتتى. تۇردى مۇھەممەتنىڭ ئوغلى غازى خوجا قوقەنگە قېچىپ بېرىپ، جاھانگىر خوجىنىڭ ئاساسلىق قوللىغۇچىسىغا ئايلاندى. بۇ نۆۋەت تىلىك سىبيەنتۇ باشچىلىقىدىكى چىڭ قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا دۈچ كەلگەن ۋەزىيەت تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى.

## 2. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى قىنچىتىشى

مىلادى 1826 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، جاھانگىر خوجا قوقەنلىكلەر ۋە قىرغىزلاردىن بولۇپ 500 دىن ئارتۇق قوراللىق ئادەمنى باشلاپ، ئۈچىنچى قېتىم چېگرىغا بېسىپ كىرىپ، قەشقەرگە 80 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا تۇنجى تايانچ بازا قۇرۇپ، كەڭ - كۆلەمدە توپىلاڭچىلىق ھەرىكىتىنى باشلىدى.

قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى چىڭشىياڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا 1000 دىن ئارتۇق ئەسكەر ئەۋەتتى. جاھانگىر خوجا دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاش ئارقىلىق، ئاق تاغلىقلارنىڭ مۇرىتلىرىدىن ئون مىڭدىن

ئارتۇق ئادەمنى مەجبۇرلاپ ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەر شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى پۇختا مۇداپىئەلەنگەنلىكتىن، شەھەرنى بىر مەھەل ئىشغال قىلالمىدى، شۇڭا جاھانگىر خوجا قوقەن خانلىقىدىن ياردەم سورىدى ھەمدە «غەربتىكى تۆت شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، جىمى ئولجىنى تەڭ بۆلۈشىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆھپىمىز ئۈچۈن قەشقەرنى ئىنئام قىلىپ بېرىمىز.»① دەپ ۋەدە قىلدى. ئۇزاقتىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا كۆز تىكىپ كەلگەن قوقەن ھۆكۈمرانى مەدەلىخان (مۇھەممەت ئېلى) جاھانگىر خوجىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 300 تاجاۋۇزچى لەشكەرنى باشلاپ قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. قوقەن تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى قەشقەر يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچراپ، ئېغىر چىقىم تارتقانلىقتىن، مەدەلىخان ھەسرەت ئىچىدە «مەيدىسىگە مۇشتلاپ، يەرنى تېپىچەكلەپ، ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى.»② ئۇ مەغلۇپ بولغان، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، يامىر ئېگىزلىكىگە چېكىنىپ كېتىۋاتقاندا، جاھانگىر خوجا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئارقا سەپتىكى قوشۇنلىرىنى جايلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ 3000 كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنى تەشكىللىدى. 1826-يىل 9-ئاينىڭ 26-كۈنى جاھانگىر خوجىنىڭ باندىت قوشۇنلىرى قەشقەر يېڭى شەھەرنى ئىشغال قىلدى. جاھانگىر خوجا ئۆزىنى سەئىد جاھانگىر سۇلتان دەپ جاكارلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي يېڭىسار، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارمۇ كەينى-كەينىدىن قولدىن كېتىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي

---

① «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)». «بېقىندى ئەللەر تەزكىرىسى»، 529-جىلد، 1417-بەت.

② مۇللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى».

چېتىدىكى رايونلار پۈتۈنلەي جاھانگىر خوجىنىڭ چاڭگىلىدا قالدى.

ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى جاھانگىر خوجىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى مەملىكىتىمىزنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلىرىنى بۆلۈۋېلىشتىكى قورالى قىلىشقا ئۇرۇندى. جاھانگىر خوجا قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە 20 دىن ئارتۇق جاسۇسنى قەشقەرگە كىرگۈزدى، ئۇلار جاھانگىر خوجىغا مەسلىھەتچى بولدى، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى تەربىيىلىدى، ئۇلاردىن بەش كىشى «خوجىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولماي يۈردى.»①

جاھانگىر خوجا غەربىتىكى تۆت شەھەر (تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن)نى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، جەمئىيەتنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە تەشكىللەپ، ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدە ئەڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، «كىشىلەرنىڭ جېنىنى ۋەھشىيلىك بىلەن تېنىدىن جۇدا قىلدى، خوتۇن ـ قىزلارنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ خورلىدى، بۇلاڭ ـ تالاڭ بىلەن بايلىق توپلىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان زورلۇق ۋە ئەسكىلىكلىرى بۇرۇنقى خوجىلاردىن نەچچە مىڭ ھەسسە ئېشىپ كەتتى.»② جاھانگىر خوجا غەربىتىكى تۆت شەھەردە ئەسكەرلىرىنى بۇلاڭچىلىق قىلىشقا قويۇپ بېرىپ، باغ ـ ۋاران، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ۋەيران قىلدى، پۇخرالارنىڭ ئۆيلىرىگە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يامۇل مەھكىمىلىرىگە ئوت قويۇپ پۈتۈنلەي خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ مەھكىمە شەرئىي قۇرۇپ، كىشىلەرگە ئۆز مەيلىچە

① چاررۇسىيىنىڭ 9 ـ دەرىجىلىك مۇلكىي ئەمەلدارى يوبىنوۋنىڭ 1827 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئومسكى ئۆلكە باشلىقىغا يازغان خېتى، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 ـ كىتاب، 326 ـ بەت.

② «مەرمەرتىلىك، قەيسەر ئەرباب داپەلچىنىڭ پادىشاھقا سۇنغان مەكتۇپلىرى»، 78 ـ جىلد.

ھەرخىل جىنايى - بەتناملارنى تاڭدى، ھەتتا كەلسە - كەلمەس قولىنى كېسىش، پېيىنى قىرقىش، تىرىك كۆمۈش، چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق قەبىھ جازالارنى قوللاندى. ئۇ ئۆزى ئىشغال قىلغان رايونلاردا زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن ئالۋان - ياساق سېلىپ، پۇقرالارنىڭ ھويلا - ئاراملىرى ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، نۇرغۇن ھەشەمەتلىك باغ - ھويلىلارنى ياساتقۇزدى. ئۇنىڭ قەشقەردىكى ئوردىسىنىڭ كۆلىمى نەچچە يۈز مو بولۇپ، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپالىق تۇرمۇش ئۆتكۈزدى.

1826 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى جياڭجۈنى چاڭلىڭنى «ھەيۋەتلىك سانغۇن» قىلىپ تەيىنلەپ، ئالدىنقى سەپنىڭ باش قوماندانلىقىغا مەسئۇل قىلدى، شەنشى - گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى يالڭ يۈچۈن، شەندۇڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋۇلۇڭئالارنى مەسلىھەتچى ئامبال قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىدىن 36 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى يۆتكەپ ئاقسۇغا، توپلاپ باندىت جاھانگىر خوجىنى يوقىتىش ئۇرۇشىنى باشلىدى.

ياندۇرقى يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىدىن 22 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ، توختىماي ئىلگىرىلەپ، 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ بېقىنىغا يېتىپ باردى.

جاھانگىر خوجا قەشقەردە 100 مىڭ كىشىلىك توپىلاڭچى قوشۇن توپلاپ، كەڭ - كۆلەمدە ئىستىھكام ياساپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى. 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كەچتە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ قەشقەرگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە توپىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى تىرى-

پىرەن بولۇپ كېتىپ، قەشقەر كونا شەھەر بىلەن يېڭى شەھەر ئارقا - ئارقىدىن قايتۇرۇۋېلىندى. جاھانگىر خوجا ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن ئون نەچچە ئادەم ئالاقزادىلىكتە جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. قەشقەردىكى جەڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىشىدا ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن مەشھۇر جەڭ بولدى. قەشقەردىكى جەڭدە زور غەلىبە قازىنىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرەت بىلەن يېڭىسار، يەكەن، خوتەنلەرنى ئىشغال قىلىپ توسالغۇسىز ئىلگىرىلىدى. 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى خوتەن شەھىرىگە كىردى، شۇنىڭ بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى رايونلار پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىندى.

جاھانگىر خوجا قەشقەردىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، خۇددى ئوقيادىن ئۈركىگەن قۇشتەك، شۇ قاچقانچە پامىر ئېگىزلىكىدىكى قاتمۇقات تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانى چاڭلىڭ قاتارلىقلارغا چەكلىك مۇددەت ئىچىدە جاھانگىر خوجىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئاپەتنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش توغرىسىدا قەتئىي بۇيرۇق چۈشۈردى. جاھانگىر يەنە بىر قېتىم پامىرغا كىرگەندىن كېيىن، قىرغىز قەبىلىلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىمكانىقەدەر ساقلاندى. جاھانگىر خوجا ياردەمسىز قېلىپ، بۇ جاھان ئۇنىڭغا كۈندىن كۈنگە تارچىلىق بولۇپ قالغانىدى. 1828 - يىلى باھار بايرىمى ھارپىسىدا جاھانگىر خوجا ئاچىنارچىلىققا چىداپ تۇرالماي، بىرنەچچە يۈز ھەمشېرىكلىرىنى تاشلاپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى چاغان ئۆتكۈزۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ مۇداپىئەنى بوشاشتۇرۇپ

قويدى دەپ ھېسابلاپ، ئاتىۇشقا سۇقۇنۇپ كىرىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇ ئۇنىڭ تۆتىنچى قېتىم چېگرىدىن ئۆتۈپ كىرىپ مالىمان قىلىشى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىدىن 6000 لەشكەر ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا تۇزاق قۇرۇپ بولغانىدى. شۇڭا، ياندىت جاھانگىر خوجا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، كەلگەن يولى بىلەن قېچىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى ياڭ فاڭ ئەسكەرلەرنى ئۈچ يولغا بۆلۈپ، كېچىلەپ قوغلاپ ماڭدى. جاھانگىر خوجا قارا تېكە تېغىغا بارغاندا، قاچىدىغان يول تاپالماي قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئۆزىنى بوغۇزلىماقچى بولۇپ تۇرغاندا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ لەشكەر بېشى خۇچاۋ، دۇەن يۇڭفۇ، شىبىيە قاتارلىقلار جەسۇرلۇق بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى تىرىك تۇتتى. 1828-يىل 6-ئايدا جاھانگىر خوجا قەپەس ھارۋىغا سېلىنىپ بېيجىڭغا يالاپ ئاپىرىلدى ۋە زىنداندىن پىرقىسىنىڭ بىر ياقلىق قىلىشىغا تاپشۇرۇلۇپ، ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنچىتىشىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى غايەت زور تۆھپە قوشتى. ئۇيغۇر خەلقىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇن توپىلاڭچىلارنى تىنچىتىش ئۇرۇشىغا باشتىن-ئاياغ قاتناشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دۈشمەنگە باتۇرلۇق بىلەن قىردى، بەزىلىرى جەڭدە قازا بولدى، يەنە بەزىلىرى توپىلاڭچى ياندىتلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندا، ئۆلسىمۇ تىز پۈكمىدى. خوتەن ۋە يەكەندىكى خەلقلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئىچكى-تاشقى جەھەتتە تەڭ ماسلىشىپ، توپىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ كاتتىباشلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ياكى تىرىك تۇتۇپ،

شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ چىنىڭ سوۋالىسى قوشۇنلىرىنى قارشى ئالدى. قەشقەردە يەنە جاھانگىر خوجىنى قولغا ئېلىشنى پىلانلاش ۋەقەسىمۇ يۈز بەرگەن بولۇپ، بەختكە قارشى سىر ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، پىلانلاشقا قاتناشقان يەتتە ئادەم پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئۇيغۇر خەلقى يەنە چىنىڭ سوۋالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئاشلىق ۋە ھەربىي ئەشيالىرىنى توشۇپ بەردى. ئۇرۇمچى ـ ئاقسۇ قاتناش لىنىيىسىدە، پەقەت كۇچادىلا 1000 نەپەر خەلق ئىشچىسى ۋە كۆپلىگەن ھارۋىلار سەپەرۋەر قىلىنىپ چىنىڭ سوۋالىسى قوشۇنلىرىغا ئۇزۇق ـ تۈلۈك توشۇپ بەردى. ئىلى ـ ئاقسۇ قاتناش لىنىيىسىدە 70 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان مۇز داۋاندا تۆگە ۋە ئات ماڭالمايتتى، 2000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر پۇقرالار ترانسپورت ئەترىتى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ھەر بىرسى 50 جىڭدىن ئاشلىقنى يۈدۈپ، خېيىم ـ خەتەرگە قارىماي، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چىنىڭ سوۋالىسى قوشۇنلىرىغا ياردەم قىلدى.

قارا شەھەردىكى تۇرغۇت، خوشۇت موڭغۇللىرى ئۆزلىرى ئات ۋە قورال ـ ياراق تەييارلاپ 1000 كىشىدىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇن بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئاقسۇغا كېلىپ چىنىڭ سوۋالىسى قوشۇنلىرىغا ھەمدەم بولۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسىتىپ، چىنىڭ سوۋالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

قىرغىز، قازاق، تاجىك خەلقلىرىمۇ چىنىڭ سوۋالىسى قوشۇنلىرىغا ئات ئىئانە قىلىپ، چىنىڭ سوۋالىسى قوشۇنلىرىنىڭ توپىلاڭچى باندىتلارنى قوغلاپ يوقىتىشىغا ئاكتىپلىق بىلەن ھەمكارلىشىپ، جاھانگىر خوجىنى تىرىك تۇتۇشتا زور خىزمەت كۆرسەتتى.

## ۋ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرى

1828 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جى لىننىڭ باش ۋالىيسى نايەنچېڭنى خان مۇپەتتىشى سالاھىيىتى بىلەن تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا كېلىپ قالدۇق ئىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. نايەنچېڭ قەشقەردە بىر نەچچە ئاي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پادىشاھ داۋگۇاڭغا نەچچە ئون پارچە دوكلات يوللىدى. چىڭ سۇلالىسى نايەنچېڭنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىنى تۆۋەندىكىدەك تەڭشىدى:

1. ھەر دەرىجىلىك ئامبال - ئەمەلدارلارنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. جايلاردا تۇرۇشلۇق ئامباللارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا مەسلىھەتچى ئامبال تەرىپىدىن تەكشۈرۈش، ئاندىن ئىلى جياڭجۈنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ باھالاپ چىقىش، ئاندىن ئوردىغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنى ھەر دەرىجىلىك ئامباللارنى جازالاش ياكى مۇكاپاتلاش، تۆۋەنلىتىش ياكى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە جايلاردىكى ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ مەسلىھەتچى ئامبال، قوماندان ۋە جياڭجۈنلەر ئۈستىدىن دەرىجە ئاتلاپ ئەرز قىلىشىغا يول قويۇش. شۇ ئارقىلىق يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئۆزئارا نازارەت قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

2. بەگلەرنى تولۇقلاپ تاللاش بەلگىلىمىسىنى چىڭىتىش. ئوردا بەگلەرنى تولۇقلاپ تاللاش نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، كېپىللىك قىلىپ كۆرسىتىش ئىشىنى ئېھتىيات بىلەن ئورۇنداش، ئۆز يۇرتىدىن چەتلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، بەگ تاللاشتا پارىخورلۇقنى قەتئىي مەنئى قىلىش، بەگلەرنىڭ بەلگىلىمىدىن سىرت يەر قوشۇۋېلىشىغا ۋە يانچىلارنى

كۆپەيتىشكە رۇخسەت قىلماسلىقنى قايتا تەكىتلەش، بەگلەر-
نىڭ مەھبۇسلارنى خالىغانچە قىيىن - قىستاقتا ئېلىپ سوراق قى-
لىشىنى ۋە شەخسىي قورال-ياراق ساقلىشىنى قەتئىي مەنئى قىلىش.

3. شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلارنىڭ مائاشىنى كۆپەيتىش. ئىلى جياڭجۈنىنىڭ يىللىق مائاشىنى 3000 سەر كۆمۈشتىن 4000 سەرگە، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ يىللىق مائاشىنى 1500 سەردىن 2000 سەرگە، ئۈرۈمچى باش بۇغىنىڭ يىللىق مائاشىنى 1888 سەردىن 238.8 سەرگە، ئاقسۇ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلىنىڭ يىللىق مائاشىنى 400 سەردىن 1200 سەرگە ئۆستۈرۈش. باشقا ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ مائاشىنىمۇ دەرىجە بويىچە تولۇقلاپ ئۆستۈرۈش، ئەمەلدارلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى بېرگە ئېلىپ يۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىش. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت يۇقىرى مائاش چارىسى ئارقىلىق ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىك ۋە پارىخورلۇق قىلىشىنى چەكلەش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە چېگرا رايونلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، ئۇلارنى ئۇزاق مۇددەت ۋەزىپە ئۆتەپ، ئۆز خىزمەتلىرىنى بېرىلىپ ئىشلەيدىغان قىلىش، بۇرۇنقىدەك ئەمەلدارلارنى تولا ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش.

4. ھەر قايسى ياموللارنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنى ئازايتىپ، چىقىمنى تېجەش. ھەر قايسى ئىش بېجىرگۈچى ئامبال ياموللاردا تامغا تۇتىدىغان باش كاتىپلارنى بېيجىڭدىن ئاللاپ ئەۋەتىشنى بەلگىلەپ، ھەربىي قوشۇنلاردىن ياكى قول ئاستىدىكى خادىملاردىن ئۆستۈرۈپ تەيىنلەشنى مەنئى قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئەمەلدارلارنىڭ شېرىك توپلاپ جايلاردا خەلققە زۇلۇم سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

... جاھانگىر خوجا توپىلىڭىدا قاتناشقانلارنىڭ يەر-

زېمىنلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ھۆكۈمەت نامىدىن ئىجارىگە بېرىش. خۇسۇسىيلار ئاچقان تېرىلغۇ يەرلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يەر بېجى ئېلىش»، يەنە شىمالىي شىنجاڭنى تەقلىد قىلىپ، غەربىتىكى تۆت شەھەر رايونلىرىدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى تەشكىللەش. شۇنىڭ بىلەن بىللە جايلاردىكى ئەمەلدار ۋە بەگلەرنىڭ خەلققە نورمىدىن تاشقىرى تۈرلۈك ئالۋان - ياساق سېلىشىنى مەنئى قىلىش.

6 . ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي ئىشلارغا مۇداخىلە قىلىشىنى چەكلەش. ئاخۇنلارنىڭ دۇئا-تىلاۋەت قىلىشقىلا يول قويۇلىدىغانلىقىنى، جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى بەلگىلەش. ئاخۇنلار ياكى ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى بەگ بولسا ياكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئەمەل تۇتسا، ئۇنىڭ يەنە ئاخۇنلۇق قىلىشىغا يول قويماسلىق، ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنى ئايرىۋېتىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قاتتىق يولغا قويۇش.

7 . غەربىتىكى تۆت شەھەرنىڭ سېپىللىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، چېگرىدىكى قاراۋۇلخانا ۋە قورغانلارنى كۆپەيتىش، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى بوستانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئۆتەڭ - لەڭگەرلەرنى كۆپەيتىش.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى سىياسىتىنىڭ يادروسى — جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش ھەمدە مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرۇش ئىدى. تاشقى جەھەتتىكى تەدبىر ئاساسەن قوقەن خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر ياقلىق قىلىش ئىدى. قوقەن خانلىقى جاھانگىر خوجىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۇسۇپ كىرىپ توپىلاڭ قوزغىشىنى ئاكتىپ قوللىدى، ھەتتا ئاشكارا ھالدا ئەسكەر چىقىرىپ، جاھانگىر خوجىغا ماسلىشىپ،

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. جاھانگىر خوجا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلدى. شۇڭا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوقەن خانلىقىغا قارىتا بىر قاتار ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى تەدبىرلەرنى قوللاندى:

1. قوقەنلىكلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشىنى مەنئى قىلىش، چاي ۋە رەۋەننى قوقەنگە ئېكسپورت قىلىشنى مەنئى قىلىش.

2. ئەنجانلىقلارنى قوغلاپ چىقىرىش. ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا مۇھاجىر بولۇپ ئولتۇراقلاشقىنىغا ئون يىل توشمىغانلارنى چېگرىدىن بىردەك قوغلاپ چىقىرىش. ئولتۇراقلاشقىنىغا ئون يىل توشقان بولسىمۇ، بېسىمدارلىق قىلىپ يوشۇرۇنچە چاي ۋە رەۋەن ساقلىغانلارنىمۇ قوغلاپ چىقىرىش، قوغلاپ چىقىرىلغانلارنىڭ مال - مۈلكىنى بىردەك مۇسادىرە قىلىش.

3. ئىلىمىزدە ئولتۇراقلىشىش شەرتىگە مۇۋاپىق كەلگەن ئەنجانلىقلارنى بىردەك رويخەتكە ئېلىپ، ھاشار - سەيلەرگە بۇيرۇش؛ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويماسلىق، پەقەت دېھقانچىلىق قىلىشىغىلا يول قويۇش؛ 100 مودىن ئارتۇق يەر سېتىۋېلىشىغا يول قويماسلىق؛ ئۇيغۇرلار بىلەن نىكاھلىنىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق، بۇلارغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولسا دەرھال قوغلاپ چىقىرىش. ئۆزلۈكىدىن ئىلتىماس قىلىپ چېگرىدىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ قايتا كىرىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق.

ئەينى ۋاقىتتا يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى تەرىپىدىن چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئەنجانلىقلار 289 ئائىلە بولۇپ، ئۇلاردىن 4669 كىلوگرام رەۋەن، 34 مىڭ 461.5 كىلوگرام چاي

مۇسادىرە قىلىنغان. بۇ ئەنجانلىقلار «قوغلاپ چىقىرىلغانلاردا يىغا-زارە قىلىشىپ، ھالى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولغان.»① چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوقەنگە قاراتقان سىياسىتى چەكتىن سەل ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، ئاقىۋەتتە 1830 -يىلىدىكى قوقەن خانلىقى يۈسۈپ خوجىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ۋەقەسى يۈز بەردى.

يۈسۈپ خوجا جاھانگىر خوجىنىڭ ئاكىسى بولۇپ، قوقەن خانى مەدەلىخان ئۇنىڭغا قوقەنلىكلەرنى باشلاپ بېرىپ قەشقەرگە بېرىپ كىرگىن دېگەندە، ئۇ «مەن قەشقەرگە بارغىنىم بىلەن بىر زاغرا ناننىمۇ يارىمايمەن»② دېگەن. لېكىن قوقەن ھۆكۈمرانلىرى ئۇنىڭ خوجىلىق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇنى يەنىلا زورلاپ ئەكىلىپ قورچاق قىلدى. 1830 - يىلى 7 - ئايدا قوقەن قوشۇنلىرى يۈسۈپ خوجىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئارقىلىق چېگرىدىكى قاراۋۇلخانىلارغا بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. 9 - ئايدا قوقەن قوشۇنلىرى قەشقەر بىلەن يېڭىسارنى قورشىۋالدى ھەمدە يەكەنگىمۇ بىر بۆلۈك ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي بويلىرىدا ئۇرۇش ئوتى يەنە ياندى.

ئەمما بۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى شەھەر خەلقىنىڭ خاتىرىسىدە جاھانگىر خوجىنىڭ زوراۋانلىقلىرى تېخى تۈنۈگۈنكى ئىشتەك ساقلىنىپ تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قالدۇق ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغانىدى. يۈسۈپ خوجا جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، ئەينى يىللار-

① «مەرىپەتلىك چاڭ لىن ئۆزى كۆرۈپ يېزىپ كەتكەن سالنامە» 4- جىلد.

② «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دېپلوماتىيىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» داۋگۇاڭ 4 - جىلد.

دا جاھانگىر خوجا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىكىگە ئوخشاش ئەسەبىي ئېتىقاد ۋە قوللاشقا مۇيەسسەر بولۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، بارغانلىكى جايدا كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ۋە زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ ناھايىتى رەسۋا ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. يۈسۈپ خوجىنىڭ چېگرىغا بېسىپ كىرگەنلىك خەۋىرىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنانچىمخانى ئىسھاق چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە خەۋەر قىلدى. يەكەننىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى بېچاڭ (مۇڭغۇل) ھەرقايسى بەگ ۋە ئاخۇنلارنى يىغىپ، ئۇلارغا ۋەتەننى قوغداشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردى، ئۇيغۇر خەلقى روھلىنىپ نەچچە مىڭ كىشىلىك پىدائىي قوشۇن تەشكىللەپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ، يەكەن شەھىرى ئەتراپىدىكى ستىراتېگىيىلىك نۇقتىلارنى مەزمۇت ساقلاپ، قوقەن قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى كۆپ قېتىم چېكىندۈردى. تاجاۋۇزچى قوشۇنلار يەكەن كونا شەھىرىگە بېسىپ كىرگەندە، ھەتتا ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، 300 دىن ئارتۇق دۈشمەننى تىرىك تۇتۇۋالدى. 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، 6000 قوقەن ئاتلىق ئەسكىرى يەكەن شەھىرىگە قايتا قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، بېچاڭ 800 نەپەر چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ، يەكەن ھاكىم بېگى ئابدۇراخمان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر پىدائىي قوشۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، قوقەن ئەسكەرلىرىنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىنى تارمار قىلدى ۋە دۈشمەنلەرنى 20 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىققىچە قوغلاپ زەربە بېرىپ، بىر قانچە 100 دۈشمەننى يوقاتتى. ئابدۇراخمان تەقدىرلەندى، بېچاڭ مەسلىھەتچى ئامباللىققا ئۆستۈرۈلدى. 12 - ئايدا، 40 مىڭ كىشىلىك چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جاڭ لىگىنىڭ باشچىلىقىدا

جەلۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ تاجاۋۇزچىلارغا قايتۇرما زەربە بەردى، قوقەن تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يەكەن، يېڭىسار ۋە قەشقەرلەردە مەغلۇپ بولۇپ قاچتى، ئۇلار قېچىش ۋاقتىدا ھەر مىللەت خەلقىدىن 12 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قوقەنگە مەجبۇرىي ئېلىپ ماڭدى، نۇرغۇن ئادەم يولدا ئاچ-يالىڭاچ ئازابىدا جېنىدىن ئايرىلدى، يېڭىسارنىڭ ئۇجمىچاق يېزىسىدىن ھەيدىلىپ ماڭغان 69 نەپەر ئۇيغۇر دېھقان يېرىم يولدا پالتا ۋە كەتمەن بىلەن قاراۋۇللارنى ئۆلتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ① قوقەن ئەسكەرلىرى پامىر ئېگىزلىكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغاندىمۇ تاجىك خەلقىنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئېغىر چىقىم تارتتى.

يۈسۈپ خوجا قوقەنگە قېچىپ بېرىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلدى. قوقەن خانى مەدەلىخان شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ يەسكويغا چۈشكەنلىكىنى، كىشىلەر كۆڭلىنىڭ خاتىرجەم بولغانلىقىنى، بىر-يوچۇق تېپىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چىڭ سۇلالىسى ئىلى، ئۈچتۇرپان ۋە قەشقەرلەردىن ئەسكەر ئەۋەتىپ قوقەنگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇ دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ساراسىمىگە چۈشتى. شۇڭلاشقا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن يارىشىش ۋە سودا قىلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى. 1832-يىلى 6-ئايدا

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1-كىتاب، 336-بەت.

قوقەن خانلىقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەلچى ئەۋە-
تىپ ئولپان تۆلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە 100 دىن
ئارتۇق ئادەمدىن تەشكىل تاپقان سودا كارۋىنىنى قەشقەرگە
سودا قىلىشقا ئەۋەتتى. لېكىن بۇ چاغ ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ
ھارپىسى بولغانلىقتىن، خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى
ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش ناھايىتى تېز بولۇۋاتاتتى. قوقەن
ھۆكۈمرانلىرى خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ
كىرىشىنى قوللاشقا يەنىلا پۇرسەت ئىزدەۋاتاتتى؛ چاررۇسىيە
قازاقلارنىڭ كىچىك ۋە ئوتتۇرا يۈزىگە قاراشلىق يايلاق-
لىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى ھەمدە ئىلى قولىنى مەملىكە-
تىمىزنىڭ بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى رايون-
لارغا سوزدى، بۇ چاغدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى
تاجاۋۇزچىلىققا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت
تېخىمۇ جاپالىق كۆرەشكە دۇچ كەلگەندى.

بۇ بابتىن قىسقىچە خۇلاسە: چىڭ سۇلالىسىنىڭ
شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى — مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىككە
كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ ئاخىرقى ھېسابتا
شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، مەملىكىتىمىزنىڭ
غەربىي شىمالىدىكى زېمىنلىرىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا
جەزملىشىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى، شۇنىڭدەك شىنجاڭ-
دىكى ھازىرقى 13 ئاساسىي مىللەتنىڭ ئولتۇراقلىشىش
ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭقۇر تەسىر
كۆرسەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۆرۈشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىغا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ئۇلۇغۋار ئىش؛ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا، تارىختىكى سۇلالىلەرنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلغان ھەم بىر قاتار ئۈنۈملۈك ئىسلاھات خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى قوللانغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى شىنجاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ئىدى، شۇڭا، بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭنىڭ 60 يىللىق مۇقىم تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپلا قالماي، بەلكى، يەنە كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ۋە ئېچىش ئىشلىرىنى پايدىلىق ئۆرنەك بىلەن تەمىن ئەتتى؛ جاھانگىر خوجا توپىلىڭى چىڭ سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بىر ۋەزىيەتتە چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا يۈز بەرگەن، ئۇ شىنجاڭدا سەككىز يىلغىچە داۋام قىلغان مالىمانچىلىقنى پەيدا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن. تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، تىنچ ۋەزىيەتنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىملىقى ۋە گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ھەم شىنجاڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىدۇر.

## ئۆگىنىش ۋە مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

2. تۇرغۇتلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئورنى.

3. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى ۋە ئۇنىڭغا بولغان باھا.

4. جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرى.

# VII باب ئىككى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى شىنجاڭ

جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چىڭ سۇلالىسى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى يېرىم ئەسىردىن باشلاپ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇ مەزگىلدە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى بەزى ئاساسىي دۆلەتلەردە كاپىتالىزم ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلىپ، سىرتقا قارىتا ياۋۇزلارچە مۇستەملىكىچىلىك ۋە تالان - تاراج قىلىشنى يۈرگۈزدى، جۇڭگو غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تالان - تاراج قىلىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. جۇڭگو ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئەللىرى بىلەن بولغان دېڭىز سودىسىدا جۇڭگونىڭ ئېكسپورتى ئىزچىل ئېشىپ كەلگەنىدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر ئىنتايىن پايدىسىز بولغان سودىدىكى بۇنداق پاسسىپ بالانسنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن سۈيىقەستلىك پىلانلاش ئارقىلىق، بەس - بەستە جۇڭگوغا ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكى قىلىشقا كىرىشتى. جۇڭگونىڭ ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇشىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ باشلامچىسى ئەنگلىيە جۇڭگوغا قارشى ئەپيۇن ئۇرۇشى قوزغىدى. ئەپيۇن ئۇرۇشى جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرىشىنىڭ باشلىنىشى بو-

لۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئەپيۇن بىلەن ئاپەت سېلىشى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەپيۇننىڭ يامراپ كېتىشىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىن باشلاندى.

## 18. ئەنگلىيە ۋە روسىيىنىڭ ئەپيۇن كىرگۈزۈپ شىنجاڭغا بالايىئاپەت كەلتۈرۈشى

**1. ئەنگلىيە، روسىيە ئەپيۇنىنىڭ شىنجاڭدا يامراپ كېتىشى**

XIX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىق قولىنى شىنجاڭغا سوزدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كەشمىر، بەدەخشان، ھىندىستان، قوقەن قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە رايونلار ئارقىلىق شىنجاڭغا ئەتكەسچىلىك بىلەن كۆپلەپ ئەپيۇن كىرگۈزدى. XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ، روسىيىمۇ ئەپيۇننى قوقەن قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، روسىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭغا قارىتا ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. 1834 - يىلى روسىيىنىڭ سېمىپالاتىنىسكى سودىگەرلىرى ئىلى ۋە تارباغاتايغا ئەپيۇن كىرگۈزۈش ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللاندى①. روسىيە جۇڭگو بازارلىرىغا ئەپيۇننى تۆكمە قىلىپ سېتىش ئۈچۈن، شىنجاڭغا چېگرىداش بولغان يەتتىسۇ رايونىدا ئەپيۇن ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ئاچتى؛ ئەپيۇن تېرىش باش شىركىتى ۋە شۆبە شىر-

① كۇزنېتسوۋ: «1839 — 1842 - يىللىرى جۇڭگو - ئەنگلىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە روسىيىنىڭ ئەپيۇن مەسىلىسىگە تۇتقان سىياسىتى»، «سوۋېت ئىتتىپاقى ئاسىيا مىللەتلەر تەتقىقاتى قىسقا خەۋەرلىرى»، 1963 - يىل 56 - بەت.

كەتلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئەپيۇن ئىشلەپچىقىرىش ۋە توشۇپ سېتىشنى ئۇيۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى شەھەرلەردە ئەپيۇن پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ، جۇڭگودىكى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرگە ياقىدىغان ئەپيۇنلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، «ئەپيۇن زىيانسىز نەزەرىيىسى» نى بازارغا سالدى. روسىيىنىڭ ئەپيۇن سېتىقچىلىرى يەنە ئەسەبىيلەرچە جۇڭگولۇق ئىشچىلارنى روسىيىگە ئالداپ ئاپىرىپ كۆكنار تېرىشقا سالدى، چېگرا بويلىرىدا توپىلاڭ ۋەقەلىرىنى پىلانلاپ، قوراللىق ھالدا ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللاندى. روسىيىلىكلەرنىڭ مىستىن ياسىغان ئەپيۇن چىلىملىرىمۇ قەشقەر قاتارلىق رايونلارنىڭ بازارلىرىدا پەيدا بولدى①. XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىلا، ئەپيۇن زەھەرلىرى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى. شىنجاڭغا ئەتكەسچىلىك بىلەن كۆپلەپ كىرگۈزۈلگەن ئەپيۇن ياكى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە سېتىلىدى ياكى ئەتكەسچىلىك بىلەن داۋاملىق شەرققە توشۇلۇپ، جىيايۈيگۇەن ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ يەنە ئەنگلىيە، روسىيىنىڭ جۇڭگوغا ئەپيۇن ئەتكەسچىلىك قىلىدىغان قۇرۇقلۇقتىكى بىر يولى بولۇپ قالغانىدى.

ئەنگلىيە، روسىيە ئەپيۇنلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزۈلۈشى چېگرا رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. خەلقنىڭ سالامەتلىكى نابۇت قىلىندى، دۆلەتنىڭ كۈمۈشى كۆپلەپ چەتكە ئاقتى. داۋگۇاڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرى (XIX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى)، 200 يارماق پۇلنى بىر سەر كۈمۈشكە تېگىشكىلى بولاتتى، 40 - يىللارغا كەلگەندە، 400 يارماق ئۆپچۆرىسىدىكى پۇلنى ئاران بىر سەر

① «دۆلەتشۇناسلىق ئەسەرلىرى» 2 - توم، 152 - بەت، 1962 - يىل، ئالمۇتا نەشرى.

كۆمۈشكە تېگىنشكىلى بولىدىغان بوپقالدى. 20 يىل ئىچىدە كۆمۈشنىڭ باھاسى بىر ھەسسە ئۆسۈپ كەتتى. يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكىگە قاتنىشىشى ۋە ئەپيۇن چېكىشى تۈپەيلىدىن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ چىرىكلىشىشى ھاكىمىيەتنىڭ كرىزىسى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى دەرۋازىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەنگلىيە ۋە روسىيە ئەپيۇن ئاپەتلىرىنىڭ شىنجاڭدا يامراپ كېتىشىگە ئىنتايىن غەزەپلەندى، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئەپيۇننى مەنئى قىلىشنى ئارقا - ئارقىدىن تەلەپ قىلدى.

**2. ئەپيۇننى مەنئى قىلىش ۋە مەنئى قىلىشقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش**

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1729 - يىلى (يۇڭجېڭنىڭ 7 - يىلى) لا ئەپيۇننى مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلغانىدى، لېكىن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئەپيۇننى مەنئى قىلىش ھەرىكىتى 1838 - يىلى خان مۇپەتتىشى لىن زېشۈي گۇاڭجۇدا ئەپيۇننى مەنئى قىلغاندىن كېيىن باشلاندى. پۈتۈن مەملىكەتتە ئەپيۇننى مەنئى قىلىش بويىچە كۆتۈرۈلگەن قاينام دولقۇنىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئەپيۇننى مەنئى قىلىش ئىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. «چىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرى پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە» دە قەيت قىلىنىشىچە، 1839 - يىل 9 - ئايدىن 1840 - يىل 6 - ئايغىچە چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى شىنجاڭدا ئەپيۇننى مەنئى قىلىش ۋە ئەپيۇن ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا جەمئىي 16 قېتىم پەرمان ئېلان قىلغان. ئەنگلىيە ۋە روسىيىنىڭ ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكىنى توسۇش

ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ يەرلىك دائىرىلىرىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئالدى بىلەن، شىنجاڭدا ئەپيۇننى مەنئى قىلىش نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى. 1840 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 20 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى جياڭجۈنى يىشەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ «يېڭىدىن تۈزۈلگەن ئەپيۇنغا دائىر نىزامنامىنى چېگرا رايونىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش» توغرىسىدىكى پادىشاھقا يوللىغان مەلۇماتنامىسىنى تەستىقلىدى. بەش ماددىلىق مەلۇماتنامىنىڭ ئۈچ ماددىسى ئەنگلىيە ۋە روسىيە ئەپيۇن سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئەپيۇن سېتىشىغا قارىتىلغان. مەسىلەن، بىرىنچى ماددىسىدا: «چەت ئەللىكلەر ئەپيۇننى مەنئى قىلىش نىزامنامىسىنى بىلىپ تۇرۇپ، شېرىكلىشىپ چېگرىدىن ئەپيۇن ئېلىپ كىرگۈچىلەر بولسا، باش جىنايەتچى ياكى ئەگەشكۈچى جىنايەتچى ئىككىلىگىنە قاراپ، دەرھال كاللىسىنى ئېلىش ياكى دارغا ئېسىش ئارقىلىق ئۆلۈم جازاسى بېرىش، ئۇقۇشماستىن ئانچە-مۇنچە ئېلىپ كىرگۈچىلەر بولسا، ئۇنىڭ بويىنغا تاقاق سېلىپ سازايى قىلىش» دەپ بەلگىلەنگەن. ئىككىنچى ماددىسىدا: «ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ ئەپيۇنلىرىنى ئېلىپ ساتقان، بېسىمدارلىق قىلىپ ساتقان ۋە ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ ئەپيۇن ساقلاپ بەرگەن، مۇناپىقلارنى يېڭى نىزامنامىغا ئاساسەن ئايرىم-ئايرىم جازالاش» دەپ بەلگىلەنگەن. تۆتىنچى ماددىسىدا: «ھەرقايسى يوللار ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن چەت ئەل ماللىرىنى، خادىم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ھەمدە چەت ئەللىكلەرگە چەكلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە سودا قىلىشقا بۇيرۇق قىلىش، سودىسىنى تۈگىتىپ چېگرىدىن چىقىپ كېتىمدىغان چاغدا يەنە بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈش»①

① «چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى شۈەنزۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە» [illegible] - بەتلە.

دەپ بەلگىلەنگەن.

ئىككىنچىدىن، دىپلوماتىك يول ئارقىلىق روسىيە دائىرىلىرىگە جۇڭگو - روسىيە چېگرا بويلىرىدىكى ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكى قىلىشنى چەكلەشنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويىدى. پاكىت ئالدىدا، روسىيە ھۆكۈمىتى نائىلاج 1841 - يىلى 4 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئالاقە ئەۋەتىپ، «چىڭ خاندانلىقىنىڭ چېگرىسىدىن ئەپيۇن كىرگۈزۈشنى قاتتىق مەنئى قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق، دۆلىتىمىز (روسىيە) پۇقرالىرىمىزنى جۇڭگو بىلەن چېگرىداش جايلاردا (ئەپيۇننى) ئۆزئارا ئېلىپ سېتىشنى ۋە ئوغرىلىقچە ئېلىپ يۈرۈشنى قەتئىي چەكلىدۇق»① دېگەن. ئەمەلىيەتتە، روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بايانات ساختا پوزىتسىيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كېيىنكى چاغلاردا قىلغان ئەپيۇننى مەنئى قىلىش ۋەدىسىگە ئوخشاش، پەقەت كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بوياپدىغان نىقابتىنلا ئىبارەت. ئەنگلىيە، روسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بۇرۇنقىدەكلا داۋام قىلىۋەردى.

ئۈچىنچىدىن، ئەپيۇن سودىگەرلىرىنى تەكشۈرۈپ مەنئى قىلدى ۋە قوغلاپ تۇتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى روسىيە بىلەن چېگرىداش بولغان جايلاردىكى ئەمەلدارلارغا ئەپيۇن سودىگەرلىرىنى قوغلاپ تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. شىنجاڭدىكى «ھەرقايسى ئامباللار ئۆز تەۋەسىدىكى ھەممە جايلارنى بىر تۇتاش قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئەپيۇننىڭ كىرىش يولىنى ئېتىۋېتىش كېرەك»② دەپ ئالاھىدە بۇيرۇق

① «چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى دەۋرىزۇڭنىڭ پائالىيەت تىلمىرىدىن خاتىرە»، 353 - جىلد.

② «چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى دەۋرىزۇڭنىڭ پائالىيەت تىلمىرىدىن خاتىرە»، 326 - 329 - جىلد.

چۈشۈردى. ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئۆز تەۋەسىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلارغا «ئەپيۇن ئېلىپ ساتقۇچى، ئەپيۇن چەككۈچىلەرنى»① تەكشۈرۈپ جازالاشقا بۇيرۇق بېرىشنى قاتتىق جېكىلىدى. 1840-يىلى 1-ئاينىڭ 23-كۈنى، ئۈرۈمچى باش بۇغى خۇيجى پادىشاھقا سۇنغان بىر پارچە مەلۇماتتا: پەقەت ئۈرۈمچىدىلا «ئەپيۇن ساتقان، ئەپيۇن چەككەن جىنايەتچىلەردىن 30 نەچچىسى قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭدىن باشقا تېخى قولغا چۈشمىگەنلىرى ئاز ئەمەس. ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا قولغا چۈشۈرۈپ، يېڭى تۈزۈلگەن بەلگىلىمىنىڭ ماددىلىرى بويىچە ئايرىم-ئايرىم سۈرۈشتۈرۈپ جازالايمىز»② دېيىلگەن. ئۈرۈمچىدە ئەپيۇن سودىگەرلىرى ئېلىپ ساتقان 60 مىڭ سەردىن كۆپرەك ئەپيۇن تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلگەن. 1840-يىلى 3-ئاينىڭ 2-كۈنى، يەكەن، قەشقەردە 100 مىڭ سەردىن كۆپرەك ئەپيۇن تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلگەن، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئەپيۇننى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈشتە كۈچ چىقارغان ئەمەلدارلارنى ئومۇمىي بۇيرۇق ئارقىلىق مۇكاپاتلىغان، ئەمەلنى ئۆستۈرگەن، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان ئەمەلدارلارغا خىزمىتىنى ئېلىپ تاشلاش قاتارلىق جازا بېرىلگەن.

تۆتىنچىدىن، ئەپيۇن ئەتكەسچىلىرىنىڭ ئەپيۇنى مۇسادىرە قىلىنغان ۋە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. 1840-يىلى 2-ئايدا، قەشقەردە «چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئېلىپ كەلگەن 2260 سەردىن كۆپرەك خام ئەپيۇن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، پۈتۈنلەي تاپشۇرۇۋېلىنغان»③. شۇ يىل 4-ئاينىڭ 26-كۈنى، يەكەننىڭ «ھاكىم بېگى ئىسمايىل ھەرقايسى قەبىلىلەردىكى چەت ئەللىكلەر ئىچىدە ئەپيۇن سېتىش ئىشىنىڭ بارلىقىنى سۈرۈشتۈ-

①②③ «چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى شۇەنزوڭنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە»، 326-، 329-، 330-بەتلەر.

رۇپ بەلگىلىۋېلىپ، چەت ئەللىك سودىگەرلەرگە 100 مىڭ سەر خام ئەپيۇننى تاپشۇرۇش ھەققىدە قانۇن بويىچە ئۆدىسى كۆيدۈرۈۋېتىش، ھەممەيلەننىڭ بۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى ۋە جىنايەتكە تۆۋا قىلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن»①. بۇ جايدا كۆرسىتىلگەن «چەت ئەللىك سودىگەرلەر» ئەنگلىيە، روسىيىنىڭ ئەپيۇن سودىگەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە قولغا چۈشۈرۈلگەن ئەپيۇننى پۈتۈنلەي يەكەنگە ئاپىرىپ، يەكەن مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ نازارىتى ئاستىدا كۆيدۈرۈۋەتكەن؛ تيانشاننىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلاردا قولغا چۈشۈرۈلگەن ئەپيۇننى پۈتۈنلەي كۈرە شەھىرىگە ئاپىرىپ، ئىلى جياڭجۈنى قاتارلىقلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا كۆيدۈرۈۋەتكەن. تولۇق بولمىغان مەلۇماتقا قارىغاندا، 1840 - يىلى 1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە قەشقەر رايونىدىلا 268 مىڭ 900 سەر ئەپيۇن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا كەلگەندە روسىيە جۇڭگوغا قاراتقان ئەپيۇن سودىسىنى قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە قىلىپ، بەلگىلىمە بويىچە 130 جىڭ ئەپيۇنغا 30 سەر② كۈمۈش باج تاپشۇرۇپ، جۇڭگوغا ئەركىن ھالدا ئەپيۇن كىرگۈزگەن. شىنجاڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئەپيۇن سودىسى قىلىدىغان مۇھىم يولى بولۇپ، ئەپيۇننى مەنئى قىلىش شەكىلگە ئايلىنىپ قالغان.

① «چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى گاۋزۇڭنىڭ ياتالىيە تامىردىن خاتىرە»، 332 - جىلد.

② ۋېنىكوۋ: «روسىيە - جۇڭگو ئىقتىساد ۋە كونا شەرتنامىسى»، 385 - بەت، 1868 - يىل پېتېربۇرگ نەشرى.

## §28. چاررۇسىيىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونلىرىغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى

### 1. چاررۇسىيىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونلىرىغا قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى تاجاۋۇزچىلىقى

XVII ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا، چاررۇسىيىنىڭ شەرقتىكى چېگرىسى كاسپىي دېڭىزى ئىدى. چاررۇسىيە شەرققە كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئۈچۈن قەدەممۇقەدەم بىر ئىستىھكام قۇرۇش سىياسىتىنى قوللاندى: ئۇ يېڭى بېسىۋالغان جايلاردا ئىنتايىن كۆپ قورغانلارنى قۇردى، قورغانلارنىڭ ئەتراپىغا بىر قاتار ئىستىھكاملارنى سېلىپ قوشۇن تۇرغۇزۇپ، ئۇنى سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىدىغان تاجاۋۇزچىلىق بازىسى قىلىۋالدى. بۇ ئىستىھكاملارنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ ئۇنى ئىستىھكام لىنىيىسى دەپ ئاتىدى.

1587-يىلدىن باشلاپ سىبىرىيە غەربىي ئىستىھكام لىنىيىسى ياسالدى. 1735-يىلدىن باشلاپ ئورېنبۇرگ غەربىي ئىستىھكام لىنىيىسى (ئىمۇ لىنىيىسى، ئىشىم دەريا لىنىيىسى، غەربىي لىنىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ياساشقا كىرىشتى؛ رۇسىيىنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىدىغان كۆپلىگەن غەربىي ئىستىھكام لىنىيىسى ئىچىدە بۇ ئىككى ئىستىھكام لىنىيىسى شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن ئامبۇرسىمان ھۇجۇم قىلىش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. سىبىرىيە غەربىي ئىستىھكام لىنىيىسى يېڭى سىبىرىيە لىنىيىسى، غەربىي سىبىرىيە لىنىيىسى، ئېرتىش دەرياسى لىنىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ لىنىيىنى بويلاپ ھەر 20 — 25 رۇس چاقىرىمى (بىر رۇس

چاقىرىمى 1.0668 كىلومېترغا تەڭ) كېلىدىغان جايغا بىر قاراۋۇلخانا قۇردى، كېيىن مۇستەملىكىچىلىك كەنتى قۇرۇپ، «قورغان ياساپ ئاھالە كۆچۈرۈش» نى ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سىياسىتى قىلدى. XIX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى، چاررۇسىيە كوپال (ھازىرقى قازاقىستان تالدىقورغان ئەتراپىدا) ۋە ۋېرنىي (ھازىرقى قازاقىستان ئالمۇتىدا) ئارقىلىق جۇڭگو زېمىنى ئىچىگە 750 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلى رايونى بىلەن تارباغاتاي رايونى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا چارلاش يولىنى ئۈزۈۋەتتى. چاررۇسىيە يەنە توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلىدى دېگەندەك، ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى مەزگىلىدە، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يېڭى سىبىرىيە لىنىيىسى بىلەن سىر دەريا لىنىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى 500 كىلومېتىر كېلىدىغان كەڭ زېمىننى بېسىۋېلىشقا كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرۇندى. 1864 - يىلى يېڭى قوقەن لىنىيىسىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى چىمكەنتتە ئىككى ئىستىھكام لىنىيىسىنى تۇتاشتۇرۇۋەتتى.

XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن ئىلگىرى، روسىيە بالقاش كۆلى ۋە ئېرتىش دەرياسى قاتارلىق جايلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. روسىيە ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، بۇ رايونلارغا داۋاملىق خادىم ئەۋەتىپ قانۇنسىز ھالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 1840 - يىلى روسىيىلىك كارېلىن ۋە كىرىللوۋ قاتارلىق كىشىلەر تارباغاتاي تاغلىق رايونىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ چارلاش ئېلىپ باردى، كېيىنكى يىلى ئۇلار كازاك قوراللىق كۈچلىرىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا رىبوش دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە ئالاتاغ تاغلىق رايونىغا ئۇسۇپ كىردى. شۇ يىلى كۈزدە روسىيە مايورى كوۋالېۋسكىي سودا

كارۋاننى ئىقابى بىلەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىلى، تارباغا-
تاي قاتارلىق جايلارغا ئوغرىلىقچە كىرىپ، سودا، كان بايلىقى،
تەبىئىي بايلىق مەلۇماتلىرىنى توپلىدى. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، شېلىنىڭكى قاتارلىق كىشىلەر
ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بالقاش كۆلى، سېسىق كۆل،
ئالاقتوكۆلى، ئىسسىقكۆل، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىر-
غىقى ۋە تارباغاتاي تاغلىق رايونىغا ئۇسۇپ كىرىپ، ئۆسۈم-
لۈكلەر ئەۋرىشكىسىنى يىغىش نامى بىلەن ئاخبارات ئوغرىلىدى.
1842 — 1843 - يىللىرى چاررۇسىيە پولكوۋنىكى سىلۋېرم
قاتارلىق كىشىلەر قوراللىق كۈچ بىلەن قانۇنسىز ھالدا
شىمالدا ئېرتىش دەرياسىغىچە، جەنۇبتا چۇ دەرياسىغىچە بولغان
زېمىننى ئۆلچەپ خەرىتىسىنى سىزىپ ئېلىپ كەتتى. 1847 -
يىلى چاررۇسىيە ئوفىتسېرى نىۋاكىيېۋ بۇيرۇققا بىنائەن،
رۇسىيىلىكلەر بۇرۇن «پەقەت بىلمەيدىغان» ئىسسىقكۆل ئەت-
راپىدىكى زېمىننى ئۆلچەپ خەرىتىسىنى سىزىپ ئېلىپ كەتتى،
يەنە مەخپىي ھالدا بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىننى
ئۆلچەپ خەرىتىسىنى سىزىپ ئېلىپ كەتتى.

XIX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن كېيىن، چاررۇسىيىنىڭ
بالقاش كۆلى رايونىغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى
تېخىمۇ كۆپەيدى. 1851 - يىلى، چاررۇسىيە باش شتابىنىڭ
كاپىتانى گۇتېكوۋسكىي باشچىلىقىدا، ئاياگۇزدىن تارباغاتايغا
بارىدىغان سودا يولىنى تەكشۈرۈپ خەرىتىسىنى سىزىپ ئېلىپ
كەتتى. ياندۇرقى يىلى يار (كونا چۆچەك) ئەتراپىدا ئوردزال
كەنتىنى بىنا قىلدى. 1856 - يىلىنىڭ بېشىدا، چاررۇسىيە
پولكوۋنىكى خامىدوۋسكىي بىر چوڭ ئەترەتنى باشلاپ كېلىپ
ئىسسىقكۆل رايونىنى تەكشۈرۈپ خەرىتىسىنى سىزىپ ئېلىپ
كەتتى. 1856 ~ 1857 - يىللىرى، سېمىيونوۋسكىي ئارقا-

ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئىسسىقكۆل، چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، ئىلى شەھىرى قاتارلىق جايلارغا ئۇسۇپ كىرىپ ئاخبارات ئوغرىلىدى، يەنە ئۇ كازاك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ زاخىيا تاغ ئېغىزىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، خانتەڭرى تېغىغا چىقىپ، تېكەس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ، ئىلىدىن قەشقەرگە بارىدىغان يولدىكى مۇزات تاغ ئېغىزىنى چارلاپ، تيانشاننىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

## 2. تەڭسىز شەرتنامە — «جۇڭگو - روسىيە ئىلى، تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى»

روسىيە 1797 - يىلى (جياچىڭنىڭ 2 - يىلى) ئۆز ئالدىغا «بۇختارمىنىڭكى سودا نىزامى» نى ئېلان قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىلى، تارباغاتاي رايونىدا زورلۇق بىلەن سودا قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەت قىلىنغانىدى. 1805 - يىل 7 - ئايدا، چار روسىيە ھۆكۈمىتى گولوۋكىننى جۇڭگوغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى دۆلەت چېگرىسىنى سودا قىلىشقا ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، 1810 - يىلى، پۇدىمىسىي قاتارلىق كىشىلەر قازاق سودىگەرلىرى قىياپىتىدە تارباغاتاي، ئىلى رايونىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ سودا ئاخباراتلىرىنى توپلىدى. 1810 — 1826 - يىللىرى، چار روسىيىنىڭ سودا كارۋانلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى قىياپىتىدە، تيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئېچكىرىلەپ كەلدى.

چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى روسىيە سودىگەرلىرىنى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا سودا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغانلىقتىن، شىنجاڭ بىلەن روسىيىنىڭ سودا سوممىسى يىلدىن يىلغا ئاشتى

1811 - يىلى، روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىغا كىرگۈزگەن ماللىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 150 مىڭ رۇبلىغا يەتتى. 1840 - يىلى كۆپىيىپ 367 مىڭ 100 رۇبلىغا يەتتى. جۇڭگو - روسىيىنىڭ غەربىي رايوندىكى سودا ئىشلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1836 - يىل 5 - ئايدا نىكولاي I بۇ سودا يولىنى قورال كۈچى بىلەن ئېچىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە «ئاسىيا سودا شىركىتى» نى قۇرۇپ، غەربىي ئىستىھكام لىنىيىسىنى بويلاپ شىنجاڭ قاتارلىق جايلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشنى باشلىدى.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، روسىيە جۇڭگونىڭ غەربىي رايون بازارلىرىنى ئېچىش قەدىمىنى تېزلەتتى. چارروسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق پراۋوسلاۋىيە دىنى ۋەز ئېيتىش ئۆمىكىنىڭ كاھىنى تۇڭ جېڭخۇ (ئەسلى ئىسمى تۇگارىنوۋ) 1844 - يىل 4 - ئايدا ئالدى بىلەن چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىگە جۇڭگونىڭ غەربىي رايوندىكى «يېڭى بازار»① لارنى ئېچىش تەكلىپىنى بەرگەن. 1845 - يىل 6 - ئايدا، روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئاسىيا مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىيۇبىموۋ سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، تارباغاتاي ۋە ئىلى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سودا ئاخباراتلىرىنى ئىگىلىگەن، ئۇ ئۆز دوكلاتىدا: ئەنگلىيىنىڭ ماللىرى جۇڭگونىڭ دېڭىز بويلىرىدىن قەشقەرگە توشۇلۇپ سېتىلىۋېتىپتۇ، روسىيە سودىگەرلىرى جۇڭگونىڭ غەربىي رايوندىكى سودىنى مونوپول قىلىشى لازىم، دەپ تەكىتلىگەن. 1847 - يىل 7 - ئايدا، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى تۇڭ جېڭخۇغا ھوقۇق بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە تارباغاتاي، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق ئۈچ جاينى سودا قىلىشقا

① خارقىن: «XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي سىياسىتى»، 114 - بەت.

ئېچىپ بېرىشنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويغۇزدى. 1850 - يىل 1 - ئايدا، روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارى كوۋالېۋسكىي يەنە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىلى قاتارلىق جايلاردا سودا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1848 - يىلى ۋە 1850 - يىلى، روسىيە سودا كېمىسى ئىككى قېتىم شاڭخەيگە ئوسۇپ كىرىپ، بۇ شەھەرنى سودا قىلىشقا ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاررۇسىيىنىڭ بىر قىسىم تەلەپلىرىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولۇپ، شىنجاڭنى روسىيىنىڭ سودا بازىرى قىلىپ ئېچىپ بېرىش ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.

1851 - يىلى 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، چاررۇسىيىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى كوۋالېۋسكىي ئوفىتسېر فرانكىل، تەرجىمان زاخاروۋ، دوختۇر تاتارىنوۋ (خەنزۇچە ئىسمى مىڭ چاڭ) قاتارلىقلارنى باشلاپ ئىلىغا كەلدى. 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئۇلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلى جياڭجۈنى يى شەن، مەسلىھەتچى ئامبال بۇيەنتەي قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. كوۋالېۋسكىي چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمرى بويىچە ئىلى، تارباغاتايدىن باشقا يەنە قەشقەرنى سودا بازىرى قىلىپ ئېچىپ بېرىشنى، كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىنى، سودا بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئىلى جياڭجۈنىدىن غەربىي سىبىرىيە ۋالىيسى بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئىككى تەرەپ بىرنەچچە كۈن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، يى شەن قاتارلىقلارنىڭ تىز پۈكۈشى بىلەن 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «جۇڭگو - روسىيە ئىلى، تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى» ئىمزالاندى، ئۇنىڭ مەزمۇنى جەمئىي 17 ماددا ئىدى. بۇ شەرتنامە يېقىنقى زامان جۇڭگو- روسىيە مۇناسىۋىتى تارىخىدىكى تۇنجى تەڭسىز شەرتنامە بولۇپ،

بولۇش بىلەن جۇڭگو كۆپلىگەن ھوقۇق ۋە مەنپەئەتتىن مەھرۇم بولدى①. شەرتنامىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. روسىيە بىر تەرەپ كونسۇل تەسىس قىلىش. شەرتنامىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا ئىلى، تارباغاتاي سودا بازىرى قىلىپ ئېچىپ بېرىلگەندىن كېيىن، روسىيە بۇ ئىككى جايدا «سودىنى باشقۇرىدىغان كونسۇل» تەسىس قىلسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

2. باج تۆلىمەي سودا قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش. شەرتنامىنىڭ ئۈچىنچى ماددىسىدا جۇڭگو ـ روسىيە ئىككى تەرەپ ئىلى، تارباغاتاي ئىككى رايوندا سودا قىلىش، ئىككى تەرەپ «بىر ـ بىرسىدىن باج ئالماسلىق» دەپ بەلگىلەنگەن. جۇڭگو سودىگەرلىرى روسىيە چېگراسىغا كىرىپ سودا قىلمىغانلىقتىن، بۇ بەلگىلىمە پەقەت روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىلى، تارباغاتاي رايونىدا باجسىز سودا قىلىشىغىلا قارىتىلغان.

3. كونسۇللارنىڭ بىر تەرەپلىمە ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى بولۇش. شەرتنامىنىڭ يەتتىنچى ماددىسىدا ئىلى، تارباغاتاي ئىككى رايوندا جۇڭگو ـ روسىيە سودىگەرلىرى ئوتتۇرىسىدا كىچىك ماجىرا تۇغۇلسا، «ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئەمەلدارلىرى سۈرۈشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ»، «ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان چوڭ ئەنزىلەرگە دۇچ كەلگەندە چەقتو نىزامى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن جۇڭگو سودىگەرلىرى پەقەت شىنجاڭ دائىرىسىدىلا سودا قىلاتتى، ئىلى، تارباغاتايدا سودا قىلىدىغان روسىيە سودىگەرلىرى جىنايەت ئۆتكۈزسە جۇڭگو قانۇنىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىمايتتى،

---

① ۋاڭ تېيىيا تۈزگەن، «جۇڭگو بىلەن چەت ئەلنىڭ كونا شەرتنامىلەر توپلىمى»، 78 — 80 ـ بەت.

كونسۇللارنىڭ بىر تەرەپلىمە ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى، جۇڭگو-
نىڭ ئەدلىيە ئىگىلىك ھوقۇقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىنغان.
4. «سودا چەكلىمىسى» قۇرۇش. شەرتنامىنىڭ 13-ماد-
دىسىدا: «روسىيە سودىگەرلىرى كېلىپ سودا قىلىش، مال ساق-
لاش ۋە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۆي-جاي بولۇش، يەنى ئىلى،
تارباغاتايدا سودا سارايلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو تەرەپ
مەلۇم بىر ئورۇننى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، روسىيە سودىگەرلىرى
سودا سارايلىرىنى ئۆزلىرى سېلىپ، ئولتۇرىدۇ
ۋە مال ساقلايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. «سودا
چەكلىمىسى» دېگەنلىك ئەمەلىيەتتە چاررۇسىيىنىڭ
ئىجارىگە ئالغان يېرى ئىدى. بۇ شەرتنامە غەربتىكى كۈچ-
لۈك دۆلەتلەرنىڭ ئەيپۇن ئۇرۇشى مەزگىلىدە جۇڭگو خەلقىنىڭ
بېشىغا تاڭغان بىرىنچى تۈركۈمدىكى تەڭسىز شەرتنامىلەرنىڭ
بىرى، شۇنداقلا جۇڭگو-روسىيە مۇناسىۋەت تارىخىدا ماھىيەت-
لىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىنىڭ مۇھىم ئالامىتى ئىدى.

### 3. «جۇڭگو-روسىيە غەربىي-شىمالىي چېگرىلارنى تەكشۈ-رۈپ ئايرىش كېلىشىمى»

1860-يىل 11-ئايدا، چارروسىيە چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتىگە تەھدىت سېلىپ «جۇڭگو-روسىيە بېيجىڭ شەرت-
نامىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىدى. بۇ شەرتنامىدە جۇڭگو
بىلەن روسىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى چېگرىسى ئۇتتاش تاغ
تىزمىسى، دەريا ۋە جۇڭگونىڭ دائىمىي تۇرۇشلۇق قاراۋۇلخانى-
لىرى چېگرىنى تەكشۈرۈپ ئايرىشنىڭ بەلگىسى قىلىنىدۇ، دەپ
بەلگىلەنگەن. شابىنداباغ، زايسان كۆلى، تيانشان تېغى،
تومۇرتو كۆلى ۋە قوقەن چېگرىسى دۆلەت چېگرىسىنى ئايرىش-
نىڭ بەش نۇقتىسى قىلىنغان.

1861 - يىل 8 - ئايدا، روسىيە ئوفىتسېرى بابۇكوۋ بۇيرۇق بويىچە تارباغاتايغا كېلىپ، رازۋېتكا قىلىپ ئاخبارات ئىگىلەپ، روسىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرىگە جۇڭگو زېمىنىنى بۆلۈۋېلىشنىڭ كونكرېت لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1862 - يىل 1 - ئايدا، چار پادىشاھ شەخسەن ئۆزى ئورۇندا پەۋقۇلئاددە يىغىن چاقىرىپ، بېيجىڭ شەرتنامىسىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى دائىمىي تۇرۇشلۇق قاراۋۇلخانىلارنى دۆلەت چېگرىسى دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلاشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قورال كۈچى بىلەن دائىمىي تۇرۇشلۇق قاراۋۇلخانىلارنىڭ سىرتىدىكى جۇڭگو زېمىنىنى بېسىۋېلىشنى قارار قىلغان.

1863 - يىل 8 - ئايدا، روسىيە ۋەكىلى بابۇكوۋ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى مىڭيى تارباغاتايدا چېگرا سۆھبىتى ئۆتكۈزدى، بەش قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، سۆھبەت قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. چار روسىيە ئۆز پىلانى بويىچە قوشۇننى ئىشقا سېلىپ جۇڭگو زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ دائىمىي تۇرۇشلۇق قاراۋۇلخانىلارغىچە بېسىپ كىردى. قوبدۇ، تارباغاتاي، ئىلى، نارىندا تۆت ھەربىي مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى شەكىللەندۈردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى روسىيىنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكۈپ، روسىيىنىڭ چېگرا ئايرىش شەرتلىرىنى قوبۇل قىلدى.

1864 - يىل 9 - ئايدا، بابۇكوۋ ۋە زاخاروۋ قاتارلىقلار 600 دىن ئارتۇق تولۇق قوراللانغان روسىيە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كېلىپ، «ئەسكىرىي كۈچى ئارقىلىق ھەيۋە قىلىپ قىستىدى»①. 10 - ئايدا ئۆلاستاي جياڭ-

① «تاشقى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ باش - ئاخىرى»، تۇڭجىز دەۋرى، 29 - جىلد.

جۇڭنى مەڭگۈ قاتارلىقلار بىلەن روسىيە تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى «جۇڭگو - روسىيە غەربىي - شىمالىي چېگرىلارنى تەكشۈرۈپ ئايرىش كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى، كېلىشىمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

1. شابىنداباختىن قوقەندگىچە بولغان جۇڭگو - روسىيە چېگرىسىنىڭ غەربىي بۆلىكىنى ئايرىپ بېكىتىش.

2. روسىيىگە ئايرىپ بېرىلگەن جايدىكى جۇڭگو قاراۋۇلخانىلىرىنى بىر ئاي سورۇك ئىچىدە بىكارلاپ بېرىش.

3. زېمىن كىمگە تەۋە بولسا ئاھالىلىرىمۇ شۇنىڭغا تەۋە بولۇش.

4. شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىنكى 240 كۈن ئىچىدە ئايىدە (چېگرا بەلگىسى) ئورنىتىش.

5. ئالاقىلىشىش ئورگانلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش.

1869 - ۋە 1870 - يىللىرى تۈزۈلگەن «جۇڭگو - روسىيە قوبدو چېگرا تەزكىرىسى»، «جۇڭگو - روسىيە ئۇلاستاي چېگرا كېلىشىمى» ۋە «تارباغاتاي چېگرا كېلىشىمى» ① دىن ئىبارەت ئۈچ تارماق چېگرا كېلىشىمى ئارقىلىق چارروسىيە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى 440 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان زېمىننى يۇتۇۋالدى.

### 4. شىنجاڭ خەلقىنىڭ چارروسىيىگە قارشى كۆرەشلىرى

قازاق خەلقى چارروسىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئۈزلۈكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېساتاي قوزغىلىڭى (1836 -، 1837 -

① خۇاڭ يۈبو قاتارلىقلار تۈزگەن «جۇڭگو - چەت ئەل شەرتنامىلىرى توپلىمى»، 334 -، 339 - بەت.

يىللار)، كەنسال قوزغىلىڭى (1836 — 1846 - يىللار)، جان خوجا قوزغىلىڭى (1856 - 1857 - يىللار)، ئىسىت قوزغىلىڭى (1853 — 1858 - يىللار) بىرقەدەر مۇھىم قوزغىلاڭلار ھېسابلىنىدۇ.

چاررۇسىيە جۇڭگونىڭ يارغۇت ئالتۇن كېنىنى تارتىۋې-لىش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ 200 دىن كۆپرەك كان ئىشچىسىنى ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قانلىق ئەنزە پەيدا قىلدى، بۇ تارباغا-تايدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى. يارغۇت ئالتۇن كېنى تارباغاتاينىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، جياچىڭ، داۋگۇاڭ يىللىرى بۇ جايغا بىر نەچچە تۈمەن ئال-تۇن قازىدىغان كان ئىشچىلىرى توپلانغانىدى، شيەنفېڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ئالتۇن قازىدىغان بەش تۈركۈم ئىشچى بولۇپ كۆپچىلىك ليۇجىژ خېنى باشچى قىلىپ سايلىدى. 1852 - يىل 7 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس ۋازارىتى، كان ئېچىپ ئالتۇن قېزىشنى باشقۇرىدىغان ئورگان تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى.

1853 - يىل 9 - ئايدا، چاررۇسىيىنىڭ تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئىلى جياڭجۇنى يىشەنگە نوتا تاپشۇرۇپ، ئالتۇن كېنى روسىيىگە تەۋە، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئالتۇن قېزىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ بىلجىرلىدى. 1855 - يىلى 2 - ئايدا، چاررۇسىيە يەنە ھەربىي قوشۇن چىقىرىپ جۇڭگونىڭ كان ئىشچىلىرىنى قوغلاپ، 200 دىن كۆپرەك كان ئىشچىسىنى ۋەھشىيلىك بىلەن قىردى ۋە ئۇلارنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. غەزىپى تاشقان چۆچەك خەلقى شۆي تيەنياۋ، ئەن يۈيشەن قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ سايلاپ، چاررۇسىيىنىڭ زوراۋان-لىقى ئۈستىدە ئەرز قىلدى. سودا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان زەڭگى سابىتۇن ئەرزنى سوراشنى رەت قىلدى. ۋەكىللەر يەنە مەسلى-

مەتچى ئامبال يىلى شيۇغا ئەرز سۇنۇپ داد ئېيتتى. يىلى شيۇ روسىيە كونسۇلى بىلەن بۇ ھەقتە زۇكۇنلاشقان بولسىمۇ، ئەكسىچە، تەھدىتكە ئۇچرىدى. 1855 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تۈن كېچىدە، سەۋر تاقىتى تاشقان 600 دەك ئاممى ئەن يېيىشەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە سودا چەمبىرىكىنى قورشىۋېلىپ، سودا چەمبىرىكىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەرگە قېمۇش بىلەن ئوت قويۇۋەتتى، چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرى روسىيىگە قېچىپ كەتتى. سودا چەمبىرىكىگە ئوت قويۇۋېتىش ۋەقەسى جۇڭگو خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قىلغان ھەققانىي باتۇرانە كۆرەشلىرى ئىدى.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، چاررۇسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى زىياننى تۆلەپ بېرىش، ۋەقە پەيدا قىلغان ئەمەلدار ۋە خەلقنى جازالاشقا مەجبۇرلىدى. 1858 - يىلى 7 - ئايدا، روسىيە تەرەپنىڭ ۋەكىلى زاخاروۋ 400 كىشىدىن كۆپرەك مۇھاپىزەتچى قىسمىنى باشلاپ، تارباغاتايغا كىرىپ، 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە «تارباغاتاي تۆلەم تۆلەش شەرتنامىسى»نى ئىمزالاتقۇزدى. روسىيە سودا چەمبىرىكىدىكى ئۆيلەرنى قايتا سېلىشنى باھانە قىلىپ، 130 مىڭ 530 سەر كۈمۈشنى قاقتى - سوقتى قىلىپ تۆلىتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەن يېيىشەننى تۈرمىدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇشقا ھۆكۈم قىلدى. شۇي تيەنياۋنى سۈرگۈن قىلدى. چاررۇسىيە يەنە ئىلى، تارباغاتاي كونسۇلخانىلىرىدا 50 تىن ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئىمتىيازىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭدا روسىيە قوشۇنىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت رەزىل ئىشنىڭ ئۇلگىسىنى ياراتتى.

چاررۇسىيىنىڭ مەملىكىتىمىز زېمىنىنى بۆلۈۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، زايسان كۆلى رايونىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق

قىلدىغان قازاقلارنىڭ 12 كېرەي قەبىلىسى 1866 - يىلى ھازىرقىنى جىمسىنەي ناھىيەسى ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلدى. 1869 - يىلى 6 - ئايدا بۇرۇلتوقايغا يىغىلغان ھەر مىللەت ئاممىسى، چاررۇسىيىنىڭ زايسان كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا قۇرغان قاراۋۇلخانىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى ①. ئىلى رايونىدىكى سولۇن، شىبە، موڭغۇل ۋە ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقان ئارمىيە ۋە خەلق ئۇلارغا ماسلىشىپ جەڭ قىلدى، ئىسسىقكۆل، بولوخۇجىر قاراۋۇلخانىسى قاتارلىق جايلاردا، كۆرەشكە قاتناشقان ئاممىنىڭ سانى 10 مىڭدىن ئاشقان بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش زەپەر كۈيىنى ياڭراتتى.

## § 38 . ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى

### 1 . ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىشى

1859 - يىلى 1 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شيەن فېڭ بىر پارچە يولىيۇرۇقىدا، شىنجاڭ ئەينى ۋاقىتتا تۆت مىليون سەر كۈمۈشتىن كۆپرەك ھەربىي تەمىنات ياردىمىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى، لېكىن ھەرقايسى ئۆلكىلەر شىنجاڭغا ئاران 630 مىڭ سەر كۈمۈش ھەربىي ياردەم ئاجرىتىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا يەنە 15 مىڭ تەزىق پۇل قوشۇپ بېرىلگەنلىكىنى

① باۋۇكوۋ «غەربىي سېبىرىيەدىكى خىزمەت خاتىرىلىرىدىن تەسلىمە»، 2 - قىسىم، 431 — 434 - بەتلەر.

ئىستىراپ قىلدى ①. مالىيە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ تەمىناتى ئۇزۇن مۇددەت ۋاقتىدا بېرىلمەي كەلگەچكە، ئارمىيە روھىي جەھەتتە چېچىلىپ، ئىنتىزام بوشىشىپ كەتكەنىدى. 1861 - يىلى، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ تەمىناتى مەنبەسىز قېلىپ توپىلاڭ كېلىپ چىقتى. ياندۇرقى يىلى، قۇتۇبىدىكى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى تۇتۇپ، تەمىنات بېرىشكە قىستىدى.

مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قانداق قۇتۇلۇش مەسىلىسى شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. 1862 - يىلى، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە «ئىئانە توپلاش» تەدبىرىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئۇ 200 سەر كۈمۈش ئىئانە قىلغان كايىت ئىسىملىك ئۇيغۇرنى بەگ قىلىپ ئەمەلىي ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە كۆرسەتتى. شۇ يىلى 9 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئىئانە قىلغانلىق سەۋەبىدىن مەنسەپكە كۆتۈرۈلگەن، ئۇيغۇرلاردىن كورلىدىكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھاكىم بەگ، ئاقسۇدىكى تۆتىنچى دەرىجىلىك ئىشخان بەگ، بارچۇق (مارالبېشى)دىكى ئاشلىق بېگى قاتارلىقلارنى ئەنگە ئالدى.

شىنجاڭدا ئەمەل - مەنسەپ سېتىش ئىشلىرى ئاخىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى ھەمدە «ئۇيغۇرلاردىن ئىئانە قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش نىزامنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ئەمەل - مەنسەپنىڭ سېتىلىش باھاسىنى ئوچۇق بەلگىلىگەن.

بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار ناھايىتى كۆپ.

① «چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋېنزۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە»، 272 - جىلد.

مالىيە قىيىنچىلىقىدىن باشقا، ئەمەلدارلارنىڭ سۇيىستېمالنىڭ تۈۋۋەللەپ كېتىشىمۇ بىر مۇھىم سەۋەب ئىدى. ھەرقايسى جايلاردىكى ئەمەلدارلار ياكى قابىلىيەتسىز، ياكى ئىنتايىن تەكەببۇر ئىدى. ئۇلار ئوچۇقتىن ئوچۇق ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىپ كېتەتتى، ماناش تەمىناتلارنى تۇتۇپ قېلىپ، يېقىنلىرى بىلەن ئۈلۈشۈۋالاتتى. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكى كۆپلىگەن قەلەمدار - ئەلەمدار ئەمەلدارلار تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا بېرىپ ئەمەل تۇتۇشنى خەتەرلىك ئىش دەپ قارايتتى. شۇ سەۋەبتىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەمەلدارلارنىڭ يولغا چىقىش ۋە يېتىپ بېرىش مۇددىتى ئۈستىدە بەلگىلىمە چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە سەپەر مۇددىتى ئىككى ئاي قىلىپ بەلگىلەنگەن، يېتىپ بېرىش مۇددىتى ئۈستىدە يولنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا قاراپ چەك قويغان. پايتەختتىن شىمالىي شىنجاڭدىكى قۇمۇل، ئۈرۈمچى، ئىلىغا يېتىپ بېرىش مۇددىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 117 كۈن، 142 كۈن ۋە 193 كۈن قىلىپ بەلگىلەنگەن؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەنگە يېتىپ بېرىش مۇددىتى 208 كۈن قىلىپ بەلگىلەنگەن①. سەپەرگە چىقىش ۋە يېتىپ بېرىش مۇددىتىنى بەلگىلەشتىكى مەقسەت — مەنسەپتە ئولتۇرىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ يېتىپ بېرىش ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈۋېتىشىنى چەكلەشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ بەلگىلىمىلەر ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپىسىگە ۋاقتىدا بارماسلىقىنى تۈزىتەلمىدى. 1864 - يىلى يازدىلا شىنجاڭنىڭ يەرلىك مۇھىم ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلاردىن 12 سى ئۆز ۋەزىپىسىگە ۋاقتىدا بارمىغان. ۋەزىپە ئۈستىدىكى ئەمەلدارلارمۇ چېگرا

① «چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋېنزۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە»، 40 - جىلد.

رايون تۇرمۇشىنىڭ جاپالىقلىقىغا چىدىماي، كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ بەس ـ بەستە خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىپ ئىچكىرىگە كەتكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى كېسەل سەۋەبىدىن رۇخسەت سورىغان ئەمەلدارلارنى جەنۇبىي شىنجاڭدا، يەكەن مەسلىھەتچى ئامبىلى تەكشۈرۈپ ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشنى؛ شىمالىي شىنجاڭدا ئىلى جياڭجۈنى، ئۈرۈمچى باش بۇغى، تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى تەكشۈرۈپ ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى بەلگىلىدى. ئاۋادا يالغاندىن كېسەل بولۇۋالغان ياكى قەستەن قانات ئاستىغا ئالغۇچىلار بولسا، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى دەرىجىسىنى چۈشۈرۈش جازاسىنى قوللاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى بۇرۇنقى ئەمەلدارلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا سەممىي ـ سادىق بولىدىغان، ھەرقايسى ئۆز خىزمىتى ئۈچۈن تىرىشىدىغان مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە ئىنتىلىش روھى، XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى بىر ئەۋلاد ئەمەلدارلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تامامەن دېگۈدەك يوقالغانىدى.

## 2. ئېغىر ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى باج ـ سېلىقى ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن، ئاشلىق، گەزلىمە قاتارلىقلاردىن رەسمىي باج ئالغاندىن باشقا، 1852 ـ يىلدىن 1860 ـ يىلغىچە يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پاختا بېجى، سودا بېجى، تۇز بېجى، چاي بېجى، رەختە بېجى قاتارلىق باجلارنى ئېلىشنى باشلىغان. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەرتىۋە ـ تۇنۇۋان ئالغان چارۋىدارلار ئادەتتىكى چارۋىچىلىقتا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغاندىن باشقا، يەنە ئۆز تەۋەسىدىكى چارۋىچىلاردىن شەخسەن ھەر يىلى يۈزلەپ ـ مىڭلاپ قوي ئالىۋان

ئالغان. كونسايىن ئېغىرلاشقان ھەرخىل ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇزىنچى يىللىرىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئارقا-ئارقىدىن باج سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىككى چوڭ ئەنزىنى تەكشۈرۈپ جازالىغان. 1860-يىل 4-ئايدا، ئاقسۇنىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامبىلى مىيەن شىڭ باج تۈزۈمىنى ئۆزىچە ئۆزگەرتىپ «بەگلەر ئۆز ئالدىغا ئالىدىغان، بەرمىگەن بولىدىغان باجنى جامائەت ئىشلىتىشكە ئۆزگەرتكەن»، ئەسلىدە ھاكىم بەگلەر ھەربىر ئائىلىدىن ھەر يىلى ئىككى تېزىغىنىدىن ئۈچ تېزىغىچە باج پۇلى ئالاتتى، بۇنى ھەر بىر كىشى ھەر ئايدا ئىككى يارماق پۇل تاپشۇرىدىغانغا ئۆزگەرتكەن، ئۈچىنچى دەرىجىلىكتىن يەتتىنچى دەرىجىلىككىچە بولغان ھاكىم بەگلەرمۇ دەرىجىسى بويىچە ھەربىر كىشى ھەر ئايدا 30 يارماقتىن 50 يارماقچە پۇل تاپشۇرىدىغانغا ئۆزگەرتتى ھەم بۇ باج پۇلىنى پۈتۈنلەي «جامائەت ئىشلىتىش» كە مەنسۇپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىيەن شىڭ يەنە ئاقسۇدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرىدىن ھەر ئايدا كىشى بېشىغا ئاتالمىش «ئاش-تۇز پۇلى» يىغقان. ئۇ ئاقسۇدا ئۆزىچە باج تۈرىنى كۆپەيتىپ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان، «شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار ئامىسى ساراسىمىگە چۈشۈپ، زور ۋەقە پەيدا بولۇشقا تاس قالغان»①. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، مىيەن شىڭنى قاتتىق جازالىغان ھەمدە شەھەرنىڭ جىنايەتچى كۆچا ۋاقىي ئەخمەتنى ئەسلى يۇرتىغا يالاپ ئاپىرىپ قاتتىق كونترول قىلغان.

مىيەن شىڭ ۋەقەسىدىن كېيىن يەنە يەكەندە باج ماجى-

① «چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋېن زوڭنىڭ پادىشاھلىق قىلغان دەۋردىن خاتىرە» 16-جىلد.

راسى يۇز بەرگەن. يەكەن شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلار بۇ شەھەرنىڭ ھاكىم بېگىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق باج ئېلىشىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەكىل سايلاش ئارقىلىق بەگ يامۇلىغا ئەرز سۇنغان. نەتىجىدە ۋەكىللەر قاماپ قويۇلغان. يەكەن ئىش بېجىرگۇچى ئامبىلى يىلڭ يۈن بۇ ئەرزنى سورىماي، ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. خەلقنىڭ غەزىپى قايناپ قوزغىلىشقا تاس قالغان. 1862 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەگە چېتىشلىق ئەمەلدارلارنى قاتتىق جازالىغان، يىلڭ يۈننى شەرقىي شىمال رايونىغا سۈرگۈن قىلغان، يەكەننىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبېگىنىڭ ۋاقىتلىق مەرتىۋىسىنى، قوشۇمچە ئامباللىق ئۇنۋانى ۋە ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىغان. شۇ ئەنزىگە چېتىشلىق بولغان 28 نەپەردىن ئارتۇق ئەمەلدارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىغان①.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى باج ئەنزىسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە تەكىتلىگەن «باج - سېلىقنى ئازايتىپ، خەلق تۇرمۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش» دېگەن تەشەببۇسى، ئەمەلىيەتتە بۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ باج - سېلىق ئىشلىرىنىڭ قالايمىقان بولغانلىقى، ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېغىرلاشقانلىقىنىڭ ئىنكاسى ۋە تەسۋىرىدىن ئىبارەت.

### 3. خوجىلار توپىلىڭى

1847 - يىل 9 - ئايدا، قوقەن خانلىقىنىڭ قۇترىتىشى ئاستىدا، چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن خوجا ئەۋلادى مۇھەممەد ئىمىن (كاتتا تۆرە) ۋەلىخان، ئىشانخان (ھۈسەن خوجا، ئىشان خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، تەۋەككۇل (تاۋاكىم دەپمۇ ئاتالغان)

① «چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋېن زۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە»، 23 - جىلد.

كىچىكخان، ئاقچاخان، سابىر قاتارلىق كىشىلەر 1000 دىن ئارتۇق باندىتلارنى توپلاپ، قەشقەر كونىشەھەرگە ۋە يېڭى-سارغا بېسىپ كىردى. قوقەنلىك سودا ئاقساقىلى نامەت قاتار-لىقلار ئىچكى تەرەپتىن ماسلىشىپ، خوجىلارغا شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى. قەشقەرنىڭ لەشكەربېشى ئامبىلى 3000 دىن كۆپ ئەسكەر بىلەن يېڭىشەھەردە تۇرۇقلۇق جەڭگە چىقىش-قا جۈرئەت قىلالمىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مىليون سەر كۈمۈش ھەربىي خىراجەت ئاجرىتىپ، شەنشى - گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى بۇ يەنئەينى ئەربىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن قىلىپ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ئەۋەتتى. ئۇ 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يېڭىسارنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، قەشقەر كونىشەھەرنى قايتۇرۇۋالدى. مۇھەممەد ئىمىن قاتارلىقلار نۇرغۇن بايلىقنى بۇلاپ قېچىپ كەتتى. تارىختا بۇ «يەتتە خوجا توپىلىڭى» دەپ ئاتالدى.

1852 - يىلى 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە، تەۋەككۇل، ۋەلىخان قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم قەشقەر، ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى قاراۋۇلخانىلار ۋە يېزا - كەنتلەرگە ئۇسۇپ كىرىپ، ئوت قويۇش، ئادەم ئۆلتۈ-رۈش ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاممىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى زەربە بېرىشكە ئاتلانغان ھامان، ئۇلار قېچىپ چېگرىدىن چىقىپ كەتتى.

1855 - يىلى 7 - ئايدا، قەشقەردىكى قوقەنلىك سودا ئاقساقىلى بەدرى، ئىشان خوجا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ كۆتۈردى. ئىشان خوجىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنى ئات ئۆلتۈرۈپ قەسەم ئىچىشىپ، ئاستىن ئاتۇش يېزىسى (ھازىرقى ئاتۇش شەھىرى) گە ئادەم ئەۋەتىپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى. بۇ يېزىنىڭ ئۇنبېشى ھېزىم زور بىرتۈركۈم باندىتلارنى ئالداپ قىلتاققا

چۈشۈرۈپ، قەشقەرگە ئېلىپ باردى. ئىشان خوجىسىنى تەبرىك قولغا چۈشتى، ئۇ قوقەن خانى خۇدايارخاننىڭ يېزنىسى بولغاچقا، خۇدايارخان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن ئۇنى تىلىۋالغاندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى توپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى تەۋەككۇل قاتارلىقلارنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئىشان خوجىنى قويۇپ بېرىشنىڭ شەرتى قىلدى. قوقەن تەرەپ ئۆزى- نىڭ بۇ ئىشتىكى مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ، قوقەن خانى قۇرئان قوچاقلاپ تۇرۇپ قەسەم ئىچىپ گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بېقىندىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاندى، كېيىنكى پاكىتلار قوقەن خانىنىڭ بۇ ۋەدىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

1857 - يىلى 6 - ئايدا، ۋەلىخان تۆرە - بەش مىڭ قوقەنلىك سودىگەرلەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا قەشقەر كونا- شەھەرنى بىر مەھەل ئىشغال قىلىپ، يېڭىشەھەرگە سۇ ۋە ئوت قويۇۋېتىش ئارقىلىق ھۇجۇم قىلدى؛ يەنە ئەسكەرلىرى كۆچ ئاجرىتىپ، شەرق تەرەپتىكى يارچۇقتا بېسىپ كىرىپ، يەكەنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئىنتايىن غالجىرلاشتى. ۋەلىخان قەشقەر ئەتراپىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، «كۈنلۈكى نەچچە ئون ئادەمنى ئۆلتۈردى... گۇناھكار دەپ ئەيىبلەنگەنلەرنىڭ بېشىنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىش ۋەلىخان ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك بىر ئىش بولۇپ قالغانىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئالدىدا بۇنداق جازاغا تارتىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئەھۋالنى سادىر قىلغۇچىلار كۆپ ئۇچراپ تۇراتتى، بۇ مۇستەبىتنىڭ ئال- دىدا بىرەر ئورۇنسىز ھەرىكەت ياكى سۆز قىلىپ قويغان، ھەتتا ئەسنەپ سالغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلۈمگە مەھ- كۇم قىلىناتتى»①. 1857 - يىلى 9 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى

① كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، 1982 - يىلى خەنزۇچە نەشىرى [illegible]
135 - 136 - بەت [illegible]

قوشۇنى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن 8600 دىن ئارتۇق قوماندان ۋە ئەسكەر توپلاپ، خوجىلارنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىش جېڭىگە ئاتلىنىشتى. ۋەلىخان پايدىلىق ۋەزىيەتنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى بايقاپ، 18 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، 1000 دىن ئارتۇق تۆگىگە مال-مۈلۈكلەرنى ئارتىپ قوقەنگە قېچىپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيىلىك بولگېر تارىختىكى خوجىلار توپىلىڭىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «ھەر قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىقتا ئۇلار بىر تالاي جىنايەتلەرنى سادىر قىلغاندىن باشقا، تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىرمۇ ياخشى ئىش قالدۇرغىنى يوق. ھەر قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىلاھىي ھوقۇققا ئاساسەن ۋەكىللىك قىلىدۇق دېگەن خەلققە ھەددى-ھېسابسىز بالايىئاپەت ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كەلدى»①.

## §4. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈز بەرگەن شىنجاڭ دېھقانلار قوزغىلىڭى

### 1. ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆرەش يالقۇنى

1845-يىلى 6-ئايدا، قەشقەرگە قاراشلىق سوقسۇرۇق يېزىسىدىكى تۆمۈرچى ئابباس ۋە ئابدۇسەمەت قاتارلىق كىشىلەر تۇيۇقسىز قىرغىز دېھقانلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئېغىر ھاشارچىلىققا قارشى تۇردى.

---

① بولگېر: «ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمىھالى»، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى، 59-بەت، 1976-يىل سودا ئىشلىرى نەشرىياتى.

1854-يىلى 10-ئايدا، قەشقەرگە قاراشلىق فائىئبرحق يېزىسىدىكى شامۆمىن ئۆزىنى يۈسۈپ خوجىنىڭ ئەۋلادى دەپ يالغان ئېيتىپ، ئامىمنى توپلاپ ئېچىدىقۇ ھەربىي رابات قاتارلىق جايلاردىكى ئۆي-ئىمارەتلەرنى كۆيدۈرۈپ، ئەسكەر ۋە خەلقلەرنى ئۆلتۈردى، قەشقەردىكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھاكىم بەگ مەھەممەت بىلەن يەكەندىكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھاكىم بەگ ئاقراي ئەسكەر ئەۋەتىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا يار-دەملىشىپ ئۇلارنى ئۈجۈقتۇردى. شۇ يىلى كۈچۈڭ ھاكىمى يەرلىك خۇيزۇ، خەنزۇ دېھقانلىرىنى ئائىلە بېشىغا تۆت كۈرە ئاشلىق ئارتۇق تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاپ، «خەلق قوزغىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى»①.

1857-يىلى 9-ئايدا، خوتەنگە قاراشلىق زانگويا، پار-مان يېزىسى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پوسكام، مۇرۇخ، گوما قاتارلىق ئۈچ جايدىكى ھەربىي راباتنى ۋەيران قىلىپ، 30 نەچچە ئوفىتسېر ۋە ئەس-كەرنى يارىدار قىلىپ ۋە ئۆلتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇ-نىنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالدى، لېكىن كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا پەرق چوڭ بولغانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى. شۇ يىلىنىڭ بېشىدا، قەشقەرگە قاراشلىق ئاتۇش مىس كان ئىشچىلىرى مىس ئالۋىنىنىڭ ئازابىغا چىدى-ماي، توپلىشىپ ئالۋانغا قارشى چىقتى.

1855-يىلى، كۇچا دېھقانلىرى مەمتىلى، نىياز قاتارلىق كىشىلەردىن ۋەكىل قىلىپ ئىلىغا ئەۋەتىپ، ئىلى جياڭجۈنى زالافېنتايغا بەگلەرنىڭ «ھەر خىل ئالۋان-ياساق چاپقان»-لىقى ئۈستىدە ئەرز قىلدى. زالافېنتاي تارباغاتاي خەلقىنىڭ

① لىۋبىن قاتارلىقلار تۈزگەن، «تۆرۈۋچىڭ سەپەر تومۇرىسىدا» قول يازما، 33-بەت.

سودا چەمبىرىكىگە ئوت قويۇۋېتىشمۇ ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، بۇ ئىشنى يەكەننىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى چاڭچىڭنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. چاڭچىڭ كۇچانىڭ ئىش بىجىرگۈچى ئامبىلى ئورچىڭئاغا «ھەرخىل ئالۋان ـ سېلىق سالماسلىقنى بەگلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويۇش» ھەققىدە ئالاقە ئەۋەتتى. مەمتىلى قاتارلىقلار كۇچاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈز ـ ئابرويى تېپىپ، ئۆزىنى «خەلپە»① دەپ ئاتاپ، ئىبراھىم شەيخ قاتارلىقلارنى باشلىق قىلىپ سايلىدى.

1857 ـ يىلىنىڭ باشلىرى، تۆتىنچى دەرىجىلىك ئىشخان بەگ ئەمەت قوناس يېزىسىغا ئاشلىق ۋە ئالۋان سۈيلەشكە ئادەم ئەۋەتكەندە، مەمتىلى قاتارلىقلار ئاممىنى باشلاپ بېرىپ، بۇ ئادەمنى قاتتىق دۇمبالاپ، كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلدى. ئەمەت ئورچىڭئا بىلەن بىرلىشىپ، مەمتىلى قاتارلىقلارنى ئالداپ تۇتۇشقا ئۇرۇندى. لېكىن، ئەمەتلەرنىڭ بۇ سۈيىقەستىنى ئۇلار بىلىۋالدى. ئەمەت يەنە «نەسىھەت» قىلىشقا ئاخۇنلارنى ئەۋەتتى، ئىبراھىم شەيخ: «ئالۋان ـ سېلىق كۆپ بولۇپ كەتتى، پەقەت ھۆكۈمەتنىڭ بەش خىل ئالۋىنىدىن باشقا ئالۋان چاچماسلىق ھەققىدە ئېلان چىقارسۇن»② دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئورچىڭئا شەھەر ـ يېزىلارغا ئېلان چاپلاپ، دېھقانلارنى تىنچلاندۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئۇ يەنە دېھقانلارنىڭ باشلىقلىرىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەت-

---

① «خەلپە» ئەرەب تىلى بولۇپ، «ھۆرمەتلىك ئۇستاز» دېگەن مەنىدە.

② «چىڭگۇلىق خانىدا بولغان ئىشلار» كۆچۈرمە نۇسخىسى، بېيجىڭ گۇگۇڭ ئارخىپخانىسىدا ساقلانغان. ھۆكۈمەتنىڭ بەش خىل ئالۋىنى: يەر بېجى، ئۆتەڭ ـ قونالغۇ خىراجىتى، چەكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش، سېلىق ئۇچۇن چەكمەن توقۇپ تاپشۇرۇش، خەلق ئىچىدىكى ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش، ھاشارغا چىقىش.

تى. بۇنى دېھقانلار تۇيۇپ قېلىپ، ھاكىمبەگ يامۇلغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، يەتتىنچى دەرىجىلىك بەگ قادىرنى تۇتۇپ گۆرۈ قىلىۋالدى.

1857-يىل 4-ئاينىڭ 3-كۈنى، قوزغىلاڭغا قاتناشقان 2000 دىن ئارتۇق دېھقان پەيزاۋات يېزىسىغا يىغىلىپ، قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى. دېھقانلار كۇچاغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھاكىمبەگ قۇربانغا: ھازىر يۇرت سوراۋاتقان بەگ، ئاخۇنلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، زىناخور ئەمەلدارلار ئىگىلىۋالغان ئاياللارنى قويۇۋېتىش، ھۆكۈمەتنىڭ بەش خىل ئالۋان-سېلىقىنى ئېلىش، ھەرقايسى يامۇللاردىكى «گاشىخا» (مانجۇ تىلى، مۇھاپىزەتچى دېگەن مەنىدە) ۋە «يانچىلار» نى قىسقارتىش، بەگ قاتارلىقلار شەخسەن ئىگىلىۋالغان ھۆكۈمەت يېرىدىكىنى قايتۇرۇۋېلىش قاتارلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئورچىڭشا ئەمەلدارلار ئىگىلىۋالغان 200 دىن ئارتۇق ئايالنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى، ئەمەت ۋە يۈسۈپنىڭ مەنسەپ تاجىسىنى ئېلىپ تاشلىدى، لېكىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي يەنە مەنسىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. مەمتىلى قاتارلىقلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئاتۇشقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئاتۇش مىس كانىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن 700 دىن ئارتۇق كان ئىشچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، 5-ئاينىڭ 6-كۈنى كۇچا شەھىرىگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشقا كېلىشتى. كۈتۈلمىگەندە، 5-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 5-كۈنىگىچە كۇچا رايونىدا ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، كېچە-كۈندۈز يامغۇر ئارىلاش بوران چىقىپ كەتتى، چاڭ-توزان دەستىدىن كۆزنى ئاچقىلى بولمىغان ۋە سوغۇق بولۇپ كەتكەنلىكتىن، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋاقتى كېچىكتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئورچىڭشا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، ئاقسۇ، قاراشەھەردىن ياردەمچى قوشۇن

يۆتكەپ كەلدى. ھەممە دېھقانلار قوشۇننى پارچىلىدى. ھاكىم بەگ ئاق لاتىدىن «ياخشى مۇسۇلمان» دېگەن بەلگىنى ياساپ، ئۇنىڭغا ئىسمىنى يېزىپ، ھۆكۈمەت تامغىسىنى بېسىپ، ئۇنى ئۇلارنىڭ سول مۈرىسىگە تىكىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن تاغئىبرىقلىق دېھقانلار ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلاردىن 47 كىشىنى قولغا ئالدى. ئۇرچىڭغا كۆچادا گۇندىخانا يوق دېگەننى باھانە قىلىپ، سوراق قىلمايلا 15 كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مەمتىلى قاتارلىقلار قوزغىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ ئىشخىلا يېزىسىدىن يۆتكىلىپ ئاقسۇدىكى قاراتال دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، مەمتىلى، ئىبراھىم شەيخ قاتارلىقلار ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى، كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ مال مۈلۈكلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىندى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دېھقانلارنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆتكەن يېزىسىنىڭ يەر بېجىدىن ئوندىن ئىككى قىسمىنى، تاغئىبردىق يېزىسىنىڭ يەر بېجىدىن ئوندىن ئۈچ قىسمىنى، جەمئىي 1007 دادەن بەش كۈرە بۇغدايىنى كەچۈرۈۋەتتى. ئۇرچىڭغا مالاي خىزمەتكارلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ، قالايمىقان باج-سېلىق ئالغانلىقى ئۈچۈن، «مەنسەپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ جازاغا تارتىلدى». ئەمەت قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە جازالاندى.

1858-يىلى قىش باشلانغاندا، قەشقەردە يېڭى ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەرنىڭ دېھقانلىرى غەللە-پاراق تاپشۇرۇشقا قارشى چىقىپ، جېدەل چىقاردى. 1860-يىلى يەكەن تەۋەسىدىكى توققۇز چويۇن يېزىسىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار «غەللە-پاراق تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسەتتى». شۇ يىلى يەكەن ھاكىم بېگى قاتارلىقلار خالىغانچە باج-سېلىق چاچقانلىقتىن، ئابدۇسايىت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئاممىنى توپلاپ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرىدى،

«ھەتتا زور ۋەقە كېلىپ چىقىشقا تاسلا قالدى». 1862 - يىلى، خوتەن ئالتۇن كېنىدىكى كانچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شۇ يىلى كۇچادىكى مۇھەممەت، بايدىكى ئەيسا گۇمبەز قاتارلىق كىشىلەر باج - سېلىقنى كېمەيتىشنى تەلەپ قىلىپ، قورالىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

1863 - يىلى، ئىلى سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى) تەۋەسىدىكى سەنداۋخوزا يېزىسىدىكى خۇيزۇ ياڭ سەنشىڭ ۋە قىلىچۋاز مائېر قاتارلىقلار شەنشى - گەنسۇ خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ھەم چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ خۇيزۇلارنى باستۇرۇشىدىن غەزەپلىنىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تالچى يېشىل قوشۇندىكى خۇيزۇ ئەسكەرلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، تالچى قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى، ئىلى جياڭجۈنى چاكچىلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇردى. قوزغىلاڭچى خۇيزۇلاردىن 100 دىن ئارتۇق كىشى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى، ياڭ سەنشىڭ قاتارلىق 26 كىشى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى.

2. 1864 - يىلىشىنجاڭدا يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى

1864 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كۇچادا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كۇچا شەھىرىنى ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، قوزغىلاڭ دولقۇنى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلىدى، بۇنىڭ بىلەن كۇچا، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى، خوتەن قاتارلىق بەش قوزغىلاڭ مەركىزى شەكىللەندى. تارباغاتاي قاتارلىق جايلارنىمۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىشغال قىلدى.

1864 - يىلى ئەتىيازدا، كۇچانىڭ ئۆگەن دەرياسى بويى

دا ئۆستەڭ چېپىپ بوز يەر ئېچىۋاتقان دېھقانلاردىن ئاچ-يالىڭاچلىق، ئېغىر ئەمگەك ۋە تاياق ئازابىدا نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. دېھقانلاردىن توختى نىيازقارى قاتارلىقلار باشلامچىلىق بىلەن قوزغىلاڭ ئوتىنى لاۋۇلدىتىپ، بىر كېچىدىلا ئىككى ئەمەلدار ۋە 15 بەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئارقىدىنلا كۇچاغا يۈرۈش قىلدى. كۇچا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇلارمۇ قوزغىلىپ ئۇلارغا ئاۋاز قوشتى. يەرلىك خۇيزۇلاردىن مالۇڭ، ماسەنباۋ قاتارلىقلار يۈيمېندىن مەخپىي كەلگەن خۇيزۇ ياڭ چۈن بىلەن بىرلىكتە ئامىمنى باشلاپ توقسناي (ياقا) قوشناۋاتتىكى ھەربىي راباتقا ئوت قويۇپ، كۇچا شەھىرىنى قورشىۋالدى، ئارقىدىنلا شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى جايلارغا ئوت قويۇۋەتتى. 6-ئاينىڭ 6-كۈنى كۇچا شەھىرىنى ئالدى.

جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە سىياسىي سەۋەب تۈپەيلىدىن، 1864-يىلى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىدا، كۇچا قوزغىلىڭى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. قوزغىلاڭنىڭ دەسلىپىدە، كۇچا دېھقانلىرى كۇچانىڭ ئىشانچىخانى ئەھمەت① نى ئۆزلىرىگە يولباشچى بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئەھمەت قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاچقا، قوزغىلاڭچىلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچى دېھقانلار كۇچادىكى جالالىدىن جەمەتىدىن مەدەت تىلىدى. بۇ جەمەتتىكى راشىدىن قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن يولباشچى قىلىپ كۆتۈرۈلۈپ، «پەيغەمبەرنىڭ تاللانغان ئەۋلادى، زەپەر قوچقۇچىلارنىڭ

① ئەھمەت ۋارىسلىق قىلغان ئىشانچىخان بولۇپ، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەن چىڭمەن دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ خان ئوردىسىدا كىرىش شەرىپىگە ئىگە ئىدى. بۇرۇن يەكەننىڭ ھاكىم بېگى بولغان، 1861-يىلى ئۆز يۇرتى كۇچاغا يالاپ ئاپىرىلغان.

ئاتىسى، سەيىدغازى راشىددىن خان خوجام» دېگەن ھۆرمەت نامىغا ئىگە بولدى، ئۇ ئۆزىنى «خان خوجا» دەپ ئاتىدى.

راشىددىن خان بولغاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم پەرمان ئېلان قىلىپ، بۇرھانىددىن (راشىددىن خوجىنىڭ تاغىسى، كېيىن خېتىپ خوجا دەپ ئاتالغان) ۋە مەھمۇددىن (راشىددىن خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى)نى كۇچانىڭ غەربىگە يۈرۈش قىلىپ، باي، ئاقسۇ، يەكەن، قەشقەرنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىشقا ھەمدە پامىر تېغىنىڭ غەربىگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى①. بۇرھانىددىن قاتارلىق 168 كىشى كۇچادىن سەپەرگە ئاتلاندى، ئۇلارنىڭ قوشۇنى يول بويى ئۈزلۈكسىز زورايدى، ئۇلار باي، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى جەڭلەردىن كېيىن، شۇ يىلى 11-ئايدا قەشقەر شەھىرىگە قىستاپ باردى، ئۇلار قەشقەردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ يولباشچىسى سىددىق بىلەن بىر-بىرىگە چېقىلماسلىق ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

1865-يىل ئەتىيازدا، شەيخ نەزەر (راشىددىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى) 7000 كىشىلىك كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى باشلاپ يەكەنگە يۈرۈش قىلدى، ئۇلار مارالبېشىغا يېتىپ بارغاندا، شۇ جايدا بوزيەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان خۇيزۇ ۋە خەنزۇ دېھقانلىرىدىن 200 دەك كىشى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قوشۇلدى. يەكەندە كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىلەن تىركىشىدىغان ئۈچ ھەربىي كۈچ بار ئىدى، يەنى ئابدۇراخمان باشچىلىقىدىكى يەرلىك كۈچ، يەكەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خۇيزۇلار قوشۇنى ۋە يەكەن يېڭىشەھەردە مۇھاسىرىدە قالغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى بار ئىدى. يەكەندىكى دېھقانلار ئامبـ

① «تارىخىي ھەمىدى». داپكرانى باسمىسى 2-قىسىم.

ئىشى گەرچە شەيخ نەزەرنىڭ خوجىلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، لېكىن نەزەر بۇ جايدا باشتىن-ئاياغ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىيەلمىدى، يەكەن ئەھلىيىتىدە ھەر قايسى كۈچلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا بۆلۈنمە ھالەتتە تۇراتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى يەكەندە ئۇزاق مۇددەت يوق ئىرەپ ئۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ ئاقسۇغا قايتتى.

1865-يىل 6-ئايدا راشىدىن خوجا يەنە كۇچانىڭ شەرقىگە يۈرۈش قىلىشنى ئۇيۇشتۇردى، بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەت «شەرققە يۈرۈش قىلىش» دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭغا ئىسھاق خوجا (راشىدىن خوجىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى) قوماندانلىق قىلدى. شەرققە يۈرۈش قىلغان كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى تۇرپان، ئۈرۈمچى، ماناس، گۇچۇڭ، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىر مەھەل بارىكۆل شەھىرىنىڭ بېقىنىدا تىركەشتى.

شەرققە يۈرۈش قىلىش غەلىبىسىنىڭ ئىلھامى بىلەن 1866-يىلى يازدا، راشىدىن خوجا يەنە ئىككىنچى قېتىملىق يەكەن جېڭىنى ئۇيۇشتۇردى، 70 مىڭ كىشىلىك كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى مارالبېشى ئارقىلىق يەكەنگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار يولدا ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى (كېيىنكى بايانغا مەخسۇس بايان قىلىنىدۇ) بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىرھەم يېڭەلمىگەن كەينىگە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق يەكەنگە يۈرۈش قىلىش جېڭى تايىنسىزلا ئاياغلاشتى.

1866-يىلىنىڭ باشلىرىدا راشىدىن خوجا شەرققە يۈرۈش قىلغان قوشۇننىڭ ئاساسىي قىسمىنى يۆتكەپ، يەكەنگە ئۈچىنچى قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى. كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئاۋۋال يەكەن كونىشەھەرنى ئىشغال قىلدى. بۇ

چاغدا ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېرىپ، مارالبېشىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ كۇچا قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئارقا يولىنى ئۈزۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى قېتىملىق يەكەنگە يۈرۈش قىلىش جېڭى يەنە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، راشىدىننىڭ تيانشاننىڭ شىمالىدىكى تەسىر دائىرىسىمۇ ئارقا-ئارقىدىن قولدىن كېتىپ، كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ تەسىر دائىرىسى پەيدىنپەي ئاقسۇدىن كورلىغىچە بولغان لىنىيە بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى.

قەشقەردە ئاق تاغلىقلارنىڭ كاتتىبېشى توختى مامۇت ئەلەم قەشقەر كونىشەھەرنى ئىگىلەپ ئۆزىنى خان دەپ ئاتىۋالدى. پەيزاۋاتتىكى خۇيزۇ فېئودال جىن شياڭيىن ئاتالا، قىرغىز قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سىدىق بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، توختى مامۇت ئەلەمنى قوغلاپ چىقىرىپ خانلىق تەختىنى تارتىۋالدى. 7-ئاينىڭ 26-كۈنى، يەكەن ھاكىم بېگى قوشۇن باشلاپ بېرىپ كونىشەھەرنى ئىشغال قىلدى. 7-ئاينىڭ 29-كۈنى، يېڭىسار يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ باقاۋۇلى لەن چۇنغا، قەشقەرنىڭ لەشكەر بېشى ۋاڭ دېچۇن قاتارلىقلار يەرلىك خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىشىپ يېڭى شەھەرنى ئىشغال قىلدى. قوقەنلىك سودىگەرلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى ئارقىسىدا، قەشقەردىكى 24 نەپەر بەگ، ئاخۇنلار بىرلىشىپ قوقەن خانلىقىغا خەت يېزىپ قەشقەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ سىدىقنى قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى، سىدىقمۇ قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، قوقەنگە ئادەم ئەۋەتىپ، خوجا ئەۋلادى بۇزرۇكخاننى قەشقەرگە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇقىملاشتۇرماقچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلار شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا

زور داۋالغۇش پەيدا قىلىپ، بۆرىنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەن تارىخىي جىنايەتچىگە ئايلاندى.

1864-يىلى (چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 3-يىلى) 7-ئاينىڭ 13-كۈنى، ئۈرۈمچى لەنسەندە خۇيزۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، داۋانچىڭنى ئىشغال قىلدى. 7-ئاينىڭ 15-كۈنى، خۇيزۇ ئاخۇن تومىڭ (تودىلىن، يەنە بىر ئىسمى داۋۇت خەلىپە) بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق يېشىل تۇغلۇق قوشۇننىڭ بارگاھ لەشكەر بېشى سوخۇەنجاڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ كۇچاغا ياردەمگە كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاممىنى باشلاپ ئۈرۈمچىدىكى خەنچېڭنى ئىشغال قىلدى. شۇ كۈنى سانجىدىكى خۇيزۇلار ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلدى. 7-ئاينىڭ 22-كۈنى، خۇيزۇ تىي فۇيۇەن ماناستا قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئەتىسى كۈچۈك خەلقى «شەھەرگە تۆت تەرەپتىن ئوت قويۇپ ھۇجۇم قىلدى». 9-ئاينىڭ 29-كۈنى، قۇمۇلدا خۇيزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. مورى، جىمسار، قۇتۇبى، قاراشەھەر، قۇرقارائۇسۇ (ھازىرقى شىخو) قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەرمۇ ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 10-ئاينىڭ 3-كۈنى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۈرۈمچىدىكى مەنچىڭ قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى.

1865-يىلى 3-ئايدا، تومىڭ (داۋۇت خەلىپە) ئۈرۈمچىدە ئۆزىنى «مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاڭى» دەپ ئاتاپ، ماشېڭ قاتارلىق 10 كىشىنى ئەمىر لەشكەرلىككە ئۆستۈردى، ئاندىن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقلىرىنىمۇ ئەمىر لەشكەرلىك ئۇنۋانى بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن سوخۇەنجاڭنىڭ مەنسىپىنى تۆۋەنلىتىپ، تۇرپانغا سۈرگۈن قىلدى. تومىڭ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن

تەرەپ ـ تەرەپتە جەڭ قىلدى، ئۇ ئەسكەر ئەۋەتىپ تۇرپان، قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلدى. 1867 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، تومىلىك يەنە ئىلىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئىلىدىكى خۇيزۇلارنىڭ باشلىقى ماۋەنشىن قاتارلىقلارغا ياردەملىشىپ، ئىلىنىڭ سۇلتانلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ قىرغىن قىلىشتى. 1868 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تومىلىك گۇمانخورلۇق قىلىپ رەھبىرىي تايانچىلاردىن ماتەي قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكتىن، قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ قويدى.

چىلىك سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان ئىلىدىمۇ خۇيزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. خۇيزۇلارنىڭ كاتتىباشى ماۋەنشىن (بىر ئىسمى ياقۇپ) قاتارلىقلار چىلىك سۇلالىسى قوشۇنى تەرەپ ـ تەرەپتە دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھاكىم بەگ ئابدۇرۇسۇل قاتارلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «ئەمەلدار زۇلۇم سالسا، خەلق ئىسيان كۆتۈرىدۇ» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ، ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە ئوت قويۇۋەتتى، ئەتىسى غۇلجا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. قازاقلارمۇ يىراق ـ يىراقلاردىن كېلىپ قوزغىلاڭغا قاتناشتى، قوشۇن ئەسكەرلىرىدىن گېنلاپا «مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلدى». ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىلىك سۇلالىسىگە قارشى قوشۇنلىرى تېز ئۆلغىيىپ 30 مىڭ كىشىدىن ئاشتى، ئۇلار غۇلجا شەھىرىنى بازا قىلىپ، كۈرە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان. چاڭچىلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، مىڭشۈي ئىلى جياڭجۈنلىكىگە تەيىنلەندى، ئۇ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان ھاكىم بەگ مەزمۇنزاتىنى قويۇپ بېرىپ، ئۇنى غۇال

جا شەھىرىگە قوزغىلاڭچى ئاھالىنى تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىشقا ئەۋەتتى. مەزھەم زات پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى. 1866-يىلى 3-ئاينىڭ 8-كۈنى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كۇرە شەھىرىنى ئىشغال قىلدى، ۋەزىيەت ئىلىپ تاشلانغان سابىق ئىلى جياڭجۈنى، سۈيدۇڭ شەھىرىنى تەقدىم قىلىپ تەسلىم بولدى، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىلىدىكى توققۇز سۇمۇلنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى.

ئىلى قوزغىلىڭىدىن كېيىن، مەزھەم زات ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىغان. مۇۋەققەت ھاكىم بەگ ئابدۇرۇسۇلنى ئەمىر، نەسرىدىننى قازى كالان، موللا شەۋكەتنى مۇپتى قىلىپ تەيىنلىدى. سۇلتانلىق ھوقۇقنى تالىشىش يۈزىسىدىن ئىلى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدا ئارقا-ئارقىدىن ئىچكى نىزا پەيدا بولغان. ئافغانىستانلىق مەھمۇد ئەھمەتخان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھەججەت تويدۇرۇپ چىقىپ، ئابدۇرۇسۇل ئاسىيلىق قىلىپ دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈردى دەپ يالغان ئېيتىپ، ئۇنى قولغا ئالدى. كېيىن نەسرىدىننى قاماپ، مەزھەم زاتنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى سۇلتان بولدى. مەھمۇد 36 كۈن ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن تەختتىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، موللا شەۋكەت سۇلتانلىق تەختىگە چىقىرىلدى. 1866-يىلى 3-ئايدا، ئەمىر ئەلاخان موللا شەۋكەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىلى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ھاكىمىيىتىنىڭ سۇلتانى بولدى. موللا شەۋكەت، مەھمۇد، مازەھىشىن قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ ئەلاخانغا قارشى تۈزۈش قوزغىدى، كېيىن مەغلۇپ بولدى، ئۈچ كىشى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى.

كۇچا قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئەسلىدە

تبايدا ھاكىم بەگ بولغان تۆمۈر غازى يۇرتى خوتەنگە يوشۇ-
رۇن قايتىپ بېرىپ، مەككىدە ھەج قىلىپ ئەمدىلا قايتىپ
كەلگەن مەھكىمە شەرئىي مۇفتى ھەبىبۇللا ھاجى بىلەن ئالاقە
باغلاپ خوتەننى ئىگىلىگەنىدى. كېيىن ھەبىبۇللا ھاجى ئۆزىنى
«پاشا» دەپ ئاتىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئوغلىنى قوقەن خانلىقىغا
مەدەت تىلەشكە ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى
كۈچەيتمەكچى بولدى. قوقەن خانلىقى 250 ئەسكەرنى
خوتەنگە ئەۋەتتى، ئۇلار قەشقەردىن ئۆتكەندە قوقەنلىك
ھەربىي قوماندان ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى،
ئوفىتسېر مىرزا بابا ئىككى نەپەر خىزمەتچىسى بىلەن بىللە
خوتەنگە يېتىپ باردى. ھەبىبۇللا ھاجى ئۆزىنىڭ
ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەھمەد مىراب بەگنى كۇ-
چاغا ئەۋەتىپ، راشىددىن خوجىغا ئۇنىڭ پۇقراسى بولۇشنى
ئىلتىماس قىلدى.

تارباغاتايدىكى خۇيزۇلار 1863 - يىلى ۋە 1864 - يىلى
ئىككى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان بولسىمۇ،
دىنىي ھوقۇقنى ئىگىلىگەن ئاخۇن شى جىنىدۇنىڭ خائىنلىق
قىلىشى بىلەن مەغلۇپ بولدى. 1864 - يىل 8 - ئايدا، خۇيزۇ-
لاردىن 260 كىشى شەھەر سىرتىدىكى مەسچىتتە ئامىمىنى
يىغىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، خۇيزۇ ئوفىتسېر مىچىڭ (مىشىڭ
دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى، مىچىڭ شۇ
مۇناسىۋەت بىلەن دەرىجە ئاتلاپ ئورۇنباسار سانغۇنلۇققا
ئۆستۈرۈلدى. 1865 - يىلى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (دېھقانلار
كالېندارى بويىچە 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) سۈيدۈڭدىكى خۇيزۇ،
قازاق خەلقىدىن 200 نەچچە كىشىنى باشلاپ شەھەرگە
ھۇجۇم قىلدى، مىچىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭچى-
لار قوشۇنىغا سىڭىپ كىرىۋېلىپ، مەسلىھەتچى ئامبال شى

لىن قاتارلىق كىشىلەرنى قىلتاققا چۈشۈرۈپ قەتل قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، تارباغاتاي قوزغىلىڭى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى.

بۇ بابتىن قىسقىچە خۇلاسە: ئەپيۇن ئۇرۇشى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭگو جەمئىيىتى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ئازگىلىغا پېتىپ قالدى. جۇڭگو تارىخىدىكى مۇناسىپ ھالدا يېقىنقى زامان تارىخى دەۋرىگە قەدەم قويدى. يېقىنقى زاماندىكى غەرب كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقىدا، چار پادىشاھ روسىيەسى ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈردى. روسىيە ئاۋۋال بىرىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىنى ئېچىپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى «ئىلى، تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى» نى ئىمزالاپ، ئىلى، تارباغاتاينى روسىيەگە سودا بازىرى قىلىپ ئېچىپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى. شۇنىڭغا ئۇلاپ، ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن جۇڭگونىڭ تېخىمۇ ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى «غەربىي شىمالدىكى چېگرىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش كېلىشىمى» نى ئىمزالاشقا مەجبۇر قىلىپ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدىكى 440 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى. چار روسىيەنىڭ شىنجاڭغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى ۋە باسمىچىلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. 1855-يىلى پارتلىغان تارباغاتايدىكى سودا چەمبىرىكىگە ئوت قويۇۋېتىش ۋەقەسى بۇنىڭ بىر گەۋدىلىك مىسالى.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى تېخىمۇ چىرىكلىشىپ ۋە زەئىپلىشىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەت، سىنىپىي زىددىيەت كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. شەنشى-گەنسۇ خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، 1864-يىلى شىنجاڭدىمۇ كەڭ كۆلەمدە دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. لېكىن سىنىپىي ۋە ئىجتىمائىي چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن، بىر مەيدان داغدۇغىلىق چوڭ قوزغىلاڭ فېئودال بۆلۈنمىچىلىك چوڭ يېغىلىقىغا ئايلىنىپ كېتىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

## ئۆگىنىش ۋە مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. چار روسىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.
2. «جۇڭگو-روسىيە ئىلى، تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى» نىڭ شىنجاڭغا يەتكۈزگەن زىيانلىرىنى تەھلىل قىلىپ بېقىڭ.
3. 1864-يىلى شىنجاڭدا كەڭ كۆلەمدە يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلاش سەۋەبلىرىنى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەھلىل قىلىپ بېقىڭ.
4. «جۇڭگو-روسىيە غەربىي شىمالدىكى چېگرىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش كېلىشىمى» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟
5. ئەنگلىيە، روسىيە ئەپيۇنلىرىنىڭ شىنجاڭغا يەتكۈزگەن زىيانلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىڭ.

# VIII باب غەربىي شىمال چېگرا رايونىدىكى خەۋپنىڭ ئېغىرلىشىشى ۋە شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشى

XIX ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرى جۇڭگونىڭ ۋەزىيىتىدە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش بولدى. ئەنگلىيە، روسىيە، فرانسىيە قاتارلىق كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەر تەڭسىز «بېيجىڭ شەرتنامىسى» دىن پايدىلىنىپ، جۇڭگودىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى جېنىنىڭ بارىچە كېڭەيتىش بىلەن بىللە، جۇڭگونىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ۋەقە پەيدا قىلىپ، جۇڭگو زېمىنىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالدى. بۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەن خانلىقى ۋە چارروسىيىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ، غەربىي شىمال چېگرا رايونىدا پەيدا قىلغان خەۋپنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، كەلتۈرۈپ چىقارغان جاراھىتى ئەڭ ئېغىر، زىيىنى ئەڭ زور بولدى.

## § 18. ياقۇپ بەگ ۋە چارروسىيىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى

### 1. ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۆرىشى

قەشقەر قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، قەشقەر كونا شەھەردە تۇرۇۋاتقان قوقەنلىك سودىگەرلەر پۇرسەتتىن پايدى-

لىنىپ قول تىقىپ، بىر قىسىم بەگ، ئاخۇنلارنى قوقەن خانلىقىغا خەت ئەۋەتىشكە كۈشكۈرتۈپ، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن سىدىق بەگنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئۇرۇندى①. قەشقەر كونىشەھەرنى بېسىپ ياتقان سىدىق بەگمۇ، قوقەندە قېچىپ يۈرگەن جەنۇبىي شىنجاڭلىق خوجا ئەۋلادلىرىنى قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى كۈچەيتىش غەرىزىدە جىن شياڭيىنى ئالاقە باغلاش ئۈچۈن قوقەنگە ئەۋەتتى. ئۇ چاغدا قوقەن خانلىقى چارروسىيىنىڭ يۇتۇۋېلىشىغا قارشى كۆرەش قىلىۋاتقان بولغاچقا، تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىپ قەشقەرگە ئارىلىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، لېكىن بەگ-تۆرىلەر بۇنداق «ياخشى پۇرسەت» نى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىماي، ياقۇپ بەگنى قەشقەرگە ئەۋەتىشنى قارار قىلىشتى.

ياقۇپ بەگنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ياقۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەنلىك. 1820-يىلى قوقەن خانلىقىنىڭ پىسكەنت بازىرى (تاشكەنتكە جەنۇبىتىن 80 كىلومېتىر كېلىدۇ) دا تۇغۇلغان. ئۇ قوقەن خانلىقىنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان سىياسىي ۋەزىيىتىدە پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىش جەھەتتە داڭق چىقارغان. بۇ قېتىم ياقۇپ بەگ «قوش بېگى» (ئەمىردىن كېيىن تۇرىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋان) قىلىپ ئۆستۈرۈلۈپ، «لەشكەر بېشى» (باش قوماندان دېگەن مەنىدە) ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپ، خوجا ئەۋلادى بۇزرۇكخاننى ئەگەشتۈرۈپ، تاشكەنتتىن شەرققە قاراپ يولغا چىقتى.

1865-يىلى 1-ئايدا، ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ يېقىن تايانچلىرىدىن 68 كىشىنى يىغىپ، جىن شياڭيىنىڭ يول

① ھاجى يۈسۈپ: «جامىئۇل تارىخ»، خەنزۇچە قىسقارتىلغان تەرجىمە كۆپىيىسى

باشلىنىش بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ئۇلار خوجا ئەۋلادى بۇزرۇكخاننىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ، يول بويى ھەر خىل كىشىلەرنى ئۆزلۈكسىز يىغىپ، تاجاۋۇزچىلىق قوشۇنىغا قوشتى، قەشقەرگە 70 كىلومېتىر كېلىدىغان مىڭ يول قاراۋۇلخانىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بۇ تاجاۋۇزچى قوشۇن دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. سىددىق بەگ ئەسلىدە خوجا ئەۋلادلىرىنى كۈتۈۋالماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۇ جىقلا ئادەمدىن تەركىب تاپقان قوقەن تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى كۆرۈپ، قاتتىق بىئارام بولدى ۋە خەۋپسىرىدى. قىرغىز خەلقى چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەت، ئۇلار تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تونۇغاندىن كېيىن، قىلچە ئىككىلەنمەي، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ھەققانىي تۇغنى كۆتۈردى. 3 - ئايدا سىددىق بەگ يېڭىساردا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ياقۇپ بەگ ئىشغال قىلغان قەشقەر كونىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى، لېكىن ھەل قىلغۇچ جەڭدە سىددىق بەگ مەغلۇپ بولۇپ، نائىلاج تاشكەنتكە قېچىپ كەتتى. سىددىق بەگ بۆرىنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، ئۆزىگە ئۆزى بالا تاپقانىدى. قىرغىز خەلقى قەشقەردىكى جەڭدە، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىنىڭ تۇنجى ئوقىنى ئاتتى.

بۇ چاغدا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاساسلىق كۈچلەردىن، كۇچانى بېسىپ ياتقان راشىددىن خوجا، خوتەننى بېسىپ ياتقان مۇپتى ھەبىبۇللا ۋە قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلاردا قاۋۇسلىپ قالغان بىرقانچە مىڭ چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بار ئىدى. XIX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن كېيىن، قوقەن خانلىقى كۆپ قېتىم خوجا ئەۋلادلىرىنى ئالدىغا سېلىپ ئەكىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئاياغ

ئاستى قىلغان. ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقلىرى ۋە شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا سالغان زىيانلىرىنى تېخى ئېسىدىن چىقارمىغانىدى. شۇڭا بۇ قېتىم ياقۇپ بەگ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرگەندە، ھېچ كىشى ھەمدەم بولمىدى. ئۇ پەقەت قەشقەر كونىشەھەرنى ساقلاپلا ياتتى، لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى بۆلۈنمە كۈچ-لەر، چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش يولىدا دەماللىققا بىرلىشەلمىدى. بۇ، ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەردە پۇت تىرەپ تۇرۇشىغا ھەمدە تەرەپ-تەرەپكە تاجاۋۇزچىلىق تىرنىقىنى سوزۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

يەكەننىڭ ھاكىم بېگى نىياز، يەرلىك خۇيزۇلار قوشۇنى ۋە راشىددىن خوجا كۈچلىرىنىڭ بىرلىشىپ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا دۇچ كېلىپ، قەشقەردىكى بۇزرۇكخاندىن ياردەم سورىغاندا، ياقۇپ بەگ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىرنەچچە يۈز كىشىلىك تاجاۋۇزچى قوشۇننى باشلاپ يەكەنگە كىردى. يەكەن شەھىرىنىڭ سىرتىدا، خۇيزۇلار قوشۇنى بىلەن كۈچا بىرلەشمە قوشۇنى ئۇستۇن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ياقۇپ بەگكە ھۇجۇم قوزغىدى، تاجاۋۇزچى قوشۇن «ئەنجانلىقلارنى ئۆلتۈرەيلى» دېگەن نەرە ساداسى ئىچىدە پۈتۈن سەپ بويىچە بىتچىت بولۇپ كەتتى. ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلغان ياقۇپ بەگ ھالسىزلىنىپ قېپقالغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېچىلەپ قەش-قەرگە قاراپ چېكىندى.

ياقۇپ بەگ يېڭىسالگەن قوشۇنىنى باشلاپ يېڭىسارغا كەلگەندە، كونىشەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان تاجاۋۇزچى قوشۇن شەھەرنى ئېلىپ، يېڭىسار خەنچېڭگە ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى. ياقۇپ بەگ يېڭىساردا توختاپ، ئەسكەر يۆتكەپ خەنچېڭگە قىلغان ھۇجۇمنى كۈچەيتتى، شەھەرنى ساقلاۋاتقان چىڭ سۇ-

لالىسى قوشۇنى 4-ئاينىڭ 11-كۈنى شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ تەسلىم بولدى. يېڭىسار، ياقۇپ بەگ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن قورال كۈچى بىلەن ئىشغال قىلغان تۇنجى شەھەر ئىدى، يېڭىسارنىڭ قولدىن كېتىشى تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ خىرىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ قويدى، شۇنداقلا ياقۇپ بەگ قەشقەردىن يېڭىسارغىچە بولغان يەرنى كونترول قىلىپ، ستراتېگىيىلىك ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ياقۇپ بەگ بىر تەرەپتىن بۇ «غالىبىيەت» خەۋىرىنى ۋە توقسۇز نەپەر ھەر مىللەت جۇڭگو قىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئۇرۇش غەنىمەت»لىرىنى قوقەنگە ئەۋەتىپ تۆھپىسىنى مەلۇم قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قوقەن خانلىقىنىڭ مۇددىئاسىغا ئاساسەن، بۇزرۇكخاننى «خانلىق قائىدە-يوسۇنلىرى بويىچە» رەسمىي خانلىق تەختىگە چىقىرىپ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئەپت-بەشىرىسىنى يوشۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلىقىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. 1865-يىلى 6-ئايغا كەلگەندە، ياقۇپ بەگ بۇزرۇكخاننىڭ نامىدا بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك تاجاۋۇزچى قوشۇن توپلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 400 دىن ئارتۇق كىشى ئارقا-ئارقىدىن قوقەندىن كەلگەن «ئەنجانلىقلار» ئىدى، ياقۇپ بەگ ئۇلارنى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەپ، تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ يادروسى قىلدى.

يەكەن بىلەن كۇچانىڭ بىرلەشمە قوشۇنى، ياقۇپ بەگكە قايتۇرما زەربە بېرىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم بىرلىشىپ بىۋاسىتە قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قوقەن تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشقا كىرىشتى. راشىددىن خوجا كۇچا، ئاقسۇ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، سارىلبېشىدىن يېڭىسار،

ئەتراپىغا يۆتكەلدى. لېكىن بۇ چاغدا يەكەندىكى خۇيزۇلار قوشۇنى خەنچېڭغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش، ئۆزىنىڭ كۈچىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش بىلەن بەند بولۇپ كېتىپ، كېلىشكەن ۋەدە بويىچە ۋاقتىدا قوشۇن ئەۋەتمىدى. نەتىجىدە، كۇچا تەرەپنىڭ قوشۇنى يەككە-يېگانە ھالدا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى خانئېرىق (يېڭىسار بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدا) تا ياقۇپ بەگ تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە دۇچ كېلىپ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچى تازغۇن (قەشقەرنىڭ جەنۇبى) دا روبىرو ئېلىشتى، كۇچا قوشۇنى ئاۋۋال ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، بىر مەھەل دۈشمەننىڭ قوماندانلىق مەركىزىگە يېقىنلاشتى، ياقۇپ بەگنىڭ بىرنەچچە يېرىگە ئوق تېگىپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى. لېكىن كۇچا قوشۇنى قوماندانلىقىدا سەۋەنلىك ئۆتۈلگەچكە، ياقۇپ بەگ گۆر ئاغزىدىن قېچىپ كەتتى. كۇچا قوشۇنى كەچتە مارالبېشىغا قايتىپ چېكىنىدى. ياقۇپ بەگ قوشۇنىنى قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېلىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان مۇھاسىرىدە قالغان قەشقەر يېڭىشەھەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ ۋاقىتتا، ئوردىدىكى پۈت تېپىشىشتە بەرھەم يېگەن بىر تۈركۈم قوقەن ئەمەلدارلىرى 7000 دىن ئارتۇق تاجاۋۇزچى قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە قېچىپ كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوردا خاس مۇلازىمى يۇنۇسجان، تاشكەنتتىكى قوقەن ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بىك مۇھەممەد قاتارلىق مۇھىم ئەمەلدارلار بار ئىدى. ئۇلارمۇ ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ۋەلىخان قاتارلىق خوجا ئەۋلادلىرىنى ئالدىغا سېلىپ قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ،

جەلۇبەي شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىشقا ئۇرۇندى. قىسقا كۈچ سىناشقان ۋە ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، بۇ بىر تۈركۈم تاجاۋۇزچىلار ياقۇپ بەگ بىلەن بىرلىشىش ھەمدە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا قاتنىشىش قارارىغا كەلدى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەمەلدارى خې بۇيۈن ياقۇپ بەگكە تەسلىم بولدى. ياقۇپ بەگ قوشۇنى قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قاتتىق قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىپ، شەھەرنى «ئۇدا يەتتە كۈن بۇلىدى». بۇ چاغدا قوقەن خانلىقى چاررۇسىيەنىڭ يەم قىلىۋېلىشى ۋە ئىچكى قىسمىدىكى پۈت تېپىشىش نەتىجىسىدە تېزلىكتە پارچىلانغانىدى، بۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگ ھەم چېكىنىش يولىدىن مەھرۇم بولدى، ھەم يۆگەندىن قۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگ شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش كويىغا چۈشتى.

كۆپ ئۆتمەي، ياقۇپ بەگ يەكەنگە ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ياقۇپ بەگ بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن نىياز يەكەن كونىشەھەرنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭى شەھەرنى قوغداۋاتقان خۇيزۇ خەلق ئەسكەرلىرى، كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا قىلچە قورقمىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن ياقۇپ بەگ باشلاپ كەلگەن بىر قىسىم خۇيزۇلار قوشۇنىنى ئىچىدىن ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئۈندەپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى تەرەپتىن ماسلىشىشى بىلەن تاجاۋۇزچى قوشۇنغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ياقۇپ بەگنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. دۈشمەن لاگېرى ئىچىدىكى قىرغىزلار قوشۇنىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈردى. بۇ ۋاقىتتا يەكەندە يېڭىشەھەردىكى خۇيزۇ خەلق ئەسكەرلىرى، كونىشەھەردىكى نىياز قوشۇنى،

ئىسيان كۆتۈرگەن قىرغىزلار قوشۇنى ۋە ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنىدىن ئىبارەت تۆت تەرەپ كۈچ شەكىللەنگەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ياقۇپ بەگنىڭ تىزگىنىدىكى تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ ئادىمى ھەممىدىن ئاز بولۇپ، «تايىنىشقا بولىدىغان يېقىن ساداقەتمەنلىرى 500 گە يەتمەيتتى». قالغان ئۈچ تەرەپ «ناۋادا بىر سوتكا ئىچىدە مۇرەسسەگە كېلەلىسىلا ياقۇپ بەگنىڭ تۈگىشىشى شۇ ئىدى»① لېكىن ئۈچ تەرەپ ھەرقايسىسى ئۆزى بىلگىنىنى قىلدى، قىرغىزلار قوشۇنى ھەممىدىن ئاۋۋال بۇزرۇكخاننى تىللەپ، قەشقەرگە بېرىپ «ھوقۇق تارتىشىش» قا ئۇرۇندى، ياقۇپ بەگ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خۇيزۇلار قوشۇنى بىلەن «سۆزلىشىپ»، تېزلىكتە جەڭدىن چېكىنىپ چىقىپ، تېز سەپەر قىلىپ قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال قىرغىزلار قوشۇنىنى چېكىندۈردى، ئاندىن ۋەلىخاننى ئۆلتۈردى، بۇزرۇكخاننى نەزەربەندكە ئالدى.

1866-يىلى 6-ئايدا، ياقۇپ بەگ قوشۇنىنى باشلاپ يەكەنگە ئۈچىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا ئىسھاق باشچىلىقىدىكى كۇچا قوشۇنى يەكەندە مۇداپىئە كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەرنى ساقلاۋاتقان 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا زەربە بېرىشكە تەييار تۇرغان ئىدى. يېڭىشەھەرنى ساقلاۋاتقان خۇيزۇلار قوشۇنى كۇچا قوشۇنى ۋە نىياز قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ دۈشمەن بارگاھىغا كېچىسى ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بەردى. كۈتۈلمىگەندە نىياز مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ ياقۇپ بەگكە ئالدىن مەلۇمات بەرگەن. بىرلەشمە

① (ئەنگلىيىلىك) چارلىز بولگېر: «ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمىھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 164-بەت.

قوشۇن ھۇجۇمغا ئۆتكەندە پىستىرمىغا ئۇچراپ قېلىپ، ئىنتايىن ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. ئىسھاق ۋە يېڭىشەھەردىكى خوجىزۇلار قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرى ئارقا-ئارقىدىن تەسلىم بولدى، ياقۇپ بەگ يەكەننى ئىشغال قىلدى.

ياقۇپ بەگ خوتەننى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ھەبىبۇللا ھاجىنىڭ كۈچلىرىگە، دىنىي ئالدامچىلىق ۋاسىتىسىنى قوللاندى. 1866-يىلى 12-ئايدا، ياقۇپ بەگ قوشۇنىنى باشلاپ يەكەن بىلەن خوتەن چېگرىسىغا كەلگەندە، قوشۇننى توختىتىپ، ئاۋۋال ھەبىبۇللاغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ خوتەنگە بېرىپ ئەۋلىيا قەبرىسى — ئۇلۇغ مازارنى تاۋاپ قىلىشىغا ئىجازەت بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، ھەبىبۇللا قارشى ئېلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىققاندا، ياقۇپ بەگ ئۇنى گازارمىغا «تەكلىپ قىلىپ» ئەكىرىپ كەتتى. نەتىجىدە ھەبىبۇللا تۇزاققا چۈشۈپ قولغا ئېلىندى، شۇنىڭدىن كېيىن تاجاۋۇزچى قوشۇن تېزلىكتە خوتەن شەھىرىگە بېسىپ كىردى. شەھەر ئىچىدىكى ئارمىيە-خەلق قوزغىلىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، ھەتتا ئاياللارمۇ جەڭگە قاتناشتى. تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ قىرغىنچىلىقى بىر ئايدىن كۆپرەك داۋاملاشتى. ئېگىلمەس خوتەن خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىمۇ بىر ئايدىن كۆپرەك داۋاملاشتى، 50 مىڭدىن ئارتۇق خوتەن ئارمىيە-خەلقى ياقۇپ بەگنىڭ قىلىچى ئاستىدا پاجىئەلىك ھالدا قىرىلىپ كەتتى.①

1867-يىلى 5-ئايدا ياقۇپ بەگ راشىدىدىن خوجىغا ھۇجۇم قوزغىدى. ياقۇپ بەگ باشتا ئاقسۇدا جەڭ قىلىپ، كېيىن جەڭ ئارقىلىق ئاقسۇ شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. تاجا-

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، 372-بەت.

ۋۇزچى قوشۇن تـوختىمـاي ئىلگىرىلەپ، يـايدى (هـازىرقى باي ناهىيىسىنىڭ غەربىدىكى چارچى) غا ئۇشتۇمتۇت هـۇجۇم قىلىپ، هاممىدىن باشچىلىقىدىكى كۇچا يارىدەمچى قـوشـۇننى تەسـلىم بولۇشـقا ئۇنـدەپ، بـاينى ئىشغال قىلدى. سـايرام، قىزىل قاتارلىق مۇهىم بازىلارنى ئىشغال قىلىپ، كۇچـا شەهـەرىگە قىستاپ كەلدى. بۇ چاغدا كۇچا شەهىرى ئىچىدە گەرچە ئەسكىرىي كۈچ ئاز بولسىمۇ، لېكىن شەهـەرنى سـاقلاۋاتقان ئارمىيە ـ خەلق ياقۇپ بەگ قـوشۇنىنىڭ كـۈچلۈك هـۇجۇمىغا جان پىدالىـق بىلەن قـارشىلىق كـۆرسىتىپ، تاجاۋۇزچىلارنى زور تالاپەتكە ئۇچراتتى. دۈشمەن قـوشۇنى كۇچا شەهىرىگە يان تەرەپتىن بۆسۈپ كىرگەندە، شەهەر ئىچىدىكى ئارمىيە ـ خەلق كـوچىمـۇ كـوچىلاردا جەڭ قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، راشىدىن خوجا جەڭدە يـاقـۇپ بەگ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. تاجاۋۇزچى قـوشۇن كۇچـا شەهىرىـنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قـارا شەهـەرنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ئىسهاق (بۇرۇن يـاقـۇپ بەگ ئۇنـى يەكەندىن قويۇپ بەرگـەن) شەهـەرنى تەقدىم قىلىپ تەسلىم بولدى، شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى بىر تۈركۈم كۇچا ئارمىيە ـ خـەلقى سـاتقىنلىققا ئۇچـراپ خـاراب بولدى. شـۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەتتە شەهەر، 4000 چاقىرىمدىن كۆپ دۆلەت زېـمىنى چـەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تـۆمـۈر تاپىنى ئاستىدا قالدى.

شـۇنىڭدىن كـېـيىنكى ئىككى يىلدىن كـۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ياقۇپ بەگ ئۆزىنى پەردازلاپ، گويا خاندەك جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ئۇزلۇكسىز كـۈچـەيـتىپ، تاجاۋۇزچى قوشـۇننى كېڭەيتتى. يـاقـۇپ بەگ تىكلـىگەن هاكىمىيەت ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شـۇ چـاغدىكى جەنۇبىي

شىنجاڭنى ئاتاش ئادىتى بويىچە، «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى»① دەپ ئاتالدى.

1870-يىلى 5-ئايدا، ياقۇپ بەگ ئەسكەرنى ئىككى يولغا بۆلۈپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، تۇرپان رايونىنى بېسىپ ياتقان مۇسۇلمانلار سۇلتانى تومىڭنىڭ كۈچلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدى. بىر يول تۇرپانغا، يەنە بىر يول توقسۇنغا ھۇجۇم قىلدى. توقسۇن تېزلىكتە ئىشغال قىلىندى، تۇرپاندىكى خۇيزۇ خەلق ۋە ئەسكەرلەر غەربتىن كەلگەن تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرگە جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. دۈشمەنلەر شەھەرگە يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، تاجاۋۇزچى قوشۇندىن 33 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يارىدار بولدى ۋە ئۆلدى. كېيىن دۈشمەنلەر قوشۇنى ئايلىنىپ يېرىپ داۋانچىڭنى ئىشغال قىلىپ، تۇرپان بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى. تۇرپاننى ساقلاپ تۇرغان قوشۇننىڭ سەركەردىسى ماجۇڭ خەۋپكە دۇچ كەلگەندە ئاسىيلىق قىلىپ، تۇرپاندىكى ئارمىيە خەلقنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشىغا ساتقىنلىق قىلدى. 11-ئايدا ياقۇپ بەگ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلدى. مۇسۇلمانلار سۇلتانى تومىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى خۇيزۇ ئەسكەرلىرىدىن 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن دەپ ئاتالغان قوشۇننى تەشكىللەپ، شەھەردىن چىقىپ جەڭگە ئاتلاندى ھەمدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياقۇپ بەگكە قارشى ھۇجۇم قوزغىدى. لېكىن قوماندانلىقتا جايىدا بولمىغاچقا، ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. ياقۇپ بەگ ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقنى غالجىرلارچە قىرغىن قىلدى. تومىڭ 11-ئاينىڭ ئاخىرىدا شەھەر دەرۋا-

① يەتتە شەھەر، قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا قاتارلىق يەتتە شەھەرنى كۆرسىتىدۇ.

زېمىنى ئېچىپ بېرىپ تەسلىم بولدى. ياقۇپ بەگ ئۈرۈم-
چىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىپ، «قىممەتلىك
نەرسىلەرنى قويماي بۇلىدى، خەنزۇ، خۇيزۇ خەلقىنىڭ
پۇل - پۇچەك، كىيىم - كېچەكلىرىنى بۇلاپ
جەنۇبقا — ئۆزىنىڭ ئوۋۇسىغا ئېلىپ كەتتى».①

1871-يىلى 5-ئايدا، ئۈرۈمچى خەنزۇ مىنتۇەن (پۇل-دارلار ئۇيۇشتۇرغان يەرلىك قوراللىق كۈچ) نىڭ باشلىقى شۈي شۆگوڭ ھەر قايسى جايلاردىكى مىنتۇەنلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ تاجاۋۇزچى قوشۇنغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، ئۈرۈمچى مەنچېڭنى قايتۇرۇۋالدى، ئاندىن ئۈرۈمچى خەنچېڭگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ياقۇپ بەگنىڭ قول ئاستىدىكى كاتتىباش، ماجۇڭنى تىرىك قولغا چۈشۈردى. 9-ئايدا ياقۇپ بەگ يەنە 10 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ ئىككىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە بېسىپ كىردى، شۈي شۆگوڭ مەغلۇپ بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ چىقتى. 1872-يىل 2-ئايدا ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇ خەلقى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى، ئۇلار خەنزۇ مىنتۇەندىن شۈي شۆگوڭ، جاۋشىڭتى قاتارلىقلارنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ، ئۈرۈمچىنى بېسىپ ياتقان دۈشمەنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ياقۇپ بەگ نائىلاج ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلىنى قوشۇنغا باش قىلىپ، ئۈرۈمچىگە ئۈچىنچى قېتىم تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار يول بويى ئالدىغا ئۇچرىغانلارنى بۇلىدى ۋە ئۆلتۈردى، «ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خۇيزۇ، خەنزۇلارنى قىرغىن قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قاۋۇل ياشلارنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئېلىپ كەتتى». شىنجاڭنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنمۇ، ياقۇپ بەگنىڭ قارا نىيىتى

① (چىڭ سۇلالىسى) زوزۇڭتاڭنىڭ خاتىرە يوللىغان مەكتۇپلىرى»، 49 - جىلد.

قانائەت تاپمىدى، ئۇ يەنە تاجاۋۇزچىلىق چاڭگىلىنى ئىلىغا سوزۇ-
دى. ئۇ ئەلاخانغا يازغان خېتىدە تەكەببۇرلۇق بىلەن: «ھو-
زۇرىڭىزغا بېرىپ سۇلتان ئۇۋەيسنىڭ مازارىنى تاۋاپ قىلماقچى
بولۇۋاتىمەن» دېگەن①. ئۇ ئىلىنىمۇ چاڭگىلىغا ئېلىپ، پۈتۈن
شىنجاڭنى ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى.

ياقۇپ بەگ 1865- يىلىنىڭ بېشىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، 1872- يىلى ئەسكەر چىقىرىپ ئۈرۈم-چىدىكى خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قار-شىلىقىنى باستۇرغانغا قەدەر بولغان يەتتە يىل ۋاقىت ئىچىدە، ھەرخىل نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچى-لىق ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەنئەنىسىگە ئىگە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، ياقۇپ بەگ-نىڭ تاجاۋۇزىغا پىداكارلارچە قارشى تۇرۇپ، دۈشمەننى با-تۇرلارچە يوقىتىپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، يېقىنقى زاماندا شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق-قا قارشى تۇرۇش تارىخىدا شانلىق سەھىپە قالدۇردى. لې-كىن ھەرقايسى فېئودال بۆلگۈنچى كۈچ كاتتىباشلىرىنىڭ كۆ-پىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى قوغداشقىلا بېرىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ، چەتئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا قار-شى تۇرۇشتا بىر يەكدىل قول چىقىرالمىدى، ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىشتا يا مۇۋاپىق قوماندانلىق قىلالمىدى، جەڭدە باشلامچىلىق بىلەن ئارقىغا چې-كىندى، يا ئۆلۈمدىن قورقۇپ، جېنىنى ئاياپ خەلقنىڭ تاجا-ۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشىغا ئاسىيلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن

① (چىڭ سۇلالىسى) ئاپتورى نامەلۇم «ياقۇپ بەگنىڭ شىنجاڭغا تاجا-ۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىگە دائىر قىسقىچە خاتىرە»، چاغاتايچە قول يازما، خەنزۇ-چە تەرجىمە ئۈركىنالى.

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى داۋالغۇشلىق كۈرىشى ئاخىرى مەغلۇپ بولدى، بىر نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان چېگرا رايون زېمىنى ئارقا-ئارقىدىن چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قالدى.

«ياقۇپ بەگ زوراۋانلىق ياكى ھىيلە-مىكىر ئارقىلىق قەشقەرىيە (جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆرسىتىدۇ) دىكى ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان، شۇڭا ئۇ پۇقرالارنىڭ ھېسداشلىقىدىن مەھرۇم ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى يىلىدىن باشلاپ ھەربىي قوشۇنغا تايىنىش قارارىغا كەلگەن.»① 60 مىڭدىن ئارتۇق تاجاۋۇزچى ئەسكەر (چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوشۇنىنىڭ تۆت ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ) ياقۇپ بەگنىڭ بېسىۋالغان رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ۋە ئۇلارنى قۇل قىلىشىغا تىرەك بولغانىدى، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەربىي فېئودال سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بېسىۋالغان زېمىننى قوشۇنلارنىڭ باشقۇرۇشىغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بەرگەن. ئوفىتسېرلار دەرىجىسىگە قاراپ سۇيۇرغاللىققا ئىگە بولغان، سۇيۇرغال يېرى ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى سۇيۇرغال يېرى ئالغۇچىلارنىڭ قۇللىرىغا ئايلانغان. سۇيۇرغال يەر دائىرىسىدىكى باج-سېلىق قاتارلىق ھەر خىل كىرىملەر سۇيۇرغال يەر ئىگىلىرىگە تەۋە بولاتتى، سۇيۇرغاللىقتىن بەھرىمەن بولغۇچىلار بىر قىسىم كىرىمنى ئاجرىتىپ، ئولپان دېگەن نام بىلەن ئۆزلىرىنىڭ باشلىقىغا «ھەدىيە» قىلاتتى. ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى قوقەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەلىكىدىكى ھەربىيلەرنى تايانچ قىلغانىدى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇلاش-تالاش ۋە بېيىش ئۈچۈن چې-

① «ياقۇپ بەگنىڭ تەرجىمىھالى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 116-بەت.

ىمىدىن كېيىن شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنىدى، ئۇلار دەسلەپتە ياقۇپ بەگنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ھەر تەرەپكە تاجاۋۇز قىلغان. ئۇرۇش داۋامىدا قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلدى، سۇيۇرغاللىق يېرىگە ئىگە بولدى، مەنسەپكە ئولتۇرغاندا غادىيىپ يۈرۈپ، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ، بەس-بەستە خەلقنىڭ قان تەرىنى شورىدى، جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلغان ۋە يالماۋۇزلارچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. «ئۇلارنىڭ ھەممىسى باي بولۇشنىڭلا كويىدا ئىدى، ئۇلار ئۆز ئورنىنىڭ مۇقىم ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ھەر خىل ئامال بىلەن ھەددەپ بايلىق توپلىدى».① ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىغان ھەر خىل دائىملىق باج-سېلىق، ياراق، تۇياق بېجى ۋە سودا بېجى، ئالۋان-ياساق، كېۋەزلىك، مېۋىلىك باغ ۋە بېدىلىك بېجى، دېھقانچىلىق قوشۇمچە بېجى، مىراس بېجى، ھەربىي تەمىنات، ئوت-سامان سېلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە ھەپتىدە بىر قېتىم ساقچى سېلىقى ئېلىناتتى. ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىدىن كۆپرەك ئەمگەك مېۋىسىنى ياقۇپ بەگ ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۇستىلىق بىلەن قاقتى-سوقتى قىلىپ، تارتىۋالاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر مىللەت خەلقى ھەربىي قىسىمنى ئادەم، قاتناش قوراللىرى بىلەن تەمىنلەش، كازارما، ھۆكۈمەتكە ۋە باشقا «جامائەت ئۆي-ئىمارەتلىرى» گە ئوتۇن-سامان، يېقىلغۇ يەتكۈزۈپ بېرىش، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ يەرلىرىنى تېرىپ بېرىش، كېلىپ-كېتىپ تۇرغان ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ۋە ئەلچىلەرنى تاماق، ياتاق ۋە قاتناش قوراللىرى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ھەر خىل ھەقسىز ئەمگەك ۋە ئالۋانلارنى ئۈستىگە ئالاتتى.

① (رۇسىيە). كوروپاتكىن «قەشقەرىيە»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 48-بەت.

چېچىلغان باج ۋە ئالۋان سېلىقىنىڭ كۈندۈزى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكىنى كەچتە قالدۇرۇشقا بولمايتتى، كەچتە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكىنى ئەتىگە قالدۇرۇشقا بولمايتتى. «بۇنداق ئېغىر يۈك ... (ھەر مىللەت خەلقى) نى تاپقان-تەرگىنىدىن ئايرىپ، سەرسان قىلىۋەتكەنىدى»①.

ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ يەنە بىر تۈۋرۈكى دىنىي كۈچ ئىدى. ياقۇپ بەگ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىدا، «ئىسلام ئاچقۇچى» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى ئىسلام ئېچىش دەپ كۆككە كۆتۈرگەن. ياقۇپ بەگ شىنجاڭنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن يەنە ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيسى دەپ پەردازلاپ، بېسىۋالغان رايونلاردا ئىسلام قانۇنلىرىنى قاتتىق يولغا قويۇپ، مەھكىمە شەرئىينىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ ۋە كېڭەيتىپ، مەمۇرىي باشقۇرۇشنىڭ ئورنىغا دىنىي ھۆكۈمرانلىقنى دەسسىتىپ، ئىسلام دىنىي قائىدىلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پۇت-قولىنى چۈشىدى. ئۇ يەنە بېسىۋالغان رايونلاردىكى مەسچىت-خانىقالارنىڭ ۋەخپە يەر ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى كېڭەيتتى، مەسچىتلەرنى تۈركۈملەپ كۆپەيتتى. «بۇ رايونلار (بېسىۋالغان رايون) گويا چوڭ مەسچىتكە ئايلاندى». ياقۇپ بەگ ھەر قايسى جايلاردىكى ئىسلام دىنىي ئورگانلىرىغا كەڭ ھوقۇق بەردى، بىرنەچچە يېزىغا بىردىن قازى قويدى، يېزىدىن تۆۋەن كەنتلەرگە بىردىن رەئىس (قانۇن ئىجراچىسى) قويدى، مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرىنىمۇ ياقۇپ بەگ ئۆزى تەيىنلەيتتى.

ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك «جەننەت»ىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جەسەت-سۆڭەكلىرى ئۈستىگە قۇرغان. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە ياقۇپ بەگ

① «تارىخىي ھەمىدىي» خەنزۇچە تەرجىمە كۆپەيتمىسى، 2-قىسىم.

بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئوردا ـ سارايلىرى بولۇپ، بۇلاپ كېلىنگەن 600 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت خوتۇن ـ قىزلىرى توقال قىلىنغان. ياقۇپ بەگ بىلەن ئوغۇللىرى «كۈن بويى ئارغىماقلارغا مىنىپ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى خالىغانچە بۇزۇپ چېچىپ، كېيىن تېپىلىدىغان ئازۇ ـ نېمەتلەرنى يەپ، ئاياللارنى بىللە ئېلىپ يۈرۈپ، ھەر خىل بۇزۇقچىلىقلارنى قىلغانىدى.»① قۇلدارلىق تۈزۈمى جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنە تىرىلدۈرۈلۈپ، قۇللۇققا چۈشۈپ قالغان ئەمگەكچى خەلق قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى مەخسۇس بازارلاردا سېتىلغان، «ھەر بىر قۇلنىڭ نەرخى 40 تەڭگىدىن ئاشمايتتى.» ياقۇپ بەگنىڭ ئۆزىلا 3000 دىن ئارتۇق قۇل ئىشلەتكەنىدى②.

## 2. ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ ياقۇپ بەگنى يۆلىشى

ياقۇپ بەگنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشى باشتىن تارتىپلا ئەنگلىيە، روسىيە ئىمپېرىيەلىزىمىنىڭ دىققەت نەزىرىنى قوزغىدى. ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ قالغانىدى. ياقۇپ بەگ ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى تەڭ قوللىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇنيا دائىرىسىدىكى كەسكىن تالىشىش تۈپەيلىدىن ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىگە نىسبەتەن ئۆزىگە تارتىش ۋە يۆلەش سىياسىتىنى قوللانغانىدى.

ياقۇپ بەگ ئاۋۋال ئەنگلىيە بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتـ

① «تارىخى ھەمىدى» خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 7-قىسىم.

② (سوۋېت ئىتتىپاقى) تىخونوۋ «ياقۇپ بەگنىڭ ئىچكى سىياسىتىدىكى بەزى مەسىلىلەر»، «سوۋېت ئىتتىپاقى شەرق تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئىلمىي خاتىرىلىرى» 16-توم، [illegible]

تى. 1866-يىلى ياقۇپ بەگ ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستاندىكى كەشمىرگە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈستىدە مەسلىھەت ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيىدىن قورال-ياراغ ئېلىش ئىدى. 1864 — 1866-يىللىرى ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سودا مىقدارى تەخمىنەن 100 مىڭ رۇپىيە ئىدى، 1867-يىلى كۆپىيىپ 550 مىڭ رۇپىيىگە يەتتى، ئىككىنچى يىلى يەنە كۆپىيىپ بىر مىليون 40 مىڭ رۇپىيىگە يەتتى. بۇنىڭ خېلى زور بىر قىسمى قورال-ياراغ ئىدى.

بۇ چاغدا، چاررۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭى كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. 1865-يىلى ئەتىياز ۋە يازدا تاشكەنتنى بېسىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن قوقەن خانلىقىنىڭ قۇرۇق نامىلا قېپقالدى، روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىر دائىرىسى جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن چېگرىلىنىشقا باشلىدى. 1866-يىلى روسىيە ئارمىيىسى نارىنغا يېتىپ كېلىپ، ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى بىلەن ئالاقىلاشتى. ئىككى تەرەپ «بىر-بىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئارىلاشماسلىق» توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى، بۇ ئەمەلىيەتتە روسىيىنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن، 1867-يىلى ياقۇپ بەگ روسىيە بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا قوشۇلدى.

1868-يىلى يازنىڭ كىرىشىگە، ياقۇپ بەگ مۇھەممەد نەزەرنى ئەلچى قىلىپ ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستاندىكى پەنجاپنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، روبىرت شاۋ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەرگە كەلدى. ياقۇپ بەگ روبىرت شاۋنى كۆپ قېتىم قوبۇل

قىلىپ، «ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ۋىكتورىيەنىڭ پۇقراسى» بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.① كېيىنكى يىلنىڭ باشلىرى، ئەنگلىيە ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنى يۆلەشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى پىلانلاشقا كىرىشتى. ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستاننىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش ۋالىيسى مېيۇ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئەنگلىيىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە روسىيە بىلەن تېزرەك سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، شىمالىي شىنجاڭنى روسىيەنىڭ تەسىر دائىرىسى دەپ ئېتىراپ قىلىش بەدىلىگە روسىيىگە ئەنگلىيەنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كونترول قىلىشىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. شۇ يىلى كۈزدە پېتېربۇرگتا ئۆتكۈزۈلگەن ئەنگلىيە - روسىيە سۆھبىتىدە، ئەنگلىيەنىڭ شىنجاڭنى بۆلۈشۈۋېلىش «تەكلىپى» رەت قىلىنغاندىن كېيىن ئەنگلىيە ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىگە مەدەت بېرىشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى فورسېس (پېتېربۇرگتا ئۆتكۈزۈلگەن ئەنگلىيە-روسىيە سۆھبىتىدىكى ئەنگلىيە تەرەپنىڭ باش ۋەكىلى) باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. بۇ مەزگىلدە، ئەنگلىيە ياقۇپ بەگكە بىر تۈركۈم قورال-ياراغ ھەدىيە قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ قەشقەردە قورال-ياراغ زاۋۇتى قۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

روسىيە ياقۇپ بەگنى يۆگەنلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۈزلۈكسىز بېسىم ئىشلەتتى. 1870-يىلى 7-ئايدا، ياقۇپ بەگ قوشۇنىنىڭ تۈرپانغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى راسا قىزىغان پەيتتە، روسىيە ئەسكەر چىقىرىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاق-

① ۋاللىشىگزو «XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن 70 - يىللىرىغىچە ئەنگلىيە بىلەن روسىيەنىڭ شىنجاڭدا تىلغان قوراللىق جاھىلىيى»، «جۇڭگو-ئەنگلىيە مۇناسىۋەت تارىخى توغرىسىدا»، 1-توپلام.

سۈدىن ئىلگىرىچە بولغان ئەڭ ئەپلىك سىتراتېگىيىلىك مۇھىم يول — مۇزات تاغ ئېغىزىنى بېسىۋالدى. 1871-يىلى 7-ئايدا روسىيە يەنە ئىلىنى قوراللىق بېسىۋالدى. ياقۇپ بەگ ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئالدىراپ-سالدىراپ ئۆزىنىڭ جىيەن ئوغلى شادى مىرزا ئارقىلىق ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستاننىڭ باش ۋالىيسى ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئايال پادىشاھىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ ياردەم سورىدى. لېكىن روسىيە بۇچاغدا پەقەت ياقۇپ بەگنىڭ ئورنىنى ئىگىلەش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئىستائەت قىلدۇرۇشنىڭ كويىدا ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۈزلۈكسىز بېسىم ئىشلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىدىكى قوقەننىڭ قورچاق خانى ئارقىلىق، ياقۇپ بەگكە روسىيىگە يول قويۇش، ھەمدە روسىيە بىلەن بىر كېلىشىم ھاسىل قىلىش لازىملىقى، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن روسىيىنىڭ بىر ئىتتىپاقچىسىغا خاس زور پايدىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىماي «نەسىھەت» قىلدى.

ۇنداق ۋەزىيەتتە، ياقۇپ بەگ روسىيە بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تىل بىرىكتۈرۈش كويىغا چۈشتى. روسىيە ياقۇپ بەگنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، ياقۇپ بەگنىڭ «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى» نى ئېتىراپ قىلساقمىكىن دېگەن يەرگە كەلدى. 1872-يىل 5-ئايدا روسىيە كائۇلبارىس باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قەشقەرنى رەسمىي زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپ بىر قۇر سودىلاشقاندىن كېيىن، ئاخىرى پۈتۈشتى. روسىيە «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى» نى قانۇنلۇق ھاكىمىيەت دەپ، ياقۇپ بەگنى «يەتتە شەھەر سەردارى» دەپ ئېتىراپ قىلدى؛ ئۇنىڭ بەدىلىگە ياقۇپ بەگ روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئەركىن سودا قىلىشىغا يول قويدى. ئىككى تەرەپ 6-ئاينىڭ

2-كۈنى «روسىيە-قەشقەرىيە شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ جىيەنى سەئىد ياقۇپخاننى روسىيىگە جاۋابەن زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

سەئىد ياقۇپخان روسىيىدىكى زىيارىتىدىن كېيىن، ئىستانبۇلغا بارغان. ئىككى تەرەپ مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، كېلىشىم ھاسىل قىلدى. ياقۇپ بەگ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى»گە بولغان مېتروپولىيىلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ياقۇپ بەگكە ئەمىرلىك ئۇنۋانىنى بەردى. ھەمدە ياقۇپ بەگنىڭ ئەلچىلىرىگە 200 تال مىلتىق ۋە ئۈچ دانە ئېغىر زەمبىرەك ھەدىيە قىلدى، ھەم ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى تەربىيىلەشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر نەچچە نەپەر مەشقاۋۇلىنى قەشقەرگە ئەۋەتتى①، زامانبېكنى ياقۇپ بەگكە سىياسىي مەسلىھەتچى قىلىپ ئەۋەتتى. ياقۇپ بەگ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى» گە بولغان مېتروپولىيىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى ئېسىپ، تۈركىيە سۇلتانىنىڭ باش سۈرىتى ۋە ئىسمى چېكىلگەن پۇلنى تارقاتتى②. سەئىد ياقۇپخان قايتىش سەپىرىدە، ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستاندا ئۇزاق ۋاقىت تۇردى. ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستاننىڭ باش ۋالىيسى سەئىد ياقۇپخاننىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئەنگلىيە-روسىيە سۆھبىتىنى ئۆتكۈزۈپ، «ياقۇپ بەگ پادىشاھلىقىنى قوغدايدىغان» ھەمدە ئۇنى ئېتى-

① (ئەنگلىيە) فرېشتېر: «1863—1881-يىللاردىكى ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى رىقابىتى»، «ئەنگلىيە خانلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى»، 1939-يىل 7-ئاي نەشرى، 26-توم، 479-بەت.

② جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقات ئورنى «چار روسىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى»، 1981-يىل نەشرى، 239-بەت.

ئەنگلىيەنىڭ ئەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزىدىغان «خەلقئارالىق كېلىشىم ئىمزالاش» توغرىسىدا لوندونغا تەكلىپ بەردى.①

ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى ياقۇپ بەگنى يۆلەش بىلەن بىرگە، «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى» نى ھامىيلىق قىلىنىدىغان دۆلەت تىزىملىكىگە كىرگۈزدى.

1873 - يىلى 9 - ئايدا فورسىس (ئۇ 1870 - يىلى زىيارەتكە كەلگەندە، ياقۇپ بەگ ئالدىنقى سەپتە تۇرپانغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن) باشچىلىقىدىكى 350 نەچچە كىشىدىن تەشكىل تاپقان زور ئەلچىلەر ئۆمىكى قەشقەرنى زىيارەت قىلىشقا كەلدى. 1874 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ياقۇپ بەگ بىلەن فورسىس «ئەنگلىيە - قەشقەرىيە شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە كونسۇل دەرىجىسىگە باراۋەر كېلىدىغان دائىم تۇرۇشلۇق ۋەكىل ۋە سودا ۋەكالەتچىسى تۇرغۇزۇشقا يول قويۇش ئىنگلىزلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەركىن سودا قىلىشىغا ۋە يەر - زېمىن سېتىۋېلىشىغا يول قويۇش دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. 5 - ئايدا، ئەنگلىيە روبېرت شاۋنى قەشقەردە دائىم تۇرۇشلۇق تۇنجى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ ۋەكىل ياقۇپ بەگكە دائىم «مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ، مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى بېرىشى» كېرەك دەپ بەلگىلەنگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيىنىڭ قوراللىرى قەشقەرگە ئۈزلۈكسىز كىرىپ تۇردى. يالغۇز 1875 - يىلىلا، ياقۇپ بەگ

① «ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستاننىڭ شىمالىي چېگرا رايونى (1865—1895)» ئىنگلىزچە نەشرى 38—41 - بەتلەر.

ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدىن 14 مىڭدىن كۆپرەك يېڭى تىپتىكى مىلتىق، 16 زەمبىرەك، بىر قانچە مىڭ پاي زەمبىرەك ئوقى ئالغانىدى. شۇ چاغدا، ئەنگلىيە، روسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ھەمدە ئەنگلىيىنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان بىر ھاكىمىيەت تىكلىنىپ بولدى، دېگەن قاراشتا بولدى.

روسىيە، ئەنگلىيە بىلەن ياقۇپ بەگ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەرەققىياتىغا روسىيە قاتتىق دىققەت قىلغان ھەم ئەنگلىيىنىڭ قەشقەرنى ئىككىنچى ئافغانىستانغا ئايلاندۇرۇۋېلىشى ئېھتىمالىغا ناھايىتى يېقىن دەپ قارىغانىدى. شۇڭا دەرھال پولكوۋنىك رېيىنتال باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى قەشقەرگە ئەۋەتتى ھەم «ئەنگلىيە ـ قەشقەرىيە شەرتنامىسى» نى شېپى كەلتۈرۈپ رېيىنتالنى روسىيىنىڭ قەشقەردە دائىم تۇرۇشلۇق ۋەكىلى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىككى تەرەپ بىر نەچچە قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ھېچ نەتىجە چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن روسىيە ھەربىي بېسىم ئارقىلىق ياقۇپ بەگنى ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرلاش نىيىتىگە كەلدى. 1874 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، روسىيە جەنۇبىي شىنجاڭغا ھەربىي يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىنى باشلاپ، 20 مىڭدىن ئارتۇق روسىيە ئەسكىرىنى ۋە ھەربىي لازىمەتلەرنى ئالدىنقى سەپكە يېتىن مۇھىم قۇرۇل ـ نارىنغا ئارقا ـ ئارقىدىن يۆتكىدى. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا قوقەندە روسىيىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ پارتلىغانلىقتىن، روسىيە ياقۇپ بەگكە جازا يۈرۈشى قىلىشقا تەييارلاپ قويغان ئارمىيىسىنى قوقەنگە ئاتلاندۇرۇپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

1875 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زوزۇڭتاڭنى خان مۇپەتتىشى قىلىپ تەيىنلەپ، شىنجاڭنىڭ ھەر ـ

بىر ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن ئىشەنچىسىنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ياقۇپ بەگ ھالاكەتكە يېقىنلاشقان پەيتتە ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ئۆزگىچە ۋاستە قوللاندى. بىرى يوشۇرۇن كۈچى بىلەن ياقۇپ بەگكە يەل بېرىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئارىغا چۈشۈپ «مۇرەسسەچىلىك قىلىپ»، ئۇنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولدى؛ يەنە بىرى ياقۇپ بەگنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن «چېگرا» سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، تېخىمۇ كۆپ زېمىن ۋە ھوقۇق-مەنپەئەتنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇندى. ئىككى دۆلەت ياقۇپ بەگنى يۆلەش ۋە ئۆزىگە تارتىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ چېگرا رايونىدىكى زېمىنىنى كونترول قىلىش ۋە بۆلۈۋېلىش مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇندى.

### 3. چار روسىيىنىڭ ئىلىنى بېسىۋېلىشى ۋە ئىلى خەلقىنىڭ روسىيىگە قارشى كۈرىشى

ئىلى دەرياسى تيانشان تېغىدىن باشلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. دەريا ۋادىسىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 140 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلى رايونى ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى كۆرسىتەتتى. ئۇ قورغاس دەرياسىنى پاسىل قىلىپ شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. روسىيە ئىلىغا ئەزەلدىن تارتىپ قارا نىيەتتە بولۇپ كەلگەن. 1864 - يىلى، روسىيە «غەربىي شىمال چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش توختام خاتىرىسى» ئارقىلىق جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدىن 440 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان زېمىنىنى

ئايرىپ، جۇملىدىن ئىلى رايونىنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىلىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كەڭ رايونلارنى بېسىۋالدى. ئىلىغا پەقەت توققۇز شەھەر ۋە ئەتراپىدىكى مۇداپىئەلىنىش گازارمىلىرى، دېھقانچىلىق رايونلىرىلا قالدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، روسىيە ئەپسى يامانلىق قىلىپ پۈتۈن ئىلىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ يۈرگەنىدى. 1864-يىلى شىنجاڭدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، چارروسىيە پۇرسەت يېتىپ كەلدى دەپ ھېسابلاپ، ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭنىڭ غەربىي چېگرىسىنى ئايرىشقا رىياسەتچىلىك قىلىغان روسىيە ۋەكىلى بابۇكوۋ: چارروسىيىنىڭ غەربىي چېگرىسى «تەبىئىي پاسىللارنى دۆلەت چېگرىسى قىلىشى» كېرەك، جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ غەربىي چېگرىسىنى شەرققە 300 دىن 500 گىچە رۇس لىسى سۈرۈش كېرەك، «بۇنداق تەبىئىي دۆلەت چېگرىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن، ئاۋۋال جۇڭگونىڭ پۈتۈن جۇڭغار لىنىيىسىنى، يەنى تارباغاتاي ۋە ئىلى ئۆلكىلىرىنى مەملىكىتىمىز (روسىيە) نىڭ زېمىنىغا قوشۇۋېلىشىمىز كېرەك»① دەپ داۋراڭ سالدى. يەنە بىر قىسىم روسىيە ئەمەلدارلىرى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا «غەربىي شىمال چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش توختام خاتىرىسى» بويىچە چېگرا ئايرىشى دەرھال توختىتىپ قويۇلسۇن، بۇ كېلىشىم «ئىجرا قىلىنماي تۇرۇپلا قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالىدۇ»② دەپ تەشەببۇس قىلدى. چارروسىيىنىڭ ئىلى زېمىنىغا بولغان قارا نىيىتى روسىيىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى بېسىۋېلىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ دۇنيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالىشىشىنىڭ كۈنسايىن كەسكىنلىشىشى روسىيىنىڭ ئىلىغا قارات-

①، ② (روسىيە) بابۇكوۋ: «غەربىي سىبىرىيەدىكى خىزمەت ئىشلىرىدىن ئەسلىمە»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 447-، 387-بەت.

قان غەربىي ئىشغالىيەت قەدىمىنى تېزلەتتى. روسىيىنىڭ قولۇقلۇقتىن ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىقى ۋە ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىچكىرىلەپ كىرىش ئېھتىماللىقى روسىيە بىلەن ئەنگلىيىدە ئاۋۋال ئويلايدىغان مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ خانلىقنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ تالىشىش نۇقتىسى شەرققە سوزۇلۇپ، ئەسلىدىكى ئافغانىستاننىڭ ھېرات رايونى ئاساسىدا يەنە قەشقەر قوشۇلغانىدى. شۇڭا شىنجاڭ ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ دوقۇرۇشىدىغان مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەنگلىيە جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغان ياقۇپ بەگنىڭ كۈچىنى كونترول قىلغاندىن كېيىن، روسىيىنىڭ ئىلىنى بېسىۋېلىش ئارقىلىق ئەنگلىيىنىڭ ھامىيلىقىدىكى ياقۇپ بەگكە قارشى تۇرۇشى، روسىيىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى بېسىۋېلىشىدىكى مۇھىم ئارقا كۆرۈنۈش ئىدى.

ئىلى سۇلتانلىقى ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، روسىيە ئارمىيىسىنىڭ تارانچىلار ئېكىنزارلىقىدىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغان ھەمدە روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئىلىغا كىرىپ سودا قىلىشىنى رەت قىلغانىدى. بۇنىڭ بىلەن روسىيە بىلەن ئەلاخان ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈنسايىن جىددىيلەشتى. روسىيە چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىرنەچچە ئۆلكىدىكى ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مادارى يەتمەيدۇ، ئىلىنى تېخىمۇ قايتۇرۇۋالالمايدۇ، شىنجاڭدىكى بۆلۈنمىچىلىك ۋەزىيەتكە چوقۇم خاتىمە بېرەلمەيدۇ دەپ ھېسابلىغانىدى. شۇڭا، روسىيە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونلىرىدىكى ئىشلارغا «ئىشتىراك قىلىپ» شىنجاڭدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ بۇ جايلاردىكى ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىنى كېڭەيتىش كويىدا بولغان.

1870-يىلى ئىلىدىكى ئەلاخان ھاكىمىيىتى روسىيە بىلەن بارلىق بېرىش-كېلىش ئالاقىسىنى ئۈزدى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش، ماجىرا ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 6-ئايدا روسىيىنىڭ بەش نەپەر پۇقراسى قانۇنسىز ھالدا ئىلىنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى تېكەس رايونىغا كىرىپ ئوۋچىلىق قىلغاندا، ئىلى قاراۋۇلخانىسىدىكى ئەسكەرلەر بىرىنى ئېتىۋېتىپ، ئۈچىنى ئەسىرگە ئالدى. روسىيە تەرەپ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۆت ماددىلىق دىپلوماتىك نوتا تاپشۇردى ۋە كۆپ خىل يولسىز تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 8-ئايدا روسىيە ئارمىيىسى تيانشان قوشۇنىنى ئىشقا سېلىپ ئىلىنىڭ جەنۇبىدىن ئاقسۇغا بارىدىغان ستراتېگىيىلىك يول — مۇزات ئېغىزىنى ئىشغال قىلىپ، ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە باشلىغانىدى. روسىيە تەرەپنىڭ كېيىن بىلەن ئېيتقاندا، «بۇ ھەرىكەت بىر تەرەپتىن تېكەس دەرياسى ئەتراپى (روسىيە) چېگرىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قەشقەر ھۆكۈمرانى ياقۇپ بەگنىڭ ئۇدۇل ئىلىغا بارىدىغان يولىنى ئۈزۈۋەتتى»①. مۇزات ئېغىزىنى ئىشغال قىلىش قوش ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەم ئىلىدىكى ئەلاخان ھاكىمىيىتىگە ھەربىي بېسىم ئىشلەتكىلى بولاتتى، ھەم ئەنگلىيەپەرەس ياقۇپ بەگ كۈچلىرىنىڭ كەلگۈسىدە روسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىلىدىكى ھەرىكەتلىرىدىن كاشىلا سېلىشىدىن مۇداپىئەلەنگىلى بولاتتى. روسىيە تەرەپ تيانشان قوشۇنىنى مۇزات داۋىنىنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرغاندىن باشقا، يەنە تيانشان بىلەن ئالاتاۋ ئوتتۇرىسىدىكى 260 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان جايغا بولۇخۇجىر قوشۇنى بىلەن چۇنجى قوشۇنىنى ئورۇنلاشتۇردى.

① «ئوتتۇرا ئاسىيانى تىنچلا قىلىش تارىخى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 2-توم، 22-بەت.

بۇ ئىككى قوشۇننىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى روشەنكى، ئىلىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان تەييارلىق ئىدى.① ئەلاخان هاكىمىيىتى روسىيە ئارمىيىسىنىڭ مۇزات ئېغىزىنى زورلۇق بىلەن ئىشغال قىلىۋالغانلىقىغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى.

1871-يىلى ئەتىيازدا، قازاقلارنىڭ ئىچكى قىسىمدا زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى ئۈزلۈكسىز كەسكىنلەشتى. روسىيە دائىرىلىرى بۇ ئىشتا ئىلىدىكى ئەلاخان هاكىمىيىتىنىڭ قولى بار دەپ تۆھمەت قىلدى ھەم بۇنى باھانە قىلىپ ئىلىغا قوراللىق بېسىپ كىرىشنى جىددىي پىلانلىدى. روسىيە ھۆكۈمىتى ھەرىكەت قىلىشنى كۈز پەسلىگە بېكىتتى، لېكىن ئىلىغا يۈرۈش قىلىدىغان قوشۇننىڭ قوماندانى كورپاكوۋسكىي باشچىلىقىدىكى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرى ئىلىنى مۇددەتتىن بۇرۇن، يەنى «ھازىرلا ئىشغال قىلىش» نى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى روسىيىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن قازاق ئالبان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تاجىبېك ئەلاخان هاكىمىيىتى تەرەپكە بېرىۋالغان. بۇ ئىش قوراللىنىپ تەييار بولۇپ تۇرغان روسىيە ئارمىيىسىگە ئىلىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ باھانىسى بولدى. كورپا كوۋسكىي ئەلاخان هاكىمىيىتىنىڭ يەتتە كۈن ئىچىدە، يەنى 5-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن بۇرۇن تاجىبېكنى تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەككى، ئۇنداق قىلمىسا «روسىيە ئەسكەر چىقىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمنى تاپشۇردى»، ئىلى تەرەپنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتمەيلا، سىمىرىچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى روسىيە ئارمىيىسى بۇيرۇققا بىنائەن بولۇخۇجىرغا توپلىنىپ، ئەسلىدىكى بولۇخۇجىر قوشۇنى بىلەن قوشۇلۇپ، ئىلىغا ھۇجۇم قىلىدىغان ئاساسىي قوشۇننى تەشكىل قىلدى. تيانشان قوشۇنىنىڭ

① «ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش تارىخى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 2-توم، 22-بەت.

پىدر قىسمى چۈنجى قوشۇنى بىلەن قوشۇلۇپ، بۇيرۇق بويىچە ئىلىنىڭ جەنۇبىي چېكىرىسىدىكى كەتمەن تېغىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئىلىغا جەنۇب، شىمال ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىنلا روسىيە ئارمىيىسى دەرھال ئىلىغا ھۇجۇم باشلىدى.

5-ئاينىڭ 15-كۈنى، بولۇخوجېر قوشۇنى ئاۋۋال بىرلىيەن پىيادە ئەسكەر ۋە 90 كازاكتىن تەركىب تاپقان ئالدىن يۈرەر مۇھاپىزەتچى شۆبە ئەترىتىنى ئىككى زەمبىرەك بىلەن ئىلىغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە ئەۋەتتى. 5-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۇلار قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ئىلى ئارمىيە ۋە خەلقى مازار قەلئەسىگە چېكىنىدى ھەمدە دەريا، ئۆستەڭ سۇلىرىنى توسۇۋېلىپ، روسىيە ئارمىيىسىنى سۇسىز قالدۇرۇپ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. 19-كۈنى ئىلى ئارمىيە ۋە خەلقى دۈشمەننىڭ شىددەتلىك توپقا تۇتۇشىغا قارىماي قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى، لېكىن قورال-ياراغلىرىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. روسىيە ئارمىيە مازار قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى. ئىلى ئارمىيە ۋە خەلقى سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈۋېتىش، جىمى نەرسە-كېرەكلەرنى يېغىشتۇرۇۋېتىش، روسىيە ئارمىيىسى بىلەن بولۇخوجېرنىڭ تەمىنلەش ئالاقىسىگە يۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق كۈرەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، روسىيە ئارمىيىسىنى مازار قەلئەسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى. ھەمدە روسىيە ئارمىيىسى چېكىنىۋاتقاندا ئارقا-ئارقىدىن روسىيە ئارمىيىسىگە قايتۇرما زەربە بەردى. 5-ئاينىڭ 22-كۈنى روسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قوغدىغۇچى شۆبە ئەترىتى بولۇخوجېرغا چېكىنىپ، كەينىدىن يېتىپ كەلگەن روسىيە ئارمىيىسى بىلەن قوشۇلۇپ، ئىلىغا تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاشقا تەييارلاندى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى روسىيە ئارمىيىسى تيانشان قو-
شۇنىنىڭ بىر قىسمى كەتمەن تېغىنى بويلاپ ئىلىنىڭ جەنۇبىي
چېگرىسىغا كىردى، كەتمەن تېغى ئېغىزىدا ئۇلار ئىلى ئارمىيە-
خەلقىنىڭ قەيسەرانە قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. جەڭ ئەتىگەندىن
كەچكىچە داۋاملاشتى. ئىلى ئارمىيە - خەلقى كۈچلۈك دۈشمەن-
دىن قورقماي، باتۇرلارچە زەربە بەردى، ھەتتا روسىيە ئارمى-
يىسىنىڭ يان تەرەپتىن بېسىپ كىرىپ دۈشمەنگە قورشاپ زەر-
بە بەردى. لېكىن، روسىيە ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك توپقا تۇ-
تۇشى ئارقىسىدا، ئىلى، ئارمىيە - خەلقى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ،
چېكىنىپ مۇداپىئەلىنىشكە مەجبۇر بولدى. 5-ئاينىڭ 26-كۈنى
ئىلى ئارمىيە - خەلقى ياردەمگە ئىگە بولۇپ، روسىيە ئارمىيىسى-
گە يەنە بىر قېتىم قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىككى كۈن
جەڭ قىلغاندىن كېيىن يەنىلا قورالللىرىنىڭ ناچارلىقىدىن كەي-
نىگە چېكىنىپ مۇداپىئەلەندى. 6-ئاينىڭ 6-كۈنى روسىيە ئار-
مىيىسىنىڭ چۇنجى قوشۇنى (ئىككى چېگرا مۇداپىئە لىيەنى،
بىر كازاك تەلىم - تەربىيە ئەترىتى، بىر توپچىلار لىيەنى ۋە
يېرىم كازاك لىيەنى) كەتمەن تېغىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە
قاتناشتى. 6- ئاينىڭ 10-كۈنى كەتمەن كەنتىنى ئىشغال قىل-
دى. ئەتىسى ئىلى ياردەمچى قوشۇنى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، يەنە
روسىيە ئارمىيىسىگە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتۈپ، روسىيە ئارمى-
يىسى بىلەن كۆپ قېتىم نەيزىلەشتى. ھەر مىللەت ئارمىيە-
خەلقى ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، «كەم ئۇچرايدىغان قەيسەر-
لىكنى ئىپادە قىلدى». جەڭ مەيدانىدا يىقىلغان ئىلى ئارمىيە-
خەلقى ئىچىدە «تارانچىلار (ئۇيغۇرلار) دىن باشقا يەنە نۇر-
غۇن خەنزۇلار، قالماقلار (موڭغۇللار)، قىرغىزلار (قازاقلار)
ۋە تۇڭگانلار (خۇيزۇلار) مۇ بولغان»①. روسىيە ئارمىيىسى

① «تونتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش تارىخى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى،
2 - توم 93 - بەت.

ئىلى ئارمىيە - خەلقىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى جەنۇبىي چېگرىدىكى كەتمەن تاغلىق رايونىغا جەلپ قىلىش مۇددىئاسىغا يەتكەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى تاجاۋۇزنى دەرھال توختاتتى. روسىيە جەنۇبىي يول ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولغان چۇنجى قوشۇننى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا يوشۇرۇن يۆتكەپ، بولۇخۇجىر قوشۇنى بىلەن بىرلەشتۈردى، روسىيە ئاخىرىدا ئىلىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن، ئالتە پىيادە ئەسكەرلەر لىيەنى، تۆت كازاك ئەسكەرلەر لىيەنى، ئون ئېغىر زەمبىرەك، جەمئىي بىر مىڭ 800 كىشىدىن ئارتۇق تاجاۋۇزچى قوشۇن توپلىدى.

ئىلى ئارمىيە - خەلقى چىگىسخوزا، سۇيدۇڭ قاتارلىق جايلاردا مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى كۈچەيتىپ، ئىلىنى قەيسەرلىك بىلەن ساقلاشقا تەييارلانغاندى. 6-ئاينىڭ 27-كۈنى ئەلاخان تاجاۋۇزچى قوشۇنغا جەڭنامە تاپشۇرۇپ، روسىيە ئارمىيىسى بىلەن ئاخىرغىچە جەڭ قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەتىسى، روسىيە ئارمىيىسى ئىلى قورغاس دەرياسى بويىدىكى مۇداپىئە بازىسىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. مۇداپىئەدە تۇرغان ئىلى ئارمىيە-خەلقى قوماندانلىق نامۇۋاپىق بولغانلىقتىن پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. روسىيە ئارمىيىسى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قورغاس دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە ئىلى ئارمىيە - خەلقىنى چىگىسخوزا قەلئەسىگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. 6-ئاينىڭ 30-كۈنى روسىيە ئارمىيىسى چىگىسخوزىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى، ئىلى ئارمىيە - خەلقى قەلئەنى بازا قىلىپ، ئاتلىق قىسمىنى دۈشمەننىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ، شەھەر سىرتىدىكى يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ روسىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا قەيسەرلىك بىلەن تويۇپ زەربە بەردى. جەڭ تاڭ سەھەردىن تۈن كېچىگىچە داۋاملىشىپ، چىگىسخوزا قولدىن كەتتى. ئەتىسى، روسىيە ئارمىيىسى سۇيدۇڭگە ھۇجۇم

قىلدى. 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەلاخان سۈيدۈڭگە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئادەم ئەۋەتىپ، تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەلاخان روسىيە تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان تەسلىم بولۇش شەرتلىرىنى قوبۇل قىلدى. 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى روسىيە ئارمىيىسى غۇلجا شەھىرىگە كىردى.

ئىلى ئارمىيە - خەلقىنىڭ چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى كۈرىشى 5-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە 50 نەچچە كۈن داۋاملاشتى. ھەر مىللەت ئارمىيە - خەلقى قورال - ياراغلىرى خىل بولغان روسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنى ئالدىدا زوراۋانلىققا باش ئەگمەي، ئۆلۈمدىن قورقماي، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، دۈشمەننى باتۇرلارچە يوقىتىپ، تاجاۋۇزچى قوشۇنغا ھەر قەدەمدە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. كۈرەشتە نۇرغۇنلىغان تەسىرلىك ۋە تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىشلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن يېقىنقى زامان شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى يازدى.

روسىيىنىڭ پىلانى بويىچە، ئىلىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنكى نىشان ئۈرۈمچى ئىدى. لېكىن، بۇ چاغدا روسىيە ئارمىيىسىدە ماناس ۋە ئۈرۈمچى ئەتراپىنىڭ «ئىشەنچلىك ۋە تەپسىلىي ئاخباراتى» يوق ھەم «ئىشەنچلىك ۋە تەجرىبىلىك» كوماشىتا تاپالمىغاچقا، ھەربىي ھەرىكىتىنى ۋاقىتىنچە توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار جىڭ ناھىيىسىنىڭ داخېيەنزى ئەتراپلىرىدا قاراۋۇلخانا قۇرۇپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئىلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تەخمىنەن يەتتە مىليون 360 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جۇڭگو زېمىنىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالدى.

روسىيە ئارمىيىسى ئىلىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بىر

مەغلۇپ بىر قورچاق ھاكىمىيەتنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشنىڭ كويىدا بولدى، لېكىن ئاخىرى روسىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى مۇۋاپىق كۆردى. 10-ئايدىن باشلاپ، تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى ئارقا-ئارقىدىن روسىيىگە قايتۇرۇپ كەتتى. يېرىمىنى ئىلىدا قالدۇرۇپ ئىشغالىيەتچى قوشۇننى تەشكىل قىلدى. يېڭى ئىشغال قىلىنغان ئىلى رايونى روسىيىنىڭ سېمىرېچىيە تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ قوماندانى كورپاكوۋسكىينىڭ بىۋاستە مەسئۇلىيىتىدىكى ئىلى ئىشلىرى بەۋقۇلئاددە ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، بۇ رايوننىڭ ھەربىي، سىياسىي، جەمئىيەت ئامانلىقى، ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل قىلىندى. ئىشغال قىلىنغان پۈتۈن رايون تۆت باشقۇرۇش رايونىغا بۆلۈندى. روسىيە ئارمىيىسى ھەربىي ئىشغالىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىلىدا كۆپ قېتىم يېزىمۇ يېزا، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ قورال-ياراغ يىغىپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش قىلغان «ئاسىيلار» نى قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى جايلاردىكى قاتناش تۈگۈنلىرىدە قاراۋۇلخانا، چازىلىرى ۋە ھەربىي پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، ئىشغال قىلىنغان رايونلارنىڭ شەرق، جەنۇب، شىمال ئۈچ تەرىپىنى باشقا جايلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قامال قىلىۋېتىپ، غەربىي تەرەپنىلا روسىيە ئۈچۈن ئوچۇق قويدى. ئىلىنى ھەر مىللەت خەلقىنى قامايدىغان زىندانغا ئايلاندۇردى. روسىيە ئارمىيىسى ئىشغال قىلىنغان رايونلاردا «ئۇرۇشنى ئۇرۇش بىلەن تەمىنلەش» تىن ئىبارەت ئىقتىسادىي سىياسەتنى قوللىنىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەر مىللەت خەلقىدىن پۇل، ئاشلىق ۋە

مال - مۈلۈك شىلىۋالدى. روسىيە ئارمىيىسى ئىلىنى بېسىۋالغان-
دىن كېيىن، تۆلەم تۆلەش دېگەن نام بىلەن يەرلىك ئاھالىنى
پۇل تۆلەشكە مەجبۇر قىلىپ، زور مىقداردا پۇل يىغىپ، شۇ
جايدىكى روسىيە ئىشغالىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن
سەرپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يەرلىك خەلقتىن «تۈتۈن
بېجى ئېلىش» نى بەلگىلەپ، ئولتۇراقلاشقان ئاھالىدىن نوپۇس
بېجى، چارۋىچى خەلقتىن چېدىر بېجى ئالدى. مانجۇ، خەنزۇ،
موڭغۇل، شىبە قاتارلىق مىللەتلەرگە كۆپ مىقداردا كۈمۈش
پۇل سېلىق چېچىپ، «چارۋا، ئاشلىقنى پۇلغا سۇندۇرۇپ تاپ-
شۇرتۇپ»، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى «ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا
چۈشۈرۈپ قويغان»①. 1871 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا،
زورلۇق بىلەن 70 مىڭ 278 رۇبلى نوپۇس بېجى ئالدى،
بۇنىڭدىن باشقا، ھەر مىللەت خەلقىگە يەنە يول ئاسراش
بېجى، مۇھاپىزەت قىلىپ يەتكۈزۈش بېجى قاتارلىق باج-
سېلىقلارنى يۈكلىدى. 1874 - يىلى ئىشغالىيەتچى ئارمىيە
«ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش سېلىقى» نى كۆپەيتىشنى بەلگى-
لىدى، ئۇنىڭ مىقدارى نوپۇس بېجىنىڭ 20% ىگە توغرا
كېلەتتى. ئىككىنچى يىلى يەنە سودا ۋە تىجارەت باشلاش
بېجى ئومۇمىي نىزامىنى ئېلان قىلدى، يەنە «ھاراق تىجارەت
بېجى» نى كۆپەيتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆججەتلىرىدە روسىيە
ئىشغالىيەتچى ئارمىيىسى ھەر يىلى ئىلىدىكى ھەر مىللەت
خەلقىدىن مەجبۇرىي ئالغان باج پۇلى «100 مىڭ سەر كۈ-
مۈشتىن كەم ئەمەس»② دەپ خاتىرىلىگەن. ھەربىي ئىشغالى-

① تۇڭجىنىڭ 12 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «دۆلەت چېگرىسىنىڭ خاتىرىسى»گە سۇنغان ئىلى ئارمىيە ۋە خەلقىنىڭ ئېھتىياجلىق تىلەش توغرىسىدىكى مەكتۇپى».

② «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى دېپلوماتىيە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 15 - جىلد، 17 - بەت.

يەتتىنىڭ كۈچەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، روسىيە شۇ يەردە جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئۈزلۈكسىز چاڭ سېلىپ، ئىلىنى مەڭگۈ بېسىۋېلىشقا ئۇرۇندى.

بىرىنچىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىدا ھەربىيلەرنىڭ كۆچۈپ بىلەن ئاچقان يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، جۇڭگونىڭ يەر - زېمىن ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلدى. روسىيە ئارمىيىسى ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ جايدا ئاچقان يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش ئۇ-ۇلى بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى ھەمدە ئىشغالىيەتچى ئارمىيىنىڭ «ئومۇم ئىگىدارچىلىقى» دېگەن يەر - زېمىن دېگەن نام بىلەن ئىجارىگە بەردى. ئومۇمەن، ئىجارە ھەققى تاپشۇرغانلىكى كىشىگە بۇ يەرلەرنى ئايرىپ بەردى. ئىشغال قىلىنغان رايونلاردىكى مانجۇ، خەنزۇ، شىبە، سۆلۈن، چاخار كۆرەلىرى تەرىكچىلىك ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىدى، تېرىلغۇ يەرلىرى تارتىۋېلىنىپ، «ئۇلار بىر كۈن توق بولسا، ئىككى كۈن ئاچ، ئىنتايىن ئېغىر كۈنگە قالدى.»①

ئىككىنچىدىن، ئىشغال قىلىنغان رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنى روسىيە گراژدانى بولۇشقا قىزىقتۇرۇپ ۋە مەجبۇرلاپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلدى. روسىيە ئارمىيىسى ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن جۇڭگولۇقلارنى روسىيە گراژدانى بولۇشقا مەجبۇرلىدى. ئاۋۋال «تەۋە بولۇشقا» دەۋەت قىلدى، ئاندىن «تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىدى». بويسۇنمىغانلارنى خالىغانچە دۇمبالاپ، «ھەر كۈنى قىينىدى».

① گۇاڭشۈنىڭ 12 - يىلى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «دۇرۇلا چۇەننىڭ روسىيەنىڭ ئېلىمىزنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقى توغرىسىدا ئىچكىرىگە ئۆلكە توشۇلمىسىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى سوراپ خانغا سۇنغان مەكتۇپى».

ئۈچىنچىدىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىنىڭ يەرلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىنى باشقۇرىدىغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. روسىيە ئارمىيىسى ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ئىلىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى. چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىلى مۇساپىرلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا يول قويمىدى، ئىشغال قىلىنغان رايونلاردىكى جۇڭگوغا قاراشلىق كۆرەلەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا بېرىش-كېلىشىگە رۇخسەت قىلمىدى.

تۆتىنچىدىن، ئىشغال قىلىنغان رايونلاردا روسىيە قانۇنىنى يولغا قويۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىدىكى ئەدلىيە ئىگىلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. روسىيە ھۆكۈمىتى روسىيە «يەتتىسۇ ئوبلاستى ۋە سىر دەرياسى ئوبلاستىنى باشقۇرۇش شەرتلىرى توغرىسىدىكى لايىھە» ئىلى ئىشغالىيەت رايونىغا تامامەن مۇۋاپىق كېلىدۇ دەپ بەلگىلىدى. ھەم بۇ جايدا روسىيە ھەربىي سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىپ، ھەر خىل ئەنزىلەرنى زورمۇزور سوراق قىلدى.

بەشىنچىدىن، روسىيە سودىگەرلىرىنى ئىلىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىلى بازارلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، يەرلىك ئىقتىسادنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. روسىيە ئارمىيىسى ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا ئون نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بازار بەرپا قىلىپ، روسىيە سودىگەرلىرىنى كۆچۈپ كېلىپ سودا قىلىشقا قىزىقتۇردى. بۇ جاي ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، روسىيە تاۋارلىرى قايناپ تۇرىدىغان ئورۇنغا ئايلىنىپ، چەت ئەل سودا كارخانىلىرى بىلەن قاپلىنىپ ھەر خىل تاۋارلىرى بىلەن توشۇپ كەتتى.

## §28. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشى

### 1. چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ ياقۇپ بەگنى قوغلاپ چىقىرىشى

شىنجاڭ خەلقى چەت ئەل قاراقچىلىرىنىڭ قۇل قىلىشىغا باش ئەگمەيدۇ. ياقۇپ بەگنىڭ زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشىنى تەشنا كۆزى بىلەن كۈتكەندى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىمۇ پائال تەييارلىق قىلىپ شىنجاڭنى بالدۇرراق قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تىرىشقانىدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى دىققەت-ئېتىبارىنى غەربىي شىمالغا بۇرىۋاتقان چاغدا، ياپونىيە ئەسكەر چىقىرىپ تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلغاچقا، شەرقىي جەنۇب دېڭىز مۇداپىئەسىدە خەۋپ تۇغۇلغانىدى. جىلى باش ۋالىيسى لى خوڭجاڭ قاتارلىقلار «دېڭىز مۇداپىئەسى بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىشكە كۈچ يەتمەيدۇ» دېگەننى سەۋەب قىلىپ، غەربكە يۈرۈش قىلىشقا بېرىلىدىغان تەمىناتنى يۆتكەپ، شەرقىي جەنۇب دېڭىز مۇداپىئەسى ئۈچۈن سەرپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىن ۋاز كېچىش سىياسىتى ئىدى. زو زوڭتاڭ باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئوردا ئەمەلدارلىرى «بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنسەك تاجاۋۇزچىلار ئون قەدەم ئىلگىرىلەپ كىرىدۇ» دەپ قاراپ، ئەسلىدىكى غەربكە يۈرۈش قىلىش لايىھىسىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ ۋە دەرھال قوشۇن چىقىرىپ تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. مانا بۇ شىنجاڭنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتـ

لىك بولغان «دېڭىز چېگرا مۇداپىئەسى» بىلەن «قۇرۇقلۇق چېگرا مۇداپىئەسى» ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە ئىدى. «قۇرۇقلۇق مۇداپىئەسى» تەرەپدارلىرىنىڭ چىڭ تۇرۇشى ئارقىسىدا، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئاخىرى پۈتۈن كۈچ بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. 1875 - يىل 5 - ئايدا، زو زۇڭتاڭ خان مۇپەتتىشى سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلدى. غەربكە يۈرۈش قىلغان چوڭ قوشۇن ئارقا - ئارقىدىن يويىمەن قوۋۇقىدىن ئۆتتى. 1876 - يىل 6 - ئايغا كەلگەندە، شىنجاڭغا كىرگەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى 70، 80 يىڭغا يېتىپ، ئەسلىدىكى تەرتىپكە سېلىنغان قوشۇن بىلەن قوشقاندا ئاز كەم 60 مىڭ كىشىگە يەتكەنىدى. زو زۇڭتاڭ ستراتېگىيە جەھەتتە «ئاۋۋال جەنۇبنى، ئاندىن شىمالنى ئېلىش»، جەڭ قىلىشتا «ئاۋۋال شىمالنى، ئاندىن جەنۇبنى ئېلىش» تىن ئىبارەت ئەسكەر ئىشلىتىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. يەنى ئاۋۋال جەنۇبتا ياقۇپ بەگكە جازا يۈرۈش قىلىش، ئاندىن كۈچنى توپلاپ شىمالدا ئىلى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ كونكرېت ئۇرۇش قىلىش پىلانى بولسا «ئاۋۋال شىمالنى، ئاندىن جەنۇبنى ئېلىش»، ياقۇپ بەگ ئىگىلىۋالغان شىمالىي شىنجاڭدىكى گۇمدى (ھازىرقى مىچۈەن) ۋە ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش، ئاندىن كېيىن داۋانچىڭنى ئېلىپ، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، ئۇدۇل قەشقەرگە بېرىپ، تاجاۋۇزچىلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يويىمەنگۇەن قوۋۇقىدىن چىقىپ، غەلبىسىرى ئىلگىرىلىدى. ياقۇپ بەگمۇ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشتى. ئۇ شەخسەن ئۆزى توقسۇنغا كېلىپ مۇداپىئە كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىلگىرى - كېيىن داۋانچىڭ، تۇرپان، توق-

يولدا ئۈچ مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇپ، بەي يەنخۇ قوشۇنى (شەنشى، گەنسۇدىن ياقۇپ بەگكە پاناھ ئىزدەپ كەلگەن) نى ئاساسىي كۈچ قىلدى، يەنى زور ھەربىي كۈچ توپلاپ مۇداپىئە كۈچلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى.

1876 - يىلى 8 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى گومۇدىدا ياقۇپ بەگنى قوغلاپ چىقىرىش يولىدىكى تۇنجى جەڭنى باشلىدى. ياقۇپ بەگ يىرىك ئەسكىرىي كۈچى بىلەن خۇاگۇيەندىكى سۇ مەنبەسىنى قاتتىق ساقلاپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى چۆللۈكتە قالدۇرۇپ، ئۇرۇش قىلمايلا بىتچىت قىلىۋېتىشكە ئۇرۇندى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى ليۇ جىنتاڭ يەرلىك خەلقلەر يەتكۈزۈپ بەرگەن مەلۇماتقا ئاساسەن، كۆرۈنۈشتە چۆلگە قاراپ كېتىۋاتقاننى قىلىپ، ئاستىرىتتىن خۇاگۇيەنگە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلاپ، تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ، ئەتىسىلا خۇاگۇيەننى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن گومۇدى، جىخۇەي (ھازىرقى مىچۈەن ناھىيىسى) نى ئالدى ۋە بىر يولىلا ئۈرۈمچىنى تارتىۋالدى. 11 - ئايغا كەلگەندە ياقۇپ بەگنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى كۈچلىرىنى پۈتۈنلەي تازىلىدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تېزلىكتە شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم قورغان ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسى بولغان تۇرپانغا قىستاپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. كەيىپ - ساپا سۈرۈش ۋە بېيىش ئۈچۈنلا جۇڭگوغا بېسىپ كىرگەن بىر قىسىم قاراقچىلار بۇلىغان بايلىقلىرىنى ئېلىپ چېگرىدىن قېچىپ چىقىپ كېتىشكە باشلىدى، تەھدىت ئاستىدا

ئەگەشكەن نۇرغۇن كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرەپكە ئۆتتى. ھەتتا ياقۇپ بەگنىڭ «خەزىنىچىسى» ھوشۇر ئاخۇنمۇ ياقۇپ بەگنىڭ خەزىنىسىدىكى ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن 40 نەچچە ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەل بولدى.

ياقۇپ بەگ كۈچىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئۆزىنىڭ جىيەنى سەئىد ياقۇپخاننى ئالدىراپ-تېنەپ يەنە بىر قېتىم ئەنگلىيىگە ئەۋەتىپ قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. 1877-يىلىنىڭ باشلىرى ئەنگلىيە تەرەپ جۇڭگونىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى گوسۇڭتاۋ ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىنى توختىتىشنى، ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ «ھەقىقىدا دۆلەت سۈپىتىدە، پەقەت زېمىن جەھەتتە جۇڭگوغا قاراشلىق بولۇپ، پادىشاھقا ئولپان تاپشۇرماسلىق» قا يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى①. ئەنگلىيىنىڭ بۇ تەلىپى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاتتىق رەت قىلىندى. چار روسىيە ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ھالاكەتكە يېقىنلاشقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتماقچى بولدى. شۇ مەزگىلدە، كوروپاتكىن باشچىلىقىدىكى روسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكى كورلىغا كېلىپ، ياقۇپ بەگ بىلەن «ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش» نى تەلەپ قىلدى. ياقۇپ بەگ جۇڭگو زېمىنىنى سېتىش بەدىلىگە روسىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكچى بولغانىدى. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا مەيلى ئەنگلىيىنىڭ ياردىمىنى ۋەسىلە قىلىشى بولسۇن ياكى روسىيىنىڭ قوللىشى بولسۇن، جۇڭگو خەلقىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئىرادىسىنى توسۇپ قالالما-

① «خەزىرەت لى ۋېنجۇڭ ئەسەرلىرى تەرجىمە مەكتەپ... خەت-ئالاقىلىرى» 6-جىلد، 24-بەت.

مايىتتى، ئاجاۋۇزچىلارنى جەزمەن مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قۇتقۇزالمايتتى.

1877 - يىلى 4 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ داۋانچىڭغا ھۇجۇم باشلىدى. شەھەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماستىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بارگاھىغا پاناھ ئىزدەپ كېلىپ، ئاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ شەھەرنى تاشلاپ جەنۇبقا قاچماقچى بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى شەھەرنى قاتتىق قامال قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھۇجۇمىنى كۈچەيتىپ، 20 - كۈنى داۋانچىڭنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن توقسۇن، سىڭگىم ئېغىزى ۋە تۇرپاننى ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان دەرۋازىنى ئاچتى. ياقۇپ بەگ كورلىدا بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، «ئالاقزادە بولۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى»① 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ياقۇپ بەگ ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇشتۇمتۇت ئۆلدى②.

ياقۇپ بەگ ئۆلگەندىن كېيىن، ئاجاۋۇزچىلار چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈپ، تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. 8 - ئاينىڭ 25- كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى قالدۇق دۈشمەنلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قاراشەھەرنى قايتۇرۇۋالدى. يەنە شۇ جايدىكى دۇڭغۇل ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، دۈشمەن قوشۇنى قايدۇ دەرياسىنىڭ قېشىنى بۇزۇپ، قويۇپ بەرگەن سۇدىن ئۆتكۈشلۈك ئۆتۈپ، كورلا ۋە كۇچا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. باي، ئاقسۇدىكى مەجبۇرىي ئەگەشكەن ئۇيغۇر،

① «پەرغانە بىلەن قەشقەرىيە»، قىسقارتىپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان كۆپەيمىسى.

② «قەشقەرىيە»، ئۇيغۇرچە نەشرى 403 - بەت.

خوْيزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق كىشى چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان زور قوشۇنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ شەھەرنى ئىگىلەپ، دۈشمەننىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ كېلىپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئۈچتۇرپان، ئاقچىدىكى قىرغىز خەلقىمۇ غەربكە قاچقان قالدۇق دۈشمەنلەرگە ئارقا - ئارقىدىن زەربە بەردى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى باي، ئاقسۇ ۋە ئۈچتۇرپانغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. پەقەت ئىككى ئايدىلا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى تۆت شەھەرنى ئىككى ئايلا ۋاقىت ئىچىدە، قان تۆكمەيلا دېگۈدەك ئارقا - ئارقىدىن قايتۇرۇۋالدى. بۇ ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسىم تۆت شەھەردىكى دۈشمەن قوشۇنلىرى خۇددى ئوقيادىن ئۈركۈگەن قۇشتەك پىتىراپ، ئارقا - ئارقىدىن چېكىنىش يولى ئىزدەشكە كىرىشكەنىدى. خوتەندىكى نىياز بەگ چۆللۈكتىن ئۆتۈپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئالدىغا پاناھ تىلەپ كەلدى؛ قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق سانغۇن خې بۇيۈن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلاپ، غەربكە يۈرۈش قىلغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى قارشى ئالدى. 12 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئەسكەرنى ئۈچ يولغا بۆلۈپ، قەشقەر، يەكەن، يېڭىسارغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. 1878 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ئارقا - ئارقىدىن غەربتىكى تۆت شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى شىنجاڭدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقاردى.

شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭىنىڭ بۇنداق ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى غەربكە يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ قوماندانى زو

زوزۇڭتاڭمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغانىدى. «ھەربىي ھەرىكەتنىڭ بۇنداق ئوڭۇشلۇق ۋە تېز بولۇشى كەمدىن كەم ئۇچرايتتى». بۇنىڭدىكى توپ سەۋەب چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قايتۇرما زەربە بېرىش، قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدىكى غەربكە يۈرۈش جېڭىنىڭ ئادالەتلىك ئۇرۇش بولغانلىقىدا ئىدى. زور قوشۇن يېتىپ بارغانلىكى جايدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. زوزۇڭتاڭ بۇنىڭغا يۈكسەك باھا بەرگەنىدى ھەمدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە غەربكە يۈرۈش قىلىشنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنى مۇكاپاتلاشنى ئىلتىماس قىلغانىدى.① ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تۇرپاندىن چىقىپ قەشقەرگىچە بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزگۈچە، بىرەر ئادەم ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ ئوق چىقارمىدى، بەلكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ مۆتىۋەرلىك ئەئيانلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئىززەت-ئىكراملىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، قولىدىن كېلىدىغانلا خىزمەتكارچىلىقىنى كۆرسەتتى②. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەشنى ئۇزاق ۋاقىت قەتئىي داۋاملاشتۇرغان خەنزۇلارنىڭ مىنتۇەنى، موڭغۇل ئەسكەرلىرى قاتارلىقلارمۇ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىسى ياقۇپ بەگنى قوغلاپ چىقىرىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشى — جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا يېقىنقى زاماندا ئىشلەنگەن بىر چوڭ ئىش. غەربكە يۈرۈش قىلىش

---

① «ھەزرىتى زوزۇڭتاڭنىڭ خاندا يوللىغان مەكتۇپلىرى»، 51-جىلد.

② «تارىخىي ھەمىدىي»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 606-بەت.

قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى زوزۇڭتاڭ غەيرىي پىكىرلەرنى كۆ-
چىنىڭ بارىچە رەت قىلىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشتا چىڭ
تۇردى؛ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، غەربكە يۈرۈش قىلىشنى
كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىدى. ئالدىنقى سەپنىڭ باش قوماندانى
ليۇجىنتاڭ غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوماندان ۋە جەڭچىلەرنى
باشلاپ ئىستېھكاملارغا بۆسۈپ كىرىپ، ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇز-
چى كۈچلىرىنى قويماي سۈپۈرۈپ تاشلىدى. ئۇلار شىنجاڭنى
قايتۇرۇۋېلىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار
ئىشتا مۇئەييەن ئورۇننى ئىگىلەشكە ھەقلىقتۇر. شىنجاڭغا
كىرىپ غەربكە يۈرۈش قىلغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ
ئاساسىي كۈچى خۇنەن قوشۇنى، خېنەن قوشۇنى، سىچۈەن
قوشۇنى ۋە مانجۇ سەككىز تۇغلۇق قوشۇنى، خۇيزۇلارنىڭ
جىڭشەن ئاتلىق قوشۇنى، جىلىن ئاتلىق قوشۇنى، خېيلۇڭ-
جياڭ ئاتلىق قوشۇنى قاتارلىق ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ-
لار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، قات-
تىق يول ئازابىغا چىداپ، ھايات-ماماتىغا قارىماي جەڭ
قىلىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالدى، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە
كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشتا ياراتقان تۆھپىسىمۇ
تارىخ سەھىپىسىگە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.

## 2. جۇڭگو-روسىيە سۆھبىتى ۋە «ئىلى شەرتنامىسى»

چاررۇسىيە ئىلىنى قاراقچىلارچە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم
قىلىش ۋاستىسى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن يوشۇرۇن
ھالدا ئەسكەر چىقىرىپ بېسىۋالدى. 1871-يىلى 9-ئاينىڭ
1-كۈنىگە كەلگەندە، روسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەل-
چىسى ۋرانگېل ئالدىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە: روسى-
يە 7-ئاينىڭ 2-كۈنى ئىلىنى ئىشغال قىلدى، «قانداق

قىلىسىلەر؟» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىدى. ھەددە «مەملىكىتىمىز (روسىيە) ئىگىلىگەن تېررىتورىيىنى مەملىكەتلىرىمىزگە قايتۇرۇپ بېرىشنى خالايدۇ» دېدى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ خادىم ئەۋەتىپ تاپشۇرۇۋېلىشىنى، بىر تەرەپ قىلىش نىزامنامىلىرىنى مەسلى-ھەتلىشىش ئارقىلىق كېلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا ئىلى مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئون يىل داۋام قىلغان سۆھبەت كېلىپ چىقتى.

روسىيە ئىلىنى بېسىۋېلىشتىن ئىلگىرى، كۆپ قېتىم ئوردىدا يىغىن چاقىرىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ دەپ يەكۈن چىقارغانىدى. شۇڭا روسىيە ئارمىيىسى ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، يەرلىك خەلققە: روسىيە ئىلىنى مەڭگۈ ئىگىلەيدۇ دەپ جاكارلىدى. ھالبۇكى، روسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسىنىڭ ئىلىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىمىز دېگىنى كۆز بويامچىلىقتىن ئىبارەت. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى روسىيە ئەلچىسىنىڭ نوتىسىنىڭ مەزمۇنى بويىچە دەرھال خادىم ئەۋەتىپ ئىلىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى قارار قىلغاندا، روسىيە ئالدىدا دېگەن سۆزىنى تامامەن ئىنكار قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جايىڭۇەن قوۋۇقىنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى تازىلىشى كېرەك، ئۈرۈمچى، ماناس شەھىرىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزسەك بولىدۇ دېدى. ئەمەلىيەتتە، روسىيە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بۇ ئىشلارنى ئورۇندىيالمايدۇ، شۇڭا ئىلىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە سۆھبەتلىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارىغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى جۇڭگونىڭ زېمىنى، ھازىر روسىيە ئارمىيىسى بېسىۋالغان، بۇ ئىشنى ھەل

قىلىشقا جۇڭگودىن ئادەم بارىدۇ، روسىيە تەرەپنىڭ باھانە كۆرسىتىپ نەيرەڭۋازلىق قىلىشى توغرا ئەمەس، دەپ قاراپ چىڭ سۇلالىسى ئىلى جىياڭجۈنى روڭ چۈەنگە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان جاي قويبۇدىن «سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە بېرىپ ئىلىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش» توغرىسىدا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى. جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ ئىلى مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبىتى شۇنىڭدىن باشلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر مەركەزلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت تۆت قېتىم بولدى.

جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ ئىلى مەسىلىسى توغرىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق سۆھبىتى 1872 - يىلى 5 - ئايدا روسىيە چېگرىسىدىكى ئاياگۇز دېگەن جايدا ئۆتكۈزۈلدى، ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەت شۇ يىل 9 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئىككى قېتىملىق سۆھبەتتە روسىيە پەقەت چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە سودا قىلىش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، روسىيە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى دۆلەت چېگرىسىغا قىسمەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش دېگەنگە ئوخشاش يولسىز تەلەپلەرنىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە ئېغىز ئاچمىغاچقا، سۆھبەت نائىلاج ئۈزۈلۈپ قالغانىدى.

1878 - يىلىنىڭ باشلىرى، چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش - قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. روسىيە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى يەنىلا ئارقىغا سوزدى. لېكىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شىنجاڭنى تېزلىكتە قايتۇرۇۋالغانلىقى روسىيىنىڭ زادى ئويلىمىغان يېرىدىن چىققانلىقتىن، ئۇلار ئىلى مەسىلىسىنى قايتىدىن ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى. 1879 - يىل 3 - ئايدا، چار پادىشاھ رىياسەتچىلىك قىلغان ئوردىدىكى يەۋقۇلئاددە يىغىندا جۇڭگو تەرەپ

سودا قىلىش، زىياننى تۆلەش ۋە تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى چېگرىنى تەڭشەش قاتارلىق جەھەتلەردە يول قويغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولىدۇ، دەپ قارار چىقاردى. شۇ چاغدا جۇڭگو بىلەن روسىيە ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىش مەسىلىسىدە پېتېربۇرگتا ئۈچىنچى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

جۇڭگونىڭ سۆھبەتكە قاتنىشىدىغان باش ۋەكىلى چۇڭ خۇ ھەمراھلىرى بىلەن 1879 - يىل 1 - ئايدا پېتېربۇرگقا بارغانىدى، 3 - ئايغا كەلگەندە روسىيىنىڭ ئوردىسىدا ئېچىلغان يىغىننى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، روسىيە تەرەپ ئاندىن چۇڭ خۇ بىلەن رەسمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. چۇڭ خۇ تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى:

1. جۇڭگو ئىلىنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

2. روسىيە بىلەن سودا قىلىشقا ۋە ھەر خىل سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ (يەنى ھوقۇق - مەنپەئەتنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولىدۇ).

3. ئىلىنىڭ چىقىمى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ (يەنى روسىيىگە تۆلەم تۆلەپ بېرىدۇ).

روسىيە شۇ چاغدا ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش قارارىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت لايىھىدە بىردەك پىكىرگە كېلەلمىگەنىدى. شۇڭا روسىيىنىڭ سۆھبەتتە ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلىرى ئىنتايىن مۇجمەل ئىدى.

روسىيىنىڭ ھەر خىل ھوقۇق - مەنپەئەتلەرنى تەلەپ قىلىش لايىھىسى 7 - ئايغا كەلگەندە ئاندىن ۋۇجۇدقا كەلدى ھەم ئۇنى بىر - بىرلەپ چۇڭ خۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، جۇڭگو تەرەپنى ماقۇل بولۇشقا قىستىدى. چۇڭ خۇ روسىيە تەرەپنىڭ ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەلچى بولۇپ

سوھبەت ئۆتكۈزۈشنىڭ مەقسىتى ئىشقا ئاشتى دەپ ھېسابلاپ، روسىيە تەرەپنىڭ ھەممە شەرتلىرىگە قوشۇلدى. 10-ئايدا چۇڭ خوۋ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئارا دېڭىز بويىدىكى لىۋادىيە ئوردىسىغا بېرىپ، روسىيە تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان لايىھىنى ئۆلچەم قىلىپ، «لىۋادىيە شەرتنامىسى» گە ئىمزا قويدى. شەرتنامىنىڭ تولۇق تېكىستى جەمئىي 18 ماددا بولغانىدى (شۇڭا «18 ماددىلىق جۇڭگو-روسىيە شەرتنامىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

«لىۋادىيە شەرتنامىسى» مەملىكىتىمىزگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت تەۋرەپ كەتتى. زوڭلى يامۇلىنىڭ ۋەزىرى يى شىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر ساھەدىكى زاتلار قولدىن كەتكەن ئىگىلىك ھوقۇقى بەك جىق بولۇپ كېتىپتۇ، قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ دېگەن قاراشتا بولدى. ئوردا ئەمەلدارلىرى-نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەرتنامىنى ئەستىقلاشنى رەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، چېگرا ساقلاۋاتقان ئەمەلدارمۇ «ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ چېگرىنى پۇختىلاش»، زۆرۈر تېپىلغاندا بىر قەپەس ئېلىشىپ ۋەتەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. 1880-يىل 2-ئايدا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى «لىۋادىيە شەرتنامىسى»نى ئەستىقلاشنى رەسمىي رەت قىلدى ھەمدە ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ ۋەتەنگە ھاقارەت كەلتۈرگەن چۇڭ خوۋنى «بېشىنى يېگەن تۆرە» قىلىپ بېكىتىپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى. روسىيە بۇنىڭغا جاۋابەن جۇڭگو-روسىيە چېگرى-سىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە ئەسكەر كۆپەيتىپ، جۇڭگونىڭ بوخەي دېڭىزى قولتۇقىغا بىر جەندۈي (ھەربىي پاراخوت ئەترىتى — م) ئەۋەتىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنى شەرتنامىنى ئەستىقلاشقا قورال كۈچى بىلەن قىستىماقچى بولدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ بۇنىڭغا

مۇناسىپ مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە زوڭتاڭ باشچىلىقىدىكى «قاتتىق پوزىتسىيە تەرەپدارلىرى» غەربىي شىمال چېگرا رايونىدا مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن پىلانلاپ، زۆرۈر تېپىلغاندا قورال كۈچى بىلەن ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشقا تەييارلىق قىلغانىدى. لېكىن غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىشى ۋە بېسىم ئىشلىتىشى ئارقىسىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە بىر قېتىم روسىيىگە ئادەم ئەۋەتىپ، شەرتنامىنى رەت قىلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشنى ھەمدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ باشقىدىن يېڭى شەرتنامە ئىمزالاشنى قارار قىلدى. 7-ئايدا چىڭ سۇلالىسى روسىيىگە ئەلچى قىلىپ بەلگىلىگەن خان مۇپەتتىشى زېڭ جىزې (بۇ چاغدا زېڭ جىزې قوشۇمچە ئەنگلىيە، فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچى ئىدى) لوندوندىن پېتىربۇرگقا بېرىپ، ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتنى باشلىدى.

1880-يىلى 8-ئاينىڭ 28-كۈنى جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش توغرىسىدىكى سۆھبىتى پېتىربۇرگتا ئۆتكۈزۈلدى. يېرىم يىل ئىچىدە ئىككى تەرەپ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 50 نەچچە قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، كەسكىن ئېلىشىش، قايتا-قايتا مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق، 1881-يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنى «ئىلى شەرتنامىسى» («ئۆزگەرتىپ قايتا تۈزۈلگەن شەرتنامە» ياكى «سانكت-پېتېربۇرگ شەرتنامىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە «قايتا تۈزۈلگەن قۇرۇقلۇق يولى سودا نىزامنامىسى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە شەرتلىرىنى ئىمزالىدى. «ئىلى شەرتنامىسى»نىڭ تولۇق تېكىستى جەمئىي 20 ماددا بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. يەر بۆلۈپ بېرىش. بۇ ئۈچ جايغا مەركەزلەشكەن:

ئىلى رايونى. روسىيە قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئون نەچچە مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جۇڭگو زېمىنىنى بۆلۈۋالىدۇ.

تارباغاتاينىڭ شىمالىدىكى رايونلار. كولىستۇڭ تېغىدىن مۇز تاغقىچە بولغان جاي ئارىلىقىدىن بىر تۈز سىزىق تارتىلىدۇ (بۇرۇن چۇڭ خۇ بېكىتكەن چېگرىغا يېقىن كېلىدۇ)، يېڭى چېگرا پاسىلى ئاشۇ تۈز سىزىق بىلەن كونا چېگرا ئارىلىقىدا ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىلىدۇ.

قەشقەر رايونى. چېگرىنى روسىيىنىڭ ئاتالمىش «ھازىر باشقۇرۇۋاتقان چېگرا»سى بويىچە بېكىتىش، بۇنىڭدىن مەقسەت، جۇڭگو زېمىنىنى ئارتۇق ئىگىلىۋالغان ئەھۋال ئاستىدا، كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن دەستەك قالدۇرۇش.

2. سودا قىلىش. روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ موڭغۇلىيە رايونىدا باج تۆلىمەي سودا قىلىشىنى، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى سودىسىدا «ۋاقىتىنچە باج تاپشۇرماسلىق» نى قايتا جاكارلاش؛ كونسۇلخانا تەسىس قىلىنغان شەھەر-بازارلاردا ۋە جاڭجىياكۇدا سودا سارايلىرىنى سېلىش؛ روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى بىلەن جۇڭگوغا كېلىپ سودا قىلىشتا موڭغۇلىيە، شىنجاڭ چېگرىدىكى 35 قاراۋۇلخانىدىن كىرىپ-چىقىشقا رۇخسەت قىلىش.

3. كونسۇلخانا تەسىس قىلىش. كونا شەرتنامە بويىچە ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر، قۇرلوندا بىر تەرەپلىمە كونسۇلخانا تەسىس قىلغاندىن باشقا، روسىيە يەنە سۈجۇ (ھازىرقى گەنسۇ تەۋەسى)، تۇرپان قاتارلىق ئىككى جايدا كونسۇلخانا تەسىس قىلىش، قوبدو، ئۇلاستاي، قۇمۇل، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ قاتارلىق بەش جايدا سودا ئىشلىرى راۋاج تاپقاندىن كېيىن، كونسۇللارنىڭ

مۇۋاپىق ـ مەنپەئىتىنى كۆپەيتىش.

4. تۆلەم تۆلەش. جۇڭگو روسىيىگە «ئىلىنى ۋەكالىتەن ئۆتكۈزۈپ ئېلىش، ۋەكالىتەن ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن كەتكەن ھەربىي خىراجەت»ۋە «لەپەقە پۇلى» نامىدا 9 مىليون رۇبلى (تەخمىنەن بەش مىليون 9 مىڭ سەر كۈمۈش پۇلغا تەڭ) تۆلەم تۆلەش.

5. جۇڭگو پۇقرالىرى روسىيىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىش. شەرتنامىدە ئىلى ئاھالىسى بىر يىل مۆھلەت ئىچىدە مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ روسىيىگە ئىختىيارى كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. روسىيە بۇنىڭغا ئاساسەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جەمئىي 70 مىڭدىن ئارتۇق ئىلى ئاھالىسىنى روسىيىگە مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ كەتكەن. «كۆچۈشنى خالىمىغانلار قامچىلانغان، ئۇلارنىڭ داد ـ پەريادى بىپايان كەڭ دالانى قاپلىغان»①.

6. ئىلىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىش. شەرتنامىدە ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈپ ئېلىشنى ئۈچ ئاي ئىچىدە ئورۇنداپ بولۇش دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە روسىيە ئارمىيىسى «ئەسلىدە روسىيىگە تەۋە بولغان جايلاردىكى كىشىلەر»نى قوغداشنى باھانە قىلىپ، ئىلىنى قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن يەنە بىر يىلغىچە بېسىپ ياتقان.

«ئىلى شەرتنامىسى»نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، جۇڭگو ـ روسىيە ئىككى تەرەپ 1882 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1884 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ غەربىي قىسىمدىكى چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ، «ئىلى شەرتنامىسى»نىڭ چېگرا توغرىسىدىكى بەش تارماق شەرتنامىسىنى ئىمزالاپ، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىمدىكى

① «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى دىپلوماتىيە تارىخي ماتېرىياللىرى»، گۇاڭشۈي، 22 ـ جىلد 15 ـ بەت.

ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا پاسىلىنى ئايرىپ چىقتانىدى. چېگرىنى ئايرىش ۋە شەرتنامە ئىمزالاش ئارقىلىق، روسىيە جۇڭگو زېمى-نىدىن 70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر جاينى ئىگىلىۋالغان، بۇنىڭ ئىچىدە خېلى زور بىر قىسىم زېمىننى روسىيە چېگرا ئايرىش جەريانىدا «ئىلى شەرتنامىسى» نىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپ ھالدا بېسىۋالغان.

1882-يىلى 2-ئاينىڭ 21-كۈنى جۇڭگو-روسىيە ئىككى تەرەپ ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ كونكرېت ئىشلىرى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، 3-ئاينىڭ 22-كۈنى كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، شەرتنامە ھۆججەتلىرىنى ئالماشتۇردى. 4-ئاينىڭ 30-كۈنى ئىلى جياڭجۈنى جىن شۇن ئۆز قوشۇ-نىنى باشلاپ ئىلىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن روسىيە ئارمىيىسى 10 نەچچە يىل ئىشغال قىلىۋالغان ئىلى ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلدى.

## §3. شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشى

**1. كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئىدارىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى**

1876-يىلى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭى باشلانغان-دىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يول بويى دۈشمەنلەرنى سۈرۈپ-توقاي قىلىپ، توسالغۇسىز ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ شەھەرلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن قايتۇرۇۋالدى. چەت ئەل قاراق-چىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، 10 يىلدىن ئارتۇق دەپسەندە قىلىنغان شىنجاڭ خارابىلىققا ئايلىنىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن-ئىدى. ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا 2 مىڭ 500 كىلومېتىر كېلىدىغان شىمالىي شىنجاڭدىكى جېندى ئايمىقىغا قاراشلىق ئون

ئەچچەل شەھەر بولۇپ، بۇرۇن بۇ ئىقتىسادى گۈللەنگەن، سودا ئىشلىرى روناق تاپقان، ئاھالىسى ئاۋاتلاشقان بىر رايون ئىدى. ئەمدىلىكتە ھەممە جايىنى خارابىلىق قاپلىغان، قېلىن ياۋا گىياھلار ئۆسۈپ كەتكەن، ئون ئۆينىڭ توققۇزى بوش قالغان بىر چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بۇرۇنقى بوستانلىق يېزا ئىگىلىكىمۇ قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كونا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى، بەگلىك تۈزۈمى قاتارلىق سىياسىي تۈزۈلمىلەر ۋە باشقۇرۇش ئورگانلىرىدىن «ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، ئۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۈشكۈل ئىدى». ئۇرۇشتىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ۋەيران بولغان ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى جىددىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈر ئىش ئىدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى قايتىدىن قۇرۇش تەخىرسىز ئىش ئىدى. شىنجاڭدىكى كېيىنكى ئىشلارنى بىرياقلىق قىلىش ئىدارىسى دەل چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شىنجاڭنى تېزلىكتە قايتۇرۇۋالغان، ھەممە ئىشنى قايتىدىن ئىشلەيدىغان ئالاھىدە ۋەزىيەتتە جىددىي ئېھتىياجغا مۇناسىپ قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھاكىمىيەت ئورگىنى ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتىش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شۇنداقلا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا ۋەكالىتەن ھەرخىل مەجبۇرىيەتلەرنى بېجىرىشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭدىكى كېيىنكى ئىشلارنى بىرياقلىق قىلىش ئىدارىسى باشتا شىمالىي شىنجاڭنىڭ جىنىدى ئايمىقىدىكى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئىچكىرىلەپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، كېيىنكى ئىشلارنى بىرياقلىق قىلىش ئىدارىسى تۇرپان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردىمۇ

ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ غەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرى-
دىغان خان مۇپەتتىشى زوزۇڭتاڭ «ھەرقايسى شەھەرلەرگە مە-
مۇرىي، ھەربىي خادىملارنى ئەۋەتىپ، بىر-بىرلەپ
باش ئىدارە، شۆبە ئىدارە تەسىس قىلدى». 1883-
يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا جەمئىي كېيىنكى
ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش باش ئىدارىسىدىن ئىككىسى تەسىس
قىلىنغانىدى: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى تۆت شەھەرنىڭ
كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش باش ئىدارىسىنىڭ ئورنى
ئاقسۇدا بولدى؛ غەربتىكى تۆت شەھەرنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىر
ياقلىق قىلىش باش ئىدارىسىنىڭ ئورنى قەشقەردە بولدى. كېيىنكى
ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئىدارىسىدىن ئونى تەسىس قىلىن-
غان بولۇپ، ئۇلار قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ (شەرقىي تۆت
شەھەرنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش باش ئىدارى-
سى قوشۇمچە ئۆتىگەن)، ئۇچتۇرپان، قەشقەر (غەربىي تۆت
شەھەرنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش باش ئىدارى-
سى قوشۇمچە ئۆتىگەن)، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، تۇرپان،
ئۈرۈمچىدە ئىدى. كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش شۆبە
ئىدارىسىدىن ئۈچى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار شايار، باي،
مارالبېشىدا ئىدى. كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش باش
ئىدارىسى ۋە شۆبە ئىدارىلىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ
شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سەپ باش قو-
ماندانى ليۇ جىنتاڭغا قارايتتى. كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق
قىلىش ئىدارىسىنىڭ ھەرخىل خىزمەتلىرى شۇ جايلاردا تۇرۇش-
لۇق ئارمىيىنىڭ كۈچلۈك ماسلىشىشى ۋە قوللىشىغا ئىگە بول-
غان. ھەرقايسى جايلاردا كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش
ئىدارىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر-
نەچچە جەھەتتىكى خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى:

1. ئېرىق - ئۆستەڭنىڭ قاش، توغانلىرى رېمونت قىلىنىپ، سۇ يوللىرى راۋانلاشتۇرۇلدى. كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئىدارىلىرى ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ قاش، توغانلىرىنى ياساپ، سۇ يولىنى راۋانلاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنى تەشكىللەش ھەممە سەرسان بولۇپ يۈرگەن پۇقرالارنى يىغىش ئارقىلىق ئۆستەڭ ئېلىپ، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ باردى. سۇ ئىنشائاتىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ بىر قانچە تۈمەن مو تاشلىنىپ كەتكەن تېرىلغۇ يەرلىرىنى ۋە يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرگەن يەرلەرنى سۇغىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

2. خەلقنى تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا چاقىرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. كېيىنكى ئىشلارنى ئوبدان بىر ياقلىق قىلىش ئىشلىرى بويىچە ئېكىنچىلىك ئىشلىرىنى قومۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇن باشلاپ بەرگەنىدى. قولدىن كەتكەن زېمىن ئارقا - ئارقىدىن قايتۇرۇۋېلىنىش بىلەن تەڭ، خەلق بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا چاقىرىلدى. بۇ ئىش ئىككى خىل شەكىلدە يولغا قويۇلدى: بىر خىلى، سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئائىلىلەرنى يىغىپ ۋە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا تېرىلغۇ يەر، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە ئۇرۇقلۇق بېرىش؛ ئىككىنچى خىلى بولسا غەربكە يۈرۈش قىلىپ كەلگەن ھەر قايسى قوشۇنلاردىكى يېشى چوڭ، تېنى ئاجىز ئەسكەرلەرنى ۋە شىنجاڭدىكى يەرلىك قوشۇنلارنى قىسقارتىش، ھەممە ئارمىيىدىكى ئۆي - ئوچاقلىق بولغان ئەسكەرلەرنى ھەربىي سەپتىن بوشىتىپ چىقىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش. ئومۇمەن ھەربىي سەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ

دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بازارلىق كىشىلەرگە ئۆي، ساي-
مان ۋە ئۇرۇق ئۆتنە بېرىپ، ھۆددىگە تېرىلغۇ يەر كۆرسى-
تىپ بېرىش، ئۇنىڭ ئۆتنىسىگە كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن ئاش-
لىق بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش
ئىدارىسىنىڭ بۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، شىن-
جاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى
تېزلا ئەسلىگە كەلدى.

3. يەرنىڭ مو سانىنى ئۆلچەپ ئىنقىلاپ، باج مىقدارىنى
بېكىتىش. جايلاردىكى كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش
ئىدارىلىرى يۇقىرىلار تېرىغان يەردىن پاراق ئېلىشتا، دەسلەپكى
يىلى ئالغان ھوسۇلنىڭ 11 دىن بىرىنى ئېلىشنى بەلگىلىگەن؛
ھوسۇلدىن كېيىن، كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئىدا-
رىسى خادىم ئەۋەتىپ ھۆددىگە بېرىلگەن يەرلەرنىڭ كۆلى-
مىنى ئۆلچەپ، يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى باھالاپ بېكىتكەن. ھەمدە
يەرلىك مەھسۇلاتنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ۋە يەرنىڭ كۈچلۈك-
ئاجىزلىقىغا قاراپ، تېرىلغۇ يەرنى، يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن
دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىپ، ھەر يىلى ئوخشاش بولمىغان
دەرىجە بويىچە باج ئالغان. بۇ باج نىسبىتى كونا تۈزۈمنىڭ
ئوتتۇرا دەرىجىسىدىنمۇ تۆۋەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈشكە پايدىلىق بولغانىدى.

4. باج-سېلىق ئېلىش. جايلاردىكى كېيىنكى ئىشلارنى
بىر ياقلىق قىلىش ئىدارىلىرى بىۋاسىتە باج ئېلىشقا مەسئۇل
بولغان بولۇپ، جايلارنىڭ باج-سېلىقىنى كېيىنكى ئىشلارنى
بىر ياقلىق قىلىش ئىدارىلىرىنىڭ قارىمىقىدا تەسىس قىلىنغان
ئورگانلار بىر تۇتاش يىغاتتى. جايلاردىكى يەرلىك باشلىقلار-
نىڭ بۇ ئىشقا قول تىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان، باجنى خالى-
غانچە كۆپەيتىش ۋە كېمەيتىشكە تېخىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان

قالدى. دېھقانلار باج تاپشۇرغاندىن كېيىن، كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئىدارىسى باج تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانلارغا بىر تۇتاش ئىسپات بېرەتتى. ھەرقايسى جايلاردىكى يەرلىك باشلىقلار ئۇلاردىن قايتا باج ئالالمايتتى. مانا بۇ تەدبىرلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ساختىلىق قىلىپ ئۆزىنى سەمرىتىشتەك يامان ئادەتلىرىنى زور دەرىجىدە يوقاتقانىدى.

5. شىنجاڭ بويىچە ئىشلىتىدىغان يېڭى پۇل تارقىتىش. شىنجاڭ قايتۇرۇۋېلىنغاندا جايلاردىكى پۇل تۈزۈمى بەك قالايمىقانىدى. بازاردا ئىشلىتىلىۋاتقان پۇللاردىن جەنۇبىي شىنجاڭ پۇلى (قارا پۇل)، چيەنلۇڭ قۇيدۇرغان يارماق پۇل ۋە ياقۇپ بەگ شىنجاڭنى بېسىۋالغاندىن كېيىن قۇيدۇرغان تەڭگە (كۆمۈش پۇل) بار ئىدى. پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۇل ئوبوروتىنى راۋان قىلىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىيدىكى تۆت شەھەرنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش باش ئىدارىسى بۇيرۇقتا بىنائەن ئاقسۇدا پۇل زاۋۇتى تەسىس قىلدى. لەنجۇنىڭ پۇل قۇيىدىغان يېڭى تىپتىكى مىس قېلىپىدا كۆمۈش پۇل قۇيدۇردى. كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئىدارىسى كۆمۈش پۇلنى چيەنلۇڭنىڭ يارماق پۇلى بىلەن ئوخشاش كۈچكە ئىگە دەپ بەلگىلىگەن.

6. جايلارنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرى ۋە خەلق ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش. شىنجاڭ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ئومۇمەن، يەرلىك خەلقنىڭ دەۋا ئەنزىلىرى، مەسىلەن، قاتىللىق، ئوغرىلىق، قەرز، يەر ماجىراسى قاتارلىق ئەنزىلەر ۋە نوپۇس، نىكاھ قاتارلىق خەلق ئىشلىرىنى كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئىدارىلىرىنىڭ خادىملىرى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلغان. كۆپلىگەن ئەنزە، ماجىرالار ھەل قىلىنىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش،

ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن كېيىنكى جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

7. جامائەت ئىشلىرى ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇش. جايلاردا كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئىدارىسى كۆپلىگەن ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى كەڭ تۈردە يولغا قويدى. مەسىلەن، يول ياساش، قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، كۆۋرۈك سېلىش، ئامبار ياساش قاتارلىقلارنى ئورۇندىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جايلاردا مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، مەكتەپ ئېچىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خەنزۇچە ئۆگىنىشكە ئۈندۈشتۇرغان.

8. چەت ئەللەر بىلەن بولىدىغان ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىش. جايلاردىكى كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش باش ئىدارىسى ۋە شۆبە ئىدارىلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن بېرىلگەن ھوقۇق بويىچە ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن تاشقى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغان. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قەشقەر ۋە يېڭىساردىكى كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئىدارىلىرىنى روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بىلەن بولغان بارلىق بېرىش - كېلىش، سۆزلىشىش قاتارلىق ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلغان، چوڭ ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، ئەربىتىكى تۆت شەھەرنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش باش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا مەلۇم قىلغان.

9. ئامانلىقنى ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى ساقلاش. شۇ جايداكېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئىدارىلىرى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ۋەيران بولغان قەلئە، ھەربىي پونكىتلارنى تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ ياردىمىدە ئارقا - ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن، يېڭى قەلئەلەرنى «خەلققە جاپا سالماي، ھۆكۈمەت پۇلىنى سەرپ قىلماي ياساپ چىققان». چېگرا بويلىرىدىكى كېيىنكى

ئىشلارنى بىر ياقىلىق قىلىش ئىدارىلىرى يەنە قىدىرەللىك ھالدا چارلاش ئەترىتى ئەۋەتىپ چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىنى تەكشۈرۈپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغدىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جايلاردا قېچىپ يۈرگەن باندىتلارنى قوغلاپ تۇتۇش قاتارلىق جەمئىيەت ئامانلىقى ئىشلىرىدىمۇ كېيىنكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش باش ئىدارىسى ۋە شۆبە ئىدارىلىرى مەسئۇل بولغان، بۇ ئىشلارغا شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە ياردەملەشكەن.

## 2. شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇش تەشەببۇسىنى ھەممىدىن بۇرۇن گۇڭ زىجېن قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغانىدى. 1820 - يىلى گۇڭ زىجېن «غەربىي يۇرتتا ئۆلكە تەسىس قىلىش ھەققىدە تەكلىپ» دېگەن ماقالىسىدە، غەربىي يۇرت شىنجاڭنى مەمۇرىي ئۆلكە قىلىپ قۇرۇشنى، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنى يىرلىككە كەلتۈرۈپ، غەربىي شىمال چېگرىسىدا كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقان ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى جىددىي كۆرسەتكەنىدى.

1877 - يىل 6 - ئايدا، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلار مۇپەتتىشى زوزوڭتاڭ بۇيرۇققا بىنائەن ئۇرۇشتىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئىشىنى بىر تۇتاش پىلانلىغاندا، «شىنجاڭنى ئەبەدىي ئامان قىلىپ، ئوردىنى غەربىي چېگرا توغرىسىدىكى غەمدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكە تەسىس قىلىپ، ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك، بۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ئىش دەپ قاراپ، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىشنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويدى»①. گەرچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇشكۈل ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەنلىكتىن، شىنجاڭدا ئۆلكە

① «زوزوڭتاڭ ھەزرەتلىرىنىڭ مەكتۇپنامىلىرى»، 50-جىلد، 77-بەت.

تەسىس قىلىش تەكلىپىگە ئىنىق بىر نىمە دېيەلمىگەن بولسىمۇ،
لېكىن زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇش — يولغا قو-
يۇشقا تېگىشلىك تەدبىر دەپ ھېسابلىغانىدى.

1878 - يىلىنىڭ باشلىرى، شىنجاڭنىڭ ئىلىدىن باشقا
ھەممە جايلىرى قايتۇرۇۋېلىندى. زوزۇڭتاڭ شىنجاڭدا ئۆلكە
تەسىس قىلىش تەكلىپىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى
ھەمدە شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىش تەكلىپىنى چىڭ سۇلا-
لىسى ئوردىسى بويىچە ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ مەجلىسىدە ئوت-
تۇرىغا قويۇپ، شۇلارنىڭ قارار چىقىرىشىغا سۇنۇشنى تەكلىپ
قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زوزۇڭتاڭغا: ئەتراپلىق ئويلىنىپ،
شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلسۇن،
ئەگەر ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىنغاندا ۋەزىيەتكە
ھەقىقەتەن پايدىلىق بولسا، دەرھال ئۆلكە تەسىس قىلىش
لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلىپ ئوردىغا مەلۇم قىلىنسۇن، ئاندىن
ئوردا ۋەزىرلەر يىغىنى چاقىرىپ مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىدۇ
دەپ بۇيرۇق بەردى.①

چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس
قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ غۇلغۇلا بولدى.
بۇنىڭ ئىچىدە قارشى چىققانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. خانلىق
بىلىم يۇرتىنىڭ پۈتۈكچىسى ليۇ خەيئاۋ: شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ،
ئاھالىسى شالاڭ، ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىغان تەقدىردىمۇ
نامى ئۇلۇغ، سۈپىتى قۇرۇق بولۇپ قالىدۇ، مالىيە چىقىمىنى
كۆتۈرەلمەيدۇ دېگەننى سەۋەب قىلىپ، ئۆلكە تەسىس قىلىشقا
قارشى تۇردى. باش دىۋانغا قاراشلىق ھەر قايسى يامۇللار-
نىڭ كۆپچىلىكى شەنشى، گەنسۇنىڭ ھەربىي ۋالىيسى تەن

① «چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى دېزوڭنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە»، 66-جىلد 6-بەت.

جۇڭلىنىدىن ئۆلكە تەسىس قىلىش لايىھەسىنى قۇۋۋەتلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا داۋ (道)، تىڭ (厅)، ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلىشقا قوشۇلدى، لېكىن ئۆلكىنى كېيىنرەك قۇرۇشنى قۇۋۋەتلىدى. پىكىر ئىختىلاپ چوڭ بولغانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى دەماللىققا بىر قارارغا كېلەلمەي، «ئىككى خىل پىكىر بولغاچقا ھازىرچە ئاسانراقىنى يولغا قويايلى، قىيىنراقىنى كېيىن بىر نېمە دېيىشەيلى»① دېگەن يەرگە كەلدى. شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇش ئىشى بىكار بولۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندەك بولدى. 1882 - يىلى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، جېجياڭ - جياڭسۇ باش ھەربىي ۋالىيسى زوزوڭتاڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە يەنە بىر قېتىم مەكتۇپ يوللاپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىش توغرىسىدا بالدۇرراق قارار چىقىرىشنى سورىدى. ئۇ نۆۋەتتە شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە پايدىلىق شارائىتى بار دەپ ھېسابلىدى:

بىرىنچى، چېگرا رايون قايتۇرۇۋېلىنغان ياخشى ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىش. «تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى جايلار تېررىتورىيە تەۋەلىكىمىزگە قايتىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى، بۇنىڭغا خەلقى - ئالەم چىن كۆڭلىدىن قايىل ......... قەدىمدىن بىزگە تەۋە بولغان بۇ زېمىننى مۇشۇنداق ئىدارە قىلساق، چېگرا رايونىمىز مۇستەھكەملىنىدۇ» بۇ مەركەزنىڭ چېگرا رايونلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىگە پايدىلىق.

ئىككىنچى، مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ مۇداپىئە قوشۇنى تارقىتىۋېتىلمىگەن ئەھۋالدىكى ھەيۋىتىدىن پايدىلىنىش.

---

① (شىنجاڭنىڭ جەرىتلىك تەزكىرىسى) [illegible] 3 - بەت.

شىنجاڭنى تىنچىتىش ئۈچۈن كەلگەن بىر نەچچە تۈمەن چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇداپىئەدە تۇرماقتا. ئۇلار «ھەم شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئابرويىنى ئاشۇرىدۇ، كەلگۈسىدە (ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن) ئەسكىرىي تۈزۈم ئورناتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇن جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ يېتىشىپ چىققان ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى تاللاپ، جاي-جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ»، بۇ ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق.

ئۈچىنچى، جەمئىيەتنى تىنچلاندۇرۇش خەلقنىڭ رايىغا ياقىدۇ. شىنجاڭ ئەمدىلا قايتۇرۇۋېلىنىپ، چەت ئەل قاراقچىلىرىنىڭ خورلۇقىدىن يېڭىلا قۇتۇلغان پۇقرالار تىنچ-ئامانلىققا تەشنا. بۇنداق پەيتتە ئۆلكە تەسىس قىلىش جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پايدىلىق ۋە خەلقنىڭ رايىغا ياقىدۇ.

تۆتىنچى، كونا تۈزۈملەر تۈگەشتى، جىمى ئىشنى قايتىدىن يولغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ ئۆلكە تەسىس قىلىپ، يېڭى تۈزۈملەرنى ئورنىتىشنىڭ ياخشى پەيتى. ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىنسا، «تۇتۇقبەگ ۋە باش مۇپەتتىشلەر يېڭىدىن قويۇلىدۇ، ياخشىلار ئۆستۈرۈلۈپ، يامانلار چۈشۈرۈلۈپ، خىزمەتكە تەيىنلەنگەنلەر خىزمەت كۆرسىتىشكە ئىنتىلىدۇ، ئۆز ئىشىنى تىرىشىپ ئىشلەيدۇ. ھەرخىل ئىللەتلەر تەدرىجىي تۈگەيدۇ».

بەشىنچى، چېگرا رايوندا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندا، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بىردەك بولىدۇ. بۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكلىكىنى ساقلاشقا ۋە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ قارا نىيىتىنى چەكلەشكە

پايدىلىق. ئۆلكە تەسىس قىلىش ئىشى كېچىكتۈرۈلۈۋېرىلسە، «زوراۋان قوشنىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاستىرتتىن ئوت قۇيرۇقلۇق قىلسا، بالا تاشىدۇ-دە. قىلغان ئىشىمىز بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، كېيىن دەردىنى تارتقاندىن كۆرە، باشتا پۇختا ئويلىغان تۈزۈك».

زوزوڭتاڭ پادىشاھقا يوللىغان مەكتۇپنىڭ ئاخىرىدا ئىنتايىن سەممىيەتلىك بىلەن: «پېقىرمۇ ئۆلكە تەسىس قىلىشنىڭ دەسلەپىدە ئىش ۋە خىراجەتنىڭ ناھايىتى كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن، مەن ھازىر جياڭنەننىڭ باش ۋالىلىق ۋەزىپەمگە قايتتىم، ھەممە ئىشقا ئىگە چىقىدۇ، بىراق ئۆزۈم جياڭنەندە بولسامۇ، غېمىم غەربىي يۇرتتا، شۇڭا سۆكۈت قىلىپ تۇرۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىماي، بۇ نادان پىكرىمنى سۇندۇم» دەپ ئۆزىنىڭ ۋەتەننىڭ چېگرا رايون قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىبارەت ساداقىتىنى ئىپادە قىلغانىدى.

زوزوڭتاڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، 1882-يىل 12-ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ليۇجىنتاڭنىڭ ئۆلكە تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى لايىھىسىنى ئاساس قىلىشنى ھەمدە ليۇجىنتاڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئالدى بىلەن تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تىڭ، ئايماق ۋە ناھىيە تەسىس قىلىپ، يېقىن جايلاردىن ئەمەلدار تاللاپ ئەۋەتىشنى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى داۋ، ئايماق، ناھىيىلەرنىڭ چېگرىسىنى ۋە مەھكىمە تۇرۇشلۇق جايلارنى بېكىتىش، پوچتا راباتلارنىڭ خىزمەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، يامۇل، ئىبادەتخانا، ئامبار- ئىسكىلات، تۈرمىلەرنى باشقىدىن سېلىش ياكى كۆپەيتىپ سېلىش، ئايماقلاردا سوراقچى، ناھىيىلەردە ياردەمچى سوراقچى، سەييارە ئامبال، پايخاقچى قاتارلىق قوشۇمچە مەھكىمە ئەمەلدارلىرى ۋە مەمۇ-

رنى ئەمەلدارلارنى تەيىنلەشنى يەنە ۋاقىتلىق ياغاچ تامغا ئويدۇرۇپ، ئەمەلدارلارنىڭ پەرمان چۈشۈرگەندە شاھىد سۈپىتىدە ئىشلىتىشىگە تارقىتىپ بېرىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چېگرا رايون مەمۇرىي تەشكىلىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا بىرلا ۋاقىت ئىچىدە داغدۇغىلىق قانات يېيىشقا باشلىدى. 1883 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلام داۋ، تىڭ، ئايماق، ناھىيىلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى دەسلەپكى قەدەمدە ۋۇجۇتقا كەلدى. 6 - ئايدا ليۇجىنتاڭ باشبۇغ، مەسلىھەتچى ئامبال ۋە ھەرقايسى قوشۇن ئەمەلدارلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا ئوردىغا مەكتۇپ يوللىدى. 1884 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (گۇاڭشۈينىڭ 10 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇشنى رەسمىي قارار قىلدى. ئەتىسى، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىپ تەسىس قىلىنغانلىقى پۈتۈن مەملىكەتكە جاكارلاندى ھەمدە ليۇجىنتاڭنى شىنجاڭنىڭ تۇنجى باش مۇپەتتىشلىكىگە، ۋېي گۇاڭتاۋنى شىنجاڭنىڭ پەرمانبەردارلىقىغا تەيىنلەپ، ئۈرۈمچىنى ئۆلكە مەركىزى قىلىپ بېكىتتى. شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىپ قۇرۇلۇشى ئىچكى - تاشقى قاتمۇ قات قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى بۆسۈپ چىقىپ ئاخىرى ۋۇجۇتقا چىقتى. پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر، ئىلى، تارباغاتايدىن ئىبارەت تۆت داۋ، ئۇنىڭغا قاراشلىق ئالتە فۇ، ئون تىڭ، ئۈچ ئايماق، 23 ناھىيە ياكى شۆبە ناھىيە تەسىس قىلىندى.

شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىپ قۇرۇلۇشى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋردە جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلارنى ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن بىر تۈرتكە بولدى. شۇنىڭدىن

كېيىن، 1885 ـ يىلى تەيۋەن ئۆلكە قىلىپ قۇرۇلدى. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەنە شەرقىي شىمالدىكى لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىرى تەسىس قىلىندى (1907 ـ يىلى). تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئۆلكە تەسىس قىلىشى (1907 ـ يىلى) ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى.

## §48. ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ پامىرنى يەڭ ئىچىدە بۆلۈشۈۋېلىشى

**1. ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ پامىرغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرىشى**

پامىر شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى زاماندا كۆكتار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. پۈتۈن پامىر رايونى شىمالدىن جەنۇبقا قوشقۇجۇق پامىرى، سارىز پامىرى، رانكۆل پامىرى، ئالچۇر پامىرى، چوڭ پامىر، كىچىك پامىر، تاغدۇمباش پامىرى، ۋاخان پامىرى دەپ سەككىز قىسىمدىن تەشكىل تاپاتتى. يېقىنقى زاماندىكى پامىر رايونىدا ئولتۇراقلاشقان ئاساسلىق مىللەتلەر قىرغىزلار ۋە تاجىكلار ئىدى. 1759 ـ يىلى كۈزدە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭدا چوڭ، كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندا، قىرغىزلارنىڭ يولباشچىسى ئاجىپ تيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقان قىرغىزلارنىڭ 15 قەبىلىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ چىڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولدى. پامىرنىڭ شەرقىي جەنۇبى ئاساسەن تاجىكلارنىڭ كۆچمەن، چارۋىچىلىق رايونى ئىدى. تاجىكلار جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىرقانچە ئەسىردە

پامىرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي رايونىغا جايلاشقان شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەرگىچە سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن XIX ئەسىرگىچە، پامىرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا چارۋىچىلىق قىلىدىغان تاجىكلار پەيدىنپەي سارىكۆل ئەتراپىغا يىغىلىپ، يەرلىك ئاھالىلەر ۋە ئەتراپتىكى ئۇيغۇر، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى تاجىك مىللىتىنى شەكىل قىلغانىدى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شۇ جايدا سارىكۆل مۇسۇلمانلار يېزىسى (ھازىرقى تاشقورغان ناھىيىسى) قۇرۇپ، يەكەن مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىنغان.

XIX ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، قوقەن خانلىقى قۇدرەت تېپىپ، پامىرغا كېڭىيىشكە باشلىدى. تاكى 60-يىللاردا چار روسىيە قوقەننى يوقىتىۋالغانغا قەدەر، قوقەننىڭ كۈچى يەنىلا ئالاي تېغىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، پۈتۈن پامىر رايونى ئىزچىل جۇڭگوغا تەۋە بولۇپ كەلگەنىدى. 1878-يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پامىرغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بۇ جايدا سەككىز تەكشۈرۈش قاراۋۇلخانىسى تەسىس قىلىپ، بۇ جاينى ساقلاشقا ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرغانىدى ھەم يول ياسىتىپ، ئۆتەڭ-لەڭگەرلەرنى قۇرۇپ، پامىرغا بولغان باشقۇرۇشنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەنىدى.

پامىرنىڭ چېگرىسىنى ئايرىشقا دائىر ئىككى بەلگىلىمە بولغان. ئۇنىڭ بىرى، 1864-يىلىدىكى «جۇڭگو-روسىيە غەربىي شىمالىي چېگرىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش كېلىشىمى» بولۇپ، ئۇنىڭ 3-ماددىسىدا: جۇڭگو-روسىيە چېگرىسى

«كۆكئارت ئېغىزىنىڭ قوقەندكە تۇتاشقان قىسمى» بىلەن ئايرىلىدۇ،
پامىر جۇڭگو چېگرىسىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.
ئىككىنچىسى جۇڭگو - روسىيە «ئىلى شەرتنامىسى» نىڭ قوشۇم-
چىسى بولغان «جۇڭگو - روسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق
تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» بولۇپ، شەرتنامىدە روسىيە تەرەپ
سىزىپ چىققان چېگرا ئايرىش خەرىتىسى بويىچە، جۇڭگو بى-
لەن روسىيىنىڭ پامىردىكى چېگرىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى
ئاۋۋالقى پامىرنىڭ شىمالىدىكى ئالاي تېغىدىن شەرقىي
شىمالدىكى ئۇزبېل تېغى ئېغىزىغا يۆتكىگەن، شۇ ئارقىلىق
روسىيە ئاۋۋالقى جۇڭگو چېگرىسىنىڭ ئىچىدىكى ئالاي جىلغىسى
ۋە قوشقۇجۇق پامىرنى ئىگىلىۋالغان. شەرتنامىدە ئۇزبېل تېغى
ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى جۇڭگو - روسىيە چېگرىسىنى ئايرىش
يۆنىلىشى: «روسىيىنىڭ دۆلەت چېگرىسى غەربىي جەنۇبقا بۇ-
رۇلىدۇ، جۇڭگونىڭ دۆلەت چېگرىسى دەل جەنۇبقا بۇرۇلىدۇ»
دەپ بەلگىلەنگەن. شۇ ئارقىلىق ئىككى لىنىيىدىكى چېگرا
سىزىقى ئوتتۇرىسىدا 45° لۇق ئارا بۇلۇڭلۇق «كېلىشىپ
بەلگىلەشكە قالدۇرۇلغان رايون» شەكىللەنگەن. بۇ رايون
جۇڭگونىڭ «ئىدارە قىلىۋاتقان چېگرا» سىغا تەۋە بولۇپ، چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنى قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىپ ئەسكەر تۇرغۇ-
زۇپ ساقلاۋاتاتتى. شۇڭا، «جۇڭگو - روسىيە قەشقەر چېگرىسىنى
داۋاملىق تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» دىكى پامىر چېگرىسىنى
ئايرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە «ئىلى شەرتنامىسى» نىڭ
ئىككى دۆلەتنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىنى «ھازىر ئىدارە قىلىۋات-
قان چېگرا» بويىچە چېگرا ئايرىش دېگەن پرىنسىپىغا خىلاپ
ئىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، «قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق
تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» بەربىر جۇڭگو - روسىيە پامىر
چېگرىسىنى ئايرىشنىڭ ئاساسى ئىدى، شەرتنامىدە بەلگىلەن-

بگەن چېگرا ئايرىش يۆنىلىشى بويىچە، رائكۆل پامىر، كىچىك
پامىر، تاغدۇنباش پامىر جۇڭگوغا تەۋە بولاتتى. روسىيە
قوشقۇجۇق پامىر ۋە سالىز پامىرنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىۋال-
دى؛ قېپقالغان ئالچور پامىر، چوڭ پامىر، ۋاخان پامىر ۋە سالىز
پامىرنىڭ بىر قىسمى جۇڭگو قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىپ
مۇداپىئە قىلىدىغان «كېلىشىپ بەلگىلەشكە قالدۇرۇلغان
رايون» نىڭ ئىچىدە ئىدى.

1876 - يىل 2 - ئايدا، روسىيە قوقەن خانلىقىنى رو-
سىيىنىڭ پەرغانە ئوبلاستى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، تەسىر كۈچىنى
ھىندۇقۇش تېغىنىڭ شىمالىغا يەتكۈزۈپ، ئەنگلىيىگە قاراش-
لىق ھىندىستانغا يېڭى تەھدىت پەيدا قىلدى. كۆپ ئۆتمەي،
روسىيە بىلەن ئوسمان تۈركلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتى-
لىدى، ئەنگلىيە ئوسمانلى تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ روسىيىگە
قارشى ئۇرۇش قىلىشىنى قوللىدى، روسىيە بولسا ئوتتۇرا
ئاسىيادىن ئەسكەر چىقىرىپ ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان
ۋە ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە ئارقا
تەرىپىدىن زەربە بەرمەكچى بولدى. 1879 - يىلدىن 1880 -
يىلغىچە، ئەنگلىيە ئىككىنچى قېتىملىق ئەنگلىيە - ئافغانىس-
تان ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ئافغانىستان پادىشاھلىقىنى كونترول
قىلىش بىلەن روسىيىنىڭ يېڭىدىن قوشۇۋالغان ئوتتۇرا ئاسىيا
رايونىغا بېسىم پەيدا قىلدى. روسىيىمۇ بوش كەلمىدى،
1880 - يىلى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ تۈركمەنىستانغا ئەسكەر
كىرگۈزدى؛ 1885 - يىلى ئافغانىستان چېگرىسىغا قاراپ ئىل-
گىرىلىدى. ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا يەنە
بىر قېتىم تىركەشتى. كېيىن ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ پايدا-
بىنى كۆزلەپ، مۇرەسسەلەشىشكە مەجبۇر بولدى. 1887 -
يىلى ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىس-

مىدىكى چېگرىسىنى يەنە بىر قېتىم ئايدىڭلاشتۇرغانىدى،
يەنى ئىككىسى تەرەپ ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى
چېگرىسىنى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچ پاسىلى قىلدى. شۇنىڭدىن
كېيىن، ئەنگلىيە بىلەن روسىيە دىققەت نەزەرىنى
ئافغانىستاننىڭ شەرق تەرەپتىكى قوشنىسى جۇڭگونىڭ پامىر
رايونىغا يۆتكىدى. كىم پامىرنى ئىگىلىسە، شۇ ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى غوجىلىق تالىشىشتا تەشەببۇسكارلىققا ئىگە بولاتتى.
روسىيە پامىرنى ئىگىلىسە، ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستانغا
ئۇدۇل يېتىپ كىرەلەيتتى؛ ئەكسىچە، ئەنگلىيىمۇ ئەسكەر
چىقىرىپ روسىيىگە قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىمۇ پاراكەندە
قىلاتتى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئىككى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى غوجىلىق تالىشىش كۈرىشى كەسكىنلەشتى. شۇنىڭ
بىلەن ئەنگلىيە بىلەن روسىيە جۇڭگو زېمىنىنى تالىشىش يولى-
دىكى ئاتالمىش «پامىر مەسىلىسى» كېلىپ چىقتى. شۇ چاغدا،
غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ئارقا - ئارقىدىن چاھانگىرلىك
باسقۇچىغا ئۆتۈپ، جۇڭگودا تەسىر كۈچ دائىرىسى بۆلۈشۈ-
ۋېلىشقا باشلىغانىدى. روسىيە سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىر-
تىدىكى جۇڭگونىڭ شەرقىي، شىمالىي موڭغۇلىيە، شىنجاڭ قاتار-
لىق جايلارنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى دەپ ھېسابلاپ، باش-
قىلارنىڭ قول تىقىشىغا يول قويمايتتى. پامىر دەل روسىيە-
نىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسى بولغان «بەلباغ» نىڭ غەربىي
ئۇچى ئىدى، ھەم ئەنگلىيىنىڭ تەسىر كۈچى بىلەن يانداش
بولۇپ، روسىيىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىدە ئىنتايىن
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئەنگلىيەمۇ روسىيىنىڭ كۈچىنى
ھىندىقۇش تېغىدىن ئىمكانىيەتىدەر يىراق جايدا توسۇپ
تۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ پامىر رايونىنى بېسىۋېلىشقا ئۇرۇن-
دى. 1890 - يىلى باش يازدا، ئەنگلىيە قورچاق ئارمىيىسىنى

كۆشكۆرتۈپ، ئالچۇر پامىرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يېشىلكۆل كۆلى ئەتراپىغا بېسىپ كىرىپ، بۇ رايوننى بىزنىڭ زېمىنىمىز دەۋالدى ھەمدە سومان قاراۋۇلخانىسىنى قوراللىق ئىشغال قىلىۋالدى①. شۇڭا، «پامىر مەسىلىسى» ئەنگلىيە ۋە روسىيەدىن ئىبارەت كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان ئىمپېرىيالىزمنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

1890 - يىلى 8 - ئايدا، ئەنگلىيە سومان رايونىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو بىلەن ئافغانىستاننىڭ پامىر رايونىدىكى چېگرىسىنى ئايرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئەمەلىيەتتە جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە چېگرا ئايرىش ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى، بىر تەرەپتىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى سومان رايونىنى بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇرلاش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، چېگرىنى ئايرىش ئارقىلىق ئەنگلىيىنىڭ كۈچىنى جۇڭگو چېگرىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، روسىيىنىڭ ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستانغا تەھدىت سېلىشىنى توسۇش ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «پامىر جۇڭگونىڭ زېمىن پاسىلى» دەپ بايانات ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيە بىلەن چېگرا ئايرىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلدى ھەمدە ئەنگلىيىگە قاراشلىق قوراللىق ئارمىيىسىنىڭ سومان رايونىدىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. روسىيە جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە ناۋادا پامىر مەسىلىسى ئۈستىدە چېگرا سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ قالسا، ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاۋۋال قول سېلىپ قورال كۈچى بىلەن پامىرنى بېسىۋالدى. روسىيىنىڭ پامىرغا قىلغان قوراللىق تاجاۋۇزىنى تۆۋەن

① (روسىيە) ئالدېر «ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستاننىڭ شىمالىي چېگرىسى»، 1963-يىل لوندون نەشرى، 422-بەت.

دىكى قەدەم ـ باسقۇچلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ:
ـلى بىرىنچى، پامىر، پامىرغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاخبارات ماتېرىياللىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن قوراللىق رازۋېتكا قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ، پۈتۈن پامىرنى چەكلەپ چىقتى؛ شۇنداقلا پامىر روسىيىگە تەۋە ئىدى دەپ جامائەت پىكرى پەيدا قىلدى. بۇ ئىككى ئىش پامىرغا قوراللىق باستۇرۇپ كىرىشنىڭ زۆرۈر سىياسىي ۋە ھەربىي تەييارلىقى ئىدى. 1891 ـ يىل 7 ـ ئايدا، روسىيە ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن 120 كىشىلىك رازۋېتكا ئەترىتى پولكوۋنىك يانوۋ باشچىلىقىدا ئوۋچىلىق قىلىش نامى بىلەن پامىرغا ئۆسۈپ كىردى. ئۇلار يول بويى جۇڭگو قاراۋۇللىرىنىڭ نەسىھەت قىلىپ توسۇشىغا قۇلاق سالماي، زوزلۇق بىلەن بۆسۈپ كىردى. ئۇلار ئۇزبېل تاغ ئېغىزى ئارقىلىق رانكۆل پامىرغا بېرىپ، ئەسكەرلىرىنى ئىككى يولغا بۆلدى، پىيادە ئەسكەرلىرى غەربىي جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ، سومان رايونىغا كىردى، يانوۋ بىر نەچچە ئون ئاتلىق ئەسكەرگە ئۆزى باشچىلىق قىلىپ، جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ھىندى دەرياسىنىڭ بېشىغىچە باردى. روسىيە ئارمىيىسى رازۋېتكا قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن پامىر رايونىنىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە، جەنۇبىدىن شىمالىغىچە بولغان يوللارنى كونكرېت تەكشۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شۇ جايلاردىكى مۇداپىئە كۈچىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى ئېنىقلاپ چىققاندى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يانوۋنىڭ جۇڭگوغا قاراشلىق پامىرغا قوراللىق ئۆسۈپ كىرگەن ھەرىكىتىگە كۈچلۈك ئېتىراز بىلدۈردى. پاكىت ئالدىدا روسىيە تەرەپ يانوۋ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ چېگرىدىن قانۇنسىز ئۆتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن

«مۇجەت تارقىتىپ، بۇ ئىشنى قاتتىق چەكلەيدىغانلىقى، جۇڭگو چېگرىسىغا كىرىشكە ئەسكەر ئەۋەتىشكە رۇخسەت قىلمايدىغانلىقى، بۇ چاغدا ئۇ ئۇۋۇلاشقا توغرا كەلگەندىمۇ، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ رۇخسەت ئېلىش لازىملىقى»① نى بىلدۈرۈپ بايانات ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇ چاغدا روسىيە جۇڭگونىڭ پامىر رايونىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق بېسىۋېلىشتىن تەپ تارتقان.

1891 ـ يىل 8 ـ ئايدا، روسىيە تۈركىستاننىڭ باش ۋالىيسى فلېۋسكىي ئاشكارا ھالدا «جۇڭگو ـ روسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» دىكى پامىر چېگرىسىنى ئايرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، روسىيە سارىكۆل چوققىسى ۋە مۇز تاغنى بويلاپ چېگرا ئايرىپ، پۈتۈن پامىرنى ئىگىلىشى كېرەك دەپ داۋراڭ سالدى. روسىيە گېزىتلىرىمۇ «پامىر رايونىنى روسىيىگە تەۋە دەيدىغانغا ئەمەلىي ئىسپات بولمىسىمۇ، بۇ جايغا ئىگە بولۇش ئىنتايىن پايدىلىق»، «روسىيىنىڭ نوپۇسى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، (پامىر) چارۋىچىلىق ماكانى قىلىشقا بولىدىغان جاي» ۋەھاكازا دەپ جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، روسىيىنىڭ پامىرنى بېسىۋېلىشى ئۈچۈن جار سالدى.

ئىككىنچى، روسىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دائىرىلىرى پامىرنى قوراللىق بېسىۋېلىش پىلانىنى ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى سارىكۆل چوققىسىنى چېگرا قىلىپ ئايرىشقا مەجبۇرلاش لايىھىسىنى بېكىتتى ۋە تەستىقلىدى. 1892 ـ يىل 1 ـ ، 3 ـ ئايلاردا، روسىيە ئوردىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم يەۋقۇلئاددە يىغىن ئېچىپ، روسىيىنىڭ پامىر رايونىغا

---

① (چىڭ سۇلالىسى) شۈەنتۇڭ جىخۇيىن دەۋرى ۋەيشۇ ھەزرىتىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ماتېرىياللىرى»، 6 ـ جىلد، 20 ـ بەت.

قاراتقان سىياسىتىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى.
يىغىندا ئىككى قارار چىقىرىلدى:

1. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ پامىردىكى چېگرىسىنى سارىكۆل چوققىسى ۋە مۇز تاغقا ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن پامىرنى روسىيىگە تەۋە قىلىش.

2. سۆھبەت ئۆتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، روسىيە ئارمىيىسىنى ئاتلاندۇرۇپ پامىرنى زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىش.

سۆھبەت داۋامىدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەكىلى پامىر جۇڭگوغا تەۋە دېگەن مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، قىلچە يول قويمىدى. روسىيە ئالدامچىلىق بىلەن «جۇڭگو پامىرنى ساقلاۋاتقان قاراۋۇلخانىلاردىكى ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتسە، روسىيە دەرھال خادىم ئەۋەتىپ، جۇڭگو بىلەن («جۇڭگو-روسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» بويىچە) پامىر چېگرىسىنى ئايرىيدۇ» دېدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پامىر چېگرىسىنىڭ ئايرىش ئىشىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن، 1892 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پامىرنى ساقلاۋاتقان ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر يىگىنى ۋە ھەرقايسى قاراۋۇلخانىلارنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلىرىنى ۋاقتىنچە سارىكۆل چوققىسىنىڭ شەرقىگە پۈتۈنلەي چېكىندۈردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چېكىنگەن ۋاقىتتا روسىيە 1500 دىن ئارتۇق كىشىدىن تەشكىل تاپقان ئالاھىدە قوشۇننى تەييارلاپ تۇرغانىدى.

ئاخىرقى قەدەمدە ئەسكەر چىقىرىپ پامىرنى بېسىۋېلىش ئىدى. 1892 - يىلى 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يانوۋ ئالاھىدە قوشۇننى باشلاپ پامىرغا بېسىپ كىردى. روسىيە ئارمىيىسى پامىرغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال ئوتتۇرا قىسمىدىكى مۇرغاب رايونىغا توپلىنىپ، كېيىن بۆلۈنۈپ ھەرقايسى جاي-

لارغا بېسىپ كىردى. يول بويى جۇڭگو قاراۋۇلخانىلىرىنى بۇزۇپ، قاراۋۇلخانىلارنى ساقلاۋاتقان ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنى قوغلاپ چىقاردى. ئۇلار «قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» دا بەلگىلەنگەن «كېلىشىپ بەلگىلەشكە قالدۇرۇلغان رايون» نى بېسىۋېلىپلا قالماي، بەلكى شەرتنامىدە بەلگىلەنگەن جۇڭگوغا تەۋە پامىرنىڭ بىر قىسمىنىمۇ قوشۇپ بېسىۋالدى. 10 - ئايغا كەلگەندە، روسىيە ئارمىيىسى سارىكۆل چوققىسىنىڭ غەربىدىكى 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جۇڭگونىڭ پامىردىكى زېمىنىنى بېسىۋالدى.

جۇڭگو خەلقى، چەت ئەل تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئەنئەنىسىگە ئىگە. چاررۇسىيىنىڭ پامىرغا قىلغان تاجاۋۇزى يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋە شۇ جاينى ساقلاۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قارشىلىق ۋە چەكلىشىگە ئۇچرىدى؛ بۇرۇن 1876 - يىلى روسىيە ئارمىيىسى پامىرنىڭ شىمالىدىكى ئالاي رايونىنى بېسىۋالغاندا، شۇ يەردىكى قىرغىز خەلقى تاجاۋۇزچى قوشۇنغا تەشكىللىك ھالدا قارشىلىق كۆرسەتكەن. روسىيە ئارمىيىسى نائىلاج «يېراقتا يۈرۈش قىلىش قوشۇنى» تەشكىللەپ، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرگە كۆپ قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىپ ۋە ئۇلارنى باستۇرۇپ، ئالاي رايونىنى ئاران بېسىۋالالىغانىدى. 1889 - يىلى يانىۋۋ باشچىلىقىدىكى چاررۇسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنى پامىرغا كىرگەن چاغدا، شۇ جايدىكى قىرغىزلار، تاجىكلار قىزغىن تەشكىللىنىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ياردەملىشىپ قاراۋۇلخانىلارنى مۇھاپىزەت قىلدى، ئىستىھكاملارنى ياساشقا ياردەملەشتى، روسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى ياكى قاراۋۇلخانىلارنى ساقلاۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا بىۋاسىتە قوشۇلدى. قىرغىزلارنىڭ

يولباشچىسى بېسىپ كىرگەن روسىيە ئارمىيىسىنى «دەرھال گەي-
نىگە بۇرۇلۇپ قايتىپ كېتىش» كە ئاگاھلاندۇرغان①. 1892 -
يىلى 2 - ئايدا، جاڭ خۇڭچۇ باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى ئار-
مىيىسى رانكۆل پامىردا بورجېزسكىي باشچىلىقىدىكى چار-
روسىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنى توسۇۋېلىپ، تاجاۋۇزچىلارنى ئۈچ
كۈن ئىچىدە چېكىنىپ چىقىپ كېتىڭلار، بولمىسا، قورال كۈ-
چى بىلەن قوغلاپ چىقىرىمىز دەپ يۈزتۇرانە ئاگاھلاندۇرغان②.
6 - ئايدا روسىيە ئارمىيىسى ئەسكەر چىقىرىپ پامىرنى بېسى-
ۋالغاندىن كېيىن، يەرلىك ھەر مىللەت ئاھالىسى ھەرخىل
ئۇسۇللار بىلەن چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنىغا قار-
شىلىق كۆرسەتتى ۋە تاقابىل تۇردى. تاجىك خەلقى روسىيە
پۇلىنى ئىشلىتىشنى رەت قىلدى ھەمدە ھەرقايسى جايلاردا
چېچىلىپ يۈرگەن چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلدارى ۋە
ئەسكەرلىرىنى پەم بىلەن قوغدىدى③. تېخىمۇ كۆپ پامىر
خەلقى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىش ئارقىلىق روسىيە قوشۇنىنىڭ
تاجاۋۇزىغا قارشىلىق بىلدۈردى. روسىيە تەرەپنىڭ سانلىق
مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 1892 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا
120 ئۆيلۈك چارۋىچى ئاقتاشتىن تاغدۇنباش پامىرغا قاي-
تىپ كەلگەن. قايتىپ كەلگەنلەر 1894 - يىلى 33 ئۆيلۈككە،
1895 - يىلى 100 نەچچە ئۆيلۈككە يەتكەن. كۆپلىگەن ئا-
ھالىنىڭ كۆچۈپ كېتىشى، بېسىپ كىرگەن روسىيە ئارمىيىسىنى
قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. 1896 - يىلى تاغدۇنباش

① (روسىيە) ئاگېيېۋ: «بۇلۇڭقا ئاقشەمدىغان جاي»، 1904 - يىل موسكۋا نەشرى، 126 - بەت.
② «ئوتتۇرا ئاسىيانى تەسىتىلا قىلىش تارىخى»، 3 - توم، 407 - 408 - بەت.
③ (روسىيە) ئاگېيېۋ: «پامىرغا يۈرۈش قىلىش»، 1902 - يىل نەشرى، 73 - بەت.

پامىردىكى تاجىك، قىرغىز چارۋىچىلار «سارىقول يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى مۇسۇلمانلار قوشۇنى» نى تەشكىل قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى ئاتلىق قوشۇنى بايراقدار ئەمەلدارىنىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشى ئاستىدا، پامىرغا بېسىپ كىرگەن چار روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قەيسەرانە كۆرەش قىلغان. پامىرنى ئاخىرقى ھېسابتا چار روسىيە بېسىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن پامىر خەلقىنىڭ روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىش يولىدىكى كۆرەش پائالىيەتلىرى شىنجاڭ خەلقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۆرەش تارىخى سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ.

### 2. ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ پامىرنى بۆلۈشۈۋېلىشى ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەققانىي مەيدانى

روسىيە ئارمىيىسى پامىرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، 1892 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پامىر چېگرىسىنى كېلىشىپ بەلگىلەش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى روسىيە تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپكە قوشۇلدى، لېكىن چېگرىنى ئايرىشتا «جۇڭگو - روسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» نى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو - روسىيە ئىككى تەرەپنىڭ ۋاقتى بىر يېرىم يىلغا داۋام قىلغان پامىر چېگرىسىنى ئايرىش سۆھبىتى باشلاندى، چېگرا ئايرىش سۆھبىتى ئومۇمەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈندى، بىرىنچى باسقۇچتىكى سۆھبەت 1892 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە روسىيىنىڭ پېتېربۇرگ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. سۆھبەتتە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» دىكى جۇڭگو - روسىيىنىڭ پا-

مېردىكى چېگرا يۆنىلىشى بويىچە چېگرىسىنى ئايرىش دېگەن بەلگىلىمىدە چىڭ تۇردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «بۇ چېگرا شەرتنامىسىنى ئاساس قىلىش، ئاندىن كېيىن ئوتتۇرىدىكى زېمىن (كېلىشىپ بەلگىلەشكە قالدۇرغان رايوننى كۆرسىتىدۇ) نى مەسلىھەتلىشىپ ئايرىش» نى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەم روسىيە ئارمىيىسىنىڭ پامىردىن چېقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. روسىيە تەرەپ «قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» نى سۆھبەتتە چېگرا ئايرىشنىڭ ئاساسى قىلىشنى رەت قىلدى، پامىردىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشنىمۇ رەت قىلدى. ئۆكتەملىك بىلەن سارىكۆل چوققىسىنى چېگرا قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزى بېسىۋالغان پامىر رايونىنى قانۇنلاشتۇرماقچى بولدى. 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى روسىيە يىغىنىنىڭ توختىتىلغانلىقىنى ئۆز ئالدىغا جاكارلاپ، ۋاقىتنى يولسىزلىق بىلەن ئارقىغا سوزۇپ، سۆھبەتنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويدى.

ئىككىنچى باسقۇچتىكى سۆھبەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1893- يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋە 1894 - يىلى 4 - ئايدا ئاۋېستىرىيىنىڭ زالتسبورگ دېگەن يېرىدە ۋە روسىيىنىڭ موسكۋا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ باسقۇچتىكى سۆھبەتتە، جۇڭگو تەرەپ يەنىلا پەقەت «كېلىشىپ بەلگىلەشكە قالدۇرۇلغان رايون» ئۈستىدىلا مەسلىھەتلىشىشتە چىڭ تۇردى.

روسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن پامىر چېگرىسىنى ئايرىش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋېتىپ، يەنە ئەنگلىيە بىلەن پامىرنى بۆلۈشۈۋېلىش توغرىسىدا مەخپىي سودىلاشتى. روسىيە ئارمىيىسى پامىرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە 1892- يىلى 8 - ئايدا ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ پامىردىكى تەسىر دائىرىسىنى ئايرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، روسىيە ئارمىيىسىنىڭ داۋاملىق جەنۇبقا ئىلگىرىلىشىنى توسماقچى بولدى. شۇنىڭدىن

كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەنگلىيە بىلەن روسىيە پامىرنى بۆلۇشۇۋېلىش توغرىسىدا مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، كەسكىن تالاش-تارتىشتىن كېيىن، 1895-يىلى 3-ئاينىڭ 11-كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرماي، پامىردا تەسىر دائىرىسىنى بۆلۇشۇۋېلىش توغرىسىدىكى «ئەنگلىيە-روسىيە كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. كېلىشىمدە ئەنگلىيە بىلەن روسىيەنىڭ پامىردىكى «چېگرا پاسىلى» بەلگىلىنىپ، ئىككى تەرەپ چېگرا پاسىلىدىن ھالقىپ ئۆتمەسلىككە ھۆددە قىلدى. «ئەنگلىيە-روسىيە كېلىشىمى» ئىككى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرماي تۈزۈشكەن، جۇڭگونىڭ پامىر زېمىنىنى بۆلۇشۇۋالىدىغان قاراقچىلارنىڭ ئولجا بۆلۈۋېلىش كېلىشىمى ئىدى. ئۇنى تارىختا ئۆتكەن جۇڭگو ھۆكۈمەتلىرى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلمىغان، شۇڭا بۇ كېلىشىم قانۇنسىز ۋە ئىناۋەتسىز.

ئەنگلىيە بىلەن روسىيىنىڭ پامىرنى بۆلۇشۇۋېلىش سۆھبىتى مەخپىي ئۆتكۈزۈلگەن، 1893-يىلغا كەلگەندە ئەنگلىيە بىلەن روسىيە پامىرنى بۆلۇشۇۋېلىش جەھەتتە پرىنسىپال كېلىشىم ھاسىل قىلغان چاغدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاندىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى. جۇڭگو ۋەكىلى، جۇڭگو-روسىيە پامىر يىغىنىدا روسىيىگە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسىمۇ ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە نوتا تاپشۇرۇپ، ئەنگلىيىنىڭ «جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى يەرنى روسىيىگە خالىغانچە ئۆتنۈپ بەرگەنلىكىنى، روسىيە بىلەن كۆرۈنۈشتە ئالاقە باغلىغاندەك قىلىپ، ئەمەلىيەتتە يەڭ سودىسى قىلغانلىقى» نى كۆرسەتتى. «ئەنگلىيە-روسىيە كېلىشىمى» توغرۇلۇق چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جىددىي بايانات ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيە بىلەن روسىيە جۇڭ-

گۇنىڭ ماقۇل بولۇش - بولماسلىقىغا قارىماي، چېگرىنى ئۆزلىرىچە بەلگىلىۋالغانلىقى بېسىۋالغان بىلەن باراۋەر، بۇنى جۇڭگو ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ دېگەن. «شۇنىڭدىن كېيىن يەنە داۋاملىق مۇشۇ پىكرىنى تەكىتلەيدۇ». روسىيە ئەنگلىيە بىلەن پامىرنى بۆلۈشۈۋېلىش يولىدا پرىنسىپال كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قىزىقمىغان. 1894 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى روسىيە تەرەپ يىغىننى ۋاقىتىنچە توختىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە رەسمىي نوتا تاپشۇرۇپ، پامىر رايونىدا ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ قېلىشنى، ئىككى تەرەپ ئەسكەر كىرگۈزمەسلىكنى، قالغان ئىشلارنى كەلگۈسىدىكى سۆھبەتتە ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جۇڭگو روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە جاۋاب نوتا يوللاپ، روسىيە تەرەپنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدى، لېكىن ئىككى تۈرلۈك مۇھىم ئىزاھات بەردى:

1. «قەشقەر شەرتنامىسى» گە ئاساسەن، جۇڭگوغا تەئەللۇق بولغان بارلىق ھوقۇق ئەسكەر كىرگۈزۈلمىگەنلىكتىن دەخلىگە ئۇچراشقا بولمايدۇ. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا «قەشقەر شەرتنامىسى» بولغانىكەن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش لازىم. بۇ جۇڭگو خەلقىگە ئايان ئىش، سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ». يەنى جۇڭگونىڭ روسىيە تەرەپنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇشى جۇڭگونىڭ ھازىر جۇڭگو قوشۇنى ئىگىلىگەن يەرنىڭ سىرتىدىكى پامىر زېمىنىغا بولغان ھوقۇقتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، تاكى قانائەتلىنەرلىك چۈشىنىش ھاسىل قىلغۇچە، جۇڭگو «قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» نى ئاساس قىلغان ھوقۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ.

2. بۇندىن كېيىن سۆھبەتلەشكەندىمۇ جۇڭگو ئوتتۇرىغا

قويغان چېگرا پاسىلى بويىچە ئىش كۆرۈلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا سۆھبەت ئىناۋەتلىك بولىدۇ. دېمەك جۇڭگونىڭ پامىر چېگرىسىنى ئايرىشتىكى مەۋقەسى ئۆزگەرمەيدۇ، روسىيە تەرەپنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلغانلىق ھەرگىز پامىر چېگرىسىنى ئايرىش توغرىسىدىكى سۆھبەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جۇڭگو تەرەپ روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە قوشۇمچە نوتا تاپشۇرۇپ، جۇڭگونىڭ پامىرنى ساقلاۋاتقان قوشۇنىغا ئەسلىدىكى جايىدا تۇرۇشنى، ئىككى دۆلەت پامىر چېگرىسىنى ئايرىپ بېكىتىشتىن بۇرۇن، ۋاقىتىنچە ئەسكەر كىرگۈزمەسلىكنى بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى ئىزاھلاپ ئۆتتى. روسىيە تەرەپنىڭمۇ روسىيە ئەمەلدارلىرىغا چېگرىنى بېكىتىشتىن بۇرۇن ئالغا ئىلگىرىلەشكە يول قويماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشىنى ئۈمىد قىلدى.

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە جاۋاب نوتا تاپشۇرۇپ، روسىيە تەرەپنىڭ روسىيە ئارمىيىسىگە ئەسلىدىكى جايىدا تۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى، جۇڭگو - روسىيە ئىككى دۆلەت پامىر چېگرىسى مەسىلىسىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىشتىن بۇرۇن، قوشۇننىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يول قويمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن.

يۇقىرىقىلار 1894 - يىلى جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا پامىر مەسىلىسى توغرىسىدا ھاسىل بولغان تۆت پارچە ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى. ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆز باياناتىدا «قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش شەرتنامىسى»گە ئاساسەن جۇڭگونىڭ پامىر رايونىغا بولغان زېمىن ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغان. روسىيە تەرەپ بۇ ھۆججەتلەردە جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇر-

سىدا پامىر چېگرىسىنى ئايرىشتا ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

جۇڭگونىڭ تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمەتلىرى ۋە دەسلەپكى مەزگىلدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتى جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ پامىر رايونىدىكى سارىكۆل چوققىسى بويىچە ئايرىغان چېگرىسىنى تېخى بىرتەرەپ قىلىنمىغان دەپ قارىغانىدى. 1926-يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتكەن دىپلوماتىك مېموراندۇمىدا: «پامىر رايونى ئەسلى جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىدى، 1892-يىلى سابىق روسىيە ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمىتى ئەسكەر چىقىرىپ بېسىۋالغان، بۇ ھازىرغا قەدەر ھەل بولمىغان مەسىلە بولۇپ قالدى» دەپ كۆرسەتكەن. 4-ئاينىڭ 14-كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جاۋاب نوتىسىدا: «بۇرۇن دۆلەت چېگرىسىنىڭ بەلگىلەنمىگەن جايلىرى بولسا، باشقىدىن يېڭى چېگرا بەلگىلەش كېرەك» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن. يەنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پامىر چېگرىسىنى ئايرىشقا قوشۇلغان. شۇنىڭدىن تارتىپ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سارىكۆل چوققىسىدىكى چېگرىسى تا ھازىرغىچە بېكىتىلگىنى يوق.

بۇ بابتىن قىسقىچە خۇلاسە: 1864-يىلدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن، شىنجاڭدا بىر-بىرىگە قارشى بىرقانچە يەرلىك ھاكىمىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. چېگرىنىڭ سىرتىدا شىنجاڭغا يىرتقۇچلاردەك تىكىلىپ تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەن خانلىقى بىلەن چار روسىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. بىرسى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئاياغ-ئاستى قىلغان بولسا، بىرسى شىمالىي شىنجاڭدا ئىلىنى بېسىۋالغان.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قوقەندىلىك ياقۇپ بەگ-
نىڭ كۆچلىرىگە ۋە چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قەيسەرلىك بى-
لەن قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ
بارغان. 1878 - يىلىنىڭ باشلىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، بىر
قانچە مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ، ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچى
كۈچلىرىنى بىر يولىلا قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن چىڭ
سۇلالىسى ئوردىسى روسىيىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىلىنى قايتۇ-
رۇۋېلىش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. تەكرار سۆھبەت
ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق كېلىشىملەر ھاسىل قىلىندى. روسىيە ئىلىنى
قايتۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ چېگرا بويلىرىدىكى 70
مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى ئىگىلىۋالدى، تۇققۇز مىل-
يون رۇبلى تۆلەم تۆلىتىۋالدى ھەمدە ھەرخىل سىياسىي ۋە
ئىقتىسادىي ھوقۇق - مەنپەئەتلەرنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن
كېيىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئورگىنى كېيىنكى ئىشلارنى بىر
ياقلىق قىلىش ئىدارىسىنى تەسىس قىلىپ، ئۇرۇش جاراھەتلىرى-
نى تېزلىكتە ساقايتىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە
كەلتۈردى. زوزۇڭتاڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەكلىپ بېرىشى
ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن چىڭ تۇرۇشى نەتىجىسىدە، 1884 -
يىلى 11 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ئۆلكە
قىلىپ قۇردى ۋە شىنجاڭدا ناھىيە تەسىس قىلدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ھەرقايسى كۈچلۈك دۆلەتلەر
جۇڭگودا بەس - بەستە تەسىر دائىرىسى بۆلۈشۈۋېلىشقا كىرىش-
تى. روسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھوقۇق - مەن-
پەئەت تالىشىش ئۈچۈن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭنىڭ
ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان پامىر رايونىغا تاجا-

ۋۇز قىلدى. روسىيە ئەسكەر چىقىرىپ پامىرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، يەنە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشىگە قارىماي، ئەنگلىيە بىلەن قانۇنسىز ھالدا جۇڭگونىڭ پامىردىكى زېمىنىنى ئۆزلىرىچە بۆلۈشۈۋېلىپ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ماھىيىتى ۋە قاراقچىلىق قىلمىشلىرىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

## ئۆگىنىش ۋە مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوقەندلىك ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەش تارىخىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.
2. چار روسىيە ئىلىنى قانداق بېسىۋالغان ۋە ئىلىغا قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلغان؟
3. شىنجاڭنىڭ ئۆلكە قىلىنىپ قۇرۇلۇش جەريانىنى سۆزلەڭ.
4. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ پامىر مەسىلىسى تۇغۇلۇشىدىكى مەيدانىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

# IX باب مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شىنجاڭ

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئاساسىي كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئارقا-ئارقىدىن جاھانگىرلىك باسقۇچىغا قەدەم قويدى، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگودا تەسىر دائىرىلىرىنى ئايرىش ۋە جۇڭگونى بۆلۈۋېلىش دولقۇنىنى قوزغىدى. بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىنتايىن چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكتىن، دۆلەت كۈچى تېخىمۇ ئاجىزلاشقانىدى. مىللەتنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگودا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ فېئوداللىق تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىدىغان ۋۇشۈي يىلىدىكى قانۇن ئۆزگەرتىش، يىغىلىقتا كۆچۈش ھەرىكەتلىرى ۋە جاھانگىرلىككە قارشى يىخېتۇەن ھەرىكىتى پارتلىدى، لېكىن جاھانگىرلار ۋە دۆلەت ئىچىدىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ بىرلىشىپ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا، ئۇلار كەينى-كەينىدىن مەغلۇپ بولدى. مۇشۇنداق جىددىي خەۋپلىك پەيتتە، سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى مىللىي بۇرژۇئازىيە كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقتى، ئۇلۇغ بۇرژۇئا ئىنقىلابى تۆرىلىش ۋە تەييارلىنىش باسقۇچىغا كىردى. بۇ مەزگىلدە، روسىيە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ تەسىر كۈچى شىنجاڭدا تېز كېڭەيگەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى تېخىمۇ چىرىكلەشكەن، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كۈنسېرى كەسكىنلەشكەنىدى.

## 18. شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى شىنجاڭ

### 1. شىنخەي ئىنقىلابى هارپىسىدىكى شىنجاڭ

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى تاجاۋۇزچىلىق ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كېڭەيتتى ۋە شىنجاڭنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىشقا كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرۇندى. يىخېتۇەن ھەرىكىتى مەزگىلىدە، چاررۇسىيە سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىگە زور تۈركۈم قوشۇن قاتناشتۇرغاندىن باشقا، يەنە 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇن چىقىرىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىنى بېسىۋالدى. چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى غەربىي شىمالدا ئەسكەر توپلاپ ۋە ئەسكەر يۆتكەپ، رۇسىيىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى ۋە سودىسىنى قوغداش باھانىسى بىلەن، ئىلىنىڭ غۇلجا شەھىرىنى بېسىۋالدى. 1901-يىلى، جۇڭگو-رۇسىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىدىكى ئۈچ ئۆلكىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى 12 تۈرلۈك يولسىز تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭدا جۇڭگو بىلەن رۇسىيە چېگرىلىنىدىغان ھەرقايسى جايلاردا «مەسىلەن، مانجۇرىيىدە، موڭغۇلىيىدە ۋە شىنجاڭنىڭ تارباغاتاي، ئىلى، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كېرىيە قاتارلىق جايلىرىدا رۇسىيىنىڭ كان ئېچىش، يول ياساش ۋە باشقا مەنپەئەتلىرىنى رۇسىيىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا دۆلەتلەرگە ياكى باشقا دۆلەت كىشىلىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ»① دېگەنگە

① ۋاڭ يۈنشېڭ: «60 يىلدىن بۇيانقى جۇڭگو ۋە ياپونىيە» 4-جىلد، 103-بەت

ئوخشاش ماددىلارمۇ بار.

چار روسىيە ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تاجاۋۇزچىلىق بازىسى سۈپىتىدە كونسۇلخانا قۇرۇپلا قالماي، يەنە كونسۇلخانا قۇرۇلمىغان جايلاردىمۇ قانۇنسىز ھالدا، كونسۇلنىڭ ئىشىنى ۋەكالىتەن بېجىرىدىغان سودا ۋەكىللىرىنى تۇرغۇزدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىمۇ 1908-يىلى قەشقەردە كونسۇلخانا قۇردى. روسىيە، ئەنگلىيە كونسۇلخانىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇۋالغانىدى، ئۇلار زوراۋانلىققا تايىنىپ، ھېچ تەپتارتىنماستىن دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى سىياسىتىگە ئارىلاشتى، ئۆزلىرىنى شىنجاڭنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئۈستىگە قويدى، ھەتتا يەرلىك ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرىنىمۇ تىزگىنلىۋالدى. ئۇلار يەنە قانۇنسىز ھالدا كۆپلەپ مۇھاجىر قوبۇل قىلىپ، جۇڭگو سودىگەرلىرى ۋە پۇقرالىرىنى ئالداپ روسىيە، ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشكە قىزىقتۇردى.

شىنجاڭدىكى روسىيە، ئەنگلىيە مۇھاجىرلىرىمۇ كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى ۋە باج كەچۈرۈم قىلىش ئىمتىيازلىرىغا تايىنىپ، جايلاردا خالىغانچە مۇتەھەملىك قىلىپ، جۇڭگونىڭ قانۇنلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى كۆزگە ئىلمىدى. ئۇلار «پۇقرالىرىمىزنى بوزەك قىلىپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، غەللە-پاراق تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلىپ، ئەھدىنامىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ۋەقە تۇغدۇرۇپ،»① شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا چوڭ بىر

① ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 57 - جىلد.

مەرەز بولۇپ قالدى. روسىيە، ئەنگلىيە سودىگەرلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ سانائەت ماللىرىنى شىنجاڭدا ھەدەپ تۆكمە قىلىپ ساتتى، شىنجاڭنىڭ سانائەت خام ئەشيالىرى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئەسەبىيلەرچە تالان-تاراج قىلدى ۋە بارغانلا يېرىدە شۆبە ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، دەللال-سودىگەرلەرنى يېتىشتۈردى. ئۇلار ئېتىز-ئېرىق، سۇ ئىنشائاتلىرى ۋە ئوتلاقلارنى زورلۇق بىلەن ئىگىلەۋېلىپ، كەڭ كۆلەمدە مال-مۈلۈك توپلاپ، جازانىخورلۇق قىلدى. شۇ ۋاقىتلاردا «پۈتۈن شىنجاڭدىكى 40 ناھىيە ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى ۋە چەت ئەل سودا ۋەكىللىرى بولمىغان بىرمۇ ناھىيە يوق ئىدى»①. ئۇلار ئۇستىلىق بىلەن قاقتى-سوقتى قىلىپ، تەڭسىز قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەھشەتلىك ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلدى؛ بىرگەز رەخت ياكى ئۈچ قاپ سەرەڭگىگە بىر قوي تېرىسى ئالماشتۇردى، ھەتتا بىر قول چىرىغىنى بەش قوي قىممىتىدە ھېسابلىدى. روسىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭنىڭ سودىسىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك مونوپول قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى جۇڭگو سودىگەرلىرى سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئون ھەسسىسىگە باراۋەرلەشتى. روسىيە، ئەنگلىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زور مىقداردا تۆكمە قىلىپ سېتىلىشى شىنجاڭنىڭ مىللىي قول-سانائىتىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەتتا نابۇت قىلىپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ نامراتلىشىشى ۋە ۋەيران بولۇشىنى تېزلەتتى. ھەر يىلى نەچچە ئون مىڭلىغان ھەر مىللەت خەلقى روسىيە تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا

① ياڭ زېڭشىن، «بىتەمىتار مۇھەررىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» A توپلامنىڭ 2-قىسمى.

سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، مەدىكارلىق قىلاتتى. روسىيە، ئەنگلىيە سودىگەرلىرى بولسا ھارامدىن يېيىپ تىقىلىپ كەتكەنىدى. روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ پەقەت ئۈرۈمچىدىكى سەككىز چوڭ سودا سارىيىنىڭ ھەر بىرى نەچچە يۈزمىڭ، نەچچە مىليون رۇبلىلىق مەبلەغ توپلىۋالدى. روسىيە بىلەن ئەنگلىيە يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شىنجاڭدا پوچتا ئىدارىسى قۇردى، روسىيە پوچتا ئىدارىسىنىڭ يىلىغا شىنجاڭدىن كىرىم قىلغان پوچتا ھەققى 100 مىڭ رۇبلىدىن ئاشاتتى①. ئۇلار يەنە پوچتا يوللىرىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، زوراۋانلىق بىلەن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، شىنجاڭنىڭ قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان قاتنىشىنى كونترول قىلىۋېلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىگە تەھدىت سالدى. روسىيە، ئەنگلىيە پۇل مۇئامىلە كاپىتالىنىڭ تەسىر كۈچلىرىمۇ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. XX ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ، چاررۇسىيە كونتروللۇقىدىكى جۇڭگو-روسىيە داۋشېڭ بانكىسىنىڭ شۆبىلىرى قەشقەر، ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ مىس پۇللىرىنى تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ، روسىيە پۇلىغا ئۆزگەرتىپ قويۇپ چىقتى، كۈمۈشنى روسىيىگە توشۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خالىغانچە قەغەز رۇبلى تارقاتتى، روسىيىنىڭ بۇ قەغەز رۇبلى پۇلى شىنجاڭنىڭ چېگرا بويلىرىدىكى شەھەر-بازارلاردا ئاساسلىق ئاقىدىغان پۇلغا ئايلاندى. 1914-يىلىدىن ئىلگىرى، جۇڭگو-روسىيە داۋشېڭ بانكىسى شىنجاڭدا تەخمىنەن بىر مىليون قەغەز رۇبلىنى تارقاتتى. ئەنگلىيەمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا پۇل باستى ھەمدە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا خۇيفېڭ بانكىسىنىڭ شۆبىلىرىنى

① ۋاڭ شۇنەن قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ يېڭى تەزكىرىسى»، 44-جىلد.

قۇردى، فوندستىبرلىك بىر مەھەل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى رايونلىرىدا ئاساسلىق پۇل بولۇپ قالدى. روسسىيە، ئەنگلىيە بانكىلىرى شىنجاڭنىڭ سەرراپلىق كەسپىنى ناھايىتى تېزلا ۋەيران قىلىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئىزگىنلەپ، ئالتۇن، كۈمۈشلەرنىڭ زور مىقداردا چەتكە ئېقىپ كېتىشىنى ۋە پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. جاھانگىرلار شىنجاڭغا قارىتا يەنە ھەدەپ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقىنى يۈرگۈزدى، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باش- لىرىغىچە، روسسىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىرى ئارقا-ئارقىدىن شىنجاڭغا ئۇيۇشۇپ كىرىپ، «ئېكسپېدىتسىيە قىلىش»، «ئارخېئو- لوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش»، «كۆزدىن كەچۈرۈش» دېگەن نام ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ نۇرغۇنلىغان مەدەنىي يادى- كارلىقلىرىنى ئوغرىلاپ كەتتى ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. 1882-يىلدىن باشلاپ، فرانسىيە، ئەنگلىيە، روسسىيە، گېرما- نىيە، گوللاندىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، تيانشان- نىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كۆپلىگەن رايونلاردا چېركاۋ قۇردى ھەمدە خرىستىئان دىنىنىڭ «ئىنجىل» كىتابىنى ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچىغا تەرجىمە قىلدى.

يىخېتۇەن ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى لىڭشىپ قالغان ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، «يېڭى سىياسەت»نى يولغا قويدى. ئىلى جياڭجۈنى چاڭگېڭ، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى راۋيىڭچى، پەن شياۋسۇ، ليەن كۈي قاتارلىق كىشىلەرمۇ بۇيرۇققا بىنائەن يېڭى سىياسەتكە دائىر بەزى تەدبىرلەرنى قوللاندى. رەسمىي لەن، يېڭى تىپتىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى تەشكىللىدى ۋە

تەربىيىلىدى، ساقچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويدى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋە ساقچى مەكتەپلىرىنى ئاچتى؛ چەت ئەل ماللىرىنى بايقۇت قىلىش، «ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىش» نامى ئاستىدا، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر شېرىكچىلىكىدىكى، ھۆكۈمەت نازارىتىدە سودىگەرلەر باشقۇرۇشىدىكى ۋە سودىگەرلەر باشقۇرۇشىدىكى كىچىك زاۋۇت، كان-كارخانىلارنى قۇردى. ئۇلاردىن مۇھىملىرى: خوتەن، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى ئالتۇن كېنى، فۇيۈەن (ھازىرقى جىمسار ناھىيىسى) دىكى تۆمۈر كېنى، مايتاغدىكى نېفىت كېنى قاتارلىقلار. خىراجەت جەھەتتىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن، 1907-يىلى شىنجاڭنىڭ چوڭ ئەمەلدارلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن مايتاغ نېفىت كېنى قاتارلىق ئايرىم كارخانىلارنى مەخسۇس باشقۇرۇشنى پىلانلىدى. 1911-يىلى روسىيىدىن ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىپ، مايتاغ نېفىتلىكىنى ئاچتى.

XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، شىنجاڭدا مىللىي كاپىتالىستىك سانائەتلەرمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. 1909-يىلى ئىلى جياڭجۈنى چاڭگېڭ ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر شېرىكچىلىكىدىكى ئىلى يۇڭ-تېرە شىركىتىنى قۇرۇپ، 250 مىڭ سەر كۈمۈش دەسمايە سالدى. گېرمانىيىدىن خۇرۇم ئىشلەش ماشىنىسى سېتىۋالدى، ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ گېرمانىيە ۋە روسىيىدىن تېخنىك ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلدى، بۇ شىركەت 1910-يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، ئىشچىلارنىڭ سانى تەخمىنەن 250 كە يېتىپ، يىلىغا ئەڭ كۆپ بولغاندا 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق خۇرۇم ئىشلەپ چىقىرىلدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ھۆكۈمەت پاي پۇلىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن،

ئۇيغۇر كاللىنا سودىگەر ھۇسەنباي بۇ كارخانىنى ئۆز مەبلەغى بىلەن باشقۇردى. بۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى مىللىي سانائەت كارخانىسى ئىدى. «يېڭى سىياسەت» يولغا قويۇلغان مەزگىلدە شىنجاڭدا يەنە بەزى يېڭى تىپتىكى مەكتەپلەر ئېچىلدى. ھەمدە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار روسسىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى.

1905 - يىلدىن باشلاپ، جۇڭگو بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە «ئاساسىي قانۇنغا تەييارلىق كۆرۈش» نەيرىڭىنى ئويناپ چىقتى. شىنجاڭدىمۇ «مەسلىھەت بېرىش ئىدارىسىنىڭ تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى» دېگەنگە ئوخشاش ئورگانلار قۇرۇلدى. ئەمما، تاكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ هارپىسىغىچە، شىنجاڭ باشتىن - ئاخىر «دېموكراتىك سىياسىيغا تەييارلىق كۆرۈش، ئەھۋالغا قاراپ سىياسەت بەلگىلەش» باسقۇچىدا تۇردى.

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مالىيەسى ئاساسەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاجرىتىپ بەرگەن «ھەمكارلىق پۇلى» غا تايىنىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر يىلى بېرىلىدىغان «ھەمكارلىق پۇلى» 3 مىليون 360 مىڭ سەر كۈمۈش بولۇپ، جۇڭگو - ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى جىياۋۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن ئازلاپ 2 مىليون 890 مىڭ سەرگە چۈشۈپ قالدى. 1901 - يىلدىكى «شىنچۇ شەرتنامىسى» دا، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەرگە ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ 980 مىليون سەر كۈمۈش تۆلەم تۆلىشى بەلگىلەندى. بۇ تۆلەم مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى ئۆلكىلەردە جان سانىغا قاراپ چېچىلغان. بۇنداق غايەت زور مىقداردىكى تۆلەم پۇل چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيەسىنى ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران قىلدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ شىنجاڭغا بېرىدىغان

«ھەمكارلىق پۇلى» ھەم ئۆز قەرەلدە ۋە ئۆز مىقدارى بويىچە بېرىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭمۇ «تۆلەم» ئۈچۈن ھەر يىلى 400 مىڭ سەر كۈمۈش بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇ پۇل ئۆزىگە بېرىلىدىغان «ھەمكارلىق پۇلى» دىن تۇتۇپ قېلىندى. شىنجاڭنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى مالىيە قىيىنچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ، خەلقنى شىلىشقا كىرىشىپ، تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئالۋان - ياساقلارنى كۆپەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېلىقىنى غايەت زور دەرىجىدە ئېغىرلاشتۇر- ۋەتتى. ئىجتىمائىي زىددىيەت مۇرەككەپلىشىپ ۋە كەسكىنلىشىپ، ئەھۋال ئىنتايىن خەۋپلىك بولۇپ قالدى.

## 2. ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى ۋە ئىلى قوزغىلىڭى

1907 - يىلى، ئىلى جياڭجۈنى چاڭگېڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، خۇبېي ئۆلكىسىدىكى يېڭى ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى لۇي، تۈەن ۋە يىڭلىرىدىن 400 نەپەر كوماندىر ۋە جەڭچى تاللىدى ھەممىدە خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ خۇاڭپى، شياۋگەن ناھىيىلىرىدىن 243 نەپەر ئەسكەر ئالدى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى 8 - جېن (دىۋىزىيە) مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە 41 - بياۋ (پولك) قۇرۇلۇش يىڭىنىڭ باشلىقى ياڭ- زەنشىنى دۇڭدەي (پولك باشلىقى) لىققا تەيىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 1908 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋۇچاڭدىن يولغا چىقىپ، شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلىغا يېتىپ كەلدى. ۋۇچاڭدىكى كۈندىلىك بىلىم جەمئىيىتى ئەزالىرىدىن فېڭ تېمىن، فېڭ داشۇلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تۇتقۇن قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلار ئىنقىلابىي ئىرادىلىك ئەرباپ لىنى فۇ- خۇاڭ، خاۋكېچۈەن قاتارلىق ئون نەچچە كىشى بىلەن ئالاقىلى-

شىپ، ياڭ زەنشۈي بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلدى. ئۇلار شەنشى ۋە گەنسۇدىن ئۆتكەندە، لى مېڭبياۋ، دېڭ باۋشەنلەرمۇ ئۇلارغا قوشۇلدى. ئۇلار ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئارمىيە، ئىدارە، مەكتەپلەرگە ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىغا بېرىپ، ئىنقىلابىي تەشۋىقات ۋە تەشكىللەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. فېڭ تېمىن قاتارلىق كىشىلەر «ئىلى ئەدەبىي تىل گېزىتى» نى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ۋە موڭغۇلچە يېزىقتا نەشر قىلىپ، ئىنقىلابىي ئىدىيە ۋە پروگ- راممىلارنى تەشۋىق قىلدى. ئۇلار باشلانغۇچ ۋە يۇقىرى ئىككى دەرىجىلىك مەكتەپ ئېچىپ، ئىنقىلابىي خادىملارنى تەربىيىلىدى؛ تۇڭمېڭخۇي تەشكىلىنى ① ناھايىتى تېز قۇرۇپ چىقتى، فېڭ تېمىن بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى؛ ئۇلار يەنە خادىملارنى ئاجرىتىپ، يېڭى ئارمىيىنى ھەرىكەت- لەندۈردى، گېلاۋخۇي ② بىلەن ئالاقە باغلىدى، سودا - سانائەت ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى، شۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى سەپەرۋەر قىلدى. ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى «ئىلى ئەدەبىي تىل گېزىتى» ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلقى باپباراۋەر دېگەن ئىدىيىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنى ئىنقىلابقا ھېس- داشلىق قىلىشقا ۋە ياردەم بېرىشكە يېتەكلىدى.

1911 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى ئوقىنى ئاتتى، شۇنىڭ بىلەن 1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭخۇا مىنگو ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، سۇن جۇڭشەن مۇۋەققەت باش زۇڭتۇڭ

---

① تۇڭمېڭخۇي — جۇڭگولۇقلار 1905 - يىلى ياپونىيىدە قۇرغان ئىنقىلابىي تەشكىلات.

② گېلاۋخۇي — ئاۋامچىل خەلق ئارىسىدا قۇرۇلغان يوشۇرۇن تەشكىلات — م.

بولدى. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە خەۋىرى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئاستانىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ»، «كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى»①، بۇ شىنجاڭدا بۇرژۇئا ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ پارتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

شىنجاڭدا، ليۇ شيەنجۇن باشچىلىقىدىكى ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى شىنخەي ئىنقىلابىغا بىرىنچى بولۇپ ئاۋاز قوشتى. 1911 - يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ليۇ شيەنجۇن ئىچكىرىدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى گېلاۋخۇيىنىڭ باشلىقلىرى ۋە بىر قىسىم تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلار، ئوقۇتقۇچىلار، سودىگەرلەر ھەمدە ئىلىدىن كەلگەن پارتىيە كىشىلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇشنى ئاكتىپ پىلانلىدى. 1911 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا پايلاقچىلارنىڭ مەخپىي مەلۇماتىدىن ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال پۈتۈن شەھەر بويىچە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلدى ھەمدە ليۇشيەنجۇننى تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. 28 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خائىنلارنىڭ مەخپىي مەلۇمات بېرىشى بىلەن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن چېن گۇاڭمۇ، تاڭ شياۋيۈن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. ليۇشيەنجۇن مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال شۇ كۈنى كەچ سائەت 9 دا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى. ليۇشيەنجۇن، ۋەنشياڭچۈن، ماۋەنرۇڭ قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا، گېلاۋخۇيىنىڭ 100 دىن ئارتۇق ئەزاسى سول بىلىكىگە ئاق لاتىدىن بەلگە تاقاپ، قوللىرىغا قىلىچ - نەيزە ئېلىپ، كېچىلىك چارلاشقا چىققان ئەسكەرلەر

---

① «شىنخەي ئىنقىلابى» 7 - توم 430 - 442 - بەتلەر.

قىياپىتىدە يېلىنىپ شەھەر ئىچىدىكى چارلىغۇچىلار مۇداپىئە گازارمىسىغا كىرىپ، قورال-ياراق، ئوق-دورىلارنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، چارلىغۇچىلار مۇداپىئە گازارمىسىدىكى ئىنقىلابچىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، باش مۇپەتتىش مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي گازارمىسى، زەمبىرەكچىلەر گازارمىسى ۋە شەھەرلىك بىرىنچى ساقچى رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. يۈەن داخۇا دەرھال ئاتلىق ۋە پىيادە قىسىملارنى يۆتكەپ كېلىپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇردى ۋە قورشىۋالدى. ليۇشيەنجۇن شۇ كېچىدىلا ۋەن شياڭچۇن قاتارلىق كىشىلەرنى تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، ئىلىغا كېتىشكە بۇيرۇدى، ئۆزى بولسا قوزغىلاڭچىلارغا باشچىلىق قىلىپ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. شىددەتلىك جەڭ كېچىچە داۋام قىلدى. دۈشمەن كۆپ بولغانلىقتىن، ئەتىسى چۈشتە قوزغىلاڭچىلار مەغلۇپ بولدى. ليۇشيەنجۇن قولغا چۈشۈپ، مەردلەرچە قۇربان بولدى، قوزغىلاڭچىلاردىن نەچچە ئون كىشى ئۆلتۈرۈلدى. قوزغىلاڭ بىلەن چېتىشلىق بولغان 200 دىن ئارتۇق ئەسكەر تازىلاپ چىقىرىلىپ، تارقىتىۋېتىلدى.

ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولۇپ ئون كۈندىن كېيىن، يەنى 1912-يىل 1-ئاينىڭ 7-كۈنى، داغدۇغىلىق ئىلى قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت پۇختا تەييارلىق قىلدى. ئۇلار شۇ يەردىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنقىلابقا ئاۋاز قوشۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خۇيزۇلاردىن چىققان مەشھۇر كىشى يېڭى ئارمىيە ئەترەت باشلىقى مالىڭشاۋ بىلەن ئىتتىپاق قىلىشىپ، ئۇ ئارقىلىق خۇيزۇ ئاممىسى بىلەن ئالاقە ئورناتتى. ئىنقىلابىي

پارتىيە كىشىلىرىنىڭ تەشۋىق قىلىشى ۋە تەشكىللىشى ئارقىلىق، كۆپلىگەن خۇيزۇ خەلقى ئىنقىلابنى ئاكتىپ قوللىدى، بەزى ئوقۇمۇشلۇق خۇيزۇ مۆتىۋەر سودىگەرلەرمۇ ئىنقىلابقا مايىل بولدى، ئۇيغۇرلاردىن تەيجى ھېكىمبەگ 80 يۈزدىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنى باشلاپ ئىنقىلابقا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇيغۇر باي سودىگەرلەردىن مۇسا باي، ياقۇپبايلار ئىنقىلابچى پارتىيە كىشىلىرىنى بىر قىسىم راسخوت بىلەن تەمىنلىدى.

ئىلىدىكى ئىنقىلابچى پارتىيە كىشىلىرى قوزغىلاڭغا ئاكتىپ تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خاڭجۇنىڭ جياڭجۇنى جى رۇي بىلەن ئىلى جياڭجۇنى گۇاڭ فۇنى بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. جى رۇي ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش سەپىرىدە، شەنشى-گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى چاڭگېڭ، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا قاتارلىقلار بىلەن مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ، پادىشاھ شۈەنتۇڭنىڭ غەربكە كۆچۈپ كېلىپ، گەنسۇ، شىنجاڭ، موڭغۇلىيىلەرنى بازا قىلىپ، قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنى ھىمايە قىلىشقا ئورۇندى. خۇبېي ئۆلكىلىك ئىنقىلابچى ھۆكۈمەتى شاڭخەينىڭ ۋالىيسى چېن چىمېينىڭ ۋاستىسى بىلەن روسىيە ئارقىلىق ئىلىدىكى ئىنقىلابچى پارتىيە كىشىلىرىگە تېزلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ يانا جايىغا بېرىپ پاناھلىنىش تۇغرىسىدىكى ئورۇنۇشلىرىنى بۇزۇپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىپ، بىر پارچە مەخپىي تېلېگرامما يوللىدى. ئىنقىلابچى پارتىيە كىشىلىرى تەييارلىنىپ بولالمىغانلىقتىن، خۇبېي ئۆلكىلىك ئىنقىلابچى ھۆكۈمەتىنىڭ تەلىپى بويىچە ۋاقتىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرەلمىدى، ئەمما بۇ مەخپىي تېلېگراممىدا ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا زور دېرىنجىدە تۈرتكە بولدى.

1912-يىلى 11-ئايدا، جى رۇي ئىلىغا يېتىپ بارغان

دىن كېيىن ئىشىنى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرىگە زەربە بېرىشتىن باشلاپ، «ئىلى ئەدەبىي تىل گېزىتى» نى پېچەتلىۋەتتى ھەمدە يېڭى ئارمىيىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ خىزمىتىنى توختىتىپ، تەمىناتىنى ئۈزۈپ قالدى، يەنە يېڭى ئارمىيە ئەسكەرلىرى بىلەن ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇرۇشۇپ قالدى دېگەننى باھانە قىلىپ، يېڭى ئارمىيىنىڭ بارلىق قورال-ياراقلىرىنى مەجبۇرىي يىغىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسكەر يۆتكەپ يېڭى ئارمىيىنى نازارەت ئاستىغا ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ يەنە يېڭى ئارمىيىنىڭ لۈشە تۈگى (بىرگادىر باشلىقى) ياڭ زەنشۈينى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇرلىدى ۋە ياڭ زەنشۈينىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق كوماندىر-جەڭچىلەرنى تارقىتىۋەتتى. شۇ چاغ دەل زېمىستان قىش پەسلى بولسىمۇ، جى رۇي ئەسكەرلىرىنى جۇۋا ۋە تېرە شالۋۇرلىرىنى تولۇق تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. ئىچكىرىگە قايتۇرماقچى بولغان ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ يول خىراجىتىنى كېيىنگە سۈرۈپ ۋاقتىدا بەرمىدى. جى رۇينىڭ بۇ خىل زوراۋانلىق قىلمىشىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن كەڭ كوماندىر-جەڭچىلەر ئارقا-ئارقىدىن ئىنقىلابىي پارتىيە تەرەپكە ئۆتتى، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشى مۇقەررەر بولۇپ قالدى. ۋەن شياڭچۈن قاتارلىقلار ئىلىغا قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، فېڭ تېمىن قاتارلىقلارغا ئۇرۇمچى قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىكى تەپسىلاتلارنى دوكلات قىلدى. ھەققانىي غەزەپكە تولغان ئىنقىلابچىلار بىردەك ھالدا «پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى، ئىشنى يەنە ئارقىغا سۈرۈشكە بولمايدۇ»① دەپ قارىدى. ئۇلار مەخپىي

① دېڭ باۋشەن «ئىلى ئىنقىلابى توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنخەي ئىنقىلابى توغرىسىدا ئەسلىمە» 5-توپلام 506-بەت.

ھالدا قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىش ئاپپاراتلىرىنى تەشكىللەپ، فېڭ تېمىن، لى فۇخۇاڭلارنى مەخسۇس خادىملىققا، لى فۇخۇاڭنى قوزغىلاڭنىڭ باش قوماندانلىقىغا كۆرسەتتى ھەمدە جەنۇبىي قورال - ياراق ئىسكىلاتىنى باشقۇرۋاتقان خۇاڭ لىيۇڭنىڭ قورال - ياراقلار بىلەن تەمىنلىشىنى قولغا كەلتۈردى.

1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كەچ سائەت 8 دە، ئىلى قوزغىلىڭى پارتلىدى. شەھەرنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنلار ئۆزئارا ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، تۈشمۇ - تۈشتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، شۇ كېچىسىلا غەلىبە قىلدى. 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 دا، شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ئاساسىي مەسئۇللىرى: تۇتۇق بەي گۇاڭفۇ، باش قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى ياڭ زەنشۈي، شتاپ باشلىقى، قوشۇمچە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ باشلىقى خې جياڭدۇڭ (سابىق ئىلى ۋالىيسى)، ھەربىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باشلىقى خاۋ كېچۈەن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ باشلىقى فېڭ تېمىن، مەمۇرىي ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى فېڭ داشۇ قاتارلىقلار بولدى. ھەربىي مۇزىكا سادىسى ئىچىدە ھەرقايسى مىنىستىرلىك ۋە مەھكىمىنىڭ مەسئۇللىرى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىدا ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان بەش خىل رەڭلىك بايراقنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەجدىھا بەلگىلىك بايرىقىنىڭ ئورنىغا قادىدى. ھەر مىللەت خەلقى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا يىغىلىپ، ياشىسۇن دەپ تەنتەنە قىلىشتى. ھەرقايسى مىللەتنىڭ يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئىنقىلابنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەردى. چاخار، ئۇيرات گازارمىلىرىنىڭ

باش بۇقلىرى، قازاق قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنى قوللايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، كونا تورغۇتلارنىڭ ۋاڭ - گۇڭلىرىمۇ ۋەكىل ئەۋەتىپ شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى بىلەن ئالاقە ئورناتتى.

شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر قاتار ئىنقىلابىي سىياسىي تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جى رۇي ۋە ئۇنىڭ غالچىسى لۇي شۇن، ئىشپىيون چۈنجۈمىڭ قاتارلىقلار تۇتۇپ ئۆلتۈرۈلدى. ئەلنى خاتىرجەم قىلىش ئېلانى چىقىرىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپى مۇقىملاشتۇرۇلدى، ئىنقىلابىي ئىنتىزام جاكارلاندى. 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ئورگان گېزىتى سۈپىتىدە «يېڭى گېزىت» نەشر قىلىندى. گېزىتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى «خەلقنىڭ زېھنىنى ئېچىپ، پەرقنى تۈگىتىش، ئىستىبداتلىق كونا ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش»① ئىدى. 2 - ئايدا، شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر خىل ئالۋاڭ - ياساقلىرىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە چاچلارنى كېسىپ، كىيىم - كېچەكلەرنى ئۆزگەرتىش، ھەربىي ئىنتىزامنى چىڭىتىش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ۋە ئۆرۈپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئەپيۇن تېرىش ۋە ئەپيۇن چېكىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش، قىمار ئويناش ۋە بىكار تەلەپلىك قاتارلىق ئىللەتلەرنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بىر قاتار ئېلانلارنى چىقاردى. ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممى ئى-

① «يېڭى گېزىت»، 1912 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى.

چىندە خەلق ئەسكەرلىرى ۋە ئامانلىق ساقلاش ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، ئېلى ئىنقىلابىنى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىنى قوغدىدى.

دىپلوماتىيە جەھەتتە، ئېلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى قوزغىلاڭدىن ئاۋۋال چاررووسىيەدىن «بىتەرەپلىكنى قاتتىق ساقلاش» نى تەلەپ قىلغانىدى، قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، فېڭ تېمىن دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنقىلابىنى، شىنجاڭ ئېلى باش تۇتۇق مەھكىمىسىنى ئېتىراپ قىلىشىنى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئېلىدا تۇرۇشلۇق ئورگانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى چاررووسىيەنىڭ ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىكى ۋە قوراللىق تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى زور كۆرەشلەرنىمۇ ئېلىپ باردى.

### 3. شىنجاڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئېلى قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى ئىنتايىن ئالاقزادە قىلىۋەتتى. شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا بىر تەرەپتىن ئەسكەر يۆتكەپ، كەڭسايدىن سانجىغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇداپىئە توساقلىرىنى قۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىدىن ئەسكەر ئېلىپ، ئېلىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن تېز سۈرئەتتە ھەربىي خىراجەت ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئېلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىش ۋاقتىدا «ئالدى بىلەن ئېلىنى ئېلىش، ئاندىن پۈتۈن شىنجاڭنى ئېلىش» تىن ئىبارەت ستراتېگىيەلىك فاڭجېننى بەلگىلىگەن ئىدى. شىنجاڭ ئېلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ،

ئىنقىلابىنى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتىشنى پىلانلىدى. ئۇلار ئىلى
رايونىدىكى خۇيزۇ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، قازاق، شىبە
قاتارلىق ھەر مىللەت ياشلىرىنى يىغىپ قوشۇن تەشكىللەپ،
مەشىق قىلدۇردى ھەمدە شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى تارماق ئەت-
رەت تەشكىللەپ، لى فۇخۇاڭنى ئالدىنقى سەپنىڭ باش قومان-
دانلىقىغا تەيىنلىدى. موڭغۇل ياشلىرىدىن ئاتلىق ئەسكەر تەش-
كىل قىلدى؛ شىبەلەرنىڭ سەككىز سۇمۇلىدىن ئىلگىرى-كېيىن
بولۇپ 2000 كىشىنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى؛ قازاقلارنىڭ
ھەرقايسى قەبىلىلىرىمۇ ئەسكەر ئېلىش خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بەس-
بەستە كېلىپ ئۆزلىرىنى ئەسكەر بولۇشقا مەلۇم قىلىشتى. ھەر
مىللەت خەلقى ماددىي جەھەتتىمۇ ئىنقىلابىي قوشۇنغا زور
كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. ھۈسەنباي، ياقۇپباي قاتارلىقلار
ئىنقىلابىي قوشۇننى ئۆتۈك، جۇۋا، ئىگەر قاتارلىق ھەربىي
لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلىدى. بەزى تىجارەتچىلەر قوشۇن
بىلەن بىللە ماڭىدىغان سودا كارۋانلىرىنى تەشكىللەپ، قوشۇن-
لارنى كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلىدى. 1-ئاينىڭ
21-كۈنى، لى فۇخۇاڭ قاتارلىقلار شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى
تارماق ئەترەتنىڭ 1-لوي (بىرگادىر) نى باشلاپ، چىڭ سۇ-
لالىسى قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى. ئىلى خەلق ئار-
مىيىسى جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن كەڭسايدىن ئوڭۇشلۇق
ئۆتۈپ، ئۇدۇل شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ۋۇتەيدىكى چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئارقا-ئارقىدىن تەسلىم بولدى، يۈەندا-
خۇانىڭ داخېيەنزىدە قۇرغان مۇداپىئە لىنىيىسى بىر پەشۋا
بىلەن بىتچىت بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جىڭنى تاش-
لاپ قۇم بۇلاققا چېكىنىپ بېكىندى. 2-ئايلاردا ئىلى خەلق
ئارمىيىسى بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قۇم بۇلاقتا قات-
تىق ئېلىشتى. 2-ئاينىڭ ئاخىرىدا، شىخۇ ئەتراپىدا ئىككى

تەرەپ خەندەك كولاپ، ئىستىھكاملارلى قۇرۇپ، تىركىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۇردى.

1912 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى رەسمىي تەختتىن چۈشتى. ئىككىنچى كۈنى يۈەن شىكەي جۇمھۇرىيەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، سۇن جۇڭشەن مۇۋەققەت باش زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى، نەنجىڭ ۋاقىتلىق كېڭەش پالاتاسى يۈەن شىكەينى مۇۋەققەت زۇڭتۇڭلۇققا، لى يۈەنخۇڭنى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا سايلىدى. مەملىكەت بويىچە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ خەۋەر ئىلى ئارمىيىسى ۋە خەلقىنى ناھايىتى روھلاندۇردى. 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، يۈەن داخۇا پوچتا تېلېگراف مىنىستىرلىكىنىڭ چىڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى، شىنجاڭنىڭمۇ جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلىشى لازىم ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. لېكىن يۈەن داخۇا بۇ خەۋەرنى ئېلان قىلماي، ۋەزىيەتتە بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، مەركىزىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت شىنجاڭغا باش مۇپەتتىشنى تۇتۇققا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا بۇيرۇق تېلېگرامما ئەۋەتتى، 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يەنە «ئۇرۇشنى دەرھال توختىتىش»① توغرىلىق بۇيرۇق تېلېگرامما ئەۋەتتى. يۈەن داخۇا ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن، 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاندىن جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى ۋە شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ ئىككى تەرەپ ئۇرۇشنى توختىتىپ، چۆچەكتە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئۇقتۇردى. بۇ چاغدا، گېلاۋخۇينىڭ پائالىيەتلىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كەڭ ئەۋج ئالغانىدى، قۇمۇل

① «شىنخەي ئىنقىلابى»، 7 - قىسىم 437 - بەت.

دېھقانلار قوزغىلىڭى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا ئىدى. يۈەن داخۇا ئامالسىز قېلىپ، 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەنلىكىنى جاكارلاپ، قەشقەرنىڭ ۋالىيسى يۈەن خۇڭيۇنى تۇتۇقلۇققا كۆرسەتتى. 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يۈەن خۇڭيۇ كېلاۋخۇي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. يۈەن داخۇا ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇپ، يەنە شىنجاڭنىڭ تەپتىش بېگى قوشۇمچە بارىكۆل - ئۈرۈمچى ۋالىيسى ياڭ زېڭشىنىنى تۇتۇقلۇققا كۆرسەتتى. 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يۈەن شىكەي ياڭ زېڭشىنىنى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەپ، ئۇنىڭ ئىلى تەرەپ بىلەن سۈلھ سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە رىياسەتچىلىك قىلىشىنى ئۇقتۇردى.

1912 - يىلى 5 - ئايدا، شىنجاڭ — ئىلى ئىككى تەرەپ چۆچەكتە سۈلھ سۆھبىتىنى باشلىدى. 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ — ئىلى ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى 11 ماددىلىق سۈلھ كېلىشىمىنى رەسمىي ئىمزالاپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىدى. سۈلھ كېلىشىمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ھەر ئىككى تەرەپ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلىش؛ (2) شىنجاڭ - ئىلى ئىچكى - تاشقى سىياسەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئورتاق باشقۇرۇش، ئۈرۈمچىنى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ سىياسىي مەركىزى قىلىش؛ (3) ھەر ئىككى تەرەپ ياڭ زېڭشىنىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان تۇتۇق ئىكەنلىكىنى ئورتاق ئېتىراپ قىلىش، چەكلىك مۇددەت ئىچىدە ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنى چاقىرىپ، تۇتۇقنى رەسمىي سايلاپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلاپ ۋەزىپىگە تەيىنلىشىگە يوللاش؛ (4) شىنجاڭ - ئىلى ئىككى تەرەپ ئەسلىدە بار بولغان ئورگانلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىچكىرىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ تۈزۈلمىسى بويىچە، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، تۇتۇق قارىمى-

قىدا ئىش بېجىرىش ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىش، ھەرقايسى
ئىش بېجىرىش ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىنى ئىككى تەرەپ بىر-
لىكتە كۆرسىتىپ، زۇڭتۇڭنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىگە يوللاش؛
(5) ئىككى تەرەپ ئۇرۇشنى توختىتىپ، قوشۇنلىرىنى چېكىن-
دۈرۈش ھەققىدە ئۆز ئارا ئالاقىلىشىپ، تىنچلىقنى بىرلىكتە ساق-
لاش؛ (6) پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مالىيە ۋە پۇل مۇئامىلىسىنى
بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىلى ۋە ئۆلكە تەرەپ تارقاتقان بارلىق
قەغەز پۇللارنىڭ ۋاقىتىنچە ئېقىپ تۇرۇشىغا كېپىللىك
قىلىش ھەمدە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ پۇل ئاجرىتىپ ياردەم
قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىش؛ (7) ئىلى ئىنقىلابىي ئارمىيىسىدىن
قۇربان بولغان كوماندىر - جەڭچىلەرگە نەپىقە بېرىش، ئىنقىلابقا
قاتناشقانلىق سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنغان خادىملارنى تولۇق
قويۇپ بېرىش؛ (8) ئەسلىدىكى شىنجاڭ - ئىلى باش تۇتۇق
مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇق بېگى گۇاڭفۇ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەر-
گەندە، بەلگىلىمە بويىچە ئەڭ يۇقىرى ھەق بېرىش؛ (9) ئىلاج
قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى گېلاۋ-
خۇي بىلەن ئالاقىلىشىپ، پاراكەندىچىلىكنى بىر تەرەپ قىلىش.
ئۇزاق ئۆتمەي، شىنجاڭ - ئىلى ئىككى تەرەپ يەنە 20
ماددىلىق تەشكىلىي كېلىشىم ھاسىل قىلدى. شىنجاڭ تۇتۇق
مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ - ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى
ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي
ھوقۇقى بۇرۇنقىدەكلا شىنجاڭنىڭ تۇتۇق بېگى ياڭ زېڭشىننىڭ
قولىغا ئۆتتى. ئەسلىدىكى شىنجاڭ - ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمى-
سىنىڭ ئەمەلدارى ياڭ زېڭشىننىڭ كېپىللىك قىلىپ كۆرسىتىشى
بىلەن زۇڭتۇڭ تەرىپىدىن ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەندى. گۇاڭفۇ ئىلىنىڭ

باسقاۋۇللۇقىغا، ياڭ زەڭشۈي قەشقەرنىڭ ياساۋۇل بېگى، قوشۇمچە تەپتىشلىكىگە، فېڭ داشۇ ئىلىنىڭ مەركەزدە تۇرۇشلۇق ۋەكىللىكىگە، خۇاڭ لىجۇڭ شىنجاڭ مالىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، خې جيادۇڭ شىنجاڭ خەلق ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، فېڭ تېمىن شىنجاڭ تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا (كېيىن ئىلى تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئىلى - چۆچەك تەپتىشى قوشۇمچە ئىلى باسقاۋۇل مەھكىمىسىنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەنگەن)، لى فۇخۇاڭ ئىلىنىڭ باسقاقلىقىغا (كېيىن ئىلى - تارغاباتاي باسقىقى، قوشۇمچە ئىلى باسقاۋۇل مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەنگەن)، خاۋ كېچۈەن قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىغۇچى دۇبەنلىككە، يەنە بىر قىسىم ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى. ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختىتىپ قوشۇنلىرىنى چېكىندۇردى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭ بۇرژۇئا ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلاندى؛ ئىلى قوزغىلىڭى جۇڭگو شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىم تۆھپىسى شۇ بولدىكى، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلى رايونىدىكى فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، چىڭ پادىشاھىنىڭ غەربكە كۆچۈش سۇيىقەستىنى تارمار قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، شىنجاڭنى پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان بازىسى قىلىۋېلىشىغا يول قويمىدى.

## 28. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ئاستىدا شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى

### 1. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش

شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ خەۋىرى قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئارىسىدا ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ فېئودالىزمنىڭ زۇلمىغا قارشى كۈرەش قىلىش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى ①. 1912 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، يۈەن داخۇا ئىلى ئىنقىلابىي قوشۇنلىرىنى قورشاپ يوقىتىش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن ئەسكەر يۆتكىگەندە، قۇمۇل ۋاڭى شاماخسۇتنىڭمۇ ئۇرۇمچىگە ئىككى يىلغا ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، شىخۇ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىش ئۈچۈن قۇمۇل ۋاڭىدىن يەنە 500 كىشىلىك قوشۇننى ئۆلكە مەركىزىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ قوشۇن قۇمۇل بىلەن بارىكۆل ئوتتۇرىسىدىكى بىر تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە، ئالغا يۈرۈشنى توختىتىپ، تۆمۈر خەلىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار ھاشارنى يەڭگىللىتىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە قۇمۇل ۋاڭى ۋە فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىگە قاراتتى. يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن سەپكە قوشۇلۇشى بىلەن، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ناھايىتى تېز زورىيىپ نەچچە مىڭ كىشىگە يەتتى. قوزغىلاڭچىلار بارىكۆلدىكى گېلاۋخۇي بىلەن ئالاقە باغلاپ، گېلاۋخۇينىڭ ۋە خەنزۇ ئامبىسىنىڭ

---

① بۇرھان شەھىدى، «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم»، 21 - بەت.

ياردىمى ئارقىسىدا، پىستىرما جېڭى ئېلىپ بېرىپ، باستۇرۇشقا كەلگەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى يوقاتتى ھەمدە زور مىقداردا قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورىلارنى غەنىيمەت ئالدى. بۇ غەلىبە قوزغىلاڭچىلارنىڭ كەيپىياتىغا ناھايىتى زور ئىلھام بەردى، قوزغىلاڭ يالقۇنى ناھايىتى تېز ئەۋج ئالدى، شا مەخسۇت قۇمۇل شەھىرىگە بېكىنىۋېلىپ قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. يوەن داخۇا ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىلگىرىلا، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قورشاپ يوقىتىش ئۈچۈن ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغانىدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، زور قوشۇننىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن ئىچكىرىگە ماڭغاندا، قۇمۇل ۋاڭى تەرىپىدىن ئىلىغا ھۇجۇم قىلىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلگەن قوشۇنلارنى باشلاپ 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قۇمۇلغا يېتىپ باردى. ئۇ شا مەخسۇت بىلەن مەخپىي پىلان تۈزۈپ، ئالدى بىلەن قۇمۇل شەھىرىدىكى ئىنقىلابچىلارنى تۇتقۇن قىلىپ ئۆلتۈردى، ئارقىدىن يەنە تاغقا ئادەم ئەۋەتىپ تەسلىم بولۇشقا ئالدىغاندا، قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن رەت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوزغىلاڭچىلارنى قورشاپ يوقىتىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا تاغ ئارىسىغا كىرىپ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭچىلارغا قوماندانلىق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى چېكىندۈردى. بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تاغ ئېغىزىنى توسۇۋېلىپ مۇداپىئە لىنىيىسى ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، قۇمۇلنى قوغداشقا مەجبۇر بولدى.

تۆمۈر خەلپە قۇمۇلدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، تۇرپاندىكى مۇھەممەت خەلپىمۇ دەرھال قۇمۇلغا مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ، تۆمۈر خەلپە بىلەن ئالاقە باغلىدى، ئۇزاق ئۆتمەي،

مۇھەددىسىن خەلىپىمۇ دېھقانلارغا باشچىلىق قىلىپ، فېئودال ۋالىي تۈردىسى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، يۈەن داخۇانىڭ پەقەت قورال كۈچىگىلا تايىنىپ باستۇرۇش ئېلىپ بېرىش فاڭجېنىنى ئۆزگەرتىپ، «كۆرۈنۈشتە جەڭ قىلىشقا راسلانغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە قولغا چۈشۈرۈشنى ئاساس قىلىش»① تاكتىكىسىنى قوللاندى. ئۇ قومۇلغا قوشۇن توپلىدى، ئەمما ئۇلارنى جەڭگە سالماي، كەينى ـ كەينىدىن «نەسىھەتنامە» ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچىلارنى ئەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى ھەمدە كۆپ قېتىم تاغقا ئەمەلدار ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

1912 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ 1913 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە، ياڭ زېڭشىن خۇيزۇ يېڭجاڭ لى شۇفۇنىڭ قولىغا خەت يېزىپ بېرىپ، ئۇنى تاغقا چىقىپ تۆمۈر خەلىپە بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى. ياڭ زېڭشىن خېتىدە تۆمۈر خەلىپە قاتارلىق كىشىلەرنى جازاغا تارتىش نىيىتىدە ئەمەسلىكىنى ئىزھار قىلىپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنىنى قورال تاپشۇرۇشقا دالالەت قىلدى، 1907 - يىلدىكى قومۇل قوزغىلاڭچىلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى ساۋاق تۆمۈر خەلىپە قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار مۇرەسسەلىشىشنى رەت قىلدى. 1913 - يىل 3 - ئايدا، ياڭ زېڭشىننىڭ يوليورۇقى بويىچە لى شۇفۇ مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتى بىلەن

① ياڭ زېڭشىن: «تىنىستىخپارە مۇجەررىشىدا يېزىلغان تەكتۇپلار»، B تولام، II قىسىم، 8 ـ بەت.

ئىككىنچى قېتىم تاغقا چىقىپ، تۆمۈر خەلپە بىلەن كۆرۈشتى، دىندارلىق مۇناسىۋەتنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇننى ئالدىدى، لى شۇفۇ قورئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندۇ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ھاشىرى ھەر ئايدا ئىككى كۈنگە قىسقارتىلىدۇ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇلىق ئۆلكە قوشۇننىڭ چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئاتلىق قوشۇننىڭ 3 - يەڭگى قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ، تۆمۈر خەلپە يېڭىجاڭلىققا تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىدە تۇرىدۇ، قېپقالغان قوزغىلاڭچى دېھقانلار پۈتۈنلەي دېھقانچىلىق قىلىشقا قايتۇرۇلىدۇ، دەپ ۋەدە بەردى. تۆمۈر خەلپە بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلىپ، 200 دىن كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كەلدى، قالغان قوزغىلاڭچى دېھقانلار يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلدى.

ياڭ زېڭشىن تۇرپاننىڭ قوزغىلاڭچى دېھقانلىرىغىمۇ ئاشۇنداق ئۇسۇل قوللاندى. مۇھەممەت خەلپىمۇ تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، «نەسىھەت بىلەن كۆندۈرۈلدى». ياڭ زېڭشىن تۇرپان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى ئۆلكە قوشۇنىنىڭ بىر يەڭگى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، مۇھەممەت خەلپىنى يېڭىجاڭلىققا تەيىنلىدى ھەمدە ئۇلارنىمۇ ئۈرۈمچىدە تۇرىدىغان قىلىپ يۆتكەپ كەلدى.

قۇمۇل ۋاڭى كېلىشىم ماددىلىرىنى ئىجرا قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە، يانچىلارنى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قوزغىلاڭدىن كېيىن ئۇچرىغان «زىيان» لىرىنى تۆلەپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى. تۆمۈر خەلپە تەيىنلىگەن يەرلىك ئاقساقاللارمۇ ۋاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئالماشتۇرۇۋېتىلدى. ھەتتا بەزىلىرى قولغا ئېلىندى. تۆمۈر خەلپە بۇ خەۋەرلەرنى ئۇققاندىن كېيىن، مۇھەممەت خەلپە بىلەن مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ، قىسملارنى باشلاپ تۇرپانغا بېرىپ، قايتىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييار-

لاندى. خائىننىڭ ساتقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن، قۇمۇل ۋاڭى شا مەخسۇت قوزغىلاڭ پىلانىنى بىلىپ قالدى ۋە ياڭ زېڭشىنغا بۇ ئىشنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، تۆمۈر خەلپە قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. 1913-يىلى 9-ئايدا، تۆمۈر خەلپە بىلەن مۇھەممەد خەلپە ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، قالغان ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى تارقىتىۋېتىلدى.

تۆمۈر خەلپە بىلەن مۇھەممەد خەلپە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تۆمۈرنىڭ ئىنىسى شاكىر 1914-يىلى 4-ئايدا تۇرپانغا كېلىپ، مۇھەممەدنىڭ سەپدىشى ئەمەت بىلەن ئالاقە باغلىدى ۋە تۇرپان خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، فېئوداللىق زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيىگە قارشى كۈرەشنى داۋاملىق قانات يايدۇردى. 1915-يىل 1-ئايدا، ئەمەت بىلەن شاكىر ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

1913-يىل ئەتىيازدا، ئىلىدىكى شىبە كۆرەسى (ھازىرقى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى) دىمۇ نامرات دېھقانلارنىڭ فېئودالىق تۈزۈمگە قارشى كۈرىشى يۈز بەردى. شىنخەي ئىنقىلابى چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن شىبە كۆرەسىدە كونا تۈزۈم داۋاملىشىپ، شىبە خەلقى يەنىلا سەككىز خوشۇنلۇق تۈزۈمىدىكى ھەربىي لاگېر تۇرمۇشىنى كەچۈرمەكتە ئىدى. بۇ تۈزۈم ئاستىدا، شىبە خەلقى فېئودالىق زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيىگە قاتتىق ئۇچرىدى. ئۇلار فېئودال ئەمەلدارلار ئۈچۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپلا قالماي، بەلكى سىياسىي جەھەتتە ھېچقانداق ئەركىنلىك ھوقۇقىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. XX ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن ئىلگىرى، شىبە كۆرەسىنىڭ خوشۇنلۇق يېرى «ئومۇم ئىگىدارچىلىقى» دا بولۇپ، ھەر-

قايسى سۇمۇل تەرەپىدىن بىر تۇتاش باشقۇرۇلاتتى. ٩٠-يىللاردىن كېيىن، ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىپ، تەدرىجىي ھالدا خۇسۇسىي مۈلۈككە ئايلىنىپ قالدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسىم يەرلەر فېئودال ئەمەلدارلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى. شۇ ۋاقىتتا فېئودال ئەمەلدارلارنىڭ دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتىكى ئاساسىي ئۇسۇلى يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىش ۋە ئادەم ياللاشتىن ئىبارەت ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا «قورۇقچىلىق» تۈزۈمىمۇ بار ئىدى. ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ كۆپلىگەن «قورۇقچىلىرى» بولاتتى، بۇ «قورۇقچى»لار ئەمەلىيەتتە ئەمەلدارلارنىڭ چاكارلىرى ياكى يىللىقچىلىرى ئىدى. خوشۇن گازارمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ ھەدەپ فېئوداللىق ئىمتىيازىنى يولغا قويۇپ، ئۆز مەيلىچە سوراقخانا قۇرۇپ، دېھقانلارنى قىيناپ سوراققا تارتاتتى. بۇ ئىشلار شىبە خەلقىنىڭ بارغانسېرى كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى.

1913-يىل ئەتىيازدا، ئوتتىنچى سۇمۇلنىڭ ياردەمچى ئەمىرى، ۋېيگۇەن قاتارلىق ئەمەلدارلار ئۆزىنىڭ ھوقۇق كۈچىگە تايىنىپ، ئۆز مەيلىچە جامائەت يەرلىرىنى بايلار ۋە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگە بۆلۈپ بەردى. كەڭ نامرات دېھقانلار كېيىكسە چۇن (يەنە بىر ئىسمى شۇ مىن) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە خوشۇن ئارخىپ ئىشخانىسىغا بېسىپ كىرىپ، يەر-زېمىن رويخېتى ئېلىپ چىقىپ، بايلار ۋە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋالدى، جامائەت يەرلىرىنى نامرات دېھقانلارغا بۆلۈپ بەردى. ياردەمچى ئەمىر گازارمىنىڭ باش بۇغى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ دېھقانلار ئاممىسىنى باستۇردى ھەمدە كېيىكسە چۇن قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، بەشىنچى ۋە سەككىزىنچى سۇمۇلدىكى دېھقانلارمۇ فېئودال ئەمەلدارلارغا

قارشى كۆرەشنى قانات يايدۇردى. بەشىنچى سۇمۇلدىكى ئامما باشلىقىغا قارا ياغلىق چىگىپ، قوللىرىغا قورال-ياراق ئېلىپ «خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارغا قارشى تۇرايلى!» دەپ ئۈنلۈك شوئار توۋلاپ، ياردەمچى ئەمىرنىڭ ئىشخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، خىيانەتچى ياردەمچى ئەمىرنى قاتتىق ئۇردى. سەككىزىنچى سۇمۇلدىكى ئامما شەھەر دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىپ، ياردەمچى ئەمىر ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى قاتتىق ئۇردى ھەمدە ئىشخانا تامغىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرى ئەمىر-پەرمان چىقىرىدىغان بولدى. گازارمىنىڭ باش بۇغىسى ئۆزى بىۋاسىتە ئاتاقلىق قوشۇن باشلاپ كېلىپ، ئاندىن بەشىنچى ۋە سەككىزىنچى سۇمۇللاردىكى خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرەشلىرىنى باستۇرۇۋەتەلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىبەلەرنىڭ بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم زىيالىيلىرىمۇ ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنى قوزغىدى. 1913-يىلىدىن باشلاپ، ئۇلار ئىلمىي جەمئىيەتلەرنى قۇردى، مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مىللىتى ئىچىدە، ئىسلاھاتچىلىق، يېڭىلىقچىلىق ئىدىيىسىنى تارقاتتى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، «خوشۇن تۈزۈمى» نى بىكار قىلىش، «قورۇقچىلىق» تۈزۈمىنى قالدۇرۇش، مۇشتۇمزورلارنىڭ زورلۇق بىلەن يەر ئىگىلىشىگە ۋە چېڭ سۇلالىسىنىڭ كونا ئادەتلىرى بويىچە يەر ئۆلچەشكە قارشى تۇرۇش قاتارلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە، قازاق خەلقىمۇ فېئوداللىزىمغا قارشى كۆرەشنى قانات يايدۇردى. ئۇلار چېڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە باج-سېلىق تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى، ھەتتا باج يىغىشقا كەلگەن ئەمەلدارلارنى باغلاپ قويدى. كۆپلىگەن قازاق راتلار شىنخەي ئىنقىلابى پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى ئاستىدا

قەبىلە ئاقساقاللىقىغا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، دېموكراتىك سايلامنى يولغا قويدى.

گېلاۋخۇي شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭدىكى بىر مۇھىم كۈچى ئىدى. 1876-يىلى زوزۇڭتاڭ خۇنەن ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا باشلاپ كېلىپ ياقۇپ بەگ باندىتلىرىغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، ئۇنىڭ ئارمىيىسىدىمۇ گېلاۋخۇينىڭ تەشكىلاتلىرى بار ئىدى. شىنجاڭ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، خۇنەن ئارمىيىسى ھەرقايسى جايلارغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، گېلاۋخۇي تەشكىلاتلىرىمۇ تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كەڭ تارقالدى. خەنزۇلاردىن باشقا، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، مانجۇ، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر گېلاۋخۇيغا قاتناشتى، ھەتتا ئاز ساندىكى چەت ئەللىكلەرمۇ گېلاۋخۇيغا ئەزا بولدى.

ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يۈەن داخۇا، تەن چاڭگۈ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ قورالسىزلاندۇرۇلغان چارلىغۇچىلار گازارمىسى ۋە باش مۇپەتتىش مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي گازارمىسىدىكى 200 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا تارقىتىپ، شۇ جايلاردىكى گازارمىلارنى تولۇقلاشقا مەجبۇرىي بۇيرۇق قىلدى، بۇنىڭدىكى ئەمەلدار، ئەسكەرلەرنىڭ تولىسى گېلاۋخۇي ئەزالىرىدىن ئىدى، تەن چاڭگۈ بولسا گېلاۋخۇينىڭ مۇھىم باشلىقى ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇينىڭ كۈچى ئۇلغىيىپ، تەسىرى كۈنسېرى كېڭەيدى. ئىلى قوزغىلىڭى مەزگىلىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇي ئىلى ئىنقىلابىي ئارمىيىسى بىلەن پائال تۈردە ئالاقە ئورناتتى، شىنجاڭ، ئىلى ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى شىخودا تىركىشىپ تۇرغان مەزگىلدە، ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى لىيۇ

چىڭنىڭ قاتارلىق 31 كىشىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇي بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتىپ، شۇ ئارقىلىق يۈەن داخۇانى ئىسكەنجىگە ئالدى. 1912-يىل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى گېلاۋخۇي تەشكىلاتلىرى ئارقا-ئارقىدىن ھەرىكەتلىنىپ، ھەممىلا يەردە فېئودال ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈردى. ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە، گېلاۋخۇيغا قارىتا، ئۇلارنىڭ كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ ئىش كۆرۈشتەك ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللارنى قوللاندى. قاراشەھەر، بۈگۈر، بارىكۆل قاتارلىق جايلاردىكى كۈچى ئاجىزراق بولغان گېلاۋخۇي تەشكىلاتلىرىنى تېزدىن ئەسكەر يۆتكەپ بېرىپ باستۇردى. ئاقسۇ، كۇچا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى كۈچى زورراق بولغان گېلاۋخۇي تەشكىلاتلىرىغا قارىتا، ۋاقىتىنچە سەۋر-تاقەت قىلىپ، يالغاندىن ئەمەلىك بېرىپ بىخۇتلاشتۇرۇش، ئاندىن پۇرسەت تېپىپ يوقىتىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. 1913-يىل باھار ۋە ياز پەسىللىرىدىن باشلاپ، ياڭ زېڭشىن گېلاۋخۇي تەشكىلاتلىرىغا خىرىس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى گېلاۋخۇينىڭ باشلىقلىرىنى ھەر خىل باھانە-سەۋەبلەر بىلەن يۆتكىدى ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ يۇرتلىرىغا قايتۇرۇدى. سەپەر ئۈستىدە كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. 1919-يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇي تەشكىلاتلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

### 2. چىرا يېزىسىدا كۆتۈرۈلگەن چار روسىيەگە قارشى كۈرەش يالقۇنى

شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى ئەمدىلا قۇرۇلغان چاغدا، چار روسىيەنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئاتلىق ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ، غۇلجىدىكى روسىيە سودىگەرلىرىنى

قوغدايمىز دەپ داۋراڭ سالدى. قوزغىلاڭچىلار ۋەزىيەتنى ناھايىتى تېز كونترول قىلغانلىقتىن، چار روسىيە ئەسكەر ئەۋەتىشنى كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئىلى ئىنقىلابىي ئارمىيىسى بىلەن ئۆلكە قوشۇنلىرى تىركىشىپ تۇرغان چاغدا، چار روسىيە كونسۇلخانىسىنى ۋە روسىيە سودىگەرلىرىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، 1912-يىل 5-ئاينىڭ 8-كۈنى 200 دىن ئارتۇق كازاك ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئىلىنىڭ غۇلجا شەھىرىگە باستۇرۇپ كىردى.

چار روسىيە ھەربىي كۈچ ئارقىلىق ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە شۇنداق باھانە بىلەن 1912-يىل 6-ئاينىڭ 22-كۈنى 750 دىن كۆپرەك پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ، قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلدى. ئارقىدىنلا، چار روسىيە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «چىرا ۋەقەسى»نى بىۋاسىتە پەيدا قىلدى.

چىرا ئەينى ۋاقىتتا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ مۇھىم بىر بازىرى ئىدى، 1905-يىلى سەيىت ھاجى بۇ يەرگە كېلىپ، چار روسىيىنىڭ سودا ۋەكىلى بولۇۋېلىپ، تاجاۋۇزچىلىق ئىمتىيازى ۋە روسىيە كونسۇلىنىڭ ھىمايىتىگە تايىنىپ، شۇ يەرنىڭ گىلەم ۋە يىپەك سودىسىنى مونوپول قىلىۋالدى ھەمدە كەڭ كۆلەمدە يەر-زېمىن سېتىۋېلىپ، شۇ يەردىكى تۆت چوڭ ئۆستەڭنىڭ ئۈچىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، چوڭ سودىگەر ۋە چوڭ پومېشچىككا ئايلاندى. ئۇ يەنە غەللە-پاراق تاپشۇرۇشقا قارشى چىققان جۇڭگو پۇقرالىرىنى خالىغانچە ئېسىپ ئۇردى ۋە يەرلىك دىنىي زاتلارنى ھاقارەتلىدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. ئۇ قانۇنسىز ھالدا جۇڭگو پۇقرالىرى ئىچىدە روسىيە مۇھاجىرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى ھەمدە 1907-يىلى

چىرا يېزىسىدا روسىيە مۇھاجىرلىرى تەشكىلىنى قۇردى. شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، سىيىت ھاجى روسىيە كونسۇلىنىڭ كۈشكۈرتىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو پۇقرالىرىنى روسىيەنىڭ «ھامىيلىقى»نى قوبۇل قىلىشقا قۇتراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ روسىيە كونسۇلخانىسىدىن قورال-ياراغ، ئوق-دورا ئېلىپ يۈز نەچچە «روسىيە مۇھاجىرى»نى قوراللاندۇردى، ئۇلارنى ئۆز ئۆيىگە توپلاپ، ئۆيىگە روسىيە دۆلەت بايرىقىنى ئېسىپ، ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئاتالمىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئاياغ ئاستى قىلدى. 1912-يىل ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدە، سىيىت ھاجى ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، يەرلىك دېھقانلاردىن كۆپلىگەن كىشىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇردى. چىرا خەلقىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، 100 دىن ئارتۇق كىشى ئۇيغۇر دېھقان سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ باشچىلىقىدا كېرىيە ناھىيىسىگە سىيىت ھاجى ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ بارغاندا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سىيىت ھاجىنى قاماپ قويدى. روسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى كونسۇلنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، سىيىت ھاجىنى قانات ئاستىغا ئالدى. 6-ئاينىڭ 15-كۈنى، سىيىت ھاجى چىرا يېزىسىغا قايتىپ كەلدى ۋە، شۇ ئاخشىمى بىر توپ قوراللىق لۈكچەكلەرنى باشلاپ سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، تەھدىت سالدى ۋە ئالدىدى، سۇپۇرگە ئاخۇن بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ «چىرا بولسا جۇڭگونىڭ زېمىنى، تاشلىۋېتىش كارى بولماسلىق شەرمەندىلىك»① دەپ رەددىيە بەردى. ئەتىسى، سىيىت ھاجى يەنە بىر قانچىلىغان بىگۇناھ ئادەمنى قاتتىق ئۇردى، سۇپۇرگە ئاخۇن ئادەمنى باشلاپ خوتەن شەھىرىگە كىرىپ، سىيىت ھاجىنىڭ خەلقىنى

① «شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى».

قاقتى - سوقتى قىلغان، خوتەن قىزلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلغان، سودىگەرلەرنى روسىيە تەۋەسىگە ئۆتۈشكە قىستىغان، يېزا ئاھالىلىرىنى ئېسىپ ئۇرغان ۋە ھاقارەتلىگەن جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. قەشقەردىكى كېلاۋخۇي تەشكىلى بايرىقى روشەن ھالدا چىرا خەلقى تەرەپتە تۇردى، كېلاۋخۇينىڭ باشلىقى بىيەن يۈڭفۇ كېلاۋخۇي ئەزاسى، يەكىنىدە تۇرۇشلۇق ياندىش قوماندان شيۇك گاۋشېڭ ۋە جاۋداشېڭلارنى خوتەنگە ئەۋەتتى. 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، شيۇك گاۋشېڭ ئۆزى ئەسكەر باشلاپ چىرا يېزىسىغا كەلدى، ئەتىسى شيۇك گاۋشېڭ سېيىت ھاجىنى ئۈچ قېتىم چاقىرتقان بولسىمۇ، سېيىت ھاجى بۇنى ئېلىك ئالمايلا قالماي، 100 دىن ئارتۇق قوراللىق «مۇھاجىر» نى ئۆز ئۆيىدىنغا يىغىپ، «شيۇك گاۋشېڭ بىلەن جەڭ قىلىمىز» دەپ داۋراڭ سالدى. بۇنىڭدىن دەرغەزەپ بولغان ئامما سېيىت ھاجىنىڭ ئۆيىنى قاتتىق قورشىۋالدى، روسىيىگە قارشى كۈرەش ئوتى چىرا يېزىسىدا يالقۇنلاشقا باشلىدى. تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن ئامما ناھايىتى تېزلا 3 - 4 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئايلاندى، «غەزەپ سادالىرى ئاسمان پەلەك ياڭرىدى، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى»①. شيۇك گاۋشېڭ ئاممىغا مەدەت بولسۇن ئۈچۈن، جۇ شۇتاڭ باشچىلىقىدا 50 ئەسكەرنى ئاممىنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشقا ئەۋەتتى، زورلۇق بىلەن روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن «مۇھاجىرلار» ئارقا - ئارقىدىن قېچىپ چىقىپ، روسىيە مۇھاجىرلىق گۇۋاھنامىسىنى ئۆزلۈكىدىن تاپشۇردى ياكى يىرتىپ تاشلىدى. سېيىت ھاجى ياۋۇزلۇق بىلەن ئوق چىقىرىپ جۇشۇتاڭ بىلەن بىر نەپەر ئەسكەرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، ئامدىن ئارتىلىپ كىرگەن ئۇيغۇر دېھقان

① «تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىدىن مۇھىم بايانلار»، «قەشقەرنىڭ خوتەن ئايمىقىدىكى روسىيىلىكلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئەنزىسى».

ئىسلامنى قىلىچ بىلەن چاقنىۋەتتى، يەنە كۆپلىگەن ئاممىنى يارىدار قىلدى، بۇ خىل پاجىئە ئالدىدا ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن كېلاۋخۇي تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولغان ئەسكەرلەر كۆرۈلدەپ كېلىپ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا كۆپپاڭچىلاردىن بىر-ئەچچىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، تاجاۋۇزچىلىق بازىسىغا ئوت قويدى، شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ روسىيىگە قارشى كۆرەش يالقۇنىدا 29 نەپەر باندىتنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلدى، سېيىت ھاجى ئۆزىنى باشقىچە ياساپ، تۈن قاراڭغۇسىدا ئارقا تامنى تېشىپ قېچىپ كەتتى. چىرا ۋەقەسى گەرچە سېيىت ھاجىنىڭ ياۋۇزلۇق قىل-مىشلىرىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر سەۋەبى چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىقنى ئۆز-لۈكسىز كۈچەيتكەنلىكىدە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى چاررۇسىيە-نىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ كاتتىبېشى بابلوۋنىڭ ئىقرار قىلغىنىدەك، قەشقەردىكى روسىيە كونسۇلى سوكوۋ شىنجاڭنى «چارپادىشاھ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆزى گوبېر-ناتور بولىدىغان بىر ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرماقچى بولغان، شۇڭا ئۇ تىزىمغا ئالدۇرۇش ئارقىلىق، يۈزلەپ، مىڭلاپ يالغان رو-سىيە مۇھاجىرلىرىنى پەيدا قىلغانلىقتىن، چىرا ۋەقەسى كېلىپ چىققان».① ۋەقە تۇغۇلغاندىن كېيىن، سوكوۋ دەرھال چاررۇ-سىيە ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلدى ھەمدە چىرا يېزىسىغا 200 نەپەر كازاك ئەسكىرىنى ئۆزۈم باشلاپ بېرىپ، جۇڭگونىڭ روسىيىگە قارشى تۇرغان ئاممىسىنى باستۇرىمەن دەپ جار سالدى. روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى جۇڭگونىڭ بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە نوتا تاپشۇرۇپ، قاتىللارنى جازالاش، تۆلەم تۆلەش، كەچۈرۈم-سوراش قاتارلىق يولسىز تەلەپلەرنى ئۆكتەملىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن روسىيە

① سكرېيىن قاتارلىقلار يازغان «ماكىمى قەشقەرىيە» 12 - باب.

قوشۇنلىرى تولۇق قوراللىنىپ، شەھەر كوچىلىرىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، قەستەن ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، جۇڭگو ئەسكەرلىرىدىن نەچچە ئون كىشىنى چېپىپ يارىدار قىلدى ھەمدە قەشقەر شەھىرىنىڭ سېپىل دەرۋازىسىنى پارتلىتىۋېتىپ، دوتەي يامۇلى ۋە باش بۇغ يامۇلىنى قورشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرىپ، پاراكەندىچىلىك سالدى. 8-، 9-ئايلاردا، روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى بېرىنس كازاك ئەسكەرلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى باشلاپ چىرا، خوتەن، كېرىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، 100 دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق پۇقرانى قىيناپ سوراق قىلدى، يەنە قانۇنسىز ھالدا سۈيپۈرگە ئاخۇن قاتارلىق 80 دىن ئارتۇق يەرلىك خەلق ئاممىسىنى قولغا ئالدى، قامىدى، ئۇردى ۋە قىيناپ سوراق قىلدى ھەمدە ئۇلارنى ئىككى نەپەر يەرلىك ئەمەلدار بىلەن بىللە قەشقەرگە ئېلىپ باردى. يۈەن شىكەي ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ۋەتەننى سېتىشنى شۆھرەت دەپ بىلىپ، چار روسىيىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا، ياڭ زېڭشىنغا «جىنايەتچى»لەرنى قاتتىق جازالاش، «ئىشنى تېز پۈتتۈرۈش» توغرىسىدا كۆپ قېتىم تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق قىلدى، 1913-يىل 2-ئاينىڭ 21-كۈنى، قەشقەردە چىرا ۋەقەسى توغرىسىدا ئۇچۇق سوت ئېچىلدى، دەۋا قىلغۇچىلار سوكوۋ ھامىيلىق قىلغان 26 نەپەر روسىيە مۇھاجىرى ئىدى، جاۋابكار سۈيپۈرگە ئاخۇن، شيۇڭ گاۋشېڭ قاتارلىق 80 نەچچە نەپەر جۇڭگولۇق ئەسكەر ۋە پۇقرا ئىدى. چار روسىيە جۇڭگودىن نەپەقە ئۈچۈن 800 مىڭ سەر كۈمۈش تۆلەم تۆلەشنى ھەمدە جۇڭگولۇق ھەر مىللەت ئاممىسى، ئەسكەرلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىدىن 180 دىن ئارتۇق كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى يولسىزلارچە تەلەپ قىلدى. سوكوۋ «سۈيپۈرگە ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر

سېيىت ھاجىنىڭ تۇرار جايىغا بېسىپ كىرىپ ئوت قويۇپ، ئادەم ئۆلتۈردى، شۇڭا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى كېرەك» دېدى. سوپۇرگە ئاخۇن ھەققانىي ۋە ئاچچىق سۆزلەر بىلەن: «چىرا بولسا جۇڭگونىڭ زېمىنى، سېيىت ھاجى ئاللىقاچان ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ روسىيە قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان، ئۇ نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىن جۇڭگوغا كېلىپ، بىزنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىمىزنى، باغ - ۋارانلىرىمىز ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىمىزنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالدى، غەللە - پاراق تاپشۇرۇشقا قارشى چىقتى، كىشىلەرنىڭ خوتۇن - قىزلىرى ۋە مال مۈلكىنى تارتىۋالدى، مىللىي مۇناپىقلارنى ئازدۇرۇش ئارقىلىق بېلەت ئالدۇرۇپ روسىيە مۇھاجىرلىقىغا ئۆتۈشكە قىزىقتۇردى، پۇقرالارنى پاجىئەلىك ھالدا قىردى. سېيىت ھاجى دەل يۇرتىمىزغا ئۇسۇپ كىرگەن ھەققىي قاتىلنىڭ ئۆزى، شۇڭا ئۆلۈم جازاسى شۇلارغا بېرىلىشى كېرەك» دەپ قاتتىق رەددىيە بەردى.① چاررۇسىيە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى كېرەك دەپ قارالغان جۇڭگو پۇقرالىرى ۋە ئەمەلدار - ئەسكەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۆزىنى ئاقلىدى، ئۇلار جاۋابكار ئەمەس، «بەلكى ئەرز قىلىۋاتقان قانۇن مەسلىھەتچىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى».② سوكوۋ رەسۋا بولغانلىقتىن، سوت مەھكىمىسىدىن چىقىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن «سوت» ئۈزۈلۈپ قالدى. جۇڭگونى باش ئەگدۈرۈش ئۈچۈن، چاررۇسىيە قەشقەردە تۇرۇشلۇق تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى 1000 دىن ئارتۇق كىشىگە كۆپەيتتى ھەمدە «ئاجىز دۆلەتنىڭ قولى بولغاندىن كۆرە، كۈچلۈك دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولغان

① «شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى». ۋېي چاڭخۇڭنىڭ «شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى شىنجاڭ» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.

② سىكرېيىن قاتارلىقلار يازغان «ماكىنېي قەشقەردە».

ياخشى» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى چاپلاپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى. ياڭ زېڭشىن دۆلەت زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن، بىر لۈي قوراللىق ئارمىيىسى تەشكىللەشنى قارار قىلدى. قەشقەر، خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، ئارقا - ئارقىدىن ئارمىيىگە قاتنىشىپ روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇردى. بۇ چاغدا يۈەن شىكەي سۈن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى «ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب» نى باستۇرۇپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، جاھانگىرلاردىن مەدەت ئىزدەشكە ئالدىراۋاتقانىدى، شۇڭا ئۇ چاررۇسىيىنىڭ بېسىمى ئاستىدا تىز پۈكۈپ، ئەنزە بېجىرىشتى «بوشاڭلىق قىلىپ كېچىكتۈرۈپ قويغان» قەشقەر تەپتىشى ۋاڭ بىڭكۈننى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى. 1913 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاھانەتلىك «جۇڭگو - روسىيە چېگرا يېزىسى كېلىشىمى» ئىمزالىنىپ، جۇڭگو 69 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش تۆلەم تۆلەيدىغان بولدى، شىيۈڭ گاۋشېڭغا 12 يىللىق، سۈپۈرگە ئاخۇن قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق ئادەمگە تۆت يىلدىن ئون يىلغىچە قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. خوتەننىڭ دوتەيى ۋە كېرىيە ئامباللىرىغا زور مىقداردا جەرىمانە قويۇلدى.

چېگرا خەلقى بويۇنتۇلۇق بىلەن باش ئېگىپ قالمىدى. شىيۈڭ گاۋشېڭمۇ يەنىلا كېلاۋخۇيىنىڭ باشلىقى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن داۋاملىق ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلدى. چاررو - سىيىنىڭ ئىشپىيونى ۋە غالچىسى سېيىت ھاجى: «خوتەنگە كېلىشكە پېتىنالماي»، قەشقەر ئارقىلىق روسىيىگە قېچىپ كەتتى، سۈپۈرگە ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر جازا مۇددىتى توشۇپ چېگرا يېزىسىغا قايتىپ كەلگەندە، پۈتۈن يېزىدىكى ئامما بىردەك ئالدىغا چىقىپ، روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلغان

بۇ ۋەتەنپەرۋەر مىللىي قەھرىمانلارنى قارشى ئالدى، بەزىسلەر ھەتتا 100 كىلومېتر يىراقلىقتىكى خوتەنگىچە بېرىپ قارشى ئالدى.

## §38. ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېننىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى

### 1. ياڭ زېڭشىننىڭ ئىچكى - تاشقى سىياسىتى

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن 1912 - يىلدىن 1928 - يىل يازغىچە بولغان 17 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، شىنجاڭ بيۇروكرات مىلىتارىست ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى. ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندا، شىنجاڭ مۇرەككەپ سىياسىي، ھەربىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەپقالغانىدى. غەربتە ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى ياڭ زېڭشىن بىلەن تىركىشىۋاتقانىدى، شەرقتە قۇمۇل، تۇرپاندىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا گېلاۋخۇي ئەزالىرىنىڭ ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەركەز قىلغان قوزغىلاڭلىرى داۋام قىلماقتا ئىدى، شىمالدا چاررۇسىيە بىلەن تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن تاجاۋۇز قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتاتتى. ياڭ زېڭشىن ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرۈش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ھەل قىلدى.

ياڭ زېڭشىن ئىلى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرىنى يا ئەمەلگە تەيىنلىدى، يا ئىلىدىن يۆتكىۋەتتى. شىنجاڭدا تۇرۇشنى خالىمىغانلارغا كۆپلەپ پۇل بېرىپ، ئىچكىرىگە يولغا سالدى. مەسىلەن، ياڭ زەنشۈي 1913 - يىل 8 - ئايدا ئانىسىنىڭ قازا تاپقانلىقىنى باھانە قىلىپ شىنجاڭدىن ئايرىلىپ،

روسىيە ئارقىلىق خوبېيغا قايتىپ كەتتى. شىنجاڭدىن ئايرى-
لىشقىمۇ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ ۋەزىپە ئۆتەشكىمۇ ئۇنىماي، ئىلىدا
تۇرۇپ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرماقچى بولغان فېڭ
تېمىن بىلەن لى فۇخۇاڭنى ياڭ زېڭشىن ئادەم ئەۋەتىپ مەخپىي
ئۆلتۈرۈۋەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كېلاۋخۇي، قۇمۇل، تۇر-
پاندىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنى ياڭ زېڭشىن بىر تەرەپتىن
نەسىھەت قىلىپ كۆندۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن قورشاپ يوقى-
تىش نەيرىڭىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ
باستۇرۇۋەتتى.

ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭنى پەي-
دىنپەي بىرلىككە كەلتۈردى. 1914 - يىلى گۇاڭفۇ كېسەل
سەۋەبى بىلەن ئۆلدى. ياڭ زېڭشىن شىمالىي مىلتارىستلار
ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئىلى چېگرا مۇداپىئە
مەھكىمىسىنى باشقاۋۇللۇققا ئۆزگەرتىپ، ئۆزى باشقۇردى. ئى-
لىدىكى شىبە، سولۇن، ئويرات، چاخار قەبىلىلىرىنىڭ ئاغلاقچى
ئامباللىرىنى ئاغلاقچى ئەمەلدارغا ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ بىۋاستە
باشقۇرۇشى ئاستىغا ئالدى. ئىلىدىكى بۇرۇنقى قوشۇنلارنى
قىسقارتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك
قىسىملىرىنى ئالماشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە تارباغاتاينىڭ
مەسلىھەتچى ئامبىلىنى دوتەيگە ئۆزگەرتىپ، ئۇنىمۇ ئۆزىنىڭ
باشقۇرۇش دائىرىسىگە تەۋە قىلدى. شۇنىڭدەك تۇرغۇت، چاخار،
ئويراتلارنى ئىلگىرىكى تۇرغۇت، خوشۇت قاتارىدا تۇتۇققا
بىۋاستە قاراشلىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ
ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئىلى، تارباغاتاي رايونلىرىنىڭ ۋە موڭ-
غۇل، قازاقلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ ئىلى جياڭجۈنىگە
تەۋە بولۇشتەك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى تامامەن ئۆزگەرتىپ،
ئىلىدىكى ئىلى جياڭجۈنىنىڭ بارلىق ھوقۇق ۋەزىپىلىرىنى

بىرىدەك شىنجاڭنىڭ تۇتۇق مەھكىمىسىگە تەۋە قىلدى.

ئالتايمۇ 1919 - يىلى شىنجاڭغا تەۋە بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئالتاي ئەسلىدە ئۇلاستاي جياڭجۇنىنىڭ تەۋەسىدىكى قوبدو ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. كېيىن، قوبدو بىلەن ئالتاي ئايرىم - ئايرىم باشقۇرۇلىدىغان بولۇپ، ئالتاي ئىش بېجىرىش ئامبىلى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى سارسۇمبە (ھازىرقى ئالتاي ناھىيىسى) دە بولدى. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالتاي ئىش بېجىرىش ئامبىلى ئالتاي ئىش بېجىرىش جاڭگۇەنلىكىگە ئۆزگەرتىلىپ، بىۋاسىتە مەركەزگە قاراشلىق قىلىندى. 1911-يىل 11- ئايدا، تاشقى موڭغۇل «ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» مۇستەقىللىق جاكارلىدى، ئارقىدىنلا چارروسىيىنىڭ كۈشكۈرتىشى ئارقىسىدا ئالتايغا بېسىپ كىرىپ «قوبدو - ئالتاي ئۇرۇشى» نى قوزغىدى. تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى قوبدونى ئىشغال قىلىۋالغاندا، شىنجاڭ ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ قوبدونىڭ يېنىدىكى چاغان تۇڭگۇ دېگەن جايدا مۇداپىئەدە تۇردى. 1913 - يىل 7 - ، 8 - ئايلاردا، تاشقى موڭغۇلىيە توپىلاڭچى قوشۇنلىرى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ چاغان تۇڭگۇغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسى بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ، رەسۋا بولۇپ قاچتى. چارروسىيە تاشقى موڭغۇلىيە توپىلاڭچى قوشۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ ئالتايغا بېسىپ كىرىش سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن، ئىبلىس قولىنى بىۋاسىتە ئالتايغا سوزدى. 1913 - يىل 9 - ئايدا، چارروسىيە 1500 دىن كۆپ ئەسكەر چىقىرىپ، سارسۇمبىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، ئارقىدىنلا يەنە ئالتاي رايونىدا زورلۇق بىلەن ئاھالە كۆچۈرۈپ، بىزنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىمىزنى ۋە يايلاق، سۇ مەنبەلىرىمىزنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، ئالتاينى بېسىۋالغانلىقىنى ئەمەل-

يەتكە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە كونا تورغۇتلارنىڭ چىڭداكى يالتىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئالتاينى «مۇستەقىل» دەپ جاكارلاشقا كۈشكۈرتتى. ئالتاي ۋەزىيىتىنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى غەم-غۇسسىگە سالدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىن بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئالتاي بىۋاسىتە مەركەزگە قارايدىغان تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىپ، ئالتاي ئىش بېجىرىش جاڭگۇەنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 1919-يىلى ئالتاي رايونى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلۈپ، ئالتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى. شۇنداق قىلىپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ رايون شىنجاڭنىڭ بىر تۇتاش تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈلدى، بۇ جەرياندا ياڭ زېڭشىن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقلىرىنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرىۋالدى.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھاكىممۇتلەقلىك قىلىپ، ئىستىبداتلىق ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ يىللىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ساقچى ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ھەرقايسى ناھىيىلەردە چارلىغۇچى ساقچى ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ئىلغار زىيالىيلارنى باستۇردى. ياڭ زېڭشىن يەنە يۈەن شىكەينىڭ خانلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈشنىڭ ھىمايىچىسى بولدى، ئۇ تېلېگرامما يوللاپ، يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1915-يىل 12-ئايدا سەي ئې قاتارلىق كىشىلەر يۈننەندە يۈەن شىكەيگە قارشى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلدى. شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلام ھەربىي، مەمۇرىي خادىملار شىيادىڭ، لى يىن،

دايى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا ئاۋاز قوشۇشنى مەخپىي پىلانلاپ، ياڭ زېڭشىنىڭ ئىستىبدات ھۆكمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولدى. ئەمما، مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، بۇ ئۈچ كىشى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، بۇ ئىشقا قاتناشقان بىر قىسىم ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئۆز يۇرتلىرىغا يالاپ قايتۇرۇلدى.

1916 - يىل 6 - ئايدا، يۈەن شىكەي ئۆلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭتۇڭى، زۇڭلىلىرى خۇددى ئايلانما پانۇستەك ئالمىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، ياڭ زېڭشىن يەنىلا شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ھوقۇقلىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇردى. مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارىتا، ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا كىم چىقسا شۇنى ھىمايە قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ ۋاقىتلاردا ئىچكى جايلاردا، مىلىتارىستلارنىڭ يېغىلىقلىرى يىل بويى داۋاملىشىپ تۇرغاچقا، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي يۇرتقا قاراشقا چولىسى تەگمىدى، شۇڭا ھەممىسى ياڭ زېڭشىنىڭ شىنجاڭدىكى ئورنى ۋە ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلدى.

ياڭ زېڭشىن ئۆزى ئىشەنچىسىز دەپ قارىغان قىسىملارنى زور مىقداردا قىسقارتتى ھەمدە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە «ئەسكىرىي كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇش سىياسىتى» نى يولغا قويدى. شىنجاڭدىكى قوشۇنلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن سىستېما ۋە بىرلىككە كەلگەن شتاتلىرى يوق بولۇپ، ھەربىي ھوقۇق پۈتۈنلەي ياڭ زېڭشىنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەنىدى. قوشۇنلاردا «كەم شتات» ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، 1928 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭنىڭ قوشۇنلىرى نامىدا 30 مىڭ، تەخمىنەن 140 نەچچە يىڭ دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 10 مىڭ كىشىگە يەتمەيتتى. نەچچە قوشۇنلارنىڭ ئىنتىزامى بوش، ياش قۇرالى بىرخىل ئەمەس،

كىيىم - كېچەكلىرى ھەر خىل، قورال ياراغلىرىمۇ ئىنتايىن
كونا ئىدى. ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان دەسلەپ-
كى مەزگىللەردە، خەلقنىڭ غەزىپىنى پەسەيتىپ، كىشىلەرنىڭ
مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولى بىلەن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى
مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، «ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلدى».
ئۇ ئەمەلدارلار 500 يۈەنلىك پارا يېسە، ئۆلۈم جازاسى بېرىش-
نى بەلگىلىدى. ئۇ بەزى خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنى
قاتتىق جازالىدى، خىيانەتچىلىك ۋە قانۇنسىزلىق قىلغان ئۈ-
رۈمچى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شيې ۋېيشىڭ، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ
ھاكىمى لياۋ يەن قاتارلىق كىشىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بەردى.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون بولغاچقا، ياڭ زېڭشىن
مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تىزگىنلەپ
باشقۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ھەرقايسى مىللەتنىڭ
يۇقىرى تەبىقىسىگە قارىتا ياڭ زېڭشىن ئالاقىنى كۈچەيتىش
ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارغا ئاساسىي
قاتلاملارنىڭ ھوقۇقلىرىنى تۇتقۇزدى. ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل
قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ۋاڭ - گۇڭ ئاقسۆڭەكلىرىگە قارىتا يە-
نىلا كونا تۈزۈم بويىچە، ئۇلارنىڭ بەگلىك مەرتىۋىسىگە ۋا-
رىسلىق قىلىشىنى يولغا قويدى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈم-
رانلىق قىلغان 17 يىل ئىچىدە، جاساق تۈزۈمى ئۆزگەرتىلمەي
ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلدى. شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەتلەر-
نىڭ زور كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ياڭ
زېڭشىن مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئابرويلۇق ئاخۇنلارنى كۈچىنىڭ
بارىچە ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ئىززەت - ھۆرمەت
ۋە غەمخورلۇق قىلدى. يەرلىك ئەمەلدارلار بىر تەرەپ قى-
لالمىغان ئەنزىلەرنى ئاخۇنلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى.
ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا

پايدىسىز بولغان ھەر خىل پائالىيەتلەرنى قاتتىق چەكلىمىدى. ھەتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ پەقەت مەسچىتلەردىلا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىپ، «خۇسۇسىي مەدرىسلەرنى ئېچىش»قا رۇخسەت قىلمىدى، «ئۆيىگە يىغىلىپ خەتمىقۇرئان قىلىش»قا رۇخسەت قىلمىدى، مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان»، «ھەدىس»نىلا ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلىپ، باشقا «دىنىي كىتابلار»نىڭ ھەممىسىنى مەنئىي قىلدى. ئاخۇن، موللىلارنىڭ رايون ئاتلاپ دىن تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلمىدى، چەت ئەلدىن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئاخۇنلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ دىن تارقىتىشىغا تېخىمۇ رۇخسەت قىلمىدى، دىنىي مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە-تارتىشلارنىڭ سىياسىي كۈرەشكە ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، «باشقا مەزھەپ تىكلەش»كە، «ئۆز ئالدىغا گۇرۇھ بولۇۋېلىش»قا يول قويمىدى. مەككىگە بېرىپ ھەج-تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ سانىنى قاتتىق چەكلىدى.

ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە، مالىيە-ئىقتىساد جەھەتلەردىمۇ ئىنتايىن قىيىن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن ئىدى. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ھەدىيە پۇلى» ئۈزۈلۈپ قېلىپ، شىنجاڭنىڭ مالىيىسى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، مالىيە خىراجەتلىرى ئۆكسۈپ قالغان قىيىن ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن بىر تەرەپتىن باج ئېشىلىرىنى تەرتىپكە سالدى، يەنە بىر تەرەپتىن قەغەز پۇل بېسىپ تارقاتتى. 1912-يىل 8-ئايدا، مالىيىنى ئېنىقلاش بويىچە ۋاقىتلىق ئورگان تەشكىل قىلىپ، ئادەم بەلگىلەپ، شىنجاڭنىڭ مالىيە كىرىم-چىقىمىنىڭ ئېنىق سانلىق مەلۇماتلىرىنى تۈرلەر بويىچە بىر-بىرلەپ ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇنى خامچوتنىڭ ئاساسى قىلدى. ھەممە ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ھېسابات خادىملى-

رىنى ئەۋەتىپ، يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىكتە رەسمىي ۋە
غەيرىي رەسمىي باج تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، قائىدە-
نىزاملارنى ئېنىق بەلگىلەپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەز-
گىلىدە يىغىلىپ قالغان ئىللەتلەرنى يوقاتتى. شۇ يىلى 9-
ئايدا يەنە 14 ماددىلىق «ئاشلىق ۋە ئوت-چۆپتىن غەللە-پا-
راق ئېلىش نىزامنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، بۇرۇن
يەرلىك خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتكەن
ۋە ناھىيىلەر ئېلىپ قالغان كىرىملەرنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت
خەزىنىسىگە يىغدى. بۇنىڭ بىلەن، يەر بېجىنىڭ مىقدارى زور
دەرىجىدە ئاشتى. 1916-يىلىدىن باشلاپ، ياڭ زېڭشىن باج
نىسبىتىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك ناملار بىلەن ھەر
خىل ئالۋان-ياساق بەلگىلەپ، شىنجاڭنىڭ مالىيە كىرىمىنى
يىلمۇ يىل ئاشۇردى، شۇ يىلى شىنجاڭ مالىيىسىنىڭ كىرىم-
چىقىمى تەڭپۇڭلاشتى.

ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ياڭ زېڭ-
شىن ئىشنى «ئەمەلىي ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باشلاش»نىڭ
زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ «ئۆستەڭ چېپىپ، بوز يەر
ئېچىش»نى كۈچەپ تەشەببۇس قىلدى، 1915-يىلى شىنجاڭ-
دا سۇ ئىشلىرى كومىتېتى تەسىس قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ
سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى پىلانلاپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا يې-
تەكچىلىك قىلدى. گۇاڭشۈينىڭ ئاخىرقى يىللىرى، شىنجاڭدا
ئېچىلغان بوز يەر 13 مىليون مودىن ئاشقان ئىدى. ياڭ زېڭشىن
شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، يەنە 1 مىليون
مو ئۆپچۆرىسىدە بوز يەر ئېچىلدى. ئۆستەڭ چېپىپ بوز يەر
ئېچىش نەتىجىسىدە، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرى-
شى تەرەققىي قىلدى، بۇغداي ۋە شالنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى كې-
ڭەيدى، مەھسۇلاتمۇ ئاشتى. ياڭ زېڭشىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ

ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بەرپا قىلىنغان كىچىك تىپتىكى بەزى سانائەت ۋە كان - كارخانىلارنى داۋاملىق ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا خۇرۇم زاۋۇتى، فۇمىن توقۇمىچىلىق شىركىتى قاتارلىق كارخانىلارنى قۇردى. 20 - يىللاردا شىنجاڭدا يەنە تاشيول ئىدارىسى ۋە ئاپتوموبىل باش ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، نەچچە ئون ماشىنا سېتىۋېلىپ، يولۇچىلار ۋە يۈكلەرنى توشۇدى. شىنجاڭ مىقياسىدىكى بىر نەچچە مۇھىم شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدا ئاپتوموبىل قاتنىشىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ تېلېگراف ۋە پوچتا ئىشلىرىمۇ بەلگىلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە، ياڭ زېڭشىن بېكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى قوللاندى. ئۇ شىڭشىڭشىيا ۋە چېگرىلاردا چازا قۇرۇپ، يولۇچىلار ۋە خەت - چەكلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەردە چىقىدىغان ھەر قانداق گېزىت - ژۇرنال ۋە كىتابلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قەتئىي مەنئىي قىلدى، شىنجاڭدا كىتابخانا قۇرۇشقا رۇخسەت قىلمىدى. ئەينى ۋاقىتلاردا شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىننىڭ تىلى سۈپىتىدە پەقەت «تەڭرىتاغ گېزىتى» دىن ئىبارەت بىر خىللا گېزىت چىقىرىلاتتى. ئۇ كۇڭزىغا ھۆرمەت قىلىپ، قەدىمكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلدى. فېئودال خۇراپاتلىقنى تەرغىب قىلىپ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «تۆت كىتاب»، «بەش دەستۇر» نى زۆرۈر ئوقۇشلۇق قىلىشنى بۇيرۇق قىلدى. 1924 - يىلى كۈزدە، ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي قانۇن تېخنىكومى ئېچىپ، دىپلوماتىيە خادىملىرى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى تەربىيىلىدى. بۇ ئەينى چاغدا شىنجاڭدىكى «ئالىي بىلىم يۇرتى» ئىدى.

4. دىپلوماتىيە جەھەتتە، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت
يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە دۇچ كەلگەن ۋە ھەل قىلىشقا تېگىش-
لىك بولغان مەسىلە سوۋېت (روسىيە) بىلەن بولغان مۇناس-
ۋەت مەسىلىسى ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى چاررو-
سىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش سىياسىتىگە خاتىمە بەردى،
سوۋېت ھۆكۈمىتى جۇڭگوغا قارىتا لېنىن بەلگىلىگەن باراۋەر-
لىك ۋە تىنچلىق سىياسىتىنى يولغا قويدى، شۇنىڭدىن ئېتى-
بارەن جۇڭگو-سوۋېت (روسىيە) مۇناسىۋىتىدە يېڭى بىر دەۋر
باشلاندى، بۇ ئىش ياڭ زېڭشىننىڭ سوۋېت (روسىيە) بىلەن
بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن شەرت-
شارائىت ھازىرلاپ بەردى. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە
قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاق گۋاردىيىچىلەر سوۋېت ھاكىمىيى-
تىگە ھۇجۇم باشلىدى. كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرمۇ ياش
سوۋېت جۇمھۇرىيىتىگە قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزدى. دەسلەپ-
تە ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق جاھانگىرلار ۋە
چارروسىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى
ئاتانتا دۆلەتلەر نامىدىن ياڭ زېڭشىننى سوۋېت روسىيىگە
قارشى قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزگۈچىلەر سېپىگە قاتنىشىشقا
كەينى-كەينىدىن دەۋەت قىلىشتى. ياڭ زېڭشىن ۋەزىيەتنى چوڭ-
قۇر مۆلچەرلەپ كۆرۈپ، روسىيە «ئاقلار پارتىيىسى» نىڭ مۇ-
قەررەر مەغلۇپ بولىدىغانلىقى، «قىزىللار پارتىيىسى» نىڭ مۇ-
قەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىپ، «ئارىلاشماسلىق»،
«بىتەرەپ تۇرۇش» سىياسىتىدە باشتىن ئاخىر چىڭ تۇردى.
ياپونىيىنىڭ بىر دىۋىزىيە ئەسكەرنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ ئىلى،
تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردا تۇرغۇزۇش توغرىسىدىكى يولسىز
تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى ھەمدە روسىيە ئىمپېرىيىسى كونس-
ۇلى ئوتتۇرىغا قويغان ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ

غەربىي قىسمى ئارقىلىق يۆتكىلىشىگە يول بېرىش تەلىپىنىمۇ رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، روسسىيە ئاق گۋاردىيەچىلىرىنىڭ ئېلى، تارباغاتاي رايونلىرىدا «ئەسكەر ئېلىش، راسخوت توپلاش، قورال - ياراق يىغىش» پائالىيەتلىرىنى قاتتىق چەكلىدى. ياڭ زېڭشىن دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېز قورال - ياراغ ئەۋەتىپ بېرىش ھەققىدە قايتا - قايتا ئىلتىجا قىلدى. لېكىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى - جېدەللەر بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى، ياڭ زېڭشىن پەقەت شىنجاڭنىڭ كۈچىگىلا تايىنىپ، چېگرىنى مۇداپىئە قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئىلى، تارباغاتايلاردىكى چېگرا قاراۋۇلخانىلارغا قوشۇن يۆتكەپ مۇداپىئە كۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، موڭغۇل ۋە قازاقلاردىن ۋاقىتلىق ئەسكەر ئېلىپ، چېگرا مۇداپىئەسىگە ياردەم بېرىش ئارقىلىق، «چېگرىنى قوغداش»، «خەلقنى قوغداش»، «سودا - سانائەتنى قوغداش» مەقسىتىگە يەتتى. 1920 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، قىزىل ئارمىيىنىڭ قاخشاتقۇچ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، روسىيىنىڭ سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى ئاق گۋاردىيەچىلىرى كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى موڭغۇل ۋە شىنجاڭ رايونلىرىغا قېچىپ كىرىۋالدى. ئاق ئورۇس ھەربىي باشلىقلىرىدىن ئالېنكوۋ ۋە باچىچ قاتارلىقلار باشچىلىقىدا 17 — 18 مىڭچە ئاق گۋاردىيەچىلەر ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كىرىۋالدى، ئۇلارغا ئەگىشىپ قېچىپ كەلگەنلەردىن يەنە 20 مىڭغا يېقىن مۇساپىرمۇ بار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى خەۋپكە دۇچ كېلىپ، ۋەزىيەت ئىنتايىن يامانلاشقان ئىدى.

مەغلۇپ بولۇپ شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن ئاق گۋاردىيە-

چىلەرگە قارىتا، ياڭ زېڭشىن «قاتتىق تۇسۇش، بۇيرۇقسىز چېگرىدىن كىرگۈزمەسلىك»، «ئاۋادا ئۆلتۈرۈپ كېتىپ قالسا، ئۇ-چۇمنى قانۇن بويىچە قورال-ياراغلىرىنى يىغىۋېلىش»، قورال-سىزلاندۇرۇلغان ئەسكەرلەرنى «مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش»، يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ جايلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش ھەمدە ئۇلارنى نەسىيەت بىلەن دۆلىتىگە قايتۇرۇش فاڭجېننى قول-لاندى. 1920-يىلى يازدا، تارباغاتاي دائىرىلىرىنىڭ «ئارىغا چۈشۈشى» بىلەن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ نەچچە مىڭ ئاق گۋاردىيىچىنى ۋە مۇساپىر روسىيىگە قايتۇرۇلدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بەزى قالدۇق قىسىملىرى جۇڭگونىڭ يەرلىك دائىرىلىرىگە داۋاملىق ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، جېدەل چىقىرىپ تۇردى. ياڭ زېڭشىن ھەرقايسى جايلارغا ئورۇش تەييارلىقىنى جىددىي-لەشتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، 1921-يىل 1-ئايدا ئالېنكوۋنىڭ كۈچۈگدا، دۇتوۋنىڭ ئىلىدا قوزغىغان توپىلاڭلىرىنى تىنچىتتى. 5-ئايدا، نوۋىكوۋ يەنە ھەر خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان ئاق گۋاردىيىچىلەردىن 2000 دىن كۆپرەك كىشىنى باشلاپ تارباغاتاينىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىگە زورلۇق بىلەن ئۇسۇپ كىرىپ، باچىچىنىڭ قىسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئەسكىرىي كۈچىنى ئون مىڭغا يېقىنلاشتۇردى، ئەينى ۋاقىتتا تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو قوشۇنلىرىدا ئاران 3000 دىن ئارتۇقراقلا ئادەم بولۇپ، ۋەزىيەت ئىنتايىن خەۋپلىك ئىدى. ياڭ زېڭشىن بىر تەرەپتىن ئەسكىرىي كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇر-سا، بىر تەرەپتىن روسىيىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئاق گۋاردىيىچى-لەرنى بىرلىكتە قورشاپ يوقىتىش توغرىسىدا سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى. شۇ يىلى 5-ئاينىڭ ئاخىرلىرى ۋە 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى كېلىشىمگە ئاساسەن ئىككى قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ، جۇڭگو قوشۇنلىرى

بىلەن بىرلىشىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا تارباغاتاي ۋە ئالتايدىكى ئاق گۋاردىيىچىلەرنى تارمار قىلدى. 1921-يىلى 10-ئايغا كەلگەندە، ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ قالدۇق قىسىملىرى شىنجاڭدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىلدى، سوۋېت ئارمىيىسىمۇ پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت روسىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1920-يىلى سوۋېت روسىيىسى ئىلى ۋە قەشقەردىكى چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، شىنجاڭ بىلەن سودا ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ھەققىدە كېڭەشتى. ياڭ زېڭشىن شۇ چاغدا كېڭىشىش ھەققىدە تۆت پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئەينى چاغدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنى تېخى رەسمىي ئېتىراپ قىلمىغانلىقتىن، ۋاقىتلىق بولغان قىسمەن سودا كېلىشىمى ئىمزالاشنى تەشەببۇس قىلىش؛ (2) سودا ئىشلىرى پەقەت ئىلى بىلەنلا چەكلىنىش؛ (3) ئىككى دۆلەت سودا شەرتنامىسى تۈزگەندە، باراۋەر ئورۇندا تۇرۇش، جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى كونا شەرتنامىلەرنى بىكار قىلىش؛ (4) روسىيە سودىگەرلىرى باج تاپشۇرماسلىق توغرىسىدىكى كېلىشىملەرنى بىكار قىلىپ، سودا بېجى نىسبىتىنى شىنجاڭنىڭ باج نىزامنامىسى بويىچە بېجىرىش، جۇڭگو ۋە روسىيە سودىگەرلىرى بىردەك باراۋەر باج تاپشۇرۇش. بىرنەچچە قېتىم كېڭىشىش ئارقىلىق، ئىككى تەرەپ 1920-يىل 5-ئاينىڭ 27-كۈنى «ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا سودا ئىشلىرى ۋەكالەت ئورگىنى تەسىس قىلىدۇ؛ سوۋېت روسىيىسى غۇلجىدا شىنجاڭ بىلەن بولغان مال ئېكسپورت ياكى ئىمپورت قىلىش ئىشلىرىنى بېجىرگەندە، شىنجاڭنىڭ باج

خىزامىتىسىگە ئاساسەن جۇڭگو ئاموژنىسىغا باج تۆلەيدۇ؛ ئىككى تەرەپ ئارىسىدا سودا ئىشلىرى تۈپەيلىدىن جېدەل-ماجىرا تۇ-غۇلسا ياكى جىنايى ئىشلار دەۋا ئەنزىلىرى يۈز بەرسە، ۋەقە سادىر بولغان دۆلەتنىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ؛ قورغاس ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا چارىسى قىلىپ بېك-كىتىلىدۇ، بۇ جايدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكەنلەر باج ئوغرىلىغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئىككى دۆلەت خەلقى چېگرىدىن ئۆتۈپ بېرىش-كېلىش قىلىشتا، ئۆز دۆلىتىنىڭ پاسپورتىنى كۆرسىتىشى شەرت. بۇ سودا كېلىشىمى چارروسىيە دەۋرىدىكى روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ باجدىن كەچۈ-رۈم قىلىنىش ئىمتىيازى ۋە كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقلىرى بىكار قىلىنغان تەڭ-باراۋەرلىك ئاساسىدىكى كېلى-شىم بولدى. 1924-يىلى، شىنجاڭ دائىرىلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كۆپ قېتىم كېڭىشىش ئارقىلىق، ئۆزئارا كونسۇلخانا قۇرۇش كېلىشىمى ھاسىل قىلدى. سوۋېت تەرەپ ئۈرۈمچىدە باش كونسۇلخانا، ئىلى، قەشقەر، چۆچەك، ئالتايدا كونسۇلخانا قۇردى. شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەمەي شەھىرىدە (كېيىن تاشكەنتكە يۆتكەلگەن) باش كونسۇلخانا، ئال-مۇتا، تاشكەنت، ئەنجان، زەيسان قاتارلىق شەھەرلىرىدە كون-سۇلخانا قۇردى. كونسۇلخانا قۇرۇلغان شەھەرلەردە قارشى تە-رەپكە ئوخشاشلا سودا بازىرى ئېچىپ بېرىلىپ، شىنجاڭ-سو-ۋېت سودىسى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. 1923-يىلىغا كەل-گەندە، شىنجاڭ-سوۋېت سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 18 مىليون رۇبلىغا يەتتى، شىنجاڭنىڭ ئاكتىپ بالانسى 1 مىليون 400 مىڭ رۇبلىدىن ئاشتى. 1927—1928-يىللىرى ئىككى تەرەپ سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى ئېشىپ 24 مىليون رۇبلىغا، شىنجاڭنىڭ ئاكتىپ بالانسى 2 مىليون 880 مىڭ رۇبلىغا يەتتى. سوۋېت بىلەن بولغان سودىنىڭ تەرەققىيا-

تى شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىقتىسادىنىڭ ياخشىلىنىشىغا پايدىلىق بولدى.

## 2. «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» ۋە جىن شۇرېننىڭ تەختكە چىقىشى

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كۈنسېرى كەسكىنلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى مافۇشىڭنىڭ ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلاش ۋەقەسى ئىدى. مافۇشىڭ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە گېلاۋخۇيىنى باستۇرۇشتا ياڭ زېڭشىن ئۈچۈن زور خىزمەت كۆرسەتكەن. ياڭ زېڭشىن 1914 - يىلى مافۇشىڭنى 20 نەچچە يىگىتنى باشلاپ قەشقەردە تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى قەشقەرنىڭ تىدۇلتىغا (باش بۇغالتىغا)، ئوغلى ماجىۋنى ياردەمچى سانغۇنلۇققا ئۆستۈردى. مافۇشىڭ ئاتا - بالا ئىككىيلەن قەشقەردە خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىپ، تەپ تارتماستىن قەشقەرنىڭ دوتىيى ياڭ زېڭبىڭ (ياڭ زېڭشىننىڭ ئىنىسى) نى چەتكە قېقىپ، قەشقەرنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پادىشاھلىقىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. كېيىن مافۇشىڭ تەكەببۇرلۇقتا تېخىمۇ چېكىدىن ئېشىپ، ئۆزىنى «پادىشاھ» دەپ ئاتىدى ھەمدە ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن يوشۇرۇن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىغا دەسسەشكە ئۇرۇندى. ياڭ زېڭشىن بۇ خەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىن، مافۇشىڭ ئاتا - بالا ئىككىسىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ماشاۋۋۇنى 12 يىلڭ ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار مافۇشىڭنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئوغلى ماجىۋنى ئېتىپ ئۆلتۈردى؛ كېيىن، ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇق تېلېگراممىسىغا بىنائەن، شۇ

جاينىڭ ئۆزىدىلا دافۇشەنگا ئۆلۈم جازاسى بەردى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئۈچ كۈن سازايى قىلدى.

1928-يىلى جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدە يۈز بەرگەن بۇ چوڭ ئۆزگىرىشكە قارىتا، ياڭ زېڭشىن شۇ يىلى 6-ئاينىڭ 16-كۈنى تېلېگرامما يوللاپ، جياڭ جيېشىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ: «شىنجاڭ دۇمىنجېڭفۇ (مىللىي ھۆكۈمەت) غا بويسۇنۇپ، سەنمىنجۇيى (ئۈچ مەسلەك) غا ئەمەل قىلىدۇ ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ، كۆك ئاسمان، ئاق قۇياش بەلگىلىك بايراقنى ئاسىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ بارلىق ئىشلىرى گومىنجېڭفۇنىڭ يوليورۇقى بويىچە بېجىرىلىپ، دۆلەت بىرلىكى ساقلىنىدۇ»① دەپ جاكارلىدى. 6-ئاينىڭ 20-كۈنى، ياڭ زېڭشىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى رەسمىي ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەنگە ئېلىشىغا مەلۇم قىلدى ھەمدە 7-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى، قوشۇمچە باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. مەركىزىي ھاكىمىيەتتىكى بۇ قېتىمقى ئۆزگىرىش شىنجاڭغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. 1928-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى، فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن زور ۋەقە يۈز بەردى، بۇ ئادەتتە «7-ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتالدى.

فەن ياۋنەن بارىكۆل-ئۈرۈمچىنىڭ دوتىيى، قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، تاشقى ئىشلار مەھكىمىسى-

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3-كىتاب، ئۇيغۇرچە نەشرى 151-بەت.

نىڭ باشلىقى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ساھە-
سىدىكىلەر ئىچىدە فەنياۋنەن «زېرەك ۋە قابىل» دەپ
تەرىپلىنەتتى. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە ھەر ۋاقىت «دېموكراتىزم-
چى»، «ئىسلاھاتچى» قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقاتتى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ بىر قىسىم سىياسىيدىن كۆڭلى سوۋۇغان زىيالىيلار
ۋە ئەمەلدارلىقتىن ئىخلاسى قايتقان ئەمەلدارلارنىڭ ھېسداش-
لىق قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇرھان شە-
ھىدىگە ئوخشاش ئازسانلىق مىللەتلەردىن بولغان ئىلغار زىيا-
لىيلارمۇ بار ئىدى. فەن ياۋنەن مەدەنىي-مائارىپ سىستېمىس-
دىكى بىر قىسىم ئەمەلدارلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، ياڭ
زېڭشىننىڭ مىلىتارىستلىق ھاكىمىيىتى ئىچىدىكى ئۆكتىچىلەر
گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. بۇ ئۆكتىچىلەر ھەمىشە يې-
غىلىش ئۆتكۈزۈپ سۇيىقەست پىلانلاپ، ياڭ زېڭشىننى ئاغدۇرۇپ
تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا فەنياۋنەننى دەسسىتىش قەستىدە بولۇپ
يۈرەتتى.

1928-يىل 7-ئاينىڭ 7-كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە
سىياسىي-قانۇن تېخنىكومىنىڭ بىرىنچى قارار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ
ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، مۇراسىمغا ياڭ
زېڭشىن ۋە ھەرقايسى نازارەت، ۋىلايەت، ھەربىي-مەمۇرىي
ئورۇنلارنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرى قاتناشقان ئىدى. فەنياۋنەن
مەكتەپ نازارەتچىسى سۈپىتىدە مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك
قىلدى، مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ كۈتۈۋې-
لىش زىياپىتىدە فەنياۋنەن قاتارلىقلارنىڭ ئىشارىتى بىلەن
قاتىللار ياڭزېڭشىنغا ئوق چىقاردى، ياڭزېڭشىنغا يەتتە پاي
ئوق تېگىپ شۇ جايدىلا جان ئۈزدى. فەنياۋنەن شېرىكلىرىدىن
20 نەچچە كىشىنى باشلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە
بېرىپ قاراۋۇلچى ئەسكەرلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، تامغا، قورال-

ياراغ ۋە خەزىنىدىكى پۇللارنى ئاختۇرۇپ ئېلىۋالدى ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىگە مەجلىسكە چاقىرىپ ئۇقتۇرۇش قىلدى. روسچە سىياسىي - قانۇن تېخنىكۇمىدا ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ۋاقىتتا، ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن بىر تەرەپ قىلىدىغان ھۆكۈمەت ئىشلىرى بار ئىدى دېگەننى باھانە قىلىپ، زىياپەت ئارىلىقىدا چىقىپ كېتىپ، خەلق ئىشلار نازارىتىگە كېلىپ خەت چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز چىققان مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىدى ھەمدە قېچىپ كەلگەن ئەسكەرلەردىن سىياسىي ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بىلدى. ئۇ دەرھال ھەربىي ئىشلار بۆلۈم باشلىقى جاڭ پېييۈەن قاتارلىقلارنى يىغىپ، قارشى تەدبىر قوللىنىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى، ئۇلار ياڭ زېڭشىن ئۇچۇن قىساس ئالايلى دېگەن نام ئاستىدا، ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ ئۆلكىلىك مەھكىمىنى قورشىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا باستۇرۇپ كىردى. فەن ياۋنەن قاتارلىقلار ئوق چىقىرىپ بىر نەچچە سائەتكىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەسكىرى كۈچىنىڭ ئازلىقىدىن قارشى تەرەپكە تەڭ كېلەلمەي، 21 كىشى بىلەن نەق مەيداندىلا قولغا چۈشۈپ قالدى. جىن شۇرېن دەرھال پەۋقۇلئاددە سوت تەشكىللەپ، ئۇلارنى سوراق قىلىپ، فەن ياۋنەن قاتارلىق 20 نەچچە كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بەردى. ئەتىسى سەھەردە فەن ياۋنەننىڭ يەنە بىر قىسىم شېرىكلىرىنىمۇ تۇتۇپ ئۆلتۈردى.

سىياسىي ئۆزگىرىش تىنچىتىلغاندىن كېيىن، جىن شۇرېن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى، قوشۇمچە باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە تېلېگرامما ئارقىلىق نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىدى. جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، سىياسىي ئۆزگىرىشنى

باشقۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن خادىملارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇھىم ھەربىي ۋە مەمۇرىي خىزمەتلەرگە تەيىنلەپ، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي كۈچلىرىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئۆزىنى گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قىلىپ تەيىنلەپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان بۇ تەشكىلىي ئاپپاراتنى① تىزگىنلەپ، ئۆزىنىڭ تەختكە چىقىشى ئۈچۈن ھەددەپ جامائەت پىكرى توپلىدى. 1928-يىل 11-ئاينىڭ 17-كۈنىگە كەلگەندە، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئاندىن ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە رەسمىي تەيىنلىدى. 1931-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنى يەنە ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە تەيىنلەپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى.

جىن شۇرېن ئاساسىي جەھەتتىن ياڭ زېڭشىنىڭ تۈزۈم ۋە بىر يۈرۈش سىياسەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى. ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملارمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ياڭ زېڭشىنىڭ بۇرۇنقى ئادەملىرى ئىدى. ئەمما ئۇ ياڭ زېڭشىنىڭ بىر يۈرۈش سىياسىي تەدبىرلىرىنى ئازراق ئۆزگەرتتى. ياڭ زېڭشىن باشتىن ئاخىر خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن بولسا، جىن شۇرېن «مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، خەلقنىڭ زېھنىنى ئېچىش»نى تەشەببۇس قىلدى. ياڭ زېڭشىن

① گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك 1926-يىلدىن باشلاپ كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتكەن پىرقىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ، ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېنلارنىڭ تاقابىل تۇرۇشى تۈپەيلىدىن زادىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغانىدى. جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنى ئۆزى تەشكىللىگەن بولسىمۇ، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى ئېتىراپ قىلمىدى. تاكى 1932-يىل 12-ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى ئاندىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ تەييارلىقىغا ئادەم تەيىنلەپ ئەۋەتتى.

ھەربىي ئىشلار جەھەتتە «ئەسكىرى كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇش سىياسىتى» نى يۈرگۈزگەن بولسا، جىن شۇرېن «گومىن ئىنقىلابىي ئارمىيە شىتابىدىن پايدىلىنىش» ۋە «دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش» نامى ئاستىدا ھەربىي قوشۇننى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، ئايروپىلان، زەمبىرەك قاتارلىق يېڭى تىپتىكى قورال - ياراغلارنى سېتىۋالدى. جىن شۇرېن ئالدى بىلەن ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى نامدا بار بولغان ئۈچ شى (دىۋىزىيە) نى كېڭەيتىپ، ئالتە شى قىلىپ قۇردى، كېيىن يەنە ئۇنى سەككىز شىغا كۆپەيتتى، ئۇنىڭدىن باشقا رەتكە سېلىنمىغان قوشۇندىن يەنە 40 نەچچە يىڭ (باتالىئون) بار ئىدى. ئۇ يەنە 1928-يىلى قىشتا بىر ھەربىي مەكتەپ قۇرۇپ، ئۆزىگە سادىق بولغان ھەربىي خادىملارنى مەخسۇس تەربىيىلىدى. 1933-يىلى، شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىدىن تەخمىنەن 20 مىڭغا يېقىن كىشى شەرقىي شىمال رايونىدىن چېكىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تۇركۈمگە بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا كىردى. جىن شۇرېن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى كۈتىۋېلىپ ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇردى، ئادەم ئىشلىتىش مەسىلىسىدە جىن شۇرېن يېقىن دوست-بۇرادەرلىرى ۋە يۇرتداشلىرىنى تېخىمۇ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. شۇ چاغلاردا «ئەتىگەنلىكى خېجۇچە سۆزلەشنى ئۆگەنسەڭ، كەچتە ئەجنەبىچە قىلىچ ئاسىسەن» دەيدىغان قوشاق تارقالغان.①

جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىدا ھېچقانداق ياخشىلىنىش بولمىدى، ئەكسىچە،

① جىن شۇرېن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدىكى خېجۇ (ھازىرقى لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى) دىن ئىدى.

زور كۈچ بىلەن قوشۇن كېڭەيتىپ ھەربىي خىراجەتنى كۆپەيتىۋەت-
كەنلىكتىن، ئەسلىدىلا مەۋجۇت بولغان مالىيە كرىزىسى تېخى-
مۇ ئېغىرلاشتى. قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جىن شۇ-
رېن ھەدەپ باج-سېلىقلارنى كۆپەيتتى، قالايمىقان قەغەز پۇل
تارقاتتى. ئۇ يەنە شىركەت قۇرۇپ، يۇقىرى پايدا ئالغىلى
بولىدىغان كۆرپە سودىسىنى مونوپول قىلىۋالدى. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمەلدارلاردا خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق
ۋە قاقتى-سوقتى قىلىدىغان ئىللەتلەر بارغانسېرى ئېغىرلاش-
تى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نارا-
زىلىقى ۋە غەزەپ-نەپرىتىنى كۈنسېرى كۈچەيتتى. جىن
شۇرېن تەختكە چىقىپ ئۈچ يىل بولمايلا، پۈتۈن شىنجاڭ
داۋالغۇش ۋە يېغىلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

### 3. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ بىرىن-چى قېتىم شىنجاڭغا كىرىشى

1930-يىلى 6-ئايدا، قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت ئۆلۈپ،
ئوغلى نەزەر تەختكە ۋارىسلىق قىلدى، دېھقانلار ۋاڭلىق
تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە باش-
قۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى، بىر
قىسىم ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
يەرلىك تۇراقلىق ئەمەلدارلىقنى يۆتكىلىدىغان ئەمەلدارلىققا
ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. نەزەر ئۆزىنىڭ ۋاڭلىق
ئورنىدىن ۋاز كېچىشنى خالىماي، نۇرغۇن ئالتۇن بىلەن ئۈرۈم-
چىگە كېلىپ، جىن شۇرېندىن مەدەت تىلىدى. جىن شۇرېن
كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ۋاڭلىق ئورنىنى ساقلاپ
قېلىشقا ماقۇل بولغان بولسىمۇ، ئاستىرتتىن يەرلىك تۇراقلىق
ئەمەلدارلىقنى يۆتكىلىدىغان ئەمەلدارلىققا ئۆزگەرتىش

قارارىغا كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، جىن شۇرېن قۇمۇلنىڭ ۋاڭلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قۇمۇل رايونىنى قۇمۇل، بارىكۆل، ئاراتۈرۈكتىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىگە ئايرىدى. نەزەرنى ئۇرۇمچىدە ئىبلىپ قېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «ئالىي مەسلىھەتچىسى» لىكىگە تەيىنلىدى. 1931 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈچ ناھىيە ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، قۇمۇلدىكى فېئودال ۋاڭ - گۈڭلۈق تۈزۈمىگە رەسمىي خاتىمە بېرىلدى. ھۆكۈمەت يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا قارىتا باج - سېلىق تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈپ، ئۇنى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى ھاشار تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. يەرلىك دېھقانلار يەرلىك تۇراقلىق ئەمەلدارلىقنى يۆتكىلىدىغان ئەمەلدارلىققا ئۆزگەرتىشتىن زور ئۈمىد كۈتكەن بولسىمۇ، ئەمما ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم يەنىلا يەڭگىللەشمىدى، قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمىتى باج مەنبەسىنى كېڭەيتىپ، خالىغانچە قوشۇپ باج - سېلىق ئالدى. ئادەم ئەۋەتىپ يەرلەرنى ئۆلچەپ، بوز يەرلەردىن باج - سېلىق ئېلىش چارىسىنى ئىلان قىلدى ھەمدە ئۇيغۇر دېھقانلىرى تېرىپ كېلىۋاتقان يەرلەردىن شۇ يىللىق (1931 - يىللىق) يەر بېجى تاپشۇرغاندىن سىرت، 1930 - يىللىق يەر بېجىنىمۇ تولۇقلاپ تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى. بۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى ئىنتايىن قوزغىدى، ئۇلارنىڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە بولغان ئۈمىدى غەزەپ - نەپرەتكە ئايلاندى. شۇ چاغدا، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن ۋاڭ ئوردىسى ۋە ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈرلەشتى، يەنە بىر تەرەپتىن جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ رەھىمسىز سىياسىتى قۇمۇلدىكى ھەرقايسى قاتلاملارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ كەڭ

كۆلەمدە نارازىلىقنى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىدى.

1931 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، قۇمۇلنىڭ شۇپۇل
دېگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ بىر پەيجاڭى پۇقرا قىزىـ
نى زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغاندا، قىزنىڭ
دادىسى ئۇن نەچچە كىشىنى يىغىپ، يالغاندىن زىياپەت بېرىپ
كۈتۈۋالغان بولۇپ، ھېلىقى پەيجاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ ۋەـ
قە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلار بۇنىڭغا ئاۋاز
قوشۇپ ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇرۇن تۆمۈر
خەلپە قوزغىلىڭىغا قاتناشقان خوجىنىيازمۇ ئاممىغا باش بولۇپ
قوزغىلاڭ كۆتۈردى. خوجىنىياز ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مۇھاپىزەتـ
چىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن تەشكىللەش
ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي، قۇمۇل
دېھقانلار قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى بولۇپ قالدى. قۇـ
مۇل ۋاڭىنىڭ قول ئاستىدا تۇرغان چوڭ - كىچىك كاتتىباشـ
لارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ رەھـ
بەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. ئۇرۇمچىدىكى نەزەرمۇ،
دېھقانلار قوشۇنىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ئوغلى بېشىرنى
ئەۋەتتى. خوجىنىياز ئەسلى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ فېئوداللىق ئېكسـ
پىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمىغا قارشى ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ قېتىم
ۋاڭ ئوردىسى ئاقساقاللىرىنىڭ تەسىرى ۋە تىزگىنلىشىگە ئۇچـ
رىغانلىقتىن، قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ
ھالدا «ھاكىملارنى قايتۇرۇۋېتىپ، ۋاڭلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈش» دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ
بىلەن، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسـ
گە قارشى قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭى فېئودال ۋاڭلىق
تۈزۈمنى تىرىلدۈرىدىغان توپىلاڭغا ئۆزگىرىپ كەتتى. جىن
شۇرېن قوشۇن ئەۋەتىپ نەچچە ئاي قورشاپ يوقىتىشنى ئېلىپ

بارغان بولسىمۇ، كېيىن - كېيىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.
جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتىپ، قوماندانلىرىنى ئالماش-
تۇرۇپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ سىرتىدا خوجىنىياز بىلەن تىركەش-
تى. بۇ چاغدا بارىكۆلدىكى قازاقلارنىڭ ئاقساقىلى ئارىپمۇ
ئۆز قوۋمىگە باشچىلىق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

خوجىنىياز بىلەن ئارىپ ئۆلكە قوشۇنلىرىنىڭ ئەمەلىي
كۈچى كۈچلۈك دەپ قاراپ، دېھقانلار قوشۇنىنىڭ ئۇزاق
مۇددەت قارشىلىق كۆرسىتىشكە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىدىن
ئەندىشە قىلىپ، گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن شەھىرىگە ئادەم ئەۋە-
تىپ، ماجۇڭيىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ماجۇڭيىڭ بولسا
گومىنداڭ ئەسكەر قوشۇنى 36 - شىسىنىڭ شىجاڭى بولۇپ،
شۇ چاغدا گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدىكى يەرلىك مىلىتارىست-
لار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا زىيان تارتقانىدى. ئۇ خوجىنى-
ياز ھاجى بىلەن ئارىپنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، 1931 -
يىلى 5 - ئايدا قوشۇن باشلاپ شىنجاڭغا كىردى. جىن شۇرېن
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جاڭ پېيۈەننى «شەرقىي يول باند-
دىتلارنى تازىلاش باش قوماندانى»، شېڭ شىسەينى «شەرقىي
يول بانددىتلارنى تازىلاش باش كوماندىرى» قىلىپ تەيىنلىدى.
ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى قايتا - قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ جەڭ
قىلىپ زور چىقىم تارتتى. 1932 - يىلى كۈزدە ئۇرۇش ئوتى
يامراپ جەنۇبىي شىنجاڭغا تۇتىشىپ، تۇرپان، پىچان، توقسۇن، كۇچا،
ئاقسۇ، قاراشەھەر، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئارقا-
ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. شىمالىي شىنجاڭدا 1933 -
يىلىنىڭ باشلىرىدا ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى بارىكۆل، گۇچۇڭ
سانجى، قۇتۇبى قاتارلىق جايلارغا كىردى ھەمدە ئۈرۈمچىنى
مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۆلكە تەرەپ قوشۇنلىرى بىلەن قىزىل
تاغ ئېغىزى، چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپلىرىدا قاتتىق ئۇرۇشتى.

ئۈرۈش مالىمانچىلىقى پۈتۈن شىنجاڭدىكى 40 نەچچە ناھىيىگە كېڭەيدى.

4. «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى»

1933 - يىلى ئەتىيازدا، ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىگە ئالدى، شەھەر ئىچىدە ئاچارچىلىق ۋە سوغۇق ئازابى تۈپەيلىدىن ھەممە ئادەم ساراسىمىگە چۈشتى. بىر قىسىم ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەربابلار جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى مۇشۇ ئۈرۈش قالايمىقانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ مەنبە؛ ئۈرۈش قالايمىقانلىقىنى تۈگىتىشنىڭ، ئۆلكە مەركىزى ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى قوغداپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، دەپ قارىدى. «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى مانا مۇشۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتە يۈز بەردى.

سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغىغۇچىلار ئاساسەن چېن جۇڭ (دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى)، لى شاۋتيەن (ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىنىڭ تېخنىكى)، جاڭ شېڭ (تاشقى ئىشلار تېپەييۈەن مەھكىمىسىنىڭ خادىمى)، تاۋ مىڭيۇ (ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى) قاتارلىقلار ئىدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىدە تۇرۇشلۇق تېپەييۈەنى گۇڭ بىچېڭ، بەي يۇشيۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋۇ ئەيچېن قاتارلىقلارمۇ سىياسىي ئۆزگىرىشنى پىلانلاشقا قاتناشقان ھەمدە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ، شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىنىڭ ۋە بەيئەت بولغان ئاق ئورۇس قوشۇنلىرى (شىنجاڭغا كىرگەن روسىيە ئاق گۋاردىيىچىلىرىدىن كېيىن جۇڭگو دۆلەت

تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، ئاق ئورۇس قوشۇنى بۇ سىياسىي ئۆزگىرىشتە ئاۋانگارتلىق رول ئوينىدى. 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، بۇ قوشۇن ئائىلىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى ئېلىشنى باھانە قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىدە قوزغىلاڭنى باشلاپ، ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي كېيىم ئىدارىسى ۋە شەھەر دەرۋازىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئىگىلىدى ھەمدە جىن شۇرېننىڭ دۇبەن مەھكىمىسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. جىن شۇرېن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ ئارقا تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي چېتىدىكى بىرىنچى شۆبە ساقچى ئىدارىسىگە قېچىپ بېرىۋالدى.

شۇ كۈنى كەچتە، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغۇچىلار ئاق ئورۇس قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق شتابىدا جىددىي يىغىن چاقىردى. يىغىنغا سىياسىي ئۆزگىرىشنى تەشكىللىگۈچىلەر ۋە ئاق ئورۇس قوشۇنىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن باشقا، يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى ليۇ ۋېنلۇڭ، جۇ رۇيشى ۋە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىدە تۇرۇشلۇق تېپەيىيۈەنى گۇڭ بىچېڭ، بەي يۇشيۇ قاتارلىق 20 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىندا تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرلۈك تەكلىپ لايىھەسى ماقۇللاندى: (1) دۇبەنلىك تۈزۈمنى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىپ، شەرقىي - شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىنىڭ مۇۋەققەت باش قوماندانى جېڭ رۇنچېڭنى ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ۋېييۈەنجاڭلىقىغا بىردەك كۆرسىتىش؛ (2) ليۇ ۋېنلۇڭنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە بىردەك كۆرسىتىش؛ (3) پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداش؛ (4) جىن شۇرېن ئائىلىسىدىكىلەر-

نىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداش؛ (5) سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش. كېيىن، ئادەم ئەۋەتىپ، يۇقىرىقى تەكلىپ لايىھەسى جىن شۇرېنغا يۈزتۇرانە بايان قىلىندى. جىن شۇرېن ئەۋەتىلگەن تەكلىپ لايىھىگە قىلچە پىسەنت قىلماي، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئەسكەرىي كۈچ تەشكىللىدى. 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تاڭ ۋاقتى سائەت ئىككى يېرىمدا، ئىككى تەرەپنىڭ شىددەتلىك ئۇرۇشى باشلاندى. ئۆلكە قوشۇنىنىڭ ياڭ جېڭجۇڭ قىسمى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ئاق ئورۇس قوشۇنى بىلەن كوچا جېڭى قىلدى. ئاق ئورۇس قوشۇنى بارا - بارا بەرداشلىق بېرەلمىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، جېڭ رۇنچېڭنىڭ شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسى تاۋ مىڭيۈ قاتارلىقلارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن قورال - ياراق - ئوق - دورا ئېلىپ جەڭگە ئاتلىنىپ، ياڭ جېڭجۇڭ قىسمىنى چېكىندۈردى. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە، جىن شۇرېن ۋەزىيەتنىڭ خەۋپلىك بولۇۋاتقانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ياڭ جېڭجۇڭنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن شىخۇغا چېكىندى. ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارى جاڭ پېييۈەنگە ياردەم سوراپ تېلېگرامما ئەۋەتتى. جاڭ پېييۈەن جىن شۇرېننىڭ ئۆزىنى «شەرقىي يول باندىتلارنى تازىلاش باش قوماندانى» لىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋەتكەنلىكىدىن ئىنتايىن نارازى بولغاچقا، ئەمدى ئەسكەر ئەۋەتىشنى رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى جىن شۇرېننىڭ ئىلىغا كېلىشىنىمۇ توستى.

جىن شۇرېن نائىلاج چۆچەككە باردى، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە تۆمۈريولى ئارقىلىق شەرققە قايتىپ، 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تيەنجىنگە يېتىپ باردى. ئۇزۇن ئۆتمەي قولغا ئېلىنىپ نەنجىڭدا سوراققا تارتىلدى.

«12-ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، «شەرقىي يول باندىتلارنى تازىلاش باش قوماندانى» شىڭ شىسەي قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئەنسەندە ماجۇڭيىڭ قىسمىدىكى ماجۇڭلۇ بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. سىياسىي ئۆزگىرىش بولغان كۈنى جىن شۇرېنغا قارشى كۈچلەر شىڭ شىسەينىڭ جىن شۇرېنغا ياردەم بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، لى شياۋتيەننى شىڭ شىسەيگە سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭ ۋاقتىنچە ئۈرۈمچىگە قايتماي تۇرۇشىنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جىن شۇرېننىڭ تېز كېلىپ ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىمۇ شىڭ شىسەينىڭ قولىغا تەگدى. شىڭ شىسەي ۋەزىيەتنى دەڭسەپ كۆرۈپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جىن شۇرېنغا قارشى تۇرۇش قارارىغا كەلدى ۋە قولىدىكى ھەربىي قوشۇندىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالماقچى بولدى. 4-ئاينىڭ 13-كۈنى سەھەردە شىڭ شىسەي قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئېگىز نۇقتىلارنى ئىگىلىدى. 4-ئاينىڭ 14-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ليۇ ۋېنلۇڭ گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىدە ۋاقىتلىق ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا ئالدى بىلەن شىڭ شىسەي، جاڭ پېيۈەن قاتارلىق كىشىلەر ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇر، خۇيزۇ، موڭغۇل، قازاق، شىبە قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر زاتلىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا كۆپەيتىپ سايلاندى ھەمدە تاۋمىڭيۈ ۋاقىتلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلاندى. ئارقىدىن ھەربىي ئىشلار رەھبەرلىك ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ نامزاتلىرىنى كۆرسىتىش مەسىلىسى قايتا مۇزاكىرە قىلىندى. ليۇۋېنلۇڭ

ۋە ئاق ئورۇس قوشۇنىنىڭ باشلىقى پانپىنگورت،
قاتارلىقلار دۇبەنلىك تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بارلىق
ھەربىي ئىشلارغا دۇبەن بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش
دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. پانپىنگورت يەنە سىياسىي ئۆزگىرىش
بولغان كېچىسى تەشكىل قىلىنغان ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار
كومىتېتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شېڭ شىسەينى ۋاقىتلىق دۇبەن-
لىككە سايلاش ھەققىدە تەكلىپ بەردى، جېڭ رۇنچېڭ ئۇنىڭ
تەلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ كۈنى شېڭ شىسەي
يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە قول ئاستىدىكىلەرگە يىغىن مەيدانىنى
قورشاپ، يىغىنغا قاتناشقانلارغا تەھدىت سېلىشنى بۇيرۇدى.
يىغىنغا قاتناشقان ھەيئەتلەر «ئاخىرى نائىلاج شېڭ شىسەينى
دۇبەنلىككە سايلىدى». مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق شېڭ شى-
سەي قول ئاستىدىكى قوشۇنغا تايىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئالىي ھو-
قۇقىنى ئاسانلا چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن
شىنجاڭ شېڭ شىسەينىڭ 11 يىل داۋاملاشقان مىلىتارىستلىق،
ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە كىردى.

## §4. «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى

### 1. شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇشى

«12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن قۇرۇل-
غان ھاكىمىيەت ئورگىنى ۋاقىتلىق خاراكتېردىكى ئامانلىق
ساقلاش كومىتېتى ئىدى. شېڭ شىسەي ھەربىي جەھەتتىكى
ئەمەلىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇ-
بەنلىكىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان بولسىمۇ، تېخى نەنجىڭ
ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك چىددىي ھەربىي ۋەزىيەت ئاستىداتۇراتتى.
1933-يىلى 5-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ماجۇڭيىڭ قاتار-لىقلار ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ مورىنى ئىشغال قىلىپ، گۇچۇڭنى ئېلىپ، ھەر بىر جەڭدە غەلىبە قازاندى. شېڭ شىسەي ئۆلكە قوشۇنى، شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيىسى ۋە ئاق ئورۇس قوشۇنىدىن بولۇپ جەمئىي 5000 ئەسكەرنى باشلاپ ياردەمگە باردى. گۇچۇڭ قولدىن كېتىپ قالغانلىقتىن، فۇكاڭدا مۇداپىئەدە تۇردى. 6-ئاينىڭ 10-كۈنى نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دۆلەت مۇداپىئە مى-نىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن شىتاب باشلىقى خۇاڭ مۇسۇڭنى ھال سوراش ئەلچىسى قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، «ياراشتۇرۇش» ۋە «ھال سوراش» ئېلىپ باردى. ماجۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە تەمەننا قويۇپ، سۈلھ قىلىشقا ئۇنىماي، غەربكە يۈرۈش قىلدى. شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەڭگە ئاتلاندى. 6-ئاينىڭ 12-كۈنى شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ زىي-چۈەنزىدە جەڭ قىلدى. بۇ جەڭدە ماجۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ، قالغان 3000 دىن ئارتۇقراق ئەسكىرىنى باشلاپ، ئاخىرى پىچان ۋە تۇرپانغا چېكىندى. شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تۇراقسىز بولغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، داۋام-لىق قوغلاشقا جۈرئەت قىلالماي، غەلىبە قىلغانلىق ئابرويى بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتتى.

شېڭ شىسەي ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىك تەخ-تىگە ئولتۇرغان ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئەمەلىي كۈچلەر ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولمىغانىدى. بىرىنچىدىن، جاڭ پېييۈەن جىن شۇرېننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن كونا خادىم بولغاچ، ئابرويى ۋە ستاژىمۇ شېڭ شىسەيدىن يۇقىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارنى ئۆزۈن

زامان باشقۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بەلگىلىك ئەمەلىي كۈچى بار ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ليۇ ۋېنلۇڭ نامدا ۋاقىتلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان بولسىمۇ، شېڭ شىسەي «ئارمىيە بىلەن مەمۇرىيەتنى ئايرىپ باشقۇرۇش» دېگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلغانلىقتىن، ئۇ ئەمەلىيەتتە قورچاققا ئايلىنىپ قالغانىدى؛ ئۈچىنچىدىن، چېن جۇڭ، تاۋمىڭيۈ، لى شياۋتيەن قاتارلىقلار «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نىڭ قوزغىغۇ-چىلىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇل-مىغان. ئۇلار نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىشنى ئويلايتتى. شۇڭا، شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ زېمىچۈەنزىدە قاتتىق تۇتىشىۋاتقان چاغدا، ئۈرۈمچىدە خۇاڭ مۇسۇڭ باشچىلىقىدا «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نى قوزغىغانلارنى يادرو قىلغان ۋە شېڭ شىسەينىڭ ئورنىغا دەس-سەش كويىدا بولغان بىر يوشۇرۇن كۈچ شەكىللەنگەنىدى. شېڭ شىسەي گەرچە ئۆزى ئۈرۈمچىدىن يىراق بولغان ئالدىن-قى سەپتە تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما خۇاڭ مۇسۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ئۆلكە مەركىزىدىكى قىلمىش ھەرىكەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ھال سو-راش ئەلچىلىرى تۇرۇشلۇق جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىشەنچلىك كىشىلىرى ئارقىلىق نازارەت قىلىپ تۇراتتى. خۇاڭ مۇسۇڭ بىلەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئەۋەت-تىلگەن مەخپىي تېلېگراممىلارنىمۇ، زېمىچۈەنزىدىكى جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ياپونىيىلىك داشىچۇڭ (جۇڭگوچە ئىسمى يۇخۇاتىڭ) غا تەر-جىمە قىلدۇرۇپ بىلىپ تۇراتتى. شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ۋاقىتلىق جىددىي يىغىن ئېچىش نامى بىلەن، يىغىنغا كەلگەن تاۋمىڭيۈ، لى شياۋتيەن ۋە چېن جۇڭنى قولغا ئېلىپ، سوراق قىلمايلا

ئېتتۈەتتى. ئاندىن بۇ ئۈچ كىشىنى توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيى-
قەستىدە بولغان دەپ ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا شېڭ شىسەي
خۇاڭ مۇسۇڭنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما بېرىپ، نەن-
جىڭ ھۆكۈمىتىدىن شېڭ شىسەي ۋە ليۇ ۋېنلۇڭنى رەسمىي
ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى ئىلتىماس قىلىشقا قىستىدى. شۇنىڭ
بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئادەم ئەۋەتىپ، خۇاڭ مۇسۇڭنى قاتتىق
نازارەت ئاستىغا ئالدى. 7-ئاينىڭ 21-كۈنى، خۇاڭ مۇسۇڭ
ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ۋەزىپىنى ئادا قىلغان ھېسابتا ئايروپىلان
بىلەن نەنجىڭگە قايتتى. 8-ئاينىڭ 1-كۈنى، نەنجىڭ گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى مەمۇرىي پالاتانىڭ 118-قېتىملىق يىغىنىدا ليۇ
ۋېنلۇڭ شىنجاڭنىڭ رەئىسلىكىگە، شېڭ شىسەي ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەن-
لىكىگە، جاڭ پېييۈەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى
قوشۇمچە ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارى ۋە يېڭىدىن
تەشكىل قىلىنغان 8-شىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى توغ-
رىسىدا قارار ماقۇللاندى. بۇنىڭ بىلەن، شېڭ شىسەي رەسمىي
ھالدا شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىك تەختىگە چىقتى.
8-ئاينىڭ 17-كۈنى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئەدلىيە مەمۇرىيەت
مىنىستىرى قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لو ۋېنگەننى تېپەي-
يۈەن قىلىپ تەيىنلەپ، شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش - تەكشۈ-
رۈشكە، ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي، جاڭ پېييۈەن، ماجۇڭيىڭ
قاتارلىقلارنىڭ قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا
قاتنىشىشقا ئەۋەتتى. 9-ئاينىڭ 2-كۈنى لو ۋېنگەن ھەمراھ-
لىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. لو ۋېنگەننىڭ بۇ قېتىمقى سە-
پىرى نامىدا ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي قاتارلىقلارنىڭ قەسەم
بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىش بولسىمۇ،
ئەمەلىيەتتە جاڭ پېييۈەن بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ بىرلىشىپ شېڭ

شىمەيگە قارشى تۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىدى. شېڭ شىسەي لو ۋېنگەننىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى كۆڭلىدە ئېنىق بىلگەنلىكتىن، ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇماقچى بولدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، لو ۋېنگەندىن ماجۇڭيىڭنى ئۈرۈمچىگە سۆھبەتكە كېلىشكە تەكلىپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇرۇشقا جىددىي تەييارلىق قىلىپ، ماجۇڭيىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۈچ سىناشماقچى بولدى. ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ دەرھال ھەربىي ئىشلار يىغىنى چاقىرىپ، مەسىلىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىش قارارىغا كەلدى. 9-ئاينىڭ 16-كۈنى، شېڭ شىسەي ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن ۋەكىللىرىنى قاماپ قويدى. 9-ئاينىڭ 17-كۈنى، لو ۋېنگەن ئىلاجسىز ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ چۆچەككە كەتتى. 9-ئاينىڭ 21-كۈنى شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ يەنە ئۇرۇش باشلىدى. شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى قاراشەھەر، كورلا، مورى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. 10-ئاينىڭ باشلىرى ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ماخېيىڭ بۇيرۇق بويىچە قىسىملىرىنى باشلاپ ئالتايدىن غەربكە يۈرۈپ، چۆچەككە ھۇجۇم قىلدى. 10-ئاينىڭ 9-كۈنى شېڭ شىسەي ماجۇڭيىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئوچۇق تېلېگرامما ئېلان قىلدى. شۇ كۈنى ماجۇڭيىڭ تۇرپاندا ھەربىي پارات مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، شېڭ شىسەينى يوقىتىشقا قەسەمياد قىلدى. ئىككى قوشۇن داۋانچىڭدا دۈچرىشىپ ئۇرۇش قىلدى. شېڭ شىسەي ئۆزى قوماندانلىق قىلغان شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسى مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى، ماجۇڭيىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچىنى قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئالدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى ماخېيىڭ قىسىم-

لىرى دۆربىلجىننىڭ شەرقىدىكى بايانغۇلدىن چىقىپ، ئۆدۆل
ساۋەن، ماناسقا ھۇجۇم قىلدى ۋە يەنىخەيىنى ئىشغال قىلدى.
بۇنىڭ بىلەن، ئىلى ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئۈزۈ-
لۈپ قالدى. بۇ خىل جىددىي ئەھۋال ئاستىدا، شېڭ شىسەي
بىر تەرەپتىن چېن دېلى بىلەن ياۋ شيۇڭنى ھەربىي ياردەم
سوراشقا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن،
ئۈرۈمچىدە تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىپ، غەيرىي كۆچلەرنى
تازىلاپ، ھەربىي بۇيرۇقنى بىرلىككە كەلتۈردى. 10-ئاينىڭ
ئاخىرى، شېڭ شىسەي ھەربىي ئىشلار يىغىنى ئېچىش نامى
بىلەن، شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش
ئارمىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلىرى جېڭ رۇنچېڭ،
سۇگۇ، ياڭ ياۋجۇن، يىڭ جەنبىڭ قاتارلىقلارنى بۇيرۇققا بوي-
سۇنماي قانۇنسىزلىق قىلىشقا ئۇرۇندى دېگەن جىنايەت بىلەن
قولغا ئالدى ۋە ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي مەنسەپ-
دارلارنى ئۆستۈرۈپ، شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىنى كونترول قىلدى. ئارقىدىنلا شېڭ
شىسەي يەنە ماجۇڭيىڭ بىلەن ئالاقە باغلاپ، دۈشمەن بىلەن
تىل بىرىكتۈردى، دېگەن جىنايەت بىلەن، ئاق ئورۇس قوشۇ-
نىنىڭ باشلىقلىرىدىن پانپىگورت، ئانتونوۋ، گېمىركىن قاتارلىق-
لارنى قولغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۇبەنگە زىيانكەشلىك
قىلىپ، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى بولدى، دېگەن جىنايەت بىلەن
ئۆلكە رەئىسى ليۇۋېنلۇڭنى تەقىب ئاستىغا ئالدى.

11-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ماجۇڭيىڭ قوشۇنى ماناستا شېڭ
شىسەينىڭ قول ئاستىدىكى ليۇبىن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى،
ئۇنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى قۇتۇبىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى
شىندىزى دېگەن جايغا قېچىپ بارغاندا پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.
23-كۈنى ماجۇڭيىڭ يارىلىنىپ، جېنىدىن جۇدا بولدى. ئىلىدى-

كى جاڭ پېيىۋەن شىڭ شىسەي ئارمىيىسىنىڭ قەلەمسىرى شىمالغا يۈرۈش قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. ئىلىدا قېپقالغان شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسى جىلىن ئۆلكىسى قوغدىنىش ئارمىيىسىنىڭ تۈەنجاڭى ۋاڭ شياۋجىنى يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان 8 - شىنىڭ سەنمۇجاڭلىقىغا تەيىنلىدى. چۆچەكتە قېپقالغان شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ياۋ خۋاتىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ، شىڭ شىسەيگە بىرلىكتە قارشى تۇرماقچى بولدى. 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، جاڭ پېيىۋەن جىڭ ناھىيەسىدە تۇرۇشلۇق ياڭ جېڭجۇڭغا بىر لۈي ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ شىخۇغا كىرىپ، شىڭ شىسەي سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن سېتىۋالغان 45 ئاپتوموبىل ھەربىي قورال ياراغلارنى تۇتۇپ قېلىشقا بۇيرۇق بەردى، ئۆزى ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ، ساۋەننىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئۇلانئۇسۇغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ماجۇڭيىڭ بىلەن ماسلىشىپ، ئۈرۈمچى شەھرىگە ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلدى. شىڭ شىسەي ئالمان-تالمان شەرقىي-شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسى ۋە ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئاق ئورۇس قوشۇنلىرىنى قارشىلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تىلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەينىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى. قىزىل ئارمىيە قورغاس ئارقىلىق ئىلىغا كىرىپ، جۇڭگوچە ھەربىي فورما بىلەن ياسىنىپ، «تارباغاتاي قوشۇنى» دېگەن نام بىلەن كۆرە قەلئەسىدىكى قورال-ياراغ ئىسكىلاتىنى پارتىلىتىۋېتىپ، غۇلجا شەھرىنى ئىشغال قىلدى. بۇ چاغدا شىڭ شىسەي ئارمىيىسىنىڭ ليۇبىن قىسمىمۇ ماناستىن ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ، قۇتۇبىدىكى سەنداۋخېزىدا ياڭ

جېڭجۇڭ قىسمىنى مەغلۇپ قىلدى. جاڭ پېيىۋەن شەرق - غەرب ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقتىن 1934 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېبەنگوغا چېكىندى ۋە ئاخىرقى مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋالدى. 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەترا - پىدا ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ليۇبىن قىسمى ئىلىغا كىرىپ ئورۇن - لاشتى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا پۈتۈنلەي قايتتى.

1934 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ماجۇڭيىڭ ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنىڭ غەربكە كېتىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بوش قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 7000 ئەسكەر بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېقىنلاپ كېلىپ، شەھەرگە جىددى خەۋپ سالغاندا، شېڭ شىسەي يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تىلىدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمى - يىسى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باقتۇ چارىسىدىن كىرىپ، كىيىم - لىرىنى جۇڭگونىڭ ھەربىي فورمىسىغا ئالماشتۇرۇپ، «ئالتاي قوشۇنى» دېگەن نام بىلەن، چۆچەكنىڭ سىرتىدىن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلدى. 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى زور تۈركۈمدىكى قىزىل ئارمىيە قوشۇنى ئۈرۈمچىدىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتىكى كونا ئايرودرومغا يېتىپ كەلدى. 8 - كۈنى ئەتىگەندە، قىزىل ئارمىيە ماجۇڭيىڭنىڭ قىسمىنى توپقا تۇتۇپ، ئۇلارنى غەربىي چوڭ كۆۋرۈك شۇيموگۇ ئارقىلىق چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. 10 - كۈنى ئۆلكە قوشۇنى، قىزىل ئارمىيىگە ماسلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. 11 - كۈنى ماجۇڭيىڭ قوشۇنى تاقابىل تۇرالماي، پۈت - تۈن سەپ بويىچە مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. 12 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدى. ماجۇڭيىڭ قوشۇنى ئۆلكە قوشۇنى ۋە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قوغلاپ زەربە

بېرىشى ئارقىسىدا داۋانچىڭغا چېكىندى. 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈلكە قوشۇنى بىلەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى داۋانچىڭنى ئالدى. 8 - كۈنى توقسۇن، تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئاز بىر قىسمى شەرققە قاراپ قېچىپ گەنسۇغا كىرىۋالغانىدىن باشقا، كۆپ قىسمى ماجۇڭيىڭغا ئەگىشىپ غەربكە قاراپ قېچىپ، قارا شەھەر ۋە كۇچاغا باردى. ئۈلكە قوشۇنى بىلەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى داۋاملىق قوغلاپ زەربە بەردى، ماجۇڭيىڭ ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى. مارالبېشىدىكى جەڭدە ماجۇڭيىڭ ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولۇپ، قەشقەر، يەكەن ئارقىلىق ئەركەشتام چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا بارغاندا، قورال - ياراقلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە كىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ 36 - شىسى ئۇنىڭ يېزنىسى ماخۇشەننىڭ باشچىلىقىدا خوتەنگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ، شېڭ شىسەينى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇشى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

### 2. «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قەيەستىن چىقىشى ۋە يوقىتىلىشى

1933 - يىلى، شېڭ شىسەينىڭ جاڭ پېيۋەن ۋە ماجۇڭيىڭلار بىلەن بولغان ئۇرۇشى شىمالىي شىنجاڭدا راسا ئەۋجىگە چىققاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەردە ۋەتەننى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» پەيدا بولدى.

1933 - يىلى 1 - ئايدا، قۇمۇل ۋەقەسى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭەيدى. ماجۇڭيىڭ ماشىمىڭنىڭ قوشۇنىنى كۇچاغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. كۇچالىق تۆمۈر سىلىڭ لەشكەر تار-

تىپ ئاۋاز قوشۇپ، گۇچا، بۈگۈر، شايار قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، «ئىسلام دۆلىتى قۇرايلى» دېگەن ئەكسىيەتچى شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاقسۇنى ئىگىلىدى. 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، مۇھەممەت ئىمىن سابىت داموللا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قاراقاش ناھىيىسىدە قورالىلىق توپىلاڭ كۆتۈردى. ئارقىدىنلا خوتەن، لوپ، كېرىيە، گۇما، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، چىرا قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، «خوتەن ئىسلام دۆلىتى» نى قۇردى، ئۆزىنى خوتەن پادىشاھى دەپ ئاتىدى، سابىت داموللىنى دىنىي داھىي قىلىپ تىكلىدى.

ئارقىدىنلا، سابىت داموللا قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، گۇما، قاغىلىق، يەكەن ئارقىلىق قەشقەرگە كەلدى. مۇھەممەت ئىمىن سابىت داموللىنى مۇستەقىل ھۆكۈمەت تەشكىللەش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقاردى ①. سابىت داموللا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاقسۇنى ئىگىلەپ تۇرغان خوجىنىيازغا ئادەم ئەۋەتىپ مەدەت تىلىدى.

1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كېچىسى، ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى ئاستىدا پان تۈركىزمچى مۇھەممەت ئىمىن بىلەن سابىت داموللا قاتارلىق كىشىلەر قەشقەر كونىشەھەردە «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي پروگراممىسى، سىياسىي پروگراممىسى ۋە ساختا ئاساسىي قانۇننى ماقۇللىدى، «شەرقىي تۈركىستان مەڭگۈلۈك دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت بولىدۇ» دەپ جاكارلاپ، خوجىنىيازنى زۇڭتۇڭلۇققا، سابىت داموللىنى گوۋۇ-

① ئالدىنقى ۋاقىتتا تۇرۇشلۇق كونسۇل باتۇرچىن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تېرېبىيون ۋۇئەيجېن، ئەنجاندا تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت كونسۇل ئىۋدېبېنلارنىڭ قەشقەر سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا يوللىغان دوكلاتى. مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىل) 12-ئاينىڭ 19-كۈنى.

يۈەن زۇڭلىلىقىغا، قاسىمجان ھاجىنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا، ئوراز بەگنى ھەربىي مەمۇرىي ئىشلار مىنىستىرلىقىغا سايلىدى.

1934 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ما شىمىڭ، ماجەنساڭ، ماشاۋۋۇ قىسىملىرى بىرلىشىپ قەشقەر كونىشەھەرنى ئىشغال قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ يوقالغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى كاتىباشلىرىنىڭ بىر قىسمى قولغا ئېلىندى، بەزىللىرى قېچىپ پىتراپ كەتتى. خوجىنىياز يېڭىسارغا، سابىت داموللا تاشقورغان چېگرىسىغا قاچتى. شۇ يىلى 5 - ئايدا، سابىت داموللا ئاقسۇنىڭ قارائال يېزىسىغا بارغاندا خوجىنىيازنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلدى ۋە ئۆلكە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە يالاپ ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، تۈرمىدە ئۆلدى. مۇھەممەت ئىمىن خوتەنگە قېچىپ كەتتى. 10 - ئايدا ماخوشەن قىسمى خوتەنگە كىرگەندە، مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئاكىسى مەنسۇرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن «خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» يوقىتىلدى، مۇھەممەت ئىمىن ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى. خوجىنىيازنى شىڭ شىسەي ئۆزىگە تارتىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى قەشقەردە قېلىپ، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ 6 - شىسى قىلىنىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى، مامۇت ئۇنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلەندى.

1937 - يىلى ئەتىيازدا، شىڭ شىسەي ئۆلكىلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىشنى باھانە قىلىپ، مامۇتنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتتى. مامۇت كۆڭلى دەككە - دۈككە بولۇپ، ئۈرۈمچىدە قولغا ئېلىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ، 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئوۋ ئوۋلاش نامى بىلەن ئاقتۇغا بېرىپ،

ئاز ساندىكى كوماندىر - ئەسكەرلەرنى باشلاپ، قەشقەر كونىشەھەردىن قېچىپ چىقىپ، يېڭىسار ئارقىلىق يەكەنگە بارغاندىن كېيىن، ئاشكارا قوراللىق توپىلاڭ قوزغاپ، يەكەننىڭ ھاكىمىنى ئۆلتۈرۈپ، پوسكام، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەرنى ئىشغال قىلدى، كېيىن ئۇ تاغ يولى ئارقىلىق لاداق، كەشمىرلەردىن ئۆتۈپ، ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى. مامۇت قەشقەردىن كېتىش ئالدىدا، قىسىملىرىغا ئابدۇللا نىيازنىڭ مۇۋەققەت قوماندان بولۇشىنى تاپشۇرغاندى. مامۇت قەشقەردىن قاچقان كۈنى، ئابدۇللا نىياز قوشۇنلارنى باشلاپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، قەشقەردىكى ئۆلكە قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. يېرىم كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلغاندىن كېيىن، ئىچكى قىسىمدا بۆلۈنۈش يۈز بەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇ پەقەت نەچچە يۈز قالدۇق ئەسكىرىنى باشلاپ يەكەنگە قېچىپ بېرىپ، ئۆزىنى 6-شىنىڭ شىجاڭى دەپ ئاتىدى ھەمدە تېزدىن ئادەم ئەۋەتىپ خوتەندىكى ماخۇشەن قوشۇنى بىلەن ئالاقە باغلاپ، قەشقەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى پارتلىدى. شۇ ۋاقىتتا ماخۇشەن قوشۇنىنىڭ 12 مىڭ 500 ئادىمى بولۇپ، ئۇلار توققۇز ناھىيىدە تۇرغۇزۇلغانىدى. 4-ئاينىڭ 11-كۈنى، ماخۇشەن قەشقەر كونىشەھەرنى ئىشغال قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى نەزەربەنت قىلدى. 12-كۈنى يېڭىشەھەر ئايرودرومىنى ئىشغال قىلىپ، يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە ئاشكارا ھالدا ئەكسىيەتچىل خىتابنامە ئېلان قىلدى. 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، مامۇتنىڭ قول ئاستىدىكى ئابدۇللا نىيازنىڭ قوشۇنى پەيزاۋات، مەكىت، مارالبېشى، ئۇچتۇرپانلارنى ئىشغال قىلدى. 5-ئايدا ئاقسۇغا بېسىپ كىرىپ، كۇچانى مۇھاسىرىگە ئالدى. سەركەردە قىسىملىرى شايار، كورلا قاتارلىق جايلارغىچە يېتىپ باردى.

1937 - يىلى 6 - ئايدا، شېڭ شىسەي ليۇ جىڭشىننى باش قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆلكە قوشۇنىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى توپىلاڭچىلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۆلكە قوشۇنى مارالبېشىنى ئىشغال قىلدى. 13 - كۈنى ماخۇشەن 3000 ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ مارالبېشىنى قاتمۇ قات مۇھاسىرىگە ئالدى. 26 - كۈنى ماخۇشەن قوشۇنى ئاقسۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى.

شېڭ شىسەي كۈچىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەنە بىر قېتىم سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. 9 - ئاينىڭ باشلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى كونىستانتىنوۋ قوماندانلىقى، شاكىر تۇەنجاڭلىقىدا 40 ئايروپىلان، 20 تانكىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ماشىنىلاشقان بىر تۇەن ئەسكەر چىقاردى. بۇ قوشۇن ئۈلۈغچات ناھىيىسىنىڭ تورغات تاغ ئېغىزىدىن كىرىپ، ئۈلۈغچاتتا تۇرۇۋاتقان مەۋلانوۋنىڭ ئاتلىق تۇەنى ۋە ئىسھاقبېكنىڭ ئاتلىق تۇەنى بىلەن قوشۇلۇپ، ئىككى يولغا بۆلۈندى، بىر يولدىكىلەر ئۇدۇل مارالبېشىغا، بىر يولدىكىلەر ئۇدۇل قەشقەرگە قاراپ مېڭىپ، ماخۇشەن ئارمىيىسىنى ئىككى بۆلەك قىلىۋەتتى. سوۋېت ئارمىيىسى تېزلىكتە مارالبېشىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن يەنە قەشقەر، يەكەن ۋە گۇمىنى ئالدى. ئۆلكە قوشۇنلىرى كورلا، كۇچادىن يولغا چىقىپ، شايار دىكى ماخۇشەن قوشۇنىنى چېكىندۈردى. 10 - ئاينىڭ باشلىرى، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قىرغىز ئاتلىق تۇەنى ئۆلكە قوشۇنلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن خوتەن رايونىغا كىرىپ، 36 - شىنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، ماخۇشەننىڭ بۆلۈنمە كۈچلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلىدى. ماخۇشەن ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى. خوتەن رايونى تىنچلىتىلغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي جىڭ يىجۇننى خوتەن رايونلۇق مەمۇرىي

ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى.

### 3. شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش تەدبىرلىرى

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ۋەزىيەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، پايدا-زىياننى مۆلچەرلەپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئاخبارات قاتارلىق جەھەتلەردە تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللاندى:

سىياسىي جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى تۈزۈپ چىقتى.

1933-يىل 5-ئايدىلا، شېڭ شىسەي تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى چېن دېلىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى زىلاتكىن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

1934-يىل 3-ئايدا، شېڭ شىسەي جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ بۈيۈك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنى، ئۇ ئۆلكە قوشۇنىنىڭ نامىنى «جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە» گە ئۆزگەرتىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. يەنە شىنجاڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىلىپ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» دەپ ئاتىلىدۇ) قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، ۋېيۈەنجاڭلىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى. شېڭ شىسەينىڭ ساۋاقداشلىرى، يۇرتداشلىرىدىن «ئون چوڭ دوكتور» دەپ ئاتالغان كىشىلەرنى ۋېيۈەنجاڭ، باش كا-

قىپ، بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويدى. 1935 - يىلى بىر تۈركۈم سوۋېت كوممۇنىستلىرى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنى 1 - قېتىم ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ، ۋېيىۋەنجاڭلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. شېڭ شىسەي ئۇيۇشما باشلىقى، لى رۇڭ بىلەن خوجىنىياز مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقى بولدى. سوۋېت كوممۇنىستلىرىمۇ ئۇيۇشمىغا قوبۇل قىلىنىپ، «ئون چوڭ دوكتور» نىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. سوۋېت كومپارتىيىسى ئەزاسى يۈ شيۇسۇڭ (شۇ ۋاقىتتىكى ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى ۋاڭ شۇچېڭ) ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپلىقىغا، ۋاڭ لىشياڭ تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا، مەنسۇر مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا، جېڭ يىنجۇن ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا، جاڭ يىۋۇ ياشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى كەڭ ئاممىۋى خاراكتېرگە ئىگە تەشكىلاتقا ئايلىنىپ، ئەزالىرى 2400 گە يەتتى. بۇ ئۇيۇشما ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارغا ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ 14 شۆبىسى بار ئىدى. ئۇيۇشمىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى سۈپىتىدە «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نەشر قىلىندى، ئۇيۇشما ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كومپارتىيە بىلەن دوست بولۇش، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك مۇختارىيەتنى يولغا قويۇپ، خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنى، مۇشتۇمزورلارنى يوقاتتى؛ ئەدلىيە ئىشلىرىنى ياخشىلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى، يانچىلىق ۋە دېھەك-

لىك تۈزۈمىنى بىكار قىلدى، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئادەم ئېلىپ-سېتىش، پاھىشىۋازلىق ئىشلىرىنى قەتئىي مەنئى قىلدى؛ خەلققە سۆز ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكى بەردى ۋەھاكازالار. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيۇشما شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋە شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىنىڭ ھىمايە قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتىكى مۇھىم قورالى بولۇپ قالدى.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي قاتارلىق جەھەتلەردىن شېڭ شىسەينىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىگە ياردەم بەردى. 1933-يىل 12-ئاي ۋە 1934-يىل 1-ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، قىزىل ئارمىيە ئەۋەتىش ئارقىلىق شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىنىڭ جاڭ پېييۈەنگە ھۇجۇم قىلىش، ماجۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلىش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىپ، شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تۇراقلاشتۇردى. 1934-يىلى ئەتىيازدا، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا يەتكۈدەك قورال-ياراغ ياردەم قىلىشنى ۋە بىر قىسىم سوۋېت كومپارتىيىسى ئەزالىرىنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلدى. 1935-يىلى ئەتىيازدا، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەيگە ئىقتىسادىي ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇش، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى ھەمدە بەش مىليون رۇبلى قەرز بەردى. شېڭ شىسەي بۇ پۇلنىڭ ئاز بىر قىسمىنى قورال-ياراغ سېتىۋالغانىدىن

باشقا، كۆپ قىسمىنى تاشيول ياساش، ماشىنا ئۇسكۈنىلەرنى تولۇقلاش، زاۋۇت قۇرۇشقا ئىشلەتتى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال يەنە يۈ شيۇسۇڭ، ۋاڭ باۋچيەن (ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى جاۋشى)، مەنسۇر (ئۇيغۇر)، ئەبەي (قازاق) قاتارلىق 25 نەپەر سوۋېت كومپارتىيىسى ئەزالىرىنى شىنجاڭغا بېرىپ شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر تۈركۈم تېخنىك خادىملىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرىمۇ شىنجاڭغا كېلىپ قۇرۇلۇش پىلانلىرىنى تۈزۈشكە ياردەملەشتى.

1934 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، يەنى «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» گە بىر يىل بولغان كۈنى، شېڭ شىسەي سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىدا تۆۋەندىكى سەككىز ماددىلىق خىتابنامىنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇش؛ (2) دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش؛ (3) يېزىلارغا قۇتقۇزۇش بېرىشنى يولغا قويۇش؛ (4) مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش؛ (5) ئەمەلدارلارنى ساپلاشتۇرۇش؛ (6) مائارىپ ئىشلىرىنى كېڭەيتىش؛ (7) مۇختارىيەتنى يولغا قويۇش؛ (8) ئەدلىيە ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش. 1935 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» گە ئىككى يىل بولغان چاغدا، شېڭ شىسەي يەنە تۆۋەندىكى توققۇز تۈرلۈك يېڭى ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) پاك - دىيانەتلىك بولۇشنى ئۈزۈل - كېسىل يولغا قويۇش؛ (2) ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش؛ (3) ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ، تىنچلىقنى قوغداش؛ (4) پۈتۈن ئۆلكە بويىچە سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن تىرىشىش؛ (5) قاتناشنى قولايلاشتۇرۇش؛ (6) شىنجاڭنى مەڭگۈلۈك

جۇڭگو زېمىنى سۇپىتىدە ساقلاش؛ (7) جاھانگىرلىككە، فاشىزمغا قارشى تۇرۇپ، جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق سىياسىتىنى مەڭگۈ ساقلاش؛ (8) شىنجاڭنى بىگۇللەندۇرۇش؛ (9) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋاڭ-گۇڭلىرى، ئاخۇن-لامالىرىنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقىنى قەتئىي قوغداش. بۇ توققۇز ۋەزىپە سەككىز ماددىلىق خىتابنامىنىڭ تولۇقلانمىسى ۋە راۋاجى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ مەزمۇنلىرىنى يۈز ئېچىگە ئالغان.

1936-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ۋە شىنجاڭدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا، شېڭ شىسەي جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇشنى ئاساس قىلىپ، يەنە ئېنىق ھالدا يىغىنچاقلاپ: مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، «تىنچلىق» (ئىتتىپاقلىق-ئىناقلىق)، «تەمىرات» (قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش)، «پاكلىق-دىيانەتلىك» (ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك-دىيانەتلىك بولۇش) دېگەن تۆت تۈرلۈك سىياسەتنى، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، كىشىلەر دائىم ئېيتىپ كېلىۋاتقان «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» ئىدى.

شېڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويۇشى، شەك-شۈبھىسىزكى، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىدى. ئەمما، بۇ ئالتە بۈيۈك سىياسەت ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ تۇراقلىشىشىغا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى ۋە

ئالغا بېسىشىغا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا پايدىلىق بولدى. ئىقتىساد - مەدەنىيەت جەھەتتە، مالىيىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، كىشىلەر كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى.

1933 - يىل 8 - ئايدا، ۋۇ ئەيچېن، لى رۇڭ، گوي فېن، خۇسەيىن قاتارلىقلار «شىنجاڭنىڭ مالىيىسىنى تەرتىپكە سېلىش پىلانى توغرىسىدىكى پىكىرنامە» نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە چىقىمنى تېجەشتىن ئىبارەت ئىدى. بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش دېگەندە، مۇنۇ ئىشلار كۆزدە تۇتۇلغان: ئالتايدىكى ئالتۇن كېنىنى ئېچىپ، ئېلىنغان كېپەك ئالتۇننى تارقىتىلىدىغان تەڭگە پۇلنىڭ زاپاس فوندى قىلىش، پاخاللاشقان ئۆلكە پۇلىنى داۋاملىق كۆيدۈرۈۋېتىش؛ بايدىكى مىس كېنىنى ئېچىپ، مىس يارماق قۇيۇش؛ نېفىتلىك ئېچىپ، سانائەت ۋە قاتناشنى گۈللەندۈرۈش؛ كۆچمەنلەرنىڭ دېھقانچىلىق قىلىش، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش. ئىقتىسادنى تېجەش دېگەندە مۇنۇ ئىشلار كۆزدە تۇتۇلغان: (1) ھەربىي خىراجەتكە مەركەزنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىش، بىر قىسمىنى يەرلىك ئۆز ئۈستىگە ئېلىش؛ (2) مەمۇرىي خىراجەتنى خام چوت ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش؛ (3) تاموژنا بېجى ۋە بارلىق باجلارنى رەتكە سېلىش، ناچار قائىدە - يوسۇنلارنى تۈگىتىش. لېكىن، بۇ لايىھىنى ئىجرا قىلىشتا قاتمۇقات قىيىنچىلىق بار ئىدى، تاكى 1934 - يىلىغىچە شىنجاڭنىڭ مالىيىسى تەرتىپكە سېلىنمىدى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭنىڭ مالىيە خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىش

ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇتەخەسسىسى مىنخانىلىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ئىشلىرى مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىشقا توغرا كەلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسىنىڭ ياردىمى ۋە ئارىلىشىشى ئارقىسىدا، شىڭ شىسەي شىنجاڭ بويىچە 14 مۇھىم شەھەردە مالىيە ئىدارىسى تەسىس قىلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا بىرقانچىلىغان شۆبە مالىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى. مالىيە ئىدارىلىرى مالىيە نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە قارىمىقىدا بولدى. ھەرقايسى جايلاردىكى باج ئىشلىرى ئورگانلىرىنى مالىيە نازارىتى بىۋاسىتە تەسىس قىلىدىغان بولدى.

1935 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىسى ۋە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، 1- قارارلىق ئۈچ يىللىق پىلان تۈزۈپ چىقىلدى. 1936 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ 1 - ئۈچ يىللىق پىلان يولغا قويۇلدى، مالىيە شۆبە ئىدارىلىرى ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرىگە ئۆزگەرتىلدى. تاموژنا بېجى ئېلىنىدىغان رايونلاردا يەنە تۆت مۇستەقىل باج ئىدارىسى، يەنى ئىلىدا تېكەس - توققۇزتارا مۇستەقىل باج ئىدارىسى، تارباغاتايدا قوبۇقسار مۇستەقىل باج ئىدارىسى، قاراشەھەردە چارقىلىق مۇستەقىل باج ئىدارىسى ۋە قەشقەردە مازالبېشى مۇستەقىل باج ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. ھەرقايسى جايلاردىكى بۇرۇنقى نەخشۇس تاموژنا بېجى خادىملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تاموژنا باج ئىشلىرىنى يەرلىك باج ئىدارىلىرى بېجىرىدىغان بولىدى. كېيىن يەنە ئالتاي ۋە ئاقسۇ باج ئىدارىلىرىگە تاموژنا بېجى ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. پۇل - مۇئامىلە جەھەتتە، ئۆلكىلىك بانكا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، چىن دېلى بانكا

كېڭەش مەجلىسىنىڭ رەئىسى، سو شاڭدا، شۆي لىيەنلەر ئىلگىرى-كېيىن بانكا باشلىقى بولدى. ئۆلكىلىك بانكا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا-سانائەت، قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، تۈرلۈك بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ئىشلىرىغا زور مىقداردا قەرز پۇل بېرىپ ئاكتىپ رول ئوينىدى. مالىيە ئىنتىزىيە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، خىيانەتچى-پارىخور ئەمەلدارلار جازالاندى. 1935-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى، خىيانەتچى-پارىخورلارنى جازالاش بويىچە 12 ماددىلىق نىزام ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن «خىيانىتى 500 يۈەندىن ئاشقانلارغا ئۆلۈم جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ»، «خىيانىتى 400 يۈەندىن ئاشقان، ئەمما 500 يۈەنگە يەتمىگەنلەرگە بەش يىلدىن يۇقىرى، ئون يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ»، «خىيانىتى 100 يۈەندىن ئاشقان، ئەمما 300 يۈەنگە يەتمىگەنلەرگە بىر يىلدىن يۇقىرى، بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ»، بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا، بوش شتاتنى تولۇق دەپ مەلۇم قىلىش ئارقىلىق خىيانەت قىلغان چۆچەك تۈەنجاڭى، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى شۈ ۋېنجېن، جىمسار ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى گۇەن جىنباڭ، كۇچا ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لوشياڭ، قاتناش-ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى فېڭ مىڭ ۋە فۇكاڭ ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جۇنجېن قاتارلىقلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى①. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ تۇر-

① «شىنجاڭ گېزىتى»، مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) 5-ئاينىڭ 5-كۈندىكى سانى.

مۇش قىينچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1935 - يىلى «ھۆكۈمەت خادىملىرى كوپېراتىپى» قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت خادىملىرىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى.

دېھقانچىلىق جەھەتتە، «يېزىلارغا قۇتقۇزۇش بېرىشنى يولغا قويۇش» ۋە «ئۆلكە بويىچە سەپەرۋەرلىككە كىرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن تىرىشىش» دېگەن چاقىرىق ئاستىدا، زور كۈچ بىلەن يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىندى ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلدى. ئالدى بىلەن، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى سەۋەبىدىن ئاق تاشلىنىپ قالغان يەرلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە ئېچىلدى. ھۆكۈمەت يەنە پۇل، ئۇرۇق، ئۆكۈز ۋە ئات قەرز بېرىشنى يولغا قويدى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى يىلمۇيىل كېڭىيىپ، 1933 - يىلدىكى تۆت مىليون 634 مىڭ 500 مودىن 1937 - يىلى بەش مىليون 272 مىڭ 667 موغا يەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن، شىنجاڭدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىشلىتىلىدىغان ۋە يېڭىچە زامان تېرىقچىلىق ئۇسۇلى بويىچە دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانلىرى، پاختىچىلىق تەجرىبە مەيدانلىرى، دېھقانچىلىق تەتقىقات پونكىتلىرى، ھاۋا رايى پونكىتلىرى قاتارلىقلار قۇرۇلۇشقا باشلاندى. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى دېھقانچىلىق ئىدارىلىرى قىش پەسلىدىكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ يېزا ئىگىلىك كۇرسلىرى ئېچىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تېخنىك خادىملىرىنى تەربىيىلىدى.

چارۋىچىلىق جەھەتتە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش، چارۋىلاردا بولىدىغان كېسەللىك-

لەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش، مال دوختۇرلىرى ۋە چارۋىچىلىق تېخنىك خادىملىرىنى تەربىيىلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، سىرتتىن ئەلا نەسىللىك چارۋا ماللار كىرگۈزۈلدى، شۇنداقلا سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش سىناق قىلىندى ۋە تەدرىجىي كېڭەيتىلدى. چارۋىچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، شىنجاڭنىڭ يۇڭ - تېرە مەھسۇلاتى ۋە چارۋىلارنىڭ تۇياق سانى زور دەرىجىدە كۆپەيدى، 1936 - يىلى چارۋىچىلىق ئاساسەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن ئىلگىرىكى سەۋىيىگە يەتتى.

قاتناش - ترانسپورت جەھەتتە، 1934 - يىلى ئۇرۇش ئاساسەن ئاياغلىشىش بىلەنلا تاشيول قۇرۇلۇشىغا تۇتۇش قىلىندى. 1935 - يىلى ئەتىيازدا، شىنجاڭ تاشيول ئىدارىسى ئۈرۈمچى - ئىلى، ئۈرۈمچى - قۇمۇل تاشيولىنى ياساشنى باشلىدى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى لايىھىلىگەن، جۇڭگو تەرەپ ئىشلىگەن ئىنتايىن چوڭ قۇرۇلۇش ئىدى. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1859 كىلومېتىر بولۇپ، 1937 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي ئاپتوموبىل قاتنىدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى بۇ ئاساسلىق تاشيول ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، مۇھىم خەلقئارالىق قاتناش يولىغا ئايلاندى. 1935 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇنجى شوپۇرلۇق مەكتىپى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس شوپۇر ۋە رېمونتچىلار تەربىيىلەندى. شېڭ شىسەي گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەسىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 1933 - يىل 12 - ئايدا، ياۋروپا - ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئايروپىلانلىرىنىڭ شىنجاڭدىن ئۆتۈشىنى رەت قىلىپ، پەقەت ئۈرۈمچى بىلەن لەنجۇ ئارىلىقىدىكى ھاۋا يولىنىلا ساقلاپ قالدى.

ئاخەۋەرلەشمەش ئىشلىرى جەھەتتە. «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن بۇرۇن، شىنجاڭدا ئىككى ئورۇندا ئۇزۇن دولقۇنلۇق تېلېگراف ئىستانسىسى بار ئىدى، سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، ئىشلەتكىلى بولىدىغان پەقەت بىرلا قىسقا دولقۇنلۇق تېلېگراف ئىستانسىسى قېپقالغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىنى شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىنىڭ تېخنىكلىرى تۈزەپ بەرگەندىن كېيىن، تيەنجىن بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلاشقىلى بولىدىغان بولدى، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تېلېگراممىلىرىمۇ كۈن ئۆتكۈزۈپ تېگىدىغان بولدى. 1934 - يىلى قاتناش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. 1936 - يىلىغا كەلگەندە ئورۇمچىدە 28 ئورۇن بىلەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفونىدا سۆزلەشكىلى بولىدىغان بولدى.

مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتتە، «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلاپ، ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى دەرسلىك ماتېرىياللار سېتىۋېلىندى ۋە تەرجىمە قىلىندى. ئىجتىمائىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. 1936 - يىلىغا كەلگەندە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە كۆپلىگەن ناھىيىلەردە مىللەتلەر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. مەسىلەن، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى دېيىلگەن) نىڭ قارىمىقىدا ۋىلايەتلىك شۆبە ئۇيۇشما 8 گە، ناھىيىلىك شۆبە ئۇيۇشما 41 گە، يې-

زىلىق ياچېيكا 23 كە يەتتى؛ قازاق - قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىلىپ قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسى دېيىلگەن) نىڭ قارىمىقىدا ۋىلايەتلىك شۆبە ئۇيۇشما 5 كە، ناھىيىلىك شۆبە ئۇيۇشما 8 گە يەتتى، ۋەھاكازالار. بۇ مەزگىلدە، مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىدىمۇ كۆپىيىش ۋە تەرەققىياتلار بولدى. 1935 - يىلى روسچە سىياسىي - قانۇن تېخنىكۇمى ئاساسىدا شىنجاڭ شۆيۈەنى (ئەينى چاغدا دارىلفۇنۇن دەپ ئاتالغان — ت) قۇرۇلدى. بۇ، شىنجاڭدىكى تۇنجى ئالىي مەكتەپ ئىدى. 1934 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق مىللەت ياشلىرىنى سىياسىي، ئىقتىساد، قانۇن ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، يىڭچە تىبابەتچىلىك قاتارلىق پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئارقا - ئارقىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتتى. ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلار تەخمىنەن 200 — 300 كىشىگە يەتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

ئاخباراتچىلىق ئىشلىرى جەھەتتە، 1936 - يىل 4 - ئايدا، «تىيانشان گېزىتى» «شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلدى ھەم ئۇيغۇرچە نەشرىمۇ چىقىدىغان بولدى. بۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىدىكى گېزىتلەرمۇ ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى - كېيىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

ھەربىي ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئاخبارات ئىشلىرى جەھەتتە، ئارمىيە تەرتىپكە سېلىندى ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرىدىمۇ يۈرۈشلەشكەن ئاشكارا ۋە مەخپىي ئاخبارات ئورگانلىرى قۇرۇلدى.

ئالدى بىلەن، ئارمىيە تەرتىپكە سېلىندى ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. چېكرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ قارمىقىدا، مەخسۇس «شىنجاڭ قوروقلۇق ئارمىيىسى ئىنقىلاش-تەرتىپكە سېلىش كومىتېتى» قۇرۇلدى ۋە بۇ كومىتېت گۇرۇپپىلار بويىچە ئارمىيىنىڭ ئادەم سانى، سۈپىتى، قورال-جابدۇقلىرىنى ئىنقىلاش ئىشىنى ئېلىپ باردى ۋە قىسقارتىلغان خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئىنقىلاش، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، 1934-يىلى قىش پەسلىگە كەلگەندە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچ 12 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، شېڭ شىسەي-ماجۇڭيىڭ ئۇرۇشى مەزگىلىدىكىدىن يېرىم ھەسسە ئازايتىلدى.

دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي ئىشلارغا بولغان قوماندانلىقىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي پۈتۈن شىنجاڭنى 11 ھەربىي رايونغا ئايرىدى، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ۋالىيلارنىڭ ھەربىي ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ، ھەربىي ھوقۇقنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈردى. شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىنى ئىنقىلاش-تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىۋەتتى. ئىنقىلانغان ۋە تەرتىپكە سېلىنغان ئارمىيە ئاساسەن ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلىدىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قورال-جابدۇقلىرى خىل بولغان قىسىملارنى شېڭ شىسەي ئۆز يېقىنلىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملار شېڭ شىسەينىڭ 4-ئىنىسى شېڭ شىچى تۈەنجاڭلىقىدىكى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ قوغدىغۇچى تۈەنى، يۇدېشىڭ تۈەنجاڭلىقىدىكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇداپىئە ئەترىتى ۋە شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىدىن تەشكىل قىلىنغان لىيۇجېڭشىن تۈەنجاڭلىقىدىكى تەلىم-

تەربىيە تۈمەنىدىن تەركىب تاپتى، بۇ ئۈچ تۈمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى جەمئىي 3300 كىشى ئەتراپىدا بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى. ئىلىدىكى قىسىملار شېڭ شىسەينىڭ قېيىن ئاتىسى، ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارى، قوشۇمچە ئىلى گارنىزونىنىڭ قوماندانى چيۇ زۇڭجۈننىڭ قولىدا بولۇپ، ئەسكىرىي كۈچى 1100 كىشىدىن ئارتۇق ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچلەر ئاساسەن قەشقەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، قەشقەر گارنىزونىنىڭ قوماندانى ليۇبىننىڭ قولىدا ئىدى، ھەربىي ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ سانى 3300 دىن ئاشاتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، شېڭ شىسەي يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەربىي كادىرلار كۇرسى ۋە ھەربىي مەكتەپلەرنى ئاچتى. 1933 - يىلى كۈزدە ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى قۇرۇلدى. 1934 - يىلى، شىنجاڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپى ئوقۇش باشلىدى، شۇ يىلى قىشتا ساقچى مەكتىپى قۇرۇلدى. ھەربىي دەرسلىك ۋە مەشق پىلانلىرى بىردەك سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلدى، پىيادە، ئاتلىق، توپچى ۋە قۇرۇلۇش قىسىملىرىنىڭ مەشق نىزاملىرىمۇ سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تەقلىدى بويىچە ئىشلەپ بېرىلدى.

ئۇنىڭدىن قالسا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئاخبارات ئورگانلىرى قۇرۇلدى. بۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى بويىچە ئاشكارا ۋە مەخپىي ھالدىكى يېرۋۇشلەشكەن ئاخبارات تەشكىلاتى ئىدى، ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان ئاخبارات تەشكىلاتى رازۋېتكا ئەترىتى بولدى. ئۇ 1934 - يىلى 3 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا شېڭ شىسەي بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق

ۋەزىپىسى ھەرقايسى نازارەت، باشقارما، ئورگان، مەكتەپ، قوشۇن قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ھۆكۈمەتكە نارازىلىق بىلدۈرىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرنى رازۋېتكا قىلىش ئىدى. ئۇنىڭ رازۋېتكا قىلىدىغان دۈشمەن ئوبيېكتى: بىرىنچىدىن، شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلىرى؛ ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ خادىملىرى ۋە كونسۇلخانا بىلەن ئالاقىسى بار كىشىلەر ئىدى. شۇ يىلى 6 - ئايدا دۇبەن مەھكىمىسىدە رېۋىزىيە باشقارمىسى قۇرۇلدى، 8 - ئايدا دۇبەن مەھكىمىسى رېۋىزىيە باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ سىياسىي رېۋىزىيە باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى، شىڭ شىسەي قوشۇمچە ئىدارە باشلىقى بولدى. 10 - ئايدا بۇ ئىدارە شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى ۋە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئۇنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلدى. 1935 - يىلى 5 - ئايغا كەلگەندە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاساسلىق شەھەر ۋە رايونلارنىڭ ھەممىسىدە، ئارقا - ئارقىدىن بۇ ئىدارىنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلۇپ، رازۋېتكا، ئاخبارات سىستېمىسى تېخىمۇ كېڭەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن، ۋالىي مەھكىمىلىرى ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى قاتتىق رازۋېتكا ۋە نازارەت قىلىنىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 1935 - يىلى يازدا، دۇبەن مەھكىمىسىدە سىياسىي تەلىم - تەربىيە باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى قىسىملاردىكى ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتى رازۋېتكا قىلىنىدىغان بولدى. 1936 - يىلى 5 - ئايدا، شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسى شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئامانلىق ساقلاش شۆبە ئىدارىلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىگە ئۆزگەرتىلدى.

مۇھىم يېزا-كەنتلەر ۋە يايلاقلاردا جامائەت خەۋپسىزلىكى پەيچۇسلىرى تەسىس قىلىنىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، شېڭ شىسەي 1936-يىلى شىنجاڭدا يەنە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قۇرۇپ، شىنجاڭغا قوشنا بولغان ئۆلكە ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئاخباراتلىرىنى مەخسۇس توپلىدى. بۇ ئىش ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چىگىش-مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەتنى بىر تەرەپ قىلىشىغا، ھەم شېڭ شىسەينىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشىگە ياردەم بەردى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شېڭ شىسەي بۇ ئورگانغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، شېڭ شىسەي بۇ ئورگاننىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ قارمىقىدا ئەمەس، بەلكى شېڭ شىسەينىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى ئاستىدا بولدى.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە ئاخبارات پونكىتلىرى، ئاخبارات نۇقتىلىرى تەسىس قىلىنىپلا قالماي، لەنجۇ، سۇجۇ، شىئەن قاتارلىق جايلاردىمۇ ئاخبارات پونكىتى، ئاخبارات نۇقتىلىرى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە يېڭى دېھلى، بېنگال، كالكوتتا، كەشمىر، كانجۇت، كابۇل قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئاخبارات توپلىدى.

پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن بۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئاخبارات ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ كۆز-قۇلاقلىرى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ھەربىي، دىپلوماتىيە، تەشكىلات، مەدەنىيەت ساھەلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ۋە خەلق ئىچىگە پۈتۈنلەي دېگۈدەك سىڭىپ كىرىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم قورالى بولدى.

بۇ بابتىن قىسقىچە خۇلاسە: XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX

ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، روسىيە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ شىنجاڭغا ئۈزلۈكسىز سىڭىپ كىرىشى ۋە كېڭىيىشى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كۈنسېرى چىرىكلىشىشى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭدا پارتىلىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشىدۇر. سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىك قىلغان شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلىرىدا غەلىبىگە ئېرىشىشى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭدا پارتلىشىغا تۈرتكە بولغان بىۋاسىتە سەۋەبتۇر. قوزغىلاڭ تۇغى ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىدە كۆتۈرۈلدى، ئاندىن ئىنقىلاب ئىلىدا داۋاملىشىپ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى ۋە ۋاقىتىنچە غەلىبىگە ئېرىشتى. شىنخەي ئىنقىلابى يەنە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى بىر قاتار قوزغىلاڭ ۋە كۈرەشلەرنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقلىرى 1912 - يىلى قۇمۇل، تۇرپاندا كۆتۈرۈلگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ چىرا يېزىسى خەلقىنىڭ روسىيىگە قارشى كۈرىشى؛ پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا تارالغان گېلاۋخۇي تەشكىلاتىنىڭ فېئودال ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈش كۈرەشلىرى؛ 1913 - يىلى ئەتىيازدا ئىلى شىبە كۈرەسىدە كۆتۈرۈلگەن فېئوداللىزمغا قارشى كۈرەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شىنجاڭدىكى بۇ قوزغىلاڭ ۋە كۈرەشلەر شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولدى.

يالڭ زېڭشىن يولغا قويغان بىر قاتار سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت سىياسەتلىرى ھەم تارىخ ئېقىمىغا ئۇيغۇنلىشىپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا پايدا يەتكۈزدى، ھەم خەلقنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرغان، سىنىپىي ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ

كەسكىنلەشتۈرگەن ئامىل بولدى. شىمالدىي مىلىتارىستلار ھۆ-
كۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتتە چوڭ
ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن پەيتتە، شىنجاڭدا «7 - ئىيۇل ۋەقەسى»
يۈز بەردى.

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئۈچ يىل ۋاقىت
ئىچىدە، قۇمۇل قوزغىلىڭى ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى
تۈپەيلىدىن، پۈتۈن شىنجاڭدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى يۈز
بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مىلىتارىست شېڭ شىسەي «12-ئاپ-
رېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دە شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق
ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى. ئەمما ئۇ يەنىلا جىددىي
ھەربىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىت-
تىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ پۇرسەت ۋە شارائىتى ھەم يار-
دىمىگە تايىنىپ، رەقىبلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى
بىرلىككە كەلتۈردى.

شېڭ شىسەي 1935 - يىلى «جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر
باراۋەر بولۇش، پاك - دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش،
قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» قاتارلىق «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»-
نى ئوتتۇرىغا قويدى، 1936 - يىلى ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ،
شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇيۇشىنىڭ يېڭى-
نىدا ئېلان قىلدى. شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»-
نى يولغا قويۇشى، شۈبھىسىزكى، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئور-
نىنى مۇستەھكەمكەش ئۈچۈن ئىدى. ئەمما «ئالتە بۈيۈك
سىياسەت» ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.
ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇشىنىڭ
سىياسىي ئاساسى بولۇپ قالدى.

## ئۆگىنىش ۋە مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن چاررۇسىيە شىنجاڭغا قارىتا قانداق تاجاۋۇزچىلىق ئېلىپ باردى؟

2. ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرى ۋە ئۇنىڭ مەغلۇب بولۇشىدىكى سەۋەبلەر نېمىدىن ئىبارەت؟

3. شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۆرەشلەردە قانداق ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلدى؟

4. ياڭ زېڭشىنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 17 يىل جەريانىدىكى ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتلىرىنى تەھلىل قىلىڭ ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىڭ.

5. «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

# X باب ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى شىنجاڭ

1937 - يىل 7 - ئايدىن 1945 - يىل 8 - ئايغىچە بولغان دەۋر — جۇڭگو خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئۇرۇش ئېلىپ بارغان دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردىكى ئاساسىي زىددىيەت — جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىلەن ياپون جاھانگىرلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي كۈرىشى دەل مۇشۇ دەۋردىكى مەركىزىي ۋەزىپە ئىدى. شۇڭلاشقا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھەمكارلىشىشنى ئاساس قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ تېزدىن ھاسىل بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بىردەك ئاتلىنىدىغان يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ ۋەتەن بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ھەر خىل ئىمكانىيەت ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ ئۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

## 18. شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ شەكىللىنىشى

### 1. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۈرىشىگە ئەزەلدىن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدىلا بەزى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ھاۋالىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشكىللىك، پىلانلىق تۈردە كوممۇنىستلارنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىشى 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ ئورناتقاندىن كېيىن باشلانغان.

1936 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ 1 -، 2 -، 4 - يۆنىلىش ئارمىيىلىرى گەنسۇنىڭ خۇيىنىڭ دېگەن يېرىدە غەلىبىلىك ئۇچراشتى. مەملىكەت بويىچە قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۈچ چوڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ ئۇچرىشىشى قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپىرىنىڭ غەلىبىلىك تاماملانغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، غەربىي شىمال رايونىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەزىيەت يارىتىش، نىڭشيا ۋە گەنسۇنىڭ غەربىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار

كومىتېتى قىزىل ئارمىيە 4 - يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى بىلەن قىزىل ئارمىيە 1 - يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ 5 - جۈنىدىن تەركىب تاپقان جەمئىي 21 مىڭ 800 دىن ئارتۇق كىشىنى خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنى تەشكىل قىلىپ، خېشى كارىدورىغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، خېشى بازىسىنى قۇرۇشقا بۇيرۇدى. چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ رەئىيسى ما بۇفاڭ، خېشى كارىدورى دوبەنى ما بۇچىڭ غەربىي شىمالدىكى چوڭ - كىچىك مىلىتارىستلارنى بىرلەشتۈرۈش، ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى مىنتۇەن قوراللىق كۈچىنى توپلاش ئارقىلىق 100 مىڭدىن كۆپ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، ئارمىيىمىزنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىنى توسماقچى بولدى.

غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى «خەلقئارا يولنى ئېچىش»، «بىرىنچى يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ دىكشىيانى ئارتىۋېلىشىغا ماسلىشىش» شۇئارىنىڭ ئىلھامىدا، قوغلاۋاتقان، قورشاۋاتقان، توسۇۋاتقان دۈشمەنلەر بىلەن قانلىق جەڭ قىلىش جەريانىدا غەربكە ئىلگىرىلىدى. 1937 - يىلى 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مۇھاسىرىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ چىقىپ لى يۈەنكۇ، كاڭ لوكېي دېگەن جايغا كەلگەندە ئاران 2800 دىن ئارتۇق ئادىمى قېلىپ، ھەممىسى چى لىيەنشەن تېغىغا چېكىندى، نەتىجىدە، غەربكە يۈرۈش قىلىش پىلانى تامامەن مەغلۇپ بولدى. 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي سىياسىي كومىتېتى شى ۋۇ تېغىدا شى، تۆۋەندىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنى ئېچىپ مۇنداق قارار قىلدى: «غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى ئۈچ ئارماق ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، ئۆز ئورنىدا پارتىزانلىق قىلسۇن؛ تەخمىنەن بەش ليەن پىيادە، ئاتلىق ئەسكەردىن تەركىب تاپقان بىر يۆنىلىش قوشۇنىغا ۋاڭ شۇشېڭ قوماندانلىق قىلسۇن، پارتىدارلار ۋە ئاياللار، باللار بولۇپ

1000 دىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر يۆنىلىش قوشۇنغا جاڭ زوڭ قوماندانلىق قىلسۇن؛ 30-جۈندىن ئېشىپ قالغان بەش ياڭ ۋە باش شتابقا بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1000 دىن ئارتۇق ئادەمدىن تەركىب تاپقان بىر يۆنىلىش قوشۇنغا لى شيەننيەن، چېڭ شىيېلەر قوماندانلىق قىلسۇن؛ لى شيەننيەن، لى جورەن، لى تيې، زېڭ چۈەنليۇ، ۋاڭ شۇشېڭ، چېڭ شىيې، خۇڭچاۋ، شيۇڭ گوبىڭ قاتارلىق يولداشلاردىن غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلۇپ، قوشۇنغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلسۇن. ھەربىي ئىشلارغا لى شيەننيەن رەھبەرلىك قىلسۇن؛ سىياسىي ئىشلارغا لى جورەن رەھبەرلىك قىلسۇن.»① بۇ ئۈچ پارتىزان ئەترىتىنىڭ ئىككىسى دۈشمەن تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلدى؛ پەقەت لى شيەننيەن، چېڭ شىيې رەھبەرلىك قىلغان سول قانات ئەترەتلا چىلىيەنشەن تېغىنى بويلاپ غەربكە قاراپ پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ باردى.

3-ئاينىڭ 23-كۈنى بۇ ئەترەت چىڭخەيدىكى بىيېشۇنباۋ دېگەن يەرگە ئورۇنلىشىپ، تېلېگرامما ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئالاقىلاشتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تېلېگرامما ئارقىلىق «بىردەك ئىتتىپاق قىلىشىپ، كۈچنى ساقلاپ، شىنجاڭ ياكى موڭغۇلىيىگە قاراپ ئىلگىرىلەڭلار، ئامال قىلىپ شىنجاڭغا بېرىڭلار، چېن يۈن بىلەن تېڭ دەيىۋەنلەرنى كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتتىمىز» دەپ يوليورۇق بەردى. بۇ قوشۇن مەركەزگە جاۋابەن تېلېگرام بېرىپ، شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈش قىلىشنى قارار

① [illegible] يىلى 10-ئاي [illegible] ئازادلىق ئارمىيىسى نەشرىياتى، 335-بەت.

قىلغانلىقىنى ۋاقىپلاندۇردى. 4-ئاينىڭ 7-كۈنى جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى، ھەربىي كوم-
ىتېت پىرىزىدىئومى تېلېگراممىا ئارقىلىق غەربىي يۆنىلىش ئار-
مىيىسى خىزمەت كومىتېتىغا: «سىلەر شىنجاڭغا بارساڭلار
بولىدۇ، بىز شىنجاڭغا، ئۇلارغا بىر ئامال قىلىپ ياردەم قىلىڭ-
لار ۋە كۈتۈۋېلىڭلار دەپ تېلېگراممىا بەردۇق» دەپ يوليو-
رۇق بەردى. غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ بۇ قوشۇندىن
قېپقالغان قوماندان-جەڭچىلەر ئىنتايىن جاپالىق جەڭلەرنى
باشتىن كەچۈرۈپ، 1937-يىلى 4-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن
30-كۈنىگىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شىڭشىياغا يېتىپ
كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى چېن يۈن، تېڭ
دەيىۋەنلەرنىڭ كۈچىشى ئارقىسىدا، شېڭ شىسەي غەربىي
يۆنىلىش ئارمىيىسىدىن قېپقالغان قوشۇننىڭ شىنجاڭغا كىر-
ىشىگە ئاران ماقۇل بولدى. 5-ئاينىڭ 1-كۈنى چېن يۈن
قاتارلىقلار 40 ئاپتوموبىلدا ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەك،
قورال-ياراغ ۋە دورىلارنى ئېلىپ شىڭشىياغا باردى ۋە
غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىدىكى يولداشلارنى قارشى ئېلىش
يىغىنى ئېچىپ، «1-ماي» خەلقارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى
بىرلىكتە خاتىرىلىدى. 5-ئاينىڭ 7-كۈنى غەربىي يۆنىلىش
ئارمىيىسىنىڭ سول قول تارماق ئەترىتىدىكى 400 دىن كۆپ
قوماندان-جەڭچىلەر چېن يۈن ۋە تېڭ دەيىۋەننىڭ يېتەكچى-
لىكىدە ئاپتوموبىل بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە
ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلاردىن غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى
باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لى جورەن، باش سەنمۇ-
جاڭى لى تې، 30-جۈننىڭ سىياسىي كومىسسارى لى
شيەنىيەن، 30-بۈننىڭ جۈنجاڭى چېڭ شىسەي، سىياسىي

بۆلۈم مۇدىرى لى تيەنخۇەن، قىزىل ئارمىيە 5 - جۈننىڭ سىياسىي كومىسسارى خۇاڭ چاۋ، قىزىل ئارمىيە 9 - جۈنتۇەننىڭ سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى خۇاڭ خوچىڭ قاتارلىقلار بار ئىدى. غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى سول قانات تارماق ئەترىتىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ سول قانات تارماق ئەترىتى ئۈرۈمچىگە كىرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال چوڭ كۆۋرۈك باغچىسى يېنىدىكى قۇشن يىپ ئىگىرىش زاۋۇتىنىڭ ئورنىدا تۇردى، كېيىن دۇڭمەن سىرتىدىكى گازارما (ھازىرقى بەشيۈلتۈز كوچىسى)غە يۆتكىلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ سىرتقا قارىتا «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» دەپ ئاتالدى. چېن يۈن، تېڭ دەيۈەنلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن تۇنجى پارتىيە ۋەكىللىرى ئىدى. ئۇلار «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى»دا تۇرۇپ، شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىك سەپ تۈزۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى، ھەم «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى»غا رەھبەرلىك قىلدى. 5 - ئايدا «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» باش تارماق ئەترەتكە ئۆزگەرتىلىپ، قارمىقىدا كادىرلار ئەترىتى بىلەن تۆت چوڭ ئەترەت تەسىس قىلىندى. 1 -، 2 -، 3 - چوڭ ئەترەتتىن 200 دىن كۆپ ئادەم شوپۇرلۇقنى ئۆگەندى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 3 - چوڭ ئەترەت يەنە بىرونېۋىك تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. 4 - چوڭ ئەترەتتىن 100 دىن كۆپ كىشى ھەر خىل زەمبىرەكلەرنى ئىشلىتىشنى ئۆگەندى. كادىرلار ئەترىتى بولسا نۇقتىلىق تۈردە ھەربىي ئىشلار ۋە سىياسىي نەزەرىيە ئۆگەندى. كېيىن يەنە كادىرلار ئەترىتى ئاساسىدا 20 نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان رادىئو كۇرسى ۋە ئۈن نەچ-

چە كىشىدىن تەركىب تاپقان دوختۇرلۇق كۇرسى ئېچىلدى. ئاتلىق قوشۇن قۇرۇش ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلۇپ، يەنە بىر قانچە كىشى مال دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شېڭ شىسەينىڭ مال دوختۇرلۇق يۈنكىتىغا ئەۋەتىلدى. شۇنداق، ئېيتىشقا بولىدۇكى، «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» ئارمىيىمىزنىڭ كۆپ خىل ئەسكىرىي تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىي تېخنىكا مەكتىپى بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا شېڭ شىسەي ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى باشلاپ ماخۇشەنلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۆلۈنمىچىلىك توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا كەتكەچكە، ئۈرۈمچىدە ئەسكىرىي كۈچ قالمىغانىدى. بۇ چاغدا «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» ئۆلكە مەركىزىگە كۆچۈپ كىرىپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش رولىنى ئوينىدى. 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى دېڭ فا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن موسكۋادىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ چېن يۈننىڭ ئورنىدا ئىشلىدى (1938-يىلى 1-ئايدا مەركىزىي كومىتېت دېڭ فانى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىككىنچى پارتىيە ۋەكىلى قىلىپ رەسمىي بەلگىلىگەن) ھەمدە «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى»نىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1938-يىلدىن باشلاپ «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» دىكى بىر قىسىم يولداشلار ئارقا-ئارقىدىن شىنجاڭنىڭ ھەربىي تارماققا، ھۆكۈمەت ۋە مەدەنىيەت تارماقلىرىغا يۆتكەپ ئىشقا قويۇلدى. 1939-يىلدىن 1940-يىلغىچە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، شۇنداقلا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى

«يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» دىكى يولداشلارنىڭ ئۈچ تۆتكۆمگە بۆلۈنۈپ يەنئەنگە قايتىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە بېرىشنى قارار قىلدى.

1936 - يىل 12 - ئايدىكى شىئەن ۋەقەسىنىڭ تىنچ بىر تەرەپ قىلىنىشى جۇڭگو سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. نەتىجىدە گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇش ئاساسەن ئاخىرلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىلدى. 1937 - يىلى 7 - ئىيۇل لۇگوچياۋ ۋەقەسى پارتىلىدى، ياپون جاھانگىرلىرى جۇڭگوغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى ئومۇميۈزلۈك قوزغىدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھايات - ماماتى قىل ئۈستىدە قالغاندا، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھەمكارلىقىنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنى قۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا بىردەك قارشى تۇرۇش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىددىي تەلىپى بولۇپ قالغانىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، گومىنداڭ - كومپارتىيە ھەمكارلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يولىدا ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇئېنلەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەييارلىغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ گومىنداڭ - كومپارتىيە ھەمكارلىقىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدىكى خىتابنامىسى» نى جياڭ جيېشىغا تاپشۇردى. 13 - ئاۋغۇست ۋەقەسىدىن كېيىن ياپون ئارمىيىسى شاڭخەيگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ مەركىزىي رايونىغا ھەم ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەت-

لەرنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە خەۋپ سالدى. 8-ئاينىڭ 14-كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «تاجاۋۇزغا قارشى قوغدىنىش ئۇرۇشى توغرىسىدا بايانات» ئېلان قىلدى. ۋەزىيەت بارغانسېرى جىددىيلەشتى، جياڭ جيېشى قىزىل ئارمىيىنى ئالدىنقى سەپكە يۆتكەپ ياپون ئارمىيىسىنى توسۇشقا ئالدىرىغاچقا، گومىنداڭ-كومپارتىيە سۆھبىتىدە ئىككى تەرەپ شىمالىي شەنشىدىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ 8-يۆنىلىش ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىش، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى بىر قانچە شەھەردە 8-ئارمىيىنىڭ ئىش باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىش، «شىنخۇا گېزىتى» نى نەشر قىلىش قاتارلىق كېلىشىملەرنى تۈزدى. 8-ئاينىڭ 22-كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قىزىل ئارمىيىنى خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ 8-يۆنىلىش ئارمىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتكەنلىكى توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى رەسمىي ئېلان قىلدى. 9-ئاينىڭ 22-كۈنى گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ گومىنداڭ — كومپارتىيە ھەمكارلاشقانلىقىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدىكى خىتاپنامىسى» نى ئېلان قىلدى. 23-كۈنى جياڭ جيېشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ۋە گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ «خىتاپنامىسى» بىلەن جياڭ جيېشى نۇتقىنىڭ ئېلان قىلىنىشى گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ قايتا ھەمكارلاشقانلىقى ھەمدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ رەسمىي شەكىللەنگەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇندىن تارتىپ، 1939-يىل 1-ئايغا قەدەر مەملىكەت بويىچە 8-ئارمىيە

ئىش باشقۇرۇش ئورنىدىن 11 ى ۋە كۈيياڭدا ئالاقە پونـ
كىتىدىن بىرى قۇرۇلدى. 8 - ئارمىيە ئىش باشقۇرۇش ئورۇنـ
لىرىنىڭ ۋەزىپىسى دوست ئارمىيىلەر بىلەن ئالاقە باغلاش،
مال يۆتكەش، توشۇش، كەلگەن كىشىلەرنى كۈتۈۋېلىش، يەر-
لىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قوغداش ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقـ
لىشىش، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال
بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭنى ياپون باسقۇنچىـ
لىرىغا قارشى چوڭ ئارقا سەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىدى.
خەلقئارانىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا
ياردەم بېرىدىغان شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ قاتناش يولىنىڭ
راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىسـ
تىك پارتىيىسى 1937 - يىل 10 - ئايدا، جۇشياۋجۇنى
شىنجاڭغا كېلىپ شېڭ شىسەي بىلەن سۆزلىشىپ،
ئۈرۈمچىدە 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش
باشقۇرۇش ئورنىنى قۇرۇشنى، تىڭ دەيۈەننى 8 -
ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلەشنى
قارار قىلدى، سىرتقا قارىتا ئۇ، نەنلىياڭ «3 - مېھمانخانا» دەپ
ئاتالدى. 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش
ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي
بىرلىك سەپنىڭ رەسمىي شەكىللەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى. 1938 -
يىلىنىڭ بېشىدا شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يەنئەندىن شىنجاڭغا كادىر ئەۋەتىپ
ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. پارتىيىمىز
شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى»
دىكى قوماندان - جەڭچىلەردىن باشقا، شۇ يىل ئىچىدە ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى يەنئەن ھەربىي - سىياسىي داشۆسى ۋە
شىمالىي شەنشى خىزمەتچىلەر مەكتىپىدىن كومپارتىيە ئەزالىـ

رىنى تاللاپ ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتتى، بۇنىڭدىن باشقا، يەنئەندىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ داۋالىنىپ قايتقان بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلار شىنجاڭدىن ئۆتكەندە، شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بىلەن شىنجاڭدا قېلىپ خىزمەت قىلدى. شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان كوممۇنىستلار ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئاخبارات تارماقلىرىنىڭ ۋە ئامما تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ياكى خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى چېن يۈن، تېڭ دەيۈەن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرىغا ئۈنۈملۈك ياردەم بەردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قوزغاپ ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، ئاممىنى تەربىيىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇپ ئىنقىلابنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى.

بىرىنچى، ئاممىغا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، بىر ئەۋلاد ھەر مىللەت ياشلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. 1938 - يىلى كوممۇنىست ۋاڭ شاۋچۈەن (ۋاڭ شياۋچۈن)، لى شياۋپىڭلار تەكلىپ بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، گېزىتخانىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. مەزمۇنىدىن بەت تۈزۈلۈشىگىچە ھەممىنى تەرتىپكە سېلىپ، بۇرۇنقى مىلىتارىست - بيۇروكراتلار كونتروللۇقىدىكى گېزىتنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشىغا ياردەم بېرىش شەرتى ئاستىدا، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى، 8 - ئارمىيىنىڭ ياپون باس-

قۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تۆھپىلىرىنى ھەمدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بازىلاردىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى كۆپلەپ خەۋەر قىلدى. ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرى ۋە تەلىماتلىرىنى قەرەللىك ئېلان قىلىپ تۇردى. كېيىن يەنە سىرتتىكى ئىلغار ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئاخبارات، تارقىتىش تورلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى. غۇلجا، تارباغاتاي، ئاقسۇ، ئالتاي، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا شۆبە گېزىتخانىلار قۇرۇلدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى بېرىش كۈرەشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارغا تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى، ئۇلارغا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت ۋە ئىنقىلابىي نەزەرىيە سۆزلەندى، ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىقتىدارلىق ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى تاللىنىپ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قويۇلدى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە پۇل ۋە قىشلىق كىيىم-كېچەك ئىئانە قىلىش ئاممىۋى ھەرىكىتى قوزغىتىلدى ۋە تەشكىللەندى. ئىچكىرىدىن مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدىكى ئىلغار ۋە داڭدار زاتلار توركۆملەپ تەكلىپ قىلىندى، ئۇلار شىنجاڭغا كېلىپ مائارىپ، گېزىت-ژۇرنالچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. يېڭى تىياتىرلارنى ئويناپ چىقتى، ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئۆگەتتى. جۈملىدىن دۇ جۇڭيۈەن، جاڭ جۇڭشى، ساكۇڭلياۋ، شېن يەنبىڭ، جاۋدەن قاتارلىقلارنىڭ پائالىيىتى نەتىجىسىدە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر ساھەسى، مائارىپ ساھەسىدە ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش كەيپىياتى مىسلىسىز قويۇقلاشتى. كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي تەشۋىقاتى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغاچقا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ زىيالىيلار بىلەن ياش ئەۋلادلارنىڭ

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى كۆپ
ئۆستى. قازاق مىللىتىدىن شەرىپقان باشقۇرغان «يېڭى ئالتاي»
ژۇرنىلى ئىلغار ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلدى، ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى ئۇرۇش توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى خەۋەر قىل-
دى. ئۇيغۇر ئىنقىلابىي شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ دەۋردە
يازغان «جۇڭگو»، «بىز شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى» قاتارلىق
شېئىرلىرىدا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۇلۇغ
ۋەتەننى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھەمدە ۋەتەننىڭ
ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرلارچە كۆرەش قىلغان قەھ-
رىمانلارنى مەدھىيىلەپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇ-
رۇش ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە
قوشتى.

ئىككىنچى، ئىقتىسادىي خىزمەت جەھەتتە، مالىيىنى
تەرتىپكە سالدى، ئىگىلىكنى تەڭشەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى را-
ۋاجلاندۇردى. 1938-يىلى 2-ئاينىڭ 1-كۈنى ماۋزېمىن قا-
تارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا داۋالىنىپ قايتىشىدا شىنجاڭ-
دىن ئۆتكەندى. شۇ چاغدا، شېڭ شىسەينىڭ تەلەپ قىلىشى،
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەس-
تىقى بىلەن ماۋزېمىن شىنجاڭدا قېلىپ خىزمەت قىلدى.
ماۋزېمىن شىنجاڭدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتىنىڭ
مۇئاۋىن نازىرى ۋە مۇۋەققەت مالىيە نازىرى بولۇپ تۇرغان
چاغلاردا، پارتىيە ۋەكىلى دىڭ فانىڭ قوللىشى ئاستىدا
دادىللىق بىلەن مالىيە، پۇل مۇئامىلىسىنى تەرتىپكە سېلىپ،
ئېچىش، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تىرىشىپ يولغا قويدى. ئۇ شېڭ
شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ئىشلىرىدىكى نۇقسانلىرىغا قارى-
تا «ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، باج مەنبەسىنى يې-
تىشتۈرۈش، كىرىمنى كۆپەيتىپ، چىقىمغا كاپالەتلىك قىلىش،

كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىپ، كىرىم بىلەن چىقىمنىڭ بالا-
نىس بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش» فاڭجېنىنى بەلگىلىدى. بۇ
فاڭجېنغا ئاساسەن ئالدى بىلەن يېڭى مالىيە كادىرلىرىنى
يېتىشتۈردى. ئاپپاراتلارنى ئۆزگەرتىپ قۇردى، مالىيە نازارى-
تىنىڭ شتاتىنى قىسقارتىپ خەزىنە قۇردى، ئۆلكىدىن تار-
تىپ ناھىيىلەرگىچە بىر يۈرۈش مالىيە پۇل مۇئامىلە تۈزۈل-
مىسىنى ئورناتتى. 1938-يىلى ئۈرۈمچىدە مالىيە مەكتىپى
ئېچىپ، مالىيە خادىملىرىنى مەخسۇس تەربىيىلىدى. پۇلنىڭ
پاخاللىششىنى توساپ، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ،
خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ماۋزېمىن شېڭ شىسەي-
نى پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشقا ماقۇل كەلتۈرۈپ، سەرلى
بىرلىك قىلغان كونا پۇلنى دوللارغا ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭ پۇلنى
بىرلىككە كەلتۈردى. شىنجاڭ سودا ساھەسىدىكى قېرىنداشلارنىڭ
«سودا ساھەسىدىكى قېرىنداشلارنىڭ يېڭى قەغەز پۇلنى ھىمايە
قىلىش خىتاپنامىسى» دا: «يېڭى قەغەز پۇلنىڭ تارقىتىلىشى
ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا قولغا كەلتۈرگەن بىر
خىل ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتتى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تارىخى-
دىكى پۇل تۈزۈمىنىڭ مىسلىسىز بىرلىككە كەلگەنلىكىنىڭ
يېڭى ئەسىرى» ① دېيىلىدۇ. 1939-يىل 1-ئايدا شىنجاڭ
ئۆلكىلىك بانكىسى تىجارەت بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ھۆ-
كۈمەت باشقۇرۇشىنى ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلىكتە
باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتتى، سودىگەرلەردىن كەڭ تۈردە پاي توپ-
لاپ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى پۇختىلىدى، رەنە
كەسپىنى قانات يايدۇردى، زايوم چېكى سېتىۋېلىشنى يولغا
قويدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئۈچ يىلدىن كۆپرەك جاپالىق

① «شىنجاڭ گېزىتى»، 1939-يىل 1-ئاينىڭ 20-كۈنى.

خىزمەت ئىشلەپ باجنى يېنىكلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمى-
يەت بېرىپ، ۋەيران بولۇپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن ئىگىلىك-
نى ئوبدان رەتكە سالدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىچكى ئۆلكىلەردە مال باھاسى كەينى-
كەينىدىن ئۆرلىدى، ئەمما شىنجاڭدا بىر ئاز مۇقىم بولدى.
ئۇنىڭدىن قالسا، مالىيە ئەھۋالى دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىم
بولغاندىن كېيىنلا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى يەنە ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشقا تۇتۇش قىلىپ، قۇرۇلۇش جەھەتتە بىر مۇنچە
بوشلۇقنى تولدۇردى. شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
يار-يۆلەك بولۇشى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ياردەم قىلى-
شى ئارقىسىدا، 1-، 2- ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنى يولغا
قويدى. بۇ دەۋردە يېزا ئىگىلىك جەھەتتە، ئىلى، تارباغا-
تاي، ئالتاي، كورلا، ئۈرۈمچى قاتارلىق بەش رايوندا بىر-
دىن دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق تەجرىبە مەيدانى قۇرۇلدى،
ئۇلارغا قاراشلىق ناھىيىلەر بىردىن دېھقانچىلىق ماشىنىلى-
رى پونكىتى قۇردى؛ پۈتۈن شىنجاڭدا تۆت ھاۋارايى
ئۆلچەش ئورنى قۇرۇلدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 20 نەچچە
جايدا ئۆستەڭ ئېلىندى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك
تېخنىكا مەكتىپىدىن بىرى قۇرۇلدى. ئورمانچىلىق جەھەت-
تە، ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ مەمۇرىي
رايوندا بىردىن ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ،
ئېپتىدائىي ئورمانلارنى ئېچىش، ئاسراشقا مەسئۇل قىلىندى
ھەمدە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش يولغا قويۇلدى.
چارۋىچىلىق جەھەتتە، شىمالىي شىنجاڭدا تۆت چارۋىچىلىق
ئىدارىسى، 20 ئورۇندا چۆپ ئورۇش پونكىتى قۇرۇلدى؛ شىن-
جاڭ بويىچە 30 ئورۇندا نەسىللىك چارۋا فېرمىسى قۇرۇلۇپ،
كالا، ئات، قوي، قۇشلارنىڭ نەسلى ياخشىلاندى؛ مال دوخ-

تۈرخانىسىدىن سەككىزى، مال دوختۇرلۇق مەكتىپىدىن بىرى قۇرۇلدى؛ بۇ مەزگىلدە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، 1938-يىلىدىكى 5 مىليون 875 مىڭ 477 مودىن 1942-يىلى 9 مىليون 581 مىڭ 232 موغا يەتتى①. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋېلىنغان ھەر خىل يېڭى تېخنىكى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى 105 مىڭغا يەتتى. 1942-يىلى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئون مىليون 135 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. بوز يەر ئېچىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە خەلقنى تەشكىللەپ، ئۆستەڭ سۇ ئامبارلىرى ياسىتىلىپ، ئېتىزلار سۇغىرىلدى. 1942-يىلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۆستەڭلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 35 مىڭ 963 كىلومېتىر بولۇپ، ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي سانى 1578 گە يەتتى. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە، 1942-يىلى پۈتۈن ئۆلكىدىكى چارۋىنىڭ سانى 15 مىليون 1276 تۇياققا يەتتى، ھەر خىل نەسىللىك چارۋىلار (ئات، قوي، كالا، چوشقا) ئون مىڭ 338 تۇياققا يەتتى②. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يۇڭ مەھسۇلاتى ئون مىليون 815 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. ھەر خىل تېرىلەرنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى ئىككى مىليون 700 مىڭدىن ئۈچ مىليون 500 مىڭ پارچىگە يەتتى③. زاۋۇت، كان-كارخانا جەھەتتە، ئەسلىدىكى ئاساسىدىن پايدىلىنىپ، ئىلغار سايمانلار ئىمپورت قىلىنىپ، مايتاغ نېفىت كېنىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلاش ئاساسىدا نېفىتنىڭ كۈنلۈك مەھسۇلاتى 100 تونىنغا يەتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى ۋە

① لى بولىڭ: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى» «يېڭى شىنجاڭ» 1-توم 1-سانىغا بېسىلغان.

② جياڭ بېڭيى: «شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى» 36-بەت.

③ لى بولىڭ: «شىنجاڭنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى»

غۇلجىدا بىردىن ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلدى؛ ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلارنىڭ شىرىكچىلىكىدە ئۈچ ئورۇندا ئوت كۈچى ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. ئىككى ئورۇندا ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى ۋودو پرووۋود شىركىتى-
نى قۇرۇش، تۇدۇڭخابا تۆمۈر زاۋۇتى، ئالتاي ئالتۇن كېنى
ھەمدە تېرە زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى، كۆمۈر ساتائىتى قاتار-
لىقلارمۇ مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلدى.
بۇنىڭدىن سىرت، بۇ مەزگىلدە قاتناش ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى تېز بولدى. ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇميۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ياۋروپاغا قاتنايدىغان مۇھىم يولغا، جۇڭگو-سوۋېت ئىككى قوشنا دۆلەت ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلىدىغان كۆۋرۈككە ئايلاندى. شىنجاڭنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى چوڭ ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە خەلقئارا قاتناش يولىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى سە-
پەرۋەرلىككە كېلىپ، زور مىقداردا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ھەر مىللەت خەلقى «پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىش» مەجبۇرىيىتىنى ئورۇندىدى. تاشيول ياشاشنى تېزلىتىپ، ئۈرۈمچى-ئىلى تاشيولىنى جۇڭگو-سوۋېت چېگرىسىدىكى قورغاسقا يەتكۈزدى. ئۈرۈمچى — قۇمۇل لىنىيىسىنى شىڭ-
شىڭشياغا يەتكۈزۈپ، غەربىي شىمال تاشيولىغا تۇتاشتۇر-
دى. شىنجاڭنىڭ شەرقىدىن غەربىگە كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ تاشيول ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ماددىي بۇيۇملارنى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈپ بېرىشكە كاپا-

لەتلىك قىلىش جەھەتتە غايەت زور رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىغا ئاساسەن، جايلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تاشيول ياساش ۋە كۆۋرۈك سېلىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پۇلى بارلارنىڭ پۇل چىقىرىشىغا، كۈچى بارلارنىڭ ئەمگەك كۈچ چىقىرىشىغا ئىلھام بەردى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق، ماشىنا-سايمان جەھەتتە قوشۇمچە ياردەم بېرىشى ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن دۆربىلجىندىن تارباغاتايغىچە، ئۈرۈمچىدىن قاراشەھەرگىچە، قاراشەھەردىن ئاقسۇغىچە، ئاقسۇدىن قەشقەرغىچە، قەشقەردىن خوتەنگىچە بولغان تاشيوللار ياسالدى.

ترانسپورت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى مەزگىلىدە ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. ھەر قايسى چوڭ يوللار بويىچە ترانسپورت شۆبە ئىدارىلىرى ۋە ترانسپورت بېكەتلىرىدىن 21 ى قۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قوي يۈكىغا 400 دىن كۆپرەك ئاپتوموبىل تېگىشىپ، مال ۋە يولۇچىلار توشۇلدى. ئۈرۈمچى، دۆربىلجىن، تارباغاتاي، شىخو، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش سايمانلىرى ھەمدە ھەر خىل ماشىنا مايلىرى قاتارلىق نەرسىلەر سېتىۋېلىندى. 1-ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى مەزگىلىدە 300 دىن ئارتۇق شوپۇر ۋە مەلىكىلىك ئىشچىلار يېتىشتۈرۈلدى. ئاپتوموبىل يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يەنە تۆگە ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ئات-ئۇلاغ كۈچى ترانسپورتنىڭ تولۇقلىمىسى قىلىندى.

قاتناش قۇرۇلۇشىغا، ترانسپورت ئىشلىرىنى تەرەققىي

قىلدۇرۇشقا ھەمدە ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش ۋە ئاپتوموبىل-
لارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەچكە،
1-ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ 3-يىلىغا كەلگەندە
(1939-يىلى) بۇرۇنقى تۆگە، كالا، ئېشەك قاتارلىقلار ترانس-
پورتنىڭ مۇقىم قورالى قىلىنغان ھالەت ئاساسىي جەھەتتىن
ئۆزگىرىپ، ئاپتوموبىل ئاساسىي ترانسپورت قورالى بولۇپ
قالدى.

شۇنىڭغا ئۇلاپلا، 1939-يىلى 7-ئايدىن 1942-يىلى 6-
ئايغىچە 2-ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى يولغا قويۇلدى.
بۇ پىلاندا «ئەسلىدىكى تاشيوللارنى ياخشىلاش ۋە تاش-
يول تورلىرىنى تولۇقلاش، بارلىق غول يوللارنىڭ يۈزىنى تەك-
شىلەش ھەمدە يول ئاسراش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، بۇنىڭ
بىلەن ترانسپورت سۈرئىتىنى تېزلىتىش، تارماق يوللارنى جىق
كۆپەيتىپ ياساش، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى-
نىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشى ۋە ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش»،
«ترانسپورت باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى كۈچەيتىش، ترانسپورت
ئاپتوموبىللىرىنى باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ ئاپپاراتلىرىنى
كېڭەيتىش، بولۇپمۇ باشقۇرۇش تورلىرى ياخشىلاش ۋە كۆ-
پەيتىپ قۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن قاتناش ترانسپورت ئىشلىرىنى
كۈچەيتىش، كەسپىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ئاپتوموبىل-
لارسانىنى كۆپەيتىپ ھەمدە كونا قۇرۇلۇش ئەسلىھەلەر ۋە ترانسپورت
قوراللىرىنى پىلانلىق تۈردە تەشكىللەپ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ،
ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈلىدىغان تەمىناتلارنىڭ ۋاقتىدا يەت-
كۈزۈلۈشىگە ھەم ئۆلكە ئىچىدىكى تاۋارلار ۋە خام ماتېرىيال-
لارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش» دەپ بەلگى-
لەنگەن. بۇ دەل 2-ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىدىكى قاتناش-
ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىلىرى ئىدى. بۇ قۇ-

رۇلۇش تەرەققىيات پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قاتـ
ناش، قۇرۇلۇشى جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە تاشيول ياساشقا
ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىك قىلىنىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن شىـ
مالىي، جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيوللىرى ياسالدى ۋە رېمونت
قىلىندى. 1942-يىلغا كەلگەندە جەمئىي 3405.5 كىلومېتىر
تاشيول ياساش، 2764 كۆۋرۈك سېلىش ۋەزىپىسى ئورۇنـ
دالدى ①.

2-ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى مەزگىلىدە، پۈتۈن كۈچ
بىلەن شىمالىي، جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيوللىرىنى ياساش
ۋە رېمونت قىلىش، تاشيول تورىنى كېڭەيتىش ئىشلىرى
ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرى زور
كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىلدى. 1942-يىلىنىڭ ئاخىرىغا
كەلگەندە ئۆلكە بويىچە ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ ئاپتومو-
بىللىرى كۆپىيىپ 1100 دىن ئاشتى. 37 ئورۇندا ئاپتومو-
بىل بېكىتى، بەش ئورۇندا رېمونت پونكىتى، ئۈچ ئورۇندا
رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى، تەربىيىلەنگەن بىرىنچى دەرىجىلىك
شوپۇرلار 565 كە، ئاددەتتىكى شوپۇرلار 750 كە، رېمونتچىلار
157 گە يەتتى.

ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ترانسپورت قورالليـ
رى تۆگە، ئۆكۈز، ئات، قېچىر قاتارلىقلارنىڭ يۈك توشۇش
مىقدارى 1-، 2- ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى مەزگىلىدىمۇ
خېلى تەرەققىياتقا ئىگە بولدى ھەمدە بۇرۇنقى تەشكىلسىزلىك
ھالەت ئۆزگەرتىلدى. خۇسۇسىيلار قولىدىكى ۋە ھۆكۈمەت
ئىگىلىكىدىكى ترانسپورت قوراللىرى تامامەن بىرلەشتۈرۈلۈپ
ھەر خىل ترانسپورت كەسپىي تەشكىلاتلىرى ئۆلكىگە ئېلىنـ

① خەن چىڭتاۋ: «بوگۇنكى شىنجاڭ» 1943-يىل گۇبيالا مېركىزىي گېزىت ئىدارىسى نەشر قىلغان.

دى، شۇنىڭ بىلەن ترانسپورت كۈچى زور مىقداردا ئاشۇرۇ-
لۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ 1938-يىلى 3-ئاينىڭ 1-كۈنى-
دىن 1940-يىلى 12-ئايغىچە جۇڭگوغا ياردەمگە بەرگەن
450 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم-
لارنىڭ توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە
300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ئۇرۇشقا لازى-
مىق ماددىي بۇيۇملار بىۋاسىتە، تېز توشۇلدى. بۇنىڭ
بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى
سېپىگە جىددىي ئېھتىياجلىق ئايروپىلان، زەمبىرەك، تانكا
ۋە باشقا قورال-ياراغ، ئوق-دورىلار، ترانسپورت قوراللىرى،
يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى قاتارلىق ھەربىي قورال-جابدۇق
ۋە سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇش مەيدانلىرىغا توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىقى، زاۋۇت، كان،
كارخانىلىرى، قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ ئەسلىگە كې-
لىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھەم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىغە بەخت ياراتتى، ھەم ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ماددىي شارائىت ھازىرلىدى.

ئۈچىنچى، خەلق ئىشلىرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ،
شاڭيۇ-كۆكبېشىلىق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1941-يىلى
ماۋزېمىن خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرى
بولغاندىن كېيىن كۈچلۈك ئىسلاھات ئېلىپ باردى. ئۇ ئال-
دى بىلەن شاڭيۇ-كۆكبېشىلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى.
بۇ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھەم شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت-
لىرىنىڭ ئاساسى ئىدى. 1941-يىلى 11-ئايدا، خەلق ئىش-
لىرى نازارىتى يېڭىچە تۈزۈلگەن «رايون-كەنت
تۈزۈمى تەشكىللىي نىزامنامىسى» دېگەن بەلگىلى-

ملەرگە ئاساسەن دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈپ، ئامما ئى-
چىدە ئىناۋىتى بار، ئادىل ئىش قىلىدىغان، ئاممىنىڭ
مەلپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان كىشىلەرنى رايون، كەنت
باشلىقلىقىغا سايلاش توغرىسىدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ناھىيە-
لەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى. نىزامنامە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن،
«شىنجاڭ گېزىتى»: بۇ رايون-كەنت تۈزۈمى تەشكىلىنىشىنىڭ
يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇق
دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولۇپ،
خەلق ئاممىسى بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى
كۈچەيتتى، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى دەپ كۆرسەتتى.

ئۆتىنچى، مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى كەڭ
قانات يايدۇرۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شېڭ
شىسەي بىلەن بىرلىكسەپ تۈزگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ
مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالا-
ھىدە كۆڭۈل بۆلدى. يولداش چېن يۈن شىنجاڭغا خىزمەتكە
بارىدىغان يولداشلارغا سۆز قىلغاندا، «شېڭ شىسەي شىن-
جاڭغا بېرىپ ئىشلەشكە ئادەم تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، بىز شىن-
جاڭغا بېرىپ مۇھىمى مائارىپ ئىشلىرىنى ئىشلەيمىز» دەپ
كۆرسەتكەن. پارتىيىمىز تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن
يولداشلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مەدەنىيەت-مائارىپ ۋە
ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار ئىدى.
مەدەنىيەت-مائارىپ سېپىدىكى كوممۇنىستلار، بىرىنچىدىن،
شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە «شەكلى مىللىچە بولغان، «ئالتە
بۈيۈك سىياسەت» نى مەزمۇن قىلغان مىللىي مەدەنىيەت-
مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» فاڭجېنىنى تۈزۈپ بەردى.
ئىككىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىنى
ۋە قائىدە-تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىپ ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈپ،

ئىككى يىللىق ئاددىي سىنىپ ۋە بىر يىللىق ئوقۇتقۇچىلار
كۇرسى، يازلىق ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئوقۇتقۇچىلار-
نى تەربىيىلىدى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردى. كوممۇ-
نىستلارنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ مەدەنى-
يەت - مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا،
1942 - يىلغا كەلگەندە ئۆلكە بويىچە 2643 مەكتەپ ئېچىلىپ،
ئوقۇغۇچىلار سانى 271 مىڭ بىر يۈزگە يەتكەن. 1937 - يىلغا
قارىغاندا مەكتەپ 62% كۆپەيگەن، ئوقۇغۇچىلار 1.4 ھەسسە
كۆپەيگەن. بۇرۇن مەكتەپ بولمىغان چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ
مەكتەپ ئېچىلغان. مائارىپ نازارىتى يەنە قىشلىق ئوقۇتۇش
پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشكەن. مەكتەپكە
كىرگەنلەر 1938 - يىلدىكى 6000 كىشىدىن 1940 - يىلى
109 مىڭ كىشىگە يەتكەن. بۇنىڭدىن سىرت يەنە بىرقانچە
قارار ئوقۇش كۇرسى ئېچىلىپ، 1940 - يىلغىچە ھەر مىللەت
كادىر ۋە تېخنىكىلاردىن 2826 كىشى تەربىيىلەندى. 1938 -
يىلى 4 - ئايدا لىن جىلۇ شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئىلمىي مۇدىر-
لىقىغا تەيىنلەندى، ئەمەلىيەتتە مەكتەپنىڭ پۈتۈن خىزمىتىگە
مەسئۇل بولدى. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ روھىنى، «ئىتتىپاق
بولۇش ،جىددىي بولۇش، ساددا بولۇش، روھلۇق بولۇش»
دېگەن تۆت سۆزلۈك مەكتەپ تەلىمىنى بەلگىلەپ بەردى، نەزە-
رىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش، «ئۆگىنىش بىلەن ئىشلە-
شنى بىرلەشتۈرۈش» دىن ئىبارەت ئوقۇتۇش پرىنسىپىنى تە-
شەببۇس قىلدى. مەكتەپ ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇ
شىنجاڭ شۆيۈەنىگە مەكتەپ ناخشىسى ئىجاد قىلىپ بەردى،
بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن «تۇرمۇشتا ئىنقىلابىي-
لىشىش» دېگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ كوممۇنىستلارنى

ۋە ئىلغار زاتلارنى «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيە مەسىلىسى»، «سىياسىي ئىقتىساد» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلغاندىن تاشقىرى، ئۆزى «ھازىرقى زامان جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخى» دەرسىنى ئۆتۈپ، ھەر مىللەت ياشلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىنقىلابىي ئىدىيە ۋە ماركسىزم-لېنىنىزمنى تارقاتتى. شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كۈنى» پائالىيىتى ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش فاڭجېن ۋە ستراتېگىيىلىرى تەشۋىق قىلىندى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ناخشىلار ئۆگىتىلدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى تېما قىلغان درامىلار ئوينالدى. لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار بىلەن ئىلغار زاتلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ شۆيۈەنىدە زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، ئىنقىلابىي جۇشقۇنلۇققا تولغان يېڭى تىپتىكى مەكتەپ بولغانىدى. ئۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئىنقىلابىي تەربىيە ئېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىدا تايانچ كۈچ بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر ياشلىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەر 1938-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مىللىي سىنىپىدا ئوقۇپ، كوممۇنىست لىن جىلۇ ۋە باشقا ئىلغار زاتلارنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان ھەمدە ماركسىزم-لېنىنىزمنى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ، كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەشكىللاتچىلىرى ۋە رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى.

بەشىنچى، چېگرا رايوننى قوغداپ، جاھانگىرلارنىڭ تە-

سىر كۆچىنى تازىلىدى. جۇغراپىيە جەھەتتە شىنجاڭنىڭ تۇتقان
ئورنى مۇھىم بولغاچقا، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر بۇ جايغا
ئىزچىل كۆز تىكىپ كەلگەن. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بۇرۇنلا
قەشقەر ۋە تاشقورغان ئەتراپىدا شىنجاڭنىڭ قول ھۈنەرۋەن-
چىلىك، سودا-سېتىق، بانكا، بازارلىرىغا ئېلىس قولىنى تىقىپ،
ئەپيۇن، قورال-ياراغلارنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ، كەم ئۇچ-
رايدىغان كان مەھسۇلاتلىرىدىن ئالتۇن، قاشتېشى قاتارلىقلار-
نى بۇلاپ، شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇ-
رۇشقا ئۇرۇنغانىدى. ياپونىيىنىڭ پەۋقۇلئاددە خادىملىرى، جا-
سۇسلىرىمۇ شىنجاڭغا ئوغرىلىقچە كىرىپ ئاخبارات توپلاپ،
شىنجاڭنى كۆۋرۈك قىلىپ سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىغا
قورشاپ ھۇجۇم قىلىش خام خىيالىدا بولغان. دېڭ فانىڭ تەك-
لىپىگە بىنائەن، شېڭ شىسەي 1939-يىلى قىشتا تاشقورغان-
دا 500 كىشىلىك مۇداپىئە ئەترىتىنى قۇردى. يېڭى ئەسكەر-
لەر گازارمىسى 4-ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، خۇ جيەن
چېگرا مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولدى. بۇ ئەت-
رەت قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ سەييارە كۆ-
زەتچىلىك قىلىپ، دۆلەت چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتكەن
جاسۇس ۋە ئەپيۇن، قورال ئېلىپ ساتقۇچى جاھانگىر ئۇنسۇر-
لاردىن بىر تۈركۈمنى تۇتۇپ، جاسۇسلۇق تورىنى قولغا چۈ-
شۈردى. بۇ چېگرا مۇداپىئە ئەترىتى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرگە
ماسلىشىپ، ئەنگلىيىنىڭ تاشقورغاندىكى ۋەكالەتەن ئىش
بېجىرىش ئورنىدىكى خادىملارنىڭ ھەممىسىنى قانۇن بويى-
چە چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى، ئەنگلىيىنىڭ ۋەكالەتەن
ئىش بېجىرىش ئورنىنى كۆزدىن يوقاتتى، ئەنگلىيە جاھان-
گىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىدىغان بىر بازىسىنى قو-
مۇرۇپ تاشلىدى. تاشقورغاندا ئەنگلىيە بايرىقى چۈشۈرۈلدى.

## 2. شىنجاڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى ئورنى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش — جۇڭگو ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مىللىي ئازادلىق ئۇرۇش، شۇنداقلا دۇنياۋى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيانقى نۇرغۇن قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشتا بىرىنچى قېتىم تامامەن غەلىبە قازانغان ئۇرۇش بولۇپ، «جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىغا باش ئەگمەيدىغان قەيسەرانە قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى ئىپادىلىدى» ①. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئېلىپ بارغان مۇداپىئە ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى، شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ غەلىبىسى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا شىنجاڭدىكى تۆت مىليون ھەر مىللەت خەلقىمۇ ۋەتەننى سۆيۈش، مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشتەك ئىنقىلابىي روھىنى جارى قىلدۇردى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «ياپونىيە جاھانگىرلىكىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئەركىن، باراۋەر يېڭى جۇڭگو قۇرۇش» ② تەك مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشقا پائال ئاتلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق زور تۆھپە قوشتى.

---

① «ماۋزېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2- توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 558-بەت.

② «ماۋزېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2- توم، 595 - بەت.

(1) شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ كەڭ ئارقا سېپى.

شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا جايلاشقان، زېمىنى كەڭ، كۆپ مىللەتلىك رايون، شۇڭا ئىنتايىن مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە.

شىنجاڭ — ياپون جاھانگىرلىكى ئۆزىنىڭ پۈتۈن دۇنيانى ئىستېلا قىلىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك پىلانىدا بۇرۇندىنلا كۆز تىكىپ كېلىۋاتقان ستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي. ياپون ئالۋاستىلىرى 1931-يىلى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، چاۋشيەندىن پامىرغىچە بولغان نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئارىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىۋاسىتە تۇتىشىدىغان بىر كارىدور بەرپا قىلماقچى بولغانىدى.

«18-سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، گېرمانىيە جاھانگىرلىرىمۇ ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن شىنجاڭغا كىرىپ جاسۇسلۇق ھەرىكىتىنى ھەدەپ ئېلىپ باردى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، گىتلېر فاشىستلىرى 1941-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى ھەمدە 1942-يىلى يازدا «ھەر قانداق چىقىم بولۇشىغا قارىماي ستالىنگرادنى ئېلىش كېرەك» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى، ئۇنىڭ مەقسىتى «نېمىسلارنىڭ جەنۇب تەرەپتىن كېلىپ موسكۋانى قورشىشى ئۈچۈن، شۇنداقلا باكۇ نېفىتلىكىگە، ئىراققا، ھىندىستانغا ئۆتۈشى ھەتتا ياپونلار بىلەن شىنجاڭدا ئۇچرىشىشى ئۈچۈن يول ئېچىشتىن①ئىبارەت ئىدى.

ياپون ئالۋاستىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي

① ئاننا لۇئىزا ستروڭ: «ستالىن دەۋرى»، 137- بەت.

دېڭىز بويىدىكى رايونلىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىسى لىنىيىلىرىنى قامال قىلدى، ئارقىدىن يەنە جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يۈننەن - بېرما تاشيوللىرىنى قامال قىلدى. بو چاغدا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالىرى شىنجاڭ ئارقىلىقلا ئىچكىرىگە توشۇلىدىغان بولغاچقا، شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئەڭ مۇھىم خەلقارالىق قاتناش يولى بولۇپ قالغانىدى. 1937 - يىلى كۈزدە قورغاستىن ئۈرۈمچى ئارقىلىق شىڭشىڭشياغىچە بارىدىغان تاشيولدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە ئاپتوموبىل قاتنىدى. 1938 - يىلى جۇڭگو ئىقتىسادىي كومىتېتى شىنجاڭدا مەخسۇس مەركىزىي ترانسپورت كومىتېتى قۇرۇپ، ئۇنى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇشقا مەسئۇل قىلدى. يەنە شىنجاڭنىڭ ئەرتەي، جىڭ، شىخۇ، ماناس، ئۈرۈمچى، تۇرپان، پىچان، يەتتەقۇدۇق، قۇمۇل، شىڭشىڭشيا قاتارلىق ئون جايدا كۈتۈۋېلىش پونكىتى قۇرۇپ، كېلىپ - كېتىۋاتقان ئاپتوموبىل ئەترەتلىرىنى كۈتۈۋالدى. شىنجاڭ ھۆكۈمىتى 40 ئاپتوموبىل، 5000 ئات - قېچىر، 3500 تۆگە، 2000 چە ھارۋا يىغىپ، ھەر خىل ماددىي ئەشيالارنى توشۇدى. يەنە ھەر مىللەت ئاممىسى - خەلقنى يوللارنى تېزدىن رېمونت قىلىشقا، ماددىي ئەشيالارنى يۆتكەپ بېرىشكە، يوللارنى چارلاپ - قوغداپ، باندىتلارنى، ئىشپىيونلارنى يوقىتىشقا ئۇيۇشتۇردى.

مەلۇماتقا قارىغاندا، 1937 - يىلى 7 - ئايدىن 1938 - يىلى 7 - ئايغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىگە توشۇلغان ھەر خىل ماددىي ئەشيالار 6000 توننىدىن ئاشقان. 1937 - يىلى 10 - ئايدىن 1939 - يىلى 9 - ئايغىچە سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلغان قورال-ياراغلاردىن 985 ئايروپىلان، 82 تانكا، 1300 دىن ئارتۇق زەمبىرەك، 1400 دىن ئارتۇق پىلىموت ۋە زور تۈركۈمدىكى ئوق-دورا، سايمانلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىگە توشۇلغان. 1942-يىلى ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالىرىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى ئارقىلىق ئىچكىرىگە توشۇلغان. 1944-يىلى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالىرى يەنە ھىندىستان، شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىگە توشۇلغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ بايرىقى ئاستىدا، شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم قىلىدىغان مۇھىم ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىسمى-جىسمىغا لايىق كەڭ ئارقا سەپى بولغانىدى.

(2) شىنجاڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش تەشەببۇسىنى قەتئىي ھىمايە قىلدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بەردى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا، شىنجاڭدىكى 4 مىليون ھەرمىللەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ بايرىقى ئاستىدا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەشكىللىشى ۋە تۈرتكىسى ئارقىسىدا، پۇلى بارلار پۇل چىقىرىدىغان، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىدىغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش تەشەببۇسىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان يېڭى ۋەزىيەت مەيدانغا كەلدى.

1936-يىلى 7-ئاينىڭ 14-كۈنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللاپ، يەتتە

ماددىلىق ۋەتەننى قۇتقۇزۇش پروگراممىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى: «1. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە قېرىنداشلار بىلەن بىرنىيەت، بىر مەقسەتتە سەمىمىي ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگونى قۇتقۇزۇش؛ 2. ئىچكى ئۇرۇشنى جەزمەن توختىتىپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ۋە جۇڭگونى پارچىلاشقا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش؛ 3. جۇڭگودىكى ھەرمىللەت، ھەر ساھە قېرىنداشلار بارلىق ۋەتەن خائىنلىرىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش؛ 4. جاھانگىرلارغا قارشى تۇرماسلىق سىياسىتىدىن قەتئىي ۋاز كېچىپ، قاتتىق قول دىپلوماتىيە سىياسىتىنى قوللىنىش؛ 5. چەتئەلنىڭ ئىقتىسادىي تاجاۋۇزىغا ۋە ئەتكەسچىلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش؛ 6. دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىكى ۋە دېھقانچىلىق، سودا-سانائىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ 7. سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، دۇنيادىكى بىزنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرىدىغان مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭگونى مۇنقەرزلىك خەۋپىدىن قۇتقۇزۇش»①.

1941-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى پارتىلىغاندىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش يېرىم يولدا بىكار بولۇپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلدى، دوستلارنى يىغلىتىدىغان، دۈشمەننى كۈلدۈرىدىغان ئىچكى ئۇرۇش قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا تۇراتتى. بۇ چاغدا، شېڭشىسەي ھۆكۈمىتى يېڭى 4-ئارمىيە قوماندانلىرىغا تېلېگرام يوللاپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۆلەت ۋە مىللەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك يەتتە تۈرلۈك ئەڭ جىددىي

① 1936-يىلى 7-ئاينىڭ 14-كۈنى شېڭشىسەينىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يوللىغان تېلېگراممىسى.

ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇلار تۈۋەندىكىچە: «1. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت دۆلەت سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، مۇرەسسەچىلىك-تەسلىمچىلىككە قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە ۋە ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش كېرەك؛ 2. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەرقايسى پارتىيە-گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى، بولۇپمۇ گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى سۈر-كىلىش ۋە ماجىرالارنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەك. دۆلەتنى، مىللەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ئىچكى ئۇرۇش ياكى قوراللىق توقۇنۇشتىن ئىلاجىنىڭ بارىچە ساق-لىنىش لازىم؛ 3. دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەت-كەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلغان قوماندان-لاردىن يې تىڭ جۇنجاڭ قاتارلىق كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى دەرھال قويۇپ بېرىش ھەم ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇتلەق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ 4. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار بىلەن ياپونپەرەس خائىن، تروتسكىچى بان-دىتلارغا قاتتىق زەربە بېرىش لازىم؛ 5. ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ ۋە مۇستەھكەملەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش كۈچلىرىنى كۈچەيتىپ، كەڭ كۆلەمدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلىنىش لازىم؛ 6. پۈتۈن خەلقنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش سىياسىتىنى بەلگىلەش لازىم؛ 7. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى

نى قولغا كەلتۈرۈش، دۆلەت قۇرۇشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئورۇنداش»① ئۈچۈن، چەتنىڭ ياردىمىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، خەلقئارادىكى قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىش لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئاممىنى قوزغاپ، ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بەردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا، شىنجاڭ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ھەممىدىن ئەلا، ھەممە ئىش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بويسۇنۇشى كېرەك» دېيىلگەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ روھى بويىچە، ئىتتىپاقلىشىپ غەلىبە قىلىش زايۇمىنى ئاكتىپ سېتىۋېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ زور خىراجىتىگە ياردەم بەردى؛ ھەر بىر ناھىيە بىردىن ئايروپىلان ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىگە قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشتى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكنى تېجەش، بار - يوقنى ئايىماي ئىئانە قىلىش ئارقىلىق 10 مىڭ تۇياق جەڭ ئېتى تەقدىم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. ھەر خىل ھال سوراش، ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى جەڭچىلەرنىڭ دۈشمەننى يوقىتىشتا باتۇرلۇق كۆرسىتىشىگە ئىلھام بەردى. ئاقسۇ كوناشەھەردىكى بىر ئۇيغۇر ئايال بىر قېتىمدىلا 10 سەرلىك يامبۇدىن 27 نى تەقدىم قىلغان، قەشقەردە بىر قېرى موماي بىر تالدىن باش تېرىپ توپلىغان

① 1941-يىل 2-ئاينىڭ 5-كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»گە بېسىلغان «دۆبەن قوشۇمچە رەئىسنىڭ يېڭى 4-ئارمىيە قوماندانلىرىغا يوللىغان تېلېگراممىسى».

بىر تاغار بۇغدىينى ئىئانە تەقدىم قىلىش سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىپ تەقدىم قىلغان. يەنە بىر ئۇيغۇر يېتىم بالا ھۆكۈمەتتىن بەرگەن بىر قۇر يېڭى پاختىلىق كىيىمنى چىرايلىق قاتلاپ كېلىپ، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان①. 1941 - يىلىدىكى تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، شىنجاڭدا بىر مىليون يۈەن ئىئانە، 678 مىڭ يۈەندەك پاختىلىق كىيىم ئىئانىسى، 94 مىڭ يۈەندەك نەق پۇل ۋە زەھەرلىك گازدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىئانىسى، يەنە 70 مىڭ يۈەندەك مەخسۇس زەھەرلىك گازدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىئانىسى توپلانغان. يۇقىرىدىكى تۆت خىل ئىئانە پۇلنى قوشقاندا، ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جەمئىي نەق پۇل 2 مىليون يۈەندىن ئاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1939 - يىلى شىنجاڭ يەنە 1 مىليون 525 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ، 10 دانە كۆرەشچى ئايروپىلان سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا «شىنجاڭ» دەپ ئات قويۇپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە تەقدىم قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بەرگەن.

## §28. شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ بۇزۇلۇشى

### 1. شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىلىككە قاراپ مېڭىشى

مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچىلىككە قاراپ بۇرۇلۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي

① «يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈرەش خاتىرىلىرى»دىن، 42-بەت.

بىرلىك سەپنى ئۇچۇقتىن ئۇچۇق بۇزدى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى گومىنداڭ، جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا پۈتۈنلەي ئاتتى. 1942 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شېڭ شىسەي ئادەم ئەۋەتىپ، ئىدىيىسى ئىلغار، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە ئۆتۈشنى ياقلايدىغان ئۆتكىنچى ئىنىسى، ماشىنىلاشقان لۈيىنىڭ لۈيجاڭى شېڭ شىچىنى ئۆلتۈرگۈزدى ھەمدە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، «كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ 12-ئاپرېل توپىلاڭى ئەنزىسى» دېگەننى ئويدۇرۇپ چىقىپ، كوممۇنىستلارنى ۋە ئىلغار زاتلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلدى؛ 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جياڭ جيېشى شىنجاڭنىڭ چوڭچىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى جياڭ يۈەنفۇنى گومىنداڭنىڭ ئۈچ شى ئەسكىرىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈش مەسىلىسى ئۈستىدە شېڭ شىسەي بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى؛ 5 - ئايدا شېڭ شىسەينىڭ بەشىنچى ئىنىسى شېڭ شىجى شېڭ شىسەينىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئايروپىلان بىلەن چوڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشتى ۋە قىممەتلىك سوۋغا تەقدىم قىلدى؛ 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىغا «جانابىڭىز ۋە گومىنداڭنىڭ رەھبەرلىكىنى چىن كۆڭلۈمدىن ھىمايە قىلىمەن، گومىنداڭ بىر قىسمىغا ۋاپا قىلىمەن» دەپ مەكتۇپ يوللىغان.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇشاۋلياڭ ئايروپىلان بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ، جياڭ جيېشىنىڭ شېڭ شىسەيگە بولغان «شاپائىتى»نى يەتكۈزگەن. بۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىغا ئىككىنچى قېتىم مەكتۇپ يوللاپ، «مىننەتدارلىقىنى ۋە بويسۇندىغانلىقىنى» بىلدۈرگەن؛ 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جۇشاۋلياڭ سۇڭ مېيلىڭ ۋە گومىنداڭنىڭ مۇھىم ئەربابلىرى گۇجۇتۇڭ، ۋۇجۇڭشىن، لياڭخەنساۋ قاتارلىقلارغا ھەمراھ بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شېڭ شىسەينى

مەركەزگە بويسۇندۇرۇپ، جىياڭ جيېشى تەرەپكە ئۆتۈشكە قىزىقتۇرغان. شىڭ شىسەيمۇ ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن جىياڭ جيېشىنىڭ ئەتىۋارلىغانلىقىغا قاتتىق سۆيۈنۈپ، كەلگەنلەرنى ئايرودرومغا چىقىپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالغان. سىياسىي جەھەتتە مەخپىي سودىلىشىش نەتىجىسىدە، جىياڭ جيېشى شىڭ شىسەيگە گومىنداڭ مەركىزىي تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك داڭبۇنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، مەركىزىي كومىتېت تەلىم-تەربىيە تۈەنى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇدىرى، مەركىزىي ھەربىي مەكتەپ 9-مەكتەپىنىڭ مۇدىرى، غەربىي شىمال ترانسپورت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 19-جىتۈەنجۈنىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭى قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىنىڭ توققۇز مۇھىم ۋەزىپىسىنى بېرىشكە ۋەدە قىلغان. شىڭ شىسەي قاتتىق مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، «گومىنداڭغا چەكسىز سادىق بولىدىغان، داھىغا مۇتلەق ئىتائەت قىلىدىغان» لىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ جىياڭ جيېشىغا «ئىتائەت قىلىش» «سەمىمىيىتى» نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، 9-ئاينىڭ 17-كۈنى چۈشتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق خادىملىرىنى، جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتقان خادىملار، ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدىكى ئوقۇغۇچىلار، شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن خادىملار، شىنجاڭدا داۋالىنىۋاتقان، ئوقۇۋاتقان خادىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى، باللىرى بولۇپ جەمئىي 164 كىشىنى نەزەربەندكە ئالدى. 1943-يىلى 2-ئايدا، نەزەربەندكە ئېلىنغان كوممۇنىستلارنىڭ ھەممىسىنى تۈرمىگە تاشلىدى. 9-ئاينىڭ 27-كۈنى چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇلارنى تۈرمىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن رەسمىنى چۈشچىگىغا

ئەۋەتىپ، كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن گومىنداڭ - جياڭ
جيېشىدىن مۇكاپات سوردى. شېڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭ-
نىڭ قوينىغا ئاشكارا ئاتقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيە-
گە، خەلقىقە قارشى كەڭ كۆلەمدە جىنايى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ،
كوممۇنىستلارنى، دېموكراتىك زاتلارنى، ھەر مىللەت ئىلغار زاتلىرى
ۋە ياش زىيالىيلىرىنى قولغا ئالدى ۋە ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا، شېڭ شىسەي ئۆزىگە ياردەم بېرىشكە كەلگەن سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى پۈتۈن مەسلىھەتچىلىرىنى، مۇتەخەس-
سىسلىرىنى، تېخنىك خادىملىرىنى ۋە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق
«قىزىل ئارمىيە 8 - تۈەن» نى قايتۇرۇۋەتتى ھەمدە ئەمەل-
يەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى ئۈز-
ۈپ تاشلىدى. ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، كومپارتى-
يىگە قارشى، خەلقىقە قارشى ئىرادىسىنى ۋە ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ
قوينىغا ئېتىپ، جياڭ جيېشىغا بولغان «ساداقىتى» نى ئىپادىلىدى.

سىياسىي پۇرسەتپەرەسلىك قىلىشقا ئۇستا قارا نىيەت
شېڭ شىسەي بۇ قېتىم ئۆزگىنى جايلايمەن دەپ ئۆزى جايلىنىپ
قالدى. ئۇ گومىنداڭنى شىنجاڭغا باشلاپ كىرگەندىن كېيىن،
گومىنداڭ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي،
مەدەنىيەت، دىپلوماتىيە قاتارلىق جەھەتلەردىن شېڭ شىسەينى
ئىسكەنجىگە ئالدى. شېڭ شىسەيمۇ «توپىلاڭ پىلانلاش ئەنزى-
سى» نى دەستەك قىلىپ گومىنداڭغا تاقابىل تۇردى، 1944 -
يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى زور بىر تۈركۈم گومىنداڭ ئەزا-
لىرىنى قولغا ئېلىپ، جياڭ جيېشىغا ئۇلارنى «كومپارتىيىنىڭ
ئىشپىيونلىرى» دەپ مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ
ستالىنغا ياخشىچاق بولۇپ، «تۈۋە قىلىپ باشقىدىن ئادەم بولس-
دىغانلىقى» نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، قولغا ئېلىنغان ئادەملەرنى
«تروتسكىچى» دېدى. شېڭ شىسەي بۇ كونا ھىيلە - مىكىرلىرى

بىلەن ھېچكىمنى ئالدىيالماي، نائىلاج تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. 1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىدى، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ئېلان قىلدى. موڭغۇل - تىبەت كومىتېتىنىڭ باشلىقى ۋۇ جۇڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس قىلىپ تەيىنلىدى. 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدىن چۇڭچىڭدىكى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە ماڭدى. 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» شېڭ شىسەينىڭ «پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەربىي - مۇلكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» نى ئېلان قىلدى، «ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ ئۈچ مەسلەك ئېقىمىغا قوشۇۋېتىلگەنلىكى» نى ئوچۇق جاكارلىدى، شۇ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كۆپلەپ شىنجاڭغا يۆتكىلىپ، ئۈرۈمچى قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى شۇندىن تارتىپ شېڭ شىسەي «شىنجاڭ خانى» لىق تەختىدىن دومىلاپ چۈشتى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

### 2. گومىنداڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىنكى سىياسىي ۋەزىيەت

مىللەتارىست شېڭ شىسەينىڭ ئاشكارا ئارقىغا چېكىنىپ يولىنى ئۆزگەرتىشى گومىنداڭ — جياڭ جيېشىنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىشىنى تېزلەتتى. 1942 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى ۋە زېشاڭنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە خادىمى قىلىپ ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ بارلىق دىپلوماتىيە ئىشـ

لىردىغا مەسئۇل قىلدى. 1942 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى گومىنداڭ 5 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ 217 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا شىڭ شىسەينى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، خۇاڭ رۇجىن، خۇڭ كۈي، جاڭ داتۇڭ، يۈ چېنيىڭ، لىن بويا، جاڭ جىجىلارنى ئىجرائىيە كومىتېت ئەزالىقىغا، خۇاڭ رۇجىننى شۇجىجاڭلىقىغا، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لياڭخەنساۋنى شىنجاڭنىڭ پارتىيە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەيىنلەشنى قارار قىلدى. 1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بارلىق كومىتېت ئەزالىرى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش قەسىمى بەردى. لياڭ خەنساۋ قەسەمگە نازارەتچىلىك قىلدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك داڭبۇسى رەسمىي قايتا قۇرۇلدى، گومىنداڭنىڭ ھەرخىل تەسىر كۈچلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تاشقىندەك شىنجاڭغا ئېقىپ كىردى.

گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك داڭبۇسى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆز ئادەملىرىنى ئاۋۇتۇشقا كىرىشتى. 1943 - يىلى بىر يىل ئىچىدىلا 7200 دىن كۆپرەك پارتىيە ئەزاسى قوبۇل قىلدى، 31 ناھىيىلىك داڭبۇ، 84 چۈيداڭبۇ، 460 چۈيفىنبۇ، 808 گورۇپپا قۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە شىنجاڭدا گومىنداڭ مەركىزىي تەلىم - تەربىيە تۈەنىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇپ، ئاساسەن گومىنداڭ ئۈچۈن ھەرخىل تايانچلارنى ۋە شىنجاڭدا ئىشلەيدىغان ھەربىي - مەمۇرىي خادىملارنى يېتىشتۈردى؛ «ئۈچ مەسىلەك» بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دىن ئىبارەت ئىككى كىتاب ھەمدە ئۆزىنىڭ ئورگان گېزىتى «يېڭى شىنجاڭ» نى ئىدىيىۋى تەشۋىقات قورالى قىلدى.

گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، گومىنداڭنىڭ جۇڭتۇڭ، جۈنتۇڭ ئىشپىيونلىرى تۈركۈملەپ

شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى. 1944 - يىلى جۇ شاۋلياڭ شىنجاڭغا كىرگەندە، جۇنتۇڭ ئىشپىيونى خۇ گوجېن، ليۇ خەندۇڭ قاتارلىقلار بىللە شىنجاڭغا كەلگەن. جۇ شاۋلياڭ دەرھال ساقچى باشقارمىسىنى قايتا تەشكىللەپ، خۇ گوجېننى لى يىڭچىنىڭ ئورنىغا ساقچى باشقارما باشلىقلىقىغا، قوشۇمچە مەركىزىي ساقچى مەكتىپى 3 - شۆبىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ليۇ خەندۇڭنى ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ھەمدە قوشۇمچە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، شىنجاڭ ساقچى تارماقلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى جۇنتۇڭ ئۇنسۇرلىرىغا تۇتقۇزغان. جۇنتۇڭ ئىدارىسى شىنجاڭدا «شىنجاڭ پونكىتى» قۇردى. جۇنتۇڭ كۈچىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن جۇڭتۇڭ سىستېمىسىدىكى شى يۈڭسۇڭ، ياڭ ۋېي قاتارلىقلار «شىنجاڭدا ئالاھىدە جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنى ئېنىقلاپ سوتلاش ئۆمىكى» نامى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى ھەمدە جۇڭتۇڭ ئىشپىيونلۇق ئورگىنىنى قۇردى.

1943 - يىلى 9 - ئايدا گومىنداڭ يەنە 29 - جىتۇەنجۈننى قۇردى. ئۇنىڭغا لى تېجۈن باش قوماندان بولدى، باش قوماندانلىق شتابى جۇ چۈەندە بولدى؛ 1944 - يىلى باش باھاردا 29 - جىتۇەنجۈننىڭ باش شتابى جۇچۈەندىن قۇمۇلغا يۆتكەلدى. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي كۈچى شىنجاڭنى تامامەن كونترول قىلدى. بۇ مەزگىلدە ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ تەسىر كۈچلىرىمۇ گومىنداڭنىڭ ھەرخىل كۈچلىرىگە ئەگىشىپ شىنجاڭغا كىردى. 1943 - يىلى ئامېرىكا ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا تەسىس قىلدى. كىروبو كونسۇل بولدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيەمۇ دىرول كونسۇللۇقىدىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنى تەسىس قىلدى①. ئامېرىكىنىڭ مۇ-

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 - قىسىم، 323 - بەت.

ئاۋۇن زۇڭـتۇڭى ۋاللاسى «تەكشۈرۈش» ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلدى. ئامېرىكىدىكى مونوپول كاپىتالىستلاردىن تەشكىللەنگەن، ئامېرىكا نېفىت تىرەستى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان «جۇڭگو نېفىت شىركىتى» مۇ شىنجاڭدا شۆبە شىركەت قۇردى. 1944 - يىلى ئامېرىكا يەنە غۇلجىدا كونسۇلخانا تەسىس قىلدى.

غايەت زور بيۇروكرات ئاپپاراتلارنىڭ ۋە ھەربىي قوشۇنلارنىڭ چىقىمىنى قامداش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئالۋان - ياساقنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتتى. 1944 - يىلىغا كەلگەندە قانداقتۇر «ھەربىي ئات سېلىقى»، «بەشتىن بىر بېجى»، «نوپۇس بېجى»، «يەم - خەشەك سېلىقى» قاتارلىق بىۋاسىتە باجلار 22 خىلدىن ئېشىپ كەتتى.

مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى قەغەز پۇل تارقىتىشقا مەجبۇر بولدى. 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر تارقاتقان يېڭى پۇل 3 مىليارد يۈەنگە يەتتى، لېكىن ئالتۇن زاپىسى ئاران 50 مىڭ سەر ئىدى، بۇنىڭ بىلەن قەغەز پۇلنىڭ قىممىتى چۈشۈپ پۇل پاخاللىقى ئەۋج ئالدى، مال باھاسى دەھشەت ئۆرلەپ كەتتى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1942 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە گۈرۈچ، ئۇن، گۆش قاتارلىقلارنىڭ باھاسى بەش ھەسسە، قىچا يېغىنىڭ باھاسى تۆت ھەسسە، كۆمۈرنىڭ باھاسى 12 ھەسسە ئۆسكەن.

ئېغىر سىنىپىي زۇلۇم ئاستىدا، ئەڭ بۇرۇن ئويغانغانلار جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بىر تۈركۈم ئىلغار كىشىلەر ئىدى. ئۇلار قۇرغان ھەرخىل شەكىلدىكى مەخپىي ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار، ئاممىغا تەشۋىق قىلىدىغان، ئاممىنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللەيدىغان رەھبەرلىك ئورگىنى بولۇپ قالدى. بۇنداق مەخپىي تەشكىلاتلار شىمالىي شىنجاڭدىمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭـ

دىسۇ بار ئىدى. 1943 - يىلى ئىسھاقبەگ قاتارلىقلار تاشقور-
غاندا «ئازادلىق تەشكىلاتى» قۇرۇپ، خەلق ئاممىسى ئىچىدە
تەشۋىقات، تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى ئىشلەدى، 1944 - يىلى
7 - ئايدا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەر غۇلجىدىمۇ
مەخپىي تۈردە «ئازادلىق تەشكىلاتى» نى قۇردى، تارباغاتاي،
ئۈرۈمچىدىمۇ «ئازادلىق تەشكىلاتى» قۇرۇلدى. بۇ ئىنقىلابىي
تەشكىلاتلارنىڭ بىر قىسىم كۈچ توپلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاممىا
ئارىسىدا مەلۇم ئاساس ياراتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئالتاي قازاق چارۋىچىلىرى قوزغىلىڭى شىڭ شىسەي
ھۆكۈمىتىنىڭ رەھىمسىز ھۆكۈمرانلىقى ئارقىسىدا، 1940 - يىلى
2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاقتېكەبى كۆكتوقايدا 200 — 300 چە
قازاق چارۋىچىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شىڭ شىسەي
ھۆكۈمىتىنىڭ چارۋىچىلارنىڭ قولىدىكى قورال - ياراقلارنى يى-
غىۋالغانلىقىغا قارشى تۇردى؛ 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چىڭگىلىدى-
كى نوغاي مۇئاۋىن ئاقساقالنىڭ باشچىلىقىدا چارۋىچىلار قوراللىق
ئاۋاز قوشتى، ئادەم سانى تېزلا كۆپىيىپ 2000 دىن ئاشتى.
9 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئادەم ئەۋەتىپ سۆھبەت ئۆتكۈز-
دى، چارۋىچىلار قوزغىلىڭى ۋاقتىنچە تىنچىدى.

1941 - يىل 6 - ئايدىن 10 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا
خېلىل تەيجى كۆكتوقايدا چارۋىچىلارنى باشلاپ يەنە بىر قې-
تىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قوزغىلاڭغا 1000 دىن ئارتۇق
ئادەم قاتناشتى، ئۇلار: «يايلاقلىرىمىزنى ئىگىلىۋېلىشقا ۋە ۋەي-
ران قىلىشقا قارشى تۇرىمىز، ھۆكۈمەتنىڭ ئادەم تۇتۇشىغا قار-
شى تۇرىمىز» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەت ئۇلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى مەغلۇپ
بولغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى، 10 - ئاي-
دا قېلىن قار يېغىپ كەتكەنلىكتىن، چارۋىچىلار ئامالسىز تەس-

لىم بولدى، خېلىل تەيجى قولغا ئېلىنىپ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىگە تاشلاندى.

شۇنىڭدىن كېيىن، 1942-، 1943-يىللىرى، قازاق چارۋىچىلار يەنە كەينى-كەينىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 1944-يىلدىن كېيىن، قازاق چارۋىچىلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى پۈتكۈل ئالتاي رايونىنى قاپلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاندى.

### 3. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى

1944-يىلى 9-ئاينىڭ بېشىدا، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق ئىنقىلابىي كۈرەش پارتلىدى. بۇ كۈرەشنى ئاساسەن ئۇيغۇر ۋە قازاق دېھقان-چارۋىچىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بىر تۈركۈم ئىلغار كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى سەۋەبسىز قولغا ئېلىش، چارۋىچىلارنىڭ ماللىرىنى قوغدايدىغان قوراللىرىنى يىغىۋېلىشتەك تۆكتەملىكلىرى ۋە دىنىي جەھەتتىكى يولسىزلىقى خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان بولۇپ، بۇ قوزغىلاڭنىڭ سەۋەبى ئىدى. قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشىغا شۇ جايدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقنى ھۆكۈمەتكە ئات تەقدىم قىلىشقا قىستىغانلىقى بىۋاسىتە سەۋەب بولدى. 1944-يىل 8-، 9-ئايلاردا نىلقا ناھىيىسى ئۇلاستاي تاغلىق رايونىدىكى دېھقان-چارۋىچىلار پاتىخا، ئەكبەر، قۇربان، بايچۇرىن قاتارلىقلارنى يادرو قىلىپ پارتىزان ئەترىتى قۇرۇپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قارشى كۈرەش قىلدى. 10-ئاينىڭ 5-كۈنى پارتىزانلار نىلقا ناھىيىسىنىڭ شەھىرىگە

ئۈچ يۆنىلىشتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ناھىيە شەھىرىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىپ بولدى①.

ئىلقا قوزغىلىڭى غەلىبىسىنىڭ ئىلھامىدا، 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر، قازاق خەلقىدىن تەشكىللەنگەن پارتىزانلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شۇ كۈنى كېچىدە ۋالىي مەھكىمىسى ۋە ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلدى. گومىنداڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋە قالدۇق قىسىملىرى ھەرەمباغ، ھاۋا ئارمىيە مەشىق ئەترىتى ۋە ئايرودرومغا چېكىنىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. شۇ ئەسنادا غۇلجا قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۈيدۈڭ، چاپچال، قورغاس، توققۇزتارا، كۈنەس، تېكەس، بورتالا، ئارشاڭ، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق ناھىيەلەرنى ئىشغال قىلدى. 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرى ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئايرودرومنى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ قالدۇق قىسىملىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. بۇ چاغدا، جىڭ ناھىيەسىدىن باشقا، پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتى قوزغىلاڭچى قوشۇن تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ھەرقايسى جايلاردىكى قوزغىلاڭچى ئامما ۋەكىللىرى غۇلجىدا مەجلىس ئېچىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى، مەجلىستە ئېلىخان تۆرە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە، ھېكىم بەگ غوجا مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. ئېلىخان تۆرە قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بىۋاسىتە رىياسەتچىلىكىدە شۇ كۈنى يەنە توققۇز ماددىلىق ھۆكۈمەت خىتابنامىسى ماقۇللاندى. بۇ خىتابنامىدە نۇرغۇن مۇھىم مەسىلىلەردە، مەسىلەن، دۆلەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى،

① ساۋۋانوۋ زاھىر: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئەھۋاللار توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» 16 - قىسىم، 12 ـ، 13 - بەتلەر.

دىن ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق تەرەپلەردە
ئېغىر خاتالىق بار ئىدى.

1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت
ھەيئىتى ئۆتكەنچى قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، توققۇز ماددىلىق
خىتابنامىگە قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئىككىنچى توققۇز
تۈرلۈك خىتابنامىنى ماقۇللىدى. بىراق ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇر-
غۇن ئاساسلىق خاتا كۆزقاراشلار ساقلىنىپ قېلىۋەردى. بۇ
ئىككى توققۇز ماددىلىق خىتابنامىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالا-
لايمىزكى، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم دىنىي ۋە
فېئودال كۈچلەر ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇل-
لانغان. بۇ قېتىمقى يىغىندا يەنە مونتىزىم قوشۇن تەشكىللەش
لايىھەسى ماقۇللىنىپ، قۇرۇلىدىغان بۇ يېڭى قوشۇننىڭ نامى
مىللىي ئارمىيە دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى
غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي باغچىسىدا تەنتەنىلىك يىغىلىش ۋە
ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈلدى، مىللىي ئارمىيە تۈزۈلمىسى سۈي-
دۈڭ 1 - پولكى، ئىلى 2 - پولكى، كەڭساي 3 - پولكى، ئىلى
تەلىم - تەربىيە 4 - پولكى، تېكەس ئاتلىق 1 - پولكىدىن
ئىبارەت بولدى. مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق
ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلا-
يەتلىرىدىكى گومىنداڭنىڭ ئەسىر كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش
بولدى. 5 - ئايدىن باشلاپ شىمال، ئوتتۇرا، جەنۇبتىن ئىبارەت
ئۈچ يېڭىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىش پىلانى قانات يايدۇرۇلدى.

شىمالىي يېڭىلىشتىكى مىللىي ئارمىيە 5 - ئاينىڭ ئاخىرى
تولى ناھىيىسىنى ئالدى، 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى دۆربىلجىننى
ئالدى، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى چۆچەك ۋە چاغانتوقاينى ئال-
دى، 8 - ئايدا قۇبۇقسار ناھىيە شەھىرىنى ئالدى، 9 - ئايدا
بۇرچىن، قابا، سارسۇمبە (ئالتاي ناھىيىسى) نى ئالدى.

ئوتتۇرا يۈنىلىشتىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ ۋەزىپىسى جىڭ ۋە شىخودىن ئىبارەت مۇھىم ستراتېگىيىلىك جايلارنى تارتىۋېلىش ئىدى. شىخونى گومىنداڭ يېڭى 2 - جۈنىنىڭ جۈنجاڭى شې يېفېڭ ئۆزى ساقلاۋاتاتتى. جىڭنى يېڭى 2 - جۈنىنىڭ 45 - شىسى قوغداۋاتاتتى.

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مىللىي ئارمىيىنىڭ 4000 دىن ئارتۇق ئەسكىرى شىخوغا ھۇجۇم قىلدى. مىللىي ئارمىيە 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىخونى، 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يەنزىخەينى ئىشغال قىلدى ھەمدە جىڭدىن شەرققە قاراپ قاچقان گومىنداڭ قالدۇق قىسىملىرىنى پۈتۈنلەي ئەسىرگە ئالدى. مىللىي ئارمىيە 13 - كۈنى ساندىخوزىنى، 16 - كۈنى يەنە ساۋەننى ئىشغال قىلدى، گومىنداڭ قالدۇق قىسىملىرى ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا چېكىندى ۋە ماناس دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىنىگە ئوت قويۇۋەتتى. ئىككى قوشۇن ماناس دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىركىشىپ تۇردى، ئوتتۇرا يۈنىلىشتىكى ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

جەنۇبىي يۈنىلىشتىكى مىللىي ئارمىيە تىيانشان تېغىنىڭ خەتەرلىك داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ، قاراشەھەر بىلەن ئاقسۇغا تۇقتىلىق ھۇجۇم قىلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قوماندانلىقىدىكى جەنۇبىي يۈنىلىش مىللىي ئارمىيىسى ئاقسۇنى ئىككى قېتىم مۇھاسىرىگە ئالدى، باي ۋە ئاقسۇ كونىشەھەرنى ئىككى قېتىم ئىشغال قىلدى، 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۈرۈمچىدە باشلاندى، ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختىتىش ۋاقىتلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي يۈنىلىشتىكى مىللىي ئارمىيىنى چېكىندۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى، 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جەنۇبىي يۈنىلىشتىكى

پۈتۈن مىللىي ئارمىيە مۇزداۋان ئارقىلىق ئىلىغا قايتىپ كەلدى.

تاشقورغان قوزغىلىڭى. 1943 - يىلى يازدا، ئىسھاقبېك قاتارلىق كىشىلەر تاشقورغاندا «ئازادلىق تەشكىلاتى» ۋە پارتىزانلار ئەترىتى قۇردى. 1944 - يىل 6 - ئايدا، تاشقورغان پارتىزانلىرى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، 10 - ئايدا پارتىزانلار تاشقورغان ناھىيىسىدىكى تاغارما قاراۋۇلخانىنى بىلەن سۇبېشىغا ھۇجۇم قىلدى. 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى پارتىزانلار تاشقورغان ناھىيە بازىرىنى ئالدى ۋە ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت — «تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى» نى قۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئىسھاقبېكنى باش قوماندان قىلىپ بەلگىلىدى ۋە بىر قىسىم مىللىي ئارمىيىنى ياردەمگە ئەۋەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن پارتىزانلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، قەشقەر ۋە يەكەن قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلدى. قىرغىزلار تۇۋەنى قەشقەر بىلەن يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولدى، تاجىكلار تۇۋەنى يەكەن دەرياسىنى بويلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، يەكەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، پوسكام ۋە قاغىلىقنى ئىشغال قىلىشقا ئاتلاندى، پارتىزانلارنىڭ باش قوماندانلىق شتابى تاشقورغانغا شىمالدىن 70 كىلومېتىر كېلىدىغان چىلگۈمبەز دېگەن جايغا ئورۇنلاشتى. گومىنداڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ناھايىتى جىق بولغاچقا، ئىككى يولدىكى پارتىزانلار ئارقا-ئارقىدىن يېڭىلىپ، تاشقورغانغا چېكىندى.

1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تاشقورغان پارتىزانلىرى يەنە قەشقەر ۋە يەكەنگە يۈرۈش قىلدى. 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى پارتىزانلار قاغىلىقنى ئالدى، دۈشمەننىڭ 56 ئادىمىنى يوقاتتى، 20 ئادىمىنى يارىدار قىلدى، 2700 جەڭ ئېتىنى ئولجا ئالدى. 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى پوسكامنى ئالدى، 30 - كۈنى يەنە قاغىلىقنى ئالدى. 1946 - يىلى، ئۈچ ۋىلا-

يەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن، تاشقورغاندا پەقەت بىر لىيەن ئەسكەر قالدۇرۇپ، قالغان ئەسكەرلەرنى تارقىتىۋەتتى. 7-ئايدا، تاشقورغان ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋە ھەربىي-مەمۇرىي ئورگانلار ئارقا-ئارقىدىن بىكار قىلىندى.

مىللىي ئارمىيە ئۈچ لىنىيە بويىنچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، سەركەردە قوشۇنىنى ماناس دەرياسىنىڭ بويىغا ئېلىپ كېلىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىگە دەلمۇدەل تاقاپ قويۇپلا قالماي، بەلكى گومىنداڭنىڭ يەتتە ۋىلايەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىغىمۇ ئېغىر زەربە بەردى. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلىنىش بىلەنلا، بىر تۈركۈم فېئودال يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى بىر مەھەل چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئۇلار پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمنى تەلۋىلەرچە تەرغىپ قىلدى، دىنىي خۇراپاتلىق بىلەن كىشىلەرنى قايمۇقتۇردى، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىدى. ھەتتا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاشكارا ھالدا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى پارچىلىدى، زېمىن پۈتۈنلۈكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش، گومىنداڭنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى ئىنقىلابىنى تۇيۇق يولغا باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقچى بولدى»①.

ئېلىخان تۆرە ئاشۇ بىر تۈركۈم فېئودال يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ۋەكىلىدۇر.

---

① سەيپىدىن ئەزىزى: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ١٥ يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز»، «خەلق گېزىتى» ١٩٥٩-يىل ١١-ئاينىڭ ٦-كۈنى، ٥-بەت.

ياشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ياشلارنى تەربىيىلەپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە خىلمۇخىل ئەكسىيەتچى پىكىر ئېقىملىرىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن، 1945 - يىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ رەئىسلىكىدە خەلقچىل ياشلار ئىتتىپاقى قۇرۇلدى.

ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەشكىلىي جەھەتتە مۇستەھكەم، ئىدىيە جەھەتتە توغرا بولغان بىر ئىجتىمائىي تەشكىلات قۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانلىقتىن، 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ رەئىسلىكىدە خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى قۇرۇلدى. خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىنى ئاساس قىلغانىدى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەققىپەرۋەر كۈچلىرىگە ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ مۇنونوۋ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، دەلىلقان سۇگۇرباييېۋلار ۋەكىللىك قىلاتتى. ئېلىخان تۆرە ئىنقىلابىي قوشۇنىدىن تازىلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىنى تەشكىل قىلدى. ئۇلارنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى شۇ يەردىكى، ئۇلار ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى باتۇرلۇق بىلەن تارمار قىلدى، ئەكسىيەتچى پىكىر ئېقىملىرىغا قاتتىق زەربە بەردى، دۆلەت زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنقىلابنى توغرا يولغا باشلىدى. بولۇپمۇ مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش جەھەتتە ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئىپادىسى ئالاھىدە كۆزۈنەرلىك بولدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بولدى. 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئەخمەتجان

قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار نەنجىڭدە چاقىرىلغان مىللىي قۇرۇلتايغا قاتناشقان مەزگىلدە، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى نەنجىڭ ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مەسئۇلى دۇڭ بىۋۇ بىلەن ئالاقە باغلاپ، يولداش دۇڭ بىۋۇغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، مەركىزىي كومىتېت ئەۋەتكەن مەخسۇس خادىم بىر يۈرۈش رادىئو تېلېگراف قوبۇل قىلىش-تارقىتىش ئاپپاراتىنى ئېلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار بىللە شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلدى.

ماۋجۇشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە ئەھمىيىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ: «سىلەرنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى»① دېگەنىدى.

بۇ بابتىن قىسقىچە خۇلاسە: 1. شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭغا خىزمەت قىلىشقا

① جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى پارتىيە تارىخى خىزمەت كومىتېتى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، 12 - بەت.

ئەۋەتتى. ئۇلار پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسىتى»نى ئىجرا قىلىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى چوڭ ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش، خەلقئارانىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قاتناش يولىنىڭ توسالغۇسىز بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى.

2. شېڭ شىسەيدىن ئىبارەت بۇ مەككار، قارا نىيەت مىلىتارىستنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى 1937-يىلدىن 1942-يىلغىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، مەقسەتلىك ھالدا ئۈچ قېتىم «توپىلاڭ ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى قوغلاپ چىقاردى، دېموكراتىك ئىلغار زاتلارنى ۋە كوممۇنىستلارنى نەزەربەند قىلدى، قولغا ئالدى، ئۆلتۈردى، شىنجاڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سېپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، خەلققە قارشى يولغا ماڭدى.

3. گومىنداڭ (جۈملىدىن شېڭ شىسەي) نىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1944-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايىتىدە پارتلىغان ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا

قارشى قورالـلىق ئىنقىلابىي كۈرىشى ئوبـيېكتىـپ جەھەتـتە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئالدى.

ئۆگىنىش ۋە مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. جۇڭگو كوممۇنىـستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكـى ئىـنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

2. شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابـى ۋە ئۇنىڭ ئەھـمىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

# XI باب ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدىكى شىنجاڭ

1945-يىل 8-ئايدىن 1949-يىل 9-ئايغىچە بولغان ۋاقىت — جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرى. بۇ مەزگىلدىكى ئاساسىي زىددىيەت — جۇڭگو خەلقى بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىدى. كۆرەشتىكى مەركىزىي مەسىلە — قانداق جۇڭگو قۇرۇش مەسىلىسى ئىدى. بۇ مەزگىلدە، گومىنداڭ، جياڭ جيېشى ئوموميۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت — ئاساسىي زىددىيەت ئىدى، شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلۇپ، گومىنداڭ-جياڭ جيېشى پانتۈركىست مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەرنى يۆلەپ تەختكە چىقاردى، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمچىلىق شىنجاڭدا بىر مەھەل غالجىرلاشتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەيلى ئۈچ ۋىلايەت ياكى يەتتە ۋىلايەتتە بولسۇن گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى باتۇرانە، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلدى. بۇ كۆرەش ئاخىر جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ دانا تەدبىرى ۋە غەمخورلۇقى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كۈچ-

قۇدرىتى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ماسلىشىشى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ۋەتەنپەرۋەر گېنېراللارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازادلىققا ئېرىشتۈردى.

## 18 §. شىنجاڭ بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت

### 1. تىنچلىق سۆھبىتى ۋە تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى

1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ۋۇجۇڭشىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئىككىنچى كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى 18 ئاي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش دەۋرى باشلاندى.

1945 - يىلى دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلىش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتقاندا، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دۆلەت ئۇرۇشتىن كېيىنكى گېرمانىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە دۇنيانى يېڭىباشتىن ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە، بىر قاتار باشلىقلار ئۇچرىشىشىنى ئېلىپ باردى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي شىمال، ھەم شىنجاڭنىڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قوللايدىغانلىقىنى ھەمدە مەنىۋى، ھەربىي لازىمەتلىك ۋە باشقا ماددىي ئەشيالا،

جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 10-ئاينىڭ 10-كۈنى چياڭ جيېشى رادىئو نۇتقى سۆزلەپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1945-يىلى 10-ئاينىڭ 14-كۈنى جاڭ جىجوڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ تىنچلىق سۆھبىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. بۇ چاغدا، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىمۇ مۇددەتتىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەنىدى.

سۆھبەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. بىرىنچى باسقۇچلۇق سۆھبەت 1945-يىلى 10-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 1946-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە داۋاملاشتى. بۇ باسقۇچتىكى سۆھبەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىش ئىدى. ئىككىنچى باسقۇچلۇق سۆھبەت 1946-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە داۋاملاشتى، سۆھبەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مىللىي ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش چارىسىنى مۇزاكىرە قىلىش بولدى. سۆھبەت توپتوغرا 140 كۈن داۋاملاشتى. 1946-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ۋە قوشۇمچە 1-ھۆججەت (شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشنىڭ تەشكىلىي چارىسى) ئىمزالاندى، 1946-يىلى 6-ئاينىڭ 6-كۈنى يەنە قوشۇمچە 2-ھۆججەت (ئۆزگىرىش بولغان رايونلاردىكى ئۆزگىرىشكە قاتناشقان قىسىملارنى قايتا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە)

ئىمزالاندى. تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: (1) شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە. ئاۋۋال ناھىيەلىك كېڭەش قۇرۇلۇپ ھاكىم سايلاپ چىقىلىدۇ، ئاندىن ئۆلكەلىك كېڭەش قۇرۇلۇپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سايلاپ چىقىلىدۇ؛ (2) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى 25 كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ، بۇنىڭ 10 نەپىرىنى مەركەز تەيىنلەيدۇ، قالغانلىرى ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىن كۆرسىتىلىپ، مەركەز خىزمەتكە تەيىنلەيدۇ. قوشۇمچە، 1 - ھۆججەتتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسى بەلگىلىنىپ، ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدىن كۆرسىتىلىدىغان 15 نەپەر ئەزا ئىچىدە ئالتە نەپىرى ئۈچ ۋىلايەتتىن كۆرسىتىلىدۇ. بۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىر نەپەر مۇئاۋىن رەئىس، بىر نەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتى ياكى تەمىرات نازارىتىنىڭ بىر نەپەر نازىرى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى ياكى مالىيە نازارىتىنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسى ياكى ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بىر نەپەر مەخسۇس ھەيئەت ئەزاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېيىلگەن؛ (3) ھەر مىللەت خەلقى سۆزلەش، يىغىلىش، مەتبۇئات، دىنغا ئېتىقاد قىلىش، مىللىي تىل - يېزىقىنى قوللىنىش، مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىچكى - تاشقى سودا قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە؛ (4) مىللىي ئارمىيە تەشكىللەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ، مىللىي ئارمىيىنىڭ شتاتى ئۈچ ئاتلىق پولك ۋە ئۈچ پىيادە ئەسكەرلەر پولكىدىن ئىبارەت بولىدۇ، ئومۇمىي ئادەم سانى 12 مىڭدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ①، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە تۇرىدۇ،

---

① «شىنجاڭ ۋەقەسىنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش بىتىمى»، جۇڭگو مىنگونىڭ 35 - يىلى 9 - ئاي، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى باسقان، 3 - بەت.

قوماندانلارنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ كۆرسىتىدۇ؛ (5) ۋەقە ھەل قىلىنىپ ئون كۈن ئىچىدە ھەر ئىككى تەرەپ تۇتقۇن قىلىنغان خادىملارنى ئۆزئارا قويۇپ بېرىدۇ.

«11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» بىلەن ئىككى قوشۇمچە ھۆججەت، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىنى زور دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش خىزمىتى پۈتۈنلەي ئاياغلىشىپ، 7-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭدا بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەسمىي قۇرۇلدى.

### 2. شىنجاڭدا بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى

1946-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭدا بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىندى، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى تۆۋەندىكىچە:

غەربىي شىمال دالا شتابىنىڭ مۇدىرى جاڭ جىجۇڭ (خەنزۇ)، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، رەئىسى بولدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى (ئۇيغۇر) ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

يەتتە ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى بۇرھان شەھىدى (ئۇيغۇر) ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە، مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

مەركەزنىڭ ۋەكىلى ليۇ مېڭچۈن (خەنزۇ) ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە، باش كاتىپ بولدى.

ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ (ئۇيغۇر) مۇئاۋىن باش كاتىپ بولدى.

يەتتە ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى سالىس (قازاق)، مۇئاۋىن باش كاتىپ بولدى.

ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى سەيپىدىن ئەزىزى، ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى.

يەتتە ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى ئېردەنى (موڭغۇل)، ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى دەلىلقان سۇگۇربايوۋ (قازاق)، ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

مەركەزنىڭ ۋەكىلى چۈي ۋۇ (خەنزۇ)، ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى بولدى.

ئىسھاقبېك (قىرغىز)، ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش مۇئاۋىن قوماندانى بولدى.

مەركەزنىڭ ۋەكىلى ۋاڭ زېڭشەن (خۇيزۇ)، ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى.

بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدە مەركەز، ئۈچ ۋىلايەت ۋە يەتتە ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن ۋەزىپە ئۆتىگەنلەردىن يەنە بىرقانچە كىشى بار ئىدى.

جاڭ جىجۇڭ بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا، ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىدىن «جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىك سىياسىي يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش» نى تەلەپ قىلدى①. بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى: «پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەت-

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3-قىسىم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 934-بەت.

نىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش» تىن ئىبارەت دەپ ئوتتۇرىغا قويدى①. ئۇ «كەلگۈسىدە شىنجاڭ ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ، بۇنى چوقۇم يۈزدەيۈز ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقى»نى بىلدۈردى②.

جاڭ جىجۇڭ ھاكىمىيەت باشقۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگە پۈتۈن ئۆلكە بويىچە سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇيرۇق چۈشكەندىن كېيىن، ئۆلكە بويىچە قويۇپ بېرىلگەن سىياسىي مەھبۇسلار مۆلچەرلىنىشىچە، ئۈرۈمچى رايونىدا 253 كىشى، سىرتقى ۋىلايەت-ناھىيىلەردە 135 كىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭدا تۈرمىدە قاماقلىق كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 131 كىشى قويۇپ بېرىلدى③ ھەممە ئۇلار ئۆز لايىقىدا ھەم بىخەتەر ھالدا يەنئەنگە يولغا سېلىپ قويۇلدى.

مال-مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى ئېنىقلاپ ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 7 ماددىلىق «سابىق دۇبەن مەھكىمىسى خەلقتىن مۇسادىرە قىلىۋالغان خەلقنىڭ كۆچمەس مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش چارىسى» ۋە 6 ماددىلىق «كۆچمەس مۈلۈك ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چا-

---

① يۇقىرىقى كىتاب، 840-بەت.

② جاڭ جىجۇڭ: «شىنجاڭنى نۇرلۇق، مەڭگۈلۈك تىنچلىق يولىدا ماڭغۇزۇشنىڭ مۇقەررەر يېرىدىغان دادام يولى» مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) 9-ئاينىڭ 2-كۈنى غۇلجىدىكى ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللىرىگە بېرىلگەن زىياپەتتە سۆزلىگەن تەبرىك سۆزى.

③ «شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاب تارىخى»، 3-قىسىم، ئۈرۈمچى نەشرى، 828-بەت.

رىسى» ئېلان قىلىندى①. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1946-يىلدىكى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، شۇ يىلدىكى باج-سېلىقنى ئازايتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش قارار قىلىندى. شىنجاڭنىڭ ھەر دەرىجىلىك مالىيە راسخوتىغا مەركەز مالىيەسىدىن بېرىلىدىغان ئىقتىسادىي ياردەمدىن باشقا، بىر تەرەپتىن ئىچكى ئۆلكىلەردىن زور مىقداردا چاي، شېكەر، گەزلىمە رەخت ۋە كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى يۆتكەپ كېلىندى، يەنە بىر تەرەپتىن كۆپ مىقداردا قەغەز پۇل تارقىتىلدى، شىنجاڭ شۇ يىلى مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر باج-سېلىقسىز ئۆلكە بولۇپ قالدى.

1946-يىلى 6-ئاينىڭ 25-كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ھەربىي ئىشلار گۇرۇپپىسى قۇردى، بۇ گۇرۇپپا ماناس دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى قىسىملارنى چېكىندۈرۈش ۋە مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى بۇزۇپ تاشلاشقا نازارەتچىلىك قىلدى.

تەشۋىقات-تەرغىبات ھەيئىتى قۇرۇلدى، مۇسۇلمانلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ نىكاھلىنىشى چەكلەندى ۋە خىيانەتچىلەر جازاغا تارتىلدى، قىمار ئويناش ۋە ئەپيۇن چېكىش مەنئى قىلىندى.

شىنجاڭ بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، مەملىكەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدە ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش يۈز بەردى. گومىنداڭ، جياڭ جيېشى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ كۈشكۈرتىشى ۋە قوللىشى ئاستىدا، ۋاپاسىزلىق قىلىپ، «10-ئۆكتەبىر كېلىشىمى» نى يىرتىپ تاشلاپ، ئازاد رايونلارغا غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 3-قىسىم، ئۇيغۇرچە نەشرى، [illegible]

قوزغىدى. شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى بىلەن بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى گومىنداڭ خادىملىرى جياڭ جيېشىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە، تىنچلىق بىتىم ماددىلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئۈزلۈكسىز بۇزغۇنچىلىق قىلدى، بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نورمال خىزمەت قىلىشىغا قەستەن توسقۇنلۇق قىلدى، ھەتتا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يۆلەپ، ئۈچ ۋىلايەت بازىسىغا ھۇجۇم قىلدى.

1946-يىلى 11-ئايدا، جياڭ جيېشى شىنجاڭ گارنىزونى قوماندانى تاۋسىيۆنى يۆتكىۋېتىپ ئورنىغا سۇڭ شىلىيەننى قويدى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنى 40 مىڭ كىشىدىن 100 مىڭ كىشىگە يەتكۈزدى، ئوسمان بىلەن قالىبېكنى قوللاپ ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلدۇردى، ئوسمان بىلەن قالىبېكنىڭ ھەربىي ھەرىكىتىگە دۇچ كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا، 1947-يىلى 2-ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئوسماننى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، دەلىلقان سۇگۇربايۇۋنى ۋالىيلىققا تەيىنلىدى. يەنە ئۈچ ئاتلىق پولكنى ئەۋەتتى، بۇلار مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانى ئىسھاقبېكنىڭ قوماندانلىقىدا ئالتايدىكى ئوسمانغا ھۇجۇم قىلىپ، سارسۇمبىنى ئىشغال قىلىپ، بەيتىل تېغىغا قىستاپ كەلدى.

1947-يىلى باھاردا، گومىنداڭ ئىچىدىكى جاھىللار جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈچلىرىگە قارىتا قوللانغان «ئاجىزانە يول قويۇش» پوزىتسىيىسىگە قارشى تۇرۇپ، سۇڭ شىلىيەننىڭ قاتتىق پوزىتسىيىسىنى قوللىدى. 5-ئاينىڭ 10-كۈنى جاڭ جىجۇڭ جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. 5-ئاينىڭ 21-كۈنى جياڭ جيېشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا پەرۋا

قىلماي، پانتۈركىست مەسئۇدنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە، ئەيسانى باش كاتىپلىققا تەيىنلىدى. پانتۈركىستلار گەرچە 30-يىللاردىن تارتىپ شىنجاڭدا كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەزەلدىن بۇنداق ئۈستۈنلۈك قازىنىپ باقمىغانىدى. بۇ، ئەكسىيەتچى ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ ئەڭ ئەشەددىي ۋەكىلى، جاھانگىرلارنىڭ غالچىلىرى گومىنداڭ ئەنجىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ يۆلىشى ئاستىدا، بىر سەكرەپلا مەملىكەت زېمىنىنىڭ $\frac{1}{6}$ قىسمىنى تەشكىل قىلغان جاينىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى.

گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ مەسئۇد قاتارلىق پانتۈركىستلارنى ئەتىۋارلاپ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى. 1947-يىلى 5-ئايدا، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «گومىنداڭ جاھىللىرى چۈشكۈنلىشىپ، پانتۈركىزمچىلار، بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىر ئېقىندا بولغىنىش دەرىجىسىگە يېتىپ باردى. ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا يول قويىدىغان بولساق، بىزمۇ مەسئۇد قاتارلىقلار بىلەن بىر ئېقىندا بولغىنىپ كېتىمىز. بۇنداق قىلىشقا پارتىيىمىزنىڭ مەيدانى قەتئىي يول قويمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن شۇنداق تەكلىپ بېرىمەنكى، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى مەسئۇد قاتارلىقلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىشى كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا، تىنچلىق بىتىمىدىن ۋاز كەچسەكمۇ كېچىمىزكى، پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، پانتۈركىزمچىلار بىلەن ھەرگىز ھەمكارلاشمايمىز»①.

① سەيپىدىن ئەزىزى: «ۋەتەنگە ئوتتىدىغ بۈركىلۈتتىمەن»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 220-221-بەت.

شۇ يىلى 8 ـ ئايدا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى ئوسماننىڭ ئالتاي ۋىلايىتىدە ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنى قوللىدى.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ھەممىسى غۇلجىغا چېكىندى. 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ، ئۆزلىرىنىڭ پانتۈركىستلار ۋە گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۈزگەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

## 28§. پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنىڭ شىنجاڭدا غالجىرلىشىشى

### 1. پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم

پانئىسلامىزم XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدە پەيدا بولغانىدى.

ئوسمانلىلار ئېلىمىزدىكى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ بىر تارمىقى ئىدى، تۈركلەر ئەسلىدە ھازىرقى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ياشىغان، تارىختا تۈرك خانلىقىنى قۇرغانىدى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي شەرقىي تۈركلەر ۋە غەربىي تۈركلەردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، شەرقىي تۈرك خانلىقى تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى، غەربىي تۈرك خانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن غەربكە قاراپ كۆچتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى سالجۇقىيلار بىلەن ئوسمانلىلاردىن ئىبارەت ئىككى قەبىلە، كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىدا ھاكىمىيەت قۇرغانىدى. XVI ئەسىردە ئوسمانلىلار زېمىنى ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنى ھالقىغان ئوس-

مانلى ئىمپېرىيەسىنى قۇردى. بىراق غەربىي ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ تېزلا زاۋاللىققا يۈزلەندى.

XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، ئۇ غەربىي ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بۆلۈۋېلىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى، ئۇنىڭ زېمىنى پەيدىنپەي تارىيىپ ئىلىكىدە كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى بىلەن بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي بۇرجىكىدىكى كىچىككىنە بىر پارچە زېمىنىلا قالدى، بۇ ئوسمانىلى ئىمپېرىيەسى «سۇلتانى» قوشۇمچە ئىسلام دىنىنىڭ باش ئىمامى — «خەلىپە» ئابدۇلھەمىد II نى ساراسىمىگە سالدى. شۇڭا ئۇ، ئۆز ئىلىدىكى دېموكراتىك سىياسەت ھەرىكىتىنى باستۇرۇپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مەنىۋى دۇنياۋى ھۆكۈمرانلىقنى كۆزلەپ، ھەددەپ پانئىسلامىزمنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ سەردارى بولۇشنى خام خىيال قىلدى. پانئىسلامىزمنىڭ تۈپكى مەزمۇنى — ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت فورمىسىغا قوشۇپ، بىرلىككە كەلگەن ئىسلام دۆلىتى قىلىپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىمۇ بۇ دائىرە ئىچىگە كىرەتتى. شىنجاڭدا پانئىسلامىزمنى تەرغىب قىلغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى سابىت داموللا بىلەن ئىلىخان تۆرە قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. 30 - يىللىرى قەشقەردە قۇرۇلغان قورچاق شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى سابىت دامولla پىلانلاپ چىققان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان ئىلىخان تۆرە، شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭـ

خەيلەردە ئىسلام مۇقەددەس زېمىننى ئاچىمىز دەپ غالجىرلىق بىلەن جار سالغان. قىسقىسى، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان، مەملىكەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھەممىۋاسى پانئىسلامىزمنى ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى قورالى قىلىۋېلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاپ، مىللىي ئۆچمەنلىك، قىرغىنچىلىق قىلىشقا قۇترىتىپ كەلدى. شۇڭا، پانئىسلامىزم ئىنچىل تۈردە شىنجاڭدىكى بىر چوڭ سىياسىي يوشۇرۇن ئاپەت بولۇپ قالدى.

پانتۈركىزم XX ئەسىرنىڭ بېشىدا، تۈركىيەدە باش كۆتۈرۈپ چىققان. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياش تۈركلەر پارتىيىسى بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئابدۇلھەمىد II نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئىمپېرىيىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىش تارىخىي تەقدىرىنى قۇتقۇزۇش، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ شان - شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، ياش تۈركلەر پارتىيىسى پانتۈركىزمنى تەشەببۇس قىلدى. پانتۈركىستلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئورتاق تارىخ ۋە ئورتاق مەدەنىيەتكە ئىگە، شۇڭا بۇ مىللەتلەر بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشى كېرەك دېگەننى تەرغىب قىلدى. شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ رايونى ھەمدە بۇ رايوندا ياشىغۇچى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرمۇ خىيالىي ئويدۇرۇپ چىققان بۇ دۆلەت ئىچىگە كىرگۈزۈلدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، مۇستاپا كامال رەھبەرلىك قىلغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاب غەلىبە قىلىپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. بىراق ئىدىيە جەھەتتە پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم تەنقىد قىلىنمىدى ۋە ئۇنىڭدىن تەلتۆكۈس ھېساب ئېلىنمىدى. ئەكسىچە، پانئىسلامىزم ۋە

پانتۈركىزم سىنىپ ۋە سىنىپدى كۆرەشتىن كۆز يۇمۇپ، پە-
قەت مىللەت ۋە دىن ئۈستىدە گەپ سېتىپ، كۈچلۈك دىنىي
ئەسەبىيلىك ۋە مىللىي شوۋىنىزملىق كەيپىياتنى قوزغاپ
كەلگەچكە، ئۇ جاھانگىرلىكنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا
بۆلگۈنچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
قورالى بولۇپ قالدى. شىنجاڭدا پانتۈركىزمنى تەرغىب قىل-
غۇچىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن،
ئەيسا قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. XX ئەسىرنىڭ بېشىدىلا،
ئۇلار پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنى قوبۇل قىلىپ ۋە تەرغىب
قىلىپ، ھەدەپ پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزملىق ھەرىكەتلىرى
بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق
قىلغان مەزگىلدە، ئۇلار ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا بىر
مەھەل ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈپ، ئاز بولمىغان بۆلگۈنچى كۈچلەرنى
شەكىللەندۈردى. ياڭ زېڭشىن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، مەسئۇدنى چېگرىدىن
قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ تارقاتقان زەھىرى
تازىلانمىدى. ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردىن
ئۆمىلەپ چىقىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىغا
بۇزغۇنچىلىق سېلىپ كەلدى.

## 2. پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا قۇترىشى

XX ئەسىرنىڭ 40-يىللىرى، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم
شىنجاڭدا راسا قۇترىغان دەۋر ئىدى. ئۇنىڭ تىپىك ۋەكىل-
لىرىدىن ئىلىدا ئېلىخان تۆرە، ئۈرۈمچىدە مەسئۇد قاتارلىق
كىشىلەر بار ئىدى.

ئېلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقىلىق ئۆزبېك بولۇپ، ئۇ
سوۋېت ئىتتىپاقىدا پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى

ئارقاتقانلىقى ئۈچۈن 1924 - يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. 1929 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا كولخوزلىشىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە، ئېلىخان تۆرە شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن، كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي غۇلجىغا كېلىپ، ئاساسەن دىنىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان. شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچىلىككە قاراپ مېڭىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، ئامېرىكا، جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز ھەنپەئىتىنى كۆزلەپ، قاچقۇن ئېلىخان تۆرىدىن پايدىلىنىشتىن باش تارتمىدى، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ «غازات» قىلىش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ھەدەپ پانئىسلامىزم، پانتۈركىزملىق ئىدىيە زەھەرلىرىنى تارقىتىپ، «شەرقىي تۈركىستان» ۋە مۇستەقىل بولۇش داۋاسىنى قوزغاتقان. ئېلىخان تۆرىنىڭ چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىنىشى ئاستىدا، 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋە 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يىغىنىدا ماقۇللانغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى «9 تۈرلۈك خىتابنامە» دە، «ھەقىقىي، ئەركىن، مۇستەقىل دۆلەت» قۇرۇش ئوچۇقتىن ئوچۇق تەرغىب قىلىندى. تەپ تارتماي جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىشنى جاكارلاپ، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇندى، ئېلىمىز ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ بۇ خىل ئەكسىيەتچىل ھەرىكەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرايدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى.

شىنجاڭدا ئالدى بىلەن پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمغا قارشى تۇرغانلار ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىلغار كۈچلەر بولدى.

«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىمۇ بىر مەيدان كەسكىن كۈرەش ئېلىپ باردى. بۇ كۈرەشنىڭ ماھىيىتى — دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىنى قوغداش بىلەن دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. كۈرەش قىلغۇچى بىر تەرەپ يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىقلارنى يادرو قىلغان ئىلغار كۈچلەر ئىدى؛ يەنە بىر تەرەپ ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى پانئىسلامىست فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئىدى. تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئېلىپ بارغان بۇ بىر مەيدان كۈرىشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشكە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.»①

خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى بىلەن خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىسى پانئىسلامىست ئېلىخان تۆرىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم ئىجتىمائىي كۈچ بولدى.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى كەڭ ئاممىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، 1946 - يىلى 6 - ئايدا، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئىلغار كۈچلەر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى. ئېلىخان تۆرە قاتارلىق پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىزمچىلاردىن رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. ئېلىخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتـ

① سەيپىدىن ئەزىزى، «ئەسلىمىلەردىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 45 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز»، خەلق گېزىتى، 1989 - يىل 4 - دېكابىر سانىغا بېسىلغان 3 - بەت.

لىرى فۇلجىدىن ئايرىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھىرىگە كەتتى.

ئېلىخان تۆرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت سىياسىي سەھنىسىدىن غايىب بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى تىكلەندى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ نىشانى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، سىياسىي دېموكراتىيىنى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلىدى. روشەنكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو زېمىنى تەۋەسىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدا ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرىشى ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىش غەرىزى يوق ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھالدا ئىپادىلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل ئۈچ ۋىلايەت ئاسمىنىنى قاپلاپ كەتكەن سىياسىي ئىس-تۈتەك تازىلاندى.

گومىنداڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى جۇڭگودىن بۆلۈۋالماقچى دەپ ھاقارەتلەۋاتقان مەزگىلدە، ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جىجۇڭنىڭ ئالدىدا مەردانە سۆزلەر بىلەن بۇ بىمەنە سەپسەتىلەرگە قاتتىق رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تەركىبىي قىسمى؛ ئۈچ ۋىلايەت شىنجاڭنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئىلى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئىلى مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن جاي، ئاتا-بوۋىلىرىم دەپنە قىلىنغان ماكان. جۇڭگو مېنىڭ ئانا ۋەتىنىم، يۇرتۇمدۇر.»①

① سەيپىدىن ئەزىزى: «نۇرلۇق ئەتە ئۈچۈن — ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قازاغا ئۇچرىغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز»، «خەلق گېزىتى» 1984-يىلى 27-ئاۋغۇست سانى، 5-بەت.

1947 - يىلى، مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، چوڭ ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئۇلار بىرىنچىدىن، مۇھەممەت ئىمىننىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى تۇتقا قىلىپ، بەزى بۆلگۈنچىلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ، كىتاب يېزىپ نۇتۇق سۆزلەپ، تارىخنى بۇرمىلىدى، ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇندى، مەسىلەن، قۇربان قودايىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى»، پولات قادىرنىڭ «ئۆلكە تارىخى»، مەسئۇدنىڭ «تۈركلەرنىڭ شۇئارلىرى» قاتارلىق كىتابلار. ئىككىنچىدىن، ئالتاي نەشرىياتىنى قۇرۇپ، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنى كۈچەپ تەشۋىق قىلدى. ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەرك گېزىتى»، «يالقۇن گېزىتى» قاتارلىقلارنى نەشر قىلىپ، ھەر كۈنى گېزىت بېشىغا «مىللىتىمىز تۈرك»، «دىنىمىز ئىسلام»، «يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستان» دېگەن شۇئارلارنى يېزىپ تۇردى. تۆتىنچىدىن، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار بىر كۇتۇپخانا ئېچىپ، ئۇنىڭغا تۈركىيىدىن پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم تەشۋىق قىلىنغان نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى ئەكىلىپ سالدى. بەشىنچىدىن، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزملىق تەشكىلاتلارنى پائال تۈردە قۇردى. مەسىلەن، مەسئۇد باشچىلىقىدا تەشكىللەنگەن «دەرنەك» (ئىتتىپاق) ھەر ھەپتىدە ئەدەبىيات - سەنئەت يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلدى؛ ئۈرۈمچىدىكى ئەكسىيەتچى دىنىي روھانىيلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى قوغداش جەمئىيىتى قۇردى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا شۆبىلىرىنى قۇرۇپ، ئەكسىيەتچىل دىنىي پائالىيەت ئېلىپ باردى؛ ئەيسا باشچىلىقىدا تەشكىللەنگەن «تۈركىستان ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلى» مەخسۇس ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك تەشۋىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئالتىنچىدىن، ئاتالمىش

«تىلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى»نى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلدى، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلىنى تۈركلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن تۈرك تىل - يېزىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەتقىقات سىستېمىنى تەشكىللەپ، ئۇيغۇر تىلىنى تۈركلەشتۈرۈش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. يەتتىنچىدىن، پانتۈركىزمچى مۇھەممەت ئىمىننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، قوشۇمچە تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ئەيسانى قوشۇمچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا ئۆستۈردى، بەزى ۋالىي، ھاكىم، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا كاللىسى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزملىق ئىدىيە بىلەن چىرمىشىپ كەتكەن كىشىلەرنى قويدى. تارىخ ئېقىمىغا قارشى بۇ خىل ئۇسۇل ۋە تەشۋىقاتلار، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم شىنجاڭدا بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىۋى ئېقىم بولۇپ قالدى.

پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ پانتۈركىزمچى مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىق كىشىلەرنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشتىكى غەرىزى ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە كۈنسېرى ئېشىۋاتقان سىياسىي تەسىرىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىق كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان «مىللىتىمىز تۈرك!»، «دىنىمىز ئىسلام!»، «يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستان!» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلار دەل ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي جەھەتتە دېموكراتىيىنى، مىللەتلەر جەھەتتە باراۋەرلىكنى، ئىجتىمائىي جەھەتتە تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش سىياسىي شوئارلىرى بىلەن قارشىلىشىش ئۈچۈن قويۇلغانىدى.

مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىق پانتۈركىزمچىلار ۋە ئۇلارنىڭ قول چوماقچىلىرى قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق يەتتە ۋىلايەتتە، ئۈچ ۋىلايەتنى «قىزىل پاچاقلار» (كوممۇنىستىك پارتىيىنى دېمەكچى)، سوۋېتپەرەسلەر دەپ ھاقارەتلەشتى. كېيىن، بۇ پانتۈركىستلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قىلغان تۆھمەت - ھاقارەتلىرى بالداقمۇ بالداق ئۆرلەپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرىنى مىللىي مەنپەئەتكە ئاسىيلىق قىلدى، مىللىي مۇناپىقلار دەپ شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈپ ھاقارەتلىدى.

مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىق پانتۈركىزمچىلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بىلەن ئېلىخان تۆرىنىڭ پانئىسلامىزملىق نۇقتىئىنەزەرى ماھىيەتتە بىردەك ئىدى. ئۇلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرى ئىچىدە، دۆلەتنى پارچىلاش، پانتۈركىزم يېتەكچىلىكىدىكى دىنىي ئەندىزىلىك ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئورنىتىشقا ئۇرۇنۇش مەقسىتى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار تەرغىب قىلغان پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزملىق نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەنقىد قىلىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، دۆلەتنىڭ تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەتتىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىلغار كۈچلەر قولىدىكى جامائەت پىكرى قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىق پانتۈركىستلارنىڭ ئەكسىيەتچىل مەيدانىنى قاتتىق سۆكتى، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن رەزىل شەخسىي قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى. ئۈرۈمچىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قىلغان خىلمۇخىل تۆھمەت ۋە ھاقارەت-

لىرىنى تەلقىن قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ پانتۈركىزملىق مەيدانى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىق پانتۈركىزمچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىلغار كۈچلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، بولۇپمۇ «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلىرى ئىتتىپاقى» ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ كۈرەشكە قاتناشتى. شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلىرى ئىتتىپاقى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەسىرىنى بالدۇر قوبۇل قىلغان بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلار 1944 - يىلى 11 - ئايدا قۇرغان تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى خەنزۇ زىيالىيلىرىنى ئاساس قىلغانىدى.

1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى قوغداش ئىتتىپاقى» قۇرۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئالدى. «ئىتتىپاق»، «شىنجاڭ» دېگەن بۇ قانۇنىي نامنى قوللاندى. ئۇلارنىڭ بۇ قەتئىي مەيدانى ئەينى ۋاقىتتا مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىق كىشىلەر «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنى «شىنجاڭ» دېگەن نامنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىغا دەلمۇدەل تاقابىل تۇرۇش بولۇپ، ئۇلارغا بېرىلگەن كۈچلۈك زەربە ئىدى.

«شەرقىي تۈركىستان» ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان يەر نامى بولۇپ، زېمىن دائىرىسى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى تارىخ نۇقتىسىدىن ياكى قانۇن ۋە ئادەت نۇقتىسىدىن

ئېلىپ ئېيتقاندا، ئېلىمىز ئەزەلدىن «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بۇ يەر نامىنى ئېتىراپ قىلغان ئەمەس. مەسئۇد، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان بۇ يەر نامىنى تەرغىب قىلىشتىكى غەرىزى، — شىنجاڭنىڭ ئېلىمىز زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بۇ يەر نامى پانئىسلامىزم بىلەن پانتۈركىزمنىڭ ھەممە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي ۋارىيانتى بولدى.

پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەر ئىلمىي مۇناپىقلار، ئۇلار گومىنداڭ جاھىللار گۇرۇھى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى باستۇرغان ۋە قىرغىن قىلغان باش جىنايەتچىلەر، شۇنداق بولۇپلا قالماي، ئۇلار يەنە دۆلەتنى پارچىلىغۇچى ئەشەددىي كۈچلەر. ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى ھەتتا 80 - يىللاردىمۇ چەت ئەلدە قېچىپ يۈرۈپ، دۆلەتنى پارچىلايدىغان جىنايى شۇملۇقلارنى قىلدى.

## 38§. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى

### 1 . جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىشى

1948 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى غايەت زور غەلىبە قازاندى. لياۋ - شېن، خۇەي - خەي، پىڭ - جىن جېڭىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ جەڭ گومىنداڭنى تۆت ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تەخمىنەن 1 مىليون 540 مىڭ ئەسكىرىي كۈچىدىن مەھرۇم قىلدى. بۇنداق چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

1949 - يىلى 3 - ئايدا شىبەيپۇ كەنتىدە 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىردى. رەئىس ماۋزېدۇڭ يىغىندا يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «لياۋ - شېن جېڭى، خۇەي - خەي جېڭى ۋە پېيپىڭ - جىن جېڭى ئارقىلىق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى يوقىتىلدى، گومىنداڭنىڭ ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملىرىدا ئاران 1 مىليوندىن كۆپرەك ئادەم قالدى، ئۇلار شىنجاڭدىن تەيۋەنگىچە بولغان كەڭ رايونلارغا ۋە ئۇزۇن ئۇرۇش سېپىگە تارقالغان، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ 1 مىليوندىن كۆپرەك كىشىلىك گومىنداڭ ئارمىيىسىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۇسۇلى تيەنجىن، بېيپىڭ، سۈيۈەن ئۇسۇللىرىدىن باشقىچە بولمايدۇ، دۈشمەننى جەڭ بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ...... ھېلىمۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە تەييارلىنىشىمىز زۆرۈر بولغان ئۇسۇل.» ① يىغىن مەزگىلىدە، ماۋزېدۇڭ، جۇدې، جۇئېنلەي، رېن بىشى، پېڭ دېخۇەي، خې لۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر بىرىنچى دالا ئارمىيىسى بىرىنچى بىڭتۇەنىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى يولداش ۋاڭجېننى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭنى ئازاد قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى، ئۇلارنى «قىزىل ئارمىيە قورقماس مۇشكۇل سەپەردىن» دېگەن روھنى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭ غەربىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە ھەمدە شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنى ئەڭ ئاخىرى ئورۇنداشقا تەييارلىنىشقا ئىلھاملاندۇردى، گومىنداڭنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى سۈيىقەستى بەربات بولغاندىن كېيىن، 1949 - يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ماۋزېدۇڭ، جۇدې «پۈتۈن مەملىكەتكە ھەربىي يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقى» نى چىقاردى،

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 4 - توم، 568 - ، 569 - بەت.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مىليونلىغان ئەزىمەتلىرى چاڭجياڭ دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 23 - كۈنى نەنجىڭنى ئىشغال قىلدى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۇمران بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا، قۇدرەتلىك خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جەنۇبىي جۇڭگو، غەربىي جەنۇبىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جەنۇبىي جۇڭگو ۋە غەربىي شىمالنىڭ كەڭ رايونلىرىغا يۈرۈش قىلدى.

غەربىي شىمال ئۇرۇش مەيدانىدا، 1 - دالا ئۇرۇش ئارمىيىسى 5 - ئاينىڭ كېيىنكى ئون كۈنىدە شىئەن ۋە گۇەنجۇڭ رايونىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شىمالىي جۇڭگو دالا ئۇرۇشى ئارمىيىسىنىڭ 18 -، 19 - بىڭتۇەنى بىلەن بىرلىشىپ داۋاملىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىدى، 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە فۇفېڭ، مېيشيەن جېڭىنى قوزغاپ، خۇزۇڭنەننىڭ ئاساسىي كۈچى بولغان 4 جۈننى بىر يوللا يوقاتتى، خۇزۇڭنەننىڭ قالدۇق قىسىملىرى گەنسۇغا قاراپ قاچتى. ئارقىدىنلا ئارمىيىمىز ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ لەنجۇ ۋە شىنىڭغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. ئوڭ يولدىكى ئارمىيە 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى لەنجۇنى ئالدى، سول يولدىكى ئارمىيە 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىنىڭنى ئالدى، نىڭشيادىكى ماخۇڭكۈينىڭ قالدۇق قىسىملىرى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگرامما يوللاپ تەسلىم بولدى. 23 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يىنچۇەنگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، غەربىي شىمالدىكى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدىن ئىبارەت تۆت ئۆلكە ئازاد قىلىندى. 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سۈيۈەن ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى دۇڭچىزۇ قوشۇننى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتتى، سۈيۈەننىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى جاكارلاندى. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭدىكى دۈشمەنلەر يېتىم قىلىپ، ئۇلارغا

قىلچەۋ چېكىنىش يولى قالمىدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يۈمېنگۇەن قوۋۇقىغا قىستاپ كېلىپ، شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى.

### 2. تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ غۇلغۇلا قىلىنىشى

ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ئىككى سىستېمىغا بۆلۈنەتتى. بىرى، چىڭخەيلىك ما جەمەتى سىستېمىسى (ئەسلىدىكى ئاتلىق 1-شىنىڭ تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى 1-، 2-لۈيى)، ئادەتتە ئاتلىق 5-جۈن دەپ ئاتىلاتتى؛ بىرى، گومىنداڭنىڭ خۇزۇڭنەن سىستېمىسى (ئەسلىدىكى 42-شىگە قاراشلىق 128-، 65-، 231- ۋە ئاتلىق 4-، 9-لۈيىدىن ئىبارەت تەرتىپكە سېلىنغان بەش لۈيى ۋە تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى 78-شىگە قاراشلىق 227-، 178-، 179-ئۈچ لۈي) دىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ يەر ئۈستى خىزمەتچىلىرى، بىرلەشمە ئارقا سەپ باش شتاب قارمىقىدىكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تەمىنات ئىدارىسى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. گومىنداڭنىڭ بۇ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى شىئەن، چىڭخەي يىراقتىن باشقۇراتتى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈش قىلغان ۋەزىيەتتە، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي-مەمۇرىي دائىرىلىرى پەيدىنپەي تىنچلىقنى ياقلىغۇچىلار ۋە ئۇرۇشنى ياقلىغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچ بولۇپ شەكىللەندى، يەنى تاۋسىيۆ، بۇرھان شەھىدى قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى ئىلغارلىق تەرەپدارلىرى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلدى، ماجېڭشياڭ، مەسئۇد قا-

تارلىقلار باشچىلىقىدىكى جاھىللار دۈشمەنلىشىشتە ئاخىرىغىچە چىڭ تۇردى.

ماچېڭشياڭ مابۇفاڭنىڭ جىيەنى بولۇپ، ئاتلىق 5-جۈننىڭ جۈنجاڭى ئىدى. ئاتلىق 5-جۈن سانجى، قۇتۇبى، كۆچۈك، جىمسار، مورى، ئۈرۈمچى ئەتراپىدا يەنى ئۈچ ۋىلايەت بىلەن تىركىشىدىغان لىنىيە ۋە ئۆلكە مەركىزىدە مۇداپىئەدە تۇراتتى.

تاۋسىيۆ باۋدىڭ ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدە سالاھىيىتى بىرقەدەر يۇقىرى ئىدى. بىراق ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز گۇرۇھىغا تەۋە بولمىغاچقا، خۇزۇڭنەننىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغانىدى. ئۇ جاڭ جىجۇڭنىڭ ساۋاقدىشى ھەم خىزمەتدىشى بولغانلىقتىن، جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەنىدى.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىزچىل دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن، ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە مايىل بولۇپ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش يولىدا مېڭىشىنى تەشەببۇس قىلاتتى.

1949-يىل 4-ئايدا، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ باش ۋەكىللىكىدىكى چۆيۋۇ قاتارلىق كىشىلەر قاتناشقان گومىنداڭنىڭ تىنچلىق سۆھبەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيپىڭدا قېپقالدى. 6-ئاينىڭ 26-كۈنى جاڭجىجۇڭ گومىنداڭنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتناشقان باش ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن، «ۋەزىيەت توغرىسىدا بايانات» ئېلان قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە گومىنداڭ ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەرنى «كەس-

كىشىلىك بىلەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ جۇڭگو كومپارتىيىسى
بىلەن سەممىي ھەمكارلىشىپ، سوڭجۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىن-
قىلابىي ئۈچ مەسىلىكىنى يەنى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يېڭى
دېموكراتىزمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق
كۆرسىتىشىنى بىلدۈرۈش» كە دالالەت قىلدى. بۇ مۇناسىۋەت
بىلەن شۇ كۈنى «خەلق گېزىتى» شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ «جاڭ
جىجۇڭنىڭ باياناتىغا باھا» سەرلەۋھىلىك باش ماقالىسىنى
ئېلان قىلدى. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ باياناتى بىلەن شىنخۇا
ئاگېنتلىقىنىڭ باش ماقالىسى شىنجاڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈم-
رانلىقىدىكى رايونلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۈچ ۋىلايەتتىمۇ كەڭ
تارقالدى، ئۈچ ۋىلايەتتە جاڭ جىجۇڭنىڭ باياناتى بىلەن
شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ باش ماقالىسى ئۇيغۇرچە، قازاقچە تەر-
جىمە قىلىنىپ، 3000 پارچىدىن كۆپرەك بېسىپ كەڭ تارقىتىلدى①.
مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئالدىدا، گومىنداڭنىڭ ھەربىي مەمۇرىي
دائىرىلىرى ۋەزىيەت ۋە شىنجاڭنىڭ چىقىش يولى ئۈستىدە
ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئالماشتۇ-
رۇشقا باشلىدى.

1949 - يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ماۋزېدۇڭ، جۇئېن-
لەي، گېنېرال جاڭ جىجۇڭغا سۈيىۋەن ئارقىلىق تېلېگرامما
ئەۋەتىپ، شىنجاڭدىكى تاۋسىيۆ، بۇرھان شەھىدى ۋە لىيۇمېڭ-
چۈن قاتارلىق كىشىلەرنى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ
مۇقىملىقىنى تىرىشىپ ساقلاپ، ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا قاراپ
مەسلىھەتلىشىپ ئىش كۆرۈپ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قاي-
تىش يولىدا مېڭىشقا تەييارلىق كۆرۈشكە دەۋەت قىلىشنى

① دېڭ لىچۈننىڭ 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20-كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان تېلېگراممىسى.

ھاۋالە قىلدى.① گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان مەزگىلدە، جۇئېنلەي چۇي ۋۇ بىلەن سۆھبەتلىشىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «مەملىكەت ئىچىدە تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئۈمىد ناھايىتى كىچىك، ئەگەردە سۆھبەت بۇزۇلسا، سىز دەرھال شىنجاڭغا قايتىپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى قىسىملارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خەلقنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ياكى كۆپ زىيانغا ئۇچراتماسلىققا تىرىشىڭ»②. چۇي ۋۇ بۇرۇنلا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان. رۇسچە سەۋىيىسى ياخشى بولغاچ، جاڭجىجۇڭنىڭ ئېتىبارىغا نائىل بولغان. جاڭ جىجۇڭ 1945 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەندە، چۇي ۋۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بىللە ئىشلەشنى تەلەپ قىلغانىدى. كېيىن چۇي ۋۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى بولدى.

جۇئېنلەي يەنە چياۋگۇەنخۇا ئارقىلىق تاۋجىنچيۇغا خىزمەت ئىشلىدى. تاۋ جىنچيۇ تاۋسىيۆنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى بولۇپ، ئىدىيىسى ئىلغار، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى كۈچلۈك ۋە ھەققانىيەتچىل كىشى ئىدى. تاۋجىنچيۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە چۇڭچىڭدا چياۋ گۇەنخۇا بىلەن تونۇشقانىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي - مەمۇرىي تارماقلىرىدىكى مۇھىم خادىملىرىنى

① لى ناڭمىن: «شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقى توغرىسىدا ئەسلىمە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانمىلار»، 4 - توپلام، 80 - بەت ۋە بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 357 - بەتكە قاراڭ.

② چۇي ۋۇ «تارىخىي بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان يىللاردا»، «مەدەنىيەت تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانما»، 73 - توپلامدىن.

قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشتا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. 1949 - يىلى 6 - ئايدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ليۇ شاۋچى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى موسكۋاغا ئەۋەتىپ، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. دېڭلىچۈن سىياسىي كاتىپلىق سالاھىيىتى بىلەن بىللە باردى. سۆھبەت مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا مۇنداق بىر ئىشەنچلىك ئاخباراتنى ئاشكارىلىدى. ئامېرىكا غەربىي شىمالدا «ما فامىلىلىك بەش كىشى» نى شىنجاڭغا چېكىندۈرۈپ، ئۇلارنى يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «بۈيۈك ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» تەشكىللىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، جۇڭگو ئىنقىلابىغا زور خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا تېز يۈرۈش قىلىشى ھەققىدە تەكلىپ بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بۇ خەۋەردىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن شىنجاڭغا 1950 - يىلى يۈرۈش قىلماقچى بولغان ئەسلىدىكى پىلانىنىڭ ۋاقتىنى ئالدىغا سۈرۈپ، 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەرىكەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈچ ۋىلايەت كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ھەربىي جەھەتتە گومىنداڭنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى①. شۇنىڭ بىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى موسكۋادىكى دېڭلىچۈننى جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-

① «شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخى»، 3 - قىسىم، 512 - بەت.

تىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى سۈپىتىدە ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا ھەمدە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

1949 يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، دېڭ لىچۈن قاتارلىقلار بىر تېلېگراف ئاپپاراتىنى ئېلىپ مۇسكۋادىن يولغا چىقتى. 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، 15 - كۈنى «لىچۈن تېلېگرام ئىستانسىسى» نى قۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىسىدا دېڭ لىچۈن ۋە «لىچۈن تېلېگرام ئىستانسىسى» ئارقىلىق قويۇق ئالاقە ئورنىتىلدى. جۇڭگو كوممۇ-نىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىمۇ شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلىرى، مەدەنىيىتى، مىللەتلىرى، جۇغرا-پىيىسى، ھاۋا كىلىماتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق ھەر جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى سىستېمىلىق ئىگىلەپ تۇرۇش ئىمكانى-يىتىگە ئىگە بولدى. 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ قاتارلىق كىشىلەر دېڭ لىچۈن بىلەن كۆرۈشتى، دېڭ لىچۈن ئۇلارغا بۇ قېتىم كېلىشىدىكى ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈردى ھەمدە ئۇلارنىڭ يول-يورۇق ۋە ياردەم بېرىپ تۇرۇشىنى ئۆتۈندى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتار-لىق كىشىلەر: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭ مۇرەككەپ ۋە مۈشكۈل ۋەزىيە ئىچىدە تۇرۇقلۇق، چەت - يىراق رايوندىكى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە غەمخورلۇق قىلغانلىقى ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقە ئورناتقانلىقىدىن ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى خۇرسەن بولغانلىقى، ئۇلار بارلىق كۈچى بىلەن دېڭ لىچۈننىڭ يۇقىرىدا بايان قىل-غان ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈ-رۈشتى. ئەينى ۋاقىتتا، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كې-

ڭىشىنىڭ 1- نۆۋەتلىك يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلىش ئالدىدا تۇراتتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنىڭمۇ ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى. 8- ئاينىڭ 19- كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمىغا بىر پارچە تەكلىپ خېتى ئەۋەتتى. خېتىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: «سىلەرنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىيە ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دەپ كۆرسەتتى. ئەتىسى ئەخمەتجان قاسىمى، رەئىس ماۋزېدۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ بىز «خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى پۈتۈن دۇنيا ھەم شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى دەپ ھېسابلايمىز، شۇڭا ئەڭ يۈكسەك قىزغىنلىقىمىز بىلەن سۆيۈملۈك ماۋزېدۇڭ ئەپەندىگە بولغان تەشەككۈرىمىزنى ۋە خۇشاللىقىمىزنى بىلدۈرىمىز ھەمدە بېيپىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ خەلقنىڭ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشتۇرىمىز»① دېدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پىكرىدىگە بىنائەن، شىنجاڭدىن بەش نەپەر ۋەكىل ئەۋەتىپ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلىدىغان بولدى. كېڭىشىش ئارقىلىق، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنونوۋ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، دەلىلقان سۇگۇرباييېۋ ۋە لوجىدىن ئىبارەت بەش كىشىنى بېيجىڭغا ئەۋەتىش قارار قىلىندى. بەش نەپەر ۋەكىل 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىلىدىن يولغا چىقتى، 27 - كۈنى ئايروپىلان ئىركۇتسكىدىكى بايقال كۆلى رايونىدىن ئۆتكەندە، ھاۋا كىلىماتى ئىنتايىن ناچار بولغانلىقتىن، ئايروپىلان تاغقا سوقۇلۇپ كېتىپ، بەش نەپەر ۋەكىل بىلەن ئايروپىلاندىكى خادىملار بولۇپ جەم-

① «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى»، 362-363 - بەت، 1990 - يىلى 5 - ئاي شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان.

ئىسي 17 كىشى بەختكە قارشى پۈتۈنلەي قازا تاپتى. بۇ توغرۇلۇق رەئىس ماۋزېدوڭ تەزىيە تېلېگراممىسى يوللاپ: ئۇلار «هايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلدى، ئاخىردا جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يولىدا قۇربان بولدى. بۇنى پۈتۈن جۇڭگو خەلقى مەڭگۈ خاتىرىلەيدۇ»① دېدى. 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بۇ قايغۇلۇق خەۋەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئارقىلىق سەيپىدىن ئەزىزىگە يەتكۈزۈلدى. سەيپىدىن ئەزىزى دېڭ لىچۈن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ «شىنجاڭدا تىنچلىق دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى»نىڭ دائىمىي ئەزاسى سەيپىدىن ئەزىزى تارباغاتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئالىمجان، شىنجاڭ شۆيۈەنىڭ پروفېسسورى تۇجىدىن ئىبارەت ئۈچ كىشىنى شىنجاڭدىن مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. بۇنى رەئىس ماۋزېدوڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلاپ بېرىشىگە يوللىدى، شۇ كۈنى ئاخشىمى مەركىزىي كومىتېتنىڭ قوشۇلغانلىق جاۋاب تېلېگراممىسى تاپشۇرۇۋېلىندى. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئۈچەيلەن غۇلجىدىن ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق مەنجۇلى شەھىرىگە كېلىپ، ئاندىن بېيجىڭغا يېتىپ باردى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى زور قوشۇنىنىڭ چېگرىغا يېقىنلاپ كېلىشى ۋە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پائال تۈردە ماسلىشىشى بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسىگە قىستاپ زەربە بېرىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى قىسملىرىغا باشقا يول قالمىدى. شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش يولىدا

① «خەلق گېزىتى» نىڭ 1949 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى سانىدىن.

مېڭىشى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقى، چوڭ ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشى بولۇپ قالغانىدى.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، لەنجۇ ئازاد قىلىندى. بۇ ھال شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنى ئاخىرقى بىرقارارغا كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ۋە 9 - ئاينىڭ 1-كۈنى تاۋسىيۈ ئايرىم ھالدا بۇرھان شەھىدى، چۇ ۋۇ ۋە ماچېڭشياڭ قاتارلىق كىشىلەرنى مەخسۇس يىغىنغا چاقىرىپ، شىنجاڭنىڭ قايسى يولغا مېڭىش مەسىلىسى ئۈستىدە رەسمىي مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا ماچېڭشياڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى چىڭخەي، نىڭشياغا قايتۇرۇپ كېتىشتە يەنىلا چىڭ تۇرۇۋالدى. باشقىلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تىنچلىق شەرتىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ، قىسمەن تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بىردەك قوشۇلدۇ. تاۋسىيۈ قاتارلىق كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلىنى ئىزدەپ بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، جاڭ جىجۇڭ ئايرىم ھالدا تاۋسىيۈ بىلەن بۇرھان شەھىدىگە تېلېگرامما يوللاپ، ئۇلارنى «قىلچە ئىككىلەنمەي، بارلىق قىيىنچىلىق ۋە غەم - ئەندىشىلەرنى تۆگىتىپ ئىشنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىش»قا دەۋەت قىلدى ھەمدە ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى تەپسىلىي سورىدى ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇردى①، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن

① «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى»، 6 - بەت (ئومۇمىي بايان)، 1990 - يىلى 5 - ئاي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان.

مەخپىي ھالدا غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلان بىلەن يېتىپ كېلىپ، ئەتىسىلا، تاۋسىيۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، جاڭ جىجۇڭ ئەۋەتكەن ئىككى پارچە تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ بەردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىشتىكى پوزىتسىيىسىنى، كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنى ۋە پۇختا چارە - تەدبىرلىرىنى يەتكۈزدى. بۇ تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدى، لىيۇ مىڭچۈن، چىۋ ۋۇ، لىيۇ زېرۇڭ قاتارلىق ھەربىي، مەمۇرىي خادىملارغا ناھايىتى زور ئىلھام بولدى. كۆرۈشۈش داۋامىدا تاۋسىيۇ قەتئىي ھالدا جاڭ جىجۇڭدىن كەلگەن تېلېگراممىدا بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش مەسىلىسىدە پۈتۈنلەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە، تاۋسىيۇ دېڭ لىچۈن يەتكۈزگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە گېنېرال زېڭ جېنشۈنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلدى، ھۆكۈمەت تەرەپتىن چىۋ ۋۇ بىلەن قاسىمجان ۋەكىل قىلىندى. ئۇلار ئايروپىلان بىلەن لەنجۇغا كېلىپ، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن كۆرۈشۈپ، شىنجاڭنى ئازاد قىلىشنىڭ كونكرېت ئىشلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، بۇرھان شەھىدى ماۋ زېدۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ «شۇ تاپتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ، بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى يوقىتىشقا ھازىرلاندۇق، رەھبەرلىك قىلىشىڭىزلارنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كەلدۇق»① دېدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە گومىنداڭنىڭ سول تەرەپدارلىرىدىن بولغان ھەربىي، مەمۇرىي

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 3 - قىسىم، ئۇيغۇرچە، 981 - بەت.

خادىملىرى ھەقىقەتكە قايتىش يولىدا پائال تۈردە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بىر چاغدا، بەزى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە جاھىل ئۇنسۇرلارمۇ ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى بىلەن ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، بۆلگۈنچىلىك قىلىشنى پىلانلاپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا توسالغۇ پەيدا قىلىش سۇيىقەستىدە بولدى.

1949 - يىلى 6 - ئايدا، يولۋاس لەنجۇغا بېرىپ شىنجاڭدا مابۇ فاڭ پەرەس ھاكىمىيەت قۇرۇشنى كونكرېت پىلانلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەيسا، مۇھەممەت ئىمىن، يولۋاس قاتارلىق كىشىلەر جەنۇبىي شىنجاڭنى بازا قىلىپ، قورallلىق كۈچ تەشكىللەپ، بۇرھان شەھىدىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قەستىدە بولدى. 8 - ئايدا ئەيسا ماچېڭشياڭنىڭ قوللىشى ئاستىدا، «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مابۇ فاڭغا ھۆرمەت سوۋغىتى تەقدىم قىلىش ئۆمىكى»نى تەشكىللەپ لەنجۇغا بېرىپ، مابۇ فاڭ بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتتى. مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالار ماچېڭشياڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە يېقىن بولغان تۇدۇنخابادا يۈز نەچچە كىشىلىك ئەكسىيەتچى قوراللىق كۈچنى مەشىق قىلدۇرۇپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەييارلىق قىلدى①. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىمۇ بۇ چاغدا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قول سالدى، ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېكستون بىلەن مۇئاۋىن كونسۇلى ماكېنان بىۋاسىتە يىغىن چاقىرىپ، مەلىتىق، ئوق - دورا تارقىتىپ ئوسمان، جانىمقان قاتارلىق كىشىلەرنى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتتى②.

---

① «بىياندىن ئوسمانغا ئۈرۈمچىدە قاتتىق يوشۇرۇن ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى»، «خەلق گېزىتى»نىڭ 1951 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈندىكى سانى 10 - بەت.

② بۇرھان شەھىدى، «شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد قىلىنىشى توغرىسىدا ئەسلىمە»، «مەدەنىيەت تارىخ ماتېرىياللىرىدىن. تاللانما» 69 - توپلام.

## 3. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاڭ سەھەردە تاۋ سىيۆ گارنىزون باش شىتابىنىڭ جىددىي يىغىنىنى چاقىرىپ، مەنسەپكە تەيىنلەش توغرىسىدىكى بىر مۇھىم بۇيرۇقنى ئېلان قىلىپ، ۋووورونى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 78 - شىنىڭ شىجاڭلىقىغا، خەن يۈۋېننى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن ئاتلىق بىرىنچى شىنىڭ شىجاڭلىقىغا بەلگىلەپ، ھەر كىم ئۆز ئورنىدا ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىشنى، قىسمىنى تىزگىنلەپ، ئاسىيلىق قىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى گېنېرال تاۋ سىيۆنىڭ باشچىلىقىدا، ھەقىقەتكە قايتقانلىقى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل گۇرۇھىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى، «بۈگۈندىن ئېتىبارەن، گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، رەئىس ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان سەككىز ماددىلىق تىنچلىق باياناتى ۋە دۆلەت ئىچىدە تىنچلىق بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى كېلىشىمنى سەمىمىي قوبۇل قىلىپ، پۈتكۈل ئارمىيە ئەسلى مۇداپىئە قىلىۋاتقان ئورۇندا چىڭ تۇرۇپ شۇ يەرنىڭ تەرتىپىنى ساقلاپ، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش شىتابىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتىدىغانلىقى»نى ئومۇمىي تېلېگراممىسى ئارقىلىق جاكارلىدى①. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نامىدىن ھەقىقەتكە قايتىپ، گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، خەلق تەرىپىگە ئۆتۈپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى

① «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ھەربىي ئىشلارغا دائىر ھۆججەتلەر توپلىمى» دىن، 5 - توپلام (1 - قىسىم)، 1951 - يىل، 270 - بەت.

نىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئومۇمىي تېلېگرامما ئارقىلىق جاكارلىدى. 28 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن باش قوماندان جۇدې، تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدى ۋە شىنجاڭدىكى ھەقىقەتكە قايتقان ھەربىي، مەمۇرىي، خادىم-لارغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇدى، ئۇلارنىڭ «ھەربىي، مەمۇرىي خادىملارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە جايلارنىڭ تەرتىپىنى قوغداشنى ھەمدە بېرىشقا تەييارلىنىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كونا تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، يېڭى تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىشى»نى ئۈمىد قىلدى. پېڭ دېخۇەيمۇ ھەقىقەتكە قايتقان قوماندان ۋە جەڭچىلەرگە جاۋاب تېلېگراممىسى يوللاپ: «گېنېرال قا-تارلىق جانابلارنىڭ قوشۇننى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتىپ، ئەكسىيەتچىلەر لاگېرىدىن ئادا - جۇدا بولۇپ چىققانلىقىڭلار-دىن ئىنتايىن خۇشاللاندىم، ئىلغارلىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، قىسىملارنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىپ، ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىللە يېڭى شىنجاڭنى قۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.» دېدى①. 28 - كۈنى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوۋ جۇڭگو كوم-پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭغا تېلېگ-رامما يوللاپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان-لىقىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى تەبرىكلەيدى-غانلىقىنى ئىزھار قىلدى ھەمدە «پۈتۈن ئۆلكە خەلقى جاناب-لىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ

① «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ھەربىي ئىشلارغا دائىر ھۆججەتلەر توپلىمى»، 5 - توپلام (1 - قىسىم)، 1951 - يىل، 271 - بەت.

ياردىمى بىلەن ئىگىلىكنى ۋە بەختنى مۇستەھكەملەش، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارزۇسى ئاساسىدا، يېڭى ھايات بەرپا قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدۇ»① دېدى. 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ ئۇنىڭغا جاۋابەن تېلېگرامما ئارقىلىق مىننەتدارلىق بىلدۈردى ھەمدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۈرىشى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، دەپ ماختىدى.

شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى چوڭ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، خەلق قەلبىنىڭ مايىللىقى ئىدى. ھەقىقەتكە قايتقانلىق توغرىسىدىكى تېلېگرامما ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى شاد - خۇراملىققا چۆمۈپ، قىزغىن تەبرىكلەشتى، بىراق، ئەينى ۋاقىتتا يەنە بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچى كۈچلەر مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن قېپقالغان باندىتلار، ئىشپىيونلار ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئىچىدىكى جاھىل ئۇنسۇرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەكسىيەتچى كۈچلەر خىلمۇ خىل بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىنكى تىنچ ۋەزىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇندى.

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تۈن كېچىدە، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 178 - لۇي 533 - تۇەننىڭ بىر قىسىم كوماندىر - ئەسكەرلىرى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ۋە ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلارنىڭ قۇترىتىشى ئاستىدا مەركىزىي بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبە بانكىسى خەزىنىسىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، خەزىنىدىكى 12

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 3 - قىسىم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 992-993 - بەت.

ساندۇق ئالتۇن-كۈمۈشنى بۇلاپ كەتكەن ھەم پۈتۈن شەھەرگە ئوت قويۇۋەتكەن، سىرت بىلەن ئالاقىلىشىش تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈۋەتكەن.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن، پىچان، تۇرپان، قاراشەھەر، كورلا، بۈگۈر، كۇچالاردا تۇرۇشلۇق گومىنداڭنىڭ بىر قىسىم ئوفىتسىر ۋە ئەسكەرلىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئوت قويۇش، قىرغىن قىلىش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش، خەلقنى ناكار قىلىش ۋەقەلىرىنى تۇغدۇرۇپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئوسمان، يولۋاس قاتارلىق بەزى يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى توپىلاڭ قىلىشقا قۇتراتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي جەھەتتە شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشىۋاتقاندا، رەئىس ماۋزېدۇڭ ھەربىي جەھەتتىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغانىدى. 1949-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2-ۋە 6-جۈنى بىرىنچى بىڭتۈەننىڭ سىلىڭيۈەنى ۋاڭ جېننىڭ رەھبەرلىكىدە، جيۈچۈەندىن يولغا چىقىپ، يۈمېنگۈەن ۋە شىڭشىڭشيادىن ئۆتۈپ، ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇقتىن بولۇپ نەچچە يول زور قوشۇن شىنجاڭغا قاراپ ھەيۋەتلىك ھالدا يۈرۈش قىلدى.

ئاۋانگارت بولغان بىرىنىڭ تۈەنى تۈەنجاڭ خۇجيەننىڭ قوماندانلىقىدا 10-ئاينىڭ 10-كۈنى جيۇچۈەندىن يولغا چىقىپ، 13-كۈنى قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى. 20-كۈنى سائەت 15 تە ئۈرۈمچى شەھەر رايونىغا كىردى. ھەرمىللەت خەلقى خۇشال-خۇرام قارشى ئالدى، شەھەر كوچىلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ، مىسلىسىز تەنتەنىگە چۆمدى. ئارقىدىنلا ۋاڭ ئېن-

ماۋ، گوپېڭ 2 - جۈننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى ۋە لويۈەنفا، جاڭ شىيەنيۈ 6 - جۈننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى باشلاپ ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كىردى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىمۇ ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بىرىنچى بىڭتۈەننىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىمۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى.

1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بىرىنچى بىڭتۈەن قىسىملىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئۈرۈمچىدە غەلىبىلىك ئۇچراشتى، پېڭ دېخۇەي، جاڭ جىجۇڭ، ۋاڭ جېن قاتارلىق كىشىلەر قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇ كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىلەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، پېڭ دېخۇەي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى، ۋاڭ جېن بىرىنچى مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى، تاۋسىيۈ ئىككىنچى مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى، سەيپىدىن ئەزىزى ئۈچىنچى مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى بولدى؛ بۇرھان شەھىدى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، گاۋ جىنچۈن بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كېلىپ، توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش خىزمىتىنىمۇ كۈچەيتتى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، قورچاق شىنجاڭ گارنىزونى باش قوماندانلىق شتابى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 22 - بىڭتۈەنى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. تاۋسىيۈ سىلىڭيۈەن، ۋاڭ جېن سىياسىي كومىسسار (قوشۇمچە)، جاۋ

شىنگۇاڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەن، راۋجېڭشى مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار بولدى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى رەسمىي جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - جۈنى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. لىسكىن (رۇس) جۈنجاڭ، مەرغۇپ (تاتار) مۇئاۋىن جۈنجاڭ، ساۋدانوۋ زايىر مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار بولدى.

شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ئۇلۇغ غەلىبىسىنىڭ بىر قىسمى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيىسى ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ قەتئىي ھالدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، خەلق دېموكراتىيە لاگېرىغا ئۆتۈشى زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىنقىلابىي ھەرىكەت. ئۇ شىنجاڭنى بىر مەيدان دەھشەتلىك ئۇرۇشتىن خالىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپ ساقلاپ قېلىندى، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكى قوغداپ قېلىندى، بۇ، يېڭى خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت - شارائىت ياراتتى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىرىنچى بىڭتۇەننىڭ قوماندان - جەڭچىلىرى قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تېز بېرىپ ئورۇنلاشتى. بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى تيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا، پامىر ئېگىزلىكىگە قاداپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تارىخىغا شانلىق بىر سەھىپە قوشتى.

شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولغان بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنى باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان يېڭى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، شىنجاڭ تارىخىنىڭ يېڭى دەۋرىنى باشلىدى.

بۇ بابتىن قىسقىچە خۇلاسە: (1) 1945 - يىل 10 - ئايدىن 1946 - يىل 6 - ئايغىچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىككى تەرەپ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ۋە قوشۇمچە 1 -، 2 - ھۆججەتنى ئىمزالىدى. 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، «تىنچلىق، بىرلىك، دېموكراتىك، ئىتتىپاقلىق» تىن ئىبارەت سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. گومىنداڭ جىياڭ جيېشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى پارچىلاندى.

(2) 1947 - يىل 5 - ئايدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى مەسئۇد قاتارلىق پانتۈركىزمچىلارنى يۆلەپ تەختكە چىقاردى، ئۇلار قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، تەشكىلات قۇرۇپ، گېزىت چىقىرىپ، ئوچۇقتىن ئوچۇق «يۇرتىمىز — شەرقىي تۈركىستان، مىللىتىمىز — تۈرۈك، دىنىمىز — ئىسلام» دەپ غەۋغا كۆتۈرۈپ پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا بىر مەھەل غالجىرلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

(3) جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى پۈتۈن مەملىكەتنى قۇچۇۋاتقان ۋەزىيەت ئاستىدا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق

گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي خادىملىرى قايسى يولنى تاللىۋېلىش مەسىلىسىدە بىر قارارغا كېلىشكە مەجبۇر بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پەيتنى قولدىن بەرمەي، دېڭ لىچۈن قاتارلىق يولداشلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئالغىرى سۈردى. 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازادلىققا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى نەچچە مىڭ يىللىق سىنىپىي ئېزىلىش ۋە مىللىي زۇلۇمدىن قۇتۇلدى، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان تارىخنىڭ يېڭى دەۋرىگە قەدەم قويدى.

ئۆگىنىش ۋە مۇلاھىزە سوئاللىرى

1. XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن 40 - يىللىرىغىچە شىنجاڭدا پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزمنىڭ بىر مەھەل غالجىرلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ۋە ئۇنىڭ خەۋپى.

2. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى.

# چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 6000 — 7000 يىل ئىلگىرى جۇڭگودا يېڭى تاش قورال دەۋرى باشلانغان. شىنجاڭدا ئىنچىكە تاش قوراللار بارلىققا كەلگەن.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3000 يىل ئىلگىرى (شاڭ سۇلالىسى بىلەن جۇ سۇلالىسى ئارىلىقىدا) شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 475 — 221 - يىللىرى (يېغىلىق دەۋرى) جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان. شىنجاڭ سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈشكە باشلىغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 209 - يىلى (چىن II نىڭ 1 - يىلى) ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى مودۇ تەختكە چىققان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 176 - يىلى (خەن ۋېندىدىن تۆت يىل بۇرۇن) توخرىلار دۇنخۇاڭ چىلىيەنشەن تېغى رايونلىرىدىن غەربكە كۆچۈپ ئىلى دەريا ۋادىسىغا كەلگەن.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 161 - يىلى (خەن ۋېندىدىن ئۈچ يىل كېيىن) مەرگەن جايمىر ئۇسۇنلارغا باش بولۇپ توخرىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىلى دەريا ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ جەنيۈەن

3 - يىلى) جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا تۇنجى قېتىم
ئەلچىلىككە كەلگەن.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنشۇ 4 - يىلى)
جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئىككىنچى قېتىم
ئەلچىلىككە كەلگەن.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 105 - يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنفېڭ 6 - يىلى)
خەن سۇلالىسى مەلىكىسى شىجۈن ئۇسۇنلارنىڭ كۈنبېگى
مەرگەن جايىمىرغا ياتلىق قىلىندى. خەن سۇلا-
لىسى ئۇسۇنلارنىڭ شۈەنلى دېگەن يېرىدە ئېكىنزارلىق
بەرپا قىلىشقا باشلىغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ تەيچۇ
4 - يىلى)
خەن سۇلالىسى بۈگۈر، چېدىر ئەتراپىدا بوز يەر ئۆز-
لەشتۈرگەن ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن يالۋاچ
چېرىكچى تەسىس قىلغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 72 - يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ بېنشى 2 - يىلى)
خەن سۇلالىسى ئۇسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ
ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 68 - يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ دىجيې 2 - يىلى)
خەن سۇلالىسى پىششامشاننىڭ غەربىدىنى
قوغدىغۇچى ئەمەلدار تەيىنلەپ، جەنۇبىي يولنى
قوغدىغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 62 - يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنكاڭ 4 - يىلى)
خەن سۇلالىسى ۋۇجى چېرىكچى بەگ
تەيىنلەپ، قۇستا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى)
خەن سۇلالىسى جېڭ جىنى باش قورۇقچى

بەگ قىلىپ تەيىنلەپ، ئوروپادا غەربىي يۇرت باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. غەربىي يۇرت رەسمىي ھالدا ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن.

مىلادى 45 - يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنۋۇ 21 - يىلى) غەربىي يۇرتتىكى ئالدى قۇس، پىشامشان قاتارلىق 18 بەگلىك ئۆز ئوغۇللىرىنى خاس مۇلازىملىققا ئەۋەتىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن قورۇقچى بەگ(مەھكىمىسى) تەسىس قىلىشىنى تەلەپ قىلغان.

مىلادى 73 - يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16 - يىلى) شەرقىي خەن سۇلالىسى بەن چاۋنى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن.

مىلادى 74 - يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 17 - يىلى) شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا باش قورۇقچى بەگ ۋە ۋۇجى چېرىكچى بەگ تەسىس قىلغان.

مىلادى 91 - يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۈەن 3- يىلى) بەن چاۋ غەربىي يۇرتنىڭ قورۇقچى بېگى بولۇپ تەيىنلىنىپ، كۇسەندە تۇرغان. شىمالىي ھونلار زور كۆلەمدە غەربكە كۆچكەن.

مىلادى 120 - يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ يۈڭنىڭ 1 - يىلى) شەرقىي خەن سۇلالىسى دۇنخۇاڭدا غەربىي يۇرت ياندىش چېرىكچى بېگى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنى بىر تۇتاش باشقۇرغان.

مىلادى 123 - يىلى (خەن سۇلالىسىنىڭ يەنگۇاڭ 2 - يىلى) بەن يۇڭ غەربىي يۇرتنىڭ دورغابلىقىغا تەيىنلەنگەن.

327 - يىلى (شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ شيەنخې 2 - يىلى) ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى قۇچۇدا ئايماق تەسىس قىلغان.

383 - يىلى چىن سۇلالىسى تەييۈەننىڭ 8 - يىلى ۋە ئالدىنقى

چەن سۇلالىسى جيەنيۈەن 19 - يىلى)
كۇسەنلىك داڭلىق راھىب كومراجىۋا ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىككە بېرىپ، بۇددادىنىنى تەرغىپ قىلغان ۋە بۇددا
نومىلىرىنى تەرجىمە قىلغان.

402 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تيەنشىڭ 5 - يىلى)
جۇجانلارنىڭ يولباشچىسى سەللان جۇجان خانلىقىنى
قۇرغان.

402 — 414 - يىللىرى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تيەنشىڭ
5 - يىلىدىن شېنرۈينىڭ 1 - يىلىغىچە)
جوجانلارنىڭ كۆچى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى كونترول
قىلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىنى ئۆز تەۋەلىكىگە ئالغان.

445 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ جېنجۈن 6 - يىلى)
شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پىشامشاندا ھەربىي
قورغان تەسىس قىلىپ ۋە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ،
«ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ئوخشاش» باشقۇرغان.

448 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ جېنجۈن 9 - يىلى)
شىمالىي ۋېي سۇلالىسى كىنىگىتتە غەربىي
قورغان تەسىس قىلغان.

460 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خېپىڭ 1- يىلى)
جۇجانلار جۇرچى ئارگۇنى ئۆلتۈرۈپ، جۇرچى قوۋمىنى
يوقىتىپ، كەن بوجۇنى قۇچۇغا پادىشاھ قىلغان.

484 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 8 - يىلى)
ئېفتالىتلار بەگلىك قۇرۇپ، بەدەخشان شەھىرىنى
پايتەخت قىلغان.

487 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيخېنىڭ 11 - يىلى)
قاڭقىللاردىن پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاپۇرغۇر-
نىڭ يېتەكچىلىكىدە «غەربتە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ» يارغول-
نىڭ غەربىي شىمالىدا قاڭقىل بەگلىكىنى قۇرغان.

497 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 21 - يىلى) جۇجانلار ماروخنى ئۆلتۈرۈپ، چۇيجانى قۇرچۇنىڭ بېگى قىلىپ تىكلەپ، جۇ جەمەتى بەگلىكىنى قۇرغان.

546 - يىلى (غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ داتۇڭ 12 - يىلى) تۈركلەر قاڭقىل بەگلىكىنى يوقاتقان.

552 - يىلى (غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ فېيدى 1 - يىلى) تۈركلەرنىڭ باشلىقى ئاشىنا تۈمەن ئۆزىنى ئىل قاغان دەپ ئاتاپ، تۈرك خانلىقىنى قۇرغان.

553 - يىلى (غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ فېيدى 2 - يىلى) تۈركلەر جۇجانلارنى يوقاتقان.

563 - يىلى (شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ باۋدىڭ 3 - يىلى) تۈركلەر ئېفتالىتلارنى يوقاتقان.

567 - يىلى (شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ تيەنخې 2 - يىلى) غەربىي تۈركلەرنىڭ باشلىقى ئىستەمى غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆزىنى رەسمىي قاغان دەپ ئاتىغان.

583 - يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 3 - يىلى) تۈركلەر شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى دەپ ئىككى قىسىمغا رەسمىي بۆلۈنۈپ كەتكەن.

605 - يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 1 - يىلى) تېلى قەبىلىلىرى غەربىي تۈرك خانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

608 - يىلى (سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 4 - يىلى) سۈي سۇلالىسى غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا پىشامشان، چۇرچان دەپ ئىككى ۋىلايەت تەسىس قىلغان.

630 - يىلى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 4 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى تىنچىتقان.

تاڭ سۇلالىسى ئىمۇبىرغۇلدا غەربىي ئىشبىرغۇل ئايمىقىنى تەسىس قىلغان.

638 - يىل (تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 12 - يىلى) غەربىي تۈركلەر ئىلى دەرياسىنى پاسىل قىلغان ھالدا تەسىر كۈچ دائىرىسىنى ئايرىپ، نەنتىلىك ۋە بېيتىلىك دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن.

640 - يىل (تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 14 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى قۇچۇجەمەتى بەگلىكىنى تىنچىتىپ، قۇچۇدا غەربىي ئايماق تەسىس قىلغان. قاغان بۇت شەھىرىدە بېشبالىق ئايمىقىنى تەسىس قىلغان ۋە قۇچۇدا ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان.

647 - يىل (تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 21 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى كۇسەن بەگلىكىنىڭ خارېپوسپا بېگى توپىلىگىنى تىنچىتىپ، كۇسەندە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلغان.

648 - يىل (تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 22 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى غەربىي ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى كۇسەنگە كۆچۈرگەن. كۇسەن، كىنگىت، ئۇدۇن، سۇلى قاتارلىق تۆت ئورۇندا قورغان تەسىس قىلغان. تارىختا بۇ «ئەنشىدىكى تۆت قورغان» دەپ ئاتالغان.

649 - يىل (تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 23 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى ياۋچى تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ باشلىقى ئاشنا قولىنى سول قانات مۇھاپىزەتچى سانغۇن ياۋچى تۇتۇق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن.

651 - يىل (تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭ خۇي 3 - يىلى) ئاشنا قولى تاڭ سۇلالىسىدىن ئاشكارا يۈز ئۆرۈپ، بېشبالىق، بۇگۇر، بارىكۆل قاتارلىق جايلارنى بۇلىغان.

657 - يىل (تاڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنچىڭ 2 - يىلى)

تاڭ سۇلالىسى ئاشىنا قۇلىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىپ ۋە غەر-
بىي تۈرك خانلىقىنى يوقىتىپ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە
كەلتۈرگەن. تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەر رايونىدا
ئىسسىقكۆل ۋە تىنىقنۇر قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى
تەسىس قىلغان. ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى
باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قىلىپ ئۆستۈرگەن.

658 - يىل (تاڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنچىڭ 3 - يىلى)

ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى كۈسەندىن
يۆتكەپ، «ئەنشىدىكى تۆت قورغان» نى تەسىس
قىلغان.

تاڭ سۇلالىسى ئالتۇن تاغ قورۇقچى بەگ مەھكىمە-
سى تەسىس قىلىپ، تىڭجۇ ئايمىقىنى ئىدارە قىلغان.

702 - يىل (ۋۇزېتيەنىڭ چاڭئەن 2 - يىلى)

تاڭ سۇلالىسى ئالتۇنتاغ قورۇقچى بەگ مەھكىمە-
سىنىڭ ئورنىغا بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى
تەسىس قىلىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ بۇرۇنقى زې-
مىنلىرىنى ئىدارە قىلغان.

711 - يىل (تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭيۈن 2 - يىلى)

بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ئەنشى باش
قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى بىلەن غەربىي رايوننى
بۆلۈشۈپ باشقۇرىدىغان باش قورۇقچى بەگ مەھ-
كىمىسى قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن.

755 - يىل (تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ 14 - يىلى)

«ئەنلۇك - سۈيگۈن توپىلىڭى» پارتلىغان، ئەنشى،
بېشبالىق ۋە غەربىي يۇرتنىڭ يەرلىك قوشۇنلىرى
توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن پەرمان بويىچە
ئىچكىرىگە يۆتكەلگەن.

790 - يىل (تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنيۈەن 6 - يىلى)
تۇبۇتلەر تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئىش-
غال قىلغان.
840 - يىل (تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيچېڭ 5 - يىلى)
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى خاككاسلار تەرىپىدىن تار-
مار قىلىنىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى غەربكە كۆچكەن.
848 - يىل (تاڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ 2 - يىلى)
ئۇيغۇرلار ئەنشى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان.
856 - يىل (تاڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ 10 - يىلى)
تاڭ سۇلالىسى پان تېكىنگە دىيانەتلىك قاغان دەپ
نام بەرگەن.
866 - يىل (تاڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنتۇڭ 7 - يىلى)
تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى كۈچلىرى قوغلاپ
چىقىرىلغان.
943 - يىل (كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ تيەنفۇ 8 - يىلى)
قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى سۇتۇق بۇغراخان
بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان.
960 - يىل (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنلۇڭ 1 - يىلى)
قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى
قىلىپ جاكارلىغان.
971 - يىل (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ كەيباۋ 4 - يىلى)
قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى مۇسا بۇددا دىنى-
نىڭ مەركىزى ئۇدۇندا قۇرۇلغان لى جەمەتى خانلى-
قىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىنى باشلىغان.
981 - يىل (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 6 - يىلى)
قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى ئارسلانخان مەنسۇر
سۇڭ سۇلالىسىغا بارغان، سۇڭ سۇلالىسى ۋاڭ يەندېنى

قوچۇغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن.

1001-يىل (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنپىڭ 4-يىلى)

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى يۈسۈپ قادىرخان ئۇدۇننى ئىشغال قىلغان.

1124-يىل (لياۋ سۇلالىسىنىڭ باۋدا 4-يىلى)

لياۋ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ياللۇغ تاشىن غەربىي لياۋ (قاراقىتان) سۇلالىسىنى قۇرغان.

1131-يىل (جىن سۇلالىسىنىڭ تيەنخۇي 9-يىلى)

ياللۇغ تاشىن چۇ دەريا ۋادىسىدىكى بالاساغۇننى پايتەخت قىلىپ، سۇلالە نامىنى قۇزئوردۇ دەپ ئاتىغان.

1209-يىل (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيادىڭ 2-يىلى)

قوچۇ خانى ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن موڭغۇللارغا ئەل بولغان.

1218-يىل (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيادىڭ 11-يىلى)

موڭغۇللار كۈچلۈك خانىنى يوقىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى ئىستېلا قىلغان.

1251-يىل (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چۇنيۇ 11-يىلى)

موڭغۇللار بېشبالىقتا ۋە ئامۇ دەرياسى بويلىرى قاتارلىق جايلاردا ۋاقىتلىق دىۋان بېگى ۋازارىتى تەسىس قىلغان.

1280-يىل (يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 17-يىلى)

يۈەن سۇلالىسى بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. شىنجاڭدا تىزا پۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ قەغەز پۇل تارقاتقان.

1281-يىل (يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 18-يىلى)

يۈەن سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ پىچىمچى بەگ مەھكىمىسىنى بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە ئۆز-

گەرتكەن. سەنشەنلىك تەيخەپلىك دېگەن يېرىدىن،
كاۋكاز تېغىدىن تيانشاننىڭ شىمالىدىكى بېشبا-
لىققىچە ئۆتەك رابات تەسىس قىلغان.

1283 - يىل (يۈەن سۇلالىسىنىڭ يۈەن 20 - يىلى)
يۈەن سۇلالىسى بېشبالىق، قارا قوچۇ قاتارلىق جاي-
لاردا ئايغاقچى مەھكىمىسى تەسىس قىلغان.

1295 - يىل (يۈەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنجېن 1 - يىلى)
يۈەن سۇلالىسى بېشبالىقتا ئەمىر-لەشكەر مەھكىمى-
سى، كۇسەن تارىم ئەمىر-لەشكەر مەھكىمىسى تە-
سىس قىلغان.

1391 - يىل (مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ 24 - يىلى)
خىزىر خوجا مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان
تاپشۇرغان.

1404 - يىل (مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 2 - يىلى)
مىڭ سۇلالىسى قۇمۇل خانى ئەنىق تېمۇرگە «سا-
داقەتمەن خان» دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن ۋە ئال-
تۇن مۆھۈر ئىنئام قىلغان.

1406 - يىل (مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 4 - يىلى)
مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلدا قۇمۇل سەرۋازخانىسى تە-
سىس قىلغان.

1418 - يىل (مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 16 - يىلى)
چاغاتاينىڭ كېيىنكى خانلىرىدىن ئۇۋەيسخان ئۆز
قەبىلىلىرىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ، ئىلى دەريا-
سى ۋادىسىغا كەلگەن ۋە بۇ جاينىڭ نامىنى ئىلىبا-
لىققا ئۆزگەرتكەن.

1439 - يىل (مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭتۇڭ 4 - يىلى)
ئويرات ئىسەن خانلىقى قۇدرەت تېپىپ، ئۇنىڭ تە-

سىر كۆچى شىنجاڭنىڭ شىمالىغىچە كېڭەيگەن.

1456-يىل (مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭتەي 7-يىلى)

قازاقلار چۇ دەرياسى ۋادىسىدا قازاق خانلىقىنى قۇرغان.

1503—1504-يىللىرى (مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭجى 15—16-يىللىرى) قىرغىزلار غەربكە كۆچۈپ تيانشان رايونىغا كەلگەن.

1511—1523-يىللىرى (مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇزۇڭ 6-يىلىدىن جياجىڭ 2-يىلىغىچە)

قاسىمخان دەۋرىدە قازاقلار مىسلىسىز گۈللەنگەن.

1514-يىل (مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇزۇڭ جېڭدې 9-يىلى)

چاغاتاينىڭ كېيىنكى خانلىرىدىن سەئىدخان يەكەن خانلىقىنى قۇرغان.

1519-يىل (مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى 19-يىلى)

ماخمۇد يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسى ئىنتايىن قويۇق بولغان. ئىسلام دىنىدىكى خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچى يەكەنگە كىرگەن.

1640-يىل (مىڭ سۇلالىسىنىڭ چۇڭجېن 13-يىلى)

ئويراتلار بىلەن خالخالار تارباغاتايدا ئىتتىپاق تۈزگەن.

1646-يىل (چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنجى 3-يىلى)

تۇرپان، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلار چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان.

1678-يىل (چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 17-يىلى)

غالدان يەكەن خانلىقىنى يوقىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

1688 - يىل (چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 27 - يىلى)
غالدان خالخا موڭغۇللىرىنىڭ ئۈچ قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن قارشىلاشقان.
1755 - يىل (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 20 - يىلى)
چىڭ سۇلالىسى داۋاچىغا قارشى غەربكە لەشكەر تارتىپ، تيانشاننىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.
1757 - يىل (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 22 - يىلى)
ئامۇرسانا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولغان.
1759 - يىل (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى)
چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.
1762 - يىل (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 27 - يىلى)
چىڭ سۇلالىسى ئىلى جياڭجۈنى تەسىس قىلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى باشقۇرغان.
1764 - يىل (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 29 - يىلى)
شىبە كۆرەسىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر شېڭجىڭ (ھازىرقى شېنياڭ شەھىرى) دىن ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغاقلىرىنى مۇداپىئە قىلىشقا يۆتكەپ كېلىنگەن.
1765 - يىل (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 30 - يىلى)
ئۇچتۇرپاندىكى ئۇيغۇر خەلقى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.
1771 - يىل (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 36 - يىلى)
تورغۇت قەبىلىسى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن.
1820—1828 - يىللىرى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 25 - يىلىدىن داۋگۇاڭ 8 - يىلىغىچە)

قوقەن خانلىقىنىڭ قوللىشى بىلەن جاھانگىر خوجا توپىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ توپىلىڭى تىنىچ- تىلىغان.

1803 - يىل (چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 10 - يىلى)
قوقەنلىكلەر يۈسۈپ خوجىنى ئالدىغا سېلىپ تەۋەل- كىمىزگە بېسىپ كىرگەن ۋە تارمار قىلىنغان.

1840 - يىل 1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە
قەشقەردە 268 مىڭ 900 سەر ئەپيۇن كۆيدۈرۈلگەن.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئەپيۇننى مەنئى قىلىش نىزامنامىسىنى تەستىقلىغان.

1845 - يىل 6 - ئاي
قەشقەرنىڭ قورۇق يېزىسىدا ھاۋاز قاتارلىقلار ئۇيـ ـغۇر، قىرغىز دېھقانلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ قوزغى- لاڭ كۆتۈرگەن. گۇچۇڭدىكى خۇيزۇ، خەنزۇ دېھقان- لىرى باج - سېلىقتا قارشى قورالىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

1847 - يىل 7 - ئاي
چارروسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر قاتارلىق ئۈچ جاينى سودا ئې- غىزى قىلىپ ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

9 - ئاي
يەتتە خوجا توپىلىڭى بولغان.

1851 - يىل 8 - ئاي
جۇڭگو بىلەن روسىيە «ئىلى، تارباغاتايدا سودىنى يولغا قويۇش نىزامنامىسى» ئىمزالىغان.

1852 - يىل 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە

ۋەلىخان تۆرە قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەشقەر، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلارغا تۆت قېتىم بېسىپ كىرىپ، ئوت قويغان، قىرغىنچىلىق، بولاڭچىلىق قىلغان. روسىيە ئىلى، تارباغاتايدا كونسۇلخانا تەسىس قىلغان.

يىل 10 ـ ئاي 1854 ـ

قەشقەرنىڭ خانئېرىق يېزىسىدا دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى 1855 ـ

تارباغاتاي خەلقى جارروسىيىنىڭ «سودا چەمبىرىكى» گە ئوت قويغان.

يىلىنىڭ باشلىرى 1857 ـ

ئاتۇش مىس كان ئىشچىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن

4 ـ ئاي

مەمتىلى كۇچا ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

6 ـ ئاي

ۋەلىخان تۆرە مىر ئەھمەت بىلەن بىرلىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن.

9 ـ ئاي

خوتەننىڭ زاڭگۇي، پىيالما يېزىلىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن

يىلىنىڭ باشلىرى 1858 ـ

قەشقەر يېڭى ئېكىنزارلىق رايونىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

جۇڭگو ـ روسىيە «تارباغاتاي قوشۇمچە شەرتنامە

-ى» ئىمزالانغان.

1860 - يىل

يەكەندىكى توقىقۇز قوغۇشۇن كېنىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

جۇڭگو - روسىيە «بېيجىڭ شەرتنامىسى» ئىمزالانغان.

1862 - يىل

خوتەندىكى ئالتۇن قازغۇچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

كۇچادا مۇھەممەد رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن.

بايدا ھەسەن گۇمبەز قاتارلىقلار رەھبەرلىكىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن.

8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

جۇڭگو - روسىيە غەربىي قىسمىدىكى چېگرا سۆھبىتى باشلانغان.

1863 - يىل

ئىلىنىڭ سۈيدۈڭ شەھىرى سەندۇخوزا يېزىسىدىكى خۇيزۇلار ياڭ سەنشىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

1864 - يىل 6 - ئاي

كۇچادا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، راشىدىن خوجا ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان.

7 - ئاي

ئۈرۈمچىدە خۇيزۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۈرۈمچى خەنچېڭ قەلئەسىنى ئىشغال قىلغان. سىدىق

بەگ قەشقەر كونىشەھەرنى ئىشغال قىلغان.
ھەبىبۇللا ھاجى خوتەننى ئىگىلەپ، پادىشاھلىق ھاكىمىيىتىنى قۇرغان.
10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى
جۇڭگو ـ روسىيە غەربىي قىسىم چېگرا سۆھبىتى ئاياغلىشىپ، «جۇڭگو ـ روسىيە غەربىي ـ شىمال چېگرىسىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش توختام خاتىرىسى» ئىمزالانغان.
10 ـ ئاي
ئىلى دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى غۇلجا شەھرىنى ئىشغال قىلىپ، سۇلتانلىق ھاكىمىيىتىنى قۇرغان.
1865 ـ يىل 1 ـ ئاي
قوقەنلىك ئوفىتسېر ياقۇپ بەگ قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلغان.
3 ـ ئاي
تومىنىڭ (داۋۇت خەلىپە) ئۈرۈمچىدە مۇسۇلمان خانلىق ھاكىمىيىتىنى قۇرغان.
1867 ـ يىل 5 ـ ئاي
ياقۇپ بەگ ئاقسۇ، كۇچانى بېسىۋالغان.
1869 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى
جۇڭگو ـ روسىيە «قوبدو چېگرا شەرتنامىسى» ئىمزالانغان.
9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى
جۇڭگو ـ روسىيە «ئۇلاستاي چېگرا شەرتنامىسى» ئىمزالانغان.
1870 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

جۇڭگو - روسىيە «تارباغاتاي چېگرا شەرتنامىسى» ئىمزالانغان.

1871 - يىل 5 — 6-ئايلار

ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇلار قوشۇنى خەنزۇ مىنتۇەندىكى شۇ شۆكۈڭ قاتارلىقلارنىڭ قوشۇنى بىلەن بىر - لىشىپ، ياقۇپ بەگ تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بەرگەن.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

چارروسىيە ئىلىنى قوراللىق بېسىۋالغان.

1872 - يىل 6 - ئاي

چارروسىيە بىلەن ياقۇپ بەگ قانۇنسىز ھالدا «روسىيە - قەشقەرىيە شەرتنامىسى» نى ئىمزالىغان. ياقۇپ بەگ ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى بىلەن كې - لىشىم ھاسىل قىلىپ، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ «يەتتە شەھەر» ھاكىمىيىتىگە بولغان خوجا دۆلەت - لىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلغان. تۈركىيە سۇلتانى ئوسمان ياقۇپ بەگكە «ئەمىر» ئۇنۋانىنى بەرگەن. ياقۇپ بەگ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوسمان ئىمپېرە - يىسىنىڭ بايرىقىنى ئېسىپ، تۈركىيە سۇلتانى ئوسماننىڭ باش سۈرىتى ۋە ئىسمى چۈشۈرۈلگەن تەڭگە پۇلنى تارقاتقان.

10 - ئاي

شەنشى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان بەي يەنخۇ تۇرپانغا كېلىپ، ياقۇپ بەگنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان.

1874 - يىل ئەتىياز

ئەنگلىيە بىلەن ياقۇپ بەگ قانۇنسىز ھالدا

«ئەنگلىيە - قەشقەرىيە شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى.

1875 - يىل 5 - ئاي
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەنشى - گەنسۇنىڭ غەربىي ۋالىيسى زوزۇڭتاڭنى خان مۇپەتتىشى قىلىپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، جەن شۇننى شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى يار - دەملىشىپ باشقۇرۇشقا تەيىنلەپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇ - ۋېلىشقا ئەۋەتكەن.

1876 - يىل 4 - ئاي
زوزۇڭتاڭ سۇجۇ (肃州) غا كېلىپ ئورۇنلاشقان. شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭى باشلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلگىر - كېيىن بولۇپ گۈمۇدى، ئۈرۈمچى، ماناسلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، ياقۇپ بەگنىڭ كۈچلىرىنى شىمالىي شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقارغان.

1877 - يىل 4 - ئاي
چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، داۋانچىڭ، تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەرنى كەينى - كەينىدىن قايتۇرۇۋالغان. باي، ئاقسۇ، ئۇچتۇر - پان خەلقى ئىسيان كۆتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى قارشى ئالغان.

5 - ئاي
ياقۇپ بەگ ئۇشتۇمتۇت ئۆلگەن.

7 - ئاي
زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇش ھەققىدە خانغا مەكتۇپ سۇنغان.

1878 - يىل 1 - ئاي
چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى خوتەننى قايتۇرۇۋېلىپ، ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقارغان.

1879 - يىل 9 - ئاي
چۇڭخۇ ئۆز مەيلىچە روسىيە بىلەن «لىۋادىيە شەرتنامىسى» نى ئىمزالاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان.

1881 - يىل 2 - ئاي
جۇڭگو بىلەن روسىيە «ئىلى شەرتنامىسى» نى ئىمزالىغان.

1882 - يىل 10 - ئاي
جۇڭگو بىلەن روسىيە «ئىلى چېگرا شەرتنامىسى»نى ئىمزالىغان.

12 - ئاي
جۇڭگو بىلەن روسىيە «قەشقەر چېگرا شەرتنامىسى» نى ئىمزالىغان.

1883 - يىل 8 - ئاي
جۇڭگو بىلەن روسىيە «كوتا چېگرا شەرتنامىسى» نى ئىمزالىغان.

10 - ئاي
جۇڭگو بىلەن روسىيە «تارباغاتاي غەربىي جەنۇبى چېگرا شەرتنامىسى» نى ئىمزالىغان.

1884 - يىل 6 - ئاي
جۇڭگو بىلەن روسىيە «قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» نى ئىمزالىغان.

11 - ئاي

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىشنى رەسمىي تەستىقلىغان. لىيۇجىنتاڭنى شىنجاڭنىڭ تۇنجى باش مۇپەتتىشى قىلىپ تەيىنلىگەن.

1890 - يىل

ئەنگلىيە قورچاق قوشۇنىنى ئەۋەتىپ، پامىرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يېشىلنۇر كۆلى ئەتراپىغا بېسىپ كىرگەن ۋە سومان قاراۋۇلخانىسىنى بېسىۋالغان.

1891 - يىل

روسىيە ئوفىتسېرى يانىوۋ قوشۇن باشلاپ پامىرغا بېسىپ كىرىپ، سومانتاشتىكى چىيەنلۇڭنىڭ تۆھپىسى خاتىرىلەنگەن ئابىدىنى بۇلاپ كەتكەن.

1892 - يىل

روسىيە ئوفىتسېرى يانىوۋ ئالاھىدە قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، جۇڭگوغا قاراشلىق پامىرنى بېسىۋالغان. جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ پامىر چېگرىسىنى ئايرىش توغرىسىدىكى بىرىنچى باسقۇچلۇق سۆھبىتىنى ئۆتكۈزگەن.

1893 - يىل

جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ پامىر چېگرىسىنى ئايرىش توغرىسىدىكى ئىككىنچى باسقۇچلۇق سۆھبىتىنى ئۆتكۈزگەن. ئەنگلىيە بىلەن روسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرماي، پامىردا تەسىر دائىرىسى بۆلۈشۈۋېلىش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزگەن.

1894 - يىل 4 - ئاي

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭگو - روسىيە پامىر چېگرىسىنى ئايرىش سۆھبىتىنى ۋاقتىنچە توختىتىشقا

ئائىلاج قوشۇلغان ھەممە روسىيە تەرەپكە لوتا تاپشۇرۇپ، «1884 - يىلدىكى كېلىشىمنامىنى ئاساس قىلغان ھوقۇقنى قانائەتلىنەرلىك چۈشىنىش ھاسىل قىلغىچە» ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى جىددىي ئەسكەرتكەن.

1895 - يىل 3 - ئاي

ئەنگلىيە بىلەن روسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرماي، جۇڭگونىڭ پامىر رايونىنى بۆلۈشۈۋېلىش ھەققىدىكى «ئەنگلىيە - روسىيە كېلىشىمى»نى ئىمزالىغان.

1900 - يىل

چارروسىيە ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىلىغا تاجاۋۇز قىلغان.

1907 - يىل

قۇمۇلدا ئاكا - ئۇكا رەجەبلەر دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققان.

1910 - يىل

ئۈرۈمچىدە ۋاڭ گاۋشېڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

1911 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىغان.

12 - ئاي

ليۇشەنجۇن باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلار ئۈرۈمچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. چارروسىيە تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنىنى ئالتايغا بېسىپ كىرىشكە كۈشكۈرتۈپ، «قوبدو - ئالتاي ئۇرۇشى» نى قوزغىغان.

1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

ئىلى قوزغىلىڭى پارتلىغان.

1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە

شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغان. شىنجاڭ - ئىلى ئۇرۇشى بولغان؛ چوچەكتە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلگەن؛ شىنجاڭ تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، ياڭ زېڭشىن تۇتۇق بېگى بولغان. چارروسىيە ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىلى، قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلغان. قۇمۇل، تۇرپاندا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن. چىرا يېزىسى خەلقى روسىيەگە قارشى كۆرەش قىلغان.

1913 - يىل

ئىلىدىكى شىبە دېھقانلىرى ئۆز مىللىتىدىكى يۇقىرى قاتلاملارنىڭ فېئودالىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن. چارروسىيە ئەسكەر ئەۋەتىپ ئالتايغا تاجاۋۇز قىلغان.

1915 - يىل

ياڭ زېڭشىن يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھ بولۇشىنى ھىمايە قىلغان، شىيادىڭ قاتارلىقلار يۈننەندە قوزغالغان مىنگونى قوغداش ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشقانلىقتىن ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

1919 - يىل

ئالتاي شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىنىپ، ئالتاي داۋ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

1920 - يىل 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە

روسىيە ئاق گۋاردىيىچىلىرى ئىلى، تاربىاغاتاي رايونىغا كىرىپ پاراكەندىچىلىك سالغان.

5 - ئاي
شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى «ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» نى ئىمزالىغان.
1921 - يىل
ياڭ زېڭشىن روسىيە ئاق گۋاردىيىچىلىرى قالدۇق قىسمىنىڭ گۇچۇڭ، ئىلىدىكى توپىلىڭىنى تىنجىتقان، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا كىرىپ ئاق گۋاردىيىچىلەرنى يوقىتىشقا تەكلىپ قىلغان.
1924 - يىل
شىنجاڭدا رۇس تىلى سىياسىي - قانۇن مەكتىپى ئېچىلغان. ياڭ زېڭشىن قەشقەردىكى ماۋۇشىڭنىڭ كۈچىنى يوقاتقان.
1925 - يىل
شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا بەش كونسۇلخانا تەسىس قىلغان.
1928 - يىل
ئۈرۈمچىدە «7 - ئىيول سىياسىي ئۆزگىرىشى» يۈز بېرىپ، فەن ياۋنەن قاتارلىقلار ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرگەن، جىن شۇرېن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغان.
1931 - يىل
قۇمۇلدا كونا تۈزۈم، ۋاڭلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنغان، قۇمۇل، بارىكۆل، ئاراتۇرۇك (ئىۋىرغول) دىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە تەسىس قىلىنغان. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن. ماجۇڭيىڭ قوشۇن باشلاپ تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كىرگەن.
1933 - يىل 2 - ئاي

مۇھەممەد ئىمىن بىلەن سابىت داموللا تىل بىرىك-
تۈرۈپ، قارىقاش ناھىيىسىدە قوراللىق قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈپ، «خوتەن ئىسلام دۆلىتى» نى قۇرغان.
4 - ئاي
ئۈرۈمچىدە «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» بو-
لۇپ، جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ
تاشلانغان. شېڭ شىسەي ھەربىي كۈچىگە تايى-
نىپ، شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دو-
بەنى بولۇۋالغان.
5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى
ماجۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كىرگەن.
6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى
گومىنداڭ نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى دۆلەت مۇ-
داپىئە مىنىستىرلىكى ئورۇنباسار سەنمۇجاڭى
خۇاڭ مۇسۇڭنى ھال سوراش ئەلچىسى قىلىپ شىن-
جاڭغا «ھال سوراش» قا ئەۋەتكەن.
6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى
شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ زىنچۈەنزىدە ئۇرۇش
باشلىغان.
6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى
شېڭ شىسەي ۋاقىتلىق جىددىي يىغىن چاقىرىش
نىقابى بىلەن چېن جوڭ، تاۋمىڭيۆ، لى شاۋتيەن
قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، نەنجىڭ ھۆكۈ-
مىتىنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشىغا قارشىلىق كۆر-
سەتكەن.
8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى
نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى لىيۇ ۋېنلۇڭنى شىنجاڭ-

نىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە، شېڭ شىسەينى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە، جاڭ پېييۈەننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازىرى ۋە يېڭىدىن تەشكىللەنگەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە 8-شىسىنىڭ شىجاڭلىقىغا تەيىنلىگەن. شېڭ شىسەي ئەمدى رەسمىيلا شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولغان.

8-ئاينىڭ 17-كۈنى

ئەدلىيە مەمۇرىي ئىشلار مىنىستىرى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى لو ۋېنگەن نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگۈچى مەخسۇس خادىم بولۇپ كەلگەن، ئۇنىڭ مەقسىتى نامدا ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشىغا نازارەت قىلىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جاڭ پېييۈەن بىلەن ماجۇڭيىڭنى بىرلەشتۈرۈپ شېڭ شىسەيگە سېلىش ئىدى.

9-ئاينىڭ 21-كۈنى

شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ قوشۇنى يەنە سوقۇشقان.

10-ئاينىڭ ئاخىرلىرى

شېڭ شىسەي شەرقىي شىمال رايونى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ھەربىي ئىشلار يىغىنى ئۆتكۈزۈش نامى بىلەن شەرقىي شىمال رايونى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنىنىڭ گېنېرالى جېڭ رۇنچېڭ

قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئالغان، ئارقىدىنلا يەنە ئۆلكە رەئىسى ليۇ ۋېنلۇڭنى نەزەربەنت قىلغان ۋە ئەل بولغان رۇس قوشۇنىنىڭ باشلىقى باپېنگورت قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئالغان.

11 - ئاي
پانتۈركىستت مۇھەممەد ئىمىن ۋە سابىت داموللا قاتارلىق كىشىلەر ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەر كونا شەھەردە ۋەتەننى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى قۇرغان.

12 - ئايدىن 1934 - يىل 2 - ئايغىچە
جاڭ پېييۈەن بىلەن ماجۇڭيىڭ بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرغان.

1934 - يىل 1 - ئاي
سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەينىڭ جاڭ پېيۈەننى مەغلۇپ قىلىشىغا ياردەم بەرگەن.

2 - ئاي
ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرىدىن ماشىمىڭ، ماجەنساڭ ۋە ماشياۋۋولار بىرلىشىپ قەشقەر كونا شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى يوقاتقان.

4 - ئاي
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» ئېلان قىلغان.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

شىڭ شىسەي ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ نامىنى «جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە» قىلىپ ئۆزگەرتىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بىر تۇتاش رەقەملىك بەلگىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. شىنجاڭ خەلقىنىڭ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى» (قىسقارتىلىپ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» دېيىلىدۇ) نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان. شىنجاڭ سىياسىي تەپتىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغان. 10 - ئايدا ئۇنى يەنە شىنجاڭ ئامانلىقنى ساقلاش باش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتكەن.

**1935 - يىل 4 - ئاي**

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە» نى ئېلان قىلغان.

**1936 - يىل 5 - ئاي**

ئامانلىقنى ساقلاش باش ئىدارىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**7 - ئايدىن 1939 - يىل 6 - ئايغىچە**

1 - ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلى. شۇ يىلى، شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ۋە شىنجاڭدىكى ئىلغار كۆچلەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، پاك - دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى بەرپا قىلىش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى تۈزگەن ۋە چېگرا رايون ئىشلىرى باشقارمىسىنى قۇرغان.

**1937 - يىل 4 - ئاي**

قەشقەردىكى ماموت سىجاڭ، خوتەندىكى ماخۇشەن قوشۇنلىرى بۆلگۈنچىلىك قىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن. 10 - ئايدا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى بىلەن توپىلاڭنى تىنچىتقان.

5 - ئاي

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ سول قانات ئارماق ئەترىتى شىنجاڭغا كىرگەن، بۇ قوشۇن سىرتقا قارىتا «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» دەپ ئاتالغان.

10 - ئاي

8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلغان. بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنى رەسمىي تۈزگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

1939 - يىل 1 - ئاي

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسى سودا بانكىسىغا ئۆزگەرتىلگەن.

7 - ئايدىن 1942 - يىل 6 - ئايغىچە

2 - ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلى.

1942 - يىل 3 - ئاي

شېڭ شىسەي شېڭ شىچىنى ئۆلتۈرگەن ۋە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيەگە قارشى تۇرغان، كوممۇنىستلارغا زىيانكەشلىك قىلغان.

8 - ئاينىڭ ئاخىرى

سۇڭ مېيلىڭ قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ، شېڭ شىسەينى ئۆز يېنىغا تارتقان، شېڭ شىسەي «پېرقى دۆلەت» كە سادىق بولىدىغانلىقىنى، جياڭ جيېشىغا مۇتلەق بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكى ئېلان قىلىنغان.

1943 - يىل 1 - ئاي

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك داڭبۇسى قايتىدىن قۇرۇلغان، ئارمىيىدە پەۋقۇلئاددە داڭبۇ قۇرۇلغان.

5 - ئاي

چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن. جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ساقچى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلگەن.

1944 - يىل 9 - ئاي

شېڭ شىسەي ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولۇپ چۇڭچىڭغا كەتكەن. ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئىلىدا رايونىدىكى چارۋىچىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغان.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان.

1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى
ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قۇرۇلغان.
10 - ئاي
گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرى تىنچلىق سۆهبىتى ئۆتكۈزگەن.
1946 - يىل 1 - ئاي
تىنچلىق بىتىمى ۋە 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ 1 - قوشۇمچە هۆججىتى ئىمزالانغان.
6 - ئاي
تىنچلىق بىتىمىنىڭ 2 - قوشۇمچە هۆججىتى ئىمزالانغان.
7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى
شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمىتى قۇرۇلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 130 نەچچە كىشى شىنجاڭدىن يەنئەنگە قايتىپ كەلگەن، جاڭ جىجۇڭ رەئىس، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرهان شەهىدى مۇئاۋىن رەئىس بولغان.
1947 - يىل 5 - ئاي
پانئىسلامىزمچى، پانتۈركىست مەسئۇت ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. بۇنىڭغا ئۈچ ۋىلايەت قەتئىي قارشى تۇرغان.
7 - ئاي
تۇرپان، پىچان، توقسۇندا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن.
8 - ئاي

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىلىغا قايتىپ كەتكەن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلىنىپ كەتكەن.

1948 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

غۇلجىدا شىنجاڭ تىنچلىق - دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى (قىسقارتىلىپ «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» دەپ ئاتىلىدۇ) قۇرۇلغان.

1949 - يىل 1 - ئاي

بۇرھان شەھىدى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغان.

8 - ئاي

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن غۇلجىغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ماۋزېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارغا خەت يېزىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى «پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دېگەن.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى

ئەخمەتجان، ئىسھاقبېك، ئابباسوپ، دەلىلقان، لو جى قاتارلىق بەش كىشى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقاندا ئايروپىلان سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە ھادىسىگە ئۇچراپ، ھەممىيلەن قازا تاپقان.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

دېڭ لىچۈن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەن.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزونىنىڭ قوماندانى تاۋ-
سىيۆ قاتارلىقلار ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى تېلېگ-
راممىا ئارقىلىق جاكارلىغان.

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

ئۆلكە رەئىسى بورھان شەھىدى قاتارلىقلار گومىن-
داڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەنلىكىنى
تېلېگراممىا ئارقىلىق ئېلان قىلغان، شىنجاڭ تىنچ
يول بىلەن ئازاد بولغان.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت
خەلقى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى-
نىڭ قۇرۇلغانلىقىغا تەنتەنە قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن
يېڭىچە سوتسىيالىستىك تارىخي دەۋرگە قەدەم
قويغان.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئالدىن يۈرەر قىسمىنىڭ
بىرونىۋىك تۈەنى ئاۋۋال ئۈرۈمچىگە كىرگەن.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

1 - بىڭتۈەن بىلەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى
ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇنلار ئۈرۈمچىدە غەلىبىلىك
ئۇچراشقان.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جۇڭگو خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ رەسمىي
ئۆزگەرتىلگەن.

# ئاخىرقى سۆز

شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە بىر تۇتاش قوللىنىلىدىغان دەرسلىك — «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلدى. بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن مائارىپ كومىتېتى، شىنجاڭ داشۆسى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلاردىن كىتاب تۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىنىپ كونكرېت تۈزۈش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. خىزمەت ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تارىخ ساھەسىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر، پروفېسسورلار، ئالىملار، ئوقۇتقۇچىلار، تەتقىقاتچىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى رەھبىرىي يولداشلار تەكلىپ قىلىنىپ، تۈزۈش گۇرۇپپىسى بىلەن تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى.

تۈزۈش گۇرۇپپىسىغا شىنجاڭ داشۆسىدىن شىۋي خەيشېڭ (تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، دوتسېنت)، م. روزىيېۋ (تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت)، ۋېي چاڭخۇڭ (تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى)، ۋۇ خۇخۇەن (تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى)، لى شېڭ (تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى)، نىغمەت ياقۇپ (تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى)، مەمتىمىن تۇرسۇن (تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى)، مەنسۇر ئادىل (ماركسىزم - لېنىنىزم كافېدراسىنىڭ لېكتورى)، باقىت ئېجەنقان

(ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى)؛ شىنجاڭ
سىفەن داشۆسىدىن ۋاڭيۈدې (تارىخ فاكولتېتىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى، دوتسېنت)، خې شۇفەن (تارىخ فاكولتېتىنىڭ دوتسېن-
تى)، پېڭچى (تارىخ فاكولتېتىنىڭ دوتسېنتى)، جۇلى (تارىخ
فاكولتېتىنىڭ دوتسېنتى)، زولىخوڭ (تارىخ فاكولتېتىنىڭ لېك-
تورى) قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى. شۈي خەيشېڭ گۇرۇپپا
باشلىقى، ۋاڭيۈدې بىلەن م. روزىيوۋ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى
بولدى.

تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇرۇپپىسىغا فېڭداجېن (ئاپتونوم
رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، تۆلەۋقان
(ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى، دوتسېنت)، ۋۇياۋچېڭ (ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ
كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)، سادىر قادىر
(ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى،
دوتسېنت)، ليۇزىشياۋ (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمى-
يىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، كاندىدات تەتقىقاتچى)، سۇلتان
جانبولاتوۋ (ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى، تەتقىقاتچى)، ليۇدۇڭ (ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ
كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، كاندىدات تەتقىقاتچى)، چېن
خۇا (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق
مۇدىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)، ئۇيغۇر سايرانى
(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن
مۇدىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، تەتقىقاتچى)،
جاقىپ مىرزاقان (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى، كاندىدات تەتقىقاتچى)، ئىبراھىم مۇتىئى
(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى)،

لىنخمەت مىڭجانى (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى)، جى داچۇن (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى)، گوپىڭلياڭ (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى)، ۋاڭخۇەيېۋ (شىنجاڭ داشۆسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، دوتسېنت)، ليۇشىگەن (شىنجاڭ داشۆسى تارىخ فاكولتېتىنىڭ پروفېسسورى)، سۇبېيخەي (شىنجاڭ داشۆسى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى)، ئابدۇكېرىم رەخمان (شىنجاڭ داشۆسى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، دوتسېنت)، ئابلىكىم ھاجى (شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ مۇدىرى، دوتسېنت)، ئەمەت موللا تۇردى (شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، چېن شېڭيۇەن (ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى)، تونىياز ئابدىت (ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئالىي مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى. فېڭداجېن گۇرۇپپا باشلىقى، ۋۇياۋچېڭ، سادىر قادىر، ليۇزېشياۋ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل بۇ كىتابنى تۈزۈشتىكى مەقسەت، ۋەزىپە، تەلەپ، پرىنسىپ، ئۇسۇل قاتارلىق مەسىلىلەردە كونكرېت، ئېنىق يوليورۇق بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قەييۇم باۋۇدۇن بۇ كىتابنى ياخشى تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. فېڭ داجېن پروگراممىنى تۈزۈشكە ۋە دەسلەپكى ئورىگىنال ئۈستىدىكى مۇھاكىمىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى، مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەر بۇ كىتابنى تۈزۈشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئىلھام بەردى.

شىنجاڭ سىفەن داشۆسىدىكى يولداشلار ئالدىنقى 6 بابنى (قەدىكى زامان قىسمىنى) تۈزۈپ چىقتى، ۋاڭ يۈدې بىرلىككە كەلتۈردى؛ شىنجاڭ داشۆسىدىكى يولداشلار كېيىنكى 5 بابنى (يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان قىسمىنى) تۈزۈپ چىقتى، شۇي-خەيشېڭ بىرلىككە كەلتۈردى. يولداش ليۇزىشياۋ پىروگرامما تۈزۈش، ئورىگىنال چىقىرىش ۋە پۈتۈن كىتابنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىغا كونكرېت مەسئۇل بولدى ھەم ئورىگىنالنى ناھايىتى كۆپ تۈزەتتى. فېڭ داجېن، ۋۇياۋچېڭ قاتارلىق يولداشلار ئاخىرىدا پۈتۈن ئورىگىنالنى كۆرۈپ بېكىتىپ چىقتى.

تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار بۇ كىتابنىڭ تىزىسى ۋە ئورگىناللىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قانچە قېتىملىق مۇھاكىمىلەرگە قاتناشتى. شۇڭا بىز بۇ كىتابنى رەھبەرلەر بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ۋە جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشى بىلەن كوللېكتىپ ئاساستا ئوتتۇرىغا چىققان مۇۋەپپەقىيەت دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئالىي مەكتەپ تارىخ دەرسلىكىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى

1991-يىل 8-ئاي

# نەشرىياتتىن

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە شىنجاڭ داشۆسى پارتكومىنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە بىر تۇتاش قوللىنىلىدىغان دەرسلىك — «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» نى شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، نەشر قىلىپ چىقتى.

كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى داۋۇت سايىم (شىنجاڭ داشۆسى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوتسېنت)، م. روزىيېۋ (شىنجاڭ داشۆسى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى)، مەتتىمىن تۇرسۇن (شىنجاڭ داشۆسى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى)، نىغمەت ياقۇپ (شىنجاڭ داشۆسى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى)، يۇنۇسجان ئېلى (شىنجاڭ داشۆسى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئاسسىستېنتى) قاتارلىق يولداشلار ئىشلىدى.

تەرجىمە تەھرىرلىكىنى مەتروزى ھېيت (شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، كاندىدات تەتقىقاتچى)، قەييۇم قۇربان (شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، دوتسېنت)، يۈەن جىڭۋاڭ (شىنجاڭ داشۆسى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، كاندىدات ئالىي تەرجىمان) قاتارلىق يولداشلار ئىشلىدى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ليۇزىشياۋ (مۇئاۋىن مۇدىر، كاندىدات تەتقىقاتچى)، جۇمەخۇن (ئالىي تەرجىمان)، ئېزىز يۈسۈپ (كاندىدات

ئالىي تەرجىمان) قاتارلىق يولداشلار ئورىگىنالنى باشتىن - ئاخىر كۆرۈپ چىقتى.

دەرسلىكتىكى چۈشىنىش تەس بولغان بەزى ئاتالغۇلارغا مۇھەررىر تەرىپىدىن «م» دېگەن بەلگە بىلەن ئىزاھات بېرىلدى.

ئاخىردا، بۇ دەرسلىكنى تەرجىمىگە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە نەشر قىلىش جەريانىدا خىزمىتىمىزنى قىزغىن قوللىغان ۋە ياردەم بەرگەن ئورۇنلار ۋە يولداشلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

新疆高校通用教材（试用本）

新 疆 地 方 史

新疆维吾尔自治区教育委员会

高 校 历 史 教 材 编 写 组

新疆大学出版社出版发行

（乌鲁木齐市胜利路14号 邮政编码830046）

新疆新华印刷厂印刷

850×1168 1/32 印张24.75

1992年7月第1版 1992年7月第1次印刷

印数：5001——50500

ISBN 7-5631-0285-X/G・173

（维吾尔文） 定价：4.90元



ISBN 7-5631-0285-X/G.173
(维吾尔文)　　定价：4.90元


MUZX


# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى



# تاڭ سۇلالىسى ۋەزىيىتى خەرىتىسى




تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەربىي قورغان، قورۇل
ۋە قاتناش يوللىرى خەرىتىسى
بالقاش كۆلى
ئىسسىق كۆل
شەرتلىك بەلگىلەر
قاتناش لىنىيىسى
قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى
ھازىرقى شىنجاڭ چېگرىسى
چوڭ قوشۇن قورغانلىرى
شەھەر قورۇللىرى



چىڭ سۇلالىسىنىڭ
زېمىن خەرىتىسى
روسىيە
ئۇلاستاي
قوبدو
كۇلۇن
جىلىن
شىنجاڭ
پامىر
موڭغۇل
بېيجىڭ
چىڭخەي
شىزاڭ
لاسا
ھىمالايا تاغ
سىچۈەن
خېنەن
خۇنەن
گۈيجۇ
گۇاڭشى
تەيۋەن ئارىلى
نەنخەي
شەرتلىك بەلگىلەر
بېيجىڭ
مۇھىم جايلار